ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# جۇدالىق



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇدالىق

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-15010-6
9 787228 150106 >

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

## 21 - 50

## 维吾尔原创文学作品精选

هاجى مىرزاھىد كېرىمى

# جۇدالىق

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

诀别的痛苦：维吾尔文/米尔扎依提·克里木著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.1
ISBN 978-7-228-15010-6

Ⅰ.①诀… Ⅱ.①米… Ⅲ.①长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 001543 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾孜则 |
| 责任校对 | 再米拉·菲达依，热娜古丽·阿布力米提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·萨力 |
| 插图绘画 | 买买提·阿尤甫 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印　　张 | 24 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2014 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2014 年 7 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 64.00 元 |



. هاجى مىرزاھىد كېرىمى .

# نەشرىياتتىن

هاجى مىرزاھىد كېرىمىي 1939 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1942 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە قەشقەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. كېيىنچە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولغان.

هاجى مىرزاھىد كېرىمىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. ئۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە «ئانا ۋەسىيىتى»، «جەڭچىمەن»، «بەخت قىزى ئالبومىدىن» قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن بەدىئىي ئىجادىيىتىنى داستان ـ باللادا ۋە رومان يېزىشقا قارىتىپ، بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

هازىرغا قەدەر ھەرقايسى نەشرىياتلاردا ھاجى مىرزاھىد كېرىمىينىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە

«ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى» ناملىق داستانلار توپلىمى، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان.

ھاجى مىرزاھىد كېرىمىي ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەم جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى قىسىم  ھايات شۇنداق ئۆتكەن** .................. 1
بىرىنچى باب  دىدار كۆرۈشۈش .......................... 3
ئىككىنچى باب  قوبۇل قىلىنمىغان سوۋغا .................. 21
ئۈچىنچى باب  قارا چاچلىق قىز .......................... 45
تۆتىنچى باب  كۈيۈ ئوغۇلنىڭ پەيلى ...................... 95
بەشىنچى باب  ھەسرەت .................................... 119
ئالتىنچى باب  «بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ؟» .................. 139
يەتتىنچى باب  ئايتۇرا .................................... 154
سەككىزىنچى باب  قاقباش .................................. 178
توققۇزىنچى باب  كۆلدىكى غىجىم رومال .................. 189
ئونىنچى باب  ئەپكەش يىگىت ............................ 207
ئون بىرىنچى باب  تەقدىر ................................ 247
ئون ئىككىنچى باب  خورلانغان ئەر ........................ 264
ئون ئۈچىنچى باب  دىرەكسىز غايىب بولۇش .................. 291

**ئىككىنچى قىسىم  ۋەتەندىن يىراقتا** ........................ 323
بىرىنچى باب  كۆزى يامان ئادەم .......................... 325
ئىككىنچى باب  ئۈچ ئىلىش .................................. 354
ئۈچىنچى باب  شەرق گۈزىلى ................................ 377
تۆتىنچى باب  شەپقەتچى .................................... 400

بەشىنچى باب زار، بىزارنىڭ ئۆلۈمى ............ 415
ئالتىنچى باب سۈتۈق كامال سەلىمى ............ 431
يەتتىنچى باب ئانا يۇرت ساداسى ............ 447

**ئۈچىنچى قىسىم كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەر ............ 467**
بىرىنچى باب ئانا، نەدە سەن؟ ............ 469
ئىككىنچى باب يىراقتىن كەلگەن خەت ............ 500
ئۈچىنچى باب ئاتا مېھرى ............ 539
تۆتىنچى باب ئۆيلىنىش ............ 570
بەشىنچى باب ئوقۇتقۇچى يىگىت ............ 600
ئالتىنچى باب مۇلايىم كېلىن ............ 626
يەتتىنچى باب سۈرگۈنلۈكتە ............ 652
سەككىزىنچى باب قىزىلگۈل نۇسخىلىق گىلەم ............ 676
توققۇزىنچى باب ئانا نەزىرى ............ 707
ئونىنچى باب ئانا يۇرت مېھرى ............ 720
ئون بىرىنچى باب خوشلىشىش ............ 735
خاتىمە ............ 760

# بىرىنچى قىسىم

# ھايات شوئنداق ئۆتكەن



## بىرىنچى باب

# دىدار كۆرۈشۈش

كەڭرى سايلىقتا ئورۇنلاشقان قەشقەر ئايرودۇرۇمى تىپتىنچ ئىدى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسىمۇ كىشىگە سالقىن تۇيۇلاتتى. بىراق، بۇ سالقىنلىقمۇ ئۇزاق داۋام قىلماي، كۈن نۇرى غىلتاڭ تاشلارنى قىزىتىشقا باشلىدى. سائەت ئون بىر بولغاندا ئايرودۇرۇم ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتتى.

ئايرودۇرۇمنىڭ رەسمىيەت بېجىرىش زالىغا كىشىلەر لىق تولۇپ كەتكەندى. تام تۈۋىگە قاتار تىزىپ قويۇلغان، يوپۇقلىرى كىرلىشىپ كەتكەن كونا سافالاردا پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقانلارنىڭ پېشانىلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ يۈرگەنلەر قىستىلىشاتتى. بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى، تۈۋلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەپەرگە ماڭىدىغانلارمۇ، كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىشقا، ماڭىدىغانلارنى ئۇزىتىشقا چىققانلارمۇ بار ئىدى. تاشقىرىغا نىسبەتەن بۇ چوڭ زال كىشىلەرگە ئىسسىقتىن دالدا بولالايتتى. شىرەلەر ئۈستىدىكى چايدانلاردا قايناق سۇ ئۆكسۈمەيتتى. قايناق سۇ تۆگەپ بولغۇچە كۈتكۈچىلەر دەممۇدەم توشتۇرۇپ تۇراتتى.

يۈك - تاقلارنى ئۆلچەش، بېلەتنى تەكشۈرۈش باشلاندى. سىرتتا يۈرگەن يولۇچىلارمۇ تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ

ياردىمى بىلەن يۇك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ زالغا كىرىشىپ، ئەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆلچىتىش ئۇچۇن قاتار تىزىلدى. ئايروپىلاننىڭ يەر ئاستىدىن چىققاندەك ئاستا ئاڭلانغان «گۈر ـ گۈر» ئاۋازى يولۇچىلارنى جانلاندۇرۇۋەتتى. كىچىك باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئايروپىلان چۈشىدىغان مەيداننى توسۇپ تۇرغان تۆمۈر رېشاتكىنىڭ يېنىغا تويلىنىپ، قوللىرىنى دالدا قىلىشىپ ئاسمانغا قاراشقا باشلىدى.

— قوندى، قوندى!

— ئۇ پاختەك ئەمەس قونغىلى، ئايروپىلان يەرگە چۈشتى دەڭلا، ئاداش.

— ئۇچقاندىكىن ئۇمۇ قۇش ـ دە، نېمە دېسەك مەيلى ئەمەسمۇ، قانىتىنى كېرىپ تۇرغان يىڭناغۇچتەك تۇرغىنىنى قارىمامسىلەر؟

ياش يىگىتلەرنىڭ چاقچاقلىرى ئەتراپتىكى كىشىلەرنى كۇلدۇرۇۋەتتى. قىرىق سەككىز كىشىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانى سايىلىقنى زىلزىلىگە كەلتۇرۇپ گۈركىرەپ كەلگىنىچە بىر سىلكىنىپ توختىدى. ئايروپىلان شوتىسى چۈشۈرۈلۈپ، ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا پۈتىغا ئاقۇچ كۆل رەڭ تويلەي، ئۇچىسىغا هاۋا رەڭ پەلتو كىيگەن، بېشىغا ئورىۋالغان هەرەمنىڭ ئاق مىسقالە رومىلىنىڭ چۈچىلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان سۇمباتلىق ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ تۇرغان چامادان بار ئىدى. ئۇ ئايال پۈتىنى يۇقىرىقى باسقۇچتىن تۆۋەنگە يۆتكىمەي تۇرۇپ هاۋانى سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئۇزاق نەپەس ئالغاندا قاش تاشتەك سۈزۈك، مۇڭلۇق يۇزى ياش بىلەن نەمدەلدى. ئۇنىڭ هەر يانغا تويماي قاراۋاتقان ئاهۇ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئايال دەرهال قول ياغلىقى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى ـ دە،

كەيىندىكى سەل بىتاقەت بولۇپ قالغان كىشىدىن ئەپۇ سوراپ شوتىدىن ئاستا يەرگە چۈشتى. ئايال ئارقىسىدىكى كىشىلەرگە يول بېرىپ ئىككى قەدەم يانغا سۈرۈلدى ۋە يەردىن چىلاندەك چوڭلۇقتىكى ئىككى تال تاشنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتتى. تاش ئىسسىق ياشلار بىلەن يۇيۇلدى. ئايال پەلتوسىنىڭ پېشىنى قايرىپ كۆل رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە يېشىل قاپچۇقنى ئالدى. قاپچۇقنىڭ سىرتىغا ئاق، قىزىل ياقۇتتىن كۆز قويۇلغاچقا ۋالىلداپ تۇراتتى. ئىچى قىپقىزىل بولۇپ، يۇمشاق رەختتە ئەستەرلەنگەنىدى. ئۇ قولىدىكى ئىككى تال تاشنى قاپچۇققا سېلىپ ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم كۆز سالغاندىن كېيىن ئىتتىك مېڭىپ يۈك - تاقلارنى تاپشۇرۇۋالىدىغان يەرگە كەلدى. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ بولۇشقانىدى. يەردە ئىككى چامادان بىلەن چوڭ سومكا تۇراتتى.

— مېهمان، بۇ ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىمۇ؟ ئاپتوبۇسقا ئاچىقىشىپ بېرەيلى، — دېدى ئايرودۇرۇمنىڭ بىر ئۇيغۇر ئايال خادىمى. نۇرنىسا هاجى «هەئە» دەپ باش لىڭشىتقاندىن كېيىن، يېنىدا تۇرغان ئىككى كىشى بىلەن سومكا، چامادانلارنى كۆتۈرۈشۈپ، مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ئاپتوبۇسقا ئاچىقىشتى. نۇرنىسا هاجى خېنىم ئۇلارغا رەهمەت ئېيتىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى.

※ ※ ※

ئايرودۇرۇمدىن چوڭ يولغىچە بولغان ئارىلىق بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى. بۇ ئارىلىقتا رەسمىي تاشيول بولمىسىمۇ، ماشىنا، هارۋىلار ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغاچقا ماڭدامدا بىر كاتاڭ ئۇچرايتتى. نۇرنىسا هاجى خېنىم

ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىشىنىمۇ تۇيمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى باغرى ئىللىق يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە بەند ئىدى. «زۇڭقۇرۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تاشلىق سايدا ئىلگىرى ھېچقانداق قۇرۇلۇش يوق ئىدى. ئايرودرۇم ياسىلىپ نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار چۈشۈپ كېتىپتۇ... بۇ ئەتراپتىكى مورتۇم يېزىسىنىڭ چاچۇرىكى ھېلىمۇ شۇنداق تاتلىقمىكىنە؟ پىچاق تېگىپ بولغۇچە چاراسلاپ يېرىلىپ بولاتتى. بۇ تەرەپتىكى يول بىلەن بەشكېرەمدىن، ئۇ تەرەپتىكى يول بىلەن ئاتۇشتىن ئەنجۈر، ئانار، ئۆرۈك، ئۈزۈملەر يازدا توختىماي شەھەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى...

نۇرنىسا ھاجى خېنىم قارىماي ياتقۇزۇلغان چوڭ يولغا چىققاندا خىيالدىن توختاپ ئاپتوبۇس دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى ـ دە، بېشىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ كۆزى يەتكەن يەرلەرگە تەلمۈرۈپ قارىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ، قۇرۇپ گەز باغلىغان لەۋلىرى تىترەپ، قەغەز بادامدەك نېپىز قاپاقلىرى توختىماي لىپىلداپ كەتتى. «ئاغرىپ قالمىغاندىمەن؟» ئويلىدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم كۆزلىرىنى چىمەنزار باغلاردىن ئۈزمەي. ئۇ ئۆزىنى قىزىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىپ، پېشانىسىنى تۇتقانىدى، مۇزدەك تەردە قولى نەملەشتى. بۇ، ياز ئىسسىقى بەدەندىن دەممۇدەم چىقىرىۋاتقان ئادەتتىكى تەر ئىدى. ئۇ ئۆزىگە شۇنچە ياراشقان يازلىق پەلتوسىنى سېلىپ، كاستۇمنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. سۇتتەك ئاق گىرىپتىشىن كۆڭلىكىگە يېنىك ئۇرۇلغان شامال پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. «يۇرتنىڭ ھاۋاسى، شامىلى، پۇرىقى ئېيتىدىغان لەززەتلىك، ئېيتىدىغان يېقىملىق ـ ھە؟ قورغان يېزىسىمۇ باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئاۋۇ دېھقانلارنىڭ باغ ـ ھويلىلىرى بولسا كېرەك، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش، ئۆيلىرى بىر خىل ئىكەن. شاپتۇل، توغاچلىرى ئەجەب پىشىپ

كېتىپتا؟ بىدىشكە ئېلىنغان تاللاردىن خۇددى قىزلارنىڭ ئالتۇن سۆكىسىدەك ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەرنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان! تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ، كاۋا - قاپاق باراڭلىرىنىڭ ھويلىلارغا يامىشىپ تۇرغىنىچۇ... ئاھ، خۇدا! ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندە ئەزىز يۇرتۇمنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلدىڭ، ھېلىمۇ بالا - قازادىن ئۈزۈڭ ساقلا، سالامەت ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر قىلغىن ... قىزىم، ئاي قىزلىرىم، مۇشۇ تاپتا ئوماق بالىلىرىڭلارنى ئېمىتىپ، ئەركىلىتىپ ئولتۇرىدىغانسىلەر. بىردەمدىن كېيىن دۇنياغا كۆز ئېچىپ بۇ ۋاقىتقىچە جامالىنى كۆرمىگەن غەمگۇزار ئاناڭلار بىلەن دىدار كۆرۈشىدىغانلىقىڭلارنى تېخى بىلمەيسىلەر، مېنى كۆرگەندە نېمەدەپ قالارسىلەركىن؟...» نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ئويچان كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ، يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. «مانا بۇ باغئېرىق مەھەللىسى، قىز چاغلىرىمدا شاخلىرىغا يامىشىپ چىقىپ ئۆرۈك، شاپتۇللىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۈزۈپ يېگەنىدىم... دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى يېڭىلىنىپ، باغ تاملىرى قايتىدىن ياسىلىپتۇ. يېڭى ئۆيلەر سېلىنىپتۇ، ۋاي خۇدايىم، بۇ كىرەمباغقۇ! ئەسلىي ئابدۇكېرىم بايۋەچچىنىڭ بېغى ئىدى. بۇ يەرگە دوختۇرخانا سېلىنغان چاغلاردا مەن كىچىك بولسام كېرەك، قەشقەردىن ئايرىلغان چېغىمدا بۇ بىردىنبىر چوڭ دوختۇرخانا ئىدى. ھازىر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. سېلىنغان بىنالار نېمىدېگەن كۆركەم - ھە! كىشىلەرنىڭ ئۆزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان...»

ئاپتوبۇس يارباغ كۆۋرۈكىگە يېقىنلاپ كەلدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆز سېلىپ ئولتۇرغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم بۇ ئەتراپنى تونۇيالماي قالدى. «بۇ يەرلەر ئەجەب ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئىلگىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپى ناھايىتى پەس ساز-

لىققا ئوخشاش بىر جاي ئىدى. ئاندا ـ ساندا سۆگەت، بولدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمدى تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئاۋۇ سۇپسۇزۇك پارقىراپ تۇرغىنى بىلىق كۆللىرى ئوخشايدۇ، قىرلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ كۆپ-لۈكىنى قارىمامدىغان، كۆۋرۈكمۇ زامانىغا لايىق سېلىنىپتۇ، شۇنچە چوڭ تۇمەن دەرياسىنىڭ سۇلىرى نەگە كەتكەندۇ؟! تۇۋا، بۇ دەريادا بىر ئۆستەڭنىڭ سۇيىچىلىك سۇ قاپتۇغۇ؟ ... ئۆز ۋاقتىدا دەريا سۈيى قىرغاققا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۆركەش-لەپ، كۆۋرۈكنى ئەكەتكۇدەك ھەيۋەت بىلەن دولقۇنلىنىپ ئاقات-تى ... يارباغ تېخىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ...»

ئاپتوبۇس خەلق ھاۋا قاتناش بېكىتىگە كېلىپ توختىغاندا، كىشىلەر يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپتوبۇستىن قىستىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. «خەۋەر قىلىۋەتكەن بولسام بوپتىكەن، قىزلىرىم تۇغقانلار بىلەن بىللە ئالدىمغا چىقىشاتتى. ئەمدى چامادانلىرىمنى كىم كۆتۈرۈشۈپ ئۆيگە ئاپىرىشىپ بېرەر؟» دەپ ئويلىدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم پۇشايمان قىلغاندەك.

— ئانا، سىلىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئاپتوبۇستىن مەن چۈشۈرۈشۈپ بېرەي، — دېدى ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، بۇرۇتلۇق يىگىت، — يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامىلا؟

— ھەئە، چەت ئەلدىن كېلىۋاتىمەن، بالام، — جاۋاب بەردى نۇرنىسا ھاجى خېنىم يىگىتكە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ.

— قەيەردىن كېلىۋاتىلا؟ — يىگىت غالىتەكلىك چوڭ چامادانني كۆتۈرۈۋېتىپ سورىدى.

— بەك يىراقتىن — گېرمانىيەدىن كېلىۋاتىمەن.

— گېرمانىيەدىن؟ — يىگىت ھەم قىزىقىش، ھەم ھەيرانلىق ئىلكىدە چامادانني كۆتۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىممۇ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

— ئۆزلىرى نەرسىلەرگە قاراپ مۈشۈ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا، قالغان نەرسىلەرنى مەن ئېلىپ چۈشەي.

— رەھمەت، بالام، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، — يىگىت يەنە بىر چوڭ چامادانىنى ۋە غالتەكلىك چوڭ سومكىنى ئېلىپ چۈشتى.

— ئانا، ئالتۇن قاچىلاپ كەلگەن ئوخشىمامىلا، بەك ئېغىرغۇ؟ — دېدى يىگىت كۈلۈمسىرەپ.

— ۋاي بالام، ئالتۇن قاچىلاپ كەلمىگەن بولسامىمۇ، ئاز - تولا سوۋغا - سالام بىلەن كەلدىم.

— ئۆيلىرى نەدە؟

— يۈمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدە.

— خېلى يىراق ئىكەن، ھېيتگاھقىچە مەن ئاپىرىشىپ بېرەي، ئاندىن ھارۋا كىرا قىلىپ ئەكېتەرلا.

— ماقۇل، شۇنداق قىلاي، بالام، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم چىمەن دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ يۈز - كۆزىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرغان يىگىتكە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ، — ئالدىراش بولغىيدىلە؟

— ئالدىراش ئەمەس، — جاۋاب بەردى يىگىت، — يولۇمۇ ئۆزلىرى بېسىپ كەلگەن مەنزىللەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ يېقىن. شاڭخەيگە تىجارەت بىلەن بارغانىدىم، قايتىپ كېلىشىم. قارىغاندا، كېلىدىغانلىقلىرىنى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلمىغان ئوخشىمامىلا؟ — يىگىت شۇنداق دەپ چامادانلارغا قاراپ تۇرۇپ قالغان قارا ساقاللىق دېھقان چىراي ئادەمگە بۇرالدى:

— ئاكا، ماۋۇ چامادان بىلەن سومكىنى ھېيتگاھقىچە ئاپىرىشىپ بەرسىلە، تۇتقۇچىغا قوللىرىنى تەگكۈزۈپ قويسىلا ئۆزى مېڭىپ كېتىۋېرىدۇ.

— مەن ئۆزۈممۇ ئاپىرىشىپ بېرەيمىكىن دەپ تۇرغانىدىم، — دېدى ھېلىقى كىشى.

يىگىت بىر قولىدا ئۆزىنىڭ چوڭ قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن چامادانىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ، غالدىرلىتىپ سۆرەپ ماڭدى. قارا ساقاللىق كىشىمۇ چامادان بىلەن سومكىنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ يىگىتكە ئەگەشتى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم مىسقالە رومىلىنى تۈزەپ، قول چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاستا مېڭىۋېتىپ يىگىتنىڭ ھېلىلا قىلغان سۆزى ئېسىگە چۈشۈپ دېدى:

— خەۋەر قىلمايلا ئۈشتۇمتۇت كېلىۋاتقىنىم راست، بالام، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن تويۇقسىز ئۇچراشقۇم كەلدى...

نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئۇلار بىلەن ھېيتگاھقا كېلىپلا، كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان قوش مۇنارغا، ئاپپاق گۈمبەزگە، ھەيۋەتلىك پەشتاققا تويماي قاراپ چىقتى. ئۇ ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كۆزىدەك نۇرلىنىپ تۇرغان جامەنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئۆتۈپ، بىر دۇغچىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا چامادانلارنى قويۇپ، چېكىسىدىن ئاققان تەرنى سۈرتتى.

— ھەرقايسىلىرىنى خىزمىتىمگە سېلىپ كۆپ ئاۋارە قىلدىم، رەنجىمىسىلە، بىر قاچىدىن دۇغ ئىچەيلى. ئاندىن بىر ھارۋا تېپىپ بېرىشسىلە ئۆيگە بېرىۋالاي، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئەتراپقا نەزەر سېلىپ.

يىگىت ئاق شاپاق دوپپىسىنى قىرلاپ كىيىۋالغان شاپ بۇرۇت دۇغچىغا دۇغ ئېتىشنى بۇيرۇدى. ئالىيېشىل شېشىلەر قاتار تىزىلغان، ئەينەكتەك سۈزۈك مۇزلار بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە يۆلەپ قويۇلغان، بىر چېتىدە رادىيولۇق ئۈنئالغۇ، بىر چېتىدە تېلېۋىزور تۇرغان چوڭ شىرەگە نۇرنىسا ھاجى خېنىم قىزىقىپ قارىغان ھالدا دۇغچى سۇنغان بىر چىنە دۇغنى ئېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئاپپاق كۆۋەجەپ تۇرغان

دۇغىنى شۇنداق سۇمۇرۇشىگە، سوغۇق مېڭىسىگە ئۆرلەپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. يىگىت بولسا دۇغىنى گۈپۈلدىتىپ سۇمۇرۇپ چىنىنى پۇل بىلەن دۇغچىغا بەردى ـ دە، هارۋا ئىزدەپ كەتتى. ھېلىقى قارا ساقاللىق كىشى نۇرنىسا هاجى خېنىمغا ئاخىرغىچە ياردەم قىلالمىغانلىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ كېتىپ قالدى. نۇرنىسا هاجى خېنىم ئۇ كىشىگە بىرمۇنچە تەشەككۈر ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدى.

— ئانا، بۇ هارۋىنى بىر كويغا كىرا قىلىپ كەلدىم، — يىگىت شۇنداق دەپ چامادانلارنى كۆتۈرۈپ هارۋىغا باستى، — پۇلىنى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بەرسىلە بولىدۇ، ئۆزلىرىمۇ هارۋىغا چىقىۋالسىلا.

— مەن ماڭاي، بالام، رەھمەت ئۆزلىرىگە، — نۇرنىسا هاجى خېنىم مېڭىشقا تەمشىلىپ بولۇپ، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك دەررۇ كەينىگە بۇرالدى، — ۋاي توختىسىلا، بالام، — ئۇ يىگىتنى توختىتىپ، قول چامادانىدىن زەر چۇچىلىق، رەڭدار چىرايلىق بىر رومالنى ئالدى.

— ئۆزلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، ئاز بولسىمۇ بۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلسىلا.

— رەھمەت، ئانا! مېنىڭ تاپان ھەققى ئېلىش نىيىتىم يوق، يىراقتىن كەلگەنلىكلىرىنى بىلىپ ئاز ـ تولا ياردەملەشتىم، خەير، خۇدايىمغا ئامانەت!

نۇرنىسا هاجى خېنىم كىشىلەر توپى ئىچىدە غايىب بولغان يىگىتنىڭ كەينىدىن بىرھازاغىچە قاراپ قالدى، «ئەجەب ياخشى يىگىت ئىكەن، ئىنسان بالىسى مانا مۇشۇنداق سەمىمىي، خالىس بولسا، ھايات قانچىلىك خاتىرجەم، قايغۇسىز، كۆڭۈللۈك بولاتتى ـ ھە!... ئەزىز يۇرتۇم، ئۆزگىرىپسەن، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپسەن، ئادەملىرىڭمۇ مۆلايىملىشىپ كېتىپتۇ. ئاررۇ قىلغىنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۇتۇۋالدىڭ، ئىسسىق باغرىڭغا ئالدىڭ، تۇغقانلارغا خەۋەر بەرمىگەن

بولساممۇ تېنەپ ـ تەمتىرەپ قالمىدىم» دەپ ئويلىدى نۇرنىسا هاجى خېنىم هارۋىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ.

※ ※ ※

چىڭقىچۇش، ئۆستەڭبويى كوچىسى تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. پات ـ پات سىپىلىپ تۇرغان سۇ هايال ئۆتمەي قۇرۇپ كەتكەچكە، يولدىن چاڭ ـ توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. باققال، كاۋاپچىلارنىڭ، مانتىپەز، سامسىپەز، ناۋايلارنىڭ ئاۋازلىرى هەر تەرەپتىن ئاڭلىناتتى.

«جانان كوچىسى ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ، — ئويلىدى نۇرنىسا هاجى خېنىم سول تەرەپتىكى تار، قاراڭغۇ كوچىغا قاراپ ئۆتۈپ، — چوڭ كوچىلارنىڭ ئورنى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، تۈسى ئۆزگىرىپتۇ. مەهەللە كوچىلىرى، خالتا كوچىلار ئىلگىرى قانداق بولسا شۇنداق تۇرۇپتۇ. ئاشخانا، چايخانىلار ئاۋات بولۇپ كېتىپتۇ، قەشقەر بۇرۇنقىدىن ئاۋاتلىشىپتۇ. نېمىشقا سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق يوقتۇ؟ كىچىكىمدە بار ئىدىغۇ؟ يائاللا، يەل ـ يېمىشنىڭ كۆپلۈكىنى، هەممە يەردە شاپتۇل، توغاچ، قوغۇن، ئەنجۈر كۆپ ئىكەن، ئۆرۈك، ئۈجمە پىشىپ تۈگىگەن ئوخشايدۇ. ئەزىز يۇرتۇم، سەن جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن...»

هارۋا يۇمىلاقشەهەر كۆلبېشى بويىدا توختىدى. هاڭيادەك قۇرۇپ كەتكەن بۇ كۆل نۇرنىسا هاجى خېنىمنى ئەجەبلەندۈردى. «قەشقەرنىڭ هەممە يېرى گۈللەپ ياشناۋاتقاندا، نېمىشقا بۇ كۆل سۇسىز ئويمانلىقتا ئوخشاپ قالغاندۇ؟ قىز چاغلىرىمدا بۇ كۆلگە سۇ ئالغىلى كېلىپ تىپتىنچ زۇمرەتتەك سۇدا ئۆز شولامنى كۆرۈپ گۈزەللىكىمگە ئۆزۈمنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. باراقسان تېرەك، سۆگەتلەر كۆل ئەتراپىغا ئاپتاپ چۈشۈرمەيتتى. كۆل بويىدىكى چايخانىلاردىن ئادەملەر

ئۈزۈلمەيتتى، بۇ جاي گۈزەل، ئاۋات سەيلىگاھ ئىدى. نېمىشقا بۇنداق تاشلاپ قويۇلدىكىنە؟ ...»

— ئاچا، قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟ — سورىدى هارۋىكەش بالا.

— ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن، بالام، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا، ئاندىن هارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

نۇرنىسا هاجى خېنىم ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا، هاياجاندىن پۈتۈن ئەزالىرى بوشىشىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، پۇت - قولىدا جان قالمىغاندەك، تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاچا، نېمە بولدىلا، يىغلاۋاتامسىلا؟ — دېدى هارۋىكەش بالا شاپاق دوپپىسى بىلەن تەرلىرىنى ئېرتىپ.

— بەك ئىسسىپ كەتتىم، بېشىم قايغاندەك بولۇۋاتىدۇ، بالام، — نۇرنىسا هاجى خېنىم هارۋىكەش بالىغا شۇنداق دەپ قەدىمىنى ئاستا يۆتكىدى. ئىككى مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۇستى يېپىق كوچىنىڭ ئاخىرىغا كېلىشتى. بالا بېقىپ ئولتۇرۇشقان تۆت - بەش ئايال بۇ ناتونۇش سالاپەتلىك مېھماننى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئامان - ئېسەن تۇرۇشتىلىمۇ؟ — نۇرنىسا هاجى خېنىم ئاياللارغا ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن ئىتتىك كېلىپ يۈز يېقىپ كۆرۈشتى.

— هارمىغايلا، سالامەت كېلىپلا، قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن !

※ ※ ※

گۈلنىسا يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتى ۋە بىر تەرەپكە سىيىرىلىپ كەتكەن ئەدىيالنى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئېرىنىڭ

ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياپتى. «ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەنا! — ئويلىدى ئۇ دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايغا قاراپ، — قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئانام يېشىمنى ئېرتتى...»

گۈلنىسا كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەشكە باشلىدى. لېكىن، تولۇق يادىغا كەلتۈرەلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يازلىق پوپايكىسىنى بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرغان ئىچ كۆڭلىكى ئۈستىدىن كىيدى، بېشىغا ياغلىقىنى سېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشىكنى غىچىرلاتماي ئېچىپ هويلىغا چىقتى، شۇئان يۈزىگە غۇر - غۇر شامال ئۇرۇلدى. ئۆيئىچى شۇنچە تىنچىق، هويلا بولسا شۇنچە هاۋالىق ئىدى. «نەچچە كۈندىن بېرى ياپراق شىلدىرلىغۇدەك شامال چىقمىغانىدى، بۇ كېچە ئەجەب سالقىنلاپ كېتىپتۇ.» كۆڭلىدىن شۇ ئويلارنى ئۆتكۈزگەن گۈلنىسا ئاسمانغا قاراپ گويا تۇرخۇندىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈندەك تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇلۇتنىڭ ئاي يۈزىنى توسۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردى. «يامغۇر ياغىدىغان بولدى، يامغۇر ياغىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولدى گۈلنىسا. يامغۇر خىش ياتقۇزۇلغان هويلىغا تاراسلاپ چۈشكىلى تۇرغاندا، گۈلنىسا يۈزىنى كۆككە قاراتتى. يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. گۈلنىسا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆيگە قېچىپ كىرگۈچە پۈتۈن بەدىنى سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرىنى ئويغىتىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاستاغىنا يوتقان ئىچىگە كىردى، لېكىن مۇزدەك پۇتى سادىرنىڭ يوتىسىغا تېگىپ كەتتى، دىڭگىدە چۆچۈپ ئويغانغان سادىر ئۆرۈلۈپ خوتۇنىغا قارىدى، گۈلنىسا چاچلىرى هۆل پېتى تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانىدى. سادىر ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يېقىشىغا گۈلنىسا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. سادىر سىرتتا تاراسلاپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ:

— تاشقىرىغا چىققانمىدىڭ، نېمانچە هۆل بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— يامغۇرنى سىغىنىپ كېتىپتىكەنمەن، ئۆزۈمنى يامغۇرغا سېلىپ كىردىم، — دېدى گۈلنىسا كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ.

— يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدا ئىسسىق ئۆيدىن ھويلىغا چىققىنىڭ ياخشى بولماپتۇ. تۇرغىن، كۆڭلىكىڭنى يەڭگۈشلىۋال، زۇكامداپ قالىسەن.

※ ※ ※

— بۈگۈن ھاۋا ئەجەب ئېچىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى سادىر سۈتلۈك چايغا نان چىلاۋېتىپ، — قارىغىنا ئاسمانغا، سۈرتكەن ئەينەكتەك بولۇپ كەتكىنىنى.

نېمە ئۈچۈندۇر يەردىن كۆزىنى ئالماي چاي ئىچىۋاتقان گۈلنىسا ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئاسمانغا قارىدى. دېگەندەك كۆپكۆك تىنىق ئاسمان سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرىدا يالتىراپ كەتكەنىدى.

— كېچىدە چۈش كۆردۈم دېگەنىدىڭ، ئېيتقىنا، قانداق چۈش كۆردۈڭ؟ — سادىر قاپقارا كۆزلىرىنى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىدىكى يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن ھالقىغا تىكتى.

— چۈشۈمدە ئانامنى كۆردۈم، — دېدى گۈلنىسا ئېرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئاۋازى بىر ئاز تىترەپ چىقتى، — ئۆگزىدە تۇرغۇدەكمەن، سىلى لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتىدىلا، ئۇچۇرۇۋاتقانلىرى رەڭمۇرەڭ قەغەزدە ياسالغان قەلقە ئىمىش، مەن ئاسمان قەرىدە پەسلەپ - ئېگىزلەپ ئۇچۇۋاتقان قەلقەدىن كۆزۈمنى ئۈزمىگۈدەكمەن، بىر چاغدا قەلقەنىڭ كاناپ يىپىنى سىغىپ ئاچا ياغاچقا يۆگەشكە باشلىدىلا. ئاخىر قەلقە ئۆگزىگە چۈشتى. شۇنداق قارىسام، قەلقە بىر چىرايلىق ئايالغا ئايلىنىپ قالدى. بېشىدا تاج، قولىدا گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك بار ئىمىش، كەڭ

ئېتەكلىك بەل پۇرمە كۆڭلەك ئۈستىگە قىزىل دۇخاۋىدىن جىلىتكە كىيىۋاپتۇ. مەن بۇ ئايالنى ئانام دەۋاتقۇدەكمەن، ئۇ ئايال مېنى «قىزىم، جېنىم بالام» دەپ قۇچاقلاۋاتقۇدەك، مەن: « ئانا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەدە ئىدىڭ؟» دەپ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇدەكمەن، ئاناممۇ يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىپ يىغلاۋاتقۇدەك. سىلى: «ئانا، يىغلىمىسىلا، قىزلىرىنى كۆردىلىغۇ، گۈلنىسا، يىغلىمىغىن، ئانا دىدارىغا يەتتىڭغۇ» دەپ تەسەللى بېرىپ، كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتۈۋاتقۇدەكلا. بىر چاغدا ئانام: «خەير ـ خوش قىزىم، جېنىم بالام، ئۆزلىرىنى خۇداغا تاپشۇردۇم» دەپ ئاستا ئۆگزىدىن كۆتۈرۈلۈپ ۋە قەلقەگە ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقۇدەك، مەن سىلىنىڭ قوللىرىدىن تاناپ يىپنى ئېلىپ سىغىپ تۇرۇپ، «ئانا، كەتمىگىن، جېنىم ئانا، مېنى تاشلاپ نەگە بارىسەن؟» دەپ يىغلىغۇدەكمەن، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئانا» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كەتتىم، — گۈلنىسا چۈشىنى تولۇق ئەسلەپ، سۆزلەپ بېرىپ ئېرىدىن تەبىر سورىدى.

— ئۇزۇن يىپ — يول، قەلقە — خان ئاچام، ئۇزاققا قالماي كېلىدىكەن.

— ياق، كۆڭلۈمنى ياساپ شۇنداق دەۋاتىلا. تېخى يىگىرمە كۈن بۇرۇن ئەۋەتكەن خېتىدە «ئەمدى بارالمايدىغان بولدۇم، كۈتۈپ بىتاقەت بولماي خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار» دېگەنلىكى ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟

— نىمە ئۈچۈندۇر خان ئاچام كېلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ، كۆڭلۈممۇ بۈنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. چۈشۈڭگىمۇ ئايان بوپتۇ، تولا قايغۇرما.

سادىر گۈلنىسانى ئاستا ئۆزىگە تارتتى. سادىرنىڭ كەڭ پېشانىسىغا گۈلنىسانىڭ قارا چاچلىرى كۆلەڭگە تاشلىدى، سادىر گۈلنىسانىڭ بېشى، يۈزلىرىنى سىلىدى.

— پۇرقەتكە بىر سىگنال تۇغۇپ بەرسەڭ بولاتتى.
— ئالدىرىمىسىلا، ئۇنىمۇ خۇدايىم بېرەر.
— مەن ئەمدى ماڭاي، — سادىر ئورنىدىن تۇردى، گۈلنىسا ئېرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، كىر يۇيۇشقا تۇتۇش قىلدى. گۈلنىسا چۈش بولاي دېگەندە كىرلارنى يۇيۇپ بولۇپ، كىرلىرىنى يېيىۋاتقاندا، يېشىل سىرلانغان هويلا ئىشىكى جالاقلىدە ئېچىلىپ پۇرقەت كىرىپ كەلدى. ئۇ هاسىراپ - هۆمۈدەپ ئاغزى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى.
— ئانا، ئانا ! چوڭ ئانام كە ... كەلدى ! ئال ... ئالدىغا تېز چىق ! — تېز يۈگۈرگەنلىكتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.
— بالام، نېمە دېدىڭ؟ چوڭ ئانام كەلدى دېدىڭمۇ؟ قايسى چوڭ ئاناڭ كەلدى؟
— ئەستا، ئۇقمايۋاتقىنىنى، خە ... خەت كېلىدىغان، چە ... چەت ئەلدىكى چوڭ ئا ... ئانام !
— هە ! چەت ئەلدىكى؟
گۈلنىسا ئورنىدىن تۇرۇشىغا نۇرنىسا هاجى خېنىم بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلدى.
— گۈلنىسا، خېنىم قىزىم، جېنىم بالام !
— ئانا !...
گۈلنىسا ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى - يۇ، قاتتىق هاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن هوشىدىن كەتتى. نۇرنىسا هاجى خېنىم قىزىنى ئىتتىك يۆلەشتۈرۈپ قۇچىقىغا ئېلىپ، ئەنجۈر كۆچىتى شاخلاپ ئۆسكەن چوڭ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈپ مەڭزىدە توختاپ قالغان تامچىلار بىلەن قوشۇلدى...

※ ※ ※

سادىر قۇيرۇقى لىغىرلاپ تۇرغان بىر قارا قوينى يېتىلەپ هويلىغا كىرگەندە گۇلنىسا ئانىسىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى.

سادىر قوينى باغلاپ قويۇپ، قېيىنئانىسىغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، هاجى ئانا! ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىپلا.

— ئەسسالام، بالام، ئەسسالام! ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ خۇدايىم سىلەرگە سالامەت، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن! — نۇرنىسا هاجى خېنىم تىنچ - ئامانلىق سورىغاچ كۈيۈ ئوغلىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ كۆز يېشى قىلدى. سادىر ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ پېشايۋاندا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى...

گۇلنىسا ئانىسىنىڭ بارغانچە قىزىللىق يۈگۈرۈۋاتقان شىرمەنتاندەك يۈزىگە قاراپ «ئانامنى ئاخىر كۆردۈم - هە!» دەپ خۇشاللىناتتى. نۇرنىسا هاجى خېنىم بولسا ئۆزىنىڭ چوكان ۋاقتىدىكى هۆسنى - جامالىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزىنىڭ بولاقتەك كۆزلىئۇجى، بىر توپ شاپتۇل، يامدىكى ئەنجۈر، گۈللەر بىلەن گويا رىدىن ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ «خۇدا، ئۆزۈڭگە مىڭ مەرتەم شۈكۈر! قىزىمنىڭ دىدارىغا يەتكۈزدۈڭ...» دەپ سۆيۈنەتتى. پۇرقەت چوڭ ئانىسىنى هويلىغا باشلاپ قويۇپلا مەكتەپكە ئۇچقاندەك يېرىپ دادىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. سادىر هېيتگاهتا سېمىز قويدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئاندىن ئۆيگە كەلگەنىدى. نۇرنىسا هاجى خېنىم كۈيۈئوغلىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ: «ياخشى يىگىت ئىكەن، ئاه، خۇدا، ئۇلارنى بالا - قازادىن ئۆزۈڭ ساقلا» دېدى ئىچىدە دۇئا قىلىپ. ئۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ هويلىغا، ئۆيلەرگە

بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى: ھويلا بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۈچ بۇرجەك گۈللۈك، بىدىشقا ئېلىنغان تال، بىر تۈپ ئاق كىچىك باغچىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئىشىكتىن كىرگەن كىشى گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ماڭسا ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن ئايۋانغا كىرەتتى. ئايۋان ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپى سۈپىلىق پېشايۋان بولۇپ، تۆۋرۈك ئەگمىلىرىگە نەقىش ئويۇلۇپ، چىرايلىق سىرلانغانىدى. ئايۋان ئىشىكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ئاق سىر بىلەن سىرلانغان دېرىزىلەرنىڭ يېشىل تور پەردىسى قايرىپ قويۇلغانىدى. ئايۋانغىمۇ سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۈستىگە تېكمەت كىگىز سېلىنىپ، ئويۇقلارغا چىنە ـ قاچا تىزىلغانىدى. ئۇدۇل تامغا ئوتقاشتەك قىزىل گىلەم تارتىلغانىدى. ئايۋاننىڭ سول تەرىپىدىكى چوڭ مېھمانخانا، ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئەينەكلىك ئىشىكلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. پېشايۋان بىلەن ئايۋاننىڭ ئاستى ئامبار، ئۈستى سالاسۇنلۇق مەنزەر ئىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم كۈن نۇرى ئۇدۇل چۈشۈپ تۇرغان ئۆيئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھويلىنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇرجىكىدىكى ئۈجمە سايە تاشلىغان ئاشخانا ئۆيگە سەپسالدى، ئۇنىڭ ئىشىكى ئېتىك بولسىمۇ، دېرىزىسىدىن قازان، چىنە ـ قاچىلار، سۇ كۈپى، چېلەكلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھويلا ئىچى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلگەنىدى. باراقسان ئۈجمە دەرىخى بىلەن بېدىشقا ئېلىنغان تال ھويلىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

— ئانا، ئەجەب قاراپ كەتتىلىغۇ؟ غەلىتە كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە؟ — سورىدى تۇخۇم چېقىپ، ئۈگرىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان گۈلنىسا.

— نېمىشقا غەلىتە كۆرۈنسۇن، بالام ! بۇ، مەن تۇغۇلغان، سەنمۇ ... ھە، سەنمۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئۆي ئەمەسمۇ.

ئۆتتۈز بەش يىل ئايرىلىپ، چەت ئەللەردە يۈرۈپ كەلگەن چېغىمدا بۇ ئۆيلەر بۇرۇنقىدەكلا ماڭا يېقىملىق، چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇرۇن بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىدىن باشقا، دەرەخ يوق ئىدى. ئۆيمۇ گەجخاك قىلىنىپ، سىرلىنىپ كۆركەملىشىپ كېتىپتۇ، ئەر غەيرەتلىك، خوتۇن ۋاپادار بولسا، قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى، يوقنى بار قىلغىلى بولىدۇ. مەن سىلەردىن بەكمۇ غەم قىلاتتىم، بالام سادىر ئاخۇننى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشتى. ئۆيۈڭلەرگە قاراپ كۆكسى ـ قارنىم ئېچىلىپ قالدى. بالام، بۇ دىدار كۆرۈشۈش ماڭا كۈتكەندىن ئارتۇق كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى. بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمىساق نېمىدېگەن ياخشى...

## ئىككىنچى باب

# قوبۇل قىلىنمىغان سوۋغا

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر...

نۇرنىسا ھاجى خېنىم لەرزان ئېيتىلىۋاتقان ئەزانغا قۇلاق سالدى. «ناماز دىگەر بولغان ئوخشايدۇ، ئۆز يۇرتۇمدا ئېيتىلغان ئەزاننىمۇ ئاڭلايدىغان كۈن بولىدىكەن ـ ھە!» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇجمە دەرىخى يېنىدا تۇرغان ئاپتۇۋىنى قولىغا ئالدى.

— سۇ قۇيۇپ بېرەي، ئانا.

ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىققان گۈلنىسا ئاپتۇۋىنى قولىغا ئېلىپ تاھارەتكە سۇ تەييارلاپ بەردى.

— قىزىم، بالام سادىر نەگە كەتتى؟

— بازارغا.

— نېمىشقا، بالام؟

— شامالدۇرغۇچ، كۆكتات ۋە يەنە لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغىلى كەتكەندى.

— پۇرقەت قېنى؟

— ئۇمۇ دادىسى بىلەن بىللە كەتتى، ھازىرلا كېلىدۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانسىلەر؟ سىلەر قانداق تۇرمۇش كەچۈرسەڭلار مەنمۇ شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنمەن.

— ئانا، تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس. شامالدۇرغۇچمۇ سىلىنىڭ باھانىلىرىدە ئېلىنىپ قالىدۇ.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئارتۇقچە گەپ قىلماي تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇندى. شۇ ئارىدا ئەسسالامنىڭ كەينىدىن ئەسسالام دەپ، بايا كىرەلمىگەن قولۇم ـ قوشنىلار، يىراق ـ يېقىندىكى تۇغقانلار، تونۇشلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىشكە باشلىدى. تاھارەت ئېلىپ بولغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم كىرگەنلەر بىلەن بىرمۇبىر يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئايۋانغا باشلاپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسىلەر؟ — ئامانلىق سورىدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم.

— خۇداغا شۈكۈر، ھاردۇقلىرى چىقىپ قالدىمىكىن؟

گۈلنىسا ئايۋانغا ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرگەندە، يەنە بىر تۈركۈم مېھمانلار ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سادىر بىلەن پۇرقەت ئۈزە توختىتىپ قويۇلىدىغان چوڭ بىر شامالدۇرغۇچنى ئەكىرىشتى. ئارقىدىنلا چېكە چاچلىرى ئاقارغان غۇنچە بوي ئايال كىرىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك قەدەم تاشلاپ نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ئالدىغا ماڭدى:

— جېنىم سىڭلىم، كۆرۈشىدىغان كۈنمۇ كېلىدىكەن ـ ھە! — شۇنداق دېگىنىچە نۇرنىسا ھاجى خېنىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى...

— ئاچا، جېنىم ئاچا! بۇ سىلىمۇ؟ دىدارلىرىغا يەتكۈزگەن خۇداغا شۈكۈر. باللار، تۇراپ ئاكاملار تىنچلىقمۇ؟ — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئاچىسى بىلەن ئۈزاققىچە يۈز يېقىشىپ قۇچاقلىشىپ، ئاندىن «ئانا، رەھمەتلىك ئانا، قايدىسەن ئانا» دېيىشىپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش ئاقتۇرۇشتى. ئۇلارغا قاراپ ئايۋان ۋە ھويلىدىكى مېھمانلارمۇ يىغلاپ كېتىشتى. گۈلنىسا ھويلىدىكى مېھمانلارنى پېشايۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالدى.

— سىڭلىم، ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى تېخى ھېلىلا

بىزنىڭ مەھەللىلىك بىر ئايالدىن ئاڭلىدىم. تۇراپ ئاكىلىرى: «بېرىپ ئوقۇشۇپ باق، راست كەلگەن بولسا دەرھال ماڭا خەۋەر بەر، باللارنى ئېلىپ بارىمەن» دەپ ئۆيدە قالدى، ئەجەب ئوبدان كەپلا، جېنىم سىڭلىم، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ئېگىچىسى گۈلسۈمخان، ئاندىن گۈلنىسا ئاچىققان مەزە - گېزەكنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ۋاي ھەشقاللا رەھمەت! ھەربىرلىرىنى ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى قويماي، پەتىلەپ كىرىپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، ئەتە كىرەيلى دېسەك تەقەززا كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى. مېھمانلار تېخى بىز بىلەن تۇگىمىسە كېرەك، قېنى ھاجى خېنىم، دۇئا قىلىپ بەرسىلە.

شەرەنداز خوتۇندىن بىرسى كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن سۆزلەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئامىن! خۇدا ھېچ بەندىسىنى يۇرتىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىمىسۇن!

※ ※ ※

نۇرنىسا ھاجى خېنىم پېشىنىنىڭ قازاسىنى ھەم ناماز دىگەرنى ئوقۇپ چىققاندا، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ئەمما، دېرىزىنىڭ ئۇستۇنكى راملىرىغا يەنىلا قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. ھويلىدىكى نەچچە ئۆگزە بويى ئۆسۈپ كەتكەن ئۈجمىنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ قويايمۇ دېمەيتتى. گۈلنىسا پېشايۋانغا داستىخان سالدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم، گۈلسۈمخان ئايۋاننىڭ پېشايۋانغا قارىتىلىپ ئېچىلغان دېرىزىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى. سادىر پېشايۋاننىڭ نەقىش ئويۇلغان رەڭدار تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەن ھالدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ قېيىنئانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇشىدىن تارتىنچاقلىقى

چىقىپ تۇراتتى. پۇرقەت ئاشخانىدا قازان ئالدىدا ئولتۇرغان ئانىسىغا قاچا سۇنۇپ بېرىۋاتاتتى. كەچكى شەپەق دېرىزىلەرنى ئالتۇندەك جۇلالاشتۇرۇۋەتكەن چاغدا، گۈلنىسا گەردىنى چىنىگە ئوخشىغان ئوغرىنى خونچىلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىراغنى ياقتى.

— ئاچا! سىلى تاماقنى بېقىۋەرسىلە، مەن شامنى ئوقۇۋېلىپ چىقاي.

— ئاشنى ئىچىۋېلىپ ئوقۇسىلىمۇ بولاتتى، سىڭلىم، — گۈلسۈمخان ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان ئاشنى نۇرنىسا هاجى خېنىمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— بايا ئازراق كاۋاپ بىلەن چاي ئىچكەنچە ھېچنېمە يېمىدىلە، خان ئاچا، ئىچىۋېلىپ ئوقۇسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى سادىر پۇرقەت ئەكەلگەن بىر چىنە ئوغرىنى گۈلسۈمخانىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ.

— تاماق سوۋۇغاچ تۇرسۇن، نامازنى ئوقۇۋېلىپ چىقىپ ئىچەي.

نۇرنىسا هاجى خېنىم مېھمانخانىغا كىرىپ ناماز شامنى ئوقۇپ چىقتى. ھورى كۆتۈرۈلۈپ، سۈيى پارىلداپ تۇرغان ئوغرىدىن قارىمۇچنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

— ئانا، چەت ئەلدىمۇ پات - پات ئوغرە ئىچىپ تۇرغانلا؟ — سورىدى گۈلنىسا نۇرنىسا هاجى خېنىم تەرەپكە قىيسىيىپ. ئۇ شۇ تاپتا بەكمۇ خۇشال ئىدى. پۇرقەتمۇ ئانىسىنىڭ يەلكىسىدىن يۆلىنىپ چوڭ ئانىسىغا پات - پات قاراپ قوياتتى.

— شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، بالام، ئېتىپ ئىچىمدۇ - دە، ئاڭلىسام، ئۇ يەرلەردە گۆشمۇ كۆپ ئىمىش، — سۆز قىستۇردى گۈلسۈمخان ئادىتى بويىچە ئىتتىك سۆزلەپ، ئۇ بىردەم سىڭلىسىغا، بىردەم گۈلنىساغا، بىردەم سادىرغا قاراپ نېمە ئۈچۈندۇر ئوڭايسىزلانغاندەك بولاتتى. ئاقۇچ يۈزى ھېلى قىزارسا، ھېلى سارغىياتتى. نۇرنىسا هاجى خېنىم ئاچىسىدىكى

بۇ ھالەتنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چىن مېھرى بىلەن قاراپ شۇنداق خۇشخۇي، شۇنداق مۇلايىم ھالدا ئولتۇراتتى.

— بالام، چەت ئەل — مەن ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەملىكەت ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى باي، ھەممە نەرسە بار. بىراق، قىممەتچىلىك، ئۇ يەرلەردىكى كىشىلەر ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئوخشىمايدىغان ھەرخىل تاماقنى يەيدۇ. بولۇپمۇ سوغۇق يېمەكلىك كۆپ، مەن ھەربىرلىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، مانا بۈگۈن ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۇگرە دېسە دېگۈچىلىكى بار ئاشنى ئىچىپ ئولتۇرۇپتىمەن. مۇساپىرچىلىقتا مەنمۇ ئۇگرە ئېتىپ باققان، لېكىن بۇنچىلىك ئوخشىمىغانىدى. كېيىن مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا شۇ يەردىكى خەلقتەك تاماق ئېتىپ يېيىشكە كۆنۈپ قالدىم.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم گېپىنى توختىتىپ قىزىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شۇ ھامان گۈلنىسانىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ، كۈلۈپ تۇرغان چىرايى غەمكىنلەشتى. قاپىقىنى سوزۇپ ئويغا چۆمدى. گۈلسۇمخان سىڭلىسىنىڭ گۈلنىساغا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمەي نېمە ئۈچۈندۇر گۇمانسىراپ چىرايىنى سۈرۈنلەشتۈردى. تارتىنىپ گەپ قىلماي ئولتۇرغان سادىر بوشىغان قاچىنى داستىخانغا قويۇپ، لاپپىدە قارىغان گۈلنىسا بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋالدى.

— مەن تاۋۇز، قوغۇن پىچاي، سىلى خان ئاچامغا بىر پىيالە ئاش ئەكەلسىلە، — سادىر شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى. بايا قىسقىغىنا ۋاقىتتا كۆڭلىدىن ئاللىقانداق ئويلار كېچىپ، يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان گۈلنىسا ئېرىنىڭ «سىلى» دېگىنىگە كۈلگۈسى كەلدى. ئۇ مۇلايىم نەزەر تاشلاپ ئانىسى ئالدىدىكى چىنىنى ئالدى.

— چىنە بەك چوڭ ئىكەن، بالام، ئۇگرە بەكمۇ ئوخشىغاچ

ئاشۇرۇپ قويماي ئىچىۋەتتىم. ئەمدى ئىچمەي، بالام سادىر، قوغۇن - تاۋۇزنىمۇ سەل كېيىنرەك يېيىشسىلا، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، — دېدى نۇرنىسا هاجى خېنىم بىردەم قىزىغا، بىردەم كۈيئو ئوغلىغا قاراپ. سادىر پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ شامالدۇرغۇچنى ئېچىپ قويدى. شامالدۇرغۇچتىن چىققان يېنىك شامالدا نۇرنىسا هاجى خېنىمنىڭ پېشانە - يۈزلىرىدىكى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان تەرلەر قۇرۇپ، ئاق روملى يەلپۈندى. گۈلنىسا سادىرغا قاراپ:

— تۇراپ دادام، خان ئاچام، داداملارنىڭ يېنىغا پۇرقەتنى ئەۋەتمىسەك ئانامنىڭ كەلگىنىدىن بىخەۋەر قالىدىغان ئوخشايدۇ، پۇرقەت بېرىپ كەلسۇنمۇ؟

— ئانام بىلەن تۇراپ ئاكامغا مەن خەۋەر يەتكۈزەي، پۇرقەت چوڭ دادىسىنى چاقىرىپ كەلسۇن، سىلە تاپىلاپ قويسىلا، خان ئاچامنىمۇ ئەكەلسۇن.

گۈلنىسا سادىرنىڭ كەينىدىن ماڭغان ئوغلىنى چاقىرىپ توختاتتى - دە، ئەتتىك يېنىغا بېرىپ، يېتىلەپ ئىشىك ئالدىغا ئاچىقتى.

— بالام، يوگۇرگەن پېتىڭ ئاپپاق داداڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆيگە مېهمان كەلدى، دادام بىلەن خان ئاچامنى ئەكەلگىن دەپ ئانام مېنى ئەۋەتتى، ئەتتىك كەلسۇن دەيدۇ، دەپ بىللە ئەكەلگىن. چەت ئەلدىكى چوڭ ئانام كەلدى دەپ سالما، گېپىمنى ئۇقتۇڭمۇ!

— ئۇقتۇم، ئانا.

— ئەمىسە، ئىلدام بېرىپ چاقىرىپ كەلگىن. بالام، ئاۋايلاپ ماڭ، قاراڭغۇدا يىقىلىپ چۈشمىگىن.

پۇرقەت ئۇچقاندەك يوگۇرۇپ كەتتى. گۈلنىسا بادام دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ يوگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ كەينىدىن مەستلىكى كەلگەن هالدا قاراپ قالدى. «دادام

كېلەرمۇ، كەلمەسمۇ، كەلسە ئانامغا نېمە دەر، چىرايلىق
مۇئامىلە قىلسا بولاتتى...» دەپ ئويلىغىنىچە ئىشكنى ياپتى.

※ ※ ※

ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولۇۋاتقان يۇلتۇزلار كۆك يۈزىنى
قاپلىماقتا ئىدى. هاۋا كەچتە كۈندۈزدىكىدىن سالقىنلىغاندەك
قىلسىمۇ يەنىلا دىمىق ئىدى. گۈلسۈمخانىنىڭ ئاپپاق ئاقىرىپ
كەتكەن ماڭلاي چاچلىرى تەر ئېقىپ تۇرغان چېكىسىگە
چاپلىشىپ قالغانىدى. نۇرنىسا هاجى خېنىم ئۆزىدىن ئۈچ ياش
چوڭ ئاچىسىنىڭ بەكلا قېرىپ قالغانلىقىدىن هەم
ئەجەبلىنىپ، هەم قايغۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئاچىسى گۈلسۈمخان
يۈزىگە تېخى بىلىنگۈدەك قورۇق، چاچلىرىغا ئاق كىرمىگەن
سىڭلىسىغا هەۋەسلىنىپ پات ـ پات ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ،
ئۇھ تارتىپ قوياتتى. گۈلنىسا بولسا ئىشكتىن كۆز ئۈزمەي،
بىردەم ئاشخانىغا كىرىپ شورپىنى سورۇپ، بىردەم هويلىغا
چىقىپ ئانىسىغا چاي قۇيۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر دەككە ـ دۈككە
ئىچىدە يۈرەتتى.

— ئاچا، پېنسىيەگە چىقتىلىمۇ؟ — سورىدى نۇرنىسا
هاجى خېنىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپلا خىزمەتتىن
چېكىندۈرۈلگەنىدىم، — مەيۈسلەنگەن هالدا يىغلامسىراپ جاۋاب
بەردى گۈلسۈمخان سىڭلىسىنىڭ تىزىنى سىلاپ تۇرۇپ.
نۇرنىسا هاجى خېنىم ئاچىسى گۈلسۈمخاندىن كۆزىنى ئېلىپ
ئىشككە قارىۋىدى، ئىشكتىن سىپايە قەدەم بىلەن كىرىپ
كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ قاۋۇل جۇۋاننى
كۆردى، ئۇنىڭ كەينىدىن مۇھتەبەر ۋە ئايتۇرالار ياندىشىپ
هويلىغا كىرىپ كەلدى.

ئاشخانا دېرىزىسىدىن قېيىنئانىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى

كۆرگەن گۈلنىسا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— بۇ خەيرىنىساخان خان ئاچام بولىدۇ، — دېدى ئېگىلىپ سالام قىلىۋاتقان ئانىسىغا.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم قۇدىسى بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى. ئاندىن مۆھتەبەر، ئايتۇرالار بىلەن قۇچاقلاشتى. قەدىناس دوستلارنىڭ بۇ قۇتلۇق دىدار كۆرۈشۈش مىنۇتىدا ھاياجاندىن ئېغىزلىرىغا گەپ كەلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى سۆزلىرىنى تەلمۈرگەن كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى ئىزھار قىلىۋاتاتتى ...

خەيرىنىساخان ئۇلارنىڭ خۇددى بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قان - قېرىنداشلاردەك بىر - بىرىدىن ئاجرىماي تۇرغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە «بۇ قۇدام قالتىس نازاكەتلىك ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتسىمۇ چىرايىدىن يەنىلا نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ...» دەپ ئويلىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم تىنچلىق - ئامانلىق سورىشاندىن كېيىن خەيرىنىساخان بىلەن ئايتۇرانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى.

— يىغا ئۆلۈم بولغان ئۆيگە يارىشىدۇ. بۇ ئۆيدە تويدىنمۇ چوڭراق دىدار كۆرۈشۈش بولۇۋاتىدۇ، ئاللانىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن خۇرسەن بولۇپ ئولتۇرايلى، ھاجى خېنىم، — دېدى خەيرىنىساخان تەبەسسۇم بىلەن نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا قاراپ. شۇ گەپتىن كېيىن ئايتۇرا، مۆھتەبەرلەرنىڭ چىرايىغىمۇ ئاستا كۈلكە يۈگۈردى.

※ ※ ※

خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ھويلىغان چىققان نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا پايانسىز ئاسمانىدىكى سانسىز يۇلتۇزلار مۇشۇ ھويلىنىڭ ئۇدۇلىغا توپلاشقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ

ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق كۆپكۆك ئاسماندىن كۆزىنى ئالماي «سالاھىدىن ئاخۇن كېلەرمۇ؟ كەلسە ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولار؟ مىجەزى ئۆزگەرگەنمىدۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلاپ نېمە ئۈچۈندۇر تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغان قامچىنى پارقىراپ تۇرغان قارا كۆن ئۆتۈكنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق گەۋدىلىك بىر ئادەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غىل - پال نامايان بولدى ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ خەيرىنىسا بىلەن مۇھتەبەرگە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن لاپپىدە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئايتۇرانىڭ قوللىرىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئالىقىنىغا ئالدى. شۇ چاغدا بېلى بىمەھەل مۈكچەيگەن، سىيدام قورۇق يۈزىدىن كوسىلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم بىلەن سادىر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا تېرىكە كەمزۇل، بېشىدا كۆك سارجا شەپكە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى چوكان، ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بالا كىرىپ كېلىشتى.

— مانا نۇرنىسا ھاجى خېنىم، ئاكىلىرى تۇراپ ئاخۇنمۇ كېلىپ قالدى، — دېدى گۈلسۇمخان سىڭلىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ. باياتىن «ھاجى» سۆزىنى سىڭلىسىنىڭ ئىسمىغا قانداق قوشۇشنى بىلەلمەي «ئۇكام» دېگەنىدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ تۇراپ ئاخۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى.

— ئەھلىمەھەللە، ئۆيئىچى تىنچ - ئامان، ئۆزلىرى سالامەت تۇرلىمىكىن؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئۆزلىرى سالامەت كېلىپلا، بىز ناھايىتى خۇرسەن بولدۇق.

تۇراپ ئاخۇن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ يېنىك سالام قىلدى.

— خۇداغا شۈكۈر، باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ، ھەربىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشاللىقتىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم، — دەپ كۆز يېشى قىلدى نۇرنىسا

هاجى خېنىم.

— ئادەم سالامەت بولسىلا بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى مانا مۇشۇنداق دىدار كۆرۈشىدۇ، ھەممىدىن سالامەتلىك ئەۋزەل، ھاجىخان ئۇكام.

ئۇلار بىر قۇر تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرنىسا ھاجى خېنىم قارىقۇمچاق، قارىقاش ئىككى جۇۋان بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ، — دەپ تونۇشتۇردى گۈلسۇمخان قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن سولغۇن چىراي، جۇدەڭگۈ، ئاقۇچ يۈزلۈك چوكاننى كۆرسىتىپ، — چوڭ قىزىم ھۆرلىقا، ماگىزىنىدا پىرىكازچىكلىق قىلىدۇ، بۇ كىچىكى ھەلىمە، — دېدى زىلۋاراق، بويىمۇ ئېگىزرەك، يا خۇشلۇقى، يا خاپىلىقى چىرايىدىن بىلىنمەي تۇرغان جۇۋاننى كۆرسىتىپ، — دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ. ئۆزىنىڭ زىلىلىقىدىنمۇ بېشىغا بالدۇرلا ئاق كىرىپ كەتتى.

ئاچا - سىڭىل ئوخشاشلا ھەرەمنىڭ زەر گۈللۈك ھىلھىلە ياغلىقىنى بېشىغا سىلىۋالغانىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئۈچ ئوغۇل بىلەن يالغۇز قىزىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ مەڭزىدىن سۆيۈپ قويدى.

— بۇ ئىككىسى، — دېدى تۇراپ ئاخۇن دوقا ماڭلاي، بوغداي ئوڭ، ئون ياشلاردىن ئاشقان ئىككى ئوغۇلنى كۆرسىتىپ، — ھۆرلىقانىڭ بالىلىرى، چوڭىنىڭ ئىسمى ھەمدۇللا، كىچىكىنىڭ ھەبىبۇللا، بۇلارنىڭ كەينىدىكى ئىككىلىسى قىز ئىدى. قىزىل چىقىپ ساقىيالماي كەينى كەينىدىن قازا تېپىشتى. بۇ بولسا، — دېدى ئورۇق، ئېگىز بالىنى كۆرسىتىپ، — ھەلىمەنىڭ ئوغلى نۇردۇن، ئەمدى ئون تۆتكە كىرگەن بولسىمۇ بويى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بولسا، — ئالتە ياش چامىسىدىكى ئاق - سېرىق قىزنى كۆرسەتتى، — ھەلىمەنىڭ ئارزۇلۇق قىزى پاتىمە.

— خۇدا قالغانلارنىڭ ئۆمرىنى بەرسۇن، خاتىرجەملىك، سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن، ئامىن ! — دۇئا قىلدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ. ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ كۆز يېشى قىلىشتى. سادىر تۇراپ ئاخۇننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھەممەيلەن سۇپىدىن ئورۇن ئېلىپ بولۇشىغا «سالاھىدىن چوڭ دادام كەلدى !» دەپ توۋلىغىنىچە پۇرقەت كىرىپ كەلدى، ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان گۈلنىسا ئاشخانىدىن ئىتتىك چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

ئوچۇق ئىشكتىن ئۇچىسىغا يوللۇق پاخچۇ يەكتەك، بېشىغا ھەرەمنىڭ ئاق يىپەك دوپپىسىنى كىيىۋالغان گەۋدىلىك بىر ئادەم ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ پېشايۋان سۇپىسىدىن پەسكە چۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ جاۋاب سالام بەردى تۇراپ ئاخۇن. سادىر قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول بېرىپ كۆرۈشتى.

— تۇراپ ئاخۇن، گۈلسۈمخان، تىنىچ - ئامان تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— ئەلھەمدۇلىللا، سالاھىدىن ئاخۇن، ئۆزلىرى ئوبدان تۇرغانلا؟

— شۈكۈر، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، — سالاھىدىن ئاخۇن جاۋاب بېرىپ سادىر بىلەن گۈلنىساغا قارىدى، — بىزنىڭ قوشناچىممۇ كېلىۋاتىدۇ، بۈگۈن تۇغقانلار ھەممىمىز بۇ ئۆيگە جەم بولىدىغان ئوخشىمامدۇق.

— شۇنداق، دادا، — دېدى گۈلنىسا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ.

— ئەسسالام، سالاھىدىن ئاخۇن !

نۇرنىسا ھاجى خېنىم گۈلنىسانىڭ يېنىغا كېلىپ سالاھىدىنغا سالام بەردى، بىردىنلا نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ قول -

پۇتىغا تىترەك ئولاشتى.

باياتىن تىنچ - ئامانلىق سوراش بىلەن بولۇپ كەتكەن سالاھىدىن ئاخۇنىنىڭ يوغان ئىچىلغان كۆزلىرى ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرغان نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا چۈشتى ۋە شۈئان تەرى سۆرۈنلەشتى.

— ھە، بۇ سەنمۇ، نۇرنىسا؟! — غەزەپتىن سالاھىدىن ئاخۇنىنىڭ چار ساقىلى تىترەپ كەتتى، — ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، يەردىن چىقتىڭمۇ؟

نۇرنىسا ھاجى خېنىم بېشىنى كۆتۈرۈپ نېپىزلەپ قالغان كالپۇكىنى بىر چىشلەپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى. ئوتتەك قىزىق مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان سالاھىدىن ئاخۇنغا مۇلايىم نەزەر تاشلىدى.

— مېنىڭ ئاسماندىن چۈشكىنىم ياكى يەر ئاستىدىن چىققىنىم يوق. ئاللانىڭ خالىشى بىلەن يۇرتۇمتى، بالىلىرىمنى كۆرەي دەپ يىراقتىن كەلدىم.

— ئەستاغپۇرۇللا! — ساقىلىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتاملاپ توۋلىدى سالاھىدىن ئاخۇن، — سەن بۇنىڭدىن ئوتتۇز بەش يىل بۇرۇن مېنىڭ خوتۇنۇم ئىدىڭ، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ يوقالغانىدىڭ، ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ؟

— دادا، سەۋر قىلسىلا، ئانام بىزنى دەپ كەلدى ئەمەسمۇ؟ — بۇرۇنقى ئىشلارنى تەگەپ نېمە قىلىلا؟ — دېدى گۈلنىسا نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ. گۈلنىسا دادىسىنى چاقىرتىپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

تۇراپ ئاخۇن ئۆزگىچە قارىداپ كېتىۋاتقان سالاھىدىن ئاخۇنغا قاراپ دەرھال ئېغىز ئاچتى:

— سالاھىدىن ئاخۇن، بۇ نېمە قىلىق؟ تەقدىرگە قارشى تۇرامسىلە؟ ئۇنداق قىلماڭلا، ھېلىمۇ بېشىڭلىدىن ئۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى. ئۆپكەڭلىنى بېسىۋېلىپ سۆزلەڭلا.

سالاھىدىن ئاخۇن ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە «باشقىلاردىن ئاڭلاپ پەتىگە كەلگەن ئوخشايدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەم ـ دە، ئۆزى» دېگەن ئوي تۇراپىنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەندى. سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ئوتتۇز بەش يىلدىن بېرى كۆڭلىگە تۈگۈچلەنگەن ئاچچىق غەزەپ نۇرنىسا ھاجى خېنىمنى كۆرۈپلا تېشىغا تەپكەندى.

بېشىغا تور رومال سالغان ئېگىز بويلۇق بىر ئايال ئىشىكتىن ھويلىغا كىرىپ كېلىشى بىلەنلا سالاھىدىن ئاخۇن غەزەپ بىلەن سىلكىگەن قولىنى يىغىپ جىم تۇرۇپ قالدى. بۇ ئايالنىڭ كىرگىنىنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرگەن پۇرقەت «رەناخان ئانام كەلدى» دەپ گۈلنىساغا پىچىرلىدى. گۈلنىسا نېمە ئۈچۈندۇر ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ بېرىپ سالام قىلدى. سالاھىدىن ئاخۇن ساقىلىنى سىقىملاپ، خوتۇنىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىممۇ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ رەناخاننىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى.

— ئەسسالام، ئوبدان تۇردىلىمىكىن؟ ئۆيئىچى، بالىچاقىلار ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ — نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئېگىلىپ تىنچلىق سورىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇرغانلا؟ — دەپ جاۋاب سالام بەردى رەناخان بۇ ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سوئال نەزىرى بىلەن گۈلنىساغا قاراپ.

— بۇ مېنىڭ ئانام. بۈگۈن پېشىن ۋاقتى بىلەن چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەنىدى. ھەربىرلىرىگە ۋاقتىدا خەۋەر قىلالماي قالدۇق.

گۈلنىسانىڭ سۆزى تۈگىمەيلا رەناخان بېشىدىن رومالنى ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئاغرىقتا يولۇقماي، زىيانغا ئۇچرىماي ئامان ـ ئېسەن كېلىپلا، — دەپ قايتىدىن تىنچلىق سورىدى، — بەك ئوبدان

بوپتۇ. بايا پۇرقەت ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلمايلا «ئانام چوڭ دادىڭ بىلەن خان ئاپاڭنى قىچقىرىپ كەلگىن» دېدى دەپ بىزنى ئالدىرىتىپلا كەتتى. چوڭ ـ كىچىك بالىلىرىمىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بولغاچقا بەكرەك كەپسىز، دادىسى كىرگۈچە ئۆينى شۇنداق مالىمان قىلىۋېتىمدۇ. بىرئاز سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ ئەمدى كېلىشىم، ساقلىتىپ قويغان بولسام خاپا بولۇشمىسىلا.

رەناخان سۆزىنى تۈگىتىپ نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— بىزمۇ يوللىرىغا قاراپ تۇراتتۇق، ۋاقتىدا كەلدىلە، قىزىم گۈلنىسانى، ھەربىرلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي دەپ قىلغان نىيىتىمگە يارىشا خۇدايىم سائىتىنى كەلتۈرۈپ بەردى. مانا بۇ دىدار سائىتىدە خوشلۇقۇمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم بويى ئۆزىدىن ئېگىزرەك، يۈزى تولۇن ئايدەك تولغان كۈندىشىغا سەپسېلىپ.

«ھە، گۈلنىساخاننىڭ ئانىسى ئىكەن ـ دە! يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئىزا تارتماي تۇرۇشىنى قاراڭ. كەلمىسەممۇ بوپتىكەن ...» بىردىنلا ئاپتاپتەك چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قالغان رەناخاننىڭ كۆزلىرىدە كۈنداشلىقنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قار ـ مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ: «ياشلىق چېغىمدا سېنى تاشلاپ كەتكەن خوتۇنۇڭغا قىيماۋاتامسەن؟ كەلگىنىمگە ئاچچىقىڭ كەلدىمۇ نېمە؟ كېلىپ ياخشى قىپتىمەن» دەپ گۇمانلىنىپ، ئاغزى باشقىچە ئېچىلدى ۋە ھەدەپ ساقىلىنى تۇتاملاپ گۆلىيىپ تۇرغان سالاھىدىن ئاخۇندىن كۆزىنى ئېلىپ، مەڭدەپ قالغان گۈلنىساغا نەشتەردەك سانجىلدى:

— مىنىزە ئانام كەلدى، ئۆينى بوشات، دەپ چاقىرتىشىپلىدە؟ ئۆينى بوشىتىدىغان مەن ئەمەس، ئاۋۇ

دادىلىرى، ئالدى ئون توققۇزغا، كەينى ئۈچ ياشقا كىرگەن سەككىز ئوغۇل ـ قىزىم بىلەن ئۆيدە ئۆزۈم قالىمەن! چىقىپ كەتكۈسى كەلگەن بولسا دادىلىرى چىقىپ كەتسۇن، خۇدايىمغا ئامانەت، مەن بېرىپ باللىرىمغا قاراي ... ـــ رەناخان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ قەدەم باستى.

«ئەجەب قاۋۇل جۇۋان ئىكەنا بۇ، بەل پۇرمە ئەتلەس كۆڭلىكى، كاستۇمى نېمىدېگەن ياراشقان ـ هە! چاچلىرىنىڭ قارىلىقىنى، شەرەنداز ئاياللاردىن ئىكەن، كۇنداشلىقىنىڭ يامانلىقىنى ...» سېكۇنت ئىچىدە كۆڭلىدىن شۇ ئوي كەچكەن نۇرنىسا هاجى خېنىم ئىتتىك مېڭىپ رەناخاننىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

ـــ رەناخان، توختىسىلا، مەن بۇ يەرگە هەرگىز ئەرلىرىنى دەپ كەلگەن ئەمەسمەن، سالاهىدىن ئاخۇن مېنى ئەمرىدىن چىقارغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنمەن. بىلمەي، ئۇقماي تۇرۇپ پاراكەندە بولمىسىلا، مېنىڭمۇ تەستە چوڭ قىلغان باللىرىم بار، ئۇلار يىراقتا قالدى. ئەمما، مەن بۇ يەرگە ئانا سۈتىگە قانمىغان قىزىمنى، ئەزىز يۇرتۇمنى، مېهرىبان تۇغقانلىرىمنى دەپ كەلدىم، هەربىرلىرىنى ئۆزۈم چاقىرتىپ كەلدىم. كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، ئەهلىمەهەللە ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان رەناخان بىرئاز يۇمشىدى، سالاهىدىن ئاخۇن ئاچچىقتىن ئورنىدا تۇرالماي:

ـــ ئەستاغپۇرۇللا! ئەستاغپۇرۇللا! ـــ دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ـــ ئۆزلىرىمۇ توختىسىلا، بۇ كىرىپ چىقىپ كېتىدىغان دەڭ ئەمەس، ئۆز باللىرىنىڭ ئۆيى، مەنمۇ كىشىنى رەنجىتىش ئۈچۈن كەلمىدىم. مەندىن ئۆتكەن بولسا خۇدا مېنى مەهشەرگاهتا سىلىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ جازالىسۇن، ئەگەر مەندىن ئۆتمىگەن بولسا، تۆهمەت قىلغۇچىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى

قادىر ئاللا ئۆزى كەچۈرسۇن، سالاھىددىن ئاخۇن، خاپا بولماي بىر پىيالە چاي ئىچىپ كەتسىلە، قىنى توغىقانلار، ئۆيگە كىرىلى، بالام سادىر ئاخۇن، مېھمانلارنى باشلىسىلا.

سالاھىددىن ئاخۇن يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، رەناخان دەرھال كەينىگە ياندى.

ــ گۇناھىمىزنى خۇدايىم ئۆزى كەچۈرسۇن، دادىسى، بىلمەستىن نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتۇق ـ ھە ! يۈرسىلە، ھاجى خېنىمنى رەنجىتىپ قويمايلى.

ــ رەناخان توغرا ئېيتتى، سالاھىددىن ئاخۇن، ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىپ ئۆيگە كىرسىلە، ــ دېدى گۈلسۇمخان ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە «سىڭلىم سالاھىددىن ئاخۇننىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ، غايىب بولۇپ كەتكەن» دەپ كەلگەنىدى. تۇراپ ئاخۇن ۋە باشقا چوڭ ياشتىكى تۇغقانلارمۇ شۇنداق ئويلاپ كەلگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، نۇرنىسا ھاجى خېنىم يۈزتۇرا تۇرۇپ «مېنى سىلە ئەمرىلىرىدىن چىقارغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدىم» دەپ ھەقىقەتنى ئاشكارىلىدى. سالاھىددىن ئاخۇن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن خەيرىنىساخان:

ــ سالاھىددىن ئاخۇن، ئەر تۇرۇپ ئايال كىشىگە قېيىداش چىدىماسلىق بولىدۇ. چىدىماسلىق نامەردلىكتىن چىقىدۇ. ئەھۋال ئېنىق ئىكەنغۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن سىلىنى چاقىرتقانىكەن، سىلىمۇ مۇسۇلمانغا خاس پەزىلەت بىلەن ھۆرمەتلىرىنى ساقلاشلىرى كېرەك، ئەلۋەتتە. قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىپ بەرسىلە، ــ دەپ ئىككى قولى بىلەن ئايۋاننى كۆرسەتتى.

بۇ سۆز سالاھىددىن ئاخۇنغا خېلى تەسىر قىلغان چېغى، قولىنى بىر شىلتىپ ئايۋانغا قاراپ ماڭدى. يېشىل گىرىپتىشنىدىن تىكىلگەن ئىشىك پەردىسىنى گۈلنىسا قايرىپ تۇردى. قىزىغىمۇ قاراپ قويماي، ئايۋانغا كىرگەن سالاھىددىن

ئاخۇن ئوڭ تەرەپتىكى نەقىشلىك ئىشىكتىن چوڭ مېھمانخانىغا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

سالاھىدىن ئاخۇننىڭ كەينىدىن تۇراپ ئاخۇن، نۇرنىسا ھاجى خېنىم، رەناخان، گۇلسۇمخان، خەيرىنىسا، مۇھتەبەر، ئايتۇرالار كىرگەندىن كېيىن ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى.

— ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر! — تۆردە ئولتۇرغان سالاھىدىن ئاخۇن ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى بىرلا سىلاپلا دۇئانى بولدى قىلدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم رەناخان بىلەن گۇلسۇمخاننىڭ تۆرگە ئۆتىسىلە دەپ شۇنچە زورلىشىغا قارىماي، نەقىشلىك تەكچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئايتۇرا، سول يېنىدا مۇھتەبەر ئولتۇردى. رەناخان چۆرىسىگە ناھايىتى نەپىس نەقىش ئىشلەنگەن، ئۈستۈنكى ئىككى بۇرجىكى گەج بىلەن كۇنگۇرە قىلىنغان، ئىچىدىن قىزىل دۇخاۋا پەردە تارتىلغان مەرەپىنىڭ ئالدىدا خەيرىنىسا بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇردى. گۇلسۇمخان مۇھتەبەرنىڭ يېنىدا يۈكۈندى، سادىر، گۇلنىسالار پەگاھ تەرەپتە قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئۆينى جىمجىتلىق باستى.

— ھەربىرلىرىمۇ ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى تۇراپ ئاخۇن ئۆرە تۇرغان سادىر بىلەن گۇلنىساغا جاي كۆرسىتىپ. سادىر بىردەم ئولتۇرۇپ، گۇلنىسا بىلەن كۆز بېقىشتۇرۇۋالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئەكىردى ۋە سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىشتى. سالاھىدىن ئاخۇن قولىنى يۇيۇپ بولۇپ گۇلنىسا سۇنغان لۆڭگە بىلەن قولىنى ئېرتتى، تۇراپ ئاخۇنمۇ قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى گۇلنىسا ئېلىپ، ئاياللارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولۇپ داستىخان سالدى. سادىر، پۇرقەت پەتنۇس ـ پەتنۇستا مەزە ـ گېزەك، لېگەنلەردە قوغۇن ـ تاۋۇز، شاپتۇل، توغاچ

ئەكىرىشتى.

— قېنى ئالسىلا، سالاھىدىن ئاخۇن.

— تۇراپ ئاخۇن، ئۆزلىرىمۇ ئالسىلا.

— نۇرنىسا ھاجى خېنىم، بۇ تاۋۇز تاتلىق ئىكەن، قوشۇق بىلەن ئويۇپ يەپ باقسىلا.

— رەناخان، ئۆزلىرىمۇ باقسىلا.

مېھمانلار تەكەللۇپ بىلەن بىر - بىرىنى نازۇنېمەتكە تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

شامالدۇرغۇچ غۇيۇلداپ پىرقىرىماقتا. نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ئاق ھىلھىلە رومىلى يەلپۈنمەكتە. ھەممەيلەن قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىشكە ئېغىز تەگمەكتە. سالاھىدىن ئاخۇنلا كاسا قىلىپ ئالدىغا قويۇلغان قوغۇندىن بىر ئاز يەپ باشقا نەرسىگە قول ئۇزارتمىدى. شۇ تاپتا ئۆزى ئولتۇرغان تۆردە بۇنىڭدىن ئوتتۇز سەككىز يىل ئىلگىرى ئاق سەللە ئورىغان داموللام ئولتۇرۇپ نىكاھ ئوقۇغىنى غىل - پال كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم يەر ئاستىدىن كۆز سېلىپ سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ئۆزىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغىنىنى سەزدى.

قوغۇن - تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرى يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، گۈلنىسا چوڭ بىر پەتنۇستا كۇنجۇت سېلىپ تاۋلاپ پىشۇرغان گىردە ناننى ئەكىرىپ داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئاندىن چىنە - چىنىدە شورپا ئەكىردى. شورپا ئىچىلىپ بولۇشىغا دۈمبىجىگەر بىلەن گۆش تارتىلدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم يۈزى گىردە ناندەك قىزىرىپ، كۈلۈپ ئولتۇرغان رەناخاننىڭ شامالدۇرغۇچنىڭ يېنىك شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ماڭلىيى ۋە

يەلكىسىدىكى قاپقارا قونىدۇز چاچلىرىغا، تىزىق ـ تىزىق مەرۋايىت مارجان ئېسىۋالغان ئاپپاق بويىنىغا، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يارىشىملىق كۆكسىگە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى ...

سادىر بىردەم قېيىنئاتىسىغا، بىردەم قېيىنئانىسىغا قاراپ ئۆيگە چۆككەن هالدا ئولتۇراتتى. شوخ، گەپدان يۈرقەتمۇ دادىسىنىڭ يېنىدا ئىككى قولى بىلەن ئېگىكىنى تۇتۇپ جىم ئولتۇراتتى. گۈلنىسا بىكار بولغان تەخسە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ داستىخاننى ئېلىشىغا، نۇرنىسا هاجى خېنىم ئېغىز ئاچتى:

— مەن يۇرتۇمنى، ھەربىرلىرىنى كۆرۈپ بۈگۈنكى مۇشۇ سائەتكىچە ماڭا هاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقان پەرۋەردىگارىمدىن چەكسىز رازى بولدۇم، تۇغقانلىرىم، دۇئا قىلىش ئالدىدا ھەربىرلىرىگە كۆڭلۈمدىكى سۆزۈمنى ئېيتماقچىمەن، — نۇرنىسا هاجى خېنىم سۆزىدىن توختاپ ھەممەيلەنگە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ئاستا داۋام قىلدى، — چوڭ قىزىم ھۆرنىسانىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە خۇدايىم نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ. مانا كىرىپ قالار، ئەنە كىرىپ قالار دەپ هازىرغىچە كۈتتۈم. يۇرتىمنى تۇيۇپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، قىزىم گۈلنىسامۇ ئاچىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ، يۈرەك يارامغا تۇز سېپىشنى خالىمىدى. بۇنى سېزىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن مەنمۇ ئۈندىمىدىم، — نۇرنىسا هاجى خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغان گۈلسۈمخانمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

— سەۋر قىلسىلا، سىڭلىم، سەۋر قىلسىلا، گۈلنىسا ۋە تۇغقانلار بىلەن سالامەت كۆرۈشتىلە، ئۆلۈم ياش، قېرى دەپ ئايرىمايدىكەن، رەھىمسىز كېلىدىكەن، ئالدىلىرىدا رەھمەتلىك قىزىمىز ھۆرنىسا توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالماي قالدۇق. بىز بەندە شۇنداق ئاجىز ئىكەنمىز ... — تەسەللى بەردى گۈلسۈمخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، رەناخانمۇ ياش لىغىرلاپ

تۇرغان كۆزىگە ياغلىقىنى باستى. ئۆيگە قەدەم باسقاندىن بىرى گۈلنىسانىڭ يۈرەك يارىسىنى قايتىدىن قوزغاپ قويماي دەپ چوڭ قىزىنىڭ گېپىنى قىلمىغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم مانا ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى ئەسلەپ ياش تۆكمەكتە ئىدى:

نەدىسەن بالام، قايدىسەن بالام،
ئاتا ـ ئاناڭغا رازىمۇ سەن بالام؟
كېلىپ ھۆسنۇڭنى كۆرمىدىم بالام،
ساڭا كۆزۈمنى سۈرمۈدۈم بالام،
تاشلاپ كىتىپسەن ئاتاڭنى بالام،
داغدا قالدۇرۇپ ئاناڭنى بالام،
بولساڭ ئىچەتتۇق چېيىڭنى بالام،
يەيتتۇق رەھمەت دەپ ئېشىڭنى بالام،
ئەي يۈرەك پارەم قايدىسەن بالام؟
قاراڭغۇ گۆردە ياتامسەن بالام؟
بالام ـ بالام، رەھمەتلىك قىزىم، ھۆرنىسا بالام ...

قوشاق قوشۇپ يىغلاۋاتقان ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغان گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. گۈلسۈمخان قول ياغلىقى بىلەن ھەدەپ ئانا ـ بالىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ ئولتۇرۇپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

ـــ سەۋر قىلىشسىلا، سەۋرى قىلىشسىلا. مانا شۇنداق دىدار كۆرۈشكەندە يىغلاپ ـ قاقشىساق ئۆلگەنلەر تىرىلىپ كەلمەيدۇ، ـــ يېشىنى ئېرتىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ياغلىقىنى غىجىملاپ تۇتۇپ تەسەللى ئېيتتى رەناخان شامالدۇرغۇچنىڭ يېنىدىن سەل نېرى سۈرۈلۈپ.

ـــ سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟ ـــ ئاق تور پەردىلىرى قايرىپ قويۇلغان ئوچۇق دېرىزىدىن بېدىشتىكى ئېسىلىپ تۇرغان ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەرگە قارىغىنىچە سۆز باشلىدى

سالاھىدىن ئاخۇن، ــ تاشلاپ كەتكەن بالاڭغا ئېمىدەپ يىغلايسەن؟ ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا قانداق ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەرگە ئېرىشىپ كەتكەنسەن ؟! ــ ئۇ سۆزىدىن توختاپ، ياشلىق كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ ئولتۇرغان نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا لاپپىدە قارىدى، ــ سەن كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن ھۇر ـ پەرىلەردىنمۇ چىرايلىق ئايال ئىدىڭ، ھازىر شۇ ھۆسنۈڭنىڭ ئوندىن بىرىمۇ قالماپتۇ. راست، ھازىر سېنى كۆرگەن كىشىلەر «ئەجەب تىمەن تۇرۇپتۇ، يۇزىگە قورۇقمۇ چۈشمەپتۇ، قارا چاچلىرى يېشىغا باققاندا ئاقارماپتۇ» دېيىشى تۇرغان گەپ. ئەمما، ئۇلار ساڭا زەن قويالمايدۇ، مەن قورام تاش ياكى كالا ئەمەسمەن، ئادەممەن ! مەندىمۇ ئويلايدىغان مېڭە، ياخشى ـ يامانني كۆرۈپ پەرق ئېتەلەيدىغان كۆز، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان نازۇك كۆڭۈل بار. يىگىت چاغلىرىمدا بۇنى ئۆزۈممۇ ھېس قىلالمىغاندەك، سەنىمۇ سېزەلمەي مەندىن نەپرەتلەنگەنىدىڭ، بولدى ! مەن ھازىر بالىچاقام بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن، سەنىمۇ قىزىڭغا، تۇغقانلىرىڭغا قېنىۋال ! يۇرتۇڭنىڭ تۇزىنى يەنە تېتىپ كۆر، مېنىڭ ساڭا گېپىم دەيدىغىنىم يوق !

سالاھىدىن ئاخۇن سۆزىنى ئۇزۇپلا ئورنىدىن تۇردى.

ــ سالاھىدىن ئاخۇن، نەگە بارىلا؟ تېخى گەپ تۈگىمىدى، ــ دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ــ ئولتۇرسىلا.

ــ گەپ تۈگىمىدى؟ ــ ئۆرە تۇرۇپلا سورىدى سالاھىدىن ئاخۇن بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

ــ ھەئە ، گەپ تېخى تۈگىمىدى. ئوتتۇز بەش يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى شۇنداقمۇ ئاسان تۈگەپ كەتكەن بارمۇ؟ سىلىنىڭ تۈگىگەن بولسا، مېنىڭ بار، ئاۋۋال ئولتۇرسىلا.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم بېشىنى ئېگىپ ئىككى قولى بىلەن

ئورۇن كۆرسەتتى. سالاھىدىن ئاخۇن ئۇ كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇرماي، مورىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئولتۇردى.

— ئۆزلىرى دېگەنلىرى بەرھەق، راست، — سۆز باشلىدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلار دەپ تىرىكچىلىكنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە ھەربىرلىرىگە ئەكەلگەن سوۋغامىمۇ بار. بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇشسىلا، مەن شۇ ئەرزىمەس سوۋغاتلىرىمنى ئاچىقاي ... — نۇرنىسا ھاجى خېنىم شۇنداق دەپ گۈلنىسا بىلەن خۇددى ئادەم يوقتەك تىمتاس بولۇپ كەتكەن مېھمانخانىدىن چىقتى ...

نۇرنىسا ھاجى خېنىم قىزى بىلەن دەستە ـ دەستە سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۆينى يەنە جىمجىتلىق باستى.

— تۇغقانلار، مەن قۇرۇقلا كېلىپ قالدىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىشسىلا.

ئۇ سوۋغات قويۇلغان پەتنۇسنى سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆزلىرىگە بىر تونلۇق، شىم ـ چاپانلىق ...

— بولدى رەھمەت! تونۇم، شىم ـ چاپىنىم بار، — سالاھىدىن ئاخۇن پەتنۇسنى ئالدىدىن ئىتتىرىپ سىگارىيان قارىۋالدى، — سوۋغىتىڭنى تۇغقانلارغا قوي، ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەسمەن!

— موھتاجلىقتىن چىقىرارمەن دەپ ئەكەلگىنىم يوق، تىرىكلىكنىڭ نىشانى دەپ ھۆرمەت قىلغىنىم، چېچىلمىسىلا، سالاھىدىن ئاخۇن. بىكاردىن ـ بىكار ئۆزلىرىنى پاراكەندە قىلمىسىلا. ماقۇل، تۇغقانلارغا قوياي، — نۇرنىسا ھاجى خېنىم پەتنۇستىكى بىر تونلۇق دىراپىنى، شىم ـ چاپانلىق كېركوتىنى ئېلىپ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەينەكلىك تام جاۋەنگە سېلىپ قويدى. ئۇ گۈلنىسا تۇتۇپ تۇرغان ئىككىنچى پەتنۇسنى رەناخاننىڭ ئالدىغا قويدى. گۈلنىسا ئارقا ـ ئارقىدىن سۇنغان پەتنۇسلارنى خەيرىنىسا، مۇھتەبەر، ئايتۇرا، گۈلسۇمخانلارنىڭ

ئالدىغا قويۇپ، ئاخىرىدىكى چوڭ پەتنۇسنى سادىرنىڭ ئالدىغا، كىچىكرەك پەتنۇسنى يۇرقەتنىڭ ئالدىغا قويدى. ھۆرلىقا، ھەلىمەلەرنىڭ ئالدىغىمۇ سوۋغاتلارنى قويدى.

— قىزىم گۈلنىساغا بۇ يەردە قويمىسامىمۇ بولار، دۇئا قىلىپ بېرىشسىلە!

سالاھىدىن ئاخۇندىن باشقا ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتىشىپ دۇئا قىلىشتى ۋە ئولتۇرۇشتى. رەناخان بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا بىر جۈپ قوش ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، بىر دانە زەر چۆچىلىق غىجىم رومال، بىر گۈللۈك ھىلھىلە رومال قويۇلغانىدى. ئۇ ئۆزىگە قويۇلغان نەرسىلەردىن كۆزىنى ئېلىپ، گۈلسۇمخاننىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسقا قارىدى: «غىجىم رومال، ھىلھىلە رومال، زەر گۈللۈك دۇخاۋا، تەتىللا، ئىككى ئالتۇن ئۈزۈك ...» ئۇ ئىچىدە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ چىقتى، ئاندىن تۇراپ ئاخۇننىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسقا سەپسالدى. «پەلتولۇق دىراپ، شىم - چاپانلىق سارجا ئىكەن، سادىرجانغا نېمە ئەكەلدىكىن؟» ئۇ شۇنداق ئويلاپ سادىرنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسقا كۆز يۈگۈرتتى: «دېسەم - دېمىسەم، ئاۋۇسى پەلتولۇق دىراپ، كاستۇم - بۇرۇلكىلىق سارجا، ئاۋۇ ناۋات رەڭ كۆڭلەك بولسا كېرەك، سائەت، قەلەممۇ بار ئىكەن ...» ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىشكە باشلىدى. خەيرىنىسانىڭ ئالدىغا قويۇلغان پەلتولۇق سارجا، زەر چۆچىلىق غىجىم رومال، تەتىللا، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقىلارغا قاراپ ئىچىدە «ۋاي! ...» دەۋەتتى. ئايتۇرا بىلەن مۇھتەبەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان زەر گۈللۈك شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەكلىككە، ھال رەڭ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە كۆزى چۈشكەندىمۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشنى توختاتمىدى: «كۈندىشىمنىڭ ماڭا بىر نەرسە ئەكېلىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى. ئۆزىنىڭ كېلىشىنىمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن، خېلى ئادەمگەرچىلىك قىلدى. بالىلارنىڭ

دادىسىزە تولىمۇ كاچ ئادەم، قاراپ تۇرۇپ شۇنچە نەرسىدىن قۇرۇق قالدى. يا مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنىڭ مەردانىلىكىنى كۆرسەتكۈسى كەلدىمىكىن ...»

سالاھىدىن ئاخۇن رەناخان ئويلىغاندەك خوتۇنىنىڭ ئالدىدا مەردانىلىكىنى كۆرسەتمەكچى ئەمەس ئىدى. ئۇ نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ سوۋغىتىنى ئېلىشنى ئۆزىگە قىلىنغان خورلۇق دەپ ئويلاپ ئالمىغانىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاپقارا چېچىنى تال - تال قىلىپ ئۆرۈگەن، كۆكسى لىغىرلاپ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان بىر چوكان كۆرۈنگەندەك بولۇپ خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى ...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ئەمدى مەن بۇ خىيال يىپلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر باشتىن يېزىپ چىقاي، بۇ كىتاب تۇرمۇش رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكۈزگەن كىتاب بولۇپ قالسۇن.

## ئۈچىنچى باب

# قارا چاچلىق قىز

بۇنىڭدىن قىرىق يىللار بۇرۇن، سۈپسۈزۈك سۇ بىلەن لىق تولغان يۇمىلاقشەھەر كۆلى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي چېتىدە خۇددى ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەكلا كۆرۈنەتتى. كۆلنىڭ ئەتراپىدا چوكانتال بولغان سۆگەت ۋە پوتلا تاشلاپ يوپيۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان تېرەكلەر باھار شامىلىدا شىلدىرلاپ ئىرغاڭشىيتتى.

يۇمىلاقشەھەر كۆلى قەشقەر شەھىرىدىكى چوڭ كۆللەرنىڭ بىرسى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىرقانچە ساماۋارخانا بار ئىدى، بۇ ساماۋارخانىلارنىڭ بەزىلىرى ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، پەقەت قازان ئېسىلغان ئوچاق بىلەن قاچا ـ قومۇچ قويۇلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستى چەللە بارالڭ قىلىپ قويۇلغانىدى، كىشىلەرنىڭ سەگىدەپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن كارىۋاتلار كۆل ئىچىگە يېرىم ـ يارتا قويۇلۇپ، قوزۇقلار بىلەن چىڭ ئورنىتىلغاچقا مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى. كارىۋات ئۈستىگە گۈللۈك كىگىز، شىرداق، گىلەم سېلىنغانىدى. يەنە بىر قىسىم ساماۋارخانىلاردا مېھمانلارنى كۈتىدىغان ئايرىم ئۆيدىن تاشقىرى مەنزەر ـ مېھمانخانىلارمۇ، كۆل بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كارىۋاتلارمۇ بار ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆل بويىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ساماۋارخانىلاردا راۋاب، دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئەتىگەنكى شەپەق كۆلنى ھال رەڭ تۈسكە كىرگۈزەتتى. ئۇپۇق قىزىرىپ كۈن چىقىشقا باشلىغاندا كۆلدە سانسىز نۇر تامچىلىرى جۇلالىنىپ ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. ئاپتاپ كۆلنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتكەندە، ئۇن بەش - ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن بىر قىز چېلەك كۆتۈرۈپ سۇغا چىقتى.

— ئاداش سايىم، ئاۋۇ قارا چاچلىق قىزنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى گۈللۈك شاپاق دوپپىسىنى قىستۇرۇپ چېكىسىگە كىيىۋالغان ئاق سېرىق بىر يىگىت پىيالىدىكى چاينى داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇ، بولمىسا ئايدەك چىرايىغا بىر قارىۋالاتتۇق - دە!

— ھە، كۆردۈم، — جاۋاب بەردى كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان دىقماقىنا كەلگەن سوغۇق چىراي يىگىت.

— چېچى قىرىق بىر ئۆرۈمە بولسا كېرەك - ھە! — دېدى قىزغا تىكىلىپ قالغان ئاق سېرىق يىگىت.

— ساناپ باقتىڭمۇ، بالام؟ — ياشىنىپ قالغان ئاقساقال بوۋاي سۆز قاتتى.

— ساناپ باقمىساممۇ كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟

بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى، قىز يەردىن كۆزىنى ئالماي ئىككى چېلەك ئېلىنغان بالداقنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كۆلنى ياقىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ توم، قارا تال - تال ئۆرۈمە چاچلىرى كۆك ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئارقا ئېتىكىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرغان ساغرىسىنى يېپىپ تېقىملىرىغا تېگەتتى. ھەربىر قەدەم تاشلىغاندا قارا چاچلىرى يېيىلىپ - يىغىلاتتى. قارا مەخمەل جىلىتكە قىسىپ تۇرغان قىزنىڭ بېلى بىر تۇتاملا كۆرۈنەتتى. ئۇ سۇ ئالىدىغان يەرگە يېتىپ كەلدى، بىرنەچچە ئەپكەش① چېلەكلىرىنى كۆلگە چۆكۈرۈپ سۇ ئېلىۋاتاتتى. قىز كۈتۈپ تۇردى.

---

① ئابكەش دېگەن سۆز بولۇپ، قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ قىز يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى تامچى مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ قىزى نۇرنىسا ئىدى. ئۇ داڭقى چىققان موللا ئايال بۇۋى نادىرە خېنىمدا ئوقۇپ «سوپى ئاللايار»نى تۈگەتكەندە ئوقۇشتىن توختىغانىدى. نۇرنىسا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان بولسىمۇ، كىتابنى تاشلىمىدى. دادىسى ساقلاۋاتقان «چاھار دەرۋىش»، «خەمسە»، «كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىق كىتابلارنى دائىم ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ «چاھار دىۋان» نى قولدىن چۈشۈرمەيتتى، بۇ دىۋاندىكى ئۆزىگە ياققان غەزەللەرنى يادلىۋالغانىدى. ئىچى پۇشقاندا ئۆزىمۇ باشقىلارغا كۆرسەتمەي بېيىت، غەزەللەرنى يازاتتى.

ئاچىسى گۈلسۈم ئۆتكەن يىلى يازدا ياتلىق قىلىنىپ كەتكەچكە ھەمدە ئۇنىڭ ئاكا ياكى ئىنىسى بولمىغاچقا، ئۆيگە سۇ توشۇش ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. قىزلىرىغا ئامراق ئانىسى ھەجەرخاننىڭ ئۇلارنى يىراق ـ يېقىنغا ئىشقا بۇيرۇشقا كۆزى قىيمايتتى. ئىلاجسىزلىقتىن ئۆزى ئىشىك ئالدىدا قاراپ تۇرۇپ نۇرنىسانى سۇغا ئەۋەتەتتى. سەللا كېچىكىپ قالسا ئالدىغا باراتتى.

مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام چوڭ قىزى گۈلسۈمنى ياتلىق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ساقسىز بولۇپ قالغانىدى. تام قوپۇرۇش، ئۆي سۇۋاش، ناۋاغا گۈللۈك نەقىش ئويۇش بىلەن ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزگەن بۇ ئۇستام ئەللىكتىن ھالقىغانىدى. كېچىلىرى يۈرىكى سانجىپ ئاغرىيتتى، بەزەندە ۋاي ـ ۋايلاپ تۇرۇپ كەتكەندە، قىزى نۇرنىسا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ تومۇرلىرى كۆپۈپ قالغان چېكىسىنى سىلايتتى. مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، «ئاھ، خۇدا، دادامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا» دەپ كۆز يېشى قىلاتتى. بۇنى كۆرگەن ھەجەرخان «دادىسىغا نېمانچە ئامراقتۇ» دەيتتى قىزىغا مەستلىكى كېلىپ.

مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. «بىر ئوغلۇم بولغان بولسا، ھۈنىرىمگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەمشىرىلىرىگە سايىۋەن بولغان بولاتتى» دەپ ئارمان قىلاتتى.

ئىغىر جىسمانىي ئەمگەك، زىل، ئىنچىكە ئىش مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنى ئاخىر ئورۇندا ياتقۇزۇپ قويدى. ھەمىشە «قانداق كۈن كۆرسەك، تەڭ كۆرىمىز، ئۆلسەك، تەڭ ئۆلىمىز» دەپ كەلگەن ھەجەرخان ئېرىنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ، باقتۇرمىغان رەمچى، ئوقۇتمىغان داخان قالمىدى. مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام كۆزنىڭ بىر ئەتىگىنى ئورنىدا يانتۇ ئولتۇرۇپ، ھەجەرخان ۋە قىزلىرىغا سەھەردە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ، قايناتىلغان بىر پىيالە سۈتكە ئازراق نان چىلاپ ئىچتى. بىر ھەپتىدىن بېرى تاماقتىن قالغان دادىسىنىڭ سۈتكە ئوبدانلا نان چىلاپ ئىچكىنىنى كۆرگەن نۇرنىسا بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئارىلىقتا بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەي مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام سۆزلەپ ئولتۇرۇپ بىر يېنىغا قىيسىيىپ قالدى. بېشىدا ئولتۇرغان ھەجەرخان: «دادىسى، نېمە بولدىلا، ياتامالا؟ ئوڭلاپ ياتقۇزۇپ قوياي» دەپ بېشىنى ياستۇققا ئېلىشىغا، مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ قوۋۇزلىرى لىپ ــ لىپ قىلىپ ئېگىكى چۈشۈپ كەتتى. پۈتلىرى ئۇزۇن سوزۇلۇپ، قاپىقى تارتىلىپ تورۇسقا تىكىلگەن نۇرسىز كۆزلىرىدىن سارقىغان ئىككى تامچە سۇزۇك ياش سارغىيىپ كەتكەن مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى ...

مۇھەممەت ئاخۇننىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلىغان ئانىسىغا قاراپ: «دادام ئۆلۈپ كەتتىمۇ نېمە؟» دەپ قورقۇپ كەتكەن نۇرنىسانىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. گۈلسۈمخانمۇ ئالەمدىن ئۆتكەن دادىسىغا تەلمۈرۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

※ ※ ※

شۇ تاپتا دادىسىنى ئويلاپ كۆپكۆك تىنىق كۆلگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان نۇرنىسا شاپاق دوپپا كىيگەن، ئاق سېرىق يىگىتنىڭ چايخانا تەرەپتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟ بېشىغا كونىراپ كەتكەن يېڭىسار تۇمىقى كىيىۋالغان، ساقال ـ بۇرۇت بېسىپ كەتكەن يۈزىدىن ياش ـ قېرىلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەپكەش سۇ توشتۇرۇلغان چېلەكلەرنى كۆتۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرنىسا چېلەكنىڭ بىرسىنى كۆلگە سالدى. ئۇ ئېڭىشكەندە تال ـ تال ئۆرۈمە چاچلىرى ئىككى كۆكسىنىڭ ئۇستىنى يېپىپ ئالدىغا چۈشتى. شۇ چاغدا:

— خېنىم، چېلەكلىرىنى بەرسىلە، سۇنى مەن ئېلىپ بېرەي، — دېگەن خىرقىراق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭلا، بىر ياغاق قول ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

— ئو ـ ۋۇش! ئۆتكىنە نېرى! سۇنى ئۆزۈم ئالالايمەن! — نۇرنىسا ئاچچىقى بىلەن توۋلاپ جەينىكىنى بىر سىلكىۋىدى، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئېڭىكىگە جاققىدە تېگىپ كەتتى.

— خېنىم، بىزدەك يىگىتنى گۈل قىلىپ باشلىرىغا قىسىۋېلىشنىڭ ئورنىغا سىلكىۋاتىلىغۇ؟!

نۇرنىسا گەپ ـ سۆز قىلماي، سۇغا تولغان چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە قويۇپ، ئىككىنچى چېلەكنى سۇغا سالدى. ئۇنىڭ سۇزۇك ئاق چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتكەنىدى.

— ئۆتە نېرى، يولۇمنى توسماي، بالداق بىلەن بېشىڭنى يېرىۋېتەمەي يەنە!

— خېنىم، بالداق بىلەن ئەمەس، ئاشۇ پاختىدەك يۇمشاق

قوللىرى بىلەن مەيدەمگە ئۇرسىلا.

— يولنى بوشات، لۈكچەك! — ئاچچىقى بىلەن بالداقنى ئېگىز كۆتۈرگەن نۇرنىسا يېنىدىلا توختىغان ئاتلىق كىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە، خان قىز، سۇلىرىنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىۋەرسىلە، بۇ خۇمسىنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن!

ئۇ ئادەم ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا يىگىتنى شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى.

— مانا ساڭا دۆيۈز! نوچى بولساڭ يېتىم قىزنىڭ ئالدىنى توسماي، ماڭا مۇشت ئېتىپ باققىنا قېنى!

چاڭگىدە تەگكەن كاچاتتىن يۈزى ئوتتەك يېنىپ كەتكەن يىگىت بىر ئايلىنىپلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرغان كىشىگە مۇشت ئاتتى، مۇشت ئۇ كىشىنىڭ تارغىقىغا تەگدى. ئىككىنچى قېتىم مۇشت ئاتقۇچە سوڭىغا تەگكەن پەشۋا ئۇنى دۈم چۈشۈردى.

كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قورقۇمسىراپ قارىغان نۇرنىسا توپىغا مىلىنىپ ياتقان يىگىت بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان بۇرۇتلۇق كىشىنى كۆردى.

— ئىككىنچى قېتىم يەنە مۇشۇ قىزغا ئىپلاس ئاغزىڭدىن شالا چاچىدىغان بولساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ، لامزەللە! — ئۇ بازغاندەك مۇشتىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىگە ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەر ئۇنى توسۇۋالدى.

— سالاھىدىن ئاخۇن، خاپا بولمىسىلا، پوققا چالما ئاتسا يۈزگە چاچرايدۇ، — ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ ئاتلىق كىشىنى — سالاھىدىننى ساماۋارخانا تەرەپكە ئەكەتتى. يەنە بىرنەچچە كىشى:

— ساۋۇتۇم، تۇرسىلا، يىگىت دېگەن ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىپ كىشىگە چېقىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنى چاغلاپ

ئاندىن قىزلارغا سۆز قىلىسىلا جۇمۇ ! — دەپ ئۆيى يەنە بىر ساماۋارخانىغا ئېلىپ ماڭدى. «خەپ، سەندىن ئەنتىمنى ئالمايدىغان بولسام ساۋۇت دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن» دېدى ساۋۇتۇم بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

※ ※ ※

سالاھىدىن ئاخۇن ئەسلىدە قەشقەرنىڭ ئاۋات يېزىسى بەشكېرەمنىڭ بېگى ھېلىم بايھاجىمنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئۇن يىل بەگلىك دەۋرىنى سۈرگەن ھېلىم بايھاجىم سالاھىدىن تۇغۇلغاندا، بەگلىكتىن چۈشۈپ ئادەتتىكى پۇقرا بولۇپ قالدى. ئوغلۇمنىڭ ئايىغى ياراشمىدى دەپ قارىغان باي سالاھىدىنغا «ئوغلۇم ماۋۇنى يېگىن، ماۋۇنى ئويىنىغىن» دەپ بىرەر تۇخۇم ياكى بىرەر ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپ باقمىغانىدى. دائىم سالاھىدىنغا «ئەنجۈرنى قالايمىقان ئۈزمە، ئانارنى ئالما، ئۈزۈمگە قول تەگكۈزمە» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقان سالاھىدىن بۇنداق چاغلاردا دادىسىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، گەپ قىلمايلا دادىسى ئۆيدە بولسا ھويلىغا چىقىپ كېتەتتى. ھويلىدا بولسا ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. يەتتە يېشىدىن تارتىپ كونا مەكتەپتە ئوقۇپ «ئاتا رازى، خۇدا رازى» دېگەن سۆز دىلىغا سىڭىپ كەتكەن سالاھىدىن ئانىسى زەينەپخاننى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئانىسىدىن باشقا كىشىگە ئاز گەپ قىلاتتى. سالاھىدىن ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولدى.

كەچ كۈز مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى ناماز دىگەردىن سەل ئۆتكەندە، بىر دېھقان سەككىز ئېشەككە ئارتىلغان سەككىز تاغار ئۈزنى قورۇغا ئەكىردى.

— ھە، قۇربان ئاخۇن ئۆزىزە، ئۇن ئەكەلدىڭمۇ؟ — دېدى

ھېلىم بايھاجىم ياقىسى ياغلىشىپ سىيدام بولۇپ كەتكەن چىبەرقۇت كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ.
— خوش، بايھاجىم، — ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى دېھقان.
— قانچىلىك؟
— خوش، بىر مىڭ ئالتە يۈز جىڭ.
— ئۆزىزە، گەدىنىڭدىكى ئاشلىقنىڭ ھەممىسى مۇشۇما؟
— خوش، بۇ يىل ئۆستەڭگە سەل كېلىپ تۈگمەننىڭ كويلىسى تىنىپ كېتىۋىدى، بىرنەچچە كۈن كولىدۇق. سۇنۇپ كەتكەن چاقپەلەكنى ياساتتىم، تۈگمەن تېشىنى ئوڭلاتتىم. خوش، بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم شۇنداق بولدى. خوش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆستەڭگە بىرەر ئايدەك سۇ كەلمىدى. قايقىغا ھاشارغىمۇ باردۇق، باي غوجام ...
— توختا، خوش، خوش دەۋەرمەي، گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرىنى قىلمامسەن؟ ئۆزىزە، باشقا ئىشلىرىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. مەن ئىككى مىڭ جىڭ ئاشقا ئىجارىگە بەرگەن، بىر جىڭ كەم بولسا بولمايدۇ، — دېدى بايھاجىم.
— خوش، ئىلتىپات قىلسىلا، بېگىم، — ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ يېلىندى دېھقان، — خوش، بىزدىن كەم ئالسىلا، خۇدايىم سىلىگە ئارتتۇرۇپ بېرەر ئىنشائاللا.
— ئۆزىزە، بولدى سۆزلىمە! بىر جىڭ كەم بولسا ئالماي قويمايمەن.
— خوش، بۇ ئۇنى جىڭلىۋالسىلا، بايھاجىم، — دېدى بايھاجىمنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن دېھقان تارتىشىپ ئولتۇرمايلا.
بايھاجىم ئۆي خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ ئامباردىكى جىڭنى ئالدۇرۇپ چىقتى.
— جىڭغا تارتىپ كۆرەيلى، بىر جىڭ ئۇياق، بىر جىڭ

بۇياق بولۇپ كەتمىسۇن.

— خوش، جىلىڭ دېگەن ئۆزى لىللا نەرسە، خوش، ئۇنىڭغا ئادەم ھىيلە ئىشلەتمىسىلا، بىر جىلىڭ ئەمەس، بىر مىسقالمۇ ئۇياق - بۇياق بولمايدۇ، — دېدى دېھقان.

— ئۆزىنە، مېنى جىڭغا ھىيلە ئىشلىتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — ۋارقىرىدى بايهاجىم.

— خوش، ئۆزلىرىنى ھەرگىز ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمايمەن، بايهاجىم، — دېھقان جىڭنىڭ ئىلمىكىنى بالداققا ئۆتكۈزدى ۋە خىزمەتكار بىلەن بالداقنى دولىسىغا ئېلىپ كۆتۈردى.

— تاھىر ئاخۇن، ئۆزىنە، بىر مىڭ ئالتە يۈز جىڭ دەۋاتاتتىڭ، ئاران بىر مىڭ تۆت يۈز ئاتمىش ئۈچ جىڭ كەلدىغۇ؟ — دېدى بايهاجىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— خوش، بايهاجىم، مەن ئېغىر تارتىپ كەلگەنىدىم، ھەر نۆۋەت مۇشۇنداق كەم كېلىۋەرسە خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ — دېھقان بىچارىلەرچە بايهاجىمغا مۆلدۈرلەپ قارىدى.

— ئۆزىنە، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ بۇنىڭغا رازى بولمىساڭ، ئەكېتىپ ئىككى يۈز جىڭ ئۈنىنى نەق ئەكەلگىن.

— خوش، رەھىم قىلسىلا، ھاجىم، مىڭ تەسلىكتە ئەكىرگەن ئاشلىقنى زاۋال ۋاقتى بولغاندا قانداق ئاچىقىپ كېتىمەن؟ خوش، مەن يېقىن يەردىن كەلمىسەم.

— دادا، — دېدى باياتىدىنبېرى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان سالاھىدىن دېھقانغا ئىچى ئاغرىپ، — كەچ كىرىپ قالدى. ھازىرچە ئەكەلگەن ئۈنىنى قويۇپ كېتىپ، قالغان ئۈنىنى تەييار قىلىپ ئەكەلسە بولمىدىمۇ؟

— ئۆزىنە، بالام، بۇنىڭغا ئارىلاشقۇچى بولما! داداڭنىڭ گېپىنى قىلماي، دېھقاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنا! ئۆزىنە، ماڭ، ئۆيگە كىرىپ كەت!

— خوش، بايهاجىم، كىچىك بالىغا ئۇنداق كايىمىسىلا،

بىر ھەپتىگە قالماي ئۇنىڭ كىيىمىنى ئەكىرىپ تاپشۇراي، خوش، بۇ سۆزۈمگە خۇدا گۇۋاھ بولسۇن.

دېھقاندىن تىلخەت ئالغان بايھاجىم ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆيگە كىردى.

— ئانىسى، ماۋۇ بالاڭلىنىڭ بېشى يوغىناپ كېتىپتۇ. ئۆزىزە، ئاتىسى تەرەپتە تۇرماي، خەقنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. نەسىھەت قىلىپ قويۇڭلا.

— تاھىر ئاخۇن ئاكام بىر جىڭ كەم قالدۇرماي ئەكىرىمەن دېدىغۇ، دادا، مەن يامان گەپ قىلمىدىمغۇ ؟! — سالاھىدىن بوغۇلۇپ سۆزلەپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ما ھارىمىنى قارا! ئۆزىزە، يەنە ئاتاڭغا سۆز ياندۇرىسەنا؟

ھېلىم بايھاجىم يۇگۇرۇپ كېلىپ سالاھىدىننىڭ قۇلىقىنى سوزدى.

— ئۆزىزە، ھەممە نەرسە ئالدىڭدا ئېشىپ - تېشىپ تۇرغاچ ئۆيگە پاتماي قېلىۋاتىسەن - ھە، ھارام تاماق! قېنى، بۈگۈن كېچە تاشقىرىدا تۈنەپ باق، شۇ چاغدا قەدرىمگە يېتىسەن!

ئۇ سالاھىدىننى قۇلىقىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى كوچىغا ئاچىقىپ قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى ۋە ئىشىكنى جالاق قىلىپ قاتتىق ياپتى.

※ ※ ※

سالاھىدىن شۇ كۈنى كەچ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ گۈمبىزىنى يوتقان، قاتتىق سۇپىسىنى كۆرپە قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ ئۆيگە كىرمەي، نەچچە كۈنگىچە شەھەردە ئاچ - توق ئايلىنىپ يۈردى. ئاخىر ئېشەكچىلەرگە قوشۇلۇپ تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتتى.

سەككىز يىلدىن كېيىن سالاھىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ

ئۆستىخان سۇرۇپ گەۋدىلىك بىر ئادەم بولۇپ قالغاچقا، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان دادىسى ئۇنى تونۇيالماي قالدى. سالاھىدىن تونۇشلۇق بەرگەندە، دادىسى ئۇنىڭغا يېپىشىپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بايھاجىم بېخىللىق، قاتتىقلىق قىلىۋەرگەچكە، ئۆيدىكى ئەر ـ خوتۇن خىزمەتكارلارمۇ ئۆينى تاشلاپ كەتكەنىدى.

— ئۆزىڭ، بالام، جېنىم تۇمشۇقىدا يەتكەندە يېتىپ كەپسەن، ئاناڭ قازا تېپىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. كېيىن ئالغان خوتۇنۇم ئاناڭدەك چىقمىدى، — بايھاجىم ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ئابايا سالاھىدىن بوسۇغىدىن كىرىپلا دادىسىنىڭ يېنىدا ئاق پىشماق جۇۋاننىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدا، ئۇ جۇۋان ناتونۇش ئادەمنىڭ ئۇسۇپ كىرىپ كېلىۋاتقىنىدىن ئەجەبلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى.

«ھە، دادام ئالغان خوتۇن مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟ ئىسىت، ئانام ...» دەپ ئويلىغان سالاھىدىن لىۋىنى چىشلەپ، دادىسىغا جاۋابمۇ بەرمەي ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بايىقى چوكان ئەينەككە قاراپ، كىچىك موچەن بىلەن يۈزىدىكى تۈكلەرنى تېرىپ ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ تەكچىلىرىنى چاڭ بېسىپ، يەرگە سېلىنغان گىلەم، كىگىزدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى.

— خېنىم، مەن ھېلىم بايھاجىمنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئەمدى سىلىنىڭ بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشلىرى ھاجەتسىز، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپ تۇرسىلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان جۇۋاننىڭ چىرايى ئۆڭدى.

— مەنچۇ، بەش يىلدىن بۇيان كېسەل كۆرپىسى دادىلىرىنى بېقىپ كېلىۋاتىمەن. ئەمدى كېلىپ نىمە دەيلا؟ قوۋۇرغامنى تولا ئەگمىسىلە !

جۇۋان ئىككى قولىنى بەل پۇرمە ئەنگىلىشىن كۆڭلىكى قىسىپ تۇرغان بېلىگە تىرەپ سالاھىدىنىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— چىق ئۆيدىن، مېنى دېسەڭ قازىخانىغا بېرىپ ئەرز قىل! يەنە گەپ ياندۇرىدىغان بولساڭ، قوۋۇرغاڭ سۇنۇپ كېتىدۇ، تولا ۋايسىما!

سالاھىدىن ئىشىك يېنىدىكى ئاسقۇچقا ئېسىقلىق تۇرغان قامچىنى قولىغا ئالدى.

— غوجام، مەن قوغلاپ چىقارغۇدەك يامان خوتۇن ئەمەسمەن. ئويلىنىپراق ئىش كۆرسىلە، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالالىمىكىن؟ — دېدى جۇۋان دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ سالاھىدىنغا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ.

— ياخشىلىقچە ھازىرلا كەت، بولمىسا تېنىڭنى مازدەك تىتىپ تاشلايمەن!

— ۋاي ئۆلدۇم، ۋايتوۋا! — جۇۋان توۋلىغىنىچە ساندۇقنى ئېچىپ چوڭ ئىككى بوپىنى ئېلىپ، بىر قىلىپ ئوراپ كۆتۈرگىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا چىققان سالاھىدىن دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئانىسىنى ئەسلەپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاھ، ئانا، قايدىسەن ئانا! يۈزۈڭنى كۆرەلمىدىمغۇ، ئانا، خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم، ئانا، ئاھ، ئانا! جېنىم ئانا!

ھېلىم بايھاجىمنىڭ سارغايغان مەڭزىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— بالام، سەۋر قىلغىن، ئۆزىڭە، ئاناڭ رەھمەتلىك ياخشى خوتۇن ئىدى. سەۋر قىلماي قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ — ھېلىم بايھاجىم ئوغلىغا شۇ سۆزلەرنى تەستە قىلىپ جىمىپ قالدى. ئۇ خوتۇنىنى ئوغلىنىڭ ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ياتقانىدى.

ھېلىم بايھاجىم سالاھىدىنىنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن

كېيىن، ئۇنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپلا شۇ جۇۋاننى ئالغانىدى. ياش جۇۋاننىڭ ناز ـ كەرەشمىسى بارا ـ بارا بايھاجىمنى ھالىدىن كەتكۈزدى، ئۆي ـ بىساتلىرىدىن ئايرىدى. بۇ جۇۋان ھېلىم بايھاجىمنىڭ ئائىلىسىدىكى ئېرىق مالدىن تارتىپ، ئۆي ـ سەرەمجانلىرىغىچە كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكى نەرسىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇپ، ئۆي، ھويلا ـ ئاراننى قۇرۇقداپ قويىدى. بۇ ھەقتە بايھاجىم ئېغىز ئاچاي دېگۈچە، ئۇ خوتۇن مىڭ خىل ھىيلە ـ مىكىر، ھەر خىل قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ بايھاجىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ كەلدى. شۇڭا، ھازىر بايھاجىم ياش خوتۇننى تۇتۇۋېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. يىغقان مال ـ دۇنياسىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى قوشنا ـ قولۇم، دوست ـ يار، ئاغىنىلىرى تۇگۇل ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىسىغىمۇ قىلچە كۆرسەتمىگەن، ھەتتا ئۆزىمۇ كۆرمىگەن بايھاجىم ئەنە شۇ ياش چوكاننىڭ مالىيىغا، ئۇنىڭ ئامبارچىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندە، كېسەل بولۇپ ھالىدىن كېتىپ قالغانىدى. كېسەل چېقىپ كەتكەن ھېلىم بايھاجىمنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپ، ئېڭىكى ئۇچلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھاسىراپ تىناتتى، زەئىپلىكتىن تېنىنى مىدىرلىتىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيتتى. ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپ بىر ھەپتە شۇنداق شۈك پېتى يېتىپ ئوغلىنىڭ قولىدا جان ئۈزدى.

سالاھىدىن ئەرز قىلغان ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھەققى ـ مېھرىنى تولۇق بەردى. ئادەم دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. ئۆگەي ئانا بولغۇچى مەريەمخان ھەققىنى دېگىنىدەك ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆگەي ئوغلى گۆلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. پات ـ پات غىزا ئەكېلىپ سالاھىدىننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە خۇپتەندىن كېيىن ئاش كۆتۈرۈپ كېلىپ كەتكۈسى كەلمەي، تەستە پۇت يۆتكەپ ئارقىسىغا نەچچە قاراپ،

تولا تەكەللۇپ بىلەن ئۆزايتتى. سالاھىدىن ئۆگەي ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى. بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىدىن قايتقان سالاھىدىن كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ تىكىلىپ تۇرغان ئۆگەي ئانىسىنى: «ئەمدى رەھمەت، مۇشۇنچىلىك بولسا كۇپايە قىلار، خۇدايىم جېنى بار بەندىسىنى ئاش ـ تاماقسىز قويمايدۇ. يەنە تاماق ئەكېلىپ بوسۇغامغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۇشىسلە قوپالماي قالىلا، خېنىم. بىز بىر ـ بىرىمىزگە نامەھرەم بولىمىز. ئەمدى كەلمىسىلە» دەپ يولغا سالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەريەمخان بۇ ئۆيگە ئاياغ باسماس بولدى. سالاھىدىن بولسا دادىسىنىڭ ئەنجان كوچىسىدىكى چوڭ دۇكىنىنى ئاچتى. سالاھىدىن تېخى ئۆيلەنمىگەن، ئەمما ئۆيلىنىش ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن يىگىت ئىدى. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئىككى يىل ئۆتكۈچە مەھەللىدە خېلى ئابرۇي تېپىپ قالدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆيلىنىش ھەققىدە بىرقانچە قېتىم مەسلىھەت بېرىپ، بىرمۇنچە لايىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋەردى.

بۈگۈن سەمەندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا سەيلىگە چىقىپ قايتىپ كىرگەن سالاھىدىن كۆل بويىدا نۇرنىسا قىزنى ئىزا ـ ئاھانەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خالايىق ئالدىدا ساۋۇتۇمنى يەرگە قاراتتى. ئىشىك ئالدىدا قىزنى كۈتۈپ تۇرغان ھەجەرخان:

— بالام نۇرنىسا، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭا؟ سەن كەلمىگەنسېرى ئىچىم تىتىلداپ، ھېلى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ھېلى ئۆيگە كىرىپ بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتتىم، — دەپ قىزنىڭ قولىدىن چېلەكنى ئېلىپ، ئىككى چامداپلا «غەلىتە بولۇپ قالدىما» دەپ چېلەكنى قويغىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. نۇرنىسا «جېنىم ئانا» دەپ تۈۋلىغىنىچە كېلىپ ئانىسىنىڭ سېرىق سەبدىدەك سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ ئەنسىرەپ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە ئاستا

ماڭدۇرۇپ ھويلىغا ئەكىرىپ، پېشايۋانغا كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى. ئاندىن كوچىدا قالغان ئىككى چېلەك سۇنى ئەكىردى. زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، غۇر - غۇر باھار شامىلى يېشىل ياپراقلىق ئۇجمە شاخلىرىنى شىلدىرلىتاتتى.

نۇرنىسا ئۆيگە كىرىپ قەلەم، دۇۋەت، خوتەن قەغىزىدىن قىلىنغان بىر دەپتەرچىنى ئاچىقتى. چىرايىدىكى سېرىقلىق يوقىلىپ، خېلى ئوڭشىلىپ قالغان ئانىسىنىڭ يېنىدا دۇمچىيىپ ئولتۇرغىنىچە يېزىشقا باشلىدى.

— زاۋال ۋاقتىدا نېمە يېزىۋاتىسەن، بالام؟

— ھېچنېمە، — نۇرنىسا ئانىسىغا پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى ۋە يازغىنىنى ئۆچۈرۈپ، يەنە يېزىشنى داۋام قىلدى. ھويلىغا قاراڭغۇ چۈشتى. ھەجەرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز شامغا تاھارەت ئېلىشقا كىرىشتى. نۇرنىسا چىراغنى يېقىپ يەنە يېزىشقا كىرىشتى. ئانىسى خۇپتەننى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىلا قەلەمنى قويۇپ، يازغانلىرىنى ئىچىدە ئوقۇدى:

كۆزلىرى چۈشسە ئايالغا ئۆپكىسى كۆيگەن يىگىت،
كېچىدە كۆرۈپ قېرىنى قىز ساناپ يۈرگەن يىگىت.
بۇرنىغا مەينى ئىچىپ ئېزىپ ھەمىشە ئەقلىدىن،
ئوڭغا دەسسەپ، سولغا داجىپ كوچىدىن ئۆتكەن يىگىت.
بەڭ چېكىپ قايغاندا باش ئايدىڭنى دەريا دەپ بىلىپ —
سەكرىگەندە دۈم چۈشۈپ، يول ئۈزرە ياش تۆككەن يىگىت.
دوست دېگەن كۆرگەن كىشىنى، ھەتتا قۇچاقلار ئىتنىمۇ،
يۈندا تۆككەن ئورىغا بېشىچە چۆمگەن يىگىت.
كۆمۈلۈپ ئەل نەپرىتىگە، يەپ پۇشايمان ئۆمرىدە،
بىر قېتىم تۇغۇلسىمۇ مىڭبىر قېتىم ئۆلگەن يىگىت.

نۇرنىسا «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمى، غەم - قايغۇسى، ئارزۇ - ئارمىنى قەغەز بېتىگە تۆكۈلگەندە

بىر ئاز يېنىكلەپ قالاتتى. نۇرنىسا دەپتەر، قەلەم، دۇۋەتلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئانىسىغا ئورۇن سالدى. جايناماز ئۈستىدىن تۇرغان ھەجەرخان ئورۇنغا كېلىپ ياتتى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئويغا پاتتى ...

كىشىلەر پېشىن ۋاقتىدا مەرھۇم مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ ھويلىدىن ئاچىقىپ كەتكەندە، قار ـ يامغۇر يىغلاۋاتقان ھەجەرخان كەچ كىرگۈچە ياشاشقا كۆزى يەتمىگەنىدى. مانا قىشمۇ ئۆتۈپ باھار كەلدى، ھەجەرخان تېخىچە ھايات ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقى، قىزلىرىنىڭ غېمىدە كۆكسى سانجىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ياشلىق چاغلىرى كەلدى.

※ ※ ※

ھەجەرخان ياش ۋاقتىدا تىرناقتا توختايدىغان ساھىبجامال قىزلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى خام توقۇپ، سەرگەز بېسىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى. ئانىسى يىپ ئېگىرىپ، بوياق تەڭشەپ ئېرىگە ياردەملىشەتتى. ئۇ ئالتە بالا تۇغقان بولسىمۇ، پەقەت مۇشۇ بىر تاللا قىزى قاتارغا قوشۇلغانىدى. قالغان باللىرى چېچەك، قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇستا بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان مۇھەممەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەلچى كىرگۈزگەندە، ھەجەرخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇللۇق قىلىشىپ ماقۇل بولۇشتى. توي كۈنىدىن باشلاپلا ھەجەرخاننىڭ ئۆز ئېرىگە كۆڭلى چۈشۈپ، مېھرى ـ مۇھەببىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئانىسىدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالغاچقىمۇ، مۇھەممەت ئىشتىن ھېرىپ قايتقاندا تامىقىنى بېرىپ بولۇپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇلار سەرگەزدىن زەدىۋال تۇتقان كىچىك ئۆيدە

كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. كۈندۈزى بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، دىدار كۆرۈشۈش ئىنتىزارلىقىدا بىتاقەت بولۇشاتتى. ئىشتىن يانغان مۇھەممەتنىڭ بەلبېغىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك يا سامسا، يا پىششىق گۆش تۈگۈگلۈك ئىدى. ھەجەرخان ئۇنىڭغىمۇ يا تارىدەك سوزۇلغان لەڭمەن، يا چاچتەك كېسىلگەن ئۈگرە ياكى گۆشلىرى بۇلۇق سېلىنغان مانتا ئېتىپ ساقلاپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەر - خوتۇن ھەرگىز بىر - بىرىگە قاتتىق - يىرىك گەپ قىلمايتتى. مۇھەممەت ئاخۇن سىرتتىن كەلگەندە ھەجەرخان ئۇنىڭ توپا بولۇپ كەتكەن ئۇستىباشلىرىنى قېقىپ، يۈزلىرىنى سىلاپ كۈتۈۋالاتتى. ھەر ۋاقىت ئېرىدىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. شۇڭا، «تەڭ ئۆلۈپ كەتسەك» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ھەجەرخاننىڭ چوڭ قىزى گۈلسۇم ئون ياشقا كىرگەندە دادىسى تۇگەپ كەتتى، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە ئانىسى ۋاپات بولدى. بۇ ئارىلىقتا يەنە مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالەمدىن ئۆتتى. مۇھەممەت ئاخۇننىڭ ئىككى ئاچىسى، بىر ئاكا، ئۈچ ئۇكىسى بولغاچقا، ئاتا مىراس ئۆينى ئۇلارغا قالدۇرۇپ، ئۆزى ھەجەرخانغا ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان ئۆيگە كۆچۈپ كېلىۋالدى. شاگىرتلىرى بىلەن كونا ئۆينى چېقىپ، يېڭىدىن چىرايلىق ئۆي، ھويلا سېلىۋالدى. مانا ئەمدى بولسا مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستىنىڭ ئۆزى يوق ... ھەجەرخان مانا شۇلارنى ئويلاپ كۆز يېشى قىلدى.

بۈگۈن كەچ ھاۋا بۇزۇلدى. ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، پېتىۋاتقان كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىنى توسۇۋالغاچقا، تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ھەجەرخاننىڭ كۆزلىرىگە ئۈجمە ياپراقلىرىمۇ قارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «ئەۋەتمىسەممۇ بوپتىكەن، نۇرنىسا ئەجەب ئۇزاق يوقاپ كەتتى. يا قۇدىلىرىم تاماققا تۇتۇۋالدىمىكىن؟» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا ھويلىنىڭ ئىشىكى غىچىلداپ ئېچىلدى. ھەجەرخاننىڭ كۆزى

بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەلگەن نۇرنىساغا، ئاندىن قىزى گۈلسۈمنىڭ قېيىنئانىسىغا چۈشتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئايۋان سۇپىسىدىن پەسكە چۈشۈپ هويلىغا چىقتى ـ دە، قۇدىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ رومىلىنى قايرىپ يۈز يېقىپ كۆرۈشتى.

— ئەسسالام، بۇيان كېلىپ قاپلا، پاتەم خېنىم، — دېدى هال سوراپ (ئۇ قۇدىسىنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ «خېنىم» دەپ ئاتايتتى).

— ئۆزلىرىنى سوراپ كېلىشىم، نۇرنىسا قىز بارمىغان بولسا بىخەۋەر ئولتۇرىۋېرىدىكەنمىز، قانداقراق ئەهۋاللىرى، هەجەر خېنىم؟

— خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. تۈنۈگۈن ئۈشتۈمتۈتلا يۈرىكىم ئېغىپ قالغانىدى. ئۆيئىچى، باللار تىنچلىقتۇ؟ — دېدى هەجەرخان قۇدىسىنى تۆرگە باشلاپ، ئاندىن كۆرۈشمىگىلى ئىككى هەپتە بولغان چوڭ قىزى گۈلسۈمنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— بالام، بارغانسېرى كېلىشىڭ ئۈزىراپ كېتىۋاتىدۇ. ساقسىز بولۇپ قالغان چېغىمدا پات ـ پات كېلىپ تۇرساڭ بولاتتى، — دېدى.

— مەنغۇ كۈن ئارىلاپ بېرىپ كەلسىلە دەپ تۇرىمەن، قۇدام، كېلىنىمنىڭ ئايىغى ئېغىر، — دېدى پاتەمخان ۋىللىدە قىزىرىپ كەتكەن گۈلسۈمگە بىر قارىۋېلىپ. هەجەرخان پاتەمخاننىڭ قولىغا ئۆزى سۇ قۇيۇپ، داستىخاننىمۇ ئۆزى سالدى.

— بالام نۇرنىسا، ئاۋۋال پاتەم خېنىمغا ئوخشىتىپ هالۋا ئېتىپ چىققىن، ئاندىن ئاچاڭ بىلەن تاماق ئېتەرسىلەر، — دېدى.

قۇدىسىنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ كەتكەن هەجەرخان داستىخان ئۈستىگە مەزە ـ گېزەكنى قويدى.

— هازىر خېلى ئوبدان بولۇپ قالدىم، گۆشنى پېشىندىن كېيىنلا توغراپ قويغانىدىم، نۇرنىسانىڭمۇ تاماق ئېتىشكە قولى بارمىدى. كەچ بولسىمۇ گۈلسۈمنى چاقىرىپ كەل، دەپ ئەۋەتكەنىدىم. ئۆزلىرىنىڭ كېلىشىنى بىلگەن بولسام ئوبدان تەييارلىق قىلىپ تۇراتتىم. خۇدايىم كەلگەن قەدەملىرىگە بەرىكەت بەرسۇن، — دېدى ھەجەرخان.

— ئۆزلىرىگىمۇ خۇدايىم شىپالىق ئاتا قىلسۇن، — دېدى پاتەمخان ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بولغان ھەجەرخانغا سەپسېلىپ. ھەجەرخاننىڭ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى ئىچكىرىلەپ كەتكەنىدى. ئاقارغان چېكە چاچلىرى چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تال ـ تال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «مۇسىبەت قۇدامنى ئېزىۋېتىپتۇ. ئىچ ئاغرىقى يامان ـ دە، بولمىسا ئىككى مەڭزى ئالمىدەك، نۇۋىتى كەلسە، چاڭ كەلتۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان سۇلكەتلىك جۇۋان ئىدى ...» پاتەمخان ئويغا چۆمگەن ھالدا ئالدىغا ئوشتۇپ قويۇلغان قاتلىما ناندىن بىر بۇردا ئاغزىغا سالدى. نۇرنىسا چاي ئەكىردى. ھەجەرخان بىر نۆكچە ناۋاتنى ئىككى پارچە قىلىپ چوڭ پارچىسىنى پاتەمخاننىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە، كىچىك پارچىسىنى گۈلسۈمنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە سېلىپ قويدى. ئۇ ھازىر ئاغرىقىنى ئۇنتۇغانىدى. يۈرەك سانجىقىمۇ توختاپ قالغانىدى. ئاشخانىدىن ياغنىڭ پىژىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بىردەمدىن كېيىن كىچىك تەخسىگە ئۇسۇلغان ھالۋىنى ئارا تەخسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىققان نۇرنىسا پاتەمخاننىڭ ئالدىغا قويدى. يەنە ئىككى كىچىك تەخسە ھالۋىنى خونچىلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئانا، لەگمەن ئېتەيمۇ، نېرىن چۆپ ئېتەيمۇ؟ — سورىدى نۇرنىسا.

— پاتەم خېنىم كۈندە كېلەمتى، بالام، ئاران بىر كەلگەندە ئوخشىتىپ نېرىن چۆپ ئەتكىن. يا پېتىر مانتا ئېتەمسەن؟

— بولدى، ھەجەر خېنىم، كايىمىسىلا، كۆڭۈللىرى ئۇنىمىسا نېرىن چۆپ ئەتسۇن، بۇ ئۆيدە ئەتكەن نېرىن چۆپنى ياخشى كۆرىمەن.

گۇلسۇم ھالىۋىسىنى كۆتۈرۈپ سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— نۇرنىسا قىز ھۆسىن - جامالدا ھۆر - پەرىلەردىنمۇ قېلىشمىغۇدەك چىرايلىق چوڭ بوپتۇ. خۇدايىم كۆز تەگمىسۇن. باشلىرىنى ئاغرىتىۋاتقانلار خېلى بارغۇ دەيمەن، ھەجەر خېنىم؟

— شۇنداق، نۇرنىسا قىزىم بىر چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ، خۇدادىن بەختىنى تىلەيمەن. ھەر كۇنى دېگۈدەك ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئەلچى كېلىپ باش ئاغرىقى قىلىۋاتىدۇ، — جاۋاب بەردى ھەجەرخان.

— گۇلسۇم قىزىمنىڭ چىرايلىقلىقىدىمۇ گەپ يوق، — دېدى پاتەمخان، — ئەمما نۇرنىسا قىزنىڭ بويى شەمشادتەك زىلۋا، كۆزى تاغ كېيىكىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر، ئۆزى قۇشتەك ھوشيار، يۇرۇش - تۇرۇشى شۇنچە زىبا چوڭ بوپتۇ.

— راست، پاتەم خېنىم، — دېدى ھەجەرخان تۆردە باداشقان قۇرۇپ ھالۋا يەپ ئولتۇرغان قۇدىسىغا قاراپ. پاتەمخاننىڭ ئىككى قوۋۇزى ئاغزى يۇمۇلغاندا لىغىلداپ تۇراتتى. ھەجەرخان قۇدىسىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — راست دېدىلە، ئاچىسىمۇ سىڭلىسىدىن قېلىشمايدۇ، — ئۇنىڭ غۇنچە بويى قېنى كىمدە بار؟ ئايدەك چىرايى نۇرنىسا قىزىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس.

— بۇگۇن ئۆزلىرىدىن ھال سوراپ كەلگەچ بىر ئامانەت گەپنىمۇ ئېيتىپ قويااي دېۋىدىم، — پاتەمخان گەپنى يۆتكىدى، — بۇگۇن كۇنگە پەيشەنبە، بۇ ئامانەت گەپنى ئاڭلىغان كۇن دۇشەنبە ئىدى، خېنىم. ئۆزلىرى زۇلەيخاننى بىلىلا، قەشقەردە ئاتىقى چىققان دەللال، شۇ كۇنى كەچقۇرۇن ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە

كىرىپ كەلدى ...

پاتەمخان چەينەكتە چاي ئەكىرگەن نۇرنىسانى كۆرۈپلا سۆزىنى توختىتىۋالدى. ئۆزىگە سۇنۇلغان بىر پىيالە چاينى قولىغا ئېلىپ، نۇرنىسا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ماڭا «ئالدىلىرىغا كېلىشىم ئۆز ئىشىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سالاھىدىن بايۋەچچىنىڭ ئامانەت سۆزىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم، بايۋەچچىنىڭ كۆزى كېلىنلىرىنىڭ سىڭلىسىغا چۈشۈپتۇ، بايۋەچچە نۇرنىسا خېنىمنى كۆرۈپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي، سۆزىنى ئېيتىدىغان كىشى تاپالماي قالغان ئوخشايدۇ، ئاخىر كېلىپ مېنى تېپىپ ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا كىرگۈزدى. ئەگەر خېرىدارى بولمىسا، ئەلچى سۈپىتىدە قۇدىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارماقچىمەن» دەيدۇ. ھەجەر خېنىم، مەن نېمەدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، شۇڭا مەن زۇلەيخانىغا: «نۇرنىسا خېنىمنىڭ بويى ئۆسۈپ كەتكەن بىلەن يېشى كىچىك، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ئەلچىلەر ئاز ئەمەس، ئاۋۋال قۇدام بىلەن كۆرۈشەي، نۇرنىسا خېنىمنىڭ قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنىپ، بېشى بىر يەرگە باغلىنىپ كەتمىگەنلا بولسا سالاھىدىن بايۋەچچە ئەلچى كىرگۈزسە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. مېنىڭچىمۇ سالاھىدىن ئاخۇن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان، قول ـ ئىلكىدە پۇل، يەر ـ مۈلكىمۇ بار بايلاردىن، نۇرنىسا قىز بۇ يىگىتنىڭ قولىغا چۈشسە بەختكە ئېرىشىدۇ.

ھەجەرخان قۇدىسىنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ تىڭشىدى.

— بۇ چاغقىچە بىرەر يەرگە ماقۇل دېگەن ئەمەس ئىدىم، نۇرنىسا قىزىم تېخى كىچىك، مەسلىھەت قىلايلى، قۇدام. ئۆزلىرى ئېيتقاندەك سالاھىدىن ئاخۇن بەگنىڭ ئوغلى، ئابرۇي تېپىۋاتقان يىگىت. ئەمما، قول ـ ئىلكىدە بولغان بىلەن مىجەز ـ خۇيى قانداق، ئۇنى خۇدا بىلىدۇ. بىز ئاياللار قول ـ ئىلكىدە بار دەپلا ئاتا ـ ئانىمىز ماقۇل بولغان ئەرگە تېگىپ

ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزىمىز. ياخشى كۈن كۆرسەكمۇ، يامان كۈن كۆرسەكمۇ ئۆزىمىزگە. مەن مۇشۇ بالامنىڭ ئۆزىمىز بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپقا ياتلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بالام كىچىك، لېكىن كىچىكلىكىگە باقماي ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلالايدۇ. تۆشۈك ئىشلىرىغىمۇ چاققان، خۇي ـ مىجەزىمۇ ياخشى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئاق كۆڭۈل، ـــ ھەجەرخان نۇرنىسانى سالاھىدىنغا بەرگۈسى كەلگەندەكلا ماختاپ كەتتى.

ـــ شۇنداق بولىمامدىغان، ھەجەر خېنىم، نۇرنىسا قىز سالاھىدىن بايۋەچچىنىڭ خىلى، بۇ توغرۇلۇق تولا ئويلانمىسىلا، بىز يەندە ئەتە قايىسمىز بار، قايىسمىز يوق، بۇنى خۇدا بىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنچىلىك تۇرغان چاغلىرىدا تويىنىڭ بولۇپ كەتكىنى ياخشى، دادىسى رەھمەتلىك بولسا ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ بېرەتتى، ـــ پاتەمخان شۇنداق دەپ ھالۋىنى يەپ بولۇپ تەخسىنى نېرى سۈرۈپ قويدى.

ـــ ئۇنداق بولسا ماقۇل، پاتەم خېنىم، ئەلچى كېلىدىغان بولسا ئالدىمىزدىكى پەيشەنبە كەلسۇن. ئاڭغىچە يەنە مەسلىھەت قىلارمىز، ئۆزلىرى بۇ سۆزۈمنى زۇلەيخانغا ئېيتىپ قويسىلا، قىزىمنىڭ تويىنى قىلىۋېلىپ كۆز يۇمسام گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتارمەن.

ھەرجەرخانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى...

※ ※ ※

سالاھىدىن مەنزەر ئۆيدە مىڭبىر كېچە ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. يېنىپ تۇرغان پەنەر ئۆيئىچىنى كاۋا چېچىكى رەڭگىگە كىرگۈزگەندى. بىردەم ئۇنىڭ قوشۇملىرى كۆتۈرۈلۈپ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولسا، بىردەم قوشۇملىرى

تۇرۇلۇپ چىرايى تۇتۇلۇپ كېتەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ بېشىدىكى بادام دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويىاتتى. گويا ئۇ بىرەر شەپىنى سەزگەندەك كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا قارىدى. مەنزەر ئۆينىڭ ئالدى سالاسۇنلۇق بولۇپ، نەپىس نەقىش ئويۇلغان تۈۋرۈكلەر ئەگمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغانىدى. ۋادەك ئۇستىگە تىزىلغان راملاردا رەيھانگۈل، نامازشامگۈلى، تاجىگۈل، ئامۇتا گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ۋادەك ئالدىدا تۇرۇپ قارىغان كىشىگە ئۇدۇلدىكى چوڭ مېھمانخانىنىڭ تېمىغا تارتىلغان قىزىل ئىران گىلىمى دېرىزە ئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھويلا كەڭ بولۇپ، چوڭ بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ سول تەرىپىدە ئۈچ تۈپ ئەنجۈر، ئوڭ تەرىپىدە بېدىشقا ئېلىنغان تال، ئالدىدا گۈللۈك، كەينىدە ئەۋرەز بار ئىدى. مېھمانخانىنىڭ ئىككى يېنىدا ئايۋان، ساراي ئۆي، كىچىك مېھمانخانا، ئاشخانا، قوي ۋە ئات - كالا ئېغىلى قاتارلىق ئالتە ئېغىز ئۆينىڭ دېرىزە، پەنجىرىلىرى بۇ ھويلىغا ئالاھىدە كۆركەملىك بېغىشلىغانىدى. سالاھىدىن كۆزىنى كىتابقا تىككىنىچە ئىشىك قېقىلدى.

— كىم؟

— مەن!

سالاھىدىن تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ سارجا كەمزۇلىنى يېپىنچاقلاپ خىش پەلەمپەيدىن ھويلىغا چۈشتى ۋە گۈللۈكنى ياناپ مېڭىپ دەھلىزدىن ئۆتۈپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالام، بايۋەچچە غوجام، بار ئىكەنلا - ھە، — كېلىشكەن بىر جۇۋان چۈمبىلىنى قايرىپ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغان ھالدا سالاھىدىنغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، زۇلەيخان، ھارمىغايلا، ئۆيگە كىرسىلە.

زۇلەيخان ئۆزىنى غىپپىدە دەھلىزگە ئالدى. سالاھىدىن

قاراڭغۇ كوچىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ ئىشىكنى ياپتى.

— قېنى، ئۆيگە مەرھەممەت قىلسىلا.

زۇلەيخان سالاھىدىننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ چوڭ مېھمانخانىغا كىردى. سالاھىدىن ئويۇقتىن پەنەرنى ئېلىپ ياقتى. زۇلەيخان خۇددى تويغا جابدۇنغاندەك ياسانغانىدى.

سالاھىدىن مەنزەر ئۆيدىن بىر چەينەك چاي، مەزە گېزەكلەرنى ئېلىپ چۈشتى.

— بۇگۇن بەكرەك كەچ قالدىلىغۇ زۇلەيخان؟

— كەچ بولسىمۇ بۇ قاراڭغۇ كوچىدىكى ئۆيلىرىنى تېپىپ كېلەلىگەنلىكىمگە خۇش بولسىلا، بايۋەچچە.

— خۇش بولغۇدەك خەۋەرلىرى بارمۇ؟ قېنى خەۋەرلىرىنى ئاڭلايلى.

— سۆيۈنچىگە نېمە بېرىلا؟ — دەپ سورىدى زۇلەيخان ناز بىلەن سالاھىدىنغا تىكىلىپ، سالاھىدىن كۆزىنى زۇلەيخاندىن ئېلىپ:

— سىلى نېمىنى خالىسىلا شۇنى بېرىمەن.

— راستىمۇ؟

— راست، قەسەم ئىچۇرەملا؟

— نېمە دېسەم شۇنى بېرىلا ـ ھە؟ — يەنە سورىدى زۇلەيخان شەھلا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇ قولىنى ئۇزارتىپ يۇكۇنۇپ ئولتۇرغان سالاھىدىننىڭ تىزىنى تۇتتى.

— ھەئە، تولا گەپنى ئاۋۇتماي دەيدىغان سۆزلىرى بولسا دېسىلە، — دېدى سالاھىدىن سەل ئاچچىقلىنىپ.

— مەن ئىككى نەرسە سورايمەن. بىرىنچىسى، ئەتە دۇكانلىرىغا چىقىپ بىر كۆڭلەكلىك رەخت تاللىۋالىمەن.

— بۇنىڭغا ماقۇل، يەنە بىرسى نېمە؟

— يىگىت بولسىلا ئۇنى ئۆزلىرى تاپسىلا، ئاۋۋال سىلىگە خەۋەرنى ئېيتاي.

سالاھىدىن قولىقىنى دىڭ قىلىپ ئولتۇردى. زۇلەيخان

بارماق قولى بىلەن سالاھىددىننىڭ تىزىنى نوقۇپ تۇرۇپ دېدى:
— مۇشۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى پاتەم خېنىم بىلەن ھەجەر خېنىمنىڭ ئۆيلىرىگە تولا قاتراپ ھالىم قالمىدى. مانا بۈگۈن سىلە بەرگەن ئۈزۈكنى قىزنىڭ قولىغا سېلىپ كەلدىم.
— راستما! — سالاھىددىن ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ئولتۇرسىلا! — زۆلەيخان سېمىزلىكتىن تېرىسىگە پاتماي قالغان مىققىدە قوللىرى بىلەن سالاھىددىننىڭ قولىغا ئېسىلىپ تارتتى، — ئولتۇرسىلا، بايۋەچچە.
سالاھىددىن ئولتۇردى ۋە قولىنى زۆلەيخاننىڭ چىڭ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ دەرھال تارتىۋالدى.
— نېمانداق قاچىلا، بايۋەچچە؟ خۇش خەۋىرىم سىلىگە ياقمىدىمۇ؟
— زۆلەيخان! — سالاھىددىننىڭ ئاۋازى قاتتىق چىقتى، — خۇش خەۋەرلىرى ماڭا بەك ياقتى.
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا مەندىن قاچىلا؟
سالاھىددىننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى.
— شۇنىڭ ئۈچۈن قاچىمەنكى، — دېدى ئۇ، — سىلى مېنىڭ ئاچام سىياقىدىكى ئايال. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر جەھەتتىن سىلى مېنىڭ خىلىم ئەمەس. مېنىڭ ئالدىمدا قاش - قاپاقلىرىنى ئويىنىتىپ باشقىچە تەمەددە بولمىسىلا.
سالاھىددىن مەغدەپ قالغان زۆلەيخاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چوڭ مېھمانخانىدىن ئىتتىك چىقىپ، ئىچكىرىدىكى ھويلىنىڭ ئامبىرىدىكى ساندۇقتىن بىر كىيىملىك خوتەننىڭ يىپەك ئەتلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
— مانا تاپان ھەققىلىرى ئۈچۈن، بۇنى ئاز دېسىلە ماۋۇ تەڭگىنىمۇ ئالسىلا، — دېدى سالاھىددىن ئۈچ سەر كۈمۈش تەڭگىنى زۆلەيخاننىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ، — مەن سىلىنى بۇنچىلىك كۆڭلى پەس دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. بۇنىڭدىن كېيىن

دۇكانغىمۇ، ئۇيگىمۇ كەلمىسىلە، سىلىسىزمۇ ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ.

زۇلەيخان ئىككى پۇتىنى كېرىپ غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغان سالاھىدىنغا سۆزمۇ قىلماي ئەتلەس بىلەن تەڭگىلەرنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قېينانىسى بىلەن بىللە كېلىپ ھەجەرخاننى كۆرۈپ كەتكەن ئاشۇ ئاخشامدىن بۇيان، گۈلسۇم كۈن ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ قېتىم تۇنۇگۈن كەچ كېلىپ قونۇپ قالغانىدى.

شۇ ئەسنادا بىرسى ئىشىكنى قاقتى. ھەجەرخان يا ئۆزى تۇرالماي، يا قۇچىقىدا باش قويۇپ يېتىشقان قىزلىرىدىن بىرىنى «قاراپ باققىن» دەپ بۇيرۇشقا كۆزى قىيماي ئولتۇراتتى، نۇرنىسا ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى.

— ئانا، ئىشىكنى قېقىۋاتامدۇ نېمە؟

— ھەئە، بالام.

نۇرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ كەتتى. نۇرنىسانىڭ قەدەم ئالغاندا ئاپپاق پاقالچاقلىرىغا يۆگىشىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىنى كۆرگەن ھەجەرخاننىڭ قىزىغا مەستلىكى كەلدى.

نۇرنىسا ئىشىكنى ئاچتى ـ دە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قېچىپ كىردى.

— ۋاي ئانا، غەلىتىلا ئايال مېھمان كەلدى! — ئۇ شۇنداق دەپلا ئايۋاننىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. گۈلسۇممۇ ئورنىدىن تۇردى. ھەجەرخان ھويلىغا چىقىپ، سالاپەتلىك، ئېگىز ئىنىنا ئايالنىڭ ئاق پەرىجە چۈمبىلىنى قايرىپ كۆرۈشتى.

— ئەسسالام خېنىم، خۇش كېلىپلا؟

— ئەسسالام، ھەجەر خېنىم، بۇۋاق كېلىپ ئۆزلىرىنى

بىئارام قىلدىم، — دېدى ئايال تەزىم قىلىپ. ئۇنىڭ جىگەردەك قىزىل يۈزىدە چېچەك ئىزلىرى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق بولامدىغان، قېنى ئۆيگە ئىلتىپات قىلسىلا!

مېهمان تۇزۇت بىلەن ئۆيگە كىرىپ، سىلىپ قويغان لەمبۇق كۆرپىنىڭ ئۈستىدە چوقچايدى. ئۇ كىچىك مېهمانخانىدىن ئىتتىك ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەن نۇرنىسانىڭ كەينىدىن تىكىلىپ قاراپ:

— قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم، توپىدىن كىشىنى مۇنداقمۇ چىرايلىق ياراتقان بارمۇ؟ ۋاي - ۋاي، چاچلىرى دەريا، نازۇك بەدىنى بىلىق ئىكەن - دە بۇ قىزنىڭ!

ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرگەن گۈلسۈمگە مېهماننىڭ سىڭلىسىنى ماختاشلىرى ياقمىدى. «ھەرقاچان سىڭلىمنى دەپ ئانامنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى كەلگەن دەللال ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان پاناق بۇرنى ئۈستىدىكى چېقىر كۆزىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— بارىكاللا قىزىم! — دېدى مېهمان قوللىرىنى ئاق لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ.

ھەجەرخان داستىخان سېلىپ مېهمان ئالدىغا نان، گېزەك، مەزە قويۇپ، ناننى ئوشتۇدى. گۈلسۈم ئانىسى بىلەن كۆز بېقىشتۇرۇۋېلىپ، ئاشخانىغا چىقتى.

— سېنىڭ تويۇڭ بولغۇچە تولا مېهمان كۈتۈپ، ئانامنىڭ ھالى قالمايدىغان بولدى، — دېدى ئۇ ئوچاق ئالدىدا زوڭ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكەن سىڭلىسىنىڭ بىقىنىنى نوقۇپ.

— سېنىڭ تويۇڭ بولغۇچە مېهمان كەلمىگەنمىدى؟ كەلسە كېلىۋەرمەمدۇ، نېمە كارىم، — دېدى نۇرنىسا ئاچىسىغا قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ.

— خۇش بولۇۋاتامسەن؟ — سورىدى ئاچىسى.

— نېمىگە خۇش بولىدىكەنمەن؟

— كۈلۈۋاتىسەنغۇ؟

— يىغلىسام يىغلىدىڭ دەرسەن؟ بۇ ساراڭ خوتۇنلار كېلىۋەرگەندىن كېيىن كۈلگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە كىشى كەلگەندە مېنى شۇ زامانلا ئەكېتىدىغاندەك، ئانامنى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالغانىدىم، كۆز يېشىمنىمۇ توختىتالمايتتىم، ئەمدى كۆنۈپ قالدىم، — نۇرنىسا كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ، ئېڭىكىنى گۈلسۈمنىڭ تىزلىرىغا تىرەپ، مەڭزىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ياقتى.

— ئۇكام، مەن چاينى ئەكىرىپ بېرەي، سەن ھالۋىغا تەييارلىق قىلىپ تۇرغىن، — گۈلسۈم شۇنداق دېدى ـ دە، پورۇقلاپ قاينىغان چەينەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى.

گۈلسۈم ئاشخانىغا يېنىپ كىرگەندە نۇرنىسا ئاچىسىغا بىر پىيالە ھالۋا ئۇسۇپ قويۇپ، ئۆزى قازاننىڭ ئاستىغا تۇتۇپ قالغان قىسماقلارنى قوشۇق بىلەن قىرىپ ئېلىپ يەۋاتاتتى.

— نۇرنىسا، قىژماق يېمە، تويۇڭدا قار يېغىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ لاي كېچىپ كەلگەن مېھمانلارنى ئۈزىتىمەن دەپ بىچارە ئانامنىڭ يىلىكى ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن يەنە! — چاقچاق قىلىپ كۈلدى گۈلسۈم سىڭلىسىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ.

— ئو ... ھۇش! كەچكىچە دەۋرىدىكەنسەن شۇ گەپنى.

نۇرنىسا قوشۇقنى قازانغا پاققىدە تاشلاپ قويۇپ، قېيىدىغان ھالدا ئىككى قولى بىلەن ئاچىسىغا گىرە سېلىۋالدى. ئۇ بىردەم شۇنداق تۇردى ـ دە نېمىنىدۇر ئويلاپ، گۈلسۈمنىڭ مەڭزىدىن بىر چىمدىۋېلىپ ئاشخانىدىن تېز چىقىپ ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ مېھمانغا سەپسالدى ۋە پەردىسى قايرىقلىق دېرىزىدىن ھە دەپ سۆزلەۋاتقان مېھمانغا كۆز تىكتى، ئارقىدىنلا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزىنىڭ

تۇۋىگە كەلدى. دېرىزە تەكچىسىدىكى چوڭ يامدا شاخلاپ ئۆسكەن سۆگەتگۈلنىڭ دالدىسىدا زوڭ ئولتۇرۇپ ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان گەپلەرنى تىڭشاشقا باشلىدى.

— ... ھەجەر خېنىم، سالاھىدىن غوجام قىچقارسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار بايۋەچچىلەردىن. قەشقەردىكى قايسى ھاللىق ئائىلىنىڭ قىزىنى سورىسا، ئىككى قوللاپ تۇتسا بولىدىغان يىگىت، ھەرگىز ئىككى خىيالدا بولماي جاۋاب بەرسىلە، مەندىن بۇرۇن بۇ يەرگە زۇلەيخان شەپشەك بىرقانچە قېتىم كەلگەنىكەن. بايۋەچچىم ئالدىدا ئالىجوقا سۆزلەپ قويغان چېغى، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئەمدى بۇ ئىشنى بىر باشقا ئاچىقىشنى ماڭا تاپشۇردى. مېنى چاسلىق خانلارنىڭ تونۇمايدىغىنى يوق. مەنمۇ كەلگەنلا كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دوقۇرىۋەرمەيمەن. ھەربىرلىرىدەك ئېسىللارنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىپ بىر باشقا ئاچىقالىغاچقا، كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيۇم بار ...

— شۇنداق، تاجىخېنىم، شۇنداق، سالاھىدىن ئاخۇنمۇ شۇڭا سىلىگە ئىشىنىپ ھۆرمەتلىرىنى قىلغان ـ دە! — دېدى ھەجەرخان، — قېنى، ھالۋىغا باقسىلا، سوۋۇپ قالمىسۇن.

تاجىخېنىم تەخسىدىكى ھالۋىنى پارچە نان بىلەن ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. نۇرنىسا ھېلىقى كۆنى كۆل بويىدا بولغان ئىشنى ئەسلەپ: «يەنە شۇ سالاھىدىن بايۋەچچە دېگەن كىشىنىڭ ئالدىدىن كەپتۇ ـ دە. ئاشۇ كۆنى ئۇ كىشى كېلىپ قالمىغان بولسا ھېلىقى ئاۋاق لۆكچەك مېنى خېلى ئاۋارە قىلاتتى. سالاھىدىن ئاچچىقى يامان يىگىتتەك قىلىدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئارقىدىنلا ئۆزىگە كېلىپ ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— زۇلەيخان ئاخىرقى قېتىم كەلگەندە قۇللۇق قىلىپ

رازىلىق بىلدۈرگەنىدىم. ئالتۇن ئۈزۈكنىمۇ ئېلىپ قالغانىدىم، دېگەنىبىلەن مەرھۇم دادىسىنىڭ يىل نەزىرىنى ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ توينى قىلىشقا رايىم بارمايۋاتىدۇ. قىزىم نۇرنىسامۇ تېخىچە ھازىسىنى بۇزمىدى، ئۈزۈكنى ئېلىپ قالغىنىم ماقۇل بولغىنىم، سالاھىدىن ئاخۇن كېلەر باھارغىچە سەۋر قىلىپ تۇرسا، ئۆجمىنىڭ بىرىنچى پىششىقىدا توينى قىلساق دەيمەن. ھازىر مېنىڭمۇ ساقلىقىم يوق. تېخى قىزىمنىڭ كەم ــ كوتىلىرى خېلى بار، ئانچە ــ مۇنچە تەييارلىق قىلىۋالساق، قانداق دەيلا، تاجىخېنىم؟

ھەجەرخانىنى بۇ يىل توي قىلىشقا كۆندۈرەلمىگەن تاجىخېنىم:

ــ ماقۇل، خېنىم، سۆزلىرىنى سالاھىدىن بايۋەچچىگە يەتكۈزەي، ئەگەر باشقا بىر يەردىن كىشى كېلىپ باشلىرىنى ئاغرىتماي ئايلاندۇرسا، سالاھىدىن ئاخۇندەك مەردانە بايۋەچچىنى قولدىن چىقىرىپ قويمىسىلا، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر !

نۇرنىسا ئىتتىك ئارقىسىغا يېنىپ ئاشخانىغا كىرىۋالدى. ھەجەرخان مېھماننى ئۇزىتىپ چىقتى.

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا توينى كېلەر يىلى ئۆجمە پىششىقىدا ئۆتكۈزىمىز. ئالدىدىن تۇگەپ قالسام، جىنازامنى توختىتىپ قويۇپ، قىزىمنىڭ نىكاھى قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن مېنى يەرلىككە قويسا بولىدۇ.

ــ ھەجەرخېنىم، سالامەت تۇرۇپ بېرەرلا، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت بەرسۇن، ــ دېدى تاجىخېنىم خوشلىشىپ.

ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نۇرنىسانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. تاجىخېنىم ئەمدىلا ئاقىرىشقا باشلىغان ئۆجمىلەرگە قاراپ قويۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى.

※ ※ ※

كۆلنىڭ بويىدا ساۋۇتۇمنى بىر ئاز ئۇچۇقلاپ قويغان كۇندىن باشلاپ، سالاھىدىن نېمە ئۇچۇندۇر شۇ قارا چاچلىق قىزنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ تاغ ئارقىسىدىن قايتىپ كەلگەن كۇنلەردە بۇ قىزنى كۆل بويىدا بىرقانچە قېتىم كۆرگەن، شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇ قىزغا يىراقتىن تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى ياشلارنىڭ ھەر تەرەپتىن كېلىپ، كۆل بېشىدىكى ساماۋارخانىلاردا بىكاردىن ـ بىكار قۇرۇق چاي ئىچىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆزىمۇ قارا چاچلىق قىزدا ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. سالاھىدىننىڭ نەزىرىدە شۇ ۋاقىتتا قىز تېخى كىچىك ئىدى. ئۆزى بولسا قېرى يىگىت بولۇپ قالغان چوپچوڭلا ئادەم ئىدى. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل ساماۋارخانىغا كەلمىدى. ئەنجان كوچىسىدىكى يىپەك ماللار بىلەن تولۇپ كەتكەن دۇكىنىدىن ئۆيگە، ئۆيىدىن دۇكىنىغا قاتراپ يۇرۇپ ئىككى يىلنى ئۆتكۇزدى. بۇ چاغقىچە ئۆيلىنىۋالغانمۇ بولاتتى، لېكىن نېمە ئۇچۇندۇر باشقا قىز ـ چوكانلارنى كۆڭلى تارتمىدى. قارا چاچلىق قىز ئېسىگە كەلسىلا يۇرىكىنىڭ بىر يېرى تارتىشىپ جىغىلداپ كېتەتتى. قارا چاچلىق قىزنىڭ مۆھەممەت ئاخۇن ئۇستامىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، ئانىسى ھەجەرخانىنىڭ ئوڭلۇق ئاياللىقىنى ساماۋارخانىدا بولغان پاراڭلاردىن بىلىپ بولغانىدى.

يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسى ـــ نوبېشىغا تۇتىشىدىغان ئۇزۇن كوچا، باغچە كوچىسىغا چىقىدىغان كىچىك كوچا ۋە بىرقانچە خالتا كوچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سالاھىدىن ھېچكىمگە سەزدۇرمەي، قارا چاچلىق قىزنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇجمە دەرىخى سايە چۇشۇرۇپ تۇرغان

ھويلىسى بار ئۆيىنىمۇ كۆرۈۋالدى. ئۆزىنىڭ ئۆيى بولسا قارا چاچلىق قىزنىڭ ئۆيىدىن ئىككى يۈز قەدەمچە نېرىدىكى ئۈستى يېپىق خالتا كوچىدا ئىدى. ئۇ توي كۈننى كۈتۈپ بەكمۇ بىتاقەت بولدى. بۈگۈن مەزىن ئاخۇنۇم بامدات نامىزىدىن كېيىن مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ يىل نەزىرىگە چاقىرغان باغاقچىنى سالاھىدىنغا بەرگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىق قاپلىدى. چۈنكى، بۇ باغاق توينىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ناماز شامغا يېقىن ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادىرى تۇرسۇن ئاخۇن زەرگەر بىلەن بىر چوڭ قارا قوينى ئېلىپ قارا چاچلىق قىزنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇلارنى ھەجەرخاننىڭ چوڭ قىزى گۈلسۈمنىڭ ئېرى تۇراپ كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ سالاھىدىننى كۆيۈئوغۇل قىلىشقا قېيىنئانىسىنىڭ رازى بولغىنىدىن بۇرۇنلا خەۋىرى بار ئىدى. بۇ ئىشتا ئۆزىمۇ مەسلىھەت بەرگەنىدى. ئۇ سالاھىدىننىڭ سېمىز بىر قوينى ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇ لازىم ئەمەس ئىدى. ئۆزىمىزمۇ بىر چوڭ قوينى ئېلىپ قويغانىدۇق، — دېدى تۇراپ گەدىنىنى قاشلىغان ھالدا. ئۇنىڭ قولى ھەر قېتىم گەدىنىگە بارغاندا بىر گەپ ئويىغا كېلەتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇرادەر. ھەربىرلىرىنى قوي ئالالمايدۇ، دەپ ئەكەلمىدىم. مەرھۇم مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئەكەلدىم، — دېدى سالاھىدىن. شۇ ھامان تۇراپنىڭ ئۇزۇنچاق يۈزى قىزىرىپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى يەنە ئىختىيارسىز گەدىنىگە ئۇزارتىلدى.

— يوقسۇ، سالاھىدىن ئاخۇن، نەزەرلىرىنىڭ ئۇستۇن ئىكەنلىكى جامائەتكە مەلۇم، — دېدى تۇراپ قولىنى گەدىنىدىن ئېلىپ. ئۇ سالاھىدىننىڭ مىجەزىنىڭ چۈس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، — بۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ؟ قېنى، مەرھەمەت قىلسىلا !

سالاھىدىن تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن پېشايۋانغا كېلىپ

ئولتۇردى. تۇراپ قوينى ئوتۇنخانىنىڭ ئىشىكىدىكى ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. سالاھىدىن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئاشخانىدا ھەدەپ قازانغا ئاش تاشلاۋاتقان نۇرنىسا دېرىزىدىن پېشايۋانغا كۆز تاشلاپ، ئانىسىنىڭ مەزە كۆتۈرۈپ چىقىپ سالاھىدىن بىلەن تىنچلىق سوراشقىنىنى كۆردى. خېمىرنى پىلتا قىلىپ بېسىپ بېرىۋاتقان ئاچىسى نۇرنىسانىڭ دېرىزىدىن تىكىلىپ قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— كىمگە قاراۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچكىمگە.

— تويۇڭنى قىلىۋالساق ئانامۇ ئۇھ دەيتتى، — دېدى ئاچىسى سىڭلىسىنىڭ خىيالچان ھالدا ئاش تاشلاۋاتقان تۇرقىغا قاراپ.

— خۇدايىم بۇيرۇغان بىر كۈنى بولار، — دېدى نۇرنىسا كالپۇكىنى ئۇچلاپ، — ھە دېسىلا تويىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن !

شۇ ئارىدا ھەجەرخان ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى:

— بالام گۈلسۈم، سالاھىدىن ئاكاڭ كەپتۇ، ھالۋا ئېتىپ بەرگىن. تۇراپ ئاخۇنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ قالدى. مانتا ئېتىڭلار دېسەم ھارغان ئادەمگە سۈيۈقئاش ئوبدان خۇشياقىدۇ دەپ ئۇنىمىدىڭلار، — دېدى ھەجەرخان ئاۋۋال چوڭ قىزىغا، ئاندىن نۇرنىساغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — سالاھىدىن ئاخۇن بىر قوي ئەكەپتۇ، بەكمۇ خىجالەتچىلىكتە قالدىم.

— نېمىگە شۇنچە خىجالەت بولىسەن، ئانا، ئەكەلگەن ئادەم يەنە ئەكېتەلەيدۇ. ھالۋىسىنى يېگۈزۈپ، چېيىنى ئىچۈرۈپ، قويىنى يېتىلىتىپ قويغىن، — دېدى نۇرنىسا.

— ئەكەلگەننى يېتىلىتىپ قويساق سەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى گۈلسۈم.

— بالام، نېمە دېگىنىڭ بۇ !؟ — دېدى ھەجەرخان چىنىگە

قويۇلغان قايناق سۇغا قەنت چىلاۋېتىپ، — ئاغزىڭنى ئۇنداق ئېتىۋېلىپ قىلما، بالام، ئەركىلەيدىغان ۋاقتىڭ ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى. چوڭچوڭ بولۇپ قالدىڭ.

— مەن نېمە دېدىم، ئانا؟ — نۇرنىسا كۆزىگە لىق ياش ئالدى، — ماۋۇ ئاچام ئادەمنىڭ چىشىغا تولا تەگمىسۇن، نەسىھەت قىلىپ قويغىن، — ئۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن ئېرتتى، — مېنىڭ سەندىن زادى ئايرىلغۇم يوق.

— بالام، مەن زورلاۋاتمايمەنغۇ، ئۆزۈڭگە نەچچە قېتىم دېسەم «ماڭا سېنىڭ رازىلىقىڭ ئەۋزەل، سەنلا لايىق كۆرگەن بولساڭ مەن ھېچنېمە دېمەيمەن» دېمىگەن بولساڭ، مەن ماقۇل دېمەيتتىم، بالام. ئەمدى يېنىۋالامسەن؟ ئوقۇمىغان، بىلمىگەن قىز بالىلاردىن ئەمەسسەن.

— جېنىم ئانا، مېنى چۈشەنمەيۋاتىسەن، مەن تەرسا ئەمەسقۇ، بىلگىنىم ئۇچۇن سەندىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، سېنى يەرگە قارىتىش ئويۇم يوق. سېنىڭ كۆڭلۈڭ تىنىدىغانلا بولسا نېمە دېسەڭ شۇنىڭغا رازىمەن ...

نۇرنىسا شۇنداق دېگەچ قىزنىغان ياغقا ئۇن سالدى. ئانا قىزىنىڭ مەڭزىگە تامغان ياشلىرىنى قولى بىلەن ئېرتىپ ئېغىر تىندى.

— بالام، ئالدىڭدا ئېيتاي، خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئەگەر سېنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلماي ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ.

— ئانا، جېنىم ئانا! سېنى يىغلاتمايمەن، بەرگىن، ئانا، ئۆزۈڭ خالىغان ئادىمىڭگە بەرگىن، نېمە ئۈچۈندۇر سەندىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

نۇرنىسا ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— بالام، ھالىڭۋا كۆيۈپ كەتمىسۇن، مەنمۇ سەندىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن ... تۇرمۇش دېگەن شۇنداق، بىرەيلەننى بىرەيلەنگە قوشىدۇ، قىزنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىيدۇ ... بالام،

ھالۋىنى ئۇسقىن.

نۇرنىسا ھالۋىنى كىچىك تەخسىلەرگە ئۇسۇپ خونچىلىدى. بۇ چاغدا مېھمانلار شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىشكەنىدى. پانار ئۆيئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى سالاھىدىن ئۆزىنىڭ ئانا تەرەپ ھاممىسى نىساخان بىلەن دادا تەرەپ بىر نەۋرە سىڭلىسى نۇرسىمانگۇلنى بولغۇسى قېيىنئانىسىنىڭ ھازىسىنى ئوشتۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ھەجەرخانغا بىر نىمچىلىك كىمخاب، نۇرنىساغا خاڭجۇنىڭ شىپۇن دۇخاۋسىدىن بىر كۆڭلەكلىك، گۈلسۈمگە بىر ئىنگلىشىم كۆڭلەكلىك ئەكەلدى. نۇرنىسا قولىقىغا ھالقا ئېسىپ، قارا كۆڭلىكىنىڭ ئورنىغا شاپتۇل چېچەكى رەڭگىدىكى گىرىپتىشىن كۆڭلىكىنى كىيدى. نەزىر بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن نىساخان بىلەن نۇرسىمانگۇل «تويلۇق»نى كۆتۈرۈشۈپ كەلدى. مېھمانلار مېھمانخانىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ھالۋا بىلەن پېتىر مانتىنى يەپ بولۇشقاندىن كېيىن چىنىدىكى قايماقلىق چاينى ئىچىشتى.

— نۇرنىسا خېنىمنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ ھەربىرلىرىنىڭ يېزىپ بەرگىنى بويىچە تويلۇقنى ئەكەلدۇق. قوبۇل قىلغايلا، — دېدى نىساخان ئوچۇق چىراي بىلەن يوغان لەمبۇق بوغچىنى ئېچىپ.

— قوللۇق، قوللۇق، — كۆكسىگە قولىنى ئېلىپ قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى ھەجەرخان قىزىنىڭ تويلۇقىنى ئۆزى يازغانلىقى ئېسىگە كېلىپ.

※ ※ ※

گۈلسۈم دادىسىنىڭ يىل نەزىرى تۈگىگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۆيىنى بېسىقتۇرۇپ بېرىشىپ ئۆز ئۆيىگە كەتتى. ئۆگۈنى سالاھىدىنىنىڭ ئەر تۇغقانلىرىدىن ئىككى كىشى تويلۇق

يازغىلى كەلدى. بۇ تەرەپتىن گۈلسۈمنىڭ ئېرى تۇراپ بىلەن قېيىنئاتىسى ھاشىم ئاخۇن قاتناشتى. ئۇلار تۆت سائەت تالاش ـ تارتىش قىلىپ بىر يەرگە كېلەلمىدى. ئەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىشنى نامەھرەم دەپ بىلگەن ھەجەرخان دېرىزىدە ماراپ «ئۇ ئارتۇق كېتىدۇ، بۇ كەم بولسا بولمايدۇ» دېيىشىپ تالىشىپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ ئىچى پۇشتى. «دادىسى بولسا قانچە ياخشى بولاتتى. ئەجەب قەدرى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ...» دەپ ئويلاپ، كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئاشخانىدا پىتىر مانتا تۈگۈۋاتقان قىزىنىڭ يېنىغا كىردى. نۇرنىسا لاپپىدە ئانىسىغا قارىدى.

ــ نېمىشقا يىغلايسەن، ئانا؟

ــ نېمىشقا يىغلىماي؟ داداڭنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ، ئاچاڭنىڭ توينى ھېچقانچە قىينالماي قىلىۋالغانىدىم. ئۇ چاغدا داداڭ بار ئىدى. ھازىر شۇ جان كۆيەر داداڭنىڭ بولمىغىنىغا يىغلاۋاتىمەن. ئۇلار تېخىچە بىر يەرگە كېلەلمىگەن ئوخشايدۇ، داداڭ بولاردەك گېجەڭ ئەمەس ئىدى.

ھەجەرخان مەرھۇم ئېرىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇق قىلىۋاتقىنىغا ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كەتتى. نۇرنىسا ئانىسىغا قاراپ نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە:

ــ سېنىڭ نامىڭدا مەن يېزىپ بېرەي، ــ دېدى ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ. قىزىنىڭ قارا كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىكنى كۆرگەن ئانا بېشىدىكى ئاق رومىلىنى كەڭ يېيىپ قايتىدىن بېشىغا ئارتتى. بۇ رومال گويا ئانىنى بۇلۇت توسقاندەك مۇڭلۇق چىرايىنى توستى. نۇرنىسا مانتا تىزىلغان جىمبىلنى قازانغا سېلىپ، ئاغزىنى دۇملەپ ياپقاندىن كېيىن كىچىك مېھمانخانا ئۆيدىكى ئىشكاپتىن قەغەز ـ قەلەمنى ئاچىقىپ ئانىسىغا:

ــ مەن ئاۋۋال يېزىپ باقاي، ئارتۇق ـ كەم بولۇپ قالغان بولسا تۈزىتەرمىز، ــ دېدى ئۆزىنىڭ تويلۇقىنى ئەمەس، باشقا بىرىنىڭ تويلۇقىنى يېزىپ بېرىدىغاندەك ھېچبىر قىسىلماي.

ئۇ سۇپىنىڭ ئالدىدا زوڭ ئولتۇرۇپ پەتنۇسنى ئۆرۈپ قەغەزنى ئۈستىگە قويۇپ يېزىشقا باشلىدى.

ئانىسى ئاستا يېزىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئوقۇدى:

— ئالتۇن بىلەزۈك، قىل تېرىكە پەلتولۇق، ئاۋات رەڭ غىجىم رومال، خۇرۇم ئۆتۈك، ئىنگىلىشىم كۆڭلەكلىك، توپلەي، يۇڭ رومال.

— مۇشۇلار بولار، ئانا؟ — سورىدى نۇرنىسا خىيالچان هالدا.

— قىزىم، ساڭا شۇ نەرسىلەر مەزۇر كەلگەن بولسا مەن هېچنېمە دېمەيمەن. ئاچاڭغا توققۇز تۇرلۇك تويلۇق سالغانىدۇق، سەن يەتتە تۇرلۇك نەرسە يېزىپسەن. ئالتۇن بىلەيزۈكلا دەپ قويۇپسەن، قانچىلىك ئالتۇندا ئېتىلىدىغانلىقىنى يازماپسەن؟

— مەن تويلۇقنىڭ ياندۇرۇقىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ يازدىم. ئۈچتىن بىرىنى ياندۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىقىڭ، كىشىلەرگە موهتاج بولۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئاز يازماقچىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن كىشىنىڭ ئۆيىگە قۇل بولۇپ سېتىلمىغاندىكىن ئارتۇق يېزىپ نېمە قىلىمەن؟ كىيىم - كېچەكلىرىم خېلى بارغۇ، ئانا؟

— جېنىم بالام، سەن ئوقۇغان، ئەقىللىك قىزسەن، مەن نېمىنى بىلەي؟ ئايال خەقلەر كىيىم - كېچەك دېسە هوشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، هەممە نەرسىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ يېزىپسەن. ئاتاڭدىن قالغان ئانچە - مۇنچە نەرسىلەر بار، ياندۇرالىغۇچىلىكىممۇ بار ئىدى، هېلىمۇ بوپتۇ.

— جېنىم ئانا! — دېدى نۇرنىسا ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، — مەيلى، جېنىم ئانا، مەيلى، سەن قىينىلىپ قالما، ئۇلار پۇتۇشكۇچە كۈن كەچ كىرىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ قەغەزنى ئاچىقىپ پەسكويغا چۇشۇرۇپ قويغىن.

ھەجەرخان تىترەك ئولاشقان قوللىرى بىلەن قەغەزنى ئالدى. ھويلىغا چىقىپ، ياپراقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدا بىرپەس تۇردى. كۈننىڭ سۈس نۇرى مېھمانخانا دېرىزىلىرىنىڭ ئۈستۈنكى ئەينەكلىرىگە چۈشكەنىدى. ھەجەرخان پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئايۋانغا كىردى. ئۇ رومال بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— بالام، تۇراپ ئاخۇن، — دەپ ئاستا چاقىردى. تۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا چىقتى.

— قۇدامنى چاقىرىپ چىقسىلا، ھويلىدا كىچىككىنە مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دېدى ھەجەرخان ۋە ھويلىغا چىقىپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ تۇردى. تۇراپ مېھمانخانىغا كىرىپ دادىسىنى باشلاپ چىقتى. ھەجەرخان چەكمەن تون كىيگەن چار ساقال قۇدىسىغا ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن تويلۇقنىڭ تىزىملىكىنى بەردى.

— ئەتىگەندىن بېرى بىكار تالىشىپ ئولتۇرۇپتۇق، ئۆزلىرى بۇ تىزىمدىكى نەرسىلەرگە رازى بولغان بولسىلا بىز نېمە دەيمىز؟ سالاھىدىن ئاخۇنمۇ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قوشۇلىدۇ، — دېدى قۇدىسى ھاشىم ئاخۇن تىزىملىككە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن.

ئاشخانا دېرىزىسىدىن ياشلىق كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ تۇرغان قىزىغا قاراپ، ھەجەرخاننىڭ يۈرىكىگە بىرنەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ كۆكسى زىڭىلداپ كەتتى.

ھەجەرخان شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ نىساخانغا چاي قۇيدى.

※ ※ ※

توي ئۈجمە پىششىقىدا ئەمەس، ئۇنىڭدىن يەتتە ئاي بۇرۇن غازاڭلار تۆكۈلۈپ، تۇرنىلار ئىسسىق ياقىلارغا كېتىپ بولغان كەچ كۈزدە بولدى. ھەجەرخان ئۆزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە

ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېرىنىڭ يىل نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىنلا نۇرنىسانىڭ تويىنى قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ھەجەرخانىنىڭ بۇ ئويى سالاھىدىنىنى بەك خۇشال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەررۇ تويغا تۇتۇش قىلىندى.

ئۆتكەن يىلى يىغا ـ زار بولغان بۇ ھويلىدا مانا ئەمدى داپ ـ تەمبۇر ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. «ئۆلۈمنىڭ يارىشىقى يىغا، تويىنىڭ يارىشىقى ساز» دەپ بۇرۇنقىلار بىكار ئېيتمىغان بولسا كېرەك. چېلىنىۋاتقان داپ، راۋاب، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، نەينىڭ ئاۋازى ھويلىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مېھمان كۈتۈۋاتقانلارمۇ، تاشقىرىدىن توپ ـ توپ بولۇپ كىرىۋاتقان جامائەتمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان ئۈجمە دەرىخى خۇددى سازغا تەڭكەش قىلغاندەك شىلدىرلىماقتا ئىدى. بۈگۈن ھاۋا باشقىچە ئوچۇق ئىدى، ئەمدى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ نۇرى ئۆگزىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

ئىشىك ئالدىدا ئۇستىگە مەللە چەكمەن تون، بېشىغا سەللە ئورىغان ھاشىم ئاخۇن كەلگەن مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلاتتى. چىققان مېھمانلارنى ئۇزىتاتتى. تۇراپ يەنە بىرقانچە تۇغقانلار بىلەن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ، قولىغا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىش، ئاش تارتىش، دۇئا ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. پېشايۋاندا، ئايۋاندا، چوڭ مېھمانخانا، كىچىك مېھمانخانىلاردا لىق مېھمان ئولتۇرۇشاتتى. مېھمانلارغا ئاۋۋال مەزە، ئاندىن ئۇزۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن پولۇ تارتىلدى. دۇئانى سالاھىدىن تەرەپتىن ھامىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى ياسىن ئاخۇن، ھەجەرخان تەرەپتىن تۇراپ ۋە باشقا تۇغقانلار ئالماقتا ئىدى.

پولۇنى قەشقەردىكى مەشھۇر پولۇپەز ــ موللا ئاخۇن ئۇستام ئۆزىنىڭ ئوغلى نۇراخۇن بىللە ئەتكەچكە بەك ئوخشىغانىدى. مەززىلىك پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ ئىشتىھانى

قوزغايتتى.

تۇراپ ئىككى چىنە تاۋاقتا پولۇ ئۇستۇرۇپ، ئۇستىگە گۆشنى جىق باستۇرۇپ، ئىككى يىگىتكە كۆتۈرتكۈزۈپ سالاھىدىنغا ئەۋەتتى.

مېھمانلار رىزا بولۇشۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزاشقا باشلىدى. ساز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ناخشا ياڭرىماقتا ئىدى:

ئالما، ئانار پىشقاندا،
توي قىزىيدۇ قەشقەردە.
ھۇجرىسىغا يىگىتنىڭ
تارتىلىدۇ قوش پەردە.

شۇ دەمدە نۇرنىسا قازناقتا ئىسەدەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قورقۇشقا قارىغاندا، ئانىسىدىن ئايرىلىشقا قىيماسلىق ھېسسىياتى كۈچلۈكرەك ئىدى. رەستىدە بولغان ھەممە قىزلارغا ئوخشاش نۇرنىسا چىرايلىق، بەردەم، ئاق كۆڭۈل بىر يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئارزۇ قىلسىمۇ، تويدىن كېيىن نېمىلەر بولىدىغىنىنى ئويلىغاندا، ھەم قىزىقىش، ھەم قورقۇش تۇيغۇسى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالاتتى. لېكىن، تويى بولسا زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، خىلمۇخىل ئويلار ئۇنى بەزىدە تەقەززا قىلسا، بەزىدە تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋېتەتتى. مانا ئاخىر تويى بولدى. ئۇ شۇ دەم ئۆزىنى كىچىكىدىن ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئانىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەتلەنمەكتە ئىدى.

توي كۈنى يىغلاش قىزلارغا ئەلمىساقتىن بۇيان ئادەت بولۇپ قالغانىدى. «پالانى قىز توي كۈنى يىغلىماپتۇ» دېگەن سۆزنى ئىشىتكەن كىشى بولمىسا كېرەك. بۈگۈن نۇرنىسامۇ توختىماي يىغلاپ، ئاچىسى ئەكىرگەن ئاشنىمۇ يېمىدى، بۈگۈن

ئۇنىڭ كېلىدىن تاماق ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ھويلىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىققان چاغدا ئۇنى قاتتىق ئۇيقۇ تۇتتى ... چۈنكى ئۇ ئۇلۇشكۈن كېچە سەۋزە توغراپ تۈزۈكرەك ئۇخلىمىغانىدى. تۈنۈگۈن كېچىمۇ ئېشىپ قالغان ئازراق سەۋزىنى توغرىشىپ بېرىپ، ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ياتقان بولسىمۇ، كېچىچە ئوي - خىيال دەرياسىدا ئۈزۈپ يەنە ئۇخلىيالمىدى. ئانىسى «يېنىمدا ئولتۇرىۋەرگىن» دېسىمۇ ئۇنىماي ئەتىگەنىدىلا قازىناقتا كىرىۋالغانىدى. بۇ كىچىك قاراڭغۇ ئۆيدە بىر سائەت بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. «بۇ ئۆيدىن يات بىر ئۆيگە كېتىمەن» دېگەن خىيالنى كۆڭلىگە كەلتۈرگەندە، قامچا تۇتقان بۇرۇتلۇق بىر كىشى كۆز ئالدىغا كېلەتتى - دە، ئۆزىچە قورققاندەك بولۇپ چۆچۈپ كېتەتتى. ئۇ شۇ تاپ ئەسنەك تۇتۇپ كېرىلدى. ئىككى قاتلاپ سېلىپ قويغان كىگىزنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپ كۆزىنى يۇمدى. قارا چاچلىرى زىلۋا قەددىگە خۇددى يوتقاندەك يېپىلدى. چۈشىدە «ئانا، ئانا !» دەپ ئويغىنىپ كەتكەن نۇرنىسا قازناق ئۆيدىن چىققاندا ئايال مېھمانلار كېلىشكە باشلىغانىدى.

ھويلىدىن ئەھۋال سوراش، بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، قاچا - قۇچىلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەجەرخان كەلگەن مېھمانلارنىڭ داستىخىنىنى قولىدىن ئېلىپ تايىنلىق يەرگە قويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. گۈلسۈم مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاۋاتاتتى. يەنە بىرنەچچە ئايال ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قازان ئېسىلغان بۇلۇڭدا تۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا نۇرنىسا بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. نۇرنىسا ئاچچىقلىنىپ يىغلىۋەتتى.

— نۇرنىسا !

نۇرنىسا كەينىگە قاراپ دوستى مۇھتەبەرنى كۆردى. سارجا پەلتو كىيگەن ياشقىنا چوكان كۈلۈمسىرەپ كەلگىنىچە ئۆپىلاپ

ئاپپاق قىلىۋەتكەن مەڭزىنى نۇرنىسانىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان زىنىخىغا يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

— يىغلاپسەنغۇ، قورقۇۋاتامسەن؟

— نېمىدىن قورقىمەن، ئانامغا قىيماۋاتىمەن.

ئاغزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن، ئىچىدە قورقۇپ تۇرغان نۇرنىسا دوستىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاشخانىغا ئەكىردى. بىرنەچچە ئايال پىيالە، تەخسىلەرنى يۇيۇپ دەستىلەۋاتاتتى. ئوچاقتىكى ئوت ئۇلۇغ كۆيۈۋاتاتتى، قايناۋاتقان ساماۋارنىڭ ئەتراپىدىكى چوغقا يەتتە ـ سەككىز چەينەك قويۇلغانىدى.

نۇرنىسا مۇھتەبەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بۇ يەردىن سۆرىگىنىچە ئاچىقىپ، ئاشخانىنىڭ يېنىدىلا تامغا قويۇلغان شوتا بىلەن ئۆنى ئۆگزىگە ئاچىقتى. ئۆگزىدىمۇ مېھمانلارنىڭ بالىلىرى بولسا كېرەك، بىرنەچچە ئوغۇل، قىز ئوينىشىۋاتاتتى. نۇرنىسا بىر ۋارقىراپلا بالىلارنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆگزىدە ئىككى دوستلا قالدى.

— ئەجەب ئۇزاقتا كەلدىڭغۇ؟ — دېدى نۇرنىسا دوستىنىڭ سولغۇن چېھرىگە قاراپ، — ئۆيۈڭدىن چىققۇڭ كەلمىدىمۇ يا؟

— ئەتە ـ ئۆگۈن سەنمۇ بىلىپ قالىسەن، ئەر دېگەننىڭ ئۆيىدىن تاشقىرىغا ئاسانلا چىققىلى بولمايدۇ، ئاداش، ـ دېدى مۇھتەبەر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەر دېگەننىڭ ئۆيىگە زادى بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، دەسلەپ خېلى قىزىققانىدىم. مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ رايىم قايتىپ كەتتى. غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈپ قورقۇنچۇم ئېشىۋاتىدۇ. ساڭا راست گېپىمنى ئېيتىۋاتىمەن، ئاداش، قانىتىم بولغان بولسا پۇرىرىدە ئۇچۇپ كېتەتتىم.

— خۇدايىم شۇڭا بىز ئاياللارغا قانات بەرمىگەن، ئاداش. ئەمدى بېشىڭنى تامغا ئۇرساڭمۇ سېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىسسىق ئەر قوينىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

— توختا، ئاداش، — دېدى نۇرنىسا سۆزمەن بولۇپ قالغان بۇرۇنقى ياۋاش دوستىغا ھەيران قېلىپ، — راست، بەك قورقۇنچلۇق بولامدىكەن؟

— قورقۇۋاتىمەن دېسەڭچۇ، — قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى مۇھتەبەر.

— بوشراق كۈلگىن، ئاداش، سەن قورقمىغانمىدىڭ؟ ئەر بىلەن بىر ئۆيدە يېتىش قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ — سورىدى نۇرنىسا.

— تويۇم بولغاندا بەك كىچىك ئىكەنمەن، شۇ كۈنى مەنمۇ بەك قورققانىدىم. كېيىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدىم. بارغانسېرى كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىكەن...

— ۋاي قويە بۇ گېپىڭنى، — دېدى نۇرنىسا قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — ساۋاقداش ۋاقتىمىزدەك مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە كېلىدىغان، ئاتا - ئانىمىزنى ئالداپ قويۇپ ھېيتگاھتا لەڭپۇڭ يەپ كېلىدىغان ۋاقىتلىرىمىز ئەمدى يەنە كەلمەيدىكەن - دە؟

— يەنىلا قىزسەن - دە، نۇرنىسا، — دېدى مۇھتەبەر ئىككى يىل بۇرۇنقى قىز چاغلىرىنى ئەسلەپ. بۇ ئىككىيلەن جانقۇرغاندىكى موللا خېنىم دېگەن بۇۋىدە ئوقۇغانىدى. يۇمىلاقشەھەر بىلەن جانقۇرغان ئارىلىقىدا ھېيتگاھ جامەسى، ئوردا ئالدى بازىرى بار ئىدى. ئۇلار كەلگۈچە، كەتكۈچە «قۇرئان»، «سوپى ئاللا يار»نى، نەۋايىنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى بىللە يادقا ئېلىشاتتى ... شۇ كۈنلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ قالغان مۇھتەبەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئون تۆت ياشتىن ئاشقاندىلا ياتلىق قىلىۋەتكەچكە، جىسمانىي جەھەتتىن كىچىك چېغىدىلا زەربىگە ئۇچراپ، تېنى زەئىپلىشىپ قالغانىدى، روھىمۇ چۈشكۈن ئىدى، ئەمما دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مىسكىنلىكىنى ھەرگىز چاندۇرمايتتى.

— سەن نېمىدەپ يىغلايسەن، ئاداش؟ — سورىدى نۇرنىسا مۇھتەبەرنىڭ خۇشخۇي چىرايىنى غەم - قايغۇ قاپلىغانلىقىنى كۆرۈپ.

— ئۆزۈمچە، — مۇھتەبەر دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋاب ئىزدەپ تۇرۇپ قالدى ۋە قوشۇپ قويدى، — ئەجەب كۈنلەر ئىكەن شۇ.

— مەنمۇ ھازىرغىچە شۇ كۈنلەرنى ئارزۇ قىلىمەن، — نۇرنىسا شۇنداق دەپ مۇھتەبەرنىڭ ئىنچىكە بىلىكىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ يېرىم بولغانىدى.

— سېنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كېتىپتىكەن، ئاداش، قورۇق گەپكە تۇتتۇم، ئۆزۈمنىڭ بۇنداق بىر قىسما بولۇپ قېلىشىم ئىككى كۈندىن بېرى تۇزۇك ئۇخلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن، بايا قازناقتا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ قازناقتىن چىقىپ تۇرۇشۇمغا سەن كەلدىڭ، بۇ چۈش بۇ تويدىن رايىمنى يۇتۇنلەي ياندۇرۇۋەتتى.

نۇرنىسا قايغۇرغان ھالدا كۆرگەن چۈشنى سۆزلەپ بەردى.

— چۈشۈڭدە قورققانلىقىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئالامىتى، — تەبىر بەردى مۇھتەبەر ئادىشىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ.

— ئاداش، مەن ئاش ئاچىقاي، — دېدى نۇرنىسا ھويلىغا قاراپ. ھويلىغا ئاياللار تولۇپ كەتكەنىدى.

— تويى بولۇۋاتقان قىز ئۆگىزىگە چىقىۋالسا تازا ياخشى بولمايدۇ، پەسكە چۈشۈپ قازناق ئۆيگە كىرىۋالايلى. كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرىراق تۇرغىنىڭ ئوبدان، — دېدى مۇھتەبەر ۋە رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ نۇرنىسانىڭ بېشىغا ئارتىپ قويدى. شۇ چاغدىلا قازناقتىن رومال ئارتمايلا قېچىپ چىققانلىقىنى ئېسىگە ئالغان نۇرنىسا ئۆزىچە خىجىل بولدى.

مۇھتەبەر بىلەن نۇرنىسا پەسكە چۈشۈپ قازناققا كىرىپ كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. بۇ قازناق ئاشخانىغا يانداش سېلىنغان

دېرىزىسى يوق كىچىك ئۆي ئىدى. بۇ ئۆيدە ئوتياش، قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىش ساقلىناتتى. ياز كۈنلىرى مۇشۇ ئۆيدە سالقىنلاپ ئۇخلاپ ئۆگەنگەن نۇرنىسا بۇگۈن ئەتىگەندىلا بۇ يەرگە كىرىۋالغانىدى.

— ئاداش، مەن قورداق ئەكىرەي، — نۇرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقىپلا قايتىپ كىردى، — ئاچامغا دەپ قويدۇم، هازىرلا ئەكىرىپ بېرىدۇ.

هايال ئۆتمەستىن گۈلسۇم بىر لېگەن پولۇ ۋە قورداق ئەكىردى.

— قورداق ئاچچىق - چۇچۇك بوپتۇ، ئاشمۇ ئوخشاپتۇ، قېنى ئالسىلا، مۇھتەيەر، — دەپ تەكلىپ قىلدى گۈلسۇم.

※ ※ ※

گۈگۈم چۈشكەندە قۇدا تەرەپنىڭ مېھمانلىرى يېتىپ كەلدى. هەجەرخان بۇلارنى چوڭ - كىچىك مېھمانخانىغا باشلىدى، پاتمىغانلارنى ئايۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ قولىغا سۇ بەرگۈزگەندىن كېيىن داستىخان سالدى. قۇدا داستىخىنى ئايرىم تەييارلىنىپ سېلىنىدى. قۇدىلىق كۆرپىسىدە غادىيىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا سامبۇسا، قۇيماق، ناۋات، قەنت، هەسەل، مۇراببا، يەل - يېمىشلەرنى قويدى. زۇمرەتتەك سۇپسۇزۇك ئۇزۇملەر تەخسە - تەخسىدە كەلتۈرۈلدى. قوغۇن - تاۋۇزنى كاسا قىلىپ تەخسىدە ئەكىلىشتى. داستىخاننىڭ ئالا يېرى قالمىدى. رىشالىنىڭ پىيالىسى بوشىغاندىن كېيىن داستىخان يىغىلىپ، قايتىدىن سېلىنىدى. ئارقىدىن مېھمانلارغا قورداق تارتىلدى.

هەجەرخان مېھمانلارنى «ۋاي ئالسىلا، باقسىلا، ئېغىز تېگىشسىلە» دەپ مەزەگە تەكلىپ قىلىپ هالى قالمىدى.

نىساخان قۇدا تۆردە هېچكىمنى مەنسىتمەي گىدىيىپ

ئولتۇراتتى. نۇرسىمانگۈل پات - پات نىساخاننىڭ قولىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلاپ كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرۈپ قوياتتى. ئاش تارتىلدى، قودىلار ئۇچۇن دەپ دۈۋىلەپ ئۇسۇلۇپ، جىق گۆش بېسىلغان چوڭ لېگەندىكى پولۇ نىساخان بىلەن نۇرسىمانگۈلنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ھەجەرخان ئىككى پىيالىگە قېنىق دەملەنگەن چاي قۇيدى، ئاندىن ئۇستىگە ئىككى نۆكچە ناۋات سېلىپ، نىساخان بىلەن نۇرسىمانگۈلگە تۇتتى.

— نىسا خېنىم، نۇرسىمانگۈل خېنىم، ئوخشىمىغان بولسىمۇ ئاشتىن ئېلىشسىلا، — دېدى ھەجەرخان تەۋازۇ بىلەن.

ئوخشاپتۇ، تازا يېدۇق، — نىساخان چايدىن بىر ئوتلاپ پىيالىنى داستىخان ئۇستىگە قويۇپ قويدى.

داستىخان يىغىلغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ھويلىغا ئىككى گازۋاي چىراغ، ئۆيلەرگە پانار، شاملار يېقىلدى. شۇ چاغدا يىگىتلەرنىڭ «ئاللالا» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋاي، يىگىتلەر كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى نۇرسىمانگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئۆزىنى تۇزەشتۈرۈپ، قاما تۇمىقىنى قولى بىلەن ئوڭلاپ باستۇرۇپراق كىيىۋالدى. باشقا چوكان - جۇۋانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن قاراشتى. يىگىتلەر كۇيىۇ ئوغۇلنى ئارىغا ئېلىپ ھويلىغا كىرگۈچە ئىشىك ئالدى ۋە دالاندا نەچچە قېتىم توختاپ «ئاللالا» توۋلىدى، ھويلىغا كىرىشكەندىن كېيىن بەزى شوخ يىگىتلەر «زوق - زوق ئاللالا» دەپ ۋارقىرىشىپ چاڭ چىقىرىۋېتىشتى. سازەندىلەر داپ، راۋاب، ئىسكىرىپكا، نەيلىرىنى بىر - بىرىگە تەڭكەش قىلىپ ئەۋجىگە كۆتۈردى.

— ئاللالا توۋلىغۇدەك ياش يىگىت ئەمەس ئىكەن، بۇرۇتلۇق چوڭلا ئادەم ئىكەنغۇ، — دەپ كۇسۇرلىدى رەستىدە بولۇپ قالغان چىرايلىققىنا بىر قىز يېنىدىكى ئانار گۈللۈك

رومال ئارتىۋالغان قىزغا بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا بەقەسەم تون كىيگەن، قاپقارا بۇرۇتى بىلەن سالاپەتلىك كۆرۈنگەن سالاھىدىننى ئىشارەت قىلىپ.

— خېنىم، كېزى كەلگەندە سەكسەن ياشلىق بوۋايمۇ يىگىت بولالايدۇ، ئەمما ئوتتۇز ياشلىق جۇۋان قىز بولالمايدۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالغان چىمەن دوپپىلىق يىگىت. بۇنى ئاڭلاپ بىرقانچەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ھېلىقى قىز:

— بېشىڭنى يەيدىغان، — دەپ تىللىدى ـ دە، مېھمانخانىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى. ئىككى يىگىت ئۇسسۇلغا چۈشتى. سالاھىدىن ئۇسسۇلغا چۈشكەنلەرنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈپ سازچىلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. بۇ ئون ئۈچىنچى قېتىم پۇل ئۆرۈشى ئىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە باشلانغان يىگىت ئولتۇرۇشىدا قورداق، پولۇ تارتىلىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئون ئىككى قېتىم پۇل ئۆرۈگەنىدى. ئاغىنىلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن پۇل ئۆرۈپ، سازچىلارنى پۇلغا «كۆمۈۋېتىشكەن» ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سازچىلارنىڭ قولى مىنۇتمۇ توختاپ قالمىدى. بارغانسېرى شوخ پەدىلەرگە چېلىپ ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

تۇراپ چوڭ بىر پەتنۇستا لۆڭگە، گۈللۈك ياغلىقلارنى ئاچىقىپ سازچىلارنىڭ ئالدىغا قويدى...

نۇرنىسانى كىچىك مېھمانخانىدا مۇھتەبەر قاتارلىق بىرقانچە دوستلىرى كىيىندۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئېسەدەپ يىغلاپ، دوستلىرى تەڭلىگەن كىيىمنى كىيگىلى ئۇنىمىدى.

— جېنىم ئاداش، ئۇنداق قىلمىغىن، كۈيۈ ئوغۇل بىلەن يىگىت قولداشلىرى كېلىپ قالدى. ئاناڭنى ئايا، — مۇھتەبەر نۇرنىسانىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنىڭغا تېگى ئاق، گۈلىمۇ ئاق شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەكنى كىيدۈردى. ئارقىدىن ھاۋا رەڭ سارجا كاستۇم بىلەن پەلتوسىنى كىيدۈردى. شۇ چاغدا مېھمانخانىدىن نىكاھ ئوقۇۋاتقان موللامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

شۇ ھامان ھويلىنى جىمجىتلىق باستى.

— ھېلىم بايىھاجىم ئوغلى سالاھىدىن ئاخۇن، نۇرنىساخان مۇھەممەت ئاخۇن قىزىنى ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ئەمرىلىرىگە ئالدىلىمۇ؟»

موللامنىڭ ئاۋازى نۇرنىسانىڭ قۇلىقىغا كىرگەندە ئەندىكىپ كەتتى. مىنۇت ئۆتمەي سالاھىدىننىڭ ئۇنلۇكمۇ ئەمەس، بوشمۇ ئەمەس بىر خىل ئاۋازدا ئېيتىلغان «ئالدىم» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى.

— نۇرنىساخان مۇھەممەت ئاخۇن قىزى، ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن سالاھىدىن ئاخۇنغا ئۆزلىرىنى قوبۇل كۆرلىمۇ؟

موللامنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلانغاندا، نۇرنىسانىڭ ۋۇجۇدىدىن قىياندەك كەلگەن ياش كۆز بۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— ئانا، جېنىم ئانا، — دەپ ھەسرەت بىلەن زارلاندى نۇرنىسا.

— قوبۇل كۆردۈم دېسىلە، ئاخۇنۇم كۇتۇپ قالدى، ھە دېسىلە، — دېگەن دەۋەت قىلىشلار بىرقانچە قېتىم ئاڭلاندى.

— جېنىم بالام، قوبۇل كۆردۈم دېگىن، ھەممەيلەن ساڭا قاراپ قالدى، — دېدى ھەجەرخان قازناق ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ. ئانىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى ئاڭلانغاندا، نۇرنىسانىڭ يۈزلىرى لاپپىدە ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بوش ئاۋازدا «قوبۇل كۆردۈم» دېدى. قىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولمىش ئىككى نەپەر كىشى بۇ سۆزنى ئېنىق ئاڭلىغانلىقىنى موللامغا يەتكۈزدى.

ياش موللام ئالدىغا قويۇلغان تون ۋە پۇلنى رەھمەت ئېيتىپ قايتۇردى. بۇ ئۆتكەن يىل ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە ئوقۇپ كەلگەن مەۋلىۋى جالالىدىن مەخدۇم ئىدى.

— ئاللا سىلەرنى ئۆمۈرۋايەت بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىماي مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن! — دەپ دۇئا قىلدى ياش موللام.

كۈيۈ ئوغۇلنى ئارىغا ئالغان يىگىتلەر «ئاللالا» تۇۋلاپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى.

نۇرنىسا ئەگمىسىگە قىزىل تاۋار تارتىلغان مەپىگە چىققۇچە ئانىسىنىڭ بوينىغا نەچچە قېتىم گىرە سېلىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمانچە يىغلاش بۇ؟ بىزنىڭمۇ تويىمىز بولغان، يىغىسىنى بىر ئاز پەسلەتسە بولمامدۇ؟ ئەھلىمەھەللە ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟ — دەپ چالۋاقىدى نىساخان.

— يىغلىمىسىلا، خان قىز، بۇگۈن يىغلىغان بىلەن ئەتە كۈلۈپ قوپىلا، — دېدى بىر ئايال.

نۇرنىسانىڭ يىغىسى زادى توختىمىدى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچ، كوچىدا ھېچكىمنى كۆرگىلى بولمايتتى. جامائەت خۇپتەندىن يېنىپ بولغانىدى. ئارىلىق ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، سالاھىدىننىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە ھەجەرخاننىڭ كۆزى تۆت بولۇپ كەتتى.

سالاھىدىننىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان خالتا كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە مەھەللە ئۆسمۈرلىرى غۇلا سېلىپ كۈتۈۋالدى. ھەجەرخان بىرقانچە ياغلىقنى بالىلارغا بەردى، قىزلار، ئوغۇللار «چاچالمايدۇ ھاھ - ھاھ» دەپ چۇرقىراشقا باشلىدى. ئىككىنچى مەپىدە ئولتۇرغان گۈلسۈم بىر خالتىغا ئېلىنۋالغان ياڭاقنى ئارقا - ئارقىدىن چېچىپ تۈگەتتى. بۇ چاغدا نۇرنىسا، ھەجەرخان، نىساخان ۋە يەڭگىلەر چۈشكەن مەپە سالاھىدىننىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئىشىكنى تاقىۋالغان بىر يىگىت بىلەن بىر ئايالغا بىر لۆڭگە، ئىككى مېتىر چىت ئېلىپ ئىشىكنى ئاران ئاچۇردى.

نۇرنىسانى گىلەم ئۈستىگە چۈشۈرۈشتى. ئۆيگە ئەكىرگۈچە نەچچە قېتىم يەرگە دوقۇسلىتىپ ئۇنىڭ بىر يىغىسىنى ئۇن قىلىۋەتتى.

— شۇنداقمۇ سەت يىغلىغان بارمۇ؟ نىساخان ئاچا، ئېيتىپ قويسىلا، يىغىسىنى توختاتسۇن! — دېدى بىرنەچچە ئۇرۇق - تۇغقان، قولداشلىرى بىلەن ساراي ئۆيدە ئولتۇرغان سالاھىدىن.

— قىز دېگەن يىغلايدۇ، توي كېچىسى يىغلىغان قىز يۈز

ئاچقۇ كۇنى كۇلۇپ قوپىدۇ. يىغلىمىغان قىز يىغلاپ قوپىدۇ.
سالاھىدىن ئاخۇن، — دېدى نىساخاننىڭ ئېرى مەنسۇر ئاخۇن.
— سالاھىدىن ئاخۇن، — دېدى ئاغىنىسى تۇرسۇن ئاخۇنمۇ، — بۇقىدەك ھۆركىرىمەڭلار، بولمىسا غۇنچىنى قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سالاھىدىننىڭ قولداشلىرى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

نۇرنىسا ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندا تۇن يېرىم بولاي دېگەندى.

— خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، بالام!
— خۇدايىمغا ئامانەت، سىڭلىم!
— خوش، جېنىم ئانا، ئاچا ... خوش.

ھەجەرخان، گۈلسۇم ئۆزلىرى بىللە كەلگەن مېھمانلار بىلەن بىللە ئۇزىدى. نۇرنىسانى يەڭگىلەر مەنزەر ئۆيگە ئاچىقتى.

— يىغلىمىسىلا، — دېدى بىر يەڭگىسى، — قىزلارنىڭ ھەممىسى ياتلىق بولىدۇ، بالام، ياتلىق بولمايدىغان قىز بالا يوق، بۇنداق يىغلاۋەرسىلە يامان بولىدۇ.

يەنە بىر يەڭگىسى نۇرنىسا ئۇچۇن ئەكەلگەن مەخمەل كۆرپىنى سېلىپ تويلۇق يوتقاننى ئۇستىگە ياپتى.

يەڭگىلەر چىقىپ كېتىشكە، سالاھىدىن بىر پىيالە چاينى كۆتۈرۈپ، تېخى رومىلىنىمۇ بېشىدىن ئالماي، گىلەم تارتىلغان تامغا قاراپ ئولتۇرۇۋالغان نۇرنىسانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— چاي ئىچسىلە، خېنىم، — ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نۇرنىسانى ئۆزىگە تارتىپ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ غۇنچىدەك قىزىرىپ تۇرغان لەۋلىرىگە سۆيدى. شۇئان نۇرنىسانىڭ بەدىنىگە ئوت كەتكەندەك بولدى.

## تۆتىنچى باب

# كۈيۈ ئوغۇلنىڭ پەيلى

ھەجەرخان كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا قىزىنى ياتلىق قىلىۋالغانلىقىنىڭ خۇشلۇقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، تويدىن كېيىن خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى. تويىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى نىساخان، نۇرسىمانگۇللەر ئوندىن ئارتۇق مېھمان بىلەن نۇرنىسانى ھەجەرخانغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەكەلگەندە، ئىنتىزار بولغان ئانىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. ئون بەش كۈن بىر يىلدىن ئۇزاق تۇيۇلۇپ قىزىم قانداقراق بولۇپ قالغاندۇ دەپ غەمگە چۆمگەن ئانا يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك كۈلۈپ تۇرغان نۇرنىسانى باغرىغا تاڭدى. كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ئەھۋال سورىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپمىدى. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان تونۇش - بىلىشلىرىدىن خىللاپ ئېيتقان ئون كىشىنى قوشقاندا يىگىرمە نەچچە مېھماننى رازى قىلىپ ئۇزىتىپمۇ ئۆزىدە قىلچە ھارغىنلىق سەزمىدى.

نۇرنىسانىڭ خۇشلۇقى بولسا يۈز ئاچقۇ كۈنىلا ئايان بولغانىدى. سالاھىدىن بىر ياغلىق سۈپسۈزۈك مۇز پارچىسىدەك نۆكچە ناۋات بىلەن بىر شېشە ئەتىر، يۈز سوپۇنى ئەكىرىپ، نۇرنىسانىڭ قولىغا رەڭ ئالتۇندىن ئېتىلگەن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئېرىنىڭ ئۆزىگە ياققانلىقىدىن نۇرنىسانىڭ كۆڭلى خۇشاللىقتا

چۆمگەنىدى. توي بولغان كۈننىڭ ئەتىسى نۇرنىسا ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئۆز مېھمانلىرىنى كۈتتى. ئۇ مەنزەر ئۆيدە مۇھتەبەر قاتارلىق ئون نەچچە دوست - تونۇشلىرى بىلەن دۇتار چېلىشتى، ئۇسسۇل ئوينىشتى، ناخشا ئېيتىشتى. بۇ ئۆي چىرايلىق بېزەلگەنىدى. ئىككى تامدا گىلەم، مەرەپتە دۇخاۋا ياپقۇچ بولغاچ، ئۆينىڭ ئىچى چوغدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئانىسى ئەتىگەندە ئىسسىقلىق ئۈچۈن ئىككى لېگەن پېتىر مانتا، ئىككى لېگەن پولۇ ئەۋەتكەنىدى، ئىسسىقلىق ئەكەلگەن كۈلسۈم قاتارلىقلارغا نىساخاننىڭ نېمە قويغىنى بىلەن نۇرنىسانىڭ كارىمۇ بولمىدى. ئەتىگەندىلا كەلگەن دوستى مۇھتەبەر بىلەن مەنزەر ئۆيدە سۆزلىشىپ ئولتۇردى. كېيىن دوستلىرى يىغىلغاندا، ئانىسى ئەۋەتكەن ئاشمانتىنى داستىخانغا قويدى. ئاشمانتىنى يەۋېتىپ نېمە ئۈچۈندۇر گېلى سىقىلغاندەك بولدى.

سالاھىدىن بولسا پەستىكى كىچىك مېھمانخانىدا ھۆجرا تويىغا كەلگەن ئاغىنىلىرى بىلەن خۇشال ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى پاكىز چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قارا بۇرۇتلىرى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقانىدى. ئۇ مېھمانخانىدىن چىقىپ ئامبارغا چۈشتى - دە، قاتار تىزىپ قويۇلغان قوغۇنلارنىڭ ئىچىدىن سەرخىللىرىنى تاللاپ ئېچىپ، مەنزەر ئۆيگە، كىچىك مېھمانخانىغا كىرگۈزدى. ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ:

— نىساخان ئاچا، نۇرسىمانگۈل ئۇكام، نېمە كەم بولسا ماڭا دېيىشسىلە، يەتكۈزۈپ بېرىمەن. نەرسە - كېرەكلەرنى قىسىپ مېھمانلارنى يامانلىتىپ قويمايلى، — دېدى نىساخاننىڭ قىتىغورلۇقىنى، قاتتىقلىقىنى بىلگەن سالاھىدىن، — مەنزەرگە قەنت - گېزەك، مەزەلەرنى كۆپرەك چىقارتىپ بەرسىلە.

— بالام، بۇنداق كەڭتاشا بولغان تويىنى ئۆمرۈمدە

كۆرمىگەنمەن. شۇنداقمۇ بۇزۇپ ـ چاچقان بارمۇ؟ ھېلىمۇ مېنىڭ بولغىنىم، ھەممە نەرسە يېتىشىۋاتىدۇ. خاتىرجەم بولسىلا، بالام، — دېدى نىساخان بىر قىزىرىپ، بىر سارغىيىپ.

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مېھمانلار چىرايلىق ئۇزىسۇن.

سالاھىدىن ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇسسۇل قىزىغانىدى.

چۈشتىن كېيىنلا كەلگەن ئەھلىمەھەللە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ناماز دىگەرگە يېقىن ئۇزاشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا ئۆز مېھمانلىرىنى باشلاپ چوڭ بىر ئورۇس ساندۇقنى كۆتۈرتۈپ ھەجەرخان يېتىپ كەلدى. ئۇزاۋاتقان مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى توختاپ ھويلىدىكى پېشايۋاندا ئولتۇرۇشتى.

— ۋاي، قۇدىلار يېتىپ كەلدى! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان نۇرنىسا مەنزەردىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايتتى.

قىزىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرگەن ھەجەرخان ئىشىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلىدە مىڭبىر قېتىم شۈكۈرلەر قىلدى ۋە قىزىنىڭ بېشىغا ئىككى مېتىرچە ئۈششاق گۈللۈك يالتىراپ تۇرىدىغان تاۋار رەختىنى ئارتىپ قويدى.

— بالام، يۈزلىرىنى مۇنداق ئېچىۋېلىپ ھويلىدا يۈرمىسىلە، ھازىر ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە، ئوت تۇتۇپ ئاغرىپ قالىلا.

ئانىسىنىڭ سۆزىگە كۈلگۈسى كەلگەن نۇرنىسا تاۋار رەخت بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە مەنزەرگە چىقتى، قىز دوستلىرى دۇتار چېلىشىپ ئۇسسۇلنى قىزىتىۋەتكەنىدى.

نىساخان، نۇرسىمانگۈللەر ھەجەرخان ۋە ئۇنىڭ

مېھمانلىرنى چوڭ مېھمانخانا بىلەن ساراي ئۆيگە باشلىدى. نۇرنىسانى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ھەجەرخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. سازەندە ئايالىلار داپ، دۇتار چېلىپ «غېرىب - سەنەم» داستانىدىكى ناخشىلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. كەينى - كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن چوكان - جۇۋانلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈلگەن پۇللار سازاندە ئايالىلار ئالدىدىكى پەتنۇسقا لىق توشۇپ كەتتى. نۇرسىمانگۇلنىڭ توققۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان قىزى رەشىدە بوينىغا ئېسىلغان مارجانلارنى شىرىقلىتىپ ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ نۇرنىسانىڭ يۈزىگە يېپىلغان تاۋارنى تارتىۋالدى - دە، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ نۇرسىمانگۇلنىڭ ئون ئالتە ياش چېغىدا تۇغقان تۇنجى قىزى ئىدى.

— تولۇن ئاينىڭ ئۆزى ئىكەن!

— ئادەمزاتى دېگەنمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن - ھە!

— سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ئۆلمەي تۇرۇپ ھۆرگە ھەمراھ بولغىنىنى ...

— سالاھىدىن ئاخۇنمۇ قاۋۇل يىگىت، قىزنىڭمۇ بەختى بار ئىكەن.

مېھمانخانا ئېمىنى ياقىلاپ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان چوكان - جۇۋان، موماىلار بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا باشلىدى. يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن ئىرناق ئاتىلاپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان نۇرنىسا ۋىللىدە قىزىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغان مۇھتەبەرنىڭ قولتۇقىغا بېشىنى تىقىۋالدى. ئۇ قىزارغىنىدىن قىزىلگۈلنىڭ ئۆزىلا بولۇپ كەتكەنىدى. قولغا سۇ بېرىلىپ داستىخان سېلىندى. مېھمانلارغا رىشالە سۇركەلگەن نان ئالدۇرغاندىن كېيىن، قورداق قويۇلدى، قورداق يېيىلىپ بولۇشىغا، ئاش تارتىلدى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى.

داستىخان يىغلىپ قولىغا سۇ بېرىلدى، ئاندىن نىساخان بىر بوغچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ھەجەرخاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئىككى ئايال ئورۇس ساندۇقىنى ئەكىردى. نۇرسىمانگۇل بوغچىنى ئېچىپ:

— بۇ پەلتوسى، بۇ كۆڭلىكى، بۇ توپلىيى، بۇ كاستۇمى، — دەپ ساندۇقتا سېلىشقا باشلىدى، — بۇ ساپ ئالتۇندا ئېتىلگەن بىلەزۈكى ...

نۇرسىمانگۇل جۇلالىنىپ تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇن بىلەزۈكنى نۇرنىسانىڭ قولىغا سېلىپ قويدى. ھەجەرخان ئورنىدىن تۇرۇپ «ھەشقاللا رەھمەت» دەپ قۇللۇق قىلدى.

— كۈيۈ ئوغۇل قېيىنئانىسىغا سالام بەرگىلى كىرىۋاتىدۇ، — دېدى بىر چوكان دېرىزىدىن ھويلىغا بىر قارىۋېلىپ، ئۇنىڭ زىل ئاۋازى ھەجەرخاننى ئىشىككە قاراتتى. سالاھىدىن كۆرۈنمىدى. نىساخان:

— سالاھىدىن ئاخۇن ئىزا تارتىپ كىرەلمەيۋاتىدۇ، ئۆزلىرى چىقسىلا بولامدىكىن، — دېدى.

ھەجەرخان نۇرسىمانگۇلنى چاقىرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، نۇرسىمانگۇل چوڭ بىر پەتنۇس ئەكىردى. ھەجەرخان ئولتۇرغان يېرىگە قويۇپ قويغان تۇگۈنچەكنى يېشىپ بىر بەقەسەم تون، ئون نەچچە پاڭچۇ ياغلىقنى ئېلىپ پەتنۇس ئۈستىگە قويدى. ئاندىن پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. كۈيۈ ئوغۇل دەھلىزدىمۇ كۆرۈنمىدى، ئۇ ھويلىغا چىقتى. بىرقانچە دوستلىرى سالاھىدىننىڭ قول ـ يەلكىلىرىدىن تارتىپ ھويلىنىڭ ئۇ چېتىدە ماڭدۇرماي تۇرۇۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن ھەجەرخان توختاپ قالدى.

— بارسىلا، — دېدى نىساخان ھەجەرخانغا.

— ئەمدى بولار، مېھمانخانىدىن چىققاندىن كېيىن كۈيۈ ئوغلۇم ئۆزى كەلسۇن، — دېدى ھەجەرخانمۇ بوش كەلمەي.

— قىيىنئانىسى ئالدىغا كەلمىگۈچە قويۇپ بەرمەيمىز.
— بۇنداق قاۋۇل يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلمەي كىمنىڭ ئالدىغا كېلەتتى؟
— ئالدىغا كەلگۈچىلىكى بار بەگزادە يىگىت ـ بۇ!

سالاھىدىننىڭ ئاغىنىلىرى جاۋىلدىشىپ ئۇنى ھەدەپ ئارقىغا تارتتى. يوغان پەتنۇسنى كۆتۈرگەن ھەجەرخاننىڭ قوللىرى تىلىپ كەتتى، ئۇ يەنە ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭدى.

— بولدى، ماڭمىسىلا، ئانا، ئۆزى كەلسۇن، نېمىدېگەن چوڭچىلىق بۇ؟ — دېدى گۈلسۈم باشقىلارغا ئالدىلىتىپ تۇرۇپ.

سالاھىدىن بىتاقەت بولدىمۇ، يا دوستلىرىنىڭ قىلىقلىرىنىڭ بىرئاز ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ، بىر سىلكىنىپلا بوشىنىپ، قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قۇللۇق، بالام، ئامان بولسىلا، ئاددىي بولسىمۇ ئۆزلىرىگە بىر تونلۇقۇم بار ئىدى، — دېدى ھەجەرخان سەل ھاسىراپ، ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— رەھمەت، خان ئاچا.

سالاھىدىن پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ ئاغىنىلىرىگە ئۇزارتتى ـ دە، ئۆزى ھەجەرخانغا بىر كۆڭلەكلىك ئەنگىلىشىم، ئىككى بولاق قەنت، بىر بولاق ناۋاتنى تۇتتى.

— ھەشقاللا، ئوغلۇم.

ھەجەرخان ئىككى قەدەم كەينىچە مېڭىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ نىساخانغا بىر چاپانلىق قارا دۇخاۋا، نۇرسىمانگۇلگە بىر كۆڭلەكلىك شىپۇن دۇخاۋا، يەنە بىرقانچە ئاياللارغا رەخت قويدى.

سالاھىدىن ئاغىنىلىرىگە بىردىن ياغلىق تۇتۇپ بولۇپ دېرىزىدىن مېھمانخانىغا بويۇناپ قارىدى، مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ياش خوتۇننى كۆرۈپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

نۇرنىسا ئۇچىنچى قېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن،

ھەجەرخان يەنە ئۆزگىرىپ قالدى. يۆتىلى كۈچىيىپ، كۆكسىدىكى سانجىق قوزغالدى. مانا بۈگۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى. ھەجەرخان دېرىزىگە كۆز تىككىنىچە توي كۈنىدىكى مالىمانچىلىقنى، يۈز ئاچقۇ كۈنىدىكى يىگىت قولداشلىرىنىڭ قىلىقلىرىنى ئويلىدى ۋە «خۇدا، ئۆزۈڭگە ئامانەت، شۇ يېتىم قىزىمنى نامەردلەرگە خار قىلمىغايسەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ سامانىدەك سارغايغان يۈزىدىن ياشلىرى سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئىشىك قاتتىق قېقىلدى. «ۋاي خۇدايىم، كىمدۇ بۇ؟» ئورنىدىن ئىتتىك تۇرماقچى بولغان ھەجەرخان بېلىدىن بىرسى قاماللاپ تۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قوپالماي قالدى. ئۇ ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ تەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاستا مېڭىپ ھويلىغا چىقتى، ھويلا ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. بىردىن ھەجەرخاننىڭ يۆتىلى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ ئالدىغا ئېڭىشىپ قولى بىلەن ئاغزىنى توستى، ئىشىك يەنە قېقىلدى.

— مانا! — ھەجەرخان كۈچەپ توۋلىغان بولسىمۇ، ئۇنى خىرقىراپ ئاستا چىقتى، ئۇ كەشىنى سېپىپلا چىققاچقا ئايىغى قارغا پېتىپلا كەتتى. «نۇرنىسامىدۇ، گۈلسۈممىدۇ؟ كىمدۇ بۇ؟» دەپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە نۇرنىسا قولىدا بىر نەرسىنى كۆتۈرگىنىچە تۇراتتى.

— جېنىم بالام، كەلدىڭمۇ؟

— ئانا!

ئۇستىبېشى ئاپپاق قار بولۇپ كەتكەن نۇرنىسا بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ پۇتلىرىنىڭ دىرىلدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى.

— ۋىيەي، جېنىم ئانا، كەشىڭنىڭ ئىچىگە قار توشۇپ كېتىپتۇغۇ؟ — نۇرنىسا ھەجەرخاننى ئايۋاننىڭ سۇپىسىغا

ئـولتۇرغـۇزۇپ كـەشـتـى سـالدۇردى، — ئـوت يـاقـالـمـىغـان ئوخشىمامسەن، ئۆيئىچى ئەجەب سوغۇققۇ؟

— بەكلا مىجەزىم يوق، بالام، ئوت ياقالمىدىم، قىرىغانـدا يالغۇزلۇق يامان ئىكەن، — زارلاندى ئانا.

— تـويۇمنى قـىلـمـىغان بولسـاڭ ساڭا ھەمـراھ بولاتتـىم، يالغۇزمۇ قالمايتتىڭ، ئانا.

— تويۇڭنى قىلـىۋېلىپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. تويۇڭنى قىلـىۋالمىغـان بولسام غـەمدىن باش كـۆتۈرەلمەيـتتـىم، بـالام. تويۇڭنى قىلىۋالغاندىن كېيىن يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولـۇپ، ئارام تېپـىپ قالدىم. يالغۇزلـۇق تارتساممۇ كۆڭلۈم خاتىرجەم، خۇداغا مىڭ شۈكۈر.

نـۇرنىسا ئـانىسـىنىڭ مەڭـزىگە يۈزىـنى يېـقـىپ بىـرپـەس تـۇرغاندىن كـېيىن، ئـانىسـىنى يۆلەپ كـىچىك مـېھمانـخانىغا ئەكىردى. مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلـغاندا سېتىۋالغـان چويۈن مەش مـۇشۇ ئۆيگـە قويۇقلۇق ئىدى. نۇرنىسا مەشكە ئوت ياقتى.

— سېنى بەكمۇ سېغىندىم، ئانا، ھەر كۈنى كېلىپ كۆرۈپ كەتكۈم كېلىدۇ، شۇغىنىسى كۈيۈ ئوغلۇڭ قويمايدۇ.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، قىزىم، ئايال ئەردىن بىسوراق ئىش قىلسا بولمايدۇ، سالامەت تۇرساڭلا كۇپايە، ئېرىڭ رۇخسـەت قىلغاندا مېنى كۆرگىلى كەلسەڭمۇ بولىدۇ. بۈگـۈن كېلىپ ئوبدان قىپسەن، بەك خۇش بولدۇم، مىجەزىم يوق بولۇپ قالغان كۈنلىرى ئۆزۈمدىن بەكرەك ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

ھەجەرخان مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن كۆكتات ئىلغاۋاتقان قىزىغا قارىدى، نۇرنىسانىڭ سوغۇقتىن گىردە ناندەك قىزىرىپ كـەتكەن يۈزلـىرى ئاقـىرىشقا بـاشلـىغـانىدى. ئـۇ بـۈگـۈن نېمىشقىدۇر غەمكىن كۆرۈنەتتى، ئانا ئۇھ تارتتى.

— بالام، ئالدىنقى قېتىم سەن كېلىپ كەتكەندىن كېيىن

ئاچاڭمۇ مېنى يوقلاپ كەلدى. خۇدايىم ماڭا كۆپرەك پەرزەنت بەرمەپتىكەن. بىر ئوغلۇم بولسىغۇ يالغۇز قالماس ئىدىم، — ھەجەرخان يىغلامسىراپ ياستۇققا يۆلەندى.

— ئانا، بىرئاز گۆش، كۆكتات ئەكەلگەنىدىم، نېمە تاماق ئېتىپ بېرەي؟ — سورىدى نۇرنىسا.

— نېمىشقا بىرنەرسە كۆتۈرۈپ كېلىدىغانسەن، بالام، «تىنچ كۆڭۈل، تۈزسىز ئاش» دەپتىكەن. مەن ئۈچۈن سەن قىممەتلىك، مېنى دەپ ئازار يەپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن، قىزىم.

— ئانا، ئۇ كىشى ئۆزى ئانىلىرىغا نەرسە - كېرەك ئالغاچ بارسىلا، دەپ پۇل بەرگەنىدى. شۇڭا ئالغاچ كېلىۋىدىم، لەڭمەن ئېتىپ بېرەيمۇ ياكى نېرىن چۆپمۇ؟

— قېرىغان، كېسەلمەن چېغىمدا خېمىرنى پىلتا قىلىش، سوزۇش تەس كېلىدىكەن، كۆكتاتمۇ ئەكەپسەن، بالام، لەڭمەن ئېتىپ بەرگىنە.

— ماقۇل، ئانا، — نۇرنىسا ھەجەرخاننىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— بالام، ئاران كەلگىنىڭدە ئىشقا سالىدىغان بولدۇم، مەنمۇ بىقىشاي، — ئورنىدىن تۇردى ھەجەرخان.

— ياق، ئانا، مىجەزلىك بولمىغاندىكىن، بىردەم يېتىۋال، ساق چېغىڭدا ماڭا قىلدۇرمىدىڭ، ئاغرىپ ياتقىنىڭدىمۇ قىلدۇرمامسەن ؟ بۇ نۆۋەت سەن ساقايمىغۇچە كەتمەيمەن، بۇنداق يالغۇزلۇقتا يېتىپ قالغىنىڭنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى.

قىزىنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەم تەسىرلەندى ھەم نېمىگىدۇر گۇمانلاندى:

— ھازىر ئەھۋالىڭ قانداقراق، بالام؟ — دەپ سورىدى ئانا.

— ئەھۋالىم يامان ئەمەس، — دېدى قىزى خىيالچان ھالدا مۆڭلىنىپ، — كۆيۈ ئوغلۇڭ كۆنچىدەك قىلىدۇ.

— قانداق بىلدىڭ؟ — سەگەكلىشىپ سورىدى ئانا.

— تۈيدىن كېيىن ئون بەش كۈننى توشتۇرۇپ بۇ ئۆيگە كېلىپ كەتكۈچە يېڭىياچىلىقتا ماڭا ھېچ ئىش بىلىنمىدى، — قازانغا ياغ قۇيۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى نۇرنىسا، — ئۇ ئۆيدە قېيىنئاتام، قېيىنئانام، قېيىنئاچام، قېيىنئىنىلىرىم بولمىغاندىكىن، ئۇ كىشى دۇكىنىغا چىقىپ كەتسە مەنمۇ ھۇۋقۇشتەك يالغۇز قالىمەن. ھەر كۈنى ئۇ كىشى بىر ئەپكەشنى باشلاپ كېلىپ ئۆيدىكى كۆپكە سۇ توشتۇرۇپ بېرەتتى. بىر قېتىم كۆپتە سۇ تۈگەپ كېتىپتۇ، ئۇ كىشى ئەپكەشكە سۇ ئەكەلدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ قانداق بىلمىدىم. چۈشتە كېلىپ تاماق يەپ، تاھارەت ئېلىپ ئاندىن چىقىپ كەتتى. مەن ئىككى چېلەك سۇ ئەكىردىم. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم پوكۇلداپ سېلىپ كەتتى. سۇنى كۆپكە قۇيۇپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك ئېچىلدى، قارىسام، تويۇم بولماستا كۆل بېشىدا ماڭا چېقىلماقچى بولغان ھېلىقى يۇنۇس ھەتتاننىڭ ئوغلى ساۋۇت ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

«نېمىدەپ خەقنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىسەن؟ ھازىر چىقىپ كەت!» دەپ توۋلىسام، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «خېنىم، ئاچچىقلانمىسىلا، ئەرلىرى ھازىر كەلمەيدۇ. بىر ئايدىن بېرى ئىشىكلىرىنى ماراپ تاقىتىم تاق بولغاندا ئۆز ئاياغلىرى بىلەن سۇغا چىقىپتىلا، ئەگەر ۋارقىرايدىغان بولسىلا خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزلىرىنى شەرمەندە قىلىمەن، مەن بولسام ئەر كىشى، خەلق ئالدىدا ئۆزلىرى رەسۋا بولىلا، ھى - ھى - ھى» دېمەسمۇ، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تاپىنىمدىن كىرگەن ئوت مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى، ئانا، ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە ئېرىم كىرىپ قالىدىغان بولسا ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتى.



قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، ئالدىمغا كۆلۈپ كېلىۋاتقان ساۋۇتقا: «ساۋۇت ئاكا، ھەرقانداق ئىش بولسا لايىقىدا بولغىنى ياخشى، ئۆيگە كىرسىلە بولمايدۇ، كەلسىلە، ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ پېشايۋاندا ئولتۇرسىلا، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرەي» دېۋىدىم، ساۋۇتنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ: «جېنىم خېنىم، شۇ بىر پىيالە چايلىرىنى ئىچەي دەپ ئىككى يىلدىن بېرى ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتىمەن. كېچىلىرى كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق» دەپ لاۋزىلاشقىلى تۇردى. مەن ئاشخانىغا كىردىم. كۆزۈم چەينەككە ئەمەس پالتىغا چۈشتى. مەن پالتىنى كۆتۈرگىنىمچە ھويلىغا چىقتىم:

— سەن نا ئەھلىنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ ئېرىمنىڭ قولىدا ئۆلگۈچە، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئۆلگىنىم ياخشى، — دېدىم ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

— ئۇ ـ ئۇ ... خېنىم، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان ساۋۇت چىرايى ئۆڭۈپ، — قىيامەتكىچە قۇللىرى بولاي، نېمە دېسىلە ماقۇل دەپ، نېمە كىيسىلە ئېلىپ بېرەي. دىدارلىرىدىن مەھرۇم قىلمىسىلا، سىلىسىز ماڭا بۇ ئالەم ھارام، — ساۋۇت خۇپسەنلىك بىلەن يىغلامسىرىدى. ئۇ ماڭا سىناش نەزىرى بىلەن ئاستىرتىن تىكىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى چېپىۋېتىش قارارىغا كېلىپ ئالدىغا يۈگۈردۈم. ئۇ مېنىڭ ئەلپازىمدىن چۆچۈپ قېچىپ چىقىپ كەتتى، مەن شۇئان ئىشىكنى يېپىپ ئىچىدىن زەنجىرلىدىم. بۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈم قانائەت قىلماي دەمىنىمۇ سېلىپ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم. بۇ ئىش ماڭا ھار كېلىپ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتىمەن، ئاش ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن.

— كېيىن نېمە بولدى، بالام؟ — دەپ سورىدى ھەجەرخان گەپنىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

نۇرنىسا داڭقاندىكى قورۇمىنى ئارىلاشتۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— ئۇ كىشى كەلگەندە كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىشىك قېقىلدى، مەن ئىتتىك هويلىغا چىقىپ: «كىم؟» دېسەم، «مەن» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ئىشىكنى ئاچتىم، ئۇ ماڭا قاراپ:

«نېمە بولدۇڭلا، رەڭگىڭلا بىر قىسمىلىغۇ؟» دەپ سورىدى.

مەن: «مىجەزىم يوق» دېدىم يەرگە قاراپ.

«ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدىڭلىمۇ نېمە؟» سورىدى ئۇ يەنە قەغەزگە يۆگەلگەن بىر نەرسىنى ماڭا بېرىپ. ئېچىپ قارىسام، سامسا ئىكەن. ھەر قېتىم ئۆيگە كەلگەندە بىر نەرسە ئالغاچ كېلەتتى. تاشقىرىدىن قۇرۇق قول كىرمەيتتى...

نۇرنىسا سۆزىدىن توختاپ داڭقاندا پىژىلداپ قورۇلۇۋاتقان قورۇمىنى بىرقانچە قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە ئازراق سۇ قۇيۇپ قويدى. ئۇ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئانىسىغا قاراپ دېدى:

— مەن ئۇ كىشىنىڭ سوئالىغا ئۇنداق ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن تاماق ئەتمەپسىلىغۇ، دەپ سورىدى.

مەن: «سۇ يوق ئىكەن، ئۆزۈم ئىككى چېلەك سۇ ئەكىرىپ ئاش ئېتەي دەپ تۇرسام قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەردىم. ساۋۇتنىڭ ئۆيگە بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئېيتاي دېدىم - يۇ، ئېرىمنىڭ هاۋادەك تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

«نېمىشقا ماڭا ئەتىگەندە سۇ يوق دېمىدىڭلا؟ — ئۇنىڭ قاپىقى تۇرۇلۇپ كۆزلىرى ماڭا قادالدى، — بىرسى كەلدىمۇ نېمە؟» دەپ سورىدى.

«سۇنىڭ تۈگەپ قالغىنىنى بىلمەپتىمەن» دېيىشىمگە، ئۇ ئىككى دولامدىن قاماللاپ تۇتۇپ كۆزۈمگە تىكىلىپ بىر

قارىۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىردىم. ئۇ كىشى ئىككى قولىنى بويىنىنىڭ كەينىدىن گىرەلەشتۈرۈپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. مەن يېنىغا ئولتۇرسام، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ مەندىن گۇمانلانغان چېغى، بىردەم ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئەپكەشنى باشلاپ كەلدى. ئەپكەش كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ساقاللىق سارغۇچ ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دۇگدىيىپ تۇرغان ھالىتىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىپ: «ماۋۇ ئاكامغا چاي بېرەيمۇ؟ بەك توڭلاپ كېتىپتۇ» دېۋىدىم، ئۇ: «نان چىلاپ بېرىڭلا» دېدى.

مەن بىر توقاچنى چىنىگە چىلاپ چاي قۇيۇپ كۆتۈرۈپ مېڭىشىمغا، ئۇ كىشى چىنىنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ ئۆزى ئەپكەشكە ئاچىقىپ بەردى. ئەپكەش مۆڭ ئادەممۇ، يا يوقسۇزلۇقىدىن كەم گەپ قىلامدۇ، چاينى ئىچىپ بولۇپلا رەھمەتمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. ئۇ كىشى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم چۈشتە ئەمەس، چاشكا ۋاقتى بىلەن دۇكاندىن يېنىپ كەلدى. بۇرۇن كەچتە ناماز شامغا ئۇلگۇرۇپ كېلەتتى. كېيىن ناماز دىگەر بولماستىن قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئانا، بۇنىڭغا قاراپ مەندىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ ئىچىم سىقىلىدىغان بولۇپ قالدىم...

نۇرنىسا داڭقاننى چەتكە ئېلىپ، ئوچاقتا قازاننى ئېسىپ سۇ قۇيۇپ ئوتنى ئۇلغايتتى، گەپنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى پەملىگەن ئانا بىتاقەت بولۇپ:

— گېپىڭنى داۋاملاشتۇرىۋەر، بالام، كېيىن ئېرىڭ بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالمىغانسەن؟ — دەپ سورىدى. نۇرنىسانىڭ نېمە ئۈچۈندۇر «ئېرىم» دەپ ئېيتىشقا تىلى بارمايتتى. ئېھتىمال ئىزا تارتقانلىقىدىن ياكى بولمىسا قانداقتۇر بىر تۇيغۇنىڭ «ئېرىم» دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئېلىشىغا توسقۇن

بولۇۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇ تىترەك ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇ ئىش بولۇپ ئوننىچى كۈنى بۇ ئۆيگە كەلگەنىدىم، ئېسىڭدىمۇ ئانا؟ ئۇ كۈنى ناماز دىگەر بولماستىنلا قايتىپ كەتتىم. يولدا مۇھتەبەرنىڭ ئۆيىگە باش تىقىپ ئۆتتۇم، ئۇ مېنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىمىسام ئۇنىماي تۇتۇۋېلىپ تۆگرە سېلىپ بەردى. ئۇ مېنىڭ باشقا غىزالارغا قارىغاندا تۆگرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتى، تاماقنى يەپ بولۇپ سىرتقا قارىسام، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. دەرھال قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

«ۋاي نېمانچە قورقىسەن، ئاداش؟ — دېدى مۇھتەبەر ئالدىمنى توسۇپ، — ھېلىتىنلا ئېرىكىدىن بۇنداق قورقساڭ كېيىن قانداق قىلارسەن؟»

«بۇ قورقىقانلىقىم ئەمەس، كېتەي، ئاداش، كەچ كىرىپ كېتىپتۇ» دېدىم ئۇنىڭغا.

مەن مۇھتەبەرگە ساۋۇتنى قانداق ھەيدەپ چىقارغانلىقىمنى ۋە ئېرىمنىڭ ئەلپازىنى سۆزلەپ بەرسەم. ئۇ: «ئاپىرىپ قويساي» دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ئۇزۇم كېتەي، دەپ خوشلاشتىم. ئۆيگە كەلسەم ئۇ كىشى تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا: «بۇنداق كەچتە يول ماڭماڭلا» دېدى. بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئوچۇق - يورۇق يۈرىۋەردىم. ئۇ كىشىنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ياخشىلاندى. لېكىن، دۆكىنىدىن بىمەھەل قايتىپ كېلىپ، بىمەھەل كېتىپ قالىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلۇشكۈن ئۆزى ھېلىقى ئەپكەشنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئەپكەش كۆپنى تولدۇردى، قارىسام، توڭلىغانلىقىدىن چىرايى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، بىر چىنىگە نان چىلاپ ئۈستىگە قورۇۋاتقان قورۇمىدىن ئازراق سېلىپ بەرگەنىدىم، خۇش بولۇپ ئىچىۋالدى. «رەھمەت خېنىم» دەپ مېڭىشىغا، ئۇ

كىشى كىرىپ كەلمەسمۇ !

«سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟» سورىدى ئۇ ئەپكەشتىن چىرايى ئۆڭۈپ.

«سۇ، سۇ ...» دېدى ئەپكەش دۇدۇقلاپ. ئۇ كىشى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى: «ئەر كىشى يوق ئۆيگە نېمىدەپ كىردىڭ؟» ئۇ شۇنداق دەپ سورىغاندا پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كەتتى، جېنىم ئانا، بۇ ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئەپكەشنىڭ ئورنىغا مەن جاۋاب بەردىم: «ئۆزلىرى باشلاپ كىرلىغۇ، كۈپنى تولدۇردى، توڭلاپ كېتىپتىكەن، بىر ئاز نان چىلاپ بەردىم. يامان بوپتۇمۇ؟»

ئۇ كىشى مېنىڭ سۆزۈمگە پەرۋا قىلماي: «بۇ ئۆيگە ئىككىنچىلەپ پۇت تىققۇچى بولما !» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، ئەپكەشنى سۆرىگىنىچە ئىشىكتىن كوچىغا ئىتتىرىۋېتىپ چىلەك، بالداقلىرىنى كوچىغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىغاچىداپ تۇرالماي مەنمۇ ئۆڭدۈم: «نېمە بولدىلا ! مېنى نېمىدەپ ئويلاۋاتىدىلا؟ سىلى ئويلىغاندەك پەس تەبىئەتلىك ئايال ئەمەسمەن ! ئۇ غېرىبقا ئازار بەرگەنلىكلىرى ماڭا ئازار بەرگەنلىرى ئەمەسمۇ؟»

ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ چاچلىرىمنى قاماللاپ تۇتتى ـ دە، سۆرەپ ئۆيگە ئەكىردى. «ئاستىراق گەپ قىل، مەن ئېرىڭمەن ! سەن مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما، بولامدۇ؟!» دېدى ماڭا ۋارقىراپ.

«مەن نېمىگە ئارىلاشتىم شۇنچىۋالا ئاچچىقلانغۇدەك؟» دېدىم ئۇ كىشىگە. ئۇ كاچىتىمغا چاڭگىدە بىرنى سالدى. مەن دەلدۈگۈنۈپ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدىم. جېنىم ئانا، راستىنى ئېيتسام، ئۇ كىشىنى خاپا قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە، ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇ كىشىنىڭ

خۇش بولۇشى ئۈچۈن رايىغا ياقاتتىم. دۇكاندىن كېلىشىگىلا تونىنى سالدۇرۇپ قاقاتتىم، ئۆتۈكلىرىنى سۈرتەتتىم. تاھارىتىگە سۇ بېرەتتىم، تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇياتتىم، ھاردىم ـ ئاچتىم دېمەيتتىم. ئۇ كىشىمۇ ھالىمغا يېتىپ ھەر قېتىم ئۆيگە كىرسە قۇرۇق كىرمەيتتى. كۆڭلۈمنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى. مەن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزەتتىم. كۈنچىلىك قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنمۇ مېنى بۇنداق خورلىمىغانىدى. مەڭزىمگە كاچات تەگكەندىن كېيىنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى باستىم، گەپمۇ قىلماي كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى بوغچىغا يۆگەپ كۆتۈرگىنىمچە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئانا، ئۇ كىشى مېنى ھەرقانچە رام قىلىۋالغان ھالەتتىمۇ، خورلىنىپ تۇرۇپ ئالدىدا بېزىرىپ ئولتۇرۇشنى نومۇس بىلدىم.

مېنىڭ يامانلاپ ماڭغىنىمنى كۆرۈپ: «توختا !» دەپ ۋارقىراپ ئالدىمنى توستى ۋە مېنى كۆتۈرۈپلا كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ: «نەگە بارىسىلە؟» دەپ بوش ئاۋازدا سورىدى.

مەن: «ئۆز ئۆيۈمگە — ئانامنىڭ يېنىغا كېتىمەن !» دېدىم، ئۇ: «مېنى تاشلاپ كېتەمسىلە؟» دېۋىدى، مەن: «تاشلاپ كەتمەيدىغاننى تېپىۋالالا !» دېدىم.

ئۇ مەندىن ئەپۇ سوراپ بېشىمنى سىلىدى، كۆز يېشىمنى قولى بىلەن ئېرتتى، مەن ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى مېنى يامانلاپ كەتكىلى قويمىدى.

سۆزلىگەچ خېمىرنى پىلتا قىلىپ بولغان نۇرنىسا ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتتى.

— كېيىن يەنە باشقا گەپ قىلمىدىمۇ؟ — سورىدى ئانا قىزىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ.

— ياق، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئامراقلىق قىلىدىغان

بولدى. ئەمما، يەنىلا كۆندۈزلىرى دۇكاندىن تۈيۈقسىز يېنىپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە تېخى ئۆگزىگە چىقىپ سەپسالىدىغان، كېچىسى مېھمانخانا ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ياتىدىغان ئىشنى تېپىۋالدى.

نۇرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ قايىنىغان قازاننىڭ تۈۋۈكىنى ئېلىۋېتىپ لەگمەن سوزۇشقا باشلىدى.

— بالام، — دېدى ھەجەرخان، — بۇنداق ئىش كىچىك چېغىمدا مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن. ئەر خەقلەرنىڭ كۆنچىلىك قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەرلىك ۋىجدانىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولىدۇ. سەن بىلەمسەن، قىزىم، دادىڭ تا ئۆلۈپ كەتكۈچە سەرگەزچى قوشنىمىزدىن مېنى كۈنلىگەندى. ئۇ ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئۆگزىگە چىقىپ قارايتتى. ئەگەر گۈل بېسىپ چىققان سەرگىزنى ئۆگزىدىكى تامغا يېيىۋاتقان سېرىق بۇرۇت ئۇستامنى كۆرسە جېنى چىقىپ كېتەتتى. مەنمۇ ئۇ ئۇستامغا بىر قېتىممۇ سۆز قىلىپ باقمىغانىدىم. ئۆزۈممۇ ئۇ ئۇستام ئۆگزىدىكى چاغدا ھويلىغا چىقىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتىم. بالام، «ئەر كۈنلىسە ئۆي تۈزۈلىدۇ، خوتۇن كۈنلىسە ئۆي بۇزۇلىدۇ» دېگەن ماقال بار. سېنى كۈنلىگەن بولسا، سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ۋىجدانى بار ئىكەن. كىشىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ ئەمەسمۇ، سەن بۇنىڭغا خاپا بولما، ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما، قىزىم.

— ئانا! — دېدى قازانغا ئاش سېلىۋاتقان نۇرنىسا قاشلىرىنى يىمىرىپ، — بىكاردىن - بىكار كۈنلەش ئوبدان ئىشمۇ؟ ئەر دېگەن خوتۇنىغا ئىشەنمىسە، خوتۇن كىشى قانداقمۇ بەختلىك بولالايدۇ؟ خوتۇن ئەرگە ئىشەنگەندىكىن، ئەرمۇ خوتۇنىغا ئىشەنسە، كەلسە - كەلمەس كۈنلىمىسە، ئۇ چاغدا تۇرمۇش ھەقىقىي كۆڭۈللۈك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەر

كۆڭلىسە خوتۇن ئۇچۇن ئازاب بولىدىكەن.

ھەجەرخان كىچىك چېغىدىن سۆزمەن، بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە سوراشتىن توختىمايدىغان، كىتابقا ئامراق قىزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، «ئەر كىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ ـ دە، بۇ قىزىم، شۇڭا ئۆزى بىلگەنچە ئويلايدۇ» دېدى ئىچىدە.

— قىزىم، جېنىم بالام، ئەر كۆڭلىسە يامان ئالىدىغان خوتۇن ئەرنىڭ نېتىنى يېيەلمەيدۇ، سالاھىدىن ئاخۇنغا قېيىدىما، ھەرگىز كوچا ـ كويغا ئىختىيارىڭچە چىقىپ قالما، ئېرىڭ نېمە دېسە شۇنى قىل. سۆز ياندۇرما، سۆز ياندۇرغان خوتۇن ئەردىن ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. بالام، بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭدە تۇتقىن، — دېدى ھەجەرخان قىزىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ.

— يەنە بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئانا، — دېدى نۇرنىسا سۆز ئارىلاپ، — ئۇ ئۆيدە «مىڭ بىر كېچە» دېگەن كىتاب بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇنى بەكمۇ قىزىقىپ ئوقۇپ كېتىپتىمەن، بىر چاغدا مېھمانخانا ئىشىكى غىچچىدە ئېچىلىپ ئۇ كىشى كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. ماڭا باشقا گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، كىتابنى قولۇمدىن ئېلىپ كىتابدانغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويدى. سورىسام بەرمىدى، يېقىندىن بۇيان دۇتارمۇ چالدۇرمايۋاتىدۇ، بۇنىڭغا چىدىماق تەس ئىكەن، ئانا.

نۇرنىسانىڭ ئاۋازى بوش، مۇڭلۇق چىقتى. ئۇ يېرىم تەخسە ئاش راسلاپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى، ھەجەرخان ئاشنى يەپ ئولتۇرۇپ:

— بەك ئوخشاپتۇ، بالام، خېلىدىن بېرى ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ تاماقمۇ يېگۇم كەلمەيتتى. بۇ ئېشىڭ ماڭا بەك تېتىدى، — دېدى.

نۇرنىسا ئۆزىگە ئاش راسلاپ داستىخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەمگە پاتتى. قىزىنىڭ ئۇندىمىگەنلىكىدىن كۆڭلى خاۋاتىرلەنگەن ئانا ئاشنى يەپ بولغۇچە قىزىغا قانداق تەسەللىي بېرىش ۋە ئۇنىڭ بېشىدىكى غەم بۇلۇتلىرىنى قانداق تارقىتىۋېتىش ئۈستىدە خىيال سۈردى.

— بالام، ئەر كىشى ئۇچۇن ئايال ئالتۇندىنمۇ ئەتىۋار! ئايال ئۇچۇن ئەر گۆھەردىن قىممەتلىك. بۇنى بىلىپ يەتكەنلەر ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بۇنى بىلىپ يېتەلمىگەنلەر ھەر كۇنى جەڭگى ـ جېدەل قىلىدۇ، تۇرمۇشى تۇرمۇش بولمايدۇ. سەن ئوقۇغان، ئاق ـ قارىنى پەرق قىلالايسەن، سالاھىدىن ئاخۇننىڭ مىجەزىگە قاراپ ئىش تۇت، گېپىڭگە قارىغاندا سېنى كۆڭلەشكە باشلاپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نەرسىدىن كۆڭلىشى مۇمكىن. كىشىلەر: «بەزى ئەرلەر خوتۇنىنى ئاپتاپتىنمۇ كۆڭلەيدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭغا خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، جېنىم بالام، — دېدى ھەجەرخان قاچىنى داستىخانغا قويۇپ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدىكەن، ئانا، — نۇرنىسا شۇنداق دېدى ـ دە، پىلتىنى سوزۇشقا باشلىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىگە قايىل بولمىغانىدى. ھەجەرخان قىزىنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزىدە ھەممە ئاياللارنى ئويغا سالىدىغان چوڭقۇر مەنە بارلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ قىزىنىڭ تىزىغا قولىنى قويۇپ:

— بالام، نېمىشقا سىقىلىسەن؟ سىقىلماي يايراپ يۈرۈۋەرگىن، — دېدى قىزىنى قايىل قىلغۇدەك باشقا سۆز تاپالماي.

نۇرنىسا يەنە ئازراق ئاش راسلاپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. تويدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن بۇنداق سىردىشىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

※ ※ ※

كۈندۈزى ياغقان قار كەچقۇرۇن توختىغانىدى. نۇرنىسا پېشىنغا يېقىن ئەتكەن ئىشىنى ئانىسىنىڭ ئاشۇرماي يىگەنلىكىدىن سۆيۈندى. ئۇ داستىخاننى يىغىۋېتىپ، گۈرجەكنى ئېلىپ هويلىغا چىقىپ يەرنى ئاپپاق ئاقارتىۋەتكەن قارنى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ۋە ئىشىك تۈۋىگە دۆۋىلىدى. ئاندىن ئىشىك ئالدىنىمۇ پاكىز سۈپۈرۈپ چىقتى. ئاچچىق سوغۇق يۈز ـ قوللارغا نەشتەردەك سانجىلاتتى. سوغۇقتا مەڭزى قىزىرىپ، قوللىرى ئۈيۈشۈپ قالغان نۇرنىسا مېهمانخانىغا كىرگەندە ئانىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ جۇدەپ قالغان ئانىسىغا ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈنۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئانام بۇنداق يېتىپ قالغاندا تاشلاپ كەتسەم بولمايدۇ، بۈگۈن ئۆيگە قايتمىسام ئۇ كىشى كېچىنى ئۆزە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشى، ئۆلگۈدەك جىلە بولۇشى تۇرغانلا گەپ. مەيلى، نېمە بولسا بولمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى نۇرنىسا. ناماز شامغا ئەزان ئېيتقاندا هەجەرخان ئويغاندى.

نۇرنىسا ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتقان ئانىسىنىڭ پۇت ـ قوللىنى تۇتۇپ، بەدەنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. «ئەجەب ياداپ كېتىپتۇ، ــ ئويلىدى ئۇ، ــ دادام بولسا بۇنچىلىك كېسەلمەن بولۇپ كەتمەس ئىدى، جېنىم ئانا، دەردىڭگە دەرد قوشۇپ، غېمىڭنى ئاشۇرۇپ قويغان ئوخشايمەن ...»

ــ بالام، ئويلانما، هەسرەتلەنمە، خۇدايىم تىنچ ـ ئامانلىق بەرسۇن، ــ ئانا قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك شۇنداق دېدى.

ــ دېگىنىڭ كەلسۇن، ئانا، ــ نۇرنىسا ئانىسىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، مەشتىكى ئۆچۈشكە باشلىغان چوغنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتىپ،

قازاننى ئېسىپ گۆش سالدى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز ئىشىك قېقىلدى، نۇرنىسا ئىشىكنى ئاچقىلى ماڭغانىدى، ھەجەرخان ئۇنى توختىتىۋالدى.

— يېڭى چوكان ئىشىك ئاچقىلى چىقمىغان ياخشى، كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. مەن ئۆزۈم ئاچاي، — ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ نۇرنىسانىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى، ئۇ مەشىنىڭ يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرۇپ دېرىزىدىن ھويلىغا سەپسالدى. ئانىسى بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكتە سالاھىدىن تۇراتتى، ھەجەرخان كۈيئوغلىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆيگە باشلاپ كىردى. سالاھىدىننى كۆرگەن نۇرنىسانىڭ ھەم ئاچچىقى تۇتتى، ھەم خۇشلۇقى كەلدى. «ئۇ كىشى مېنى ئەكېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشايدۇ، ئانام ساقايغۇچە كەتمەيمەن» دەپ ئويلىدى نۇرنىسا كۆڭلىدە.

ئۆيگە كىرىپ كەلگەن سالاھىدىن خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان خوتۇنىغا قاراپمۇ قويماي، تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ بولۇپلا قېينانىسىدىن سوغۇقلا تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى، ئېرىنىڭ بۇ پەيلىگە قاراپ نۇرنىسانىڭمۇ خۇيى تۇتتى. ئۇ تۇخۇم سېلىپ يۇغۇرغان خېمىرنى ئىككى كاللەك قىلىپ سۇپىرىدا يېيىشقا باشلىدى.

كۈيئوغلىنىڭ كەلگىنىگە تولىمۇ خۇش بولغان ھەجەرخان داستىخان سېلىپ مەزە - گېزەك قويدى. چاي قۇيۇپ، ناۋات سېلىپ سالاھىدىنغا سۇندى.

— بالام، ئۆزلىرىنى كۆرگۈم كەلگەنىدى، كېلىپ كېتەيمۇ دېمەلە. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ساقلىقىم يوق ياتتىم، بۇگۈن نۇرنىسانى ئەۋەتىپتىكەنلا، ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۆمۈرلىرىگە دۇئا قىلدىم. قىزىم بىر كېچە قونۇپ قېلىپ ئەتە ئەتىگەن سىلىنى قىچقىرىپ كەلمەكچىدى، كەلگەنلىرى ئوبدان بولدى، ئالسىلا، مەزەگە باقسىلا، — دېدى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي.

— ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپماپتىمەن. نۇرنىسا كەچ قالغاچ ئۆزۈم بېرىپ باقاي دەپ كېلىشىم، — قاپىقىنى ئاچماي جاۋاب بەردى سالاھىدىن.

— ئوبدان قىپسىلا، بالام، پات - پات يۈرىكىم قوزغىلىپ يېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم، يالغۇزلۇق يامان ئىكەن. خۇدايىم ئىككىلىرىگە ئارماندا قالمىغۇدەك قىز - ئوغۇل پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلغاي، قېنى بالام، مەزەدىن ئالسىلا.

ھەجەرخان يىغلامسىراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئۇ ئاش كېسىۋاتقان قىزىغا قاراپ:

— بالام، ھالىڭىز ئەتىسلە، — دەپ جورۇدى.

— بولدى، خان ئاچا، ھالىڭىز ئەتىمىسۇن، ھالىڭىزغا زوقۇم يوق، تەييار تاماققا ئۇلگۇرۇپ كەپتىمەن. شۇنىڭدىن يەي، — دېدى سالاھىدىن نۇرنىساغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ. نۇرنىسا ئانىسىغا قارىدى، ھەجەرخان:

— سەت بولىدۇ، بۇ ئۆيگە ئاران بىر كەلگەندە ھالىڭىز ئەتمىسەك قانداق بولىدۇ؟ — دېدى تەكەللۇپ بىلەن.

— رەھمەت، خان ئاچا، ھالىڭىز ئەتمىسۇن، ئاش يەي، — دېدى سالاھىدىن. ئويۇقتىكى پانارنى يېقىپ قويغان نۇرنىسا قايتىدىن ئولتۇرۇپ ئاش كېسىشكە باشلىدى. ھەجەرخان دۆشە ئۈستىدىكى گۆشنى توغراپ نېرىن ئەتتى.

«خان ئاچامنىڭ ئاغرىقى بەك ئېغىر بولمىغاندىكىن نۇرنىسانى ئەكېتەي. كۆندە كېلىپ خەۋەر ئېلىپ تۇرار، ئەر كىشى يوق ئۆيدە قونۇپ قالسا ياخشى بولماس» دېگەن ئويغا كەلگەن سالاھىدىن نۇرنىساغا ئاستىرتىن زەن سالدى. قازانغا سالغان ئاشنى ئېلىشتۇرۇۋاتقان نۇرنىسانىڭ ئۆرۈمە - ئۆرۈمە چاچلىرى ئىككى بىقىنىدىن چۈشۈپ ئاپپاق پاقالچىقىغا تېگىپ تۇراتتى. سالاھىدىن كۆزىنى داستىخانغا تىكتى، نۇرنىسا چۆپنى تەخسىگە ئۇسۇپ شورپا قۇيدى، ئاندىن ئۈستىگە قارىمۇچ

چاچتى ۋە ئىككى پارچە چامغۇرنى ئۇستىگە بېسىپ سالاھىدىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دەپ تەخسىنى قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى سالاھىدىن.

— ياق، بالام، ئۆزلىرى باقسىلا، — دېدى ھەجەرخان ئاشنى سالاھىدىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

نۇرنىسا يەنە بىر تەخسىگە ئاش راسلاپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن ئۆزىگىمۇ بىر تەخسە ئاش راسلىدى. نۇرنىسا ھەرقانداق نەرسە يېسە ئاۋاز چىقارماي يەيتتى، بۇنىڭغا ئانىسىمۇ ھەيران قالاتتى. سالاھىدىنمۇ خوتۇنىنىڭ بۇنداق سىلىق تاماق يېيىشىگە قاراپ مەستلىكى كېلەتتى. بۇ قېتىممۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ خوتۇنىغا زوقلىنىپ بىر قارىۋالدى. نۇرنىسامۇ ئېرىگە قاراپ قىزارغىنىچە چىنىنى قويدى. نۇرنىسا ئېرىنىڭ قارىشىدىن «قونۇپ قالىمەن دېمە، كېتىمىز جۇمۇ!» دېگەن مەنىنى ئۇقتى. سالاھىدىن بولسا خوتۇنىنىڭ قىيا بېقىشىدىن «قېنى، مېنى ئەكېتىپ باقە؟ ئەمدى كەتمەيمەن» دېگەن مەنىنى ئۇقۇپ، قاپىقى بەتتەر تۈرۈلدى. سالاھىدىن دۇئا قىلىپ بولۇپلا:

— خان ئاچا، رۇخسەت قىلسىلا، بىز كەتسەك، — دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئانىسىدىن بۇرۇنراق نۇرنىسا جاۋاب بەردى:

— مۇشۇ كېسەل ئانامنى تاشلاپ كەتسەم خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟

— سىلىگە گەپ قىلغىنىم يوق، خان ئاچامغا دەۋاتىمەن، — دېدى سالاھىدىن ئەرلىك سالاپىتى بىلەن خوتۇنىنىڭ گېپىنى پەسەنتىگە ئالماي. ھەجەرخان كۈيۇ ئوغلىنىڭ پەيلىگە قاراپ جىددىيلىشىپ قالدى.

— بىللە قايتىشسىلا، بالام، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ئەتىگىچە گۈلسۈممۇ كېلىپ قالار، — دېدى ئۇ

قىزىنىڭ پەلتوسى بىلەن رومىلىنى مەرەپتىن ئېلىپ.

— ئانا، كەتمەيمەن، سەن كېسەل ياتساڭ قانداقمۇ سېنى تاشلاپ كېتىمەن؟

— كەتكىن، قىزىم، كەتكىن، سالاھىدىن ئاخۇن ئالاھىدە كەلگەندە كەتمىسەڭ خاتىرجەم بولالمايمەن.

— قارىسىلا، — دېدى نۇرنىسا سالاھىدىنغا، — بۈگۈن ئانامغا ھەمراھ بولاي، ئەتە بامداتتىن يېنىپلا ئاچامنى چاقىرىپ بېرىپ، ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ ئۆيگە باراي، ماقۇل دېسىلە.

— بۈگۈن كېتىلى، خوتۇن، ئەتە تۇراپ ئاخۇنغا دەپ قويسام، گۈلسۈم كېلىپ خان ئاچامدىن خەۋەر ئالار، — سالاھىدىن شۇنداق دەپلا ئىشىككە قاراپ ئىككى قەدەم تاشلىدى. ھەجەرخان قىزىغا پەلتوسىنى زورلاپ كىيدۈرۈپ، غىجىم رومىلىنى بېشىغا ئارتىپ قويدى.

— بالام، ئانام مەندىن رازى بولسۇن دېسەڭ سالاھىدىن ئاخۇن بىلەن كەتكىن، — دېدى. نۇرنىسا ئانىسىنى قۇچاقلاپ ئىسسىق ياشلىرىنى ئېتىكىگە ئاقتۇردى. ئاندىن ئاستا ئاجرىلىپ ئېرىنىڭ كەينىدىن دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، سالاھىدىن ئاخۇن.

— خەير - خوش.

— خۇدايىمغا ئامانەت، قىزىم.

— خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ئانا.

ئاسمان بۇلۇتلۇق بولسىمۇ، ياغقان قارنىڭ جۇلاسىدىن ئاقارغان يەرلەر خۇددى ئايدىڭدەك كۆرۈنەتتى. ھەجەرخان قىزى بىلەن كۈيئو ئوغلىنىڭ غاچىلدىغان ئاياغ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

## بەشىنچى باب

# ھەسرەت

كۆل بويىدىكى سۆۋادان تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ، سۆگەت شاخلىرى بىخلىنىپ يېشىل تۈس ئالدى. قۇشقاچلار سۆگەت ناللىرىدا ۋىچىرلىشاتتى. بۇ يىل باھار كېچىكىپ كەلگەچكە، دەل - دەرەخ تېزلا كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. قىشىچە ئەينەكتەك مۇز تۇتۇپ كەتكەن كۆل سۈيى باش باھاردىلا ئېرىپ ئازلاپ كەتكەچكە كۆلدىن سۇ ئالماق خېلىلا تەسكە چۈشەتتى. مانا ئەمدى ئېرىقتا پاتماي كەلگەن لاي سۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ، بىر ھەپتىدە كۆل لىققىدە سۇغا تولدى. يەنە ئۈچ كۈن ئۆتۈۋىدى، كۆل سۈيى بۇلۇتسىز ئاسماندەك سۈزۈلدى. ساۋۇت بىرەر ئايدىن بۇيان كۆل بويىدىن ئۆتمەيدىغان، ساماۋارخانىدىكى كارىۋاتتا پۇتلىرىنى كۆلگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى «تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ ئاڭلىغان سالاھىدىن «مەھەللىمىز بىر بىكار تەلەپتىن قۇتۇلۇپتۇ» دەپ قويدى، خالاس. خۇدۇكسىنىپ يولدا خاتىرجەم ماڭالمايدىغان نۇرنىسا تېخى ساۋۇتنىڭ قەيەرگە كەتكىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

نۇرنىسا باھار كىرگەندىن كېيىنلا كۆل بويىدىن كۆپرەك ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. قىش بويى ئەھلىمەھەللە، تۇغقانلار، تونۇشلار توي سودۇرۇقىنى قىلىشتى. پولۇ، پېتىر مانتا، سامسا، سامبۇسا، قۇيماق قاتارلىق نەرسىلەر ھەر كۈنى لېگەن - لېگەنلەپ كېلىپ تۇردى. نىساخان كۈن ئارىلاپ بالا ئەۋەتىپ

يېيىلمەي تۇرۇپ قالغان نازۇ نېمەتلەرنى ئالدۇرۇپ كېتەتتى. نۇرسىمانگۇلمۇ پات ـ پات كېلىپ «بۇ يەردە قېتىپ، كۆكىرىپ تۇرغۇچە بالىلارغا ئالغاچ كېتەي» دەپ، تەخسە ـ لېگەندىكى يېمەكلىكلەرنى چوڭ داستىخانغا تۆگۈپ ئەكېتەتتى. سالاھىدىن باشقا تۇغقانلىرىغا قارىغاندا ئۈزىنى كۆپرەك يوقلايدىغان نۇرسىمانگۇلنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى. كەلمەي قالسا ئۆزى بېرىپ قىچقىرىپ كېلىپ مېھمان قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى بالىلارنى باشلاپ كېلىپ يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرتۈپ قوياتتى. سودۇرۇق ئاخىرلىشىپ چىللاق باشلاندى. شۇڭا، نۇرنىسا كۆل بويىدىن كۈندە بولمىسىمۇ ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە نىساخان قىچقىرىۋالدى، ئاندىن نۇرسىمانگۇل ۋە باشقا تۇغقانلار قىچقىرىۋالدى. بۇ چىللاقلارغا ھەجەرخان ماڭالىغۇدەكلا بولسا باردى. گۇلسۇم كۆپىنچە قېيىنئانىسىنى ئېلىپ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئاندىن بىللە بېرىشتى. سالاھىدىننىڭ تۇغقانلىرى ۋە بىر قىسىم يېقىن تونۇشلىرى قىچقىرىۋالغاندىن كېيىن، جاۋابەن ھەجەرخاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ قىچقىرىۋالدى. باھار ۋە قايناق يازنىڭ يېرىمى شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

نۇرنىسا يەنە كىتاب ئوقۇشقا تۇتۇندى. سالاھىدىننىڭ بەگ دادىسىدىن قالغان كىتابلار كىتابداندىمۇ، مېھمانخانا تاملىرىنىڭ ئۇستۇنكى ئويۇقلىرىدىمۇ بار ئىدى. سالاھىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئوقۇيتتى. نۇرنىسا كىتاب ئوقۇشقا باشلىسىلا سالاھىدىننىڭ ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئايال خەق دېگەن كىتاب ئوقۇپ موللا بولمىسىمۇ، تاماقنى ئوبدان ئېتەلىسىلا بولاتتى. نۇرنىسا ئېرىنىڭ بۇ خىيالىنى بايقاپ جىلە بولدى، ئاچچىقى كەلدى. ئۇ «نېمە دېسەڭ دېگىن، ئوقۇيمەن، ئىلىم ئۆگىنىش ـــ پەرز. بۇنىڭغا قارشى تۇرساڭ

گۈناھكار بولىسەن» دېگەن ئوي بىلەن كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما، ئېرى دۇكاندىن كەلسىلا كىتابنى جايىغا ئېلىپ قوياتتى. نۇرنىسا بۇگۈن ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ ئېرىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، «مىڭ بىر كېچە» كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇپ ناھايىتى قىزىقىپ كەتتى. نۇرنىسا بۇ كىتابنىڭ تەسىرىدە روھلىنىپ خېلىدىن بېرى ساندۇقتا سېلىقلىق قويغان قەلەم، قەغەز، سىياھلىرىنى ئېلىپ كىتاب ھەققىدە بۇ غەزەلنى يازدى.

مەھلىيا قىلدى كۆزۈم يار كىرپىكىدەك خەتلىرىڭ،
سالدى ئۆچمەس ئوت دىلىمغا يار لېۋىدەك يەتلىرىڭ.
قوزغىدى زەۋق بۇ ھاياتقا سەن ماڭا بەرگەن ھۇزۇر،
تۇگىمەس بايلىقتا يەتكەي ھەر زامان ئۇلپەتلىرىڭ.
بۇ جاھاندىن ھېچ زېرىكتۇرمەس گۈزەل ۋەسلىڭ مېنى،
ئۆتسە مەيلى بۇ بېشىمدىن خۇشلۇقۇڭ، كۇلپەتلىرىڭ.
بەخش ئېتەر ئۇمىد ــ ئىشەنچ، ھەسرەتكە بولسام مۇپتىلا،
ماڭا بەرگەن داۋا ــ شىپا، غەيرىتىڭ، جۇرئەتلىرىڭ.
ئى ۋاپادار ئامرىقىم دىلدار كىتاب، گۈلزار كىتاب،
چىقمىغاي ئۆلسەممۇ ئەستىن خۇش ناۋا سۆلكەتلىرىڭ.

نۇرنىسا ئېرىنى بىر خۇش قىلىش ئۈچۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بەردى. سالاھىدىن ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ــ دە:

— غەزەل ــ پەزەل يازمىغىن دەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، ئايال خەق دېگەن ئۆي ئىشىنى ياخشىراق قىلىشنىڭ كويىدا بولسا بولىدۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ ئويىنى ئاشكارىلاپ قويدى. نۇرنىسا ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بۇگۈن ناھايىتى روشەن چۈشەندى. ئۇ ئاچچىقتىن تاتىرىپ، يازغىنىنى پۇكلەپ يانچۇقىغا سالدى.

※ ※ ※

بۇ يىل سالاھىدىننىڭ سودىسى يۈرۈشكەن يىل بولدى. دۇكىنىغا بېسىلىپ كەتكەن ھەر خىل گەزماللار كۆزگە بارمايلا شالاڭلاپ قالدى، باش باھاردىلا ئەر - ئاياللارنىڭ ئاياغ كىيىمىنى ئەۋەتىش ئۈچۈن غۇلجىدىكى تونۇشىغا خەت يېزىۋەتكەنىدى. ئايالچە ئۆتۈكلەر، بەتىنكە، توپلەيلەر تاي - تېيى بىلەن كەلگىلى تۇردى. ئۈرۈمچىگە ماتا، چەكمەن ئەكەتكەن شېرىكىمۇ ھەر خىل رەڭدىكى دۇخاۋا، خاڭدەن تاۋارلارنى ئەكەلدى. ئۇ ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرىگە بېرىپ كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ قانداق مال ئەكەلگەنلىكىنى تىڭتىڭلاپ، مۇۋاپىق مال بولسىلا سېتىۋېلىپ ناھايىتى كۆپ پايدا تاپتى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەنلا مال - مۈلكىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ئايرىپ بىر ھەپتىگىچە زاكات بەردى. دىۋانە، غېرىب - مىسكىنلەر بىر ھەپتىگىچە ئۇنىڭ ئىشىكىدىن ئۈزۈلمىدى. تۇغقانلارنى، يار - بۇرادەرلىرىنى، قولۇم - قوشنا، ئەھلىمەھەللىنى ئايرىم - ئايرىم ئۈچ نۆۋەت ئىپتارغا قىچقىرىۋالدى. نۇرنىسانىڭ ئۆز نامىدىن ئاياللارنى چاقىرىپ ئىپتار قىلدۇردى. ھەر قېتىمقى ئىپتار ئۈچۈن بورداق قويدىن بىرنى سويدۇردى. سالاھىدىن بارا - بارا سەمرىپ كەتكەنىدى. قاپقارا بۇرۇتى گىردىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە يارىشىپ تۇراتتى.

روزى ھېيتتىن كېيىن ئۇنىڭ خېرىدارى ئاۋۇپ دۇكىنى ئالدىدىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىقمىدى. بولۇپمۇ ئۇزۇن ئاق پەرىجە ئارتىپ يۈزىگە چۈمبەل تارتقان قېرى ئاياللار، جۇۋانلار، چوكانلار ۋە يۈزى يېرىم ئوچۇق رەستە قىزلار ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى.

بۈگۈن شەنبە چۈشتىن كېيىن ھاۋا بۆلەكچىلا ئىچىلىپ

يەر ـ جاھان بەكلا ئىسسىپ كەتتى. سالاھىدىن پاڭچۇ يەكتىكىنى سىيلىۋېتىپ سودا قىلىشقا كىرىشتى. كەلدى ـ كەتتى خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭ قولى زادى بوشىمىدى. شۇڭا، ئارىلىقتا ئۆيىگە بىر قېتىم بېرىپ كېلەي دېدى ـ يۇ، بارالمىدى. كۈنپېتىشقا يېقىن قولى بىر ئاز بوشىدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىشقا ئالدىراپ توپ ـ توپ دۇخاۋىلارنى دۇكاننىڭ ئىچىگە ئەكىردى. شۇ چاغدا قوشنا دۇكاندىكى سودىگەرنىڭ:

— خېنىم، ئاي يۈزلىرىنى ئاچسىلا، بىر كۆرۈۋالاي، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ تۇرۇۋىدى، ياش بىر ئايالنىڭ:

— ماڭا قارايمەن دېگۈچە گۆرگە قارىسىلا، قېرى، — دېگەن زىل ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. سالاھىدىن «قانداقراق ئايالدۇ بۇ؟» دەپ دۇكاندىن بېشىنى چىقىرىشىغا ناۋات رەڭ غىجىم رومال ئارتقان، بويلۇق بىر چوكان قوشنىسىنىڭ دۇكىنىدىن ئۆز دۇكىنىغا ئۆتتى.

— قېرىغىنىنى تۇيمىغان ئابدال، ئۆزىنىڭ يېگىنىگە قارنى ئاغرىيدىغان پىخسىق، قىزىدەك ئايالغىمۇ چاقچاق قىلىدىكىنە، ئۆلمەيدىغان !

— بولدى، خېنىم، ئازار بولىدۇ، — دېدى سالاھىدىن ئاق ساقىلىنى سىلىغىنىچە دۇكىنىدا خىرىلداپ كۈلۈپ ئولتۇرغان قوشنىسى داۋۇت ھاجىم ئۆردەككە ئالىيىپ قاراپ. ئۇ ئادەم سەل خىجىل بولدىمۇ شۇئان دۇكىنىنى ئېتىپ كۆزدىن يوقالدى.

— ئۆزلىرىنىڭ دۇكانلىرىدا قىزىل مەخمەل بارمىكىن؟ — سورىدى چوكان دۇكاننى تاقاي دەپ تۇرغان سالاھىدىنغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ.

— بار.

— بىر گېزى قانچە پۇل؟

— مەن كۆمۈش تەڭگىگە ساتىمەن، پۇلغا ساتمايمەن، — دېدى سالاھىدىن كېتىشكە ئالدىراپ.

— قورقمىسىلا، بايۋەچچە، دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن خېرىداردا كۆمۈش تەڭگىلا ئەمەس، قىممىتى ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن نەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىلە بولىدۇ، ئاۋۋال كۆرۈپ باقاي، قېنى ئالسىلا.

چوكاننىڭ ئۈنى جانان چىنىدەك جاراڭلاپ چىقتى. سالاھىدىن ئەجەبلىنىپ قالدى. ھېلىقى داۋۇت ھاجىم ئۆردەكنى بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تىيدۇرۇپ قويغان بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە مۇنچىۋالا مەردانىلىك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ نامراتلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكۈسى كەلدى.

— كۆرۈپ باقسىلا، — بىرقانچە توپ ھەر خىل رەڭدىكى مەخمەلنى، بىرنەچچە يىل خاڭجۇ دۇخاۋىلىرىنى چوكاننىڭ ئالدىغا يېيىۋەتتى. چوكان غىجىم رومىلىنى قايرىپ مەخمەل ـ دۇخاۋىلارنى تۇتۇپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئاق پۇسمىلاق، قوشۇماقاش، تازا تولغان بۇ چوكانغا سالاھىدىن قاراپلا قالدى.

— ئادەمگە ئۇنداق تىكىلىپ قارىمىسىلا، يىگىت، يامان بولىدۇ، — دېدى چوكان رومىلىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ سالاھىدىنغا كۈلۈپ قاراپ.

سالاھىدىننىڭ ئۆيگە قايتىش ئويى دەماللىققا ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى. چوكان رومىلىنى بېشىغىچە قايرىۋەتتى. قارا كۆزلىرىنى سالاھىدىنغا تىكىپ كىرپىكلىرىنى جۇپلەشتۈرگەندە، يادىن ئېتىلغان ئوق كۆكسىگە تەگكەندەك ئۇنىڭ يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى. چوكان مەخمەل، دۇخاۋىلارنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ كۆردى. ئۇ پوكەيگە يېنىچە يۆلىنىپ بىر كۆزىدە ماللارغا قارىسا، بىر كۆزىدە سالاھىدىنغا تىكىلەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر سالاھىدىن چوكانغا قىزىقىپ قالدى. چوكان كەينىگە بىر قارىۋېلىپ بىر توپ دۇخاۋىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان سالاھىدىننىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، بىگىز

قولىنىڭ تىرنىقىنى پاتۇرۇپلا شۇنداق تېز تارتىۋالدى. سېكۇنت ئارىلىقىدا بولغان بۇ ئىش سالاھىدىننىڭ شەھۋانە ھەۋىسىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ تازا بىتاقەت بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن چوكان:

— نەدىكى قىرلارغا ئۆزۈمنى ئۇپرىتىدىغانغا چۈشۈپ قالغان ئادەم يوق، سىلى كۆزۈمگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈندىلە، شۇڭا ئەتەي دۇكانلىرىغا كېلىشىم. ئۇزاقتىن بېرى سىلىگە كۆيۈپ سەدىپارە بولغان مەشۇقلىرىدىن خەۋەرلىرى يوق. ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىمنى قۇلاقلىرىغا يېقىپ رەھىملىرىنى كەلتۈرەتتىم، — دېدى چوكان قولىدا ئويناپ تۇرغان قارا چاچلىرىنى سالاھىدىننىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويۇپ.

— ئۆزلىرىگە دۇخاۋا، مەخمەل لازىم ئەمەسمۇ؟ — سورىدى ئايالغا قىزىقىپ قالغان سالاھىدىن.

— ئايال كىشىگە لازىم بولمايدىغان رەخت يوق، ھەممە رەخت لازىم بولىدۇ، باشقا كۈنى ئالساممۇ بولار.

سالاھىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ «ئاشنا قىلىۋالغۇچىلىكى بار، گېپى ئوچۇق ئايال ئىكەن» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە. ھەر كۈنى ئالدىغا نەچچە ئون قىز ـ چوكان رەخت ئالغىلى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى نۇرنىساغا تەڭ قىلمايتتى ... شۇ دەم ئالدىدا تۇرغان چوكان شېرىن سۆزلىرى، ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن ئۇنى بىردىنلا ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. بۇ ئېھتىمال سالاھىدىننىڭ كۈنچىلىكى كۈچەيگەنسېرى نۇرنىسانىڭ مۇئامىلىسى سوغۇقلىشىپ، ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. سالاھىدىن بۇرۇتلىرىنى سىلاپ، مەستانە كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى. چوكان خىرىلداپ كۈلۈپ يەرگە لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن يۈزىنى يېرىم يېپىپ قويدى. ئۇ كۈلگەندە ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ كەتتى.

سالاھىدىن بىر كۆڭلەكلىك شىپۇن دۇخاۋا، ئۈچ گەز قىزىل مەخمەلنى ئۆلچەپ يىرتىپ سامان قەغەزگە ئورىدى.

— بۇنى ئېلىۋالسىلا، پۇلىنى ئۆيگە بېرىپ ئالارمەن، — دېدى.

— ۋاي رەھمەت، ئۆزلىرىدىن پۇل ئايلانسۇن، بايۋەچچە! — چوكان قەغەزگە ئورالغان رەختنى ياغلىقى بىلەن چىگىپ، — دۇكانلىرىنى ئېتىپ كەينىمدىن كۆز يېتىم يەردە ماڭسىلا، — دېدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

سالاھىدىن ھاپىلا ـ شاپىلا دۇكىنىنى تاقاپ يولغا چۈشكەندە، چوكان قاراڭغۇ رەستە تەرەپكە بۇرۇلۇپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. سالاھىدىن ئەنجان رەستىسىدىن چىقىپ سولغا بۇرۇلۇپ قاراڭغۇ رەستىنى ئارىلاپ ئۆتتى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ بولغانىدى. چاسىغا كەلگەندە چوكاننىڭ قارىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان سالاھىدىن توختاپ قالدى. «پەيلى شەيتان، دەپ ئويلىدى ئۇ، — نېمىشقا بۇ خوتۇننىڭ كەينىدىن مېڭىپ قالدىم، ئەستاغپۇرۇللا ...»

سالاھىدىن يا ئارقىسىغا، يا ئالدىغا مېڭىشنى بىلەلمەي ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ تۆت تەرىپىگە قاراپ يەنە بىردەم تۇردى. ئۇ ئايال يەرگە كىرىپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى. ئادەم شالاڭلاپ قالغاچ، كوچىدا ھۇۋقۇشتەك تۇرىۋېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. سالاھىدىننىڭ شىپۇن دۇخاۋا بىلەن مەخمەلگە ئىچى سىيرىلىشقا باشلىدى. بۇ «چاغىقىچە ھەرقانداق شەرەنداز، شەيتان خوتۇنلارغا ئالدانمىغۇيدىم، بۇگۈن قارا باستى ـ دە، بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدىغان بىر نېمە ئىكەن ئۇ!» دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئاچچىقلىنىپ. سالاھىدىن ئارقىسىغا يېنىپ قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ ھېيتگاھقا كەلدى. ھەممە تەرەپتە شام، پانار، گازۋاي، جىنچىراغلار يېقىلىپ كەتكەنىدى. كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. قوغۇن ـ تاۋۇز، شاپتۇل، ئەنجۈر

سېتىۋاتقان باققاللارنىڭ ئاۋازى ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خامۇش ھالدا ھېيتگاھ مۇنارىنىڭ تۆۋىدىن ئۆتتى. ئۆستەڭبويى كوچىسىنى بويلاپ مېڭىشىغا ھاۋا گۈلدۈرلەپ يالت قىلىپ چاقماق چېقىلدى، سالاھىدىن ئايغىنى ئىتتىكلىتىپ قۇمدەرۋازىغا كەلدى. ئىككىنچى قېتىم چېقىلغان چاقماق يورۇقىدا قارىيىپ تۇرغان دەرۋازىدىن ئۆتتى. بۇ شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دەرۋازا ئىدى. سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيدە تۇرغان چېرىك نەيزە بېكىتىلگەن مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغانىدى. سالاھىدىن ھېچ نەرسىگە نەزەر سالماي قۇمدەرۋازا گۈزىرىدىكى ئىشىك بېشىغا قىزىل قەغەزلىك پانۇس ئېسىپ قويۇلغان قاۋاقخانىغا كىردى. ئۇ بۇ يەرگە قەدەم باسمىغىلى بىر يىلدىن ئاشقانىدى. تاغ ئارقىسىدىن يېنىپ كەلگەندە بويتاقلىق ھەۋىسى بىلەن كۈندە كەلمىسىمۇ، كۈن ئارىلاپ بۇ قاۋاقخانىغا كېلىپ تۇراتتى. ئۇ قاۋاقخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىشىگە:

— كەلسىلە، سالاھىدىن ئاخۇن، — دېدى ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى قارىقۇمچاق، سېمىز چوكان ئىچكىرى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، — بۇ يەر خالىي، كەم دىدار بولۇپ كەتتىلىغۇ، بايۋەچچە؟

— ھەي، دۇڭ خېنىم، — دېدى سالاھىدىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، — مەن قاۋاقخانىغا كىرىشنى تەرك قىلغانىدىم. نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن كەچ كۆڭلۈم بۇ يەرنى تارتىپ قالدى. خوتۇن ئالغاندىن بېرى ئۆي ئىشىدىن بوشىيالمىدىم.

— چوكان ئاغىچىلىرىنىڭ يېنىدىن چىققۇلىرى كەلمەيدىغاندۇ؟ — چاقچاق قىلىپ كۈلدى نىيازخان. بۇ ئايالنى كىشىلەر كۆپىنچە دۇڭ خېنىم، دەپ ئاتايتتى ... ئېرى گۆرۈكەش، تىجارەتچى خەنزۇ بولۇپ، ئۆتكەن يىل ئۇشتۇمتۇت قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. دۇڭ خېنىمنىڭ خۇش خۇيلۇقى، نازلىنىپ قاراشلىرى قاۋانخانىنىڭ خېرىدارلىرىنى

كۈندىن - كۈنگە كۆپەيتىۋەتكەنىدى. ئۇ گاھىدا سېمىز پاقالچىقىغا يېپىشىپ تۇرىدىغان تامبال، بېلىنى قورۇپ تۇرىدىغان تاۋار جۇيازا كىيىۋېلىپ، يانپىشىنى تەكىيەدەك تومپايتىپ، كۆكسىنى كۆتۈرۈپ، بېلىنى تولغاپ ماڭغاندا ئۇنىڭغا قادالغان كۆزلەردە شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. دۆڭ خېنىم بەزى كۈنلىرى يەنە ئېتىكى كەڭ بەل پۈرمە ئاق شايى كۆڭلەك كىيىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا يانپىشى تېخىمۇ يوغىناپ بېلى بىر تۇتاملا بولۇپ قالاتتى. بۇ قاۋاقخانىنىڭ يەنە بىر دەسمايىسى — ئۇنىڭ ئاق يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك چىرايلىق قىزى توختىگۈل ئىدى.

دۆڭ خېنىم مېھرى ئىسسىق ئاياللار قاتارىغا كىرەتتى. قىزى چىرايلىق بولغان بىلەن سوغۇق تەلەتلەردىن ئىدى. ئۇ دائىم قاشلىرىنى سۈزۈپ، لەۋلىرىنى مەنسىتمەسلىك بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا قانداقتۇر ئاچچىقلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

سالاھىدىن قاۋاقخانىنىڭ ئىچكىرى - تاشقىرىقى ئۆيلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، توختىگۈل كۆرۈنمەيتتى.

— جۇن - جۇندىن بىر جىڭ بەرسىلە، — دېدى ئۇ دۆڭ خېنىمغا قاراپمۇ قويماي. ھازىر ئۇنىڭغا دۆڭ خېنىمنىڭ قۇرۇق نازى ئەمەس، ھارىقى كېرەك ئىدى. دۆڭ خېنىم پۈتۈن بەدىنىنى لىغىلدىتىپ دەسسەپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن بىر تەخسە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، بىر تەخسە يالپاقلاپ توغرالغان سوغۇق گۆش، بىر شىشە ھاراق ئەكىردى.

— قىزىم چارچاپ كەتتىمۇ ئۇخلىغىلى خېلى بولۇپ قالسىمۇ قويمايۋاتىدۇ. سىلىگە ئۆزۈم ھەمراھ بولاي، — دېدى شىشىدىكى ھاراقنى رومكىغا قۇيۇپ تۇرۇپ.

— تاشقىرىدىكى مېھمانلارچۇ؟ — دېدى سالاھىدىن تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇشقان خېرىدارنى كۆرسىتىپ.

— ئۇلار پۇلنى تۆلەپ بولغان. ئىچىپ - ئىچىپ مەست

بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىنى سۆرىشىپ ئۆزلىرى چىقىپ كېتىدۇ. خاتىرجەم بولسىلا، بايۋەچچە، يەنە قۇيايمۇ؟

ـــ قۇيسىلا، ـــ دېدى رومكىنى بىر كۆتۈرۈۋېتىپ بوشاتقان سالاھىدىن. ئۇ قىزىل، كۆك، سېرىق بويالغان تۇخۇملارغا قاراپ قويۇپ ئىككىنچى رومكىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. دۆلەت خېنىم قىزىل بويالغان تۇخۇمدىن بىرنى ئاقلاپ سالاھىدىنغا ئۇزارتتى. سالاھىدىن بىر تال تۇخۇمنى ئېلىپ دېدى:

ـــ دۆلەت خېنىم، ئۆزلىرىگىمۇ قۇيسىلا، پۇلى مەندىن.

دۆلەت خېنىم مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ قويۇپ رومكىغا ھاراق قۇيدى.

ـــ ئىككىمىز بىر رومكىدا ئىچەيلى، ھاراق تاتلىق تېتىيدۇ، ـــ دېدى دۆلەت خېنىم قىزىپ قالغان سالاھىدىنغا قاراپ قاش ئېتىپ. سالاھىدىن تۇخۇمنى يەپ بولۇپ كەينى ـ كەينىدىن ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ كەيپ بولدى، كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزلىرى ئېسىلىپ كەتتى. دۆلەت خېنىم ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، كۆكسى سالاھىدىننىڭ جەينىكىگە ماقۇق ياستۇقتەك تېگىۋىدى، سالاھىدىن دۆلەت خېنىمنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىۋەتتى.

ـــ ئەمدى قالغان ھاراقنى قىزىلى قۇيۇپ بەرسۇن، ئىككى ھەسسە ئارتتۇرۇپ پۇل تۆلەيمەن! ـــ دېدى ئالىيىپ.

ـــ مەن قۇيۇپ بەرسەممۇ ئوخشاش، كۆڭۈللىرىنى ئالالايمەن.

ـــ ماڭە، جادۇگەر قېرى! قىزىڭنى چاقىر، بولمىسا چىنىدىكى ھاراقنى ئاغزىڭغىمۇ، بۇرنۇڭغىمۇ قۇيۇپ سارالى قىلىۋېتىمەن!

سالاھىدىن شىرە ئۈستىگە بىر مۇشتلىۋىدى، تەخسىدىن چاچراپ چىققان ئىككى تۇخۇم يەرگە چۈشۈپ مىجىلىپ كەتتى. دۆلەت خېنىم شۇ ھامان:

ـــ توختىگۈل، تېز چىققىن، ـــ دەپ توۋلىدى. ئون ئالتە ـ

ئون يەتتە ياش چامىسىدىكى بۇ زىلۋا قىز ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆيدىن چىقتى.

— هە، نېمە دەيسەن؟ — دېدى ئانىسىغا ئاچچىقلاپ.

— ئۇكام بالىخان، هاراقنى ئۆزۈڭ بىر قويۇۋەتكىنە، — دېدى سالاھىدىن قىزنىڭ قولىدىن تارتىپ، بۇنداق ئىشلارغا كىچىكىدىن كۆنۈپ كەتكەن توختىگۈل قاپىقىنى ئاچماي سەنتۈرۈلۈپ سالاھىدىنغا يۆلەندى.

سالاھىدىن ئۇنىڭ قولىغا بىر سەر كۇمۇشنى تۇتقۇزۇپ قويدى. توختىگۈل هاراق قۇيدى. سالاھىدىن كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. شىشىدىكى هاراقمۇ تۈگىدى.

— يەنە گۆش، تۇخۇم، هاراق ئاچىق، — دەپ بۇيرۇدى سالاھىدىن. توختىگۈل ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاچىقىپ پىيالىگە هاراق قۇيدى.

— سەن ئاشۇ غۇنچىدەك ئېچىلغان ئاغزىڭ بىلەن بىر سۇمۇرۇۋېلىپ ماڭا بەر، — دېدى سالاھىدىن پىيالىنى توختىگۈلگە تەڭلەپ.

— قىزىم هاراق ئىچمەيدۇ، — دېدى دۆڭ خېنىم قولىنى ئۇزارتىپ:.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئىچمەيمەن، — سالاھىدىن پىيالىنى جاققىدە قويدى.

— مەن سۇمۇرۇپ بېرەي، — دۆڭ خېنىم پىيالىنى قولىغا ئېلىپ بىر سۇمۇرۇپ ئاندىن سالاھىدىنغا بەردى. سالاھىدىن كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئىچىۋېرىپ ئۇ مەست بولۇپ قالدى، ئۇ كەيپچىلىكتە توختىگۈلنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ كۆكسىنى مىجىقلىۋىدى، دۆڭ خېنىم سالاھىدىننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بايۋەچچە، تۇخۇمنىڭ قىزلىنى يەملا، سېرىقىنىمۇ؟ — سورىدى ئۇ شەھلا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— هەممىسى ئوخشاش تۇخۇم، ئېقىنى يەيمەن ! — دېدى

سالاھىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغاچقا، قولىغا ئالغان تۇخۇمنى مىجىپ يەرگە تاشلاپ، پىيالىنى يەرگە ئاتتى ـ دە، بىر سەر كۈمۈشنى دۇڭ خېنىمنىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ قاۋاقخانىدىن دەلدۈگۈنۈپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئېرى كەلمىگەنسېرى نۇرنىسا ئەنسىرەشكە باشلىدى. توي قىلغاندىن بېرى سالاھىدىن بۇنداق كەچ قالمىغانىدى. ئادەتتە چۈشكىچە ۋە كەچقۇرۇنغىچە ئۆيگە بىر ـ ئىككى نۆۋەت كېلىپ يوقلاپ كېتىدىغان ئېرى بۈگۈن چۈشلۈك تاماقنى يەپ، تاھارەت ئېلىپ چىقىپ كەتكەنچە كەلمىگەنىدى. مانا خۇپتەندىن ياندىغان ۋاقىت بولسىمۇ تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. پانار ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ھويلا قاپقاراڭغۇ ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى «شىلدىر» قىلىپمۇ باقمىغان ئۈجمە دەرىخى بۈگۈن كەچ تۇيۇقسىز چىققان دەسلەپكى كۈز شامىلىدا ئىرغاڭلاپ، قورقۇنچ سېلىشقا باشلىدى. بايا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندىمۇ نۇرنىسا سەل قورققانىدى. شۇ تاپ ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچ باستى. بوراندىن كېيىن ياغقان سىم ـ سىم يامغۇر دېرىزىگە توختىماي ئۇرۇلاتتى.

«نېمە بولغاندۇ؟ بۇنداق كەچ قالمايتتى. بىرەر يەردە ئىچىپ ياكى چېكىپ قالدىمىكىنە؟ — ئويلىدى نۇرنىسا ئېرىنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ھاراق ئىچىپ يا نەشە چېكىپ مەست كېلىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، — بىرەر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالغانمىدۇ؟ نېمە بولغاندۇ !؟» نۇرنىسا ئويلىغانسېرى ئەنسىرەپ ۋەھىمىگە چۈشتى. دېرىزىدىن قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈجمە شاخلىرى ئۇنىڭغا ھەر قىسما كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئېگىز تەكچىدىكى قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ كۆكسىگە باستى، شۇنداقتىمۇ ئەندىشىسى بېسىلمىدى.

«كېچىچە يالغۇز ئولتۇرالمايمەن، ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتەيمىكىن يا، كوچىمۇ قاراڭغۇ. يولدا بىرەر سايىقا ئۇچراپ قالسامچۇ؟ قانداق قىلسام بولار؟» ھەر خىل ئويلار ئۇنىڭ غېمىنى ئاشۇردى. تام سائىتى ئون بىرگە داڭ ئۇردى. نۇرنىسا قورقۇنچتا ئولتۇرالماي، قارا تەر باستى. ئۇ يېلىڭ كەمزۇلىنى كىيىپ، غىجىم رومىلىنى بېشىغا ئارتتى ـ دە، قۇلۇپىنى قولىغا ئېلىپ چىراغنى ئۆچۈردى. ئۆينى گۈردەك قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە ئالدى. نۇرنىسا تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىققاندا ئىشىك قېقىلدى.

— كىم؟ — دېدى نۇرنىسا ۋەھىمە بىلەن ئۇجمە تۈۋىدە توختاپ، سالاھىدىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكى جايىغا چۈشتى ۋە «ئۇھ !» دەپ بىرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاغزىدىن گۈپپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرغان سالاھىدىن بوسۇغىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

— ۋاي نېمە بولدىلا؟ قوپسىلا، — دېدى ئۇنى يۆلەپ. سالاھىدىن تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ بوسۇغىدىن دالانغا ئۆتتى. نۇرنىسا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ دەمنى سالدى ـ دە، ئېرىنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، كۆرپىدە ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن يانچۇقىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ پانارنى ياقتى.

— خوتۇن، مانا شۇنداق يېرىڭ يارايدۇ، — دېدى سالاھىدىن ھىجىيىپ. ئۇ پانار يورۇقىدا ئولتۇرۇپ نۇرنىساغا سەپسالدى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ خۇددى يەۋېتىدىغاندەك ئالىيىپ قارىدى.

— قەيەرگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — سورىدى غىجىم رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ قوزۇقا ئېسىۋاتقان نۇرنىسادىن.

— ھېچ يەرگە بارمىدىم.

— نېمىشقا رومال ئارتىۋالدىڭ؟

— سىلى كەلمىگەندىكىن ئۆزۈم يالغۇز قورقۇپ ئانامنىڭ يېنىدا قونۇپ كېلەي دەپ ھويلىغا چىقىشىمغا سىلى كەلدىلە، —

خورلانغان نۇرنىسا ئاچچىقلىنىپ جاۋاب بەردى.

— راستىڭنى ئېيتمىدىڭ، سەن كېچىدە قورقۇپ كېتىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس، — سالاھىدىن خىرقىراپ نۇرنىساغا يېقىنلاشتى، — راستىڭنى دە، بولمىسا ...

نۇرنىسا قاتتىق جىلە بولدى. ئىرىنىڭ بىر تۇرۇپ ياخشى بولۇپ كېتىدىغان، بىر تۇرۇپ ئوساللىشىپ كېتىدىغان خۇيىنى بىلگەچكە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— مەست بولۇپ قاپتىلا، يېتىپ ئۇخلىسىلا، ھەرقانداق گەپ بولسا ئەتە قىلىشايلى، — دېدى كۇلۇپ تۇرۇپ.

— سەنزە مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ئاڭلاپ قوي، كەينىڭدىن ماراپ كەلدىم. كىمنىڭ ئۆيىگە قاچان بىرىپ، قاچان يېنىپ چىققانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن! — سالاھىدىن قارىسىغىلا سۆزلىدى. نۇرنىسا ئېرىنىڭ گېپىدىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئۆزىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بېسىۋالالمىدى.

— مەستلىكلىرىدە چۈش كۆرۈپلا، — دېدى ئۇ ئۆپكىدەپ، — خىيالىمدا يوق گەپنى قىلىۋاتىلىيا. قىيامەت كۈنى قارا يۈز بولۇپ قوپمىسىلا يەنە.

— مەن قارا يۈز بولسام سەن ئاق يۈز بولۇپ قوپامتىڭ، قانجۇق؟! — سالاھىدىن غۇلىچىنى كېرىپ نۇرنىسانىڭ غولىغا بىرنى قويدى. نۇرنىسا سەنتۈرۈلۈپ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ بايا تەكچىگە ئېلىپ قويغان قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ:

— ئەگەر بىر يەرگە بارغان بولسام مېنى مۇشۇ قۇرئان ئۇرسۇن، — دەپ قەسەم ئىچتى.

سالاھىدىن لاسىدە بولۇپ قالدى. نۇرنىسا ھۆجرىسىغا كىرىپ يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىنى چۆمكەپ يېتىپ ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

سالاھىدىن ئۆزاققىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. پانارنىڭ يېغى تۈگەپ چاراسلاشقا باشلىغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى سالدى ـ دە، ئاغزىنى سوغۇق سۇ بىلەن چايقاپ

يوتقانغا كىردى. نۇرنىسا تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى، سالاھىدىن ئاستا خوتۇنىنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. نۇرنىسا ئېرىنىڭ قولىنى نېرى ئىتتىرىپمۇۋەتمىدى. سالاھىدىن شۇ ياتقان پېتى ئۇخلاپ قالدى.

سالاھىدىن ئەتىسى نۇرنىسانىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمىدى. تۈنۈگۈنكى قىلىقلىرىدىن ئىزا تارتقان بولسا كېرەك ئەتىمالىم، قاۋاقخانىدىكى ئىشلار خىيالىغا كىرىۋېلىپ ئۆزىدىن ئۆزى خىجىل بولۇۋاتاتتى. قاۋاقخانىدىن چىقىپ ھېيتگاھقا كەلگەندە، نەشە چەككەنلىكىنى، ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىنى ئورۇنسىز ھاقارەتلەپ ئۇرغانلىقىنى، نۇرنىسانىڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغانلىقىنى ئويلاپ، نومۇس قىلدى. نۇرنىسا توي قىلغاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئېرىنىڭ تاھارىتىگە سۇ بەرمىدى. ئۇ بەكلا خاپا قوپقانىدى. مۇشت تەگكەن غولى سىرقىراپ ئاغرىغانسېرى ئۇنى يىغا تۇتاتتى. نۇرنىسا ئېرىگە قېيداپ چايمۇ قايناتمىدى. سالاھىدىن خوتۇنىغا نېمەدەپ ئۆزرە ئېيتىشنى بىلەلمەي ئىچى تىتىلداپ تۇرغاندا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ ئۆزى بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. نۇرنىسانىڭ ئاچىسى گۈلسۇم تۇراتتى.

— كەلسىلە، ئۇكام، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى سالاھىدىن گۈلسۈمنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر ھەسرەتنىڭ ئالامىتىنى سېزىپ.

— تۈنۈگۈندىن بېرى ئانامنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ، بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆزگىرىپ قالدى، شۇڭا سىلەرگە خەۋەر قىلاي دەپ ئالدىراپ كېلىشىم...

گۈلسۇم گەپنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولالماستىن يىغلاپ تاشلىدى.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، — سالاھىدىن شۇنداق دەپلا نۇرنىسانى چاقىردى، — ھاي خوتۇن، بۇياققا چىقىڭلا،

گۈلسۇمخان كەلدى.

نۇرنىسا ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ ئاچىسى بىلەن ئامانلاشتى.

— جېنىم ئاچا، ئانام قانداقراق؟ — سورىدى ئەندىشە بىلەن.

— تۈنۈگۈندىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە ئالماي ياتقانىدى. بۈگۈن ئەتىگەن رەڭگى كاۋا چېچەكنىڭدەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانام قېشىدا قالدى، باشقا تۇغقانلارمۇ بار، — دېدى گۈلسۇم كۆز يېشى قىلىپ.

نۇرنىسا ئۇچقاندەك ئۆيگە كىرىپ كېيىنىپ چىقتى.

— مەن ئاچام بىلەن كېتىۋېرەي، سىلىمۇ بارالا، — دېدى ئېرىگە.

ئىشىككە قاراپ ياتقان ھەجەرخان نۇرنىسانى كۆرۈپلا تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. بىراق، ئاغزىنى ئۆمەللەپ گەپ قىلالمىدى، ئۇنىڭ چىرايى بەكلا سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئانىسىنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن نۇرنىسا ئانىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىدى:

— جېنىم ئانا، نېمە بولدىلا؟ ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمدە ساق ئىدىلە، جېنىم ئانا، گەپ قىلسىلا، ئانا!

نۇرنىسا بۇقۇلداپ يىغلاپ ھەممەيلەننى يىغلىتىۋەتتى. ھەجەرخان قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوللىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە قىزىنىڭ بېشىغا قويدى. نۇرنىسا ئانىسىنىڭ ئىسسىق قوللىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرغان يۈزىگە باستى.

— ئانا، جېنىم ئانا! گەپ قىلسىلا. بالام، قىزىم دېگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلاي، گەپ قىلسىلا، جېنىم ئانا!

گۈلسۇم ئانىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تەلمۈرۈپ:

— ئانا، نۇرنىسا كەلدى، سۆزلىرى بولسا دېسىلە، گەپ

قىلسىلا، ــ دەپ ياش تۆكمەكتە ئىدى.

ھەجەرخان كۆزىنى يوغان ئېچىپ بېشىنى سەل ئېگىشتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن گۈلسۇمنىڭ قېيىنئاتىسى ھاشىم ئاخۇن:

ــ ياسىن ئوقۇيمەن، ھەممىلىرى سەما بولۇشىلا، ــ دېدى ـ دە، «سۈرە ياسىن» نى قىرائەت قىلىشقا باشلىدى.

ھەجەرخان بىردەم نۇرنىساغا، بىردەم گۈلسۇمگە تەلمۈرەتتى. ئىككىلا قىزى ئانىسىنىڭ بەدەنلىرىنى توختىماي سىلاشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالاھىدىن كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئۈنسىز سالام بەردى. ئۇ قېيىنئانىسىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى. «ياسىن» ئۈچ قېتىم ئوقۇلۇپ بولدى. ھاشىم ئاخۇن پىيالىدىكى بىر ئوتلام سۇغا «سۇف» دېدى ـ دە، ھەجەرخاننىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. ھەجەرخان گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەمشىتىپ ئاغزىنى سەل ـ پەل ئاچتى. دەمىدە سۇ جاۋغىيىدىن سىرغىپ، لىپىلداپ تۇرغان گېلىغا چۈشتى. تىنىقى بەكلا ئىتتىكلەپ قالغانىدى.

ــ ۋاي ئانامنىڭ پۇتى مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ، ــ دەپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى گۈلسۇم.

ــ ئانا، بىزنى تاشلاپ كەتمە، ئاجىز قىزلىرىڭنى تاشلاپ كەتمە، ئانا، سەنسىز قانداق قىلىمىز، ئانا، ــ نۇرنىسا شۇنداق دەپ بېشىنى ھەجەرخاننىڭ كۆكسىگە قويدى. ھاشىم ئاخۇن:

ــ ھەممەيلەن تەسبىھ ئېيتايلى، شاھادەت ئېيتايلى، ــ دەپ، ئۆزى ئاۋۋال ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممىدۇن رەسۇلىللا !

ھەممەيلەن تەكرارلىدى. شاھادەت ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى.

ــ رازىلىق ئالايلى، ــ دېدى ھاشىم ئاخۇن.

رەڭگى سامانىدەك سارغايغان ھەجەرخانغا تەلمۈرگەن

گۈلسۇم:

— رازى بولغىن ئانا، رازى بولغىن، — دېدى.

— رازى بولغىن، ئانا، خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇم، رازى بول، ئانا! — نۇرنىسامۇ قان يىغلاپ رازىلىق سورىدى. ئارقىدىن ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ رازىلىق سوراشتى.

ھەجەرخان كۆزلىرىنى يۇمدى، ئارقىدىنلا يەنە يوغان ئېچىپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ بېشى بىر يېنىغا قىيسىيىپ قالدى. سارغىيىپ كەتكەن مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش توختاپ قالدى.

— ۋاي ئانام، ئارماندا كەتكەن ئانام، بالىلىرىنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن ئانام، يېتىم بولۇپ قالدۇققۇ ئانام! — دەپ نالە - پەرياد كۆتۈردى گۈلسۇم.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن، ئانا. نەگە كەتكەنلا، ئانا؟ نېمىشقا گەپ قىلمايلا، ئانا؟ نېمىشقا كۆز ئاچمايلا، ئانا؟ — دەپ نۇرنىسامۇ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

تۇراپ ئاخۇنمۇ كەلدى. گۈلسۇم ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ:

— ئانا، قانداق قىلاي، ئانا، يالغۇز قالدىمغۇ، ئانا، مېھرىبان ئانا، — دەپ بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىدى.

كۆيۈ ئوغۇللار «ئاھ ئانام، مېھرىبان ئانام» دېيىشىپ يىغىغا قوشۇلدى.

دەم ئۆتمەي ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئەھلىمەھەللە، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرلەپ كىرىشكە باشلىدى.

يۇيۇپ، كېپەنلەپ پېشىن نامىزىغا تەييار قىلىنغان مېيىت چۈش مەزگىلدە جىنازىغا سېلىندى. جىنازا ئاق خەسە بىلەن يۆگىلىپ، ئۈستىگە كۆك تاۋار يوپۇق يېپىلدى.

كىشىلەر جىنازىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، نۇرنىسا ئېسىلىۋېلىپ تاكى كوچا بېشىغىچە بىللە چىقتى. ئۇرۇق -

تۆغقانلار ئۇنى مىلىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىپ ئېلىپ قالدى، ھايال ئۆتمەي نۇرنىسا ھوشىدىن كەتتى، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىشتى.

بۇ جۇدالىق نۇرنىساغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. تېخى ئاتىسىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن نۇرنىسا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قانداقمۇ چىدىسۇن؟ ئۇ تالاي تۈنلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. شۇنداق ئۇيقۇسىز كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئانىسىغا بېغىشلاپ بىر مەرسىيە يازدى.

مەن يېتىم قالدىم ئانا كۆز ياشلىرىمغا غەرق بولۇپ،
جۇدۇندا قالغان غۇنچىدەك بىر ئېچىلماي ئۇن سولۇپ.
ئەمدى مەن نەدىن تاپاي سەندەك ئەزىز غەمخانىنى،
ئىزدىگەيمەن بىر ئۆمۈر دائىم دىلىمغا غەم تولۇپ.
ئاڭلىسام بالام دېگەن سۆزۈڭنى، دىل يايرار ئىدى،
ئەمدى ئۆتكەيمەن جاھاندىن مەن پاناھسىز مۇڭلۇنۇپ.

نۇرنىسا بۇ مەرسىيەنى ئاچىسى ۋە تۇغقانلارغا ئوقۇپ بېرىپ ھەممەيلەننى ھەسرەتلىك مۇسىبەت دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى.

## ئالتىنچى باب

# «بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ؟»

مۇھتەبەر ھويلىنى سۈپۈرۈپ بولۇشىغا كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى قاقتى.

— كىم؟ — بىلىنى رۇسلاپ سورىدى مۇھتەبەر.

— مەن.

مۇھتەبەر سۈپۈرگىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا نۇرنىسا تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن، كۆزلىرى ياشلىق ئىدى. مۇھتەبەر تۇيۇقسىز كەلگەن دوستىنىڭ بىلىدىن قاماللاپ قۇچاقلىدى. شۇئان نۇرنىسانىڭ غەمكىن چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ۋاي جېنىم دوستۇم، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىققاندۇ ـ ھە؟ — سورىدى مۇھتەبەر نۇرنىسانىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ، — تىنچلىقمۇ؟

— كۈن سېنىڭ ئۆيۈڭ تەرەپتىن چىقىپتىكەن، — دېدى نۇرنىسا جاۋابەن، — ئاپتاپسىنغىلى كەلدىم، ئاداش.

مۇھتەبەرنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان، بېشىغا ئاق داكا رومال ئارتىۋالغان قېيىنئانىسى قەمەرخان ئۆيدىن چىقىپ دالانغا ئۆتتى:

— كىم ئىكەن دېسەم، نۇرنىسا قىزىم ئىكەنغۇ، — دەپ نۇرنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى.

— ئوبدان تۇرىۋاتامسىز، قەمەرخان ئاچا؟ — تىنچلىق سورىدى

نۇرنىسا، — خېلى بولدى كېلەلمىدىم، بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى سوراپ كېلىشىم.

— خۇداغا شۈكۈر، بالام، خۇداغا شۈكۈر، ئۆيگە كىرسىلە، بالام.

نۇرنىسا ئۆيگە كىرىپ مۇھتەبەر سالغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى.

— قەمەرخان ئاچا، دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — دېدى نۇرنىسا.

— خۇدايىم بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈرمىسۇن، چىرىغىڭلارنى يىراق تۇتۇرمىسۇن، ئامىن، — دېدى موماي دۇئا قىلىپ.

مۇھتەبەر داستىخان سېلىپ مەزە ئەكەلدى.

— رەھمەتلىك ھەجەرخان ۋاپات بولغاندىن بېرى سىلىنى، ئاچىلىرىنى دۇئادا يادلاپ تۇردۇم، ھەر قېتىم كەلسىلە بەك خۇشال بولىمەن. مۇھتەبەرمۇ باشقا كېلىنلەرگە ئوخشىمايدۇ. بەك مۇلايىم، ئىشچان، باشقا بالىلىرىمنىڭ ئۆيىنى بۆلەك قىلمۇەتكەن بولسامۇ، بۇ بالامنى ئۆز يېنىمدا ئېلىپ قالدىم. مۇڭدىشىپ كەچلەپ كەتسىلە، بالام. قېرىغان چېغىمدا تۇزۇك ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم، چىقىپ ئارام ئالاي، ئۆزلىرى بەھوزۇر ئولتۇرسىلا، — قەمەرخان ئىككى قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، مۇھتەبەر بىر چەينەكتە چاي ئەكىردى.

— نۇرنىسا خېنىم بالامنىڭ نېمە يېگۈسى كەلسە شۇنى ئېتىپ بەرسىلە، — موماي شۇنداق تاپىلاپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ قېينىئانام تېپىلغۇسىز خوتۇن، — دېدى مۇھتەبەر قەمەرخاننى قولتۇقلاپ يۆلەپ ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ يېنىپ كىرگەندىن كېيىن، — ئاغزى يۇمشاق، كۆڭلى ئاق. بۇ ئۆيدە ھەرقانچە ئىش قىلسامۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايمەن. زادى ماۋۇ ئىش بوپتۇ، ماۋۇ ئىش بولماپتۇ، دېمەيدۇ. ئىشقىمۇ بۇيرۇۋەرمەيدۇ.

— راست، بەك ئوبدان ئايال ئىكەن، — دېدى نۇرنىسامۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ. قەمەرخاننى كۆرۈپ ئۇنىڭ يادىغا رەھمەتلىك ئانىسى كەلگەنىدى. تېخى ئۆتكەن يىلى يازدا ئانىسى هايات ئىدى. كۆزلۈك يىغىم ۋاقتىدا ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن بېرى نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئېغىر ئاياغ بولغاندىن كېيىن ئانىسىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. سالاھىدىن ھېلىغىچە ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىغا گۇمان بىلەن نەزەر سالاتتى. نۇرنىسانىڭ باش تارىغىنىنى كۆرسىلا قاپىقىنى تۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆچلۈك مۇھەببەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدە رەشك ئوتى چاقنايتتى. ئۇنى ھېچ بەرگە بارغىلى قويمايتتى. ھەتتا ئاچىسى گۇلسۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىشقىمۇ تەستە ئۇنايتتى. نۇرنىسا ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سەللا كەچرەك قايتسا سوراققا تارتاتتى. بۇنىڭدىن نۇرنىسانىڭ ئىچى سىقىلىپ ئېرىگە ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى. خوتۇنىنىڭ دائىم چىرايى تۈتۈلغان هالدا يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن سالاھىدىن «ھە، ماڭا مەيلىڭ يوق. سەن بۇ ئۆيدە تۇرۇشنى خالىمايسەن، مەيلىڭ باشقا كىشىدە» دەپ گۇمانلىناتتى ـ دە يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ كۆنداشلىقى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

نۇرنىسا ئېغىر ئاياغ بولغاندىن بۇيان ئېرىنى كۆرسە بەدىنى تىكەنلىشىدىغان بولۇپ قالدى. سالاھىدىن خوتۇنىنىڭ ئېغىر ئاياغلىقىنى بىلگەندە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بولدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي نۇرنىسانىڭ قورسىقىنى سىلىغاندى، نۇرنىسا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويمىدى. قارىسىلا ئىچى ئېلىشىپ قۇسقۇسى كېلەتتى. نۇرنىسا قورساق كۆتۈرگىنىگە ئۈچ ئاي بولغاندا، ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سالاھىدىن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، «بۇ خوتۇنىنىڭ قورسىقىدا گەپ بار» دەپ باشقىچە ئويلاپ، ئەتىگىنى جۇدۇنى ئۆرلەپ قوپىدىغان، دۇكاندىن ئاچچىقلانغان هالدا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

بۈگۈن ئېغىر ئاياغ بولغىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشقان نۇرنىسا دوستى مۇھتەبەرنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە، دەردىنى ئېيتىپ قورسىقىنى بوشىتىشقا كەلگەنىدى. مۇھتەبەر نۇرنىسانىڭ ئەلەملىك سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

※ ※ ※

نۇرنىسا ئەنجۈرنىڭ ئۈچىنچى پىشىشىقىدا — جۈمە كۈنى چاي ۋاقتىدا تەۋەللۇت قىلدى. تۇغۇت ئانىسى زەيتۈنىخان بوۋاقنى ئاپپاق زاكىغا يۆگەپ، ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىچە سالاھىدىننىڭ ئالدىغا ئەكىردى. بوۋاققا ئىنتىلىپ قارىغان سالاھىدىن:

— بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۆرىمۇ ئەمەس، تۈلكىمۇ ئەمەس، — دېدى زەيتۈنىخان مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، — قىزىلگۈل، قارىسىلا چىرايلىقلىقىنى!

پىتىلە - پىتىلە قارا چاچلىرى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرغان، يۈزى قىپقىزىل، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بوۋاققا قاراپ غۇژژىدە بولغان سالاھىدىن جايناماز ئۈستىدىن تۇردى - دە، ئۇ تام جاۋىنىنى ئېچىپ، زەيتۈنىخانغا بىر كۆڭلەكلىك چىت ئېلىپ بەردى.

— خۇش خەۋەرلىرى ئۈچۈن، — دېدى ئۇ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاققا ئاتا بولغانىغا خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۆكۈنۈپ. ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىنىۋاتقىنىدىن ئەجەبلەنگەن زەيتۈنىخان بوۋاقنى باغرىغا تاڭغىنىچە «ھەشقاللا - رەھمەت» دەپ چىقىپ كەتتى.

«ئوغۇل تۇغارمىكىن دەپ شۇنچە ئۈمىدلەنگەنىدىم، قىز تۇغۇپتۇ. ھەممە ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولمايۋاتىدۇ ...» سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ قىز تۇغقىنىغا خۇشال بولمىغان

بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى تولغاق ئازابى تارتقان ئايالىنىڭ يېنىغا بىر كىرىپ قويۇش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، كىچىك مېھمانخانىدىن چوڭ مېھمانخانىغا چىقتى. گۈلسۈم نۇرنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى سىڭلىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۆيگە بارمىغانىدى. نۇرنىسا تۇغۇت ئالدىدا ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەۋەللۇت قىلىپ كېلىشنى ئېيتقاندا، سالاھىدىن «ئاناڭلا بولسىغۇ شۇ ئۆيدە يەڭگىپ كەلسەڭلا بولاتتى. ئاچاڭلىمۇ ئېغىر ئاياغ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيىنئانا، قېيىنئاتىسى بار. مۇشۇ يەردە تۇغقىنىڭلا ياخشىراق، مەن تۇراپ ئاخۇنغا ئېيتاي. گۈلسۈمخان كېلىپ ھەمراھ بولسۇن» دەپ ئۇنىمىغاچقا، ئۆز ئۆيىدە يەڭگىگەنىدى. گۈلسۈم ئىككى كۈندىن بېرى سالاھىدىن، نۇرنىسا ۋە تۇغۇت ئانىسىغا تاماق ئېتىپ، چاي قاينىتاتتى، ھويلا ـ ئارانى سۈپۈرەتتى، ئۇ بىردەم سىڭلىسىنىڭ يېنىدا بولسا، بىردەم ھويلىدا، بىردەم ئاشخانىدا بولاتتى.

سالاھىدىن كىرىپ كەلگەندە نۇرنىسا ئۇنىڭغا سۈس كۈلۈمسىرەپ قارىدى. خوتۇنىنىڭ ئۇيقۇسىز كۆزلىرى سالاھىدىنغا ئېلىشاڭغۇ، خۇمارلاشقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چۈۋۈلۈپ كەتكەن قارا چاچلىرى ئىككى يەلكىسىنى يېپىپ تۇراتتى. نەچچە كۈندىن بېرى تاتىرىپ قالغان چىرايى سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى. سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇردى. زەيتۇنىخان ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقان گۈلسۈمنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، — سالاھىدىن خوتۇنىنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ، كۆكسىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى يان تەرىپىگە ئېلىپ قويدى. نۇرنىسا ئېرىدىن ئەمدى سەسكەنمەيتتى. سىزىكلىكى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرىگە ئامراق بولۇپ قالغانىدى.

— خۇش بولدىلىمۇ؟ — سورىدى ئۇ بالىسىغا قارىماي

ئۆزى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىرىگە بوۋاقنى كۆرسەتتى.

— ھەئە، — ئاستا جاۋاب بەردى سالاھىدىن خۇش ياقمىغاندەك. ئۇ يەنە نۇرنىسانىڭ كۆكسىگە قول ئۇزارتتى، نۇرنىسا ئىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ يېنىغا ئېلىپ قويدى.

سالاھىدىن قولىرىدىن قاس چىقىرىشقا باشلىدى. ھەرقاچان ئاچچىقلانسا، ئۇ شۇنداق قىلاتتى.

— قىز تۇغقانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلىلىرى يېرىم بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئوغۇل تۇغقان بولساڭلا ئوبدان بولاتتى. قىز تۇغۇپ قالدىڭلا.

— بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، بۇ قېتىم قىز تۇغقان بولسام، يەنە بىر نۆۋەت ئوغۇل تۇغارمەن، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا.

سالاھىدىن كۈلدى.

— خۇدا تىلىكىڭلىگە يەتكۈزسۇن.

— بۇ قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى نېمە قويساق بولار؟

— مەن كىتابقا قاراپ باقاي، — دېدى سالاھىدىن.

— مېنىڭ ئىسمىغا كەلتۈرۈپ ھۆرنىسا قويۇپ بەرسىلە، — دەپ ئۆتۈندى نۇرنىسا ئىرىنىڭ قولىنى سىلاپ.

— ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى تۇغۇلۇپ ئەتىسى قويسا بولىدۇ. قىزنىڭ ئىسمىنى تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قويسا بولىدۇ، — دېدى سالاھىدىن.

بۇ كىتابتىكى پەتىۋامۇ ياكى ئۆزى چىقارغان پەتىۋامۇ، نۇرنىسا بىلەلمىدى.

— ھەممە ئىشتا، ھەتتا ئات قويۇشتىمۇ بىز ئاياللار كېيىن تۇرىدىكەنمىزدە؟ — دېدى نۇرنىسا چاقچاق ئارىلاش ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

گۈلسۇم نۇرنىساغا شوۋىگۈرۈچ، باشقىلارغا لەگمەن ئېتىپ بېرىپ، پېشىن ۋاقتىدا ئۆيىگە كەتتى. شامغا يېقىن بىر تەخسە

پېتىر مانتا ئەكەلگەن مۇھتەبەر سالاھىدىن خۇپتەندىن يېنىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇزىدى.

※ ※ ※

گۇلسۇم قېيىنئانا، قېيىنئاتا ھەم ئېرىنى باشلاپ دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا نۇرنىسانى مۇبارەكلەپ كەلدى. قارايدىغان باشقا ئادەم بولمىغاچقا ئۈچ كۈندىن بېرى تۇغۇت ئانىسى زەيتۇنىخان نۇرنىساغا قاراپ ئۆيگە كەتمىگەنىدى. دېگەنىبىلەن بۇ ئايال نۇرنىساغا ئۆز ئانىسىدەكلا ئەسقاتتى. زەيتۇنىخان مېھمانلارغا ھالۋا ئېتىپ چىقتى.

— بالام، ئېتىنى نېمە قويۇشلا؟ — سورىدى گۇلسۇمنىڭ قېيىنئانىسى پاتەمخان.

— تېخى قويمىدۇق، — دېدى نۇرنىسا تۆۋەن ئاۋازدا.

— بۇ بولماپتۇ، — دېدى گۇلسۇمنىڭ قېيىنئاتىسى ھاشىم ئاخۇن، — تۇغۇلغىلى بەش كۈن بولدى ئەمەسمۇ؟

— ياق، دادىكا، — دېدى گۇلسۇم سىڭلىسىنىڭ ئورنىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، — سىڭلىمنىڭ جۈمە كۈنى كۆزى يورۇغانىدى، بۈگۈن تۆت كۈن بولدى.

— خان ئاچا، ھالۋا ئوخشاپتۇ، يېسىلە.

— قىزىم، ئۆزلىرىمۇ باقسىلا، — پاتەمخان كېلىنىگە باش لىڭشىتىپ قويۇپ، نۇرنىساغا قارىدى، — تۇغۇتتىن كېيىن تاماقنى ئوبدان يېمىسە ئادەم ئۆرە بولالمايدۇ. بالام، جىق - جىق يەپ ئەسلىرىگە كېلىۋالسىلا. ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك چوكانتىلە، تارتىلىپ قاپلا، قىزىم، بۇ ھالۋىنى ئىسسىقىدا يەۋالسىلا.

نۇرنىسا شۇ دەم بامداتتىن يېنىپلا چېيىنى ئىچىپ چىقىپ كەتكەن ئېرىنى ئويلاپ قالغانىدى. «زەيتۇنىخان ئاچام قىچقىرىپ كەلسە بولامدىكىن»، تۇغقانلار بار ۋاقىتدا بالىنىڭ ئېتىنى

قويۇپ بەرسە بولاتتى.»

نۇرنىسا زەيتۇنىخان ئىككىنچى قېتىم چاي ئەكىرگەندە:

— بالىنىڭ دادىسى قاچان كېلىدىغانلىقىنى سىلىگە ئېيتقانمىدى؟ — دېدى «بالىنىڭ دادىسى» دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئاغزىغا ئېلىپ. گۇلسۇم سىڭلىسىنىڭ بۇ سۆزىگە پىسەنتسىزلىك بىر كۈلۈپ قويدى.

— ياق، خېنىم بالام، — دېدى زەيتۇنىخان، — ھېلى كېلىپ قالار.

پاتەمخان نۇرنىسانىڭ بىتاقەت بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ بىكار بولغان ھالۋا تەخسىسىنى داستىخانغا قويدى. ئاندىن ساقلىنى سىلاپ ئولتۇرغان ئېرىگە قاراپ:

— ھالۋىنى ئاشۇرۇپ قويماي ئىتتىك يېسىلە، دادىسى، — دېدى. تۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن مەكتەپكە باراي، چۈشتە سالاھىدىنىنى بىللە ئەكېلىمەن، — دېدى.

— سەت بولىدۇ، ئولتۇرسىلا، — دېدى نۇرنىسا ئىچىدە نېمە ئۈچۈندۇر خۇش بولۇپ.

دۇئادىن كېيىن تۇراپ مەكتەپكە كەتتى.

※ ※ ※

بوينى ئىنچىكە تانا بىلەن باغلانغان، قۇيرۇقى لىغىرلاپ تۇرغان قارا قوي كەينىگە داجىپ بوسۇغىدىن زادى ئۆتكىلى ئۇنىمىدى. سالاھىدىن قوينىڭ قۇيرۇقى ۋە گېلى ئاستىدىن ئىككى قولىنى سېلىپ كۆتۈرۈپلا ھويلىغا ئەكىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن تۇراپ كىردى. سالاھىدىن ياپراقلىرى سارغىيىپ قالغان ئۈجمە دەرىخىگە قوينى باغلاپ قويۇپ، تۇراپنى ئۆيگە باشلىدى ۋە:

— ھاشىم ئاخۇن ئاكا، قېنى پاتىھە بەرسىلە، سالامەت

تۇغۇلغان قىزىمىز ئۈچۈن بىر قوي ئەكېلىۋىدىم، — دېدى قول قوۋۇشتۇرۇپ.

— ھەممەتلىرىگە بارىكاللا! — دېدى ھاشىم ئاخۇن، — ئامىن، خۇدايىم بۇ سەبىي ئاجىزەنىڭ رىزقىنى زىيادە قىلىپ، بەختى بىلەن ئۆمرىنى بەرسۇن!

سالاھىددىن دۇئانى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ھويلىغا چىقتى. باغلاقتىكى قوي ياتسىراپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ تۇختىماي مەرەۋاتاتتى.

— بولدى، ئۆزۈم يېتىشىمەن، ھاشىم ئاكاملار بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرسىلا، — دېدى سالاھىددىن تۇراپقا.

تۇراپ سالاھىددىننىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن رەنجىگەندەك بولۇپ، ئۆيگە يېنىپ كىردى.

سالاھىددىن دادىسىنىڭ پىخسىقلىقىنى، گىجىڭلىقىنى دورىمىغان بولسىمۇ، ئۆينىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى قىلىش دادىسىدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغانىدى. بۇ چاغقىچە قۇربانلىق قىلىدىغان قوينى ئۆزى سويۇپ كەلگىنىدەك، ھەر يىلى كۈزدە تالنى، ھويلىدا باراقسانلاپ ئۆسكەن بىر تۈپ قىزىلگۈلنى ئۆزى كۆمۈپ، ئەتىيازدا ئۆزى ئاچاتتى. كىشى ياللاپ ئىشلەتمەيتتى. ياندىكى قىشلىق گۈللەرنىڭ بىر قىسمىنى ئامبارغا، بىر قىسمىنى ئايۋان، چوڭ - كىچىك مېھمانخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىگە قويۇپ قوياتتى. ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى تونۇرنىمۇ ئۆزى سالغانىدى. ياغاچچىلىقىمۇ، تامچىلىقمۇ قولىدىن كېلەتتى. ھويلا تاملىرى ۋە ئۆگزىنىڭ قەيرى ئوپۇرۇلۇپ كەتسە ئۆزى ئوڭشىۋالاتتى.

سالاھىددىننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ھال كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، پەقەت سالاھىددىننىڭ دادىسى ھېلىم بايھاجىم بەگ بولغان چاغلىرىدا بۇ قورۇنى ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىغا بۆلۈپ ياساتقانىدى. شۇ چاغدىن تارتىپ ئىچكىرىكى

ھويلىدا قىشلاپ، تاشقىرىقى ھويلىدا باھار، ياز ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغانىدى. سالاھىدىن ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قورۇسنى يەنە بىر قېتىم تۈزەشتۈردى. ئۇ ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلسىمۇ، ئۆيگە ئۆزى سۇ توشۇشنى خوپ كۆرمەي، ئەپكەشكە سۇ توشۇتاتتى. ئۇ پۇل تېپىشنىمۇ، خەجلەشنىمۇ، تۇتۇشنىمۇ بىلەتتى. ئەھلىمەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، نوچى مىجەز، مەرد ئادەم ئىدى. نۇرنىساغا ئېرىنىڭ مانا شۇ مەردانىلىكى يارايتتى. ئەمما، سالاھىدىنىنىڭ كۆنچىلىكى ئۇنى رەنجىتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئېرىنىڭ ھەممە نۇقسانلىرىنى كەچۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇشۇ خۇيىنى كەچۈرەلمەيتتى. چۈنكى، بۇ كۆنچىلىك ئۇنىڭ ساپ مېھرىنى خورلىغانىدى.

نۇرنىسا شۇ دەم دېرىزىدىن ئېرىنىڭ قويىنىڭ سان، قوۋۇرغىلىرىنى پارچىلاۋاتقانلىقىغا زەن سېلىپ قاراۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غۇملار، ئاچچىقلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىشكە باشلىدى. كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى تۇمانلار تارقىلىپ، شۇنداق قاۋۇل ئېرى بارلىقىدىن سۆيۈندى. سالاھىدىن بىرقانچە كۈندىن بېرى نۇرنىسانىڭ قىز تۇغقانلىقىغا نارازى بولۇپ ئوچۇق چىراي ئاچماي خاپا يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۈگۈن قوينى ئەكىرىپلا سويۇۋەتكىنىدىن نۇرنىسا خۇرسەن بولۇپ كۆزىگە ياش ئالدى. شۇ تاپتا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئېرىنىڭ ئۇستىبېشىنى قاققۇسى، قولىغا سۇ قويۇپ بەرگۈسى كەلدى.

سالاھىدىن قوينىڭ گۆش، يېغىنى ئايرىپ، ئاشخانىغا ئەكىردى.

— زەيتۇنخان ئاچا، ماۋۇ پارچىلاقلىق گۆشنىڭ ھەممىسىنى قازانغا سېلىۋەتسىلە، ئاندىن ماۋۇ لوق گۆشنى، بۆرەك، جىگەر بىلەن قوشۇپ ياپىلاقلاپ توغراپ بەرسىلە، مېھمانلارغا، نۇرنىساغا كاۋاپ قىلىپ بېرەي، — دېدى ئۇ ئوچاققا گۈركىرىتىپ ئوت قالاۋاتقان زەيتۇنخانغا.

مېھمانلار كاۋاپنى يەپ، شورپىنى ئىچىشتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن:

— ھاشىم ئاخۇن ئاكام، پاتەمخان ئاچاملار بار ۋاقىتىدا بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بەرسىلە ئوبدان بولاتتى، — دېدى نۇرنىسا ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئېرىگە ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ.

— قېنى، سالاھىدىن ئاخۇن بالام، بوۋاقنى قوللىرىغا ئالسىلا، — دېدى ھاشىم ئاخۇن.

سالاھىدىن تاھارەت ئېلىپ كىرىپ، بوۋاقنى قولىغا ئالدى. بوۋاق كىچىك قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئاتىسىغا تەلپۈندى. سالاھىدىن ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ:

— ئىسمىلىرى ھۆرنىسا بولسۇن، قىزىم، — دەپ جايناماز ئۈستىدە دومىلاتتى. مېھمانلار «مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن» دېيىشىپ بوۋاقنى قولدىن ـ قولغا ئېلىشتى. نۇرنىسانىڭ چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

※ ※ ※

نۇرنىساغا تۇغۇت ئانىسى بولغان زەيتۇنخان ئوپاللىق بولۇپ، سالاھىدىننىڭ ئانىسى بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى. ئۇ چىراي دېسە ھەرقانداق كىشىگە يارىغۇدەك چىرايى بار، ناخشىمۇ ئېيتالايدىغان، دۇتارمۇ چالالايدىغان ئوچۇق كۆڭۈل قىز بولسىمۇ، بىراق نامرات بىر ئورتاقچىنىڭ قىزى بولغاچقا، يىگىرمە ياشقىچە تۇرمۇشقا چىقماي، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ھاللىقراق كىشىلەر ئەلچى كىرگۈزۈشمىدى. ئۆزىگە ئوخشاش كەمبەغەللەرگە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بەرگۈسى كەلمىدى. زەيتۇنخاننىڭ بىر ئاكىسى، ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى. ئاكىسى گاچا، بىر ئىنىسى گاس ئىدى. قالغان ئىككى ئىنىسىنىڭ

بىرسى تۇغما قارىغۇ، بىرسى تەلۋە تۇغۇلغانىدى. گاچا ئاكىسى بىلەن گاس ئىنىسىنى كىچىكىدىنلا موزدۇزلۇقتا شاگىرتلىققا بەرگەنىدى. ئۇلار كېيىن ئۆتۈك، كەش، سەندەل تىكىپ سېتىپ ئاتا - ئانىسىغا ياردەم قىلىپ كەلدى؛ قارىغۇ ئىنىسى بەكمۇ تېرىككەك ئىدى. بىكاردىن - بىكار ھۆڭرەپ يىغلايتتى، چىرقىرايتتى. مېنى بازارغا ئېلىپ بار، دەپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنى پەقەت ئاچىسى زەيتۇنەملا بەزلەپ پەسكويغا چۈشۈرەلەيتتى. زەيتۇنەم بولسا خۇدانىڭ بىرى - بىرىدىن كاج بۇ بەندىلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئۇلگۇرەلمەيتتى. كىشىلەر «ئەر - خوتۇن ئېمىلداش بولغاچ پەرزەنتلىرى ناكا تۇغۇلغان» دېيىشەتتى. بىرلا زەيتۇنەم سەللىمازا تۇغۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ناكا بولۇپ قېلىشىغا يەنە قانداق سەۋەبلەر بولغان، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

زەيتۇنەمنىڭ تەلۋە ئىنىسىنىڭ جېدىلى ھەممىدىن كۆپ ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ تەلۋىلىكى تۇتسا ئاۋۋال قولىنىڭ دۇمبىسىنى، بىلىكىنى چىشلەپ، قاساپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك قىيما - يارا قىلىۋېتەتتى. ئاندىن قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ھەر تەرەپكە ئاتاتتى. قاچا - قومۇچلارنى سۇندۇراتتى. ئاكا - ئىنىلىرىنى ئۇراتتى، پەقەت ئاچىسىغىلا چېقىلمايتتى. شۇڭلاشقا، زەيتۇنەمنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى ياتلىق قىلىشقا ئالدىرىمايتتى. ئەگەر زەيتۇنەم ياتلىق قىلىنىپ كەتسە، بۇ بالىلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئاتا - ئانىسىغا تەس چۈشەتتى.

زەيتۇنەم يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، ئوپال ئويچولپانلىق دەرۋىش ئاخۇن ساتىراش بىلەن يازنىڭ بىر كېچىسى قېچىپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى ئىككى يىلغىچە ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى ۋە كېسەل بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. زەيتۇنەمنىڭ تەلۋە ئىنىسى بىر كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ يامانيار دەرياسىغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى. قارىغۇ ئىنىسى ئاچلىق ۋە كېسەل بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. گاچا ئاكىسى بىلەن

گاس ئىنىسىلا ھايات ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تىككەن ئاياغلىرىنى بەزىدە ئوپال بازىرىدا ساتسا، بەزى چاغلاردا قەشقەر شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلەتتى.

يىللار كەينى - كەينىدىن ئۆتىۋەردى. باھار ۋاقتى ئىدى. زەيتۇنەمنىڭ گاچا ئاكىسى بىلەن گاس ئىنىسى ئۆزى تىككەن ئۆتۈك، بەتىنكىلەرنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ قەشقەرگە كېلىپ ئۆتۈك بازىرىدا يايما ئاچتى. ئۇلار چۈش بىلەن پېشىن ئارىلىقىدا ئۈچ سەندەل ئاياغ، ئالتە بەتىنكە ساتتى. پېشىن بولدى، قورساقلىرى ئېچىپ گىردىنى دۈغقا چىلىشىپ يەپ ئولتۇرغاندا ئەر - خوتۇن ئىككى خېرىدار كېلىپ ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، سەندەل، بەتىنكىلەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. بۇ ئىككى خېرىدارغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن گاچا، گاس ئاكا - ئۇكىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا يوغان ئېچىلدى، گاچا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ بەتىنكە، سەندەللەرگە سىنچىلاپ قاراۋاتقان ئايالنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. زەيتۇنەم ئاكىسىنى تونۇدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان شاپاق دوپپىلىق قاتمال كەلگەن شاپ بۇرۇتلۇق يىگىت غەزەپ بىلەن گاچىنىڭ قولىغا بىرنى ئۇرۇپ زەيتۇنەمنى ئاجرىتىۋالدى.

— ماۋۇ ھارامزادىنىڭ قاراپ تۇرۇپ كىشىنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىۋاتقىنىنى! — دېدى ئۇ لاغ - لاغ تىترەپ، چىرايى ئۆڭۈپ. زەيتۇنەم بولسا سەبدەردەك سارغىيىپ زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. شۇ ئارىدا گاچا بازغاندەك مۇشتى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يىگىتنى تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتتى. يىگىت ئورنىدىن تېزلا تۇردى - دە، بېلىگە ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋېلىپ گاچىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ھوي، بۇ مېنىڭ ئاكام، پىچاقنى غىلاپقا سېلىڭلا، — دېدى زەيتۇنەم دەرۋىش ئاخۇننىڭ قولىغا ئېسىلىپ.

زەيتۇنەم ئاكىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياشلار تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— مەن ئاتا ـ ئانامغا، قېرىنداشلىرىمغا ۋاپاسىزلىق قىلدىم. سىلەرنى تاشلاپ كەتتىم، گۇناھ مەندە، مەن ئاسمىي ھەمشىرەڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنيا ئازابىدىن قۇتقۇزۇڭلار، — زەيتۇنەم بۇ گەپلىرىنى ئۇلارغا قول، كۆزلىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ چۈشەندۈردى. زەيتۇنەم بىردەم ئاكىسىنىڭ، بىردەم ئىنىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىدى. ئاكا ـ ئىنىسىمۇ يىغلاشتى. زەيتۇنەمنىڭ ئېرى دىدار كۆرۈشۈشنىڭ مۇنداق ئۇشتۇمتۇت ھەم كۈتمىگەن دەرىجىدە يۈز بەرگىنىدىن ھەيران بولۇپ ئۇلارغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

گاس ـ گاچا ئاكا ـ ئۇكىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، تەلۋە ئىنىسى بىلەن قارىغۇ ئىنىسىنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىشارەت تىلى بىلەن زەيتۇنەمگە بىلدۈردى. ئاكا ـ ئۇكىلار كالىدەك ھۆكرەپ يىغلاپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. زەيتۇنەم بىلەن ئېرى ئۇلارنى باشلاپ ئەيرىشىمكار كوچىسىدىكى ئۆيىگە ئەكەلدى.

بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە مانا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ. خۇدا زەيتۇنىخانغا پەرزەنت يۈزى كۆرۈشنى بۇيرۇمىغانىكەن. ئېرى بىلەن بىر جۈپ بولۇپلا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئېرى ئوردا ئالدىدا كىچىككىنە بىر ساتىراشلىق دۇكىنى ئېچىۋالغانىدى. زەيتۇنىخان كىشىلەرنىڭ نانلىرىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ، كېزى كەلسە تۇغۇت ئانىسى بولۇپ، بۇ ۋاققا قەدەر موھتاجلىق ئازابىنى تارتماي، جانلىرىنى بېقىپ كېلىشتى. زەيتۇنەمنى ئايالالار ھۆرمەتلەپ «كىندىك ئانا، زەيتۇنىخان ئاچا» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئۇ نۇرنىسانىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى، مىجەزىنىڭ ئوبدانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، گۈلسۈملەر مۇبارەكلەپ كەتكەن ئاخشىمى نۇرنىساغا:

— جېنىم بالام، سىلىگە بىر ھەمراھ بەك لازىم ئىكەن. ئوپالدا بىر گاچا ئاكام بار، ئۇنىڭ يىگىرمە ياشلاردىن ئاشقان بىر ئاجىز قىزى بار. بەك ھوشيار، قاراپ قويغان كىشىنىڭ

كۆڭلىدىكىنى بىلىدۇ، سالاھىدىن ئاخۇنغا دەپ باقسىلا، ماقۇل بولسا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بېرىپ ئەكېلەي، سىلىنىڭ ئىشلىرىغا ئەسقاتىدۇ، — دېدى.

نۇرنىسا ئۆزىگە ھەمراھ تېپىلغىنىدىن خۇشال بولۇپ:

— دادىسىغا دەپ باقاي، ماقۇل دەر، زەيتۇنىخان ئاچا، سىلىگە كۆپ رەھمەت، ماڭا ئانامدەك قاراۋاتىلا، — دېدى ۋە ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئايۋاندا ياتقان ئېرىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇ ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يىرىك چاچلىق بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، زەيتۇنىخانىنىڭ ياخشى تىلىكىنى يەتكۈزدى.

— گاچا قىزىمىكەن؟ ئۇن ئىككى - ئۇن ئۈچ ياش بولسىمۇ يەتتە ئەزاسى ساق بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، بوپتۇ، سىلى مەيلى دېسەڭلا ئەكەلسۇن. بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ باقسۇن، چىقىشىپ قالساڭلا، تۇرار، چىقىشالمىساڭلا، كېتەر، — دېدى سالاھىدىن.

يەتتىنچى باب

# ئايتۇرا

ھۆرنىسانىڭ ئايغى ياراشتىمۇ ئەيتاۋۇر، بۇ يىل كۈزدە سالاھىدىنىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىدىكى ئۈزۈم تېلى ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەرنى كۆتۈرەلمەي يىقىلىپ كېتىدىغاندەكلا بىر يانغا قىيسىيىپلا قالدى. سالاھىدىن «تالنى كۆمۈۋالسام، بىدىشنى ئەتىيازغىچە ئوڭلايمەن» دەپ ئويلىدى. ئۈزۈمنى ئۈزۈپ ئامبارغا ئاسىدىغان پەيتمۇ كېلىپ قالدى. چۈش مەزگىللىرىدە پېشايۋاندا ئولتۇرغان كىشىگە ئاپتاپ ھۆزۈر بېغىشلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرنىسانىڭ ئىچكىرىكى ھويلىغا كۆچۈپ كىرىپ كەتكۈسى كەلمەيتتى. چۈنكى، نۇرنىسا ھەر كۈنى ياغلىنىپ بىر - ئىككى سائەت ئاپتاپقا قاقلىناتتى. زەيتۇنىخان بىر كۈندە ئىككى ۋاخ، بەزى كۈنلىرى ئۈچ ۋاخ ئۇنىڭ دېگەن تامىقىنى ئېتىپ بېرىپ ياخشى قارىدى. نۇرنىسا تۇغۇپ ئون بەش كۈن بولغاندا، زەيتۇنىخان ئاكىسىنىڭ قىزىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئوپالغا يولغا چىققاندا، نۇرنىسا ئۈنىڭغا يېشىل دۇردۇن كۆڭلىكنى، بىر نىمكەش مەخمەل كەمزۇلنى، بىر رومىلنى بېرىپ ئۇزاتتى. سالاھىدىن بەش سەر كۈمۈش تەڭگە بەردى.

گۈلسۇم ھەر كۈنى كېلىپ سىڭلىسىغا تاماق ئېتىپ بېرىپ تۇردى. مۇھتەبەرمۇ كۈن ئارىلاپ كېلىپ نۇرنىسانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. سالاھىدىن ناماز بامداتتىن يېنىپ كىرىپلا ئۈنىڭغا ئىككى تۇخۇمنى ئىللىتىپ ئىچۈرۈپ قوياتتى.

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن نۇرنىسا كۈن ئۆتكەنسېرى ئايدەك تولۇۋاتاتتى. بۇۋاقمۇ ئاغرىپ قالماي بىر ئوبدان چوڭ بولۇۋاتاتتى.

زەيتۇنخان ئالتىنچى كۈنى ناماز شام ۋاقتىدا ئاكىسىنىڭ قىزىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. بۇلار ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە گۈلسۈم بىلەن مۇھتەبەرمۇ بار ئىدى. زەيتۇنخان ئوپالنىڭ كۆزلۈك يەل ـ يېمىشلىرىدىن ئالغاچ كەلگەنىدى.

نۇرنىسا زەيتۇنخاننى كۆرۈپ ناھايىتى خوش بولۇپ كەتتى. ئۇ يەۋاتقان لەگمىنىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زەيتۇنخان بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قارىقۇمچاق، قوي كۆز، چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن قىزنىڭ قان تېمىپ تۇرغان مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى. زەيتۇنخان ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى قىلدى ۋە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاققا قاراپ مەستلىكى كەلدى.

مۇھتەبەر گۈلسۈم راسلاپ بەرگەن ئىككى چىنە لەگمەننى ئەكىرىپ زەيتۇنخان بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ قىزىمنىڭ ئىسمى ئايتۇراخان، ئاكامنىڭ تۇنجى قىزى، ئۇنى ئۆيدە ئايتۇرا دەپ ئاتىشىدۇ. يەڭگەم ئوغۇل تۇغسام دېگەن ئارزۇدا ئايتۇرادىن كېيىن ئۈچ بالا تۇغقان، ئۈچىلىسى قىز تۇغۇلغان. بۇلارنىڭ ئاتلىرى يېتەخان، بولاخان، ئەنبولاخان ئىدى ...

— ئاش سوۋۇپ قالدى، — دېدى نۇرنىسا، — قورساقلىرى ئېچىپ قالغاندۇ، ئاشقا بېقىشسىلا.

ئايتۇرانىڭ شەھەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى بولغاچقا، ھەممەيلەندىن تارتىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ چىنىنى قولغا ئېلىپ ئاشنى بىر تالدىن ـ بىر تالدىن ئاغزىغا سېلىپ يېيىشكە باشلىدى. ھەممەيلەن ئۆزىگە سەپسىلىۋاتقاندەك سېزىلىپ يەرگە قارىۋالدى. ئاھۇ كۆزلىرىدە قانداقتۇر چۆچۈشنىڭ شەپىسى بار ئىدى، يېقىملىق چىرايىدىن بولسا ياتسىرىغانلىقى چىقىپ

تۇراتتى. ئۇ بويى ئېگىز، قاش ـ كىرپىكى جايىدا قىز ئىدى. زەيتۇنىخان ئاشنى يەپ بولۇپ قاچىسىنى يەرگە قويغاندىمۇ، ئايتۇرا قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. زەيتۇنىخان «تېزرەك يېگىن» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى. ئايتۇرا يانغا قارىۋالدى.

— ئالدىرىماي يېسۇن، — دېدى نۇرنىسا، — زەيتۇنىخان ئاچا، ئايتۇرانىڭ سىڭىللىرىغا ئەجەب قىزىق ئاتلارنى قويۇپتۇغۇ، بىز ئاڭلىمىغان غەلىتە ئىسىملار ئىكەن.

— ۋاي بالام، — دېدى زەيتۇنىخان، — بۇ ئىسىملارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەنىسى بار. ئوغۇل ئارزۇسىدا يۈرگەن ئاكام ئايالى جىنەستىخاننىڭ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئېغىرئاياغ بولغىنىدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئاخىر بۇ بالىمۇ تۇغۇلۇپتۇ. قارىسا، يەنە قىز. تۇنجى قىزىغا تۇرۇپ قالسۇن دەپ «تۇراخان» قويغان بولسا، بۇ قىزىغا «ئەمدى قىز پەرزەنت يېتىدۇ، بۇ قېتىم ئوغۇل پەرزەنت بەرگىن» دېگەن مەنىدە «يېتەخان» دەپ ئىسىم قويۇشۇپتۇ. ئاكام يەنە ئايالىنى «ئوغۇل تۇغسىكەن» دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەندە جىنەستىخان ئۈچىنچى قېتىممۇ قىز تۇغۇپتۇ. «بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن پەرزەنت بەرسەڭ ئوغۇل بەرگىن» دېگەن مەنىدە «بولاخان» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. ئاكامنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى پۇتۇنلەي ئۈزۈلگەندە، جىنەستىخان يەنە ئېغىرئاياغ بوپتۇ، «نائۇمىد — شەيتان» دېگەندەك ئاكام يەنە ئۈمىدلىنىپ بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئاخىر بالا تۇغۇلۇپتۇ. بوۋاققا قاراپ «سۆكە» ئورنىدا «تۇما» كۆرگەن ئاكام بېشىنى چايقاپتۇ. ئۇلار ئاخىر «ئەمدى بولدى، پەرزەنتكە بولغان تەشنالىقىمىز قاندى» دېيىشىپ، بالىغا «ئەنبولاخان» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇلغان قىزلىرىنىڭ تۇنجىسى بولغان تۇراخاننىڭ تىلى چىقماي چوڭ بولۇۋاتقىنىدىن دادىمۇ، ئانىمۇ قايغۇرۇپتۇ. «بۇ بالا تىلسىز، گاس چوڭ بولارمۇ؟ خۇدايا، بۇ بىزگە نېمە تارتقۇلۇق؟ غەم ـ غۇسسىمىز ئازمىدى ...» دېيىشىپ ھەسرەت

چېكىپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. «بېتەخان» نىڭ «ئانا، دادا» دەپ تىلى چىققاندا ئاكام بىچارە ئۆزى ئاڭلىمىسىمۇ جىنەستىخاننىڭ ئىشارەتلىرىدىن چۈشىنىپ بېشى كۆككە يەتكۈدەك بوپتۇ. بولاخان، ئەنبولاخانىنىڭمۇ تىلى چىقىپتۇ. بۇ كىچىك نارەسىدىلەرنىڭ گاس، تىلسىز دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ مۈرىسىگە يامىشىپ چۈرۈلدىشىپ ئوينىغىنىنى كۆرگەن تۇراخان ئانىسىنىڭ يېنىدا ھەيران بولۇپ قاراپ قالىدىكەن. تۇراخان بەك چىرايلىق بولغاچقا، ئاكامنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئاينى قوشۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى «ئايتۇرا» دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ. «بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ» دېگەندەك، تىلى چىقىپ قىزىلگۈلدەك چوڭ بولۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچىسى قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تۆتىنچىسى شامالداپ يۆتەل بولۇپ قىزىپ، شۇ قىزىغانچە بىر ھەپتىگىچە قىزىتمىسى چۈشمەپتۇ. ئاكام بىلەن يەڭگەم ئۇنىڭغا رەم سالدۇرۇپتۇ. داخانىغا ئوقۇتۇپتۇ، سۇپلىتىپتۇ، ئوت كۆچۈرۈپتۇ، شۇنچە قىلسىمۇ بالا ساقايماي، ئاتا ـ ئانىسىنى داغدا قالدۇرۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. يالغۇز قالغان ئايتۇرا يۈرەك ـ باغرى ئېغىر مۇسىبەتتىن ئېزىلگەن ئاكام ۋە يەڭگەم ئۈچۈن گۆھەردىن ئەتىۋار بولۇپ قالدى. «گاس ـ گاچا بولسىمۇ، رەڭگى بار. خۇدايىم نېسىپ قىلىپ شەھەرلىك بىر ھۈنەرۋەنگە ياتلىق بولسا، سەھرايى قىيامەتنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى» دەپ ئارمان قىلىشىدۇ. بۇنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ، سالاھىدىن ئاخۇننىڭ تەربىيىنى قىلىپ بېرىپ ئاكام بىلەن يەڭگەمنى مىنىڭ تەسلىكتە كۆندۈردۇم. ئۇلار ئايتۇرانى بەك ياخشى كۆرگەچكە، يىغا ـ زار قىلىشىپ ئۇزىتىپ قالدى ...

گۈلسۈم بىلەن مۇھتەبەرمۇ تامىقىنى يېگەچ زەيتۇنخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. نۇرنىسا بولسا ئايتۇراغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئايتۇرانىڭ بوينىغا بىر تىزىق كەھرىۋا

ئېسىلغانىدى. بېشىدىكى چىمەن دوپپا ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقانىدى. دۇنيادا ئېغىزىدىن چىققان تىل قانچە ـ قانچە ساھىبجامالىلارنى سەتلەشتۈرۈپ، قانچە ـ قانچە كۆرۈمسىز خۇنۈك چىرايلارغا گۈزەللىك بېغىشلىغان دەيسىز؟ ئەگەر ئۇ گەپ قىلالىغان بولسا، ئېھتىمال كىشىگە مۇنچىۋالا چىرايلىق كۆرۈنمەس ئىدى.

※ ※ ※

ھۆرنىسانىڭ قىرىقى تويى بولغاندا، ھويلىدىكى تال كۆمۈلۈپ، گۈللەر ئۆيلەرگە كىرگۈزۈلۈپ بولغانىدى. نىساخان، نۇرسىمانىگۈللەر كېلىپ نۇرنىسانىڭ تاشقىرىقى ھويلىدىن ئىچكىرىكى ھويلىغا كۆچۈۋېلىشىغا ياردەملەشتى.

مانا بۇگۈن ئايتۇرا مەشكە ئوت قالىدى. نۇرنىسا زەيتۇنىخان تەۋرىتىپ تۇرغان بۆشۈكتىن بوۋىقىنى ئالدى. ئۇ ھويلىغا توشۇپ كەتكەن گۆدەكلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭىنى ئاڭلاپ، قىزىنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ كۆرپىگە ياتقۇزدى. بىلەكلىرى بوغۇم ـ بوغۇم، ئاق پىشماق، قوش ئېڭەك بوۋىقىنى كۆرپىگە ئوراشقا باشلىدى.

— چېچى قارا ئىكەن.

— پۇت ئېتىۋاتىدۇ، — دېيىشەتتى بالىلار دېرىزىدىن بويۇندىشىپ قاراپ.

— دېرىزە ئەينىكىنى سۇندۇرۇۋەتمەڭلار، بالىلىرىم، — دەپ توۋلىدى زەيتۇنىخان.

شۇ چاغدا سالاھىدىن قولىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئايۋان تەكچىسىدىكى پەتنۇسقا قويۇپ، ئۆيگە ئەكىردى. ئايتۇرا ئولتۇرغان يېرىدىن ئىتتىك قوپۇپ يەرگە قاراپ تۇردى. زەيتۇنىخان سالام بەردى.

— قىرىقىنى ھازىر چىقىرامسىلە ياكى پېشىندىن كېيىنمۇ؟ — دەپ سورىدى سالاھىدىن ھۆرنىسانى ئېمىتىۋاتقان خوتۇنىدىن.

— مانا ھازىر، ئۆيىمۇ ئىسسىق، باللارغا بىر قازان ھالۋىنىمۇ ئېتىپ قويدۇق. ئوبدان چاغدا كەلدىلە، — نۇرنىسا شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

زەيتۇنىخان داسقا ئىلمان سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا كۆۋرۈك ياغىچىنىڭ شىشىقى، مەسچىت تېمىنىڭ كاكىل لېيىنى سالدى، ئاندىن بىر پىيالىدىكى سۇغا تۇز، بىر پىيالىدىكى سۇغا ناۋات، بىر پىيالىدىكى سۇغا چوغ سالدى، بىر چىنىدىكى سۇغا بولسا بىلەزۈك، ئۈزۈك، سۆكىلەرنى سالدى. ئازراق ئىلمان سۇ قۇيۇلغان داسقا بوۋاقنى ئولتۇرغۇزدى. ئەندىكىپ كەتكەن ھۆرنىسا يىغلاشقا باشلىدى. زەيتۇنىخان بوۋاقنىڭ بېشىنى سىلاپ بەزلەپ يىغىدىن توختاتتى. بىرىنچى بولۇپ سالاھىدىن بامدات نامىزىدىن كېيىن دەمىدە قىلىپ قويغان پىيالىدىكى سۇنى تەڭشەپ قىزىنىڭ بېشىغا قۇيۇۋىدى. بالا قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى.

— ياۋاش، ياۋاش، — دېدى زەيتۇنىخان بوۋاقنىڭ بېشىنى، بەدەنلىرىنى سىلاپ. نۇرنىسا ئالتۇن ئۈزۈك، سۆكە سېلىنغان چىنىدىكى سۇنى قىزىنىڭ بېشىغا قۇيدى. ئايتۇرا ناۋات چىلانغان سۇنى قۇيدى. كەينى - كەينىدىن مېھمانخانىغا كىرگەن باللار «مەن، مەن» دەپ تالىشىپ بەس - بەس بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىغا ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، ئالىم بولسۇن، بەختلىك بولسۇن، ياۋاش بولسۇن دېيىشىپ سۇ قۇيۇشتى. بوۋاق كۆزلىرىنى يۇمۇپ - ئېچىپ تەلپۈنۈپ قارايتتى. زەيتۇنىخان توختىماي «بىسمىللا» دەپ شاھادەت ئېيتىپ:

— ياۋاش، ياۋاش، يىغلىمىسىلا، بالام، ياۋاش، ياۋاش، خۇدايىم بەختلىرىنى بەرسۇن، ياۋاش، ياۋاش، ئۆمرىلىرىنى بەرسۇن، ياۋاش، ياۋاش ... — دەپ بوۋاقنىڭ بۇدرۇق - بۇدرۇق

قول ـ پۇتلىرىنى يۇدى. زەيتۇنخان بالىنى سۈزۈك سۇ بىلەن ئاخىرقى قېتىم يۇيۇپ داستىن ئېلىپ نۇرنىساغا بەردى. نۇرنىسا بوۋاقنى قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. بوۋاق قارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قارايتتى. نۇرنىسا بوۋاقنى يېڭى لۆڭگە بىلەن ئېرتتى. پىتىلە ـ پىتىلە قارا چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. زەيتۇنخان بوۋاقنى يەنە قولىغا ئېلىپ سېرىق تۇك باسقان پېشانە، قول، ئاياغلىرىنى سىغىز بىلەن سىغىزلىدى. بوۋاقنى قىزىل دۇردۇن كۆڭلەك، نېپىز پاختا سېلىنغان ئاغلىق ئىشتان، بېشىغا گۇللۇك تاۋاردىن تىكىلگەن پوسما، كۆڭلەك ئۈستىگە خورما رەڭ مەخمەل جىلىتكە كىيدۈرۈۋىدى، شۇنداق يارىشىپ كەتتى، سالاھىدىن بىلەن نۇرنىسا بالىسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم! — دېدى سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ قولىدىن بوۋاقنى ئېلىپ باغرىغا بېسىپ.

ئايتۇرا ئۈستىگە ھالۋا ئېلىنغان توقاچلارنى ئاچىقىپ ھەربىر بالىغا مۇۋاپىق ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

※ ※ ※

كۈز كۈنلىرى ئاخىرلاشماقتا ئىدى. پېشىندىن كېيىن چىقىشقا باشلىغان سوغۇق شامال ناماز دىگەرگە يېقىن ئەۋجىگە چىقىپ بورانغا ئايلاندى. خازانلار، چاڭ ـ توزانلار ئۆگزىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ھويلىنىڭ يۈزىنى ياپتى. دەرۋازا بوراندا توختىماي جالاقلايتتى. سالاھىدىن چۈشتىن كېيىن دۇكىنىغا بارماي پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ يېنىدا قىڭغىيىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. نۇرنىسا نېپىزرەك يازلىق يوتقاننى ئېرىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپ، كەچلىك تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقتى. ئايتۇرامۇ ئاشخانا سۇپىسىدا بىر قولىنى تەكىيە قىلىپلا ئۇيقۇغا

كەتكەندى. ئۇنىڭ قاپقارا ماڭلاي چاچلىرى توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. بىر قولى ئەمدىغىنا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان كۆكسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. نۇرنىسا ئاستا كېلىپ سۇپىغا ئولتۇرۇشىغا، چۆچۈپ ئويغانغان ئايتۇرا گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تىزلىرىغا يېپىپ سۇپىدىن پەسكە چۈشتى. نۇرنىسا ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلىشىشنى تېخى ئۆگىنىپ كېتەلمىگەچكە، «يېتىپ ئۇخلاۋەرگىن» دېگەن سۆزنى قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلەلمىدى.

ئايتۇرا كەلگەندىن بېرى ھەممە ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلىۋاتاتتى. قىلغاندىمۇ ھەرقانداق كىشىگە يارىغۇدەك قىلاتتى. ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ھويلىنى سۈپۈرۈپ بولاتتى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چېيىنى ئىچىپلا كۆلدىن سۇ ئەكېلەتتى. بازارغا ئوتياشقا، گۆشكە باراتتى. ئازراق بىكار بولۇپ قالسا ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭمۇ بىر كىشى بىلەن مۇڭداشقۇسى، سۆزىنى ئاڭلىغۇسى، جاۋابىنى بەرگۈسى كېلىدىغاندۇ؟ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى لۆمۈلدەپ تۇرغان بىر جۈپ قوي كۆزلىرىدە ئىپادە قىلاتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ، خۇشاللىنىۋاتامدۇ، ھەسرەتلىنىۋاتامدۇ، ئىچى تىتىلداۋاتامدۇ، ھەممىنى ئاز ـ تولا سېزەتتى ۋە ئايتۇرانىڭ زېرەكلىكىگە ھەيران قالاتتى. ھازىر بۇ ئۆيدە قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇۋاتقان بىردىنبىر ھەمراھى ئەنە شۇ گاچا قىز ئىدى. سالاھىدىنىنى ياخشى كۆرسىمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، قورۇناتتى، ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرالمايتتى. نۇرنىسا چېلەكنى ئېلىپ سۇغا ماڭغان ئايتۇرانىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ «بۇران توختىسۇن، ئاندىن سۇ ئەكىرگىن» دېمەكچىدى، بىراق ئۇقتۇرالماي چېلەكنى ئېلىۋالماقچى بولدى. ئايتۇرا نۇرنىسانىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئۆيدە بىر تېمىم سۇ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرنىسانىڭ توسقىنىغا قارىماي سۇ ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى.

نۇرنىسا ئىتتىك بىرىپ كۆپكە قارىدى، كۆپتە ھەقىقەتەن بىر تىمىممۇ سۇ قالمىغانىدى. ئۇ بوراندا ئىچىلىپ ـ يىپىلىپ تۇرغان ئىشىكنى ئىتتىپ زەنجىرلەپ قويدى. ئۆيدە گۆش يوق ئىدى. سالاھىدىن ئۇخلاۋاتاتتى. نۇرنىسا ئامبارىدىن كۆكتات ئاچىقىپ ئادالىدى. ئاندىن ئاشخانىنى سۈپۈردى. ئايتۇرا كەلمىگەنسىرى نۇرنىسا ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. يېرىم سائەت ئۆتتى. ئايتۇرا تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. گۈركىرەپ چىقىۋاتقان قاتتىق بوران ئۇجمىنىڭ ئېگىلىپ قالغان بىر شېخىنى قارسىدە قىلىپ سۇندۇرۇۋەتتى. نۇرنىسا چۆچۈپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. «ئايتۇرا نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ بوراندا سۇ ئېلىۋېتىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ ياكى بىرەر نائەھلى ئالدىنى توسۇۋالغانمىدۇ؟ خۇدايىم ئۆزۈڭگە ئامانەت...»

— بالا يىغلاپ كەتتى، هاي قېنى سىلە!

سالاھىدىنىڭ ئاۋازى نۇرنىسانىڭ خىيالىنى بۆلدى. نۇرنىسا ئاشخانىدىن ئىتتىك چىقتى. سالاھىدىن ھويلىدا تۇراتتى. تۇغۇتتىن قوپۇپ كۈندىن ـ كۈنگە ئايدەك تولۇپ كېلىۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ ئۇنىڭ مەستلىكى كەلدى.

— ئايتۇرا قېنى؟ — دەپ سورىدى سالاھىدىن.

— سۇغا چىقىپ كەتتى.

— بوراندا چىقارمىساڭلا بولماستى؟

— ئالدىنى توسسام ئۇنىماي چىقىپ كەتتى. كۆپتە بىر تىمىم سۇ قالمىغانىكەن.

— ھە، — دېدى سالاھىدىن يىرىلىپ لەپەڭشىپ قالغان ئۇجمىنىڭ شېخىغا قول ئۇزارتىپ. ئۇ بىر تارتىپلا شاخنى يەرگە چۈشۈرۈۋىدى، كۆزىگە ئاچچىق توپا كىرىپ كېتىپ ئاچالماي قالدى.

— نۇرنىسا، — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— مانا ھازىر چىقاي، — دېدى نۇرنىسا ۋە ئېمىشتىن توختاپ ئۆزىگە تەلپۈنۈپ ياتقان قىزىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى

سۆيۈپ قويۇپ تاشقىرىقى ھويلىغا چىقتى.

— كۆزۈمگە بىر نەرسە كىرىپ كەتتى، پۈۋلەپ چىقىرىۋېتىڭلا، — دېدى سالاھىدىن ياغلىقى بىلەن سول كۆزىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان ياشنى ئېرتىپ تۇرۇپ. نۇرنىسا ئىككى قېتىم پۈۋلىدى ھەم ياغلىقى بىلەن ئېرىنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك قاپاقلىرىنى ئېرتتى. سالاھىدىن بىردىنلا ئۇنى دەس كۆتۈرۈۋالدى. نۇرنىسا ئۇنىڭ باغرىدا كىچىك بالىدەك تېپىرلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى.

— ئايتۇرا كەلدى. قويۇۋەتسىلە، ئىشىكنى ئېچىۋېتەي، — دېدى نۇرنىسا مەڭزىنى قاچۇرۇپ.

سالاھىدىن ئۇنى يەرگە دەسسىتىپ قويدى. نۇرنىسا لاچىندىن قۇتۇلغان كەپتەردەك ئۆزىنى تۈزەپ يۈگۈرگەن پېتى ئىشىك ئاچقىلى باردى. راست دېگەندەك ئىشىك ئالدىدا ئايتۇرا ئىككى چېلەك سۇنى كۆتۈرگەن پېتى تۇراتتى. سۇ ئەكەلگىنىگە خۇشال بولدىمۇ ياكى باشقا بىرەر ئىشقا خۇشال بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق چۇلغىۋالغان ئايتۇرا سۇنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ كۆپكە قويدى. نۇرنىسا ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدى. بوران توختىماي گۈركىرەيتتى.

※ ※ ※

1947 ـ يىلىنىڭ قاتتىق قىشى يامدىن ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كۆچۈرۈلگەن ئەنجۈرنىمۇ، يازلىقى پۈتۈن ھويلىغا ئاپتاپ چۈشۈرمەيدىغان تالنىمۇ ئۇششۇتۇپ چىقىپ كەتتى. كۆمۈكلۈك ئەنجۈر بىلەن ئۈزۈم تېلىنى باش باھاردا ئاچقان سالاھىدىن بۇ مېۋىلەرگە ئۇششۇك تەگكەنلىكىنى بىلەلمىدى. تالنى باراڭغا ئالدى، ئەنجۈرگە ئاچا يۆلىدى، لېكىن ھەر ئىككىلىسى كۆكلىمىدى. قېلىن ياغقان قار ئۇجمىگىلا پايدا

قىلغانىدى. ئۆجمىنىڭ شاخلىرى تېزلا يوپۇرماق چىقىرىپ، باھارنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا شىلدىرلاشقا باشلىدى. سالاھىدىن كۆكلىمىگەن ئەنجۈر كۆچىتى بىلەن ئۈزۈم تاللىرىنى قومۇرۇۋېلىپ ئۆگزىنىڭ سىراج تاملىرىغا يۆلىۋەتتى. باھارنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرىمۇ كۆپىيىپ، باغلاردىكى مېۋىلەرنىڭ چېچەكلىرىنى قېقىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغا بارمايلا بازار ئىچىنى ئۆجمە قاپلاپ كەتتى. ئايتۇرا ھويلىدىكى ئۆجمىگە ئوغۇل بالىدەك يامىشىپ چىقىپ چوڭ بىر شاخنى ئىرغىتقاندا، ئىككى بېشىنى سالاھىدىن بىلەن نۇرنىسا تۇتۇپ تۇرغان شالدىرشاپىقا ئۆجمە مۆلدۈردەك تۆكۈلەتتى. يەتتە ئايلىق بولغان ئوماق قىز ھۆرنىسامۇ ئۆجمىگە ئېغىز تەگدى. نىساخان، نۇرسىمانگۈللەر ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم كېلىپ ئۆجمە يېيىشىپ كېتەتتى. نۇرنىسا ئىككى كۈندە بىر قېتىم «ئۆجمە يەپ كەتسۇن» دەپ مۆھتەبەرنى قىچقىرىپ كېلىشكە ئايتۇرانى ئەۋەتەتتى. زەيتۇنىخانمۇ پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. كەلمەي قالسا، ئايتۇرا تاماق ياكى ئۆجمە ئېلىپ بېرىپ يوقلاپ باراتتى.

ئۆجمىنىڭ ئىككىنچى پىششىقىدا نۇرنىسا بىر كۈنى بامداتتىن كېيىن ئايتۇرانى ئەۋەتىپ مۆھتەبەر بىلەن زەيتۇنىخاننى چاقىرتىپ كەلدى.

— بۈگۈن ساڭا ئۆجمە قېقىپ بېرەي، — دېدى نۇرنىسا دوستىنى قۇچاقلاپ، — قورسىقىڭمۇ خېلى يوغىناپتۇ.

— يەنە ساڭا يېتەلمىدىم، — دەپ كۈلدى مۆھتەبەر، — سېنىڭكى مېنىڭكىدىن يوغانراق تۇرمامدۇ؟ بىر بالاڭ بۆشۈكتە، قورسىقىڭدىكى ئالتە ئايلىق، مېنىڭ ئەمدى بەش ئاينىڭ قارىسىنى ئالدى.

— تۇغۇۋالسۇن خېنىم، تۇغۇۋالسۇن، — دېدى زەيتۇنىخان سۆز قېتىپ، — چوكان ۋاقتىدا كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇۋالسا بالىلار ئاسانلا چوڭ بولۇپ ئەسقاتىدۇ. ماڭا خۇدايىم پەرزەنت

نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئايتۇرا بالام ئىنسابلىق بىر كىشىگە ياتلىق بولۇپ، پەرزەنت كۆرسە دەپ ھەر كۈنى خۇدايىمدىن تىلەيمەن. بالا دېگەن ئۆينىڭ چىرىغى، چوكانلىرىم.

ئايتۇرا ھاممىسىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— خۇدايىم دېگەنلىرىگە يەتكۈزسۇن، — دېدى ئۇجمە دەرىخىگە ياماشقان نۇرنىسا بالا ۋاقتىدا شاخقا ياماشقاندەك پۇتاقلارغا ئېسىلىپ. ئايتۇرا بىلەن مۇھتەبەر ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن يۆلىدى.

— قايسى شاخنى ئىرغىتاي؟ — دەپ سورىدى نۇرنىسا.

— ئاۋۇ چوڭ شاخنى، — مۇھتەبەر قولى بىلەن كۆرسەتتى. نۇرنىسا ئىرغىتتى. ئۇجمىلەر مۇھتەبەر بىلەن ئايتۇرا ئىككى چېتىدىن تۇتۇپ تۇرغان شالدىرشاپقا يامغۇردەك تۆكۈلدى. نۇرنىسانىڭ قارا چاچلىرى ئۇجمىنىڭ شاخلىرىغا يىلاندەك يۆگىشىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى، نۇرنىسانىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ كەتتى. گەرچە ئايتۇرا ئىشىكنىڭ قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ھاممىسىنىڭ قارىشىدىن پەملەپ ئىتتىك چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكتىن سالاھىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ شاخ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي زەيتۇنخان بىلەن مۇھتەبەردىن ئەھۋال سورىدى. ئاندىن داستىخان ئۈستىدىكى ئاپپاق ئۇجمىلەرگە قول ئۇزارتتى.

— سىلىگىمۇ ئۇجمە ئىرغىتىپ بېرەيمۇ؟

سالاھىدىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزى ئۆگزىنىڭ سىراج تېمىدىن بېشىنى چىقىرىپ نۇرنىساغا تىكىلىپ قالغان قوشنىسىنىڭ تامچى ئوغلىغا چۈشتى. بادام دوپپا كىيگەن قارامتۇل يىگىت ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا

ئۆجمە دەرىخىگىلا تىكىلىپ تۇراتتى. غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن سالاھىدىن ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ھاۋانچا تېشىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆگزىگە ئاتتى. ھاۋانچا تېشى گۇرس قىلىپ سىراج تامغا تەگدى. تام لەرزىگە كەلدى. ھېلىقى يىگىت چۆچۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

نۇرنىسانىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ چىرايى سارغىيىپ كەتتى. سالاھىدىن خوتۇنىنىڭ ئېتىكىدىن قاتتىق تارتتى.

— ۋايجان! — دەپ تۇۋلىۋەتتى نۇرنىسا. ئۇ ئۆجمىنىڭ شېخىغا چىڭ ئېسىلىۋالمىغان بولسا يىقىلىپ چۈشەتتى. مۇھتەبەر بىلەن زەيتۇنىخان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغاندا، ئايتۇرا بارغانچە ئۆجمىگە ياماشقان سالاھىدىننىڭ پېشىنى بىر تارتىپ ئۇنى يەرگە چۈشۈردى. ئۇ سالاھىدىنغا شۇنداق غەزەپ بىلەن تىكىلدىكى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان قەتئىيلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئورغاقتەك قارا قاشلىرى يىمىرىلىپ، جىنەستىدەك لەۋلىرى چىڭ چىشلەنگەنىدى. يەتتە ئايدىن بېرى بۇ گاچا قىزنىڭ ئىما - ئىشارەتلىرىنى ئانچە - مۇنچە چۈشىنىدىغان بولۇپ قالغان سالاھىدىن كەينىگە بىر قەدەم چېكىندى. ئۇ تىلسىز، گەپ ئاڭلىمايدىغان بۇ تەرسا قىزنى ئۇرۇۋېتىشنى، يا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بۇ چاغدا نۇرنىسامۇ ئۆجمىدىن چۈشتى:

— دادىسى، سىلى نېمە بولدىلا؟ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىلا - ھە؟! سىلە ئويلىغاندەك تەبىئەتسىزلەردىن ئەمەسمەن! ئىشەنمىسىلە ئېغىزلىرىدىن چىقىدىغىنى بىر ئېغىز سۆز، ئۆيلىرىدىن چىقىپ كېتىۋېرىمەن، ماڭىمۇ خۇدايىم بار. بالىغىمۇ ئىچىلىرى ئاغرىمايدىغان ئوخشايدۇ.

سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىدى.

— مەن ئەر، سەن خوتۇن، نېمە دېسەم شۇنى قىلىش مەجبۇرىيىتىڭ، مەن قانچە قېتىم ئۆگزىگە چىقما، پېشايۋاندا

تولا ئولتۇرما، خەقنىڭ كۆزى يامان دەپ ئېيتمىدىممۇ؟ كىچىك بالىدەك ئۇجمىگە چىقىۋالغىنىڭنى قارا! زادى نېمە مەقسەت بىلەن چىقتىڭ؟ سىراج تامنىڭ كەينىدە قاراپ تۇرغان كىم؟ راستىڭنى ئېيت!

— راستىڭنى ئېيت؟ بۇنىڭدىن باشقا قانداق راستىمنى ئېيتىسام بولاتتى؟ — دېدى نۇرنىسا سول كۆكسى ئۈستىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ پۈتىنىڭ لېپىكىگە تېگىپ تۇرغان بىر ئۆرۈم چېچىنى ئاچچىقى بىلەن غىجىملاپ، — ئۇجمىگە ھېچقانداق مەقسەت بىلەن چىقمىدىم، زەيتۇنىخان ئاچام، مۇھتەبەرلەرگە ئۇجمە ئىرغىتىپ بېرەي دەپ چىقتىم. بۇنىڭ بىلەن ئاسمان باشلىرىغا ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەندۇ؟ تامنىڭ كەينىدە دۆ بارمۇ، جىن بارمۇ، نەدىن بىلەي؟ نېمانچە يۈرىكىمنى سىقىلا؟ نېمانچە كىشىنى خورلايلا؟ مېنى دادىسى يوق، يېتىم كۆرۈۋاتامىلا؟ — نۇرنىسا يىغلامسىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ھېلى دېدىم، ماڭا ئىشەنمىگەن بولسىلا بىر ئېغىز گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقارسىلا بولدى. مەن كەتكەندىن كېيىن ئۆگزىگە چىقمايدىغان، پېشايۋاندا ئولتۇرمايدىغان، قازناققا سولاپ قويسىلا ماقۇل دەيدىغان خېنىمدىن بىرنى ئېلىۋالارلا.

سالاھىدىننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا قويۇق قاشلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ قىزىل مەڭزى قارىداپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىدىن بۇنداق تېگى بار قاتتىق سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئىشىتىۋاتاتتى.

— زادى سېنى ئارامىڭدا قويمايۋاتقان مۇشۇ خوتۇنلار، — دېدى ئۇ گۇناھىنى بۇنداق جېدەلنىڭ بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان مۇھتەبەر بىلەن زەيتۇنىخانغا ئارتىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە بۇلار يولىمىسۇن! — سالاھىدىن قولىنى سىلكىپ ئايۋانغا كىرىپ كەتتى. نۇرنىسا روملىنى ئارتىپ مېڭىشقان مۇھتەبەر، زەيتۇنىخاننىڭ ئالدىنى توستى.

— ھەربىرلىرىنى نېمىشقا چاقىرتىپ كەلگەندىمەن؟ بۇنداق ئىزا ـ ئاھانەتنى تارتقاندىن كۆرە ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ مۇھتەبەر، جېنىم ئاداش، خاپا بولما، خاپا بولمىسىلا، زەيتۇنىخان ئاچا. ئۇ كىشىنىڭ مىجەزى شۇنداق، ئەمدى مەنمۇ بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن.

— ئۇنداق دېمىگىن، ئاداش، — تەسەللى بەردى مۇھتەبەر، — ئەر كىشى دېگەننىڭ مىجەزى شۇنداق بولىدۇ. بۈگۈن ئاچچىقى تۇتۇپ قالدى، بىز كېتەيلى. خۇشلۇقى تۇتقان كۈنلىرى بالا ئەۋەتكىن، يەنە كېلىمىز. بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بېرىپ تۇرغىن، — مۇھتەبەر نۇرنىسانىڭ مەڭزىگە تىزىلغان ياش تامچىلىرىنى ئېرتتى.

— بالام، ئەر دېگەننىڭ ئاچچىقى بىردەملىك، ئۇنى كۆتۈرمىسىلە ئۆينى ئۆي قىلىپ تۇتقىلى بولمايدۇ. خاپا بولمىسىلا، قىزىم، بۇ كىچىككىنە ئىشنى دەپ كېتىپ يۈرمىسىلە، قانداق بولغان بىلەن خوتۇن ئۈچۈن ئەرنىڭ ئۆيى ياخشى، بالام، يىغلىمىسىلا، خۇدايىم خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن، — زەيتۇنىخان نۇرنىسانىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ خۇشلاشتى. مۇھتەبەر دوستىغا قىيمىغاندەك:

— خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، ئاداش، بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بارغىن، ئىچىڭ پۇشۇپ قالسا ئايتۇرانى ئەۋەتكىن، كېلىمەن. ئۆزۈڭنى ئايا، — دېدى ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ.

نۇرنىسا بۇلارنى ئۇزىتىپ ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى توختىتالماي ئايتۇراغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

※ ※ ※

كۈندىن ـ كۈنگە قورسىقى ئېغىرلىشىپ قېلىۋاتقان نۇرنىسا ئۆي ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى. سالاھىدىن ئالاھىدە بېرىپ چاقىرىپ كەلگەن نىساخان بىردەم

«ۋاي پۇتۇم»، بىردەم «ۋاي بېلىم» دەپ تۆشۈك ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلاشمايتتى. نۇرنىسادىنمۇ نېرى بولمايتتى. كۇنچىلىكى كۇچىيىپ كەتكەن سالاھىدىن ئۇنى ھېچ يەرگە چىقارمىدى. مۇھتەبەرنىڭ ئۆيى بۇياقتا تۇرسۇن، بىر قورساقتىن چىققان ئانا ئورنىدىكى ئاچىسى گۇلسۇمنىڭ ئۆيىگىمۇ بارغۇزمىدى. نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. يېڭى تۇغۇتتىن تۇرغان گۇلسۇم بىرقانچە قېتىم كېلىپ كەتتى. زەيتۇنخان ئىككى قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ئىشىكتىن كىرىشىگە سالاھىدىن قوغلىۋەتتى. ھازىر ئۇنىڭغا بىردىنبىر ھەمراھ ئايتۇرا ئىدى.

شۇ كۇنى زەيتۇنخان بىلەن مۇھتەبەرنى ئۇزىتىپ ئايتۇراغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان نۇرنىساغا:

— ماۋۇ تەرسا گاچىنىمۇ بۇگۇنلا كەتكۇزۇۋەت، — دېدى سالاھىدىن ئۆيدىن چاچراپ چىقىپ.

— نېمىشقا كەتكۇزۇۋېتىمەن؟ خۇدايىمنىڭ مۇشۇ مۆمىن بەندىسىدىن باشقا كۆڭلۇم سۇ ئىچىدىغان ھەم دەرد بولىدىغان يەنە كىم بار ئىدى؟ ئەگەر ئايتۇرانى كەتكۇزۇۋەتسىلە، ئەزبىرايى خۇدا مەنمۇ شۇ مىنۇتتىلا كېتىمەن!

نۇرنىسانىڭ خۇدانى شېپى كەلتۇرۇپ قىلغان قەسىمى ئايتۇرانى بۇ ئۆيدە ساقلاپ قالدى. ئۇ يېرىم يىلدىن بېرى ئايتۇراغا بەكمۇ ئىچەركىپ كەتتى. ئىككىسى بالىنى نۆۋەتلىشىپ باقاتتى، تاماقنى بىللە ئېتەتتى. ئايتۇرانى خىزمەتكار ئورنىدا ئەمەس، سىڭلىسى ئورنىدا كۆرەتتى. ھالبۇكى نۇرنىسا ئەمدى ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. ئايتۇرا بولسا يىگىرمە ياشتىن ئاشقانىدى. نۇرنىسانىڭ ئېرى بولغانلىقىدىن ئايتۇرا ئۇنى ئاچا ئورنىدا كۆرەتتى. بىللە كىر يۇيۇپ، ئۆي ـ ھويلىنى بىللە سۇپۇرۇشەتتى. پەقەت سۇغىلا ئايتۇرا يالغۇز چىقاتتى. بولۇپمۇ مۇشۇ باھاردىن بېرى سۇنى ئەتىگىنى ۋە چۈشتىن كېيىن ئىككى قېتىم ئەكېلىپ گۇل

يامىرىغا، ئۆجمىگە سۇ قۇياتتى، ھويلىغا سىپەتتى، كۆپنى تولدۇراتتى. ئايتۇرا ھاردىم دېمەيتتى، شۇڭا سۇغا كېتىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىت يوقىلىپ كەتسىمۇ نۇرنىسا ھەرگىز يۇزىگە سالمايتتى. يولدا ئۇنى ـ بۇنى كۆرگەندۇ دەپ كۆپايىلىنەتتى.
ئۇ ھەر قېتىم سۇدىن كەلگەندە خۇشال، كۆڭلى يايراپ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. نۇرنىسادىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇيالغاندەك قىلىپ كۆزلىرىنى قاچۇرغاندا ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. نۇرنىسا بۇنىڭدىن گۇمانلانىدى. «ھەرقانداق يىگىتكە يارايدىغان چىرايى بار. بىرەر يىگىت بىلەن كۆل بويىدا تونۇشۇپ قالدىمۇ نېمە؟ سۇغا بېرىش ئالدىدا يېڭى كۆڭلىكىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تارايدىغان بولۇپ قالدى. خۇدايىم ئىنسابلىق بىر يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىغا نېسىپ قىلغىن» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.
نۇرنىسا قىزى بىر ياشقا كىرمەي يەنە تۇغىدىغانلىقىنى ئويلىسا كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. ھۆرنىسانى تۇغقاندا خۇشال بولۇپ يەنە تۇغقۇسى كەلگەنىدى. ئېغىر ئاياغ بولۇپ ئۆجمە پىششىقىدا ھېلىقى ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ئەپسۇسلىنىدىغان بولدى. ئېرى دۇكاندىن ئۇشتۇمتۇت كېلىپ مارايدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئىچى تېخىمۇ سىقىلىشقا باشلىدى. ئېرى ئۇنى كىتاب كۆرگىلىمۇ قويمايتتى. شۇقداقتىمۇ، نۇرنىسا كىتابنى ئوغرىلىقچە ئوقۇيتتى.
سالاھىدىنچە بولغاندا نۇرنىسا كىچىك مېھمانخانىدىن زادىلا چىقماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنداق كۈن كەچۈرۈشكە نۇرنىسا قانداقمۇ كۆنسۇن؟ «خەمسە»، «چاھار دەرۋىش»، «چاھار دىۋان»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغاندا، ئۇ خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى خالايتتى. ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى ئىستەيتتى. بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنسېرى غەمگە چۆكۈپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. ئېرى كىتابلارنى جاۋەنگە سېلىپ قۇلۇپلىۋالغاچقا، گۇلسۇم، مۇھتەبەرلەر ئوغرىلىقچە ئەكېلىپ

بەرگەن كىتابلارنى يوشۇرۇپ ئوقۇيتتى. سالاھىدىندىن بىرقانچە قېتىم ئازار يېگەن مۇھتەبەر كەلمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ پۇشىدىغان بولۇپ كەتتى. سالاھىدىن كۈندە بولمىسىمۇ، كۈن ئاشۇرۇپ ھاراق ئىچىپ كېلەتتى. نەشىنى ئىغىر چېكىپ كۆزلىرى ئېلىنشقان ھالدا كېلىپلا ئايالىغا ئېسىلاتتى. ھۆرنىسانى تۇغقۇچە سالاھىدىننى ئۆزىنىڭ ئېرى، قولدىشى، ئۆمۈرلۈك جۈپتى بىلىپ ياخشى كۆرگەن نۇرنىسا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ھەتتا نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى. سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ بۇ ھالىتىنى — نازى دەپ قارايتتى. شۇڭا، خوتۇنى سىلكىشلەپ، دۆشكەلەپ تۇرسىمۇ، ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باساتتى.

دۇنيادا مۇتلەق خاتىرجەم ئائىلىلەر بولمىسا كېرەك. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خاپىلىقى، خۇشلۇقى بولىدۇ. خۇشلۇقنى سىرتقا يېيىپ، خاپىلىقنى تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقارمايدۇ. چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە تۆت تام ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسى بولىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى ئىشلاردىن ئانچە خەۋىرى يوق يېقىن - يىراقتىكى قوشنا - قولۇملار سالاھىدىننىڭ ئائىلىسىنى بەختلىك ئائىلە دەپ ھېسابلايتتى، چۈنكى خېلى چوڭ جېدەلمۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقمايتتى. نۇرنىسا نومۇسچان بولغاچقا، ئەھلىمەھەللىدىكى ئايالىلارغا ئېرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بەرمەيتتى. سالاھىدىن ئۆزىنىڭ نۇرنىسانى كۆنلەيدىغانلىقىنى ئىچىدە بىلەتتى، تاشقىرىغا چىقارمايتتى. ئەڭ يېقىن بۇرادىرىگە ئېيتىشنىمۇ يىگىت ئۈچۈن نومۇس دەپ ئويلايتتى. ئايتۇرا گاچا - گاس بولمىغاندا، بۇ ئۆينىڭ سىرىنى كوچىغا يايغان بولاتتىمىكىنتاڭ؟ ئۇ ئاڭلىيالمىسىمۇ نۇرنىسا بىلەن سالاھىدىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بولۇۋاتقان دە تالاشنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. كۈن ئۆتكەنسېرى سالاھىدىنغا ئۆچ، نۇرنىساغا ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ يېڭى كەلگەندىلا نۇرنىسانىڭ باشقا

نەرسىگە ئەمەس، كىتابقا بەكرەك ئامراقلىقىغا قىزىققان ۋە يىڭنە ئىش قىلىشنى، كەشتە توقۇشنى، رەشلىيە ئىشلەشنى ئۆنىڭدىن ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى. نۇرنىسا بۇنى كېيىنرەك چۈشەندى. ئۇ ئايتۇرا كېلىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندە ئىما ـ ئىشارەت بىلەن مەقسىتىنى بۇ گاچا قىزغا ئۇقتۇرالايدىغان بولدى. مانا شۇ چاغدا ئايتۇراغا خەت ئۆگىتىش ئىشتىياقى تۇغۇلدى. بۇنى نۇرنىسا ئىشارەت ئارقىلىق بىلدۈرگەندە ئايتۇرا ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى، يۈزلىرىدىن سۆيدى. بۇ باش باھار مەزگىلى ئىدى. نۇرنىسا دەسلەپ «ئا»نى يېزىپ تونۇتتى. لېكىن، تونۇش ئاسانغا چۈشمىدى. ئايتۇرا نۇرنىسانىڭ «ئا»نى يېزىپ قىلغان ئىشارەتلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى، بېشى قاتقان نۇرنىسا ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر چارە تاپتى، بۇ دەل خاسىيەتلىك پەيشەنبە ئاخشىمى بولۇپ ھاۋا ئوچۇق ئىدى. سەككىز ـ توققۇز كۈنلۈك ئاي كۆكتە نۇر چېچىپ تۇراتتى. سالاھىدىن خۇپتەنگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرنىسا ئايتۇرانى قولىدىن تارتىپ ھويلىغا ئاچىقتى ۋە قولى بىلەن ئاينى كۆرسەتتى. ئايتۇرا ئايغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدا نۇرنىسا خوتەن قەغىزىگە قېرىنداش بىلەن يوغان قىلىپ «ئاي» دېگەن سۆزنى يېزىپ، ئۇنىڭغا ئاسماندىكى ئاينىڭ خەت بىلەن يېزىلىشى دېگەن مەنىنى ناھايىتى تەسلىكتە چۈشەندۈردى. ئايتۇرا ئاسماندىكى ئايغا بىر قاراپ قەغەزدىكى يېزىققا بىر قاراپ كۈلدى ۋە چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەگەر سالاھىدىن خۇپتەندىن كىرمىگەن بولسا، ئۇلار خېلىغىچە ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان بولاتتى. مۇشۇ ئاخشامدىن باشلاپ ئايتۇرا يېزىق ئۆگىنىشنى باشلىدى. نۇرنىسا ھەرپ بويىچە ئەمەس، نەرسە ـ كېرەك ۋە ھەرىكەت نامى بويىچە خەت يېزىشنى ئۆگىتىشكە تۇتۇندى. ئايتۇرا ھەربىر سۆزنى ئون ـ يىگىرمە قېتىمدىن، ھەتتا ئەللىك، يۈز قېتىمدىن يازاتتى.

قولى بوش بولسىلا نۇرنىسانىڭ كۆرسىتىپ يېزىپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئېرىنمەي قايتا ـ قايتا يازاتتى. ئۇ كىچىك چېغىدا، ئانىسىدىن دوپپا تىكىشنى ئۆگەنگەندەك بىر ھېسسىيات بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتتى. نۇرنىسا پۈتۈن ياز بويى بىكار ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئايتۇراغا خەت ئۆگىتىشكە سەرپ قىلدى، ئايتۇرا كىچىسىمۇ ئۆگىنەتتى، نۇرنىسا يېزىپ بەرگەن «ئادەم، ئاسمان، ئالەم، سۇ، شەھەر، باغ، تاغ ...» قاتارلىق يۈزلىگەن ئىسىملارنى كۆڭلىدە ئوقۇپ يازاتتى. ئۆگەنگەنسېرى پىكرى ئېچىلىپ، تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنى چۈشىنىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، زېرىكىشلىك، ئادەمنىڭ قەلبىنى مۇجۇيدىغان بۇ ئۆيدە نۇرنىسا ئۈچۈن ئايتۇراغا خەت ئۆگىتىشتىن ئىبارەت بىر ئەرمەك تېپىلىپ، ئۇنى جاندىن ۋاز كېچىش ئويىدىن قايتۇردى.

※ ※ ※

ئايتۇرا بۇگۈن سۇغا كېتىپ خېلى ئۇزاقتا كەلدى. ئۇ بەكرەك كېچىكىپ قالغاچقا نۇرنىسا ئەنسىرىگەنىدى. ئۇ ئىشارەت بىلەن نېمە ئۈچۈن كېچىككەنلىكىنى سورىدى. ئايتۇرا نۇرنىسانىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىسىدىن گۇمانلانغانلىقىنى سېزىپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ تىرنىقىنى تاتىلاپ يەرگە قاراپ تۇردى. تىرنىقىغا خېنە قويغانلىقى ئۈچۈن قىپقىزىل ئىدى. ئايتۇرا توم قارا چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئوينىغىلى تۇرغاندا، نۇرنىسا راستلا ئاچچىقلاندى، گۇمانى كۈچەيدى. نۇرنىسا ئايتۇرانىڭ يىمىرىلىپ تۇرغان قاشلىرى ئاستىدىكى ئويچان كۆزلىرىگە نەزەر تاشلىۋىدى، ئايتۇرا كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشتىن تارتىنىۋاتاتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كېچىككەنلىكىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىشنى ئىشارەت بىلەن يەنە سورىدى. ئايتۇرا ئىككى كۆزىنى ئۇچمە

دەرىخىگە تىكىپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىر چاغدا ئۆزىچە نۇرنىساغا شۇنداق بىر قارىۋېلىپ پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرۇشقا باشلىدى. نۇرنىسا ئايتۇرانىڭ قول، پۇت، ئېغىز، قاش، كۆز ۋە باش ھەرىكەتلىرىگە بىرنەچچە مىنۇت زەن قويۇپ قاراپ ئولتۇردى.

ئايتۇرا دەسلەپكى قېتىم سۇدىن كېچىكىپ كەلگەندە، كۆل بويىدا بىر ئەپكەش يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇ يىگىت بىلەن يولدا، كۆل بويىدا بىرقانچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالغاندا يىگىتنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن ئايتۇرا ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالىدى. يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ چېلەكلىرىنى يەرگە قويۇپ، قولىنى ئۇزارتىپ: «خېنىم، چېلەكلىرىنى بەرسىلە، سۇنى ئېلىپ بېرەي» دېگەندە، ئايتۇرا ئۆزىنىڭ گەپنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، سۆز قىلالمايدىغانلىقىنى ئىشارەت بىلەن چۈشەندۈردى. يىگىتنىڭ چىرايىدىن شۇنداق بىر مۇلايىملىق ۋە كۆيۈنۈش ئەكس ئەتتى. بۇنى كۆرگەن ئايتۇرانىڭ يۈرىكى زىڭىلداپ يىگىتكە تىكىلىپلا قالدى. يىگىت گەپمۇ قىلماي ئايتۇرانىڭ قولىدىن ئىككى چېلەكنى ئېلىپ كۆلدىن سۇ ئېلىپ بېرىپ، ئۆز چېلىكىنى قۇرۇق پېتى كۆتۈرۈپ ئايتۇرانىڭ كەينىدىن ماڭدى. يىگىت كۆل بويىدىكى ساماۋارخانا ئالدىغا كەلگەندە ئايتۇرانى توختىتىپ، بىر ياغلىقتا بەش سامسىنى چىگىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. يىگىت سامسىنى بەرگۈچە ئايتۇرانىڭ بارماقلىرىنى بىردەم تۇتۇپ تۇردى. ئايتۇرانىڭ قوللىرىغا بىرىنچى قېتىم ئەر كىشىنىڭ قولى تەگكەچ پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ، تېنىگە ئىسسىق سېزىم تارىدى. يىگىت «ئايتۇرا سامسىنى يەۋالسۇن» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ سۇ تولدۇرۇلغان چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئايتۇرا يولدا سامسىنى يېيىشتىن نومۇس قىلىپ، چاپىنى ئىچىگە ــ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالدى. سالاھىدىنىنىڭ ئۆيى

تەرەپكە قايرىلىدىغان كىچىك كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ئايتۇرا توختاپ، يىگىتتىن چېلەكنى ئالغاچ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئايتۇرا سۇنى كۆتۈرۈپ تاكى ئۆيگە كىرىپ كەتكۈچە يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ قالدى. ئايتۇرا شۇ كۈندىن باشلاپ سۇ ئەكېلىشكە ئالدىرايدىغان، سۇنى كۈنىگە چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن ئىككى قېتىم ئەكېلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، يىگىت بىلەن كۆل بويىدا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم كۆرۈشەتتى. يىگىت كاۋاپ، شورپا، گۆش، لەڭپۇڭ ئېلىپ بېرەتتى. ئايتۇرا كۆل بويىدىكى سۆگەتنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ يەپ بولغاندىن كېيىن تەزىم قىلىپ يىگىتكە رەھمەت ئوقۇيتتى. يىگىت ناھايىتى سەممىي بولۇپ، ئايتۇراغا ھېچقانداق غەيرىي ئويدا بولماي، ئۇنىڭغا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئايتۇرانىڭمۇ بۇ يىگىتنى دائىم كۆرگۈسى، ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭداشقۇسى كېلەتتى. بۈگۈنمۇ شۇ يىگىت بىلەن سۆگەت دالدىسىدا ئولتۇرۇپ قېلىپ، كېچىكىپ قالغانىدى. يىگىت ئۇنىڭغا ئىككى قولىنىڭ بىگىز بارماقلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ «توي قىلساق» دەپ تەكلىپ قىلغاندا ئايتۇرامۇ قوشۇلغانىدى.

نۇرنىسا ئايتۇرانىڭ سۆزلىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئايتۇراغا چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇ كۈلكىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ھۆرنىسا يىغلاشقا باشلىدى.

※ ※ ※

ئايتۇرا توي قىلىپ، ئۆزى بولسا ئۇسسۇل ئويناپ چۈش كۆرگەن نۇرنىسا يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئايتۇرانىڭ سىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن بېرى، ئۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئايتۇرانىڭ ئەپكەش يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىغا خۇشال بولدى. «خۇدا، بۇ ئاجىز بەندەڭنىڭ بەختىنى بەرگىن، شۇ يىگىت بىلەن مەڭگۈلۈك جۈپ قىلىۋەتكىن» دەپ تىلەيتتى. ئۇ ئىچ كۆڭلىكى ئۈستىدىن چاپىنىنى يېپىنىپ پانارنى كۆتۈرگەن پېتى هويلىغا چىقتى ۋە شۇ چاغدا كوچىغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ زەنجىرلەنمىگىنىنى كۆرۈپ: «ئېرىم هەر كۈنى ئىشىكنى بىر قېتىم يوقلاپ ياتاتتى. ئاخشام يوقلىماپتىكەن ـ دە، ئايتۇرامۇ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ هاجەتخانىدىن چىقىپ ئىشىكنى زەنجىرلىدى. ئاندىن ئايتۇرا يېتىپ ـ قوپۇۋاتقان ئاشخانا ئۆيگە قاراپ باقماقچى بولۇپ چىراغنى ئاشخانا دېرىزىسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆز جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئايتۇرا ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا يېرىم يالىڭاچ قارىمۇتۇق بىر يىگىت بىلەن ياتاتتى. يوتقان يانغا سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغانىدى. نۇرنىسانىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچلۇق خىياللار كەلدى، ئۇ ئاشخانا دېرىزىسىنى چېكىپ:


— ئايتۇرا ئىشىكنى زەنجىرلىۋېتىڭ! — دېدى ئاستا ئاۋاز بىلەن، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. يىگىت ئويغىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرغاندا، نۇرنىسا ئايۋانغا كىرىپ بولغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. مېهمانخانىغا كىرىپ پانارنى ئۆچۈردى. ئۇ يېتىپ تۇرۇشىغا، مەرەپ ئالدىدا ياتقان ئېرى ئورنىدىن تۇردى.

سالاهىدىن پانارنى ياقتى، هەر قېتىم نۇرنىسا تەرەتكە چىقىپ قايتىپ كىرگەندە، ئۇ چىقىپ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ يېنىغا كىرىپ ياتاتتى. سالاهىدىن شۇ ئادىتى بويىچە پانارنى كۆتۈرۈپ هويلىغا چىقىپ كەتتى. نۇرنىسانىڭ «يىگىت چىقىپ كەتكەنمىدۇ، ئەگەر چىقىپ كەتمىگەن بولسا قانداق بولار؟» دېگەن سوئال خىيالىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، سالاهىدىنىڭ:

— تۇت ئوغرىنى! ئوغرى! ئوغرى قاچتى! — دېگەن

ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇرنىسا كۆڭلەك بىلەن چاپىنىنى ئىتتىك كىيىپ، رومىلىنى بېشىغا ئارتتى ـ دە، ھويلىغا چىقتى. ئېرىنىڭ چىراغنى پېشايۋاندا قويۇپ، كۆسەينى كۆتۈرۈپ يۇگۇرگەن پېتى كوچىغا چىقىپ كەتكىنىنى كۆردى. ئۇ قولىغا چىراغنى ئالدى ۋە ئالدىراپ ئاشخانىغا كىردى. كۆڭلەك، تامبىلىنى كىيىپ ئۇلگۇرگەن ئايتۇرا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك سۇپىدا ئولتۇراتتى. بىغەملىكىدىنمۇ، جىنىدىن تويغانلىقتىنمۇ ياكى ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدىنمۇ چىرايىدا قورقۇش ۋەھىمىسىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدا ئىشىكنى جالداقشىتىپ ئېچىپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ سالاھىدىن كىرىپ كەلدى. نۇرنىسا ئاشخانىدىن ئىتتىك ھويلىغا چىقتى. ئوغرىنى تۇتالماي گۇمانى كۈچەيگەن سالاھىدىن كۆسەي بىلەن ۋەھىمە ئىچىدە قالغان نۇرنىسانىڭ تاغىقىغا بىرنى ئۇردى. نۇرنىسا «ۋايجان !» دېگىنىچە دۈم يىقىلدى.

نۇرنىسانىڭ كەينىدىن چىراغ كۆتۈرۈپ چىققان ئايتۇرا سالاھىدىننىڭ ئاچچىقلىنىپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. غەزىپى قايناۋاتقان سالاھىدىن كۆسەينى يەنە ئېگىز كۆتۈرگەندە، ئايتۇرا چىراغنى يەرگە تاشلاپ يەردە ياتقان نۇرنىسانىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. شۇ زامان ئايتۇرانىڭ كۆسەي تەگكەن غولى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى...



## سەككىزىنچى باب

# **قاقباش**

دېرىزىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ گىژىلداۋاتقان يېشىل چىۋىن نۇرنىسانىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ ئوتتەك قىزىپ ياتاتتى. تاغنىقى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. مەڭزىدىكى ئىششىق يانغان بولسىمۇ، ئولتۇرۇشۇپ قالغان قاپىقىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆك تېخى كەتمىگەنىدى. لەۋلىرىگە قوقاق چىقىپ كەتكەنىدى. بېشىدا سالاھىدىنىنىڭ ھاممىسى نىساخان تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

ئۆيئىچى تىنچىق بولغاچ نۇرنىسا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ھۆرنىسا بۆشۈكتە بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېلىپتەك بۇرنى، ئالمىدەك مەڭزى، كەڭ پېشانىسى ئانىسىنى تارتقانىدى. بوتا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئېچىپ، ئىككى يېنىغا بېشىنى قىڭغايتىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى. «ئىڭە» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ نۇرنىسا سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان قوللىرىغا تايىنىپ ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ قىزىنى ئېمىتىشكە باشلىدى...

ئۇلۇشكۇن كېچە قاتتىق ئۇرۇلغان تاياق زەربىسىدىن بىھوش بولغان نۇرنىسا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنى ئۆيدە كۆردى. نىساخان ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇراتتى، نۇرنىسا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى قىمىرلاتقان بولسىمۇ سادا چىقمىدى. ئايتۇرانىڭ بىر يىگىت بىلەن ياتقانلىقى، ئېرى سالاھىدىنىنىڭ كۆسەيىنى ئېلىپ ئۆزىگە

ئېتىلىپ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى، تىكەنلەشكەن ساقىلى، يىمىرىلىپ تۇرغان قارا كۆرپىدەك قاشلىرى؛ ئايتۇرانىڭ نۇرنىسانى تاياقتىن قوغداپ ئۆزىنى ئۇستىگە تاشلىغانلىقى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كېلىپ سەسكىنىپ كەتتى.

— خېنىم بالام، نېمە بولدىلا؟ — سورىدى نىساخان نۇرنىساغا زەن سېلىپ.

نۇرنىسا بېشىنى يانتۇ قىلىپ نىساخانغا قارىدى.

— نېمە بولغىنىمنى تېخىچە بىلمىلىمۇ؟ — ئەجەبلەنگەندەك قاپاقلىرىنى سۈزدى نۇرنىسا.

نىساخان نۇرنىسانىڭ نېمە بولغىنىنى بىلەتتى، ئايتۇرا نۇرنىسانىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇنى تاياقتىن ساقلاپ قالماقچى بولغىنىنى بىلمىگەن سالاھىدىن كۆسەي بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بەش - ئوننى ئۇرۇۋەتتى. كۆسەي نۇرنىساغا تېگمۇۋاتامدۇ، ئايتۇراغىمۇ، پەرق قىلماي ئۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئىگىلەپ، ئەقلىنى كۈنداشلىق قاچۇرغانىدى. ئۇجىمىنىڭ غولىغا تەگدىمۇ ياكى يەرگە ياتقۇزۇلغان خىشقا ئۇرۇلدىمۇ، كۆسەي ئۇشتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن سالاھىدىن ئۇنى تاشلاپ ئۆچۈپ قالغان چىراغنى ياقتى. نۇرنىسا ئۇجىمىنىڭ يېنىدا يانتۇ بولۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ چېكىسىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. ئايتۇرا نۇرنىسانىڭ ئۈستىدە قوللىرى بىلەن يەرنى تىرىگەن ھالدا ياتقان بولۇپ، ئۇنىڭ چاپان، كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتكەنىدى. سالاھىدىن ئايتۇرانى يەرگىلا ئىتتىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، نۇرنىسانى كۆتۈرگەن پېتى مېھمانخانىغا ئەكىردى. لوڭگە بىلەن چېكىسىدىكى قاننى ئېرتتى. ئاندىن كېيىن قىرقىراپ يىغلاۋاتقان قىزنىمۇ قارىماي ھاممىسى نىساخاننىڭ ئۆيىگە چاپتى، بۇ چاغدا تاڭمۇ يورۇپ قالغانىدى.

— يۇرسىلە، ئاچا، قىچقارغىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ باشقا

سۆز قىلماي، «نۇرنىسا تولغاق يەپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان نىساخان قارا نىمچىسىنى كىيىپ، ئاق پەرەنجىسىنى ئارتىپ سالاھىدىننىڭ كەينىدىن يولغا چۈشتى. ئۇ ھويلىغا كىرىپ ئىڭراپ ياتقان ئايتۇرانى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بالام، بۇ نېمە ئىش؟

— نېمە ئىش بولاتتى، — دېدى سالاھىدىن ئۆزىگە قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرغان نىساخانغا، — گاچا بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋېدى، ئەدىپىنى بەردىم. ئەسلىدە سىلىنى ئەكېلىۋالماقچىدىم. بىراق، سىلىنى باردى - كەلدى يېرى كۆپ دەپ ئاياپ بۇ چاغقىچە سىلىگە ئېغىز ئاچمىغان، ئەمدى بولمىدى، سىلى ئانامنىڭ ئورنىدا، قانداق كەم - كۈتىلىرى بولسا يەتكۈزۈپ بېرەي، بۇگۈندىن باشلاپ مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ بەرسىلە.

نىساخان جىم تۇرۇپ سالاھىدىننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى، ئۇ نۇرنىسانىڭ يېرىم كېچىدە ھويلىغا چىقىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كىرگىنىنى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ھويلىغا چىقىشىغا بىر ئەر كىشىنىڭ ئاشخانىدىن يۈگۈرگەن پېتى قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايتۇرانىمۇ، نۇرنىسانىمۇ ئۇرغانلىقىنى زەردە بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— خۇدايىم ئۆمرىلىرىنى بەرسۇن، بايۋەچچە بالام، — دېدى نىساخان سۆيۈنۈش بىلەن، — رەھمەتلىك مۇسا ئاخۇن ۋاپات بولغاندىن بېرى ئۆيدە تىغدەك يالغۇز قالدىم. خۇدايىم بىزنى پەرزەنتتىن ئېيتىمىغانىكەن. ئۆزلىرىنى ئوغلۇم ھەم غەمخورچىم بىلىپ بويۇن قىسىپ قالماي بۇگۈنكى كۈنگىچە كەلدىم. ئۆزلىرى ئېيتقاندەك شۇ يەردىكى مۆتىۋەر ئائىلىلەر ئۆيۈمدە ئولتۇرغۇزمايدۇ. بىر كۈن بىرسىنىڭكىگە چايغا بارسام، يەنە بىر كۈنى بىرسىنىڭكىگە تويغا بارىمەن. بىرسى بولسا ئوغلىغا كىمنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت

بىرىشكە قىچقىرىدۇ. بىرسى قىزنى ياتلىق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. كۆڭلۈم شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ پات ـ پات كېلەلمىدىم، بالام. راستىنى ئېيتسام، بۇ گاچىنى ئۆيلىرىدە تۇرغۇزغانلىرىغا مىننەتمۇ ئاچچىقىم بار ئىدى. ئەمدى ئەقىللىرىنى تېپىپلا. ماقۇل، بالام، ماقۇل، بۇ ئۆيگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشقا مەندەك بىر قېرىنىڭ بولۇشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە، ـــ نىساخان سۆزىدىن سەل توختاپ ئايتۇراغا سەپسېلىپ تۇرۇپ دېدى، ـــ نۇرنىسا خېنىم ئۇخلاۋاتامدۇ؟

ـــ ھەئە، ئۆيدە ياتىدۇ. ئەھۋالىنى ئۇقتىلا، ئايتۇرانى ھازىرلا يولغا سېلىۋەتسىلە، نۇرنىساغا ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمىسىلە، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى. مەن تاھارەت ئېلىۋالاي.

سالاھىدىن مېھمانخانىغا كىرىپ خوتۇنىغا قارىدى. چېكىسىدىكى قان توختاپ ئۇيۇپ قالغان يەرنىڭ ئەتراپى كۆكىرىپ پۇلتىيىپ چىققانىدى. نۇرنىسا ئىنجىقلاپ ياتاتتى. «ئۇرغىنىم ئوبدان بولدى، ئەردىن قورقمىغان خوتۇن قانداق خوتۇن بولىدۇ.» ئايتۇرا ئۆزىنى نوقۇشتۇرۇپ يۆلىگەن نىساخانغا قاراپلا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ نىساخاننى سىلكىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ، ئورۇن ـ كۆرپىسىنى يىغىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر بوپا قىلىپ چىگدى، ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ نۇرنىسانىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، نۇرنىسانىڭ باشلىرىنى، ئۇچىسىنى سىلىدى، بوۋاقنى سۆيدى. مەگزىنى نۇرنىسانىڭ مەگزىگە ياققاندا كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نۇرنىساغا تەزىم قىلىپ، ئايۋاندا قاراپ تۇرۇشقان سالاھىدىن بىلەن نىساخانغا ئۇندىمەي ئىتتىك چىقىپ كەتتى...

نىساخان شۇلارنى ئويلاپ نۇرنىسانىڭ سۇزۇلگەن قاپاقلىرىغا، خاپىلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى:

— خاپا بولمىسىلا، نۇرنىسا قىزىم، سالاھىدىن بايۋەچچەم ئۆزى ئوبدان بولسىمۇ، ئەنە شۇنداق كىلىشمەيدىغان مىجەزىمۇ بار، گۈلنىڭ تىكىنى بولغىنىغا ئوخشاش سالاھىدىن بايۋەچچەمنىڭ مەردانىلىكىگە ياراشمايدىغان خۇيىمۇ بار. كۆڭۈللىرىگە زادى ئالمىسىلا، ئايتۇرا كەتكەن بىلەن مەن بار ئەمەسمۇ؟

※ ※ ※

يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئاستا ئۆتمەكتە. نۇرنىسانىڭ مەڭزىدىكى كۆك يوقىلىپ چىرايى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئورۇقلاپ زىلۋالىشىپ قالغانىدى. ئۇ قورسىقىدىكى سەككىز ئايلىق بالىنىڭ چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتى. بىر يەردىن يىقىلىپ چۈشسىمۇ، قورقۇپ كەتسىمۇ بالىسى چۈشۈپ كىتىدىغان ئاياللار ئاز ئەمەس، ئۇ تاياق يىگەن كىچىدىن كىيىن، ئۈچ كۈنگىچە قورسىقى تەۋرىمىدى، بالىنىڭ چۈشۈپ كىتىشىدىن ئازراقمۇ بىشارەت بولمىدى، «تۇنجۇقۇپ قالغانمىدۇ يا، خۇدايىم ئۆزۈڭگە ئامانەت، ئىبغىر ئاياغ دىمەي ئۇردى، خۇدايىم سالامەت تۇغۇۋىلىشىمغا نىسىپ قىلغىن» دەپ ئويلايتتى نۇرنىسا ...

قورسىقى پات - پات تەۋرەپ تۇرغان نۇرنىسا بۇگۈن كەچ ھويلىدىكى ئۇجمە دەرىخىنىڭ كۆز پەسلى كىرىش ئالدىدىكى تىنىمسىز شىلدىرلىشى بىلەن تالادا سىمىلداپ يىغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سىلىپ دىرىزە ئالدىدا ئولتۇراتتى. تالادىن غەرق مەست كىرگەن سالاھىدىن:

— نىمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى نۇرنىساغا يىقىنلاپ كىلىپ.

— مىنىڭ يىغلىشىم بىلەن سىلىنىڭ نىمە كارىلىرى؟

— نىمىشقا كارىم بولمايدۇ؟ ئۆيدە ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس

تۇرسا، ھامىمام خىزمىتىمگىنى قىلىمۇاتسا، يەنە نىمەڭ يەتمىگىنىگە يىغلايسەن؟ — ۋارقىرىدى سالاھىدىن.

— ماڭىمۇ يېتىشمەيدىغان نەرسىلەر كۆپ، — دېدى نۇرنىسا ئېرىگە تىكىلىپ، — ماڭا رۇخسەت بەرسىلە كېتىمەن. سىلى ئىشىنىدىغان، ھاللىرىغا يېتىدىغان خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋالسىلا.

— كېتىمەن دەمسەن؟ — سالاھىدىنىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — بۇ ئۆيدىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ. مەن ئەر، سەن خوتۇن! بۇنىڭدىن كېيىن بىسوراق ھېچ يەرگە بارمايسەن، بىرىنىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردە نىساخان ئاچام بىلەن بىللە بارىسەن. بارما دېگەن يەرگە بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ بارمايسەن! — سالاھىدىن ئېگىلىپ ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى قامالاپ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

سالاھىدىن سۆزلەۋېتىپ ھاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزىنى نۇرنىسانىڭ پېشانىسىگە ياقتى. نۇرنىسا ئىككى قولى بىلەن ئۇنى ئىتتەرسىمۇ نېرى كەتمەي تېخىمۇ بەكرەك يېپىشتى. نۇرنىسانىڭ بېشى ئايلىنىپ ھۇ تۇتۇپ، قورسىقى قاتتىق تەۋرەپ كەتتى. ئۇ يىرگىنىش بىلەن ئېرىنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى. سالاھىدىن ئارقىسىغا داجىپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن نىساخاننى كۆردى ـ دە، نۇرنىساغا قادىلىپ:

— ئېغىرئاياغ بولمىغان بولساڭ چاچلىرىڭدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ ئەدىپىڭنى بەرگەن بولاتتىم. خەير، ئېغىرئاياغسەن، ئاۋۋال سالامەت تۇغۇۋال، كېيىن مەن دېگەن گەپنى شۇم ئېغىزىڭغا ئىككىنچى ئالما! — دېدى ـ دە، ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

نىساخان چىراغنى ياقتى، ئۇ ھەممە سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. سالاھىدىنىنىڭ نۇرنىسانى چاچلىرىدىن تۇتۇپ ئايىغى ئاستىغا بېسىپ تازا ئۇرمىغىنىغا ئىچىدە ئەپسۇسلانىدى ۋە

ئاستا كېلىپ نۇرنىسانىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى.
— بالام، — دېدى ياسالما سىپايىلىك بىلەن، — ئەر بىلەن گەپ تالىشىش ياخشى ئەمەس. تاغدەك قاۋۇل ئەردىن نېمانچە سوۋۇپ كەتتىلە؟ راستىلىرىنى ئېيتىپ باقسىلا، مېنىڭ ئاغزىم چىڭ، سىر ساقلىيالايدىغان خوتۇن، ماڭا ئىشەنسىلە.
نۇرنىسا تەۋرەۋاتقان قورسىقىنى ئاستا تۇتۇپ: «سېنىڭ قەشقەردە (نىسا دەللە ــ بۇزار چەللە) دەپ نامىڭ چىققانلىقىنى بىلمىسەم كاشكى؟ سىر ساقلارمىش، ئىچىڭدە گەپ ياتمايدىغان خوتۇن ئىكەنلىكىڭنى ھەممە بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى.
— نىساخان ئاچا، — دېدى ئۇ، — مەندە نېمە سىر بولسۇن؟ سىرىم بولسا سىلىگە ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟
— ئۇنداق بولسا سالاھىدىن بايۋەچچىگە نېمە ئۇچۇن تەتۇر قارايلا؟ بۇنداق ئىش مېنىڭ بېشىمدىنمۇ ئۆتكەن. بىر تىجارەتچى كىشىگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قېلىپ ئېرىمدىن سوۋۇپ كەتكەنىدىم.
— مېنىڭ ھېچكىمگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغىنى يوق ھەم كۆڭلى كۆرگەنلا بىرىگە چۈشۈپ قالىدىغان شاللاق چوكانلاردىن ئەمەسمەن. مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلا، نىساخان ئاچا؟ — دېدى نۇرنىسا ئۇنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇپ، — مېنىڭ كۆڭلۈم سالاھىدىن ئاخۇنغا چۈشكەنىدى. سالاھىدىن ئاخۇن ماڭا ئىشەنمىدى، مەندىن گۇمانلىنىپ كەلدى، كۆڭلەپ يۈرىكىمنى مۇجۇۋەتتى. ماڭا بىكاردىن ــ بىكار ئازار بەردى. شۇڭا، بۇ ئۆيدىنلا ئەمەس، جاندىنمۇ تويۇپ كېتىۋاتىمەن.
— ھە، — دېدى نىساخان خۇپسەنلىك قىلىپ، ئۇ ئاغزىنى نۇرنىسانىڭ قۇلىقىغا ياقتى، — جېنىم قىزىم، سىلىگە بەكمۇ ئۇۋال بولدى، بۇنى بىلىمەن. سىلىدەك ساھىبجامال چوكاننىڭ تازا ئوينايدىغان ۋاقتى ئەمەسمۇ؟ ئۆزلىرىنى بىكاردىن ــ بىكار ئۇپراتمىسىلا، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك

بىرسىنى تېپىپ ئويناۋەرمەملا.

— ئۆتسىلە، ئاچا! — دېدى نۇرنىسا نىساخاننىڭ ھىيلە بىلەن ئۆزىدىن گەپ ئالماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، — قانداق نومۇسسىز خوتۇن سىلى؟ قوپسىلا، تولا كاپشىپ تېتىقسىز گەپلەرنى قىلماي، مەن سىلى ئويلىغاندەك دىيانەتسىز خوتۇنلاردىن ئەمەسمەن!

نۇرنىسا ئۆمرىدە بىرسىگە مۇنداق قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم بۇ ئايالنىڭ گېپىگە چىداپ تۇرالمىدى. نىساخانمۇ غۇدۇرىغىنىچە ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

نۇرنىسا ئايتۇرانى ئويلاپ ئېچىندى، ئۆزىگە گەپ كەلتۈرۈپ بەرگىنى ئۈچۈن كۆڭلى بىر قىسما بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ياخشى سىردىشىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا بەكمۇ مەيۈسلەندى.

※ ※ ※

نۇرنىسانىڭ ئايتۇرادىن ئايرىلغىنىغا ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ ھەسرەت دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى. ئېرىنى كۆرەرگە كۆزىمۇ قالمىغانىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ھېچكىمگە سۆز قىلماي، بۆشۈكتىكى قىزى ھۆرنىسا بىلەنلا بولاتتى. نىساخان قوناقلىقتا قويۇپ قويغان قارانچۇقتەك ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولمايتتى.

نۇرنىسا بۈگۈن سەھەردىلا چاچلىرىنى چۇۋۇپ تاراشقا تۇتۇندى، نامىزىنى ئوقۇپ كىرگەن نىساخان:

— نۇرنىسا خېنىم، بۈگۈن چارشەنبە تۇرسا باش تاراپ قاپتىلىغۇ؟ — دېدى چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ.

— چارشەنبە ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئايتۇرا كەتكەندىن بېرى باش تارىيالمىغانىدىم، بۈگۈن تارىۋالاي دەۋاتىمەن، — جاۋاب بەردى نۇرنىسا.

— ئايتۇرانى ئۇنتۇمايلا، چارشەنبە ئىكەنلىكىنى ئەجەب

ئۆنتۈپ قاپلا؟ — دېدى نىساخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. بۇنىڭ بىلەن يۈزىنىڭ ھەممە يېرى تۈرۈلۈپ قورۇق بولۇپ كەتتى.

— نېمە دەيلا؟ شۇنداق، ئايتۇرانى ئۇنتۇمايمەن. بۈگۈن باش تارىسام نېمە بولىدىكەن؟ — زەردە قىلدى نۇرنىسا، — قوللىرىدىن كەلسە مېنىمۇ ھەيدىتىۋەتسىلە!

— دوق قىلمىسىلا، خېنىم، قىرىق چارشەنبە باش تارىغان خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەملا؟ سىلى ئوقۇغان موللا چوكانغۇ؟ — نىساخان جاۋىلداپ سۆزلەپ نۇرنىساغا پوپوزا قىلىشقا باشلىدى، — بۇ توغرۇلۇق كىتابلاردا يېزىلغان. سىلى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن باش تاراۋاتىلا، ئۇنداق قىلمىسىلا، يامان بولىدۇ.

نۇرنىسا ئاپتۇۋىنى جاققىدە يەرگە قويۇپ:

— قەستەن تاراۋاتقان بولسام، خۇدايىم مېنىڭ جاجامنى بەرسۇن، قەستەن تارىمىغان بولسام، قىيامەت كۈنى سىلىنى قارا يۈز قىلسۇن! ماڭسىلا، بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرماي ئۆيدىن چىقسىلا!

نۇرنىسا بېشىدىن يەرگىچە ساڭگىلاپ تۇرغان قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ يۇيۇشقا باشلىدى ۋە «خۇدايىم تىلىڭ تۇتۇلۇپ كېتەر، بېشىڭنى يەرسەن» دەپ ئىچىدە قارغىدى. نىساخان بىردەم ئاشخانىغا كىرىپ، بىردەم ھويلىغا چىقىپ، ئىشىككە قاراپ ئاھ ئۇرۇپ يۈردى.

بامدات نامىزىدىن كېيىن تويغا كەتكەن سالاھىدىن چاشكا ۋاقتى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن نىساخان سالاھىدىننىڭ پېشىدىن تارتىپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ:

— بايۋەچچەم، بۇ خوتۇنلىرى راست ھازازۇل، نىيىتى ئالا خوتۇن ئىكەن، — دېدى ئۇ ئاستا ئاۋاز بىلەن، — ئاغزى بەك يامان ئىكەن. سىلىنى زالىم، دۆت دەپ ھاقارەتلىدى ... — بۇ گەپنى ئاڭلاپ سالاھىدىن بېشىغا توقماق تەگكەندەك يۇلقۇنۇپ كەتتى. ئۇ نىساخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى:

— نېمە؟ نېمىتى ئالا ئىكەن دېدىلىمۇ؟ !

— ھەئە، تازا ئالا ئىكەن، بەزىدە ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ياتسام ئاستا دەسسەپ ھويلىغا چىقىپ ئۆگزىگىلا قارايدۇ، ئاھ تارتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ. تۈنۈگۈن «بالام بىر كىشىگە كۆيىدىغان ئوخشىمامىلا؟» دېسەم، «سىلىنىڭ كارىلىرى بولمىسۇن» دەپ سىلكىشلىدى. سىلى خۇپتەنگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆگزىگە چىقماقچى بولدى. ئالدىنى توسسام، ئاغزىغا كەلگەن سەت تىل بىلەن مېنى تىللىدى. شۇنداقتىمۇ، چىڭ تۇرۇپ چىقارمىدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە باش تارايمەن، دەپ قوپۇپتىكەن، «ئۆتكەن چارشەنبىمۇ باشلىرىنى تارىدىلا، بۇ چارشەنبىمۇ تارايمەن دەۋاتىلا، سالاھىدىن ئاخۇن بالامدىن شۇنداق زېرىكتىلىمۇ؟ باشقا كۈندە تارىسىلا» دېسەم، «جادۇگەر قېرى، تارىسام قانداق قىلالايسەن» دەپ تىللاپ تاراۋەردى. ئۇنى بۇ ئۆيدىن قوغلىۋەتسىلە، ئاخىر بۇ جۇۋاينىمەك باشلىرىغا چىقىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى شۇ ئارزۇلۇق خېنىملىرىنىڭ غالچىلىقىنى قىلىمەن دەپ، مەن ئىشتىمىگەن تىل، يېمىگەن دەشنەم قالمىدى، مەنغۇ مەيلى، سىلىگە چىدىمايۋاتىمەن، بالام، ھۇ - ھۇ - ھۇ ...

— يىغلىمىسىلا، ئاچا، — تەسەللى بەردى سالاھىدىن، — مەن ئۇ ھازازۇلنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن.

نىساخان مېھمانخانىغا ئاچچىقى بىلەن ماڭغان سالاھىدىننىڭ ئالدىنى توستى.

— بايۋەچچەم، ھازىرلا كىرىپ گەپ قىلسىلا مېنى چاقتى دەپ ماڭا كۈن بەرمەيدۇ، كەچتە ئەدىپىنى بېرىپ قويارلا.

— ئاچا، — دېدى سالاھىدىن نىساخاننىڭ سۆزلىرىگە تازا ئىشەنمەي، چۈنكى ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۇنچىۋالا بەتبەشىرە ئاياللاردىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، — مەن نۇرنىسانى قويۇپ بېرىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. كۆڭلىدە قارىلىق بارمۇ، يوق شۇنى

بىلىپ باقاي، ئەگەر يوق بولسا، ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتىمەن، ئەگەر سىلى دېگەندەك نىيىتى ھەقىقەتەن ئالا بولسا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىمەن، ئۆزۈممۇ يوقىلىمەن، ئۇقىلىمۇ؟ سىلىدىن يالغان سۆزلىمەسلىكلىرىنى سورايمەن، ھەرقانداق گەپ ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقمىسۇن!

— ماقۇل، بالام، ماقۇل، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى نىساخان سالاھىدىننى ئىشەندۈرۈشكە تىرمىشىپ، — مۇشۇ ئاق چېچىم بىلەن يالغان سۆزلىسەم تىلىم تۇتۇلۇپ قالماسمۇ؟ قانداقلا قىلغان بىلەن بۇ خوتۇندىن ۋاپا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قېنى بىلەن قوللىرىنى بۇلغاپ خەلقئالەم ئالدىدا قاتىل ئاتىلىپ يۈرمىسىلە يەنە. تۇغدۇرۇۋېلىپ تالاق قىلىۋەتسىلە ئىش پۈتىدۇ. قەشقەردە تىرناقتا توختايدىغان قىز ـ چوكانلار ئاز ئەمەس، مەن شۇنداق بىر سەتەڭ قىز تېپىپ بېرەيكى، ئۇنىڭ بىلەن راھەتتە ئۆتسىلە.

— مېنىڭ غېمىمنى يېمەي قويسىلا، — دېدى سالاھىدىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — بەندىنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ. سىلىنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئىشلىرى نۇرنىساغا قاراش، ئەگەر ئۇ قېچىپ كېتىدىغان يا ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا كۆزلىرىگە كۆرسىتىپ قويىمەن. ئۇقىلىمۇ؟ ماڭسىلا، كىرىپ ئۇخلىسىلا، ئۇيقۇلىرى كەلمىسە چۈشلۈك غىزا ئەتسىلە.

نىساخان ئۇنچىقماي مېھمانخانىغا كىردى. نۇرنىسا ئۇخلىغان بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ ئايالنىڭ تەلەتىگە قارىغۇسى يوق ئىدى.

## توققۇزىنچى باب

# كۆلدىكى غىجىم رومال

سۇيى يېرىملاپ قالغان چوڭ كۆلگە ناۋات رەڭ غىجىم رومال چۆكۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىسقا چۇچىلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان ھالدا قىل يىلاندەك تولغىناتتى.

كۆل بويىدىكى سۆگەتنىڭ تاللىرىغا قونۇشۇۋالغان قۇشقاچلار توختىماي ۋىچىرلاشماقتا ئىدى. كۆل سۇيى سىم - سىم يېغىۋاتقان يامغۇردا چىم - چىم بولۇپ كۆپۈكلىنەتتى. كۆلگە قارىغان كىشىگە سۇغا چۆكۈپ تۇرغان غىجىم رومالنىڭ گۇللىرى ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىرنەچچە بېلىجانلار غىجىم رومالنىڭ چۇچىلىرى ئەتراپىدا ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى.

كۆلدىكى بۇ غىجىم رومالنى دەسلەپتە بىر ئەپكەش كۆردى. ئۇ چېلەكنى سۇغا سالىدىغان چاغدا رومالنى كۆرۈپ قېلىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بامدات نامىزىدىن بۇرۇنراق يانغان ئىككى كىشى كۆل بويىنى ياقىلاپ كېتىپ بېرىپ توختاپ قالدى. ئۇلارمۇ كۆلدىكى غىجىم رومالنى كۆرۈشكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر كۆل بويىغا بىر - بىرلەپ يىغىلدى. ئاخىرىدىراق يېتىپ كەلگەن سالاھىدىن كۆلدە چۆكۈپ تۇرغان غىجىم رومالنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. چۈنكى، بۇ رومال كىمنىڭ ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى، ئۇ ئىختىيارسىز ئىككى قولى بىلەن ساقىلىنى سىلىدى ۋە

قىپقىزىل چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ كىمنىڭ رومىلىدۇ؟

— بىچارە، ئۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلىۋاپتۇ - دە!

— خۇدا ئۇرغان بىر ئايال ئوخشايدۇ.

— ئۆزى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— چۆكۈپ كەتكەندۇ.

— ياق، بىرسى سۇزۇۋالغاندەك قىلىدۇ.

— يوق پاراڭنى قىلماڭلار، بۇ رومالنى ئۆگزىدە يېيىقلىق تۇرغان يېرىدىن شامال ئۇچۇرۇپ كېلىپ كۆلگە تاشلىغان بولسا كېرەك.

— ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى قادىر خۇدا، بۇ رومالنىڭ نېمە ئۇچۇن كۆلگە چۈشۈپ قالغىنىنى غەپلەتتىكى بىز بەندىلىرىگە ئۆزى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

كۆلگە قاراپ تۇرغان كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. سالاھىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ رومالغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

※ ※ ※

دېرىزىدىن ئاسمانغا ئويچان بېقىپ ياتقان نۇرنىسا قاتار تىزىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا غاز، ئۆردەكلەرنىڭ توپىنى كۆردى. كۆپكۆك ئاسماندا ئۈچ بۇرجەك، يا شەكلىدە تىزىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇ ياۋا قۇشلارنىڭ سانى يوق ئىدى. ئۈجمىنىڭ شېخىغا قونۇۋالغان قاغا ئىككى قېتىم «قاق - قاق» قىلىپ قاقىلداپ قانات قاقتى. نۇرنىسا دېرىزە ئالدىدىن تۇرۇپ بۆشۈكتە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بۇدرۇققىنا بوۋاققا قارىدى. بۇ نۇرنىسانىڭ كۆز كىرىشى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ئىككىنچى قىزى ئىدى. دەرد - ئەلەم، ھەسرەت بىلەن پۇچۇلىنىپ كەتكەن نۇرنىسانىڭ بۇ قېتىمقى تەۋەللۇتى خېلى

ئوڭۇشلۇق بولدى. كالتە تولغاق بىرنەچچە كۈن داۋام قىلغان بولسىمۇ، جۈمە كېچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن ئىنجىق بىلەن تاڭ يورۇغۇچە كۆزى يورۇپ بولدى. كېچىچە ھەمراھ بولغان گۈلسۈم بوۋاقنى زاكىلاپ بېرىپ كەتتى. يېنىدا نىساخان بىلەن زەيتۈنىخان قالغانىدى. سالاھىدىن ئايتۇرانى قوغلىۋەتكەندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان زەيتۈنىخان سالاھىدىنىنىڭ ئۆيىگە باش تىقىپ باقمىغانىدى. نۆرنىسا تولغاق تۇتقاندا «زەيتۈنىخان ئاچام كەلمىسە، ئاچامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، زەيتۈنىخاننى قىچقىرىپ كەلگەنىدى.

خوتۇنىنىڭ يەنە قىز تۇغقانلىقىنى نىساخاندىن ئاڭلىغان سالاھىدىن بوۋاقنى كۆرگىلى كىرمىدى. خۇۋەينى ئۆرۈكنىڭ غورىسىدەك پۈلتىيىپ تۇرۇلگەن قاپىقى نەچچە كۈنگىچە ئېچىلمىدى. زەيتۈنىخانغا نۆرنىسا ئۆزىنىڭ بىر كۆڭلەك، بىر چاپىنىنى بېرىپ ئۇزاتتى. ئېرى مۇبارەكلەپ بىر نەرسە ئېلىپ بەرمىگىنىگە خاپا بولمىغان بولسىمۇ، «بالا قانداقراق» دەپ بىر ئېغىز ئەھۋال سوراپ قويمىغىنى ئۇنىڭغا بەكرەك ھار كەلدى. پەقەت گۈلسۈم، ئېرى، قېيىنئانا، قېيىنئاتىسى بىلەن مۇبارەكلەپ كەلگەن كۈنى سالاھىدىن بالىسىغا ئات قويۇش ئۈچۈنلا چىرايى تۇتۇق ھالدا بالىنى بىر قېتىملا قولىغا ئالدى. نۆرنىسانىڭ سالاھىدىنىنى كۆرەرگە كۆزى بولمىسىمۇ، ئېرى بولغىنى ئۈچۈن «كىرىپ قويمىدى، ئەھۋال سورىمىدى، بالىنى قولىغا ئالمىدى...» دەپ بىر ھەسرىتى ئون ھەسسە كۈچىيىپ كەتكەنىدى. نىساخان ئەتكەن ئۈگرە، شوۋىگۈرۈچ قاتارلىق تاماقلارنى ئىچكۈسى كەلمىسىمۇ، سۈت بولسۇن دەپ زورلاپ ئىچەتتى. زەيتۈنىخان: «ئايتۇرا سالامەت، ئۇنىڭ تويىنى قىلدۇق، سىلىگە سالام ئېيتتى، بىر كۈنى سىلىنى يوقلاپ كەلمەكچى» دېگەن بولسىمۇ كەلمىگەنىدى. ئايتۇرانىڭ ياتلىق قىلىنغىنىدىن نۆرنىسا بەك خۇشال بولدى. شۇنداق قىلىپ،

قىرىق كۈننى ئۆتكۈزۈپ بالىسىنىڭ قىرىق تويىنى قىلىۋالدى. مۇشۇ ئارىلىقتا سالاھىدىنىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى نۇرسىمانگۇل بىرقانچە قېتىم تاماق ئېتىپ كېلىپ ھال سورىدى. گۈلسۈممۇ كەلدى. ئەمما، مۇھتەبەر كەلمىدى.

ھۆرنىسا ئەمدى ئون ئايلىق بولغاندا نۇرنىسا ئۇنى بۆشۈكتىن چىقىرىپ، ئەمچەكتىن ئايرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۆشۈككە گۈلنىسانى سالدى. ھۆرنىسا ئۆمىلەپ زادى جىم تۇرمايتتى. بىردەم بۆشۈككە ئېسىلىپلا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئۈكىسىنىڭ يۈزىنى تاتىلايتتى، بىردەم ئۆمىلەپ بېرىپ قاچىلارنى ئۆرۈۋېتەتتى. نۇرنىسا ئىككى بالىنى باقىمەن دەپ بىردەممۇ ئارام ئالالمايتتى. نىساخان بالىلارغا زادى قاراشمايتتى. تېخى: «تاماق ئېتىشكە قارىشىپ بەرمىدى، بالىلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى» دەپ چالۋاقايتتى، نۇرنىسامۇ بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپلا ئاشخانىغا چىقىشقا ئالدىرايتتى، چۈنكى نىساخاننىڭ قولىدىن تاماق يېيىشكە ناقايىل ئىدى...

ئۇ ھازىر دېرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ بۆشۈكتىكى گۈلنىسا بىلەن يېنىدا ياتقان ھۆرنىساغا قاراپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئىككىلا بالا ئۇخلاۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلغاندەك بولۇپ بىردەمدىن كېيىن مۇھتەبەر كىرىپ كەلدى.

— ئادىشىم، دوستۇم، نېمانچە ياداپ كەتكەنسەن؟ ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمىسەڭ بولاتتى. ئەجەب بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى ئۇ نۇرنىسانى قۇچاقلاپ.

— مەن بەك بىتەلەي ئىكەنمەن، مۇھتەبەر، يۈرىكىم زەرداب بولۇپ كەتتى. ئايتۇرا كەتكەندىن كېيىن مۇڭدىشىدىغان، ھالىمغا يېتىدىغان ئادەم چىقمىدى. سەنمۇ كەلمىدىڭ. ئايتۇرا تىلسىز بولسىمۇ ھالىمغا يېتەتتى، بۇ بالىنى تۇغقاندىن كېيىن جېنىمدىن تويۇپ كېتىۋاتىمەن، — نۇرنىسا سۆزلەپ تۇرۇپ مۇھتەبەرنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مۇھتەبەرنىڭ ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— يىغلىما، جېنىم دوستۇم، يىغلىما، — دېدى مۇھتەبەر، — مەن ئېرىڭنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە كېلەلمىگەنىدىم، ئەمدى كېلىپ تۇرىمەن. ئۆزۈڭنى ئوبدان كۈت، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كۈتمىسەڭ سېنى كىم كۈتىدۇ؟ جان كۆندە چېچەكلىمەيدۇ، ئادىشىم.

— كۆڭلۈم ھېچكىمدىن سۇ ئىچمىسە نېمىشقا يىغلىمايمەن، دوستۇم؟ قەپەستىكى قۇشتەك ھېچ يەرگە بارالمىسام، سىقىلمامدىمەن؟

— ئۇغۇ راست، — مۇھتەبەر نۇرنىسانىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، — بۇ چاغقىچە ھېچ يەرگە بارماي ئولتۇردۇڭ، ئەمدى بالاڭ ئىككى بولدى. سېنىڭ پاكلىقىڭ، ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ، ۋاپادارلىقىڭ ئېرىڭگە ئايان بولغاندۇ؟ ئەمدى بىر يەرگە بارىمەن دېسەڭ رۇخسەت قىلار، مەن سېنى ئۆيۈمگە قىچقىرىۋالماقچىمەن، بارمىساڭ بولمايدۇ.

— بۇ ھالىمدا قانداق بارىمەن؟ — دېدى نۇرنىسا. شۇ ئارىدا بوۋاق يىغلاشقا باشلىۋىدى، نۇرنىسا بوۋاقىغا ئەمچەك سالدى، — ئۇ كىشى ئاسانلىقچە ماقۇل دېمەيدۇ.

— ماقۇل دېگۈز، سېنى دەپلا مېھمان چاقىرماقچىمەن. ئايتۇرامۇ كېلىدۇ، سازەندە، ئۇسسۇلچىلارمۇ كېلىدۇ. كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەلگىن، دوستۇم.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بارىمەن.

ئىككى دوست كەچكىچە بىللە يۈرۈپ، قولمۇقول تاماق ئېتىشتى. بۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىغان نىساخان كەچتە سالاھىدىنغا قانداق يەتكۈزۈش توغرىسىدا كۆڭلىدە چوت سوقتى. مۇھتەبەر سالاھىدىن دۇكاندىن قايتىش ئالدىدا ئۆزىدى. ئەتىسى گۈلسۈم كەلدى:

— ئۇكام، سەن بەكمۇ جۇدەپ كېتىپسەن، ھۆرنىسا يېنىڭدا بولسا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىماق تەس بولىدۇ. ئۇ ئەمچەكتىن ئايرىلغۇچە مەن ئەكېتىپ بېقىپ بېرەي، جېنىڭغا

ئىچىڭ ئاغرىسۇن، — دەپ ھۆرنىسانى ئەكەتتى.

گۇلسۇم ھۆرنىسانى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئەكېلىپ نۇرنىساغا كۆرسىتىپ يەنە ئەكېتەتتى. ھۆرنىسا بىر ھەپتىدىلا گۇلسۇمنىڭ ئۆيىگە كۆنۈپ قالدى. ئۇنى «ئانا» دەپ، ھاشىم ئاخۇن ئاكىنى، تۇراپنى «دادا» دەپ چاقىراتتى، بەزىدە گۇلسۇمنىمۇ «دا - دا - دا» دەپ قوياتتى. ھەر قېتىم نۇرنىسانىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغاندا ئۇكىسىنى كۆتۈرىمەن دەپ قول ئۇزارتىپ تۇرۇۋالاتتى، قۇچاقلاپ سۆيەتتى. بۇلارغا قاراپ نۇرنىسانىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى.

※ ※ ※

ئۇجمە شاخلىرىنىڭ ئاچىماقلىرىدىكى پومزەك - پومزەك قارلار ئېرىپ تامچىلىماقتا. ئۆگزىدىكى ئېرىۋاتقان قارنىڭ سۇلىرى نوردىن ھويلىغا شۇرقىراپ چۈشمەكتە. نۇرنىسا دېرىزە تەكچىسىدە بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ، نورغا تۇتۇپ كەتكەن چوكا مۇزلارنىڭ ئېرىپ چاراسلاپ سۇنۇپ يەرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. گۇلنىسا ئەمچەكنى ئاغزىدىن پات - پات چىقىرىۋېتىپ، ئانىسىغا قاراپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، يەنە ئاغزىغا ئالاتتى. ئۇ ھۆرنىساغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ھۆرنىسا بولسا كىچىك كۆرپىنىڭ ئۈستىدە تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى، ئىككى بالىسىغا قاراپ نۇرنىسانىڭ ئىچى سىيرىلدى، كۆز چاناقلىرىغا پاتمىغان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېتىكىگە چۈشمەكتە ئىدى. نۇرنىسا مۇھتەبەر ئۆتكۈزگەن چايغىمۇ بارالمىدى. چۈنكى، مېھمانلىرىنى ئۆيىگە باشلاپ قويۇپ نۇرنىسانى چاقىرغىلى كەلگەن مۇھتەبەرنى سالاھىدىن ھاقارەتلەپ قايتۇرۇۋەتكەنىدى، سالاھىدىن ھەتتا نۇرنىسانى جانجىگەر يالغۇز ئاچىسى گۇلسۇمنىڭ ئۆيىگىمۇ بارغۇزمايدىغان بولۇۋالدى. «نېمىشقىمۇ تۇغۇلغاندىمەن؟ ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق

تەڭقىسلىق ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتەرمەنمۇ؟ باللارنى دېمىسەم ئاللىقاچان ئانامنىڭ يېنىدا ياتقان بولاتتىم. خۇدا، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ تاقىتىم چېكىگە يەتتى. باللارنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم ...» نۇرنىسانىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى توختىتىۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ يۈزىگە تامچىلىنىشىدىن ئويغانغان قۇچاقتىكى گۈلنىسا لەۋلىرىنى پۈرۈپ، پۇت ئېتىپ يىغلاپ كۆرپىدە ئۇخلاۋاتقان ھۆرنىسانىمۇ ئويغىتىۋەتتى، ھۆرنىسا چالا ئۇيقۇلۇقتا يىغلاشقا باشلىدى.

قەھرىتان قىشنى ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن چىقارغان نۇرنىسا باھارنىمۇ ئەنە شۇنداق كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. نىساخان ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيگە كېتىپ قونۇپ كېلەتتى.

سالاھىدىننىڭ ھەر قېتىم ھاممىسى ئۆيىگە كەتكەندە ھويلىنىڭ كوچىغا چىقىش ئىشىكىگە يوغان قارا ئورۇس قۇلۇپىنى سېلىپ قويۇپ دۇكىنىغا كېتىشى نۇرنىساغا بەكمۇ ئەلەم قىلاتتى. سالاھىدىن ھەر قېتىم دۇكاندىن كەلگەندە نۇرنىساغا بۇرۇنقىدەك بىر نەرسە ئەكەلمەي قۇرۇق قول كېلىدىغان بولۇۋالغانىدى. بۇمۇ مەيلى ئىدى، ھەممىدىن ئەلەم بولىدىغىنى ئۆزى چايخانا ياكى ئاشخانىدا قورسىقىنى توقلاپ، نەشە چېكىپ كېلىپ، ئۆيىگە كىرىپلا ئاۋۋال خوتۇنىغا سەپسالاتتى. كۆڭلى يەنە قانائەت تاپماي ئۆگزىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە باقاتتى. نىساخانمۇ ھەدېسىلا نۇرنىسانى تالاق قىلدۇرۇۋېتىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. نۇرنىسا ئېرىنىڭ ئەمدى يۇمشىمايدىغانلىقىنى، توي قىلغاندىن كېيىنكى بىرىنچى يىلىدىكىدەك بىر ـ بىرىنى «ۋاي» دەپ كۆڭلەرنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىسا بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى.

باھار كۈنلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نۇرنىسانى

مۆڭلاندۇرۇپ ئۆتۈپ، تېرەك پوتلا تاشلاپ ياپراق چىقاردى. ئايۋاننىڭ ئىشىك بېشىغا ئۇۋا سالغان بىر جۈپ قارلىغاچ ۋىچىرلاپ سايرىشىپ نۇرنىسانى خىيالدىن ئۆزگە كەلتۈردى. ئويلا ـ ئويلا ئاخىر: «ئۇ كىشى بىلەن سۆزلىشەي، يا مېنى تونۇۋالسۇن، يا خېتىمنى بەرسۇن، ئەگەر يەنىلا يەيلىدىن يانمىسا، بالىلارنى تاشلاپ بېرىپ، كېتىدىغان يېرىمگە كېتىمەن ...» دېگەن قارارغا كەلدى. «كېتىمەن» دېگەن سۆزنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى باسالماي ئانىسى تۇگەپ كەتكەن چاغدىكىدەك ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىككى قىزىمۇ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ دەل ئۆرۈك چېچەكلىرى مونچاق بولغان بىر چۈش ۋاقتى ئىدى، ھويلىغا كىرىپ كەلگەن سالاھىدىن ئۆيئىچىدىكى يىغىغا بىرپەس قۇلاق سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىردى ـ دە:

— كۆز يېشىڭ قۇرۇيدىغان كۈنمۇ بولامدۇ؟ — دەپ دوق قىلدى.

— كۆز يېشىم قۇرۇيدىغان كۈنمۇ كېلىدۇ، ئىنشائاللا، — دەپ جاۋاب بەردى نۇرنىسا مۇلايىملىق بىلەن يېشىنى ئېرتىپ، — سىلى مېنى بۇنداق ئازابلىمىسىلا، — نۇرنىسا ئېرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى، — سىلى ماڭا ئىشەنسىلە. باشتىكىدەك مۇئامىلە قىلسىلا، مېنىڭ باشقا ھېچقانداق غەرىزىم يوق. سىلىنىمۇ خۇش قىلسام، ئۆزۈممۇ خۇش بولسام دەيمەن.

خوتۇنىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سالاھىدىن كۈلدى.

— مەن ساڭا ئىشىنىپ ئىختىيارىڭغا قويۇۋەتسەم خالىغان يېرىڭگە بارساڭ بولامتى؟ خالىغان يېرىڭدە تۇرساڭ كۆڭلۈڭ ئەمىن تاپامتى؟ خالىغان ئادىمىڭنى چاقىرىپ ئۆيدە بەزمە ئويناساڭ، دۇتارىڭنى چالساڭ، ناخشاڭنى ئېيتساڭ، ئايتۇرا، مۇھتەبەرلەرنى دەللاللىقتا سالساڭ خۇشال بولامتىڭ؟ مۇھتەبەردەك سەتەڭلەرنى، ئايتۇرادەك تىلسىز بۇزۇقلارنى دوست

تۇتۇپ خالىغىنىڭنى قىلساڭ مۇرادىڭغا يەتكەن بولامتىڭ؟ مەن ئالدانمايمەن. خوتۇن ئۈچۈن ئەر دېگەن زادى ئەر، خوتۇن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك، سەن ئەمدى ئۇخلاپ چۈش كۆرمە!

نۇرنىسا سالاھىدىنغا يېلىنغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆز، كۆزىدىن ياش تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى:

— ئەمىسە تالاق قىلىپ خېتىمنى بەرسىلە، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!

— چىدىمىساڭ مانا! — سالاھىدىن ئۇنىڭ چاچلىرىدىن تارتىپ قوپۇرۇپ چاڭگىدە بىر تەستەك سالدى. نۇرنىسانىڭ ئىككى قولىدىكى ئىككى بالا قىرقىراپ يىغلاپ كېتىشتى. نۇرنىسا سەنتۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.

— زالىم! — دېدى نۇرنىسا ئىككى قىزىنى باغرىغا چىڭ تېڭىپ، — ياش جېنىمغا زامىن بولىدىغان بولدۇڭ.

— زالىم؟ مەن زالىممۇ؟ جېنىڭغا زامىن بولىدىغان ئادەممۇ مەن؟ ھۆ تىلى زەھەر پاسكىنا! — سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ ئالدىغا مۇشت كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئېغىزلىرىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسىلا، مېنى پاسكىنا دېسىلە خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايلا.

سالاھىدىن چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ خوتۇنىغا قارىدى. نۇرنىسا ئىككى قىزىنى باغرىغا تاڭغىنىچە قادىلىپ تۇراتتى. تەستەك تەگكەن مەڭزى قىزىرىپ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇراتتى.

سالاھىدىن نۇرنىسانى زۇۋان سۇرەلمەيدىغان قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئاۋۋال ھۆرنىسانى، ئاندىن گۈلنىسانى تارتىپ ئېلىپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويدى. بالىلار چىرقىراپ كېتىشتى. نۇرنىسا قىزلىرىنى يەنە قولىغا ئالماقچى بولغاندا، سالاھىدىن ئۇنىڭ چاچلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇپ يەرگە باستى.

— ماڭا سۆز ياندۇرامسەن؟ — خىرقىراپ سورىدى سالاھىدىن، نۇرنىسانىڭ چىلاندەك قىزىل لەۋلىرى تىترەپ

چىرايى ئايدەك ئاقىرىپ كەتتى.
— تالاق قىلىۋەتسەڭ سۆز ياندۇرمايمەن.
— تالاق قىلمايمەن، ئەمدى سۆز ياندۇرساڭ ئامان قالمايسەن! — ۋارقىرىدى سالاھىدىن، ئۇنىڭ غەزەپلىك چىرايىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.
— مېنىڭمۇ ئاغزىم بېسىلمايدۇ! باغرى تاش زالىم!
— ھازازۇل خوتۇن!
— زالىم ئەر، خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن!
— تالاق! تالاق! تالاق! ئەمدى بولدىمۇ؟
سالاھىدىن نۇرنىسانىڭ چاچلىرىنى قويۇۋەتتى. نۇرنىسا «تالاق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ جىم بولدى. ئاچچىقىدا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن «تالاق» دېگەن سۆزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ سالاھىدىنمۇ جىم بولدى.

※ ※ ※

سالاھىدىن پېشىن نامىزىنى ئۆيدە ئۆتەپ يېلىڭ تونىنى كىيدى - دە، ئايۋاننىڭ ئىشىكىگە قولۇپ سالدى. جىمجىت بولۇپ قالغان ھويلىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇ تۈنۈگۈن ئۆيىگە كەتكەن نىساخاننى چاقىرىپ كېلىشنى ئويلاپ تاشقىرىقى ئىشىكنىمۇ قۇلۇپلىدى. «تالاق دېگۈزۈپ پۇشايمان قىلىۋاتقانسەن، مەندەك ئەر ساڭا نەدە؟ خىزمىتىمنى چىرايلىق قىلىپ ھاجىتىمدىن چىققان بولساڭ، شۇ كۈنگە قالمايتتىڭ. بىرنەچچە كۈن پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ئۆزۈمگە يەنە نىكاھلىتىۋالىمەن. بېشىڭنى تاشقا ئۇرغىنىڭ بىلەنمۇ تىرىكلىڭ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ» ئويلىدى سالاھىدىن شاپاشلاپ كېتىۋېتىپ.
نۇرنىسا سالاھىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تولا يىغلاپ ئۇنى پۈتۈپ كەتكەن گۈلنىسانى بۆشۈككە بۆلەپ ھۆرنىسانى

قوچاققا ئالدى.

— ئانا، ناننا بېيە، — دېدى ھۆرنىسا تېخىچە ئېسەدەپ.

— ماقۇل، قىزىم.

نۇرنىسا «تالاق» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. چۈنكى، ھازىردىن باشلاپ ئېرىنىڭ ئەمرىدىن چىققانىدى. مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلا ئارام تېپىپ قالاتتى. شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە تالاق قىلىنغان خوتۇن ئەرگە ھارام بولاتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ يېنىك بىر تىنىدى. جاۋەندىن نان ئېلىپ پىيالىگە چىلاپ ھۆرنىساغا ئىچۈرۈپ بولۇپ، قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياتقان گۈلنىسانى ئېمىتتى.

ھۆرنىسانىڭ ئەمدىلەتىن تىلى چىقىشقا باشلىغانىدى. يېگۈسى، ئىچكۈسى كەلسە مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايتتى. گۈلنىسا ئەمدى ئولتۇرالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى ياتقۇزۇپ قويسا ئۆمىلەشكە ئىنتىلىپ دۈم بولۇۋالاتتى. ئىككى بالىسىغا قاراپ نۇرنىسانى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا تۇتتى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ نىساخان كىرىپ كەلدى. ئۇ بالىلىرى بىلەن كىچىك مېھمانخانىدا گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك ئولتۇرغان نۇرنىساغا قاراپ ئەجەبلەندى. نىساخانىنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەلگەن سالاھىدىنمۇ نۇرنىسانىڭ مەنسىتمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ چىرايى ئۆڭدى ـ يۇ، گەپ قىلمىدى.

نۇرنىسا گۈلنىسانى بۆشۈكتىن ئېلىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ كىيدۈردى. ھۆرنىساغىمۇ كىيىم كىيدۈردى. ئاندىن ئۆزىمۇ قايتا كىيىندى ـ دە، غىجىم رومىلىنى ئارتىپ ئىككى بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىشىغا سالاھىدىن ئۇنى توستى:

— نەگە باراي دەيسەن؟

— ئاچامنىڭ يېنىغا.

— بارمايسەن !

— نېمىشقا بارمايدىكەنمەن؟ ئەمىرلىرىدىن چىققان

تۇرۇقلۇق بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرەمدىمەن؟

— ئولتۇرۇۋېرسەڭ، ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇ، بۇ ئۆيدىن تىرىكىڭنى چىقارمايمەن!

— مەن سىلىگە نامەھرەم، يولۇمنى توسمىسىلا، خۇدادىن قورقسىلا.

سالاھىدىن جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئەگەر ئۇ نۇرنى-سانى ئۆيدىن چىقىرىپ قويسا، قايتا بۇ ئۆيگە ئەكېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ:

— راست، سەن مېنىڭ ئەمرىمدە يوق، سەن ماڭا، مەن ساڭا نامەھرەم، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، مەن بۇ ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن سەن ھېچ يەرگە كەتمەي مۇشۇ مېھمانخانىدا كۆن ئۆتكۈزۈپ تۇرسەن، ھېچكىم سېنىڭ ئىشىڭغا ئارىلاشمايدۇ. بۇ سۆزۈمگە كۆنمىسەڭ، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە!

نۇرنىسا سالاھىدىنىنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كەينىگە ياندى. گەپ قىلاي دېدى ــ يۇ، سالاھىدىنىنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ جىم ئولتۇردى. سالاھىدىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى.

※ ※ ※

نۇرنىسا تالاق قىلىنغان بولسىمۇ سالاھىدىنىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. ھېچ تەرەپتىن نىجاتلىق تاپالمىغان نۇرنىسا ئاخىر گۈلنىسا بىلەن ھۆرنىسانى ئۇخلىتىپ ــ دە، ئېسىگە بىر نەرسە چۈشكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئويۇقتىن قەغەز، دۇۋەت، قەلەم ئېلىپ سەبىي قىزلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىشقا باشلىدى.

قەۋەت ـ قەۋەت بۇلۇت كۆكنى قاپلىغان،
دېرىزىدىن باقسام قۇياش كۆرۈنمەس.
دەرۋازىغا قارا قۇلۇپ سېلىنغان،
شۇ دەم نېچۇن غەمكىن كۆڭلۇم ئۆكۈنمەس؟

ئۆگزىدىكى نورنىڭ مۇزى ئېرىدى،
قالمىدى ھەم قاردىن ئەسەر ھويلىدا.
لېكىن قالدى ھېچكىم بىلمەس قىساسىم،
تاشتىن قاتتىق رەھىمسىز يار بويىندا.

تۇنجى قىزىم قۇچىقىمغا باش قويغان،
ئىككىنچىسى ئۇخلاپ ياتار بۆشۈكتە.
مەن ئەمەسمۇ شۇ دەم جاندىن جاق تويغان،
تىلىكىمنى قالدۇرۇپ بۇ پۈتۈكتە.

ئى خۇدايا پاناھىڭغا ئال ئۆزۈڭ،
قالغان سەبىي قىزلىرىمنى ئانىسىز.
بىلگەن بولسام ھەسرەت ئىچرە قالارنى،
رازى ئىدىم قىلغان بولساڭ بالىسىز...

نۇرنىسا يازغان شېئىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇدى، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئارتۇق تەسەللىي يوق ئىدى. شامال تېخىچە چىقىۋاتاتتى، ھويلىغا سايە تاشلىغان ئۇجمە ئىرغاڭلىماقتا. تاشقىرىقى ئىشىك ئېچىلىپ قاپاقلىرى چۈشكەن سالاھىدىن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن گۇپۇلدەپ ھاراقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

— تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى ئەر ئۆز ئۆيىدىن چىقارماي ساقلىسا بولىدۇ، دېگەن پەتىۋا قايسى كىتابتا بار ئىكەن، ئېيتسىلا؟ — دېدى نۇرنىسا سالاھىدىن ئۆيگە كىرىپ

كېلىشىگە ئاۋۋال سۆز باشلاپ، — ھېچقانداق كىتابتا يوق، ۋىجدانى بار ھەرقانداق ئەر تالاق قىلغان خوتۇننى ئۆز ئۆيىدە ساقلىمايدۇ، نېمىدەپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋالىلا؟ بىز بىر - بىرىمىزگە نامەھرەمغۇ، خۇدادىن قورقمامىلا؟

سالاھىدىن گېپىنى بىر نەرسە بوغۇۋالغاندەك بۇزىرىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ تامىقىنى قىرىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا:

— ھەددىڭدىن ئاشما! پۇشايمان قىلامدىكىن دېسەم، ئوشۇقلۇك ئالچۇ چۇشكەن ئوخشىمامدۇ؟ مېنى زورلاپ تالاق قىلدۇرۇشۇڭدا گەپ بار ئىكەن - دە؟ گېپىمگە كۆنۈپ، ئەسكىلىكىڭنى تاشلا. ئىككىمىزنىڭ ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىمىزگە يەنە يول بار، بۇ توغرۇلۇق ئۆتكەندە دېدىمغۇ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇر، تامىقىڭدىن غەم قىلما. ھامما ئېتىپ بېرىدۇ، مەن سېنى بۇ ئۆيدىن ئۆمۈرۋايەت كەتكۈزمەيمەن! — دېدى.

سالاھىدىن ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ - دە، ئايۋاندىمۇ تۇرماي چىقىپ كەتتى. سالاھىدىننىڭ يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن غەزەپلەنگەن نۇرنىسا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: «بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلەمدىكەنمەن، كېتەلمەمدىكەنمەن، كۆرۈپ تۇر، شۇنداق كېتىمەنكى، سەن ئۆمۈرۋايەت داغدا قالىسەن، بالىلىرىمغا خۇدا بار ...» دەپ ئويلىدى. ئۇ گۈلنىسانى ئۇزاق ئېمىتتى. شۇ ئارىدا ھۆرنىسامۇ ئويغاندى، نۇرنىسا ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قولىغا نان تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، سالاھىدىن ئاشخانىدىن چەينەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پېشايۋاندا ئولتۇردى. بىر پەستىن كېيىن پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىچىك مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ قېتىم نۇرنىسا گەپ قىلمىدى، بېشىغا ئارتىقلىق رومال بىلەن يۈزىنى تۇسۇۋالدى. بۇنى كۆرۈپ سالاھىدىننىڭ



چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ جاۋەندىن نان، پىيالە، بىر قاچا ھەسەل ئالدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

تۈن قارا پەردىسىنى يېيىپ ھەممە تەرەپنى قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە ئالغاندا، سالاھىدىن شام نامىزىنى ئۆتەپ مەسچىتتىن يانغانىدى. ھويلىغا كىرىپ تېخىچە چىراغ يېقىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى تۇتتى. پېشايۋاندا جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان نىساخانغا قاراپ نېمىنىدۇر ئويلىدى ـ دە، ساماۋارخانىغا كىرىپ قورساق تويدۇرۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا يېنىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

نۇرنىسا سالاھىدىننىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ پانارنى ياقتى. ئوچاقتىكى چوغنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن تاشلاپ چۆگۈننى قويۇپ چاي قايناتىپ بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويدۇردى، ئۆزىمۇ چايغا ئازراق نان چىلاپ يېدى. ئۇ شۇ تاپتا ھېچنېمىنى ئويلىمىغاندەك خاتىرجەم كۆرۈنسىمۇ، ئەمما كۆڭلى بەك يېرىم ئىدى. قىزلىرى ئۇخلاپ قېلىشقاندىن كېيىن پانارنى ئۆچۈرۈپ، بىرەر سائەتچە خىيال سۈرۈپ ياتقاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇ كېچىگە قۇلاق سالدى ۋە ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ پانارنى يېقىپ بۇلۇڭدىكى چوڭ ساندۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن توي كۈنى كىيگەن ئەتلەس كۆڭلىكىنى ئېلىپ كىيىپ ئۈستىگە سارجا پەلتوسىنى ساپتى. غىجىم رومىلىنى بېشىغا ئارتىپ، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈكىنى كىيدى ـ دە، ئىككى بالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى. شۇ تاپتا نۇرنىسانىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. ئۇ قىزلىرىغا قىيالماي ئۇزاقىچە قاراپ ئولتۇردى. ھۆرنىسا ئوڭ قولىنى بېسىپ ئۇخلاۋاتاتتى. گۈلنىسامۇ بۆشۈكتە ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى.

بۇ ئىككى قىز نۇرنىساغا بەكلا ئوخشايتتى. نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. نۇرنىسا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايۋانغا چىقتى.

— ئۆھۆ! — سالاھىدىن مەنىلىك يۆتەلدى. بۇ مەن ئويغاق دېگىنى ئىدى. ئايۋاننىڭ قولۇپلاقلىق ئىشىكىگە كۆز سالغان نۇرنىسا هايال ئۆتمەي يېنىپ كىرىپ بالىلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇردى. كېچە جىمجىت ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھۇۋقۇشنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. «ئەجەب بۇ كېچە ھۇۋقۇش سايراپ قالدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — خۇدايىم نېسىپ قىلغان بولسا دەرد - ئەلەمدىن تاڭ يورۇغۇچە قۇتۇلىمەن ...» نۇرنىسا ئۆيدىلا تاھارەت ئالدى، ئولتۇرۇپ ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىدى، ئاچىسى گۈلسۇم، دوستى مۇھتەبەر، ئايتۇرالارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. ئارىدا يىغلاپ ئويغانغان گۈلنىسانى ئېمىتىپ، ئاستىنى قۇرۇقداپ يەنە بۆلەپ قويدى.

خوراز بىرىنچى قېتىم چىللىغاندا نۇرنىسا تېخىچە خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتاتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ بالىلىرىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ بۇ ئۆيدىن مەڭگۈ كېتىش — ھاياتتىن خوشلىشىش خىيالىدا بىئارام بولسا، بىر تۇرۇپ بۇ ئۆيدە مەڭگۈ قېلىپ سىقىق، خورلۇق، ئازابقا سوكۇت قىلىپ بالىلىرىنى چوڭ قىلىش ئوتىدا ئۆرتىنەتتى.

ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان سەبىي بالىلىرىنى دەپ، سالاھىدىن نېمە قىلسا شۇنىڭغا بويسۇنۇپ، بۇ ئۆيدە مەڭگۈ تۇرنۇپرەي دېسە، ئاشۇ ئېغىر ئاھانەتلەر، غەزەپلىك ئالىيىشلار، چاچلاردىن يۆگەپ تۇتۇپ يەرگە بېسىپ ئۇرۇشلار كۆز ئالدىغا بىرمۇ بىر كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ياشاش ئۈمىدى شامالغا ئۇچرىغان كۆپۈكتەك يوققا چىقاتتى. خوراز ئىككىنچى قېتىم چىللىغاندا نۇرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆچۈپ قالغان پانارنى

ياندۇرۇپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئايۋانغا چىقىشىغا سالاھىدىنىنىڭ يەنە «ئۆھۆ!» دېگەن يۆتىلىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئامالسىز ئۆيگە يەنە يېنىپ كىرىپ بالىلىرىنىڭ يېنىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇردى.

خوراز ئۈچىنچى قېتىم چىللىغاندا، گۈلنىسانى ئېمىتىپ قويۇپ ھۆرنىسانىڭ يېنىدىلا سوزۇلۇپ ياتتى. بىر چاغدا «نۇرنىسا!» دەپ توۋلىغان بىر ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندەك بولۇپ چاچراپ تۇرۇپ، دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ ھويلىغا قارىدى. ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا ۋاقىتنىڭ قايسى ۋاق بولغىنىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇ ئايۋانغا چىقتى، شۇ چاغدا بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى. «تاڭ ئېتىپ قاپتۇ، خۇدايىم ئۆزۈڭ مەدەت بەرگىن، بالىلىرىمنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، پاناھىڭغا ئال»، ئۇ ئىچىدە شۇنداق شىۋىرلاپ، ئۆيگە كىرىپ پانارنى ياقتى. ئۇ ھۆرنىسانىڭ پېشانىسىگە، كۆزلىرىگە، ئاغزىغا سۆيدى. گۈلنىسانى بۆشۈكتىن ئېلىپ ئاستىنى قۇرۇقداپ باغرىغا تېڭىپ ئولتۇردى. بۇ سەبىي قىزنىڭمۇ باش - كۆزىگە، ھەممە يېرىگە سۆيۈپ چىقىپ ئېمىتتى. ئاندىن قايتىدىن بۆلەپ قويدى. «خۇدايىمغا ئامانەت، جىگەرلىرىم، ئۆمرۈڭلەرنى، بەختىڭلارنى خۇدا ئۆزى بەرسۇن.» نۇرنىسا ۋاقىتنىڭ قىستاپ قالغانلىقىنى پەملەپ چىراغنى ئۆچۈردى - دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئايۋانغا چىقتى. ھەممە ياق تىمتاس ئىدى. پەقەت سالاھىدىنىنىڭ خورەك تارتىۋاتقانلىقى چوڭ مېھمانخانىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «ئويغىنىپ قالمىسىلا بولاتتى.» نۇرنىسا ئايۋان ئىشىكىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، ھويلىغا چىقىپ ئاشخانا دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدى. نىساخانمۇ ئاشخانىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. نۇرنىسا دالانغا ئۆتۈپ تاشقىرىقى دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ يېپىپ قۇلۇپ سالدى - دە، «خەير، قىزلىرىم ھۆرنىسا،

گۈلنىسا، سىلەرنى ئاللانىڭ پاناھىغا تاپشۇردۇم، ئامان بولۇڭلار» دەپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كۆل بويىغا كەلدى. سۈيى ئازلاپ قالغان كۆل تاڭ قاراڭغۇسىدا قارىيىپ تۇراتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەزان ساداسى كېلەتتى. نۇرنىسا سۇ ئالىدىغان يەرگە يېقىن كۆل گىرۋىكىدە توختاپ بالىلىرى قالغان ئۆي تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپتىن قارىداپ كەتكەن سالاھىدىن قامچا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئوقچۇپ چىققان ياش پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى بويلاپ كۆكسىگە ئېقىۋاتاتتى. راستلا ئۇنىڭغا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى. نۇرنىسا «يا خۇدا» دېدى ـ دە، كۆلگە ئۆزىنى ئاتتى ... بىز باشتا كۆرگەن كۆلدىكى ناۋات رەڭ غىجىم رومال ئۇنىڭ رومىلى ئىدى ...



## ئونىنچى باب

# ئەپكەش يىگىت

ئابدۇلئەزىز كىرىيە ناھىيەسىدىكى داڭلىق خالۋاپىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئون ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىلچىغا كۆچۈپ كېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەتتە بالىنىڭ كەنجىسى ھەم يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسى بىلەن ئاچىلىرىدىن گىلەم، ئەتلەس توقۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەنىدى، ئون بەش ياشلارغا كىرگەندە دادىسىغا ئوبدانلا ئەسقىتىپ قالدى. ئۇنى دادىسى بۇ تەرەپتىن قەشقەر، ئۈرۈمچى، ئىلىغىچە؛ ئۇ تەرەپتىن كەشمىر، پاكىستان، ھىندىستانغىچە ئۆزى بىللە ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا تىجارەت يولىنى ئۆگەتتى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە دادىسىغا ھەم قانات، ھەم ھاسا بولۇپ خېلى ئەسقاتتى.

كەنجى ئاچىسىنىڭ تويى بولغاندا ئابدۇلئەزىز ئون يەتتە ياشقا قەدەم قويىدى. ئەتىگەن ـ كەچلەردە داستىخان ئەتراپىغا سىغىنىشماي ئولتۇرغان پەرزەنتلىرىدىن يالغۇز ئابدۇلئەزىزنىڭلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تېزرەك ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئابدۇلئەزىز قوشنىسى ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئۆزلىرىگە گىلەم، ئەتلەس توقۇشقا شاگىرت بولۇپ كېلىۋاتقان قىزى مەغپىرەتكە كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرەتتى. بۇنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلمەيتتى.

ئابدۇلئەزىزمۇ تويغا تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كىمنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقلىرىنى دەسلەپ بىلەلمەي ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ، خاپا يۈردى. پەقەت دادىسى ئۇنى چاقىرىپ، قولىغا:

— مۇشۇ باغاقنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش مەزمۇندا باغاق يېزىپ دوست ـ ئاغىنىلىرىڭگە تارقىتىپ بەرگىن، — دەپ بىر پارچە باغاق ھەم پاتلانغان كەشمىر قەغىزىدىن بىر تۇتام بەرگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. بۇ باغاقتا:

«ھۆرمەتلىك ياسىن ئاخۇن، ئەمەت قارىم ئوغلى خۇدا خالىسا پەيشەنبە كۈنى ھاپىز ئاخۇن، ئايۇپ پەرزەنتلىرىنىڭ توي مەرىكىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلسۇنلەر.

ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 7 دە، ئورنى گۈلباغ مەھەللىسى»

دەپ يېزىلغانىدى. ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان بۇ باغاق ئۇنى بەكمۇ سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئاتىسىدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەلگەن بىر قاپاق مەيزاپنى قازناقتىن ئاچىقىپ، ياردەملىشىشكە كەلگەن دوستلىرىغا بىر پىيالىدىن قۇيدى. ئۇلار بىر پىيالىدىن مەيزاپ ئىچىشكەندىن كېيىن باغاق يېزىشقا تۇتۇش قىلىشتى.

ھاپىز ئاخۇن چۈشكە يېقىن كىرگەندە باغاق يېزىلىپ بولغانىدى. ئوغلىنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ھەيران بولدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى خاپا يۈرگەن ئوغلىنىڭ باغاق يېزىشقا كىرىشىش بىلەنلا خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ «بۇ ياشلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولمايدۇ» دەپ ئاقارغان ساقىلىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سىيپىلاپ قويدى. ئۇ ئۆزى دېمەتلىك مەھەللە ئاقساقاللىرى بىلەن يازغان

باغاقنى خوتەن شەھىرىنىڭ ھەرقايسى كوچىلىرىدىكى تونۇش جامائەتكە تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇق ــ تۇغقان، بۇرادەرلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئەتە توي دېگەن كۈنى ھەممەيلەن ئالدىراش ھالدا تويغا تەييارلىق قىلىشتى. ھاپىز ئاخۇن كىچىچە قۇددىسىنىڭ ئۆيىدە بولدى، كالىنى سويدۇرۇپ، گۆشىنى پارچىلاتتى. ئاشپەز بىلەن بىللە پولۇ ئېتىدىغان ئوچاقنى ياسىدى. ئاندىن ئىككى سائەتچە ئۇخلىغاندىن كېيىن سەھەردە تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇپ ئوغلىنىڭ بەختىگە دۇئا قىلدى.

ناماز بامداتتىن كېيىن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. سازچىلار ساز چېلىپ، ناخشىسىنى باشلىدى:

ئۆستەڭ بويىدا كاتۇ،
رابىخان دۇتا چاتۇ.
رابىخان دۇتا چالسا،
جىمى ئالەم ھاڭ قاتۇ.

چاشكا ۋاقتىدا نىكاھ ئوقۇلدى. خوتەن خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەتىگەندىلا ئوغۇل تەرەپ قىزنى يۆتكەپ چىققاچقا، توي ھاپىز ئاخۇننىڭ ئۆيىدە داۋام قىلىماقتا ئىدى. ئابدۇلئەزىز مەغپىرەت بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولدى. ئۆيگىلا قۇرۇۋالغان ئىككى دۇكاندا بىرسى گىلەم، بىرسى ئەتلەس توقۇشقا كىرىشتى. بۇلار تويى بولغان دەسلەپكى چاغلاردا ھەقىقەتەن ئىناق، بەختلىك ئۆتۈشتى. ئۆيئىچىدە كىچىك بالىلاردەك قوغلىشىپمۇ ئوينايتتى. مانا مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلاردا، ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بالىلىرىنى ھەسرەت ــ نادامەتتە قالدۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەمدىكى بىردىنبىر ئارزۇسى پەرزەنت

يۈزى كۆرۈش ئىدى.

ئابدۇلئەزىز كەم سۆز، ئىشچان يىگىت ئىدى. خوتۇنى مەغپىرەت ئون ئىككى گەپ قىلسا، ئۇ بىر ئىككى جاۋاب بېرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن مەغپىرەتنىڭ پات ـ پات خۇيى تۇتۇپ قالاتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ خۇيى تۇتسىمۇ، خۇشى تۇتسىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇ يېنىدا بولسىلا بولاتتى. ئۇرمىسا، تىللىمىسا نېمە ئۇچۇن خۇيلىنىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئابدۇلئەزىز قولى قولىغا تەگمەي گىلەم توقۇۋاتقاندا، مەغپىرەت كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ كۆزىنى تۇتۇۋالاتتى، بىقىنىنى غىدىقلايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇلئەزىز تە بولۇپ، «ئىش قىلغىلى قويغىنا» دەپ يېلىناتتى. كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچمىسە سوۋۇيدۇ. ئابدۇلئەزىز مەغپىرەتنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرسىمۇ، بىراق مىجەزىنىڭ ئىككىرىلىقىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايتتى، مەغپىرەت شۇڭا خۇيلىناتتى، پات ـ پات ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتەتتى. مەغپىرەت يېنىدا بىردەم بولمىسا، ئابدۇلئەزىزنىڭ قولى ئىشتىن توختاپ قالاتتى. يېنىدا بولۇپ، ئۇسسۇل ئوينىسىمۇ، دۇتار چالسىمۇ قولى ئىشتىن توختىمايتتى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش بىرقانچە قېتىم سەپەر قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، خوتۇنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي سەپەرگە چىقالمىدى. سودىگەرلەر ئۇنىڭغا گىلەم، ئەتلەس بۇيرۇپ تۇراتتى. بۇيرۇقچىلارنىڭ ئىشىنى ۋاقتىدا قىلىپ بېرىمەن، دەپ كۈنىنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ بىلەلمەي قالاتتى.

ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئالتە ئاچىسى ئۆيدىكى بىسات، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇدۇللۇق توشۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا تۇزۇك نەرسىلەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ «ئاجىز كىشىنىڭ ئۆيى ـ دە» دەپ قاراپ ئاچىلىرىغا ئىككى ئاچمىدى. مىراس بۆلۈشكەندە ئۆي ـ هويلىنى ئۆزى ئېلىپ، باغنى ئاچىلىرىنىڭ بۆلۈشۈۋېلىشىغا ماقۇل بولدى. ئاچىلىرى باغنى بىر مىڭ بەش يۈز سەر كۈمۈشكە سېتىپ ئۆز تېگىشلىكىنى ئېلىشتى.

ئابدۇلئەزىز ھۈنىرى بىلەنلا تۇرمۇشنى ئوبدان قامداپ كېتىۋاتاتتى.

مەغپىرەت يېڭى توي قىلغان چاغلىرىدا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەر كۈنى بىر قېتىم چىقاتتى. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەر كۈنى نەچچە قېتىم قاترايدىغان بولدى. بۇ ئىشىكتىن چىقىپلا، ئۇ ئىشىكتىن كىرگەچكە، خوتۇنى نېمىنى ئېلىپ نېمىنى قويىدى ئابدۇلئەزىزنىڭ كارى بولمايتتى. ئۇنىڭغا مەغپىرەت بولسىلا بولاتتى. بىرەر كىشىنىڭ خوتۇنغا قاراۋاتقىنىنى ياكى گىلەم، ئەتلەس ئالغىلى كەلگەن خېرىدارنىڭ سەپسالغىنىنى كۆرسە، شۇ ھامانلا قاپىقىدىن غەزەپ، رەشك بۇلۇتلىرى ئۆرلەپ چىرايىدىن قار ياغاتتى. خېرىدارنىمۇ توڭلۇق بىلەن قۇرۇق ياندۇراتتى، مەغپىرەتكە لام - جىم دېمەيتتى.

ئۇلار شۇنداق ھايات كەچۈرۈپ سەككىز يىلنى ئۆتكۈزۈشتى. مەغپىرەتنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ ئانىسى يالغۇز قالدى. ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ ئۆيلىرى باشقا مەھەللىدە ئىدى.

مەغپىرەت ئايدەك تولغانسېرى ئېرىنىڭ مىجەزىگە كۆنۈپ قالدى. ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئەسقاتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. مەغپىرەت مۇشۇ كەمگىچە ئابدۇلئەزىزنىڭ تاك ئېتىپ چەككىنىنى، پاڭ قىلىپ بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغىنىنى بىلمەيتتى.

ئابدۇلئەزىزنىڭ دۇكىنى ساراي ئۆيدە ئىدى. ئۇ خېرىدارلارنى كۆپىنچە مۇشۇ ئۆيگە باشلايتتى. ئۆينىڭ يېرىمى سۇپا بولۇپ، سۇپا ئۈستىگە ئۆزلىرى توقۇغان ئىران نۇسخىسىدىكى گىلەم سېلىقلىق ئىدى. ئۆينىڭ تاملىرىغا سەرگەز زەدىۋال تۇتۇلغانىدى، ئىككى دۇكان ئايۋاندىن سارايغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا قۇرۇلغان بولۇپ، تامغا يۆلەپ قويۇلغانىدى. مېھمانلار ھويلىدىن ئايۋانغا، ئايۋاندىن سارايغا كىرىپ سۇپىدىن ئورۇن ئېلىشاتتى.

شاخلىرى باراقسان چوڭ بىر تۈپ ئاق ئۆرۈك سارايى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا مەي بولۇپ پىشىپ، ئاي ئاخىرلاشقۇچە تۈگەيتتى. خېرىدارلار، مېھمانلار ھەتتا قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بۇ ئۆرۈككە ئېغىز تېگەتتى. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالتە ئاچىسى مۇشۇ ئاق ئۆرۈك پىشقاندا ئارقىمۇئارقا كېلىشىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ تەۋەررۈكىگە ئېغىز تېگىشەتتى ...

ئاق ئۆرۈك پىشقان مەزگىل ئىدى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن قىزىق ئىشقا چۈشۈپ كەتكەن ئەر ـ خوتۇن ئىشىكنىڭ قېقىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئابدۇلئەزىز ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ كەتتى. ئىش بۇيرۇيدىغان چۆپقەتلەر ياكى گىلەم ئالىدىغان خېرىدارلارنىڭ قايسىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەك بولۇپ دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان مەغپىرەت بىردىنلا چاچلىرىنى تۈزەپ تەبەسسۇم قىلدى. ئۈچىسىغا يوللۇق پاڭچۇ يەكتەك، بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيگەن سېمىز بىر كىشى ھويلىغا كىردى.

مەغپىرەت ئالدىراپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ناتونۇش مېھمانلار بولسا ئۆز لايىقىدا مەزە قىلىپ چىقاتتى. تونۇش چۆپقەتلەر بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ياخشىراق كۈتۈشكە، چىلىم ئاچىقىشقا، بىرەر ـ ئىككى پىيالە مەيزاپ قۇيۇشقا توغرا كېلەتتى. بىرىنچى خىلدىكى خېرىدارلار كېلەتتى ـ كېتەتتى. ئىككىنچى خىلدىكىلىرى دائىم كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويسا بولمايتتى. مەغپىرەت دائىم ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ «بۇ ئاق ئىكەن، ئۇ قارا ئىكەن» دەپ ئۆزىچە باھا بېرىپ قوياتتى. مەغپىرەت سەككىز يىللىق شۇنداق ئۆتكۈزۈپ ئېرى بىلەن ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىنمۇ خېرىدار كەلسە ئىشىك يوچۇقىدىن مارايدىغان ئادىتىنى تاشلىيالمىغانىدى. بۇ قېتىممۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىشىككە تىكىلىپ خېلى تۇردى، كەلگەن مېھمان

ئۆيگە كىرمىدى.

— خوتۇن، كۆرپە بېرىڭلار، — دېدى سارايغا كىرگەن ئابدۇلئەزىز.

مەغپىرەت ئۆيدىن چىقىپ ساراي ئۆيىنىڭ سۇپىسىغا سېلىقلىق كۆرپىنى قاتلاپ ئېرىگە بەردى. ئۆزى دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ كۆرپىنى پېشايۋان سۇپىسىغا سالغانلىقىنى، مېھماننىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇردى. ئۆمەر باينىڭ سىمىزلىكتىن قوش ئېڭەك بولۇپ كەتكەن كوسا ئېڭىكى خورازنىڭ تاجىدەك قىپقىزىل بولۇپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بەستلىك، غوللۇق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. مەغپىرەتنىڭ كۆزىگە ئۆزىنىڭ ئېرى بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا بەكلا كىچىك، ناھايىتى ياداڭغۇ، قىرىق ياشتىن ئېشىپ قالغان ئۆمەر باي بولسا بەكلا ياش كۆرۈندى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىزگە گىلەم توقۇتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆمەر ئاخۇن ئىسىملىك بۇ سودىگەرنىڭ لەقىمى «شەيتان» بولۇپ، ھەييار، قۇۋ ئادەم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا «ئۆمەر ئاخۇن باي» دەپ ئاتاشقىنى بىلەن، كەينىدە «ئۆمەر شەيتان» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ھىندىستان، پاكىستان، شاڭخەي، گۇاڭجۇغا بېرىپ سودا قىلاتتى ۋە خوتەننىڭ نەپىس توقۇلغان شايى ـ ئەتلەسلىرىنى، ئەۋرىشىم يىپەكلىرىنى، تۇرپاننىڭ كۆك يېمىشىنى ئۇ يەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ، دورا ـ دەرمان، دۇخاۋا ـ تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. ئۇ خوتەن بويىچە ئەتلەس ۋە گىلەم توقۇشتا نامى بار ئابدۇلئەزىزگە ھەرىيلى دېگۈدەك ئىش بۇيرۇپ تۇراتتى. ئۇنلاپ گىلەم، توپ ـ توپ ئەتلەس توقۇتاتتى. سودىدا كۆپ تالاشمايدىغان گول ئابدۇلئەزىزنىڭ دائىملىق چۆپقەتچىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۆمەر باي سەپەرگە

مېڭىشتىن بۇرۇن ۋە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توقۇغان گىلەم، ئەتلەسلىرىنى كۆرەتتى. ئىلاج بار ئۇلاردىن ئېۋەن چىقىرىپ سىمكارىنى ئەرزان تۆلەشنىڭ كويىدا بولاتتى.

هويلىغا كىرىپلا قوللىرى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ، شاختىكى ئاقىرىپ مەي بولۇپ پىشقان غۇژمەك - غۇژمەك ئۆرۈكلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ پېشايۋاندا ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن هاكاۋۇرلۇق، مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. پۈتىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئۆمەر باينىڭ سۇپىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دېرىزىگە كۆزى چۈشكەندە ئاغزى سەل ئېچىلىپ، قارا قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى، يۈزى چىمىلدىدى. چىرايى ئاقمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، بۇغداي ئۆڭگە مايىل بىر چوكان ئۇنىڭغا شەهلا كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئۆيدە بۇنداق شېرىن پىشقان ئۆرۈكتىن باشقا يەنە شۇنداق بىر نازىنىن چوكانىڭ بارلىقىنى بىلگەن ئۆمەر باينىڭ شەيتانلىقى تۇتتى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان چوكانغا زەن قويۇپ پىسسىڭدە كۈلدى. بۇ خۇش تەبەسسۇمنى كۆرگەن مەغپىرەت «ئەجەب ئوچۇق ئادەم ئىكەنە، ئابدۇلئەزىز بولسا كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، كۈلدۈرۈشنىمۇ بىلمەيدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ ئېرىدىن ئاغرىندى. قارا چاچلىرىنى تەكىيەدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنىڭ ئۈستىدىن تاشلاپ، دېرىزە تەكچىسىگە سول پۈتىنى ئالدى. ئۆرۈك شېخىغا چىقىپ ئۆرۈك ئۈزۈپ سېۋەتكە سېلىۋاتقان ئابدۇلئەزىز جەينىكىنى يۈتىسىغا تېرىگەن هالدا قولىغا ئېڭىكىنى قويۇپ قاراپ تۇرغان خوتۇنىنى كۆرگەن بولسا هەم مەستلىكى، هەم ئاچچىقى كەلگەن بولاتتى. ئۇ ئۆمەر باينىڭ چىشىنىڭ ئېقىنى چىقارغانلىقىنىمۇ، قارا قاشلىرىنى سەكرەتكەنلىكىنىمۇ، ئۆز مەيدىسىگە مۇشتى بىلەن ئۇرۇپ قويغانلىقىنىمۇ كۆرمىدى.

— ئۆز قولۇم بىلەن تاللاپ ئۈزدۈم، قېنى يېسىلە، —

دېگەن ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىنلا ئۆمەر باي دېرىزىگە مىخلىنىپ قالغان كۆزىنى داستىخانغا قاراتتى. ئابدۇلئەزىز باينىڭ قەيەرگە قاراپ نېمە خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئۆمەر باي تەلەڭگىدىكى ئۆرۈكنى يېيىشكە كىرىشىپ كەتكەندە مەغپىرەت ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئەجەب شېرىن پىشىپتۇ بۇ ئۆرۈك، ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىم ئېغىز تەگمىسەم پۇخادىن چىقمايمەن. بولۇپمۇ بۇ يىل بەك تەملىك پىشىپتۇ، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن، — دېدى ئۆمەر باي بىر تەلەڭگە ئاق ئۆرۈكنى يەپ بولۇپ.

— قۇربانلىق قىلغان قوينىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆمگەنمىدىم. يەنە بىر لېگەن ئۈزۈپ بېرەيمۇ؟ ئىرغىتسام مىجىلىپ، توپىغا مىلىنىپ كېتىدىكەن، — دېدى ئابدۇلئەزىز.

— ياق، ياق، ئوبدان يېدىم. مېغىزىنى يېمىسەم قورسىقىم ئاغرىيدۇ، چېقىپ بېرىڭلا.

ئابدۇلئەزىز ئۆرۈك تۇۋىگە بېرىپ كەكىنىڭ جۇلدىسى بىلەن ئۆچكە چېقىشقا باشلىدى.

كۈن تازا قىيام بولغان ۋاقىت ئىدى. ياز ئىسسىقى گۈلخان يالقۇنىدەك ئۆرلەپ تۇراتتى. ئەتىگەن يەرگە سۇ سېپىلىپ كۆك مۇز قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۆمەر باي پاڭچۇ يەكتەكنى سېلىپ كۆرپىگە تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى. تومپايغان قورسىقى ئاق شايى كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ دېرىزىگە كۆز سالدى. قارا ئەتلەس كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ قىزىل ئەتلەستىن تىكىلگەن بەل پۇرمە كۆڭلەكنى كىيىپ چىققان مەغپىرەت دېرىزىدىن كۆرۈندى. ئۆمەر باينىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن ئون سوملۇق بىر تىللانى چىقىرىپ ئاسمانغا پىرقىرىتىپ ئاتتى - دە، تۇتۇۋالدى ۋە مەغپىرەتكە ھەييار كۆزلىرىنى قىسىپ قارىدى. مەغپىرەتنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر پۇتىنى دېرىزە تەكچىسىگە ئالدى.

كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى يەلپۈگەن بولۇپ تۇرۇۋىدى، شايى تامبال ئۆمەر باينىڭ كۆزىنى قىزارتىۋەتتى...

ئېرى ئۇچكىنى چېقىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا مەغپىرەت دېرىزە ئالدىدىن غايىب بولدى. ئۆمەر باي پېشانە تەرلىرىنى ئېرتىپ سۇپىدا ئولتۇردى، ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۆمەر باي بادام قاپىقىدىن كۇلكە ياغدۇرۇپ:

— بۇگۇن بىر قوي سويۇپ مېھمان قىلغاندىن ئارتۇقراق خۇش بولدۇم، — دېدى مېغىزنى ئىككى - ئۇچتىن ئاغزىغا سېلىپ، — ۋاھ - ۋاھ - ۋاھ.

ئۆمەر باي ئۆرۈكنى ماختاپ قويۇپ گۇللۇك دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ باش - يۈزىدىكى تەرنى ئېرتتى. ئابدۇلئەزىز يەنە نېمە دەيدىكىن، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى.

— بىر قاچا سوغۇق چاي بېرىڭلا، ئۆرۈك يېگەندە مېغىزى بىلەن يە، كەينىدىن سوغۇق چاي ئىچ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ها - ها - ها...

ئابدۇلئەزىز بىر چىنە سوغۇق چاي ئاچىقتى. ئۆمەر باي چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— بۇ يىل پايدا كۆپ، بولۇپمۇ ھىندىستانغا ئېلىپ بارغان يىپەك بىلەن ئەتلەس ئوبدان پۇل بولدى، — دېدى ئۇ ئابدۇلئەزىزگە، — ھازىر پاخال بولۇپ كەتكەن قەغەز پۇلغا سودا قىلمايمەن، كۇمۇش تەڭگە، تىللاغا سودا قىلىمەن. سىلەرگىمۇ ئەزىز ئاخۇن، بۇ قېتىم سىمكار ئۇچۇن كۇمۇش دېسەڭلا كۇمۇش، تىللا دېسەڭلا تىللا بېرىمەن.

ئۆمەر باي دېرىزىنىڭ ئالدىدا پەردىنى قىيا ئېچىپ ماراپ تۇرغان مەغپىرەتنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك سۆزلىدى.

— ماڭا كۆزگىچە ئەللىك توپ ئەتلەس توقۇپ بېرىڭلار، ھەرگىز بۆز يىپ ئارىلىشىپ قالمىسۇن، سىپتا توقۇلسۇن، سىمكارىنى ئوبدان بېرىمەن.

— ئەللىك توپ؟ ھەي، بۇنى ئۇلگۇرتۇش تەس جۇمۇ، —

دېدى ئابدۇلئەزىز كۆڭلىدە ھېسابلاپ، — گىلەم، ئەتلەس بۇيرۇغانلار خېلى كۆپ. كۆزگىچە ئاران ئىككى ئاي بار.

— ئىنىم ئابدۇلئەزىز، بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، رەھمەتلىك ئاتىڭىز دائىم بىزگىلا توقۇپ بېرەتتى. بىز كونا ئۇلپەتلەر، كېتىدىغان يىپەك يىپىنى مەن ئەكېلىپ بېرەي، توقۇغىنىڭلارچە توقۇماسىلەر. سىلەرگە پايدا بولسۇن دەۋاتىمەن.

ئابدۇلئەزىز بېشىنى لىڭشىتتى. ئۆمەر باي ئاخىرقى قېتىم دېرىزىگە كۆز سالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى.

— خوتۇن، — دېدى ئۆمەر باينى ئۇزىتىپ كىرگەن ئابدۇلئەزىز ھويلىغا چىقىپ قاراپ تۇرغان مەغپىرەتكە، — ئۆمەر دۆكار ھىندىستاندىن يىپىپ كەپتۇ. ئىككى ئايغىچە ئەللىك توپ ئەتلەس توقۇشنى بۇيرۇپ كەتتى. مەن يۈز كېلەلمەي ماقۇل دېدىم، توقۇپ ئۈلگۈرتەلەرمىزمۇ؟

— گىلەم توقۇشنى توختىتىپ ئىككىلىمىز ئەتلەس توقۇساق ئۈلگۈرەرمىكىنتاڭ، — دېدى مەغپىرەت نېمە ئۈچۈندۇر بىر خىل قىزىقىش بىلەن، — ئەتلەسنى سىلى مەندىن سىپتا توقۇيلىغۇ.

— كەلگەن خېرىدارلارغا نېمە دەيمىز؟ گىلەم، ئەتلەس توقۇپ بېرىش ئۈچۈن پۇل زاكالەت بېرىپ قويغانلارنى قۇرۇق ياندۇرامدۇق؟

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سۆزىدە تۇرۇش — ئادەمنىڭ پەزىلىتى ئىكەنلىكى؛ ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئابرۇيى سەممىي مۇئامىلە بىلەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتىن كېلىدىغانلىقى ئېسىگىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان مەغپىرەت ئېرىگە نازلىنىپ:

— چىرايلىق گەپ بىلەن ئۇلارنى ياندۇرۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن توقۇپ بەرسەك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىمىغانلىرىغا باشقا

ھۆنەرۋەن ـ كاسسپلارنىڭ ئالدىغا بارسىلا، دەيمىز. گىلەم، ئەتلەس توقۇپ جىبىنىنى جان ئىيتىدىغانلار خوتەندە يالغۇز بىزلىمۇ؟

※ ※ ※

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن سۇنۇپ قالغان ئۆمەر باي چەت ئەلگە ئىككى قېتىم، شاڭخەيگە ئۈچ قېتىم بېرىپ كېلىپ يەنە بېيىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ قانداق بېيىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە خەلق ئىچىگە تارقالغانىدى:

ئۆمەر ئاتىسىنىڭ يىل نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپلا مىراس قالغان يەر، ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ كۈمۈش تەڭگە قىلدى ـ دە، چەت ئەلگە سەپەر قىلدى. ئۇ بىرقانچە شەھەرنى ئارىلىغاندىن كېيىن، ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان بىر شەھەر ئەزىمىگە كەلدى. بۇ شەھەرگە ئىلگىرى ئاتىسى بىلەنمۇ ئىككى قېتىم كەلگەنىدى، شۇڭا تەمتىرەپ يۈرمىدى. ئۇ ئاداشمايلا قىمارخانىغا باردى. ئادەملەر شىرەنىڭ ئەتراپىدا قىستىلىشىپ تۇراتتى. ئۆمەر بىرەر سائەت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ھەممە پۇلىنى ئۇتتۇرۇپ مەست ـ ئەلەستەك دەلدۈگۈنۈپ سورۇندىن چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. يۈز رۇپىيەنى ئېلىپ، دۈگىلەك ئۈستىدىكى نومۇرنىڭ يېنىغا قويۇپ شىشىخالنى قولىغا ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ دو چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بۇدۇر چاچ ـ ساقاللىق بىر كىشى يېنىدىن پۇلنى چىقىرىپ شىرەگە قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن شىرە ئۈستىگە پۇل تاشلاشتى. ئۆمەر باي شىشىخالنى تاشلىدى. بىر پولات ساقا نومۇرلارنى ئايلىنىپ كېلىپ ئۇ كۆزلىگەن نومۇر ئاستىدىكى دۈگىلەك تۆشۈكچىگە چۈشكەندە چىڭ تۈگۈلگەن قوللىرى ئېچىلىپ قىچىشىشقا باشلىدى. ئاغزى

ئىختىيارسىز ئىچىلىپ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى كۆرۈندى. ئۇ ئۇتقانىدى ! ئۇ خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى، جەزخور ئۆزۈن تايىقى بىلەن پۇللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. ئۆمەر پۇللارنى يىغىپ ئالدىراپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىككى يۈز روپىيەنى شىرەگە قويدى. بۇ قېتىممۇ دەسلەپتە دو چىققان كىشى شىرەگە پۇل تاشلىدى. ئۆمەر «ياجەمشىت، ئۆزۈڭ مەدەتكار بول» دەپ شىشخالنى تاشلىدى. ئۇنىڭ پۇلتىيىپ تۇرغان كۆزلىرى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يوغان ئېچىلدى. جاۋغىيى قورۇلۇپ يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى. قولى پۇلغا سوزۇلدى، ئۇ بۇ قېتىممۇ يەنە ئۇتقانىدى. قوشۇمىسى تۇرۇلگەندىن كېيىنكى قورۇقلار يوقىلىپ سىيدام يۈزىدە خۇشخۇيلۇق پەيدا بولدى. قوللىرى بىر يۇمۇلۇپ ـ بىر ئېچىلىپ، ئالىقىنى بەكرەك قىچىشىشقا باشلىدى. قولى قىچىشتىمۇ بولدى، ئۇنىڭ ئامىتى كېلەتتى.

ئۆمەر باي شىشخال ئويناشنى يىگىت چېغىدا دادىسى بىلەن شاگخەيگە بارغاندا ئۆگەنگەنىدى. لېكىن، بۇ چاغقىچە بۇنداق ئارقىمۇئارقا ئۇتۇپ باقمىغانىدى. ئۇ تەر تەپچىپ تۇرغان ئېگىكىنى سىلاپ بىر سىقىم پۇل ئېلىپ سانىمايلا شىرە ئۈستىگە قويدى. شىشخالنى قولىغا ئېلىپ مەغرۇرانە قاراپ تۇردى، شىرەگە پۇللار تاشلاندى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئۇتقاندا، باشلىرى چۇشۇپ كەتكەن قىمارۋازلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن سەپسېلىپ قاراپ قويدى ـ دە، جەزخورنىڭ يانچۇقىغا بىر سىقىم پۇلنى سېلىپ قويۇپ، گۇرس ـ گۇرس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. قىمارۋازلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاچ بۆرىدەك قاراپ قېلىشتى.

ئاغزى كالاچتەك كېرىلىپ كەتكەن ئۆمەرنىڭ ئۆز بويىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزىراپ كەتكەن سايىسى يالتىراپ تۇرغان سېمونت يولغا چۈشتى، ئۇ بىر تار كوچىغا بۇرالدى. بۇ تار

كوچا غۇۋا يورۇق ئىدى. ئۇ قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ خېلى
ماڭدى. بۇ كوچىدا ئېگىز قەۋەتلىك بىنالار يوق ئىدى. ئىشىكى
ئالدىدا لەمپىسى بار ئۆيلەر كوچىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا
قاتارلىشىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىن قاس چىقىرىپ، تاماق
چەككەن ئاۋازنى ئاڭلاپ توختىدى. كۆزى بالىخانىدىكى لەمپە
ئاستىدا ھەممە يېرى لىغىلداپ تۇرغان يېرىم يالىڭاچ ئىككى
ئايالغا قادالدى. بۇ لەمپىگە يانداش لەمپىلەردىمۇ، بەزى
ئىشىكلەرنىڭ ئالدىدىمۇ بىردىن ئىككى ئايال ناز بىلەن
كوچىدىن ئۆتكەنلەرگە كۆز قىساتتى. بېلىنى تولغاپ قاش
ئاتاتتى، ئىشارەتلىشەتتى...

ئۆمەر تۇتقۇچىنىڭ سىرى چۇشۇپ كەتكەن قىيا ئوچۇق
ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىردى. ئىشىك ئالدىدىكى چىراغ
يورۇقىدا پەيدا بولغان سايىمۇ، ئاي شولىسىمۇ تاشقىرىدا
قالدى. ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىق، قارىمۇتۇق، دوغىلاق ئايال
كۇتۇۋالدى. ئۇ ئايالنىڭ باشلىشى بىلەن خىشلىق پەلەمپەيدىن
كۆتۈرۈلۈپ بىر ئۆيگە كىردى. ئۆي قىزغۇچ نۇر چېچىپ تۇرغان
لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا شاپتۇل چېچىكى رەڭگىگە كىرگەنىدى.
ئۆي تېمىنىڭ ئاستى تەرىپى يېشىل، ئۈستى تەرىپى ئاق،
تورۇسى ھاۋا رەڭ سىردا سىرلانغان بولسىمۇ يەنىلا قىزغۇچ
كۆرۈنەتتى. ئادەمنىڭ بويى يەتكۈدەك يەرگە قاتار سۈرەتلەر
ئېسىلغانىدى. سۈرەتلەردە ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى بەتبەشىرە
ئاياللار ھاياسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. سۈرەتنىڭ
ئاستىغا يېشى، خۇسۇسىيىتى، بىر كېچىلىك نەرخى يېزىپ
قويۇلغانىدى. ئۆمەر ھەربىر سۈرەتنىڭ ئالدىغا ئۆتتەك قىزىپ
كېلىپ، رەقەمگە كۆزى چۈشكەندە بېشىنى چايقاپ باشقا بىر
سۈرەتكە كۆز تىكەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىشىكنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىن ئايلىنىپ، سول تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر
پارچە سۈرەتكە قارىدى. كەينىگە قايرىلغان كالپۇكلىرى
قىپقىزىل، بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى سۆكە سالغان

قولاقلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان، يا كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى، ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان، بىر قاراشتا ياش، بىر قاراشتا قېرى كۆرۈنىدىغان بىر خوتۇننىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى. پۇلىمۇ ھەممىدىن ئەرزان ئىدى. ئۇ باشلاپ كىرگەن ئايالغا سۈرەتنى كۆرسەتتى. ئايال ئۇنى يەنە بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. كۆزئەينەكلىك چارساقال، رەڭگى سېرىق بىر ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۆمەر پۇل تۆلىدى. چارساقال كىشى ئۇنىڭغا نومۇر يېزىلغان ئالىقانچىلىك بىر كارتىنى بەردى. ھېلىقى ئايال ئۇنى ھەرخىل پۇراق كېلىپ تۇرغان كارىدوردىن باشلاپ مېڭىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ ئۆمەرنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئەتىر پۇرىقى گۇپپىدە بۇرنىغا ئۇرۇلغاندا، ئۇچىسىغا نېپىز ئاق رەخت ئارتىۋالغان بىر ئايال ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ئايناقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن كەم ئەمەس ئىدى.

ئۆمەر ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ سارايغا قايتىپ كەلدى. قولتۇقى ئاستىدىكى يوشۇرۇن يانچۇقىدىن پۇللارنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سانىۋىدى، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز رۇپىيە چىقتى. يېنىدىكى پۇلغا يەنە ئىككى ھەسسە پۇل قوشۇلغانىدى. ئاخشام مەززىسى قالمىغان قېرى ئۈچۈن كۆزلىرى ئوچۇق كەتكەن يىگىرمە بەش رۇپىيەگە ئىچى بەكلا ئاغرىدى.

ئۆمەر كەچكىچە يېتىپ ئۇخلىدى. باشقا تىجارەتچىلەر رەستە ئارىلاپ ياكى زاۋۇتلارغا بېرىپ باب مالنى ئېلىشنىڭ كويىدا بولسا، ئۆمەر شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپلا ھەممە پۇلنى سىيرىپ يانچۇقىغا سېلىپ كېلىشنىڭ غېمىدە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. دادىسىدىن ئۇنىڭغا يەر، مۈلۈك، ئۆيۋاقلار ئەمەس، بەلكى ئوشۇق، شىشىخال مىراس قالغانىدى. ئۇ خوتەن، قەشقەرلەردە ئوشۇق ئوينىسا، شاڭخەي، بومبايلاردا شىشىخال ئوينايتتى. ئۇ قىمارنىڭ بۇ ئىككى تۈرىنىڭ ماھىرى ئىدى.

قىمارخانىغا بۈگۈن كەچ بېرىپ يەنە ئۇتۇپ، پۇلى ئالتە مىڭ رۇپىيەگە يەتتى. ئۇنىڭچە يۈز مىڭ رۇپىيە بولسىمۇ كۇپايە قىلمايتتى. ئۇ بۇ كېچە ھېلىقى تار كوچىدىكى قورۇغا بارماي، ئاشخانىغا بېرىپ ياخشى تاماق بىلەن غىزالاندى ۋە ئازراق تەڭشىلىۋېلىپ، سارايغا قايتىپ كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

ئۆمەر ئۇيقۇدىن قوپقاندا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئۇ كەچ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. كۈندۈزى قىمار ئويناشتىن قورقاتتى. چۈنكى، كونا قىمارۋازلارنىڭ «قىمارنى كېچىسى ئوينا، پىرىم جەمشىت رەقىبىڭنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويىدۇ» دېگەن سۆزىگە بەكمۇ ئىشىنەتتى.

كۈن ئولتۇردى، شەھەر كوچىلىرىدا سانسىز چىراغلار چاقناشقا باشلىدى. ئۆمەر مەغرۇر ھالدا قىمارخانىغا كەلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم پۇل تىككەندىلا ئۇتتۇردى. قوللىرى تىترەپ قىزىل يۈزىدىن قان قېچىشقا باشلىدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇتتۇرغاندا يۈزى ئاقىرىپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىممۇ ئۇتتۇردى. كۆزلىرى قىسىلىپ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈشتى. «بۇ قېتىم ئۇتارمەن» دېگەن ئۈمىدتە تۆتىنچى قېتىم پۇل تىكتى. قىزىرىشقا باشلىغان كۆزلىرى لۆمۈلدەپ، ئاستىنقى قاپاقلىرىنىڭ ئەتراپى سارغىيىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئۇتتۇرغانىدى. بەشىنچى، ئالتىنچى قېتىممۇ ئۇتتۇردى. ئاقارغان چىرايى ئاۋۋال سارغىيىپ، ئاندىن تاتاردى، ئاخىرىدا كۆكىرىپ قارىداپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇزدەك تەر باستى.

ئۆمەر بەزى چاغلاردا ئۇتتۇرۇپ بىر قېتىم دو چىقىشقا پۇلى قالغاندا ئۇتۇشقا باشلايتتى. بەزى چاغلاردا پۇلنى ئۇتتۇرۇپ بولۇپ، چوتۇ ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ئازغىنا پۇلىنى تىكىپ يەنە ئۇتۇۋالاتتى. مۇشۇ دەم ئۇ يانچۇقىدا قالغان ئاخىرقى بىر سىقىم پۇلنى شىرەگە تاشلىدى. «يا جەمشىت پىرىم نائۈمىد قويمىغىن» دەپ پىچىرلىدى. ۋىجىك

سېرىق ساقال ئادەم ئۇنى يەنە ئۇتتۇۋالدى. ئۇ شىرەدىكى پۇلنى يىغىپ يانچۇقىغا سېلىۋاتقاندا، ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ تۇرغان بارماقلىرى ئاجرىدى. قوللىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر بۇ يەر چەت ئەل بولماي خوتەن ياكى يەكەن بولۇپ قالغىنىدا، ئۇ پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇتتۇۋالغۇچىنى سويۇۋېتىشتىن يانمايتتى. ئۇ بۇ يەردە يالغۇز بولغاچقا رەقىبىگە چېقىلالمىدى. ئۇ ئاخىر سەنتۈرۈلۈپ قىمارخانىدىن يېنىپ چىقتى. كېچىچە ئىچى ئېچىشىپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ھېچ ئىنساننىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان غەلىتە بىر تەدبىرنى ئويلاپ قويپتى.

ئۆمەر ساراي ئىشىكىدىن «تەۋەككۇل ئىللەللا» دەپ كوچىغا قەدەم قويدى، ماشىنا، ۋېلىسىپىت توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. بىر چەتتە ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ، توختىغان ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى. ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى، ئاپتوبۇس كەڭ بىر مەيداننىڭ يېنىدا توختىغاندا ئاپتوبۇستىن چۈشتى. «شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدى. ئىلگىرى كەلگەن چاغلىرىدا بۇ يەردىكى چوڭ ماگىزىندىن ئۆزىگە نەپ تېگىدىغان ماللارنى ئالغانىدى. بۈگۈن پۇلى يوق تۇرۇپ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەندۇ؟

ئۆمەر مەيداننىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى ماگىزىنغا قاراپمۇ قويماي، گۈللۈك ئەتراپىدىكى كۆكىرىپ تۇرغان چىملىق مەيداندا ياتقان كالىلارغا سەپسالدى. شۇ ھامان چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولدى. بۇ ئۇنىڭ شەيتان كۈلكىسى ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ گۈللۈك يېنىغا كەلدى. كىچىك سېمونت ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى، ئۆمەر زوڭ ئولتۇرۇپ يانچۇقىدىن كونىراپ كەتكەن پارچە - پۇرات پۇللارنى ئېلىپ ئېرىقتىكى سۇغا چىلىدى. پۇل نەملەشكەندىن

كېيىن ئېرىقنىڭ گىرۋىكىگە بىر - بىرلەپ يايدى. ئۇ ئىككى يانغا زەن سېلىپ ئولتۇرىۋەردى. مەيداننىڭ سول تەرىپىدىن ئۈچ كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. «هە، ئەمدى ئىش ئوخشايدىغان بولدى» دېدى ئۆمەر ئۆز - ئۆزىگە ۋە ھېلىقى ئۈچ كىشى كالىلارغا يېقىنلاپ كەلگەندە، غىلاپتىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۆتۈرگىنىچە چىملىقتا كۆشەپ باش سېلىپ تۇرغان تاغىل كالىغا قاراپ يۈگۈردى. كالا ئۈركۈپ قاچتى. ئۆمەر قوغلىدى. ئۆمەرنىڭ ھەرىكىتىدىن ئەجەبلەنگەن ئۈچ كىشى ئۇنى توسۇۋالدى.

— جاناب، نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى ئوتتۇرا ياشلىق بىرسى كۆزەيىنىكىنى قولىغا ئېلىپ.

ئۆمەر ئاز - تولا ئۆگىنىۋالغان ھىندى تىلى بىلەن ئوردۇ تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ:

— مەن تاھارەت ئېلىۋاتاتتىم. يانچۇقۇمدىن مىڭ رۇپىيە پۇل سۇغۇرۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى، — دېدى كەمزۇلىنىڭ ئۈستۈنكى يانچۇقىنى كۆرسىتىپ، — دەرھال پۇلنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ ئاپتاپقا يېيىپ قويۇپ ئاندىن قايتا تاھارەت ئېلىپ بولۇپ قارىسام، ماۋۇ تاغىل كالا پۇللىرىمنى يالاپ يەۋېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن تۇرۇپلا قالدىم. كالا پۇللارنى پاك - پاكىز يالاپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىنلا ئېسىمگە كەلدىم. مىڭ رۇپىيەدىن قالغىنى ئاران مۇشۇ، — ئۆمەر ئېرىقنىڭ قىرىغا يېيىپ قويغان پارچە - پۇرات پۇللارنى كۆرسەتتى. مەن مۇساپىر، پۇل بولمىسا قانداق قىلىمەن دەپ ئويلاپ، ئاخىر كالىنىڭ قارنىنى يېرىشتىن باشقا چارە تاپالمىدىم.

ئۆمەر شۇنداق دېدى - دە، كالىغا يۈگۈردى. كۆزئەينەكلىك كىشى ئالدىراپ ئۆمەرنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ ئىككى بۇرادىرىمۇ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— جاناب، سەۋر قىلىڭ، راستلا كالىمىز پۇلىڭىزنى يەپ كەتكەن بولسا بىز بېرەيلى، كالىغا چېقىلماڭ، پۇلنى دەپ

كالىنى ئۆلتۈرسىڭىز جېنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز.

كۆزئەينەكلىك جانابنىڭ سۆزىنى ئاران چۈشەنگەن ئۆمەر تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ:

— مېنى قويۇپ بېرىڭلار، كالىنىڭ قارنىنى يارمىسام بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ياق، بولمايدۇ، جاناب، پۇل كېرەك بولسا دۇكاندىن ئېلىپ بېرەي، يۈرۈڭ، — دېدى كۆزئەينەكلىك كىشى.

ئۆمەر يەنە كاجلىق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ پىچىقىنى غىلىپىغا سالدى. ئېرىق بويىدىكى پۇللارنى ئېلىپ كۆزئەينەكلىك كىشىگە ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ قوش ئىشىكلىك ئازادە بىر دۇكانغا كىردى. كۆزئەينەكلىك جاناب دۇكاننىڭ كاسسىرىدىن تاراقلاپ تۇرغان مىڭ رۇپىيە پۇلنى ئېلىپ ئۆمەرگە ئۇزارتتى. ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلدى. بىرسى ئالدامچىلىقنى قاملاشتۇرالىغانلىقى ئۈچۈن نومۇس قىلماي كۈلگەن بولسا، ئىككىنچىسى ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس ئەتىۋارلىق بولغان ھايۋاننى بالادىن، بىر ئادەمنى قازادىن ساقلاپ قالغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ رۇپىيەنى بۇنداق مۇھىم ئىشلارغا بېرىۋېتىش ھېچقانچە چوڭ ئىش بولمىغىنى بىلەن ئۆمەر ئۈچۈن كاتتا بايلىق ھېسابلىناتتى.

ئۆمەر قىمارخانىغا بارمىدى. ئۇ مىڭ رۇپىيەگە دورا - دەرمان، ئەنگلىيەدە توقۇلغان ئىنگىلىشمىدىن ئىككى كۆڭلەكلىك، رومال قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئولتۇرۇشلاردا، مەشرەپ، بەزمىلەردە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەقىللىك، چارە - تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ماختىنىش ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. راست شۇنداق بولغانمۇ، بولمىغانمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن، كىشىلەر ئارىسىغا بۇ گەپ تاراپ كەتكەنىدى. دېگەندەك شۇ چاغدىن باشلاپ «ئۆمەر شەيتان»نىڭ مەككارلىقى توغرىسىدا كۈلكىلىك لەتىپە - ھېكايىلەر چىقىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىز ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ كەتتى. مەغپىرەت ئادىتى بويىچە ئەتلەس توقۇشنى توختىتىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. كىمنى باشلاپ كىرەركىن دەپ پەردىنى قايرىپ كۆز سالدى. بۇ قېتىم ئېرى ھېچكىمنى باشلاپ كىرمىدى.

— بۇ گۇگۇمدا كەلگەن مېھمان كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى مەغپىرەت.

— ئۆمەر ئاخۇننىڭ خىزمەتكارى ئىكەن، — دېدى ئابدۇلئەزىز قوزۇقتىكى شايى يەكتەكنى ئېلىپ.

— نەگە بارىلا؟

— ئۆمەر ئاخۇننىڭ دۇكىنىغا.

— نېمىشقا بارىدىكەنلا؟

— پۇل ئېلىشقا.

— بۇ كەچتە سىلىنى ئاۋارە قىلماي ئۆزى ئەكېلىپ بەرسە بولمامدىكەن؟

— ۋاي خوتۇن، — دېدى ئابدۇلئەزىز، — تازا ئەزۋەيلەپ كەتتىڭلىغۇ، بېرىپ ئېلىۋالسام يامان بولماس، باي بولغاندىكىن بۇ يەرگە كېلىشنى ئېغىر ئالىدىغاندۇ؟

— سورىسام يامان بوپتۇمۇ؟ نېمانچە ئاچچىقلىنىلا؟!

مەغپىرەت چىقىپ كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ كەينىدىن چالۋاقاپ ئۆيگە يېنىپ كىرىپ دۇكاننى يىغىۋەتتى. چىراغ ياقىدىغان ۋاق بولمىسىمۇ، ساپال چىراغدىكى پىلىكنى سەل چىقىرىپ سەرەڭگە بىلەن تۇتاشتۇردى. تەكىيەدىن بىرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پېشايۋان سۇپىسى ئۈستىگە تاشلىدى ـ دە، بېشىنى قويۇپ ياتتى. تېخى تارىمىغان كەچكى شەپەق شاخىنىڭ ئۇچىدىلا قالغان ئۆرۈكلەرگە جۇلا تاشلاپ جىلۋىلەندۈرمەكتە ئىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆزىگە يۇزى قىپقىزىل، كۆزلىرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان

ئۆمەر باي كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ ئوت ياقتى. چۆگۈننى ئوچاققا قويۇپ يېنىپ چىقىپ سۇپىدا ئولتۇرۇشىغا دەرۋازا ئاستا قېقىلدى، ئېرى ئىشىكنى بۇنداق قاقمايتتى.

— ئۆزلىرى كىم؟ — دەپ سورىدى مەغپىرەت ئىشىككە يېقىن بېرىپ.

— پېقىر.

— ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ئۆيدە يوق.

— خېنىم، مەن ئۆمەر ئاخۇن بولىمەن.

— ئۆمەر ئاخۇن؟ — خۇشاللىنىپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە، ئۆمەر ئاخۇن بولىمەن، ئىشىكنى ئاچسىلا.

— ئابدۇلئەزىزنى سىلى چاقىرتىپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، خېنىم، چاقىرتقانىدىم، يولىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. تېخى كەلمەپتۇ - دە؟

— كەلمىدى، — دېدى مەغپىرەت ئاچايمۇ، ئاچمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ.

— مۇھىم بىر گەپنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئابدۇلئەزىز ئاخۇن كېتىپلا ئېسىمگە چۈشتى. ئەتە قەشقەرگە سەھەردىلا ماڭماقچىدىم، شۇڭا ئابدۇلئەزىز ئاخۇننى يەنە ئىزدەشكە توغرا كەلدى.

مەغپىرەت رومىلىنى يۈزىگە تاشلاپ ئىشىكنى ئاچتى، نېمە ئۈچۈندۇر يۈزلىرى قىزىرىپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

— ئوبدان تۇردىلىمۇ، خېنىم؟

— خۇداغا شۈكۈر.

ئۆمەر باي بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

سەل - پەل ھودۇققان مەغپىرەت «ئېرىم كېلىپ قالسا نېمەدەپ قالار؟ نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغۇچىلىكىم بار» دەپ ئويلاپ، ئۆمەر باينىڭ كەينىدىنلا ساراي

ئۆيگە كىردى. جىنچىراغ ئۆينى غۇۋا يورۇتقانىدى. ئۆمەر باي كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر» دەپ كوسا ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى.

— خېنىم، ئېرىمنى چاقىرتىپ ئەكېتىپ ئۆزى بۇيان كەپتۇ دەپ ھەيران قىلىۋاتقان ئوخشايلا، — ئۆمەر باي سەل خىجىللىق بىلەن تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالغان مەغپىرەتكە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى، — مەن بۇنى دەپ بېرەي، ئەرلىرى ھازىر كەلمەيدۇ، ئىشنى توغرىلاپ قويدۇم، ھەرگىز ئەندىشە قىلمىسىلا، ئوتلىرى يامان ئىكەن. نەچچە كۈندىن بېرى ئىشقلىرىدا كۆيۈپ چىدىيالماي، ئاخىر بىرۇخسەت يانلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم، خاپا بولمىغايلا.

ئۆمەر باي ئولتۇرغان ئورنىدىن سەل ئۇياققا سۈرۈلۈپ، مەغپىرەتكە يېنىدىن جاي كۆرسەتتى، ئۆمەر باينىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ قالغان مەغپىرەت:

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، داستىخان سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، — دەپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن مەزە، داستىخان ئاچىقتى. ئاشخانىدىن قايناپ دەم يەپ قالغان چاينى ئەكىردى. ئۆمەرباي بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش چۈشىگىمۇ كىرمىگەن مەغپىرەت ھاياجانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ يېپىقلىق يۈزىنى قاچان ئېچىۋەتكىنىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. پىيالىگە بىر پارچە نۆكچە ناۋاتنى سېلىپ ئۈستىگە چاي قۇيۇپ ئۆمەر بايغا ئۇزارتتى. ئۆمەرباي ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ بىر قولىدا چاينى ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن مەغپىرەتنىڭ تۇم بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. پىيالىنى داستىخانغا قويغۇچە چايقىلىپ كەتكەن چاي ئازراق تۆكۈلدى.

— ۋاي، ئۇنداق قىلمىسىلا، — دەپ تولغاندى مەغپىرەت. يات ئەر كىشى بىرىنچى قېتىم قولىنى تۇتۇۋاتقاچقا، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ئۆمەرباي ئۇنى قويۇۋېتىپ پىيالىنى قولىغا ئالدى.

— خېنىم، ئەدەپسىزلىك قىلدىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، دۇنيادا يۇسۇپ - زىلەيخا، غېرىپ - سەنەم، لەيلى - مەجنۇن دېگەن ئاشىق - مەشۇقلار ئۆتكەن. قۇشلار ئىچىدىمۇ كاككۇك - زەينەپتەك كۆيۈك ئوتىدا ئۆرتىنىپ سايرايدىغان قۇشلار بار، بۇلبۇلمۇ تاكى ھازىرغىچە گۈل ئىشقىدا سايرايدىكەن. پېقىرمۇ سىلىنىڭ ئاي جامالىرىغا ئەسىر بولۇپ قالدىم. ئۆزلىرىنى بىر كۆرۈش بىلەن ھوشۇمنى يوقاتتىم، بىرنەچچە كۈندىن بېرى دىدارلىرىنى سېغىنىپ گېلىمدىن بىر لوقما تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئاخىر بۈگۈن كەچ ئەرلىرىنى دۇكاندا قالدۇرۇپ، تاقەت قىلالماي دىدارلىرىغا تەشنا بولۇپ كەلدىم. مەن بارمىغۇچە ئەرلىرى بۇ ئۆيگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. خېنىم، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، شۇنداقلا مەندىنمۇ خاتىرجەم بولسىلا، ئىشق دېگەن ساپ بولغىنى ئوبدان.

يات بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان مەغپىرەتنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەي، جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۆكرىكى تارتىشقاندەك بولۇپ كەتتى.

— ئابدۇلئەزىز مېنى ساقلاپ قالمىسۇن، خېنىم، سىلىنى كۆردۈم. مۇھەببىتىم مىڭ باراۋەر ئۇلغىيىپ كەتتى. سىلىنى كۆرۈپ تۇرسام ئۆزە تۇرالايدىغان ئوخشايمەن. ئۆزلىرى ئىپپەتلىك ئايال بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كېلىشكىمۇ خىجىل بولىمەن.

ئۆمەر باي قوينىدىن قەغەز بىلەن ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى. بۇنى كۆرۈپ مەغپىرەتنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئوينىپ كەتتى.

— بۇ چەت ئەلنىڭ مېلى، كۆڭلەك تىكىپ كىيەرلا، ئىچىدە ھىلھىلە رومالمۇ بار، — ئۆمەر باي مەغپىرەتنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— چاينىمۇ تۈزۈك ئىچمىدىڭىز، بىر دەم ئولتۇرسىلا بولاتتى، — دېدى مەغپىرەت ئۆمەر بايىنىڭ ھازىرلا كەتمەكچى بولغىنىغا كۆڭلى ئۇنىماي.

— خېنىم، ئابدۇلئەزىزگە كەلگىنىمنى زادى بىلدۈرمىسىلە، يەنە بىر قېتىمدا ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ كۆڭۈللىرىنى ئوبدان ئېلىش ئۈچۈن كېلىمەن، خەير!

مەغپىرەت كوچىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

※ ※ ※

ئىشىك قېقىلدى. مەغپىرەت ئىشىكنى ئېرىنىڭ قېقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك بولدى. ئىزادىن يۈزى قىزىرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— خوتۇن، — دېدى ئابدۇلئەزىز، — قورقتۇڭمۇ؟ — ئۇ دەلدۈگۈنۈپ مەغپىرەتنىڭ دولىسىدىن تۇتۇۋالدى.

— شۇنداق چوڭ بىر ھويلىدا مېنى يالغۇز قويۇپ كەتسىلە قورقمامدىم، پەس گاداي، — دېدى مەغپىرەت دائىم ئىشىكتىن كالىدەك زۇۋان سۈرمەي كىرىدىغان ئېرىنىڭ گەپدان بولۇپ قالغىنىدىن ئەجەبلىنىپ.

— مەن سېنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەيتتىم، خوتۇن، بىلدىڭمۇ؟ ئۆمەر شەيتان پۇل بېرىمەن دەپ چاقىرتقانلىقى ئۈچۈن تاشلاپ كەتتىم، بارسام ئۆزى يوق. دۇكىنىدا بەگچەك خىزمەتكارى نەشە چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ تاز مېنى كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلدى. ئىچمەيمەن دېسەم، ئۇنىماي ئىككى پىيالە مۇسەللەس ئىچۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەشىنىمۇ چەكتۈردى. بېشىم گاراڭ بولۇپ ئولتۇرسام، باي كېلىپ ماۋۇ تەڭگىنى بەردى، ساندۇققا سېلىپ قويۇڭلا.

ئابدۇلئەزىز خوتۇنىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويغان ھالدا دەلدەڭشىپ ھويلىغا كىرىپ خوتۇنىغا كۈمۈش تەڭگە سېلىنغان

كىچىك خالتىنى بەردى. مەغپىرەت ئېرىنىڭ بۇنداق سۆزمەن بولۇپ كېتىشىگە ئىچكەن مۇسەللەس بىلەن چەككەن نەشە سەۋەبكار بولغانلىقىنى بىلدى.

— ئىچكەنلىرى ئوبدان بوپتۇ، ئۆيدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆتىۋېرەملا؟ ئەنە شۇنداق بايلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىسىلا ئابرۇيلىرىمۇ ئۆسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىمۇ كۆپىيىدۇ. بۈگۈن ھەقىقىي ئەردەك ئىچىلىپ قاپلا، — دېدى مەغپىرەت خۇشال ھالدا. ئۇ ئورۇن سېلىپ ئېرىنى ياتقۇزدى.

مانا شۇ كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆمەر باي ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئابدۇلئەزىزنى دۇكىنىغا چاقىرتىدىغان بولدى. ئابدۇلئەزىز دۇكانغا كەلگەندە ئۆمەر باي يوق بولۇپ چىقاتتى. يا بولمىسا ئۆمەر باي ئۇنى كاۋاپ، سامسىلار بىلەن مېھمان قىلىپ مۇسەللەس ئىچكۈزەتتى، نەشە چەكتۈرەتتى. مەست بولغاندىن كېيىن خىزمەتچىسىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ئۆزى مەغپىرەتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيتتى.

ئابدۇلئەزىز كىشىلەر خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە دەلدۈشتەك سىگارىيان دەسسەپ ئۆيىگە يېتىپ كېلەتتى. كۆزلىرى خۇمارلاشقان مەغپىرەت ئۇنى باشقىچىلا خۇشال ھالدا كۈتۈۋېلىپ، يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرەتتى. «ئەجەب ئوبدان بولۇپ كەتتىلە» دەيتتى بەدەنلىرىنى سىلاپ.

ئارىدىن بىر يىل شۇنداق ئۆتتى. يىگىرمە ئالتە ياشقا قەدەم قويغان مەغپىرەت سەمرىپ كەتكەنىدى. ئىشتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ئابدۇلئەزىز ئورۇق پېتى قېلىۋەردى. ئۆمەر باي ئۆتكەن يىلى كۈزدە چەت ئەلگە كېتىپ باھاردا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇلئەزىزنى پات ـ پات دۇكىنىغا چاقىرتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئابدۇلئەزىزنى ئىچۈرۈپ مەست قىلغاندىن كېيىن، چاندۇرماي مەغپىرەتنىڭ يېنىغا باراتتى. سائەتلەپ ئولتۇرۇپ نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ گۈزەل چوكاننىڭ ئىسسىق قۇچىقىدىن قوپقىنىچە ئابدۇلئەزىز نەشە

چىكىپ ئولتۇرغان دۇكىنىغا كىلىۋالاتتى.

ئۆمەر باي بۇ يىل ھىچ يەرگە بارمىدى. بىرنەچچە ئۇستىغا شايى ـ ئەتلەس، يىپەك گىلەم توقۇتتى. ئۆزى بولسا ئۆيىدە تاۋكا قۇرۇپ قىمار ئويناش بىلەن ياز، قىشنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا جەمشىت مەدەت قىلدىمۇ، بىرنەچچە باي قىمارۋازلارنى تەئەللۇقاتىدىن ئايرىدى. شەھەردە ئۈچ قورۇ ـ جايىغا، يېزىدا ئىككى باغقا ئىگە بولدى. تازا ئۆرۈك پىششىقى ئىدى. ئۆمەر باينىڭ خىزمەتكارى كېلىپ ئابدۇلئەزىزنى كەچ پېشىندىلا چاقىرىپ كەتتى. بىر سائەت ئۆتمەي ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆمەر باي پەيدا بولدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ كىشى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن غىپپىدە ھويلىغا كىرىۋالدى. مەغپىرەت ئابدۇلئەزىزنى يولغا سېلىپ ئىشىكنى ياپقان بولسىمۇ، زەنجىرلەشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۆمەر باي مەغپىرەتنىڭ كەينىدىن ئايۋاننىڭ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، سىمىزلىكتىن پۇتۇن تېنى لىغىرلاپ تۇرغان مەغپىرەتنى كۆتۈرۈۋالدى.

— ۋىيەي، — دېدى مەغپىرەت ئۆمەر باينىڭ قولىدا تولغىنىپ.

— بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم، — دېدى ئۆمەر باي خىرىلداپ كۈلۈپ.

— ۋىيەي، ئادەمنى ئىزا تارتقۇزمىسىلا، — دېدى مەغپىرەت ئۆمەربايىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ئوخشىتىپ بىر لەڭمەن ئېتىپ بېرەي.

— ناۋاتتەك گەپ قىلىلا، خېنىم.

مەغپىرەت لەڭمەننى بىر سائەت ئىچىدىلا پىشۇرۇپ ئاچىقتى. تېخىچە تەكىيەگە باش قويۇپ ياتقان ئۆمەر باي ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى قىسىپ مەغپىرەتكە قارىدى.

مەغپىرەت ئۆمەر باينىڭ ئالدىغا خونچىلاپ ئەكەلگەن چىنىدىكى ئاشنى قويۇپ:

— تۇرسىلا، ئاش يېسىلە، — دېدى.

ئۆمەر باي ئاشنى يەپ بولغاندىن كېيىن سېمىزلىكتىن ئىششىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان گۆشلۈك قولىنى مەغپىرەتنىڭ تىزىغا قويدى.

— خېنىم، بۇگۈن مەن سىلى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، — دېدى ئۆمەر باي ئايالىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنچىكە ئاۋازىنى ئاستا چىقىرىپ، — كۆڭلۈمنى بەك ئوبدان ئالدىلا، سىلىنى تازا سېغىنىدىغان بولدۇم.

— نېمە دېدىلە، خوشلاشقىلى كەلدىم دېدىلىمۇ، گاداي؟ — سورىدى مەغپىرەت ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ھەئە، مەن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش كويىدا بولۇۋاتىمەن، ناھايىتى چوڭ بىر شەھەردە باغلىق ھويلا ئېلىپ قويغانلىقىمنى سىلىگە ئۆتكەن يىلى ئېيتىمىدىممۇ؟

— ياق، — دېدى ئەجەبلەنگەن مەغپىرەت، — ماڭا ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىغانىدىلە.

— ئۇنتۇپتىمەن. ئۇ باغلىق ھويلىنى سىلىگە ئاتاپ ئالغانىدىم. بىر يىلدىن بېرى ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن كۆپ پول ماڭدىم، كۆپ پۇل كەتتى. ئەمدى ئىشلىرىم پۈتۈپ قالدى، قارىسام، سىلىگە چىدىمىغۇدەكمەن، ئەكېتەي دېسەم ئەرلىرى بار. ئامال يوق ئۆزۈم كېتىدىغان بولدۇم.

— كەتمەيلا، — بوينىنى تولغىدى مەغپىرەت.

— كەتمىسەم بولمايدۇ، — ئۆمەر باي ئۇنى تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى.

— مېنى تاشلاپ كېتىشكە چىدامىلا؟

— چىدىمايمەن، ئەمما خەق ئەسكى، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بىزنى شەرمەندە قىلىدۇ. كەتمىسەم بولمايدۇ.

— مەنچۇ، ۋاپاسىز گاداي؟

— ئەرلىرىنىڭ يېنىدا قالىلا.

— قالمايمەن.

مەغپىرەت ئۆمەر باينىڭ بويىنىغا گىرە سالدى. ئۇنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن ئاقىقان ياش ئۆمەر باينىڭ سىرىق تۈك قاپلىغان مەيدىسىگە تامدى.

ئۆمەر باي مەغپىرەتنىڭ قايغۇرۇپ كەتكىنىدىن ئۆزىگە ھەقىقەتەن رام بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلدى. ئۇنىڭغىمۇ شۇ كېرەك ئىدى.

— مەن بىلەن كېتەمسەن؟ — سورىدى ئۆمەر باي ئۇنى سەنلەپ.

— كېتىمەن! — مەغپىرەت ئۆمەر باينىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى.

— ئۇنداق بولسا ئېرىڭدىن خېتىڭنى ئال.

— خېتىمنى بەرمىسىچۇ؟

— خېنىم، خەتلىرىنى بەرمىسە، مۇسۇلمان مۆمىن بالىسى تۇرۇقلۇق سىلىنى ئەكېتەلمەيمەن.

— قانداق ئالىمەن؟ — سورىدى مەغپىرەت ئۆمەر بايغا تەلمۈرۈپ.

— خېنىم، ئەرلىرىدە گۇمان پەيدا قىلسىلا، ئۇ سىلىنى تالاق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئاندىن خېنىم قىلىنى سۇغۇرغاندەك، خوتەندىن سىلىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كىشىلەرگە تۇيدۇرماي چىقىپ كېتىمەن. ئۆمۈرۋايەت راھەت - پاراغەتتە ياشايمىز.

مەغپىرەت ئۆمەر باي ھازىرلا كېتىپ قالىدىغاندەك ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى. ئۆمەر بايمۇ مەغپىرەتنىڭ لېۋىگە چوكۇلدىتىپ سۆيدى - دە، خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆمەر باي كەتكەندە خۇپتەندىن يېنىپ يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتكەندى. مەغپىرەتنىڭ ئەس - يادى ئۇنىڭدا قالدى. «راست كېتەرمۇ، مەن يەنە بۇ، لۆم - لۆم بىلەن قالارمەنمۇ؟ ياق، بۇنىڭدىن خېتىمنى ئالىمەن. ئۆمەر باي نەگە بارسا شۇ يەرگە كېتىمەن» دەپ ئويلىدى پېشايۋان سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ. يېنىك شامال ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى. مەغپىرەت

شىرىن خىيالغا چۆمدى: «مەن ئۆمەر باي بىلەن ئۇ ئىلىپ قويغان چارۋاغقا كىتىمەن. ئۇ يەردە ھىچ ئىش قىلماي كىنىزەكلەر ئىتىپ بەرگەن تاماقنى يەپ مەنزەر ئۆيدە يەلپۈنۈپ ئولتۇرىمەن. ئىچىم پۇشسا كىنىزەكلىرىم بىلەن باغنى سەيلە قىلىمەن. گۈگۈم چۈشكەندە كىنىزەكلىرىمنى باغدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆمەر باي بىلەنلا قالىمەن، ئۇ مىنى زېرىكتۈرمەي ئوينىتىدۇ. خوتەندە قالغان ئابدۇلئەزىز مىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ...» ئۇ كۆلگىنىچە خىيالىدىن ئۆزىگە كەلدى ۋە چۈۋۈلغان چاچلىرىنى تۈزەپ ئايۋانغا كىرىپ شامنى ياقتى ـ دە، ساراي ئۆيگە كىرىپ دىرىزىنى ئىچىۋەتتى. ئۆيدىن نەشىنىڭ پۇرىقى تىخىچە چىقىپ كەتمىگەچكە ئادىراسمانىدا ئىسرىق سالدى. ئىرى كەلمىگەنسىرى ئۇنى قورقۇنچ بىسىپ، شامنى ئۆچۈرمەي ئولتۇردى. شام تۈگەشكە ئاز قالغاندا ئىشىك قىقىلدى. مەغپىرەت ئىشىكنى ئىچىپ سالپىيىپ تۇرغان ئىرىنى كۆردى. ئۇنىڭدىنمۇ نەشىنىڭ پۇرىقى كىلەتتى.

— ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئابدۇلئەزىز. ئۇنىڭ ئاۋازى مەغپىرەتكە ناھايىتى قوپال ئاڭلاندى.

— خەق يىرىم كىچىگىچە ئويناپ كەلسە گەپ يوق، مەن ئۇخلىماي ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرسام گەپ بارمىكەن؟ — دەپ دوق قىلدى مەغپىرەت ئىرىنىڭ ئۇزارتقان قولىنى سىلكىۋىتىپ. «ھەرقاچان تاشقىرىغا چىقىپ كەلسەم خوتۇنۇم ئوڭلۇق ھالدا كۈتۈۋالاتتى. بۈگۈن ئەجەب خاپا بولۇپ كەتتىيا، كۆڭلۈكى تۇتتىمۇيا؟» ئويلىدى ئابدۇلئەزىز نەشە چىكىپ، تونۇر كاۋىپى يەپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغىنىغا پۇشايمان يەپ.

بۇ كىچىدىن باشلاپ ئابدۇلئەزىز بىلەن بىر يوتقاندا ياتمايمەن، دەپ ئويلىغان مەغپىرەت:

— سىكىلىكىم بار ۋاقىتتا قوللىرىڭا چۈشكەنىدىم. ئون يىل بولدى، پەرزەنت كۆرمىدىم، پەرزەنت كۆرۈش خىياللىرىدىمۇ يوق، يا كۆڭلۈم، يا ئۇچام، يا گىپىم سىلىدىن خۇش بولماي

كەلدى. خېتىمنى بەرسىلە، ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن ! — دېدى. ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدىمۇ مەغپىرەتنىڭ ئاغزى بېسىلمىدى. «مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ، خوتۇنمۇ شۇنداق بولامدۇ، قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئويلىغان ئابدۇلئەزىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ گۆشىيىپ ئولتۇردى. «خۇدادىن قورق، مەغپىرەت. نېمە بولدۇڭ، ئۇردۇممۇ؟ تىللىدىممۇ؟ ئۇچاڭ يالىڭاچ، قورسىقىڭ ئاچ قالدىمۇ؟ ئۇنداق قىلما» دېگەندىن باشقا، خوتۇنىغا كەچكىچە ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى.

جەڭگى ـ جېدەل بىلەن ھەپتە ئۆتتى. ئۆمەر باي ئۆز دۇكىنىغا ئابدۇلئەزىزنى چاقىرتىپ تۇرمىغاچ، مەغپىرەتنىڭ سەپراسى ئۆرلەشكە باشلىدى. تاماق ئەتكىلى ئۇنىماي، خۇيلىنىپ يېتىۋالدى. «بۇ خوتۇنىڭ ئىچىگە جىن كىردى» دەيتتى ئىچىدە، «خېتىمنى بەر !» دەپ چەكچىيىپ ئېسىلىشقا تەييار تۇرغان مەغپىرەتكە غەمكىن قاراپ.

ئىككى ھەپتە ئۆتتى، مەغپىرەت ئوڭلانمىدى، بارغانسېرى سېسىق گەپلىرى كۆپەيدى. كۈندە بازاردىن تاماق، گۆشگىردە، سامسا توشۇپمۇ خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى باسالمىغان ئابدۇلئەزىزنىڭ چىرايى سارغىيىشقا باشلىغانىدى. قىز ئالغان بۇ خوتۇننى قويۇپ بېرىشكە ئۇ ھەرگىز چىدىمايتتى. ئۆزىنىڭ تاشتەك ئېغىرلىقى بىلەن، خوتۇنى بىكاردىن ـ بىكار دۆشكەلىسىمۇ، يۈزىگە تۈكۈرسىمۇ، ھەتتا ياقىسىغا ئېسىلىپ «دەلدۈشكە تەگكەنىنىڭ سازايى» دەپ ۋارقىرىسىمۇ چىداپ، جاۋاب قايتۇرمىدى. مۇلايىملىق بىلەن تەسەللى بەردى. نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىشكە ۋەدىمۇ قىلدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق قىلسا مەغپىرەتنى پەيلىدىنياندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئاخىر مەغپىرەت قولىمۇ ئىشقا بارماس بولۇپ قالغان غەمگۇزار ئېرىگە پەيلىدىن ھەرگىز يانمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئاق ئۆرۈك توگەپ يازغى شاپتۇللار پىشىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. شەنبە كۈنى سەھەردە بازارغا چىقىپ

كەتكەن ئابدۇلئەزىز بىر سىۋەت شاپتۇل، ئىككى كۆكچى، مۇچ، پىدىگەن، شوخلا، گۆش ئەكىردى. ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئۆزىنى ياساپ پەرداز قىلىپ ئولتۇرغان مەغپىرەت ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ئېرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ تىل سالدى:

— ھوي مەرەز گاداي، بۇ نېمىلەرنى نېمىدەپ ئەكىردىڭ؟ ساڭا تېخى ئاش ئېتىپ بېرەمدىمەن دەلدۈش! خان ئاچاڭغا ئاپىرىپ بەرگىن، لۆم - لۆم باش!

بۇ چاغقىچە خوتۇنىنىڭ ئاھانەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن ئابدۇلئەزىز «لۆم - لۆم باش» دېگەن ھاقارەتنى ئىشىتىپ تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى يېرىلدى. ئەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاھانەت بولمىسا كېرەك. يەنە كېلىپ ئۇ باشقا بىرسىدىن ئەمەس، خوتۇنىدىن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، ئەكەلگەن نەرسىلەرنى سۇپىغا قويدى. ئاندىن ئايۋاننىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان مەغپىرەتكە غەزەپلىنىپ قارىدى، ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدىن قان قېچىپ تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— ئىپلاس! — ئابدۇلئەزىز ئاغزى ئېچىلىش بىلەن تەڭ، كۆكچىنىڭ بىرسىنى ئاتقانىدى، مەغپىرەتنىڭ دولىسىغا تەگدى. غەزىپى تاشقان ئابدۇلئەزىز ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتكەن مەغپىرەتنى ھويلىغا سۆرەپ چىقتى، ئۇ خوتۇنىنى ھويلىدىن ئۆيگە، ئۆيدىن ھويلىغا سۈرۈپ يۈرۈپ، شوخلا، پىدىگەن، مۇچلارنى ئېتىپ يېڭى كىيگەن كىيىملىرىنى رەسۋا قىلىۋەتتى. ئاخىرىدا گۆشنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى.

مەغپىرەتنىڭ پەرداز قىلغان يۈزىگە مىجىلغان شوخلىنىڭ ئۇرۇقى چاپلىشىپ قالدى، يۈزىگە تەگكەن گۆش ئۇنى تامغا چاپلاپ قويدى.

— مانا ئەمىسە شۇم ئېغىز، — لاغىلداپ تىترەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ئابدۇلئەزىز ئۆرۈكنىڭ بىر كىچىك شېخىنى قايرىپ سۇندۇردى ۋە خوتۇنىنىڭ پاقالچىقىغا تازا سالدى. مەغپىرەت «ۋايجان، ۋايتوۋا» دەپ چىرقىراپ دۈم بولۇپ

يېتىۋالدى. ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭ كاسسىسىغا ئورۇشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ قولىدىكى تاياقنى تاشلىۋەتتى ـ دە:

ــ تالاق! ئۈچ تالاق، ئۈچ مىڭ تالاق! چىق ئۆيدىن، نەگە بارساڭ بار! ــ دېدى.

ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن ئابدۇلئەزىز ئاشخانا، ئايۋان، سارايدىكى پۇتۇن قاچا ـ قومۇچنى چېقىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ پېتى ئۆيدىن كوچىغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن مەغپىرەتنىڭ كەينىدىن ئىككىنى تۇكۇرۇپ ئىشىكنى جاققىدە ياپتى. ئابدۇلئەزىزنىڭ رەڭگى سارغىيىپ، ساقاللىرى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاسقۇچتىكى چەكمەن تونى بىلەن ئىش ۋاقتىدا كىيىۋالىدىغان ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چوتا كۆڭلىكىنى، ئاق بەلبېغىنى ئاچچىقىپ سۇپىغا تاشلاپ قويدى. ئۆيگە كىرىپ مەغپىرەتنىڭ ساندۇقىنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چېقىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئايۋانغا ئاچىقىپ دۆۋىلىدى. ئاندىن «خۇدا ئۆزۈڭ بار» دېدى ـ دە، ئايۋان سۇپىسىغا قۇرۇق جىگدە ئوتۇنىنى دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. ئوت چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. تونۇرغا ئوت سالغان چاغدىكىدەك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ مەغپىرەتنىڭ جاندىن ئارتۇق كۆرىدىغان كىيىملىرىگە تۇتاشتى. ئاندىن زەدىۋالغا، ياغاچتىن قىلىنغان ناۋاغا، تورۇسقا تۇتاشتى. ساراي ئۆي بىلەن مېھمانخانىنىڭ دېرىزە ئىشىكلىرىمۇ كۆيۈشكە باشلىدى. دەستىگاھ لاۋۇلداپ يېنىپ تامغا تارتىلغان گىلەمگە ئوت تۇتاشتى. بۇ چاغدا ئايۋاننىڭ تورۇسىدىكى كۆيگەن ۋاخىنىلار كەينى ـ كەينىدىن يەرگە چۈشۈپ ئوت ئۆلغىيىپ كەتتى...

ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆيىدىن كۆيگەن لاتىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى كەلگەندە، قوشنىلىرى بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. ئۆيدىن يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئاسمان يۈزىنى قويۇق ئىس قاپلاپ كەتكەندىن كېيىنلا كىشىلەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ

ئىشىكنىڭ ئالدىغا توپلاشتى. ئىشىككە چوڭ شادا قولۇپ سېلىقلىق تۇراتتى.

— ئابدۇلئەزىز ئۇستامنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مەھەللىگە تارقالدى.

قورقۇپ كەتكەن مەغپىرەت مەھەللىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ «ئوت كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. قۇلۇپلانغان ئىشىك ئالدىدا توختاپ:

— ۋاي مېنىڭ كىيىملىرىم، دۇخاۋا كۆڭلىكىم، كەمچەت تۇمىقىم ... — ئۇ يىغلاپ داد ـ پەرياد سېلىپ تۇرغاندا، توپلانغان كىشىلەر قۇلۇپنى چېقىپ ھويلىغا كىرىشتى. بۇ چاغدا گۈركىرەپ يالقۇنلىنىپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئاشخانىغا تۇتاشقانىدى. ئايۋان، ساراي ئۆي، مېھمانخانا، قازناقلار ئوت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى، ئابدۇلئەزىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىز پىيادە يۈرۈپ ئون بەش كۈن دېگەندە يەكەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى تاپىنى ئىششىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن يەكەندە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى پىششىقىغا ئۈلگۈرۈپ قەشقەرگە قەدەم باستى.

ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ گۈمبىزىنى ماكان تۇتتى. ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىدا كۈمۈش تەڭگە ۋە بىر خۇرجۇننىڭ كۆزىدە لىق قەغەز پۇل بار ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر، يېنىدىكى پۇللىرىدىن ئەنسىرەپ سارايغا چۈشمىدى. ئۇ خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ، كۈمۈش تەڭگىلىرىنى باغرىغا تېڭىپ تام تۈۋىدە ياتتى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا

بىرئاز ماغدۇر كىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۆزىنىڭ خوتەندىن قانداق يولغا چىققانلىقىنى، قەيەر - قەيەرلەرنى بېسىپ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ئەسلىدى. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇرجۇنىنى مۇرىسىگە ئارتىپ جامە ئىشىكىدىن چىقتى. نەيزە بويى ئۆرلىگەن كۈن گۈمبەزنىڭ ئىككى يېنىدىكى مۇنارنىڭ نەقىشلىرىنى جۇلالىتىپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا نۇر چاچماقتا ئىدى. ئەپكەشلەر جامە ئىچىدىكى كۆلدىن سۇ ئاچىقىپ ھەرقايسى تەرەپتىكى كوچىلارغا كىرىپ كېتىشەتتى. نەچچە كۈندىن بېرى بۇ ئەپكەشلەر ئابدۇلئەزىزدە مەلۇم تەسىرات پەيدا قىلغانىدى. ئۇ جامە ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ئاپپاق ساقال بىر ئادەمنىڭ ئىككى سوغا سۇنى بالداق بىلەن مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كەينىدىن قاراپ تۇردى، «دۇنيادا ئەڭ ھالال، ساۋابلىق ئىش مۇشۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆز ھۈنىرىدىن رايى يېنىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ ئوينىڭ تۆرتكىسى بىلەن تۆمۈر ئىلمەكلىك بالداق، ئىككى چوڭ چېلەك سېتىۋېلىپ، ھېيتگاھ جامەسىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ كۆلدىن يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلارغا كەچكىچە ئون يول سۇ توشۇپ، بەش نان كەلگۈدەك پۇل بىلەن ئىككى جۈۋەندىگە سۇ ساتقانىدى. كەچتە جامە گۈمبىزىنىڭ ئىچىدىكى تەكچىنى ماكان قىلىپ ياتتى. قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن ئىككى مۈرىسى كېچىچە زىڭىلداپ ئاغرىپ چىقتى. ئۇ ئەتىسى ئوتتۇز يول سۇ توشۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ يەككە - يېگانە مۇشەققەتلىك ھاياتى قەشقەردە ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇ شەھەر ئىچىدىكى دوغىبەگ كۆلى، ساك ئالدىدىكى كۆل، غوجامنىڭ كۆلى، يۇمىلاقشەھەر كۆلىدىن سۇ توشۇپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئابدۇلئەزىز ئاخىر يۇمىلاقشەھەر كۆلىدىن سۇ توشۇپ ساتىدىغان بولدى. ئۇ سۇ توشۇپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ

ئوتۇننى يېرىپ، كىگىز، گىلەملىرىنى قېقىپ بېرەتتى. قانداق ئىشقا بۇيرۇسا ياق دېمەيتتى. ئۆيدىكى خوتۇن ـ قىزلارغا تىكىلىپ قارىمايتتى. مەھەللىلەردىكى كۆپچىلىك ئائىلىلەرگە ئابدۇلئەزىز يېقىپ قالدى. جامائەت ئۇنى «خۇدانىڭ ئاق كۆڭۈل مۆمىن بەندىسى ئىكەن» دەپ ماختىشاتتى. ئۇنىڭ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ گۈمبىزى ئىچىدە يېتىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان باغچە كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى جالالىدىن مەخدۇم بىر ئېغىزلىق ۋەخپە ئۆينى بەردى.

— ئۇكام، ئاللا ساڭا ئوخشاش ئەمگەكچان بەندىسىنىڭ خارلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇساڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ، — دېدى ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئابدۇلئەزىزگە بېرىپ.

ئابدۇلئەزىز ئۆيگە ئىگە بولغانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولۇپ، تاڭ سەھەردە تۇرۇپ مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ مەسچىت ئىچىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچتى.

— ئەقلىڭنى تېپىپسەن، ئۆينى بەرگەندىن كېيىن بۇنداق قىلمىساڭ بولمايتتى. بىزنىڭ ئۆيگىمۇ سۇ ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى ئەزان ئېيتىپ پەشتاقتىن چۈشكەن مەزىن ئاخۇنۇم خىڭىلداپ تۇرۇپ.

ئابدۇلئەزىز گەپ يېدى. ئۇ دەسلەپ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە سۇ ئېلىپ باردى.

— رەھمەت، ئۇكام، — دېدى جالالىدىن مەخدۇم، — مېنىڭ بالىلىرىم سۇنى ئۆزلىرى ئەكېلىدۇ. بۇنداق دېسەم كەلمەي قويمىغىن، كۆڭلۈڭ تاماق تارتقان كۈنلىرى كېلىپ ئۆي تامىقى يەپ كەتكىن. تارتىنمىغىن، ئۇكام، كەلگىن، چاي ئىچىپ كەت، — ئىمام ئاخۇنۇم ئابدۇلئەزىزنى ئۆيگە باشلاپ چاي، مەزە ئەكەلدى. ئابدۇلئەزىز چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن. جالالىدىن مەخدۇم ئابدۇلئەزىزگە بىرناننىڭ پۇلىنى

ئۇزارتتى.

— رەھمەت، داموللام، بۇ ئۆيىنىڭ ئىشى ئۆز ئىشىم، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق دېمىگىن، ئۇكام، سەن بۇ ئۆيگە مېھمان، چاينى ئەجرىڭ ئۈچۈن ئەمەس، مېھمان بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بەردىم. پۇلنى جاپا تارتىپ سۇ ئەكەلگەنلىكىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن بەردىم. ئالىمىساڭ ماڭا باقىي قەرز بولۇپ قالىدۇ. كىشىنى ئىشلىتىپ مۇۋاپىق ھەق بەرمەيدىغان كىشىلەر زالىم ھېسابلىنىدۇ. زالىمدىن خۇدا بىزار، خۇدا بىزار بولغان ئادەم ھاياتتا خوۋلۇق كۆرمەيدۇ. بۇ خۇدانىڭ زالىم بەندىسىگە بۇ دۇنيادا بەرگەن جازاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دۇنياغا بارغاندا تېخىمۇ چوڭ جازاغا ئۇچراپ ئوتتا كۆيىدۇ، ئۇكام، مېنى گۇناھكار قىلما، ھەققىڭنى ئالغىن، — دېدى جالالىدىن مەخدۇم تەبەسسۇم بىلەن پۇلنى ئۇزارتىپ تۇرۇپ.

ئابدۇلئەزىز رەھمەت ئېيتىپ ئالدى. ئابدۇلئەزىز يەنە مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگىمۇ سۇ ئېلىپ باردى.

— يەرگە تۆكمەي كۈپكە قۇيۇۋېتىپ يەنە ئەكەل، — دېدى مەزىن ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئۇنى ئابدۇلئەزىزگە يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

— خوپ، تەخسىر، — دېدى ئۇ چوڭ ساپال تۇڭغا سۇنى قۇيۇۋېتىپ. بۇ كۈپ ئون چېلەك سۇدا ئاران توشتى.

— يەنە بىر يول ئەكېلىپ گۈللەرگە، ئۇجمىنىڭ تۈۋىگە قۇيۇۋېتىپ كەتكىن، — دەپ بۇيرۇدى مەزىن.

— خوپ، تەخسىر.

ئابدۇلئەزىز سۇنى ئەكەلگەندە مەزىن ئاخۇنۇم چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ئۇ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ داستىخاننى ئېلىپ ئايۋان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. «ئەپكەشنىڭ ئوتى تۈتۈپ قالمىسۇن» دەپ ئويلىدى ئەتىمالىم، ئابدۇلئەزىز كەتكۈچە ئۆيدىن تاشقىرى چىقمىدى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىز ئۆيگە ئىگە بولغاندىن كېيىن بىر پارچە كىگىز ئالدى. بىر كونا پاختىلىق چاپان، بىر كونا جۇۋا، بىر تاغار سېتىۋېلىپ ئۆيىنىڭ بىساتى قىلدى. گۇزەردىن بىر جۈپ تاۋاق، كىچىك قازان، چۆگۈن ئەكىردى، يوتقانلىق، كۆرپىلىك رەخت ۋە پاختا ئېلىپ ئۆزى يوتقان، كۆرپە تىكىۋالماقچى بولدى. ئۇ كۈندۈزى سۇ سېتىپ كېچىسى خىيال، ئويقۇ بىلەن كۈنلەرنى ئۆزىتاتتى.

ۋەخپە ئۆي بىر ئېغىزلىق بولسىمۇ دالانى بار ئىدى. كوچىدىن ئاۋۋال دالانغا، ئاندىن ئوڭ ياندىكى كىچىك ئىشىكتىن ئۆيگە كىرگىلى بولاتتى. دالاننىڭ ئۇدۇلىدا ھاجەتخانىسى بار ئىدى.

بۇ ئۆيگە بىر ئاياللا كەملىك قىلاتتى. ئۇ خوتۇن كىشى دەپ ئاتىلىدىغان رومال ئىچىدىكى ئۇزۇن چاچلىقلاردىن شۇنداق بىزار بولغانىدىكى، يۈزىگە قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئېتىنى ئاڭلىسىمۇ سەسكىنىپ كېتەتتى. گاھى كېچىسى مەغپىرەت كۆز ئالدىغا كېلىپ قالسا، ۋۇجۇدى نەپرەت بىلەن سىلكىنىپ، بېشىنى يوتقانغا ئورىۋالاتتى...

ئىككى يىل شۇنداق ئۆتۈپ يەنە باھار كەلدى، كۆلنىڭ مۇزى ئېرىدى. كۆل ئەتراپىدىكى سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى بىخ چىقاردى. باھارنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولغان قۇشقاچلار شاختىن ــ شاخقا سەكرىشىپ تىنىماي ۋىچىرلىشاتتى. گۆدەك باللار، يىگىتلەر ئۆگزىدە، كۆل ئەتراپىدا لەگلەك ئۇچۇرۇشاتتى.

ئابدۇلئەزىز ھەر كۈنى ئەزان چىقىش بىلەنلا كۆل بويىغا كېلىپ مەسچىتكە سۇ ئېلىپ باراتتى، ئاندىن مەزىننىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇيتتى. ئىمامنىڭ ئۆيىگە بولسا ئۆي تامىقى سېغىنغان

كۈنلىرى چۈش مەزگىلىدە بېرىپ بەزىدە مانتا، بەزىدە لەڭمەن، بەزىدە ئۆگرە ۋە بەزىدە پولۇ يەپ كېلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ئىمام خۇش بولۇپ كېتەتتى.

— ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە كېلىدۇ. ئولتۇرغىن، ئۇكام، — دەيتتى كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن نەسىھەت قىلىشقا ئۆتەتتى، — ئۇكام، جانابىي ئاللا ئادەملەرنى ئوخشاش نەرسىدىن ياراتقان بولسىمۇ، خۇي - پەيلىنى ئوخشاش قىلمىغان. شۇڭا، بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بېشىغا سەللە ئوراپ مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىلەن كۆڭلى قارا، ئالسام، بەرمىسەم دەيدۇ. ھەممە كىشىلەر ئۆلۈپ مەن قالسام، دەيدۇ، ھەممە ئادەم نامراتلىشىپ مەن بېيىسام، دەيدۇ، ھەممە ئادەم خىزمىتىمنى قىلسا، مەن راھەتلەنسەم، دەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاچ كۆز بولۇپ كېتىدۇ. ئالداپ يەپ، بۇلاپ يەپ، چېقىپ يەپ، شوراپ يەپ تويمايدۇ. بەزىلىرى زالىمغا ئايلىنىدۇ، ئۆز بالىسىغىمۇ باغرى تاشلىق قىلىپ زىندانغا تاشلايدۇ. ئۇرۇپ - قىينايدۇ. بەزىلىرى خۇشامەتچى كاززاپلارغا، مۇناپىقلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداقلارنىڭ كۆزى كىچىك، كۆڭلى تار كېلىدۇ. كىشىلەرنى كۆرەلمەيدۇ، مەنسەپدارغا خۇشامەت قىلىپ، غېرىب پۇقراغا يوغانچىلىق قىلىدۇ. مىسكىن بىچارىلەرنى بوزەك ئېتىپ، ھاكىم - بەگلەرنىڭ تاپىنىنى يالايدۇ، كۈچۈكلىنىدۇ. بىگۇناھ ياخشىلارنى چېقىپ، خانىۋەيران قىلىدۇ. زالىملارغا ياخشىچاق بولۇپ، خەلق ئۈستىدە قامچا ئوينىتىدۇ، كىشىنىڭ مېلىغا، ئامانىتىگە خىيانەت قىلىپ بېيىيدۇ. نامەھرەملەرگە كۆز سېلىپ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدۇ. ئۇكام، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، قىزلارنى، ئاياللارنى بۇزىدىغان، ئار - نومۇستىن ئايرىيدىغان ئەنە شۇنداق كاززاپلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش گۇناھ، بىللە ئىش قىلىش جىنايەت، بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭدە تۇت، ئۇكام،

ئۇنداق نائەھلىلەرگە يولىما! قولۇڭدىن كەلسە ئۇلارنى يامان يولدىن قايتۇر. مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئاللا ئالدىدىكى بۇرچى مانا مۇشۇ.

ئابدۇلئەزىز جالالىدىن مەخدۇمنىڭ بۇ گەپلىرىگە سەما بولۇپ كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياش ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى تۇيماي قالاتتى. مەغپىرەتكە قىلغان ئەقىدىسىگە يىغلايتتى. قانداق بىر نامەردنىڭ مەغپىرەتنى ئالداپ ئۆزىدىن كەچتۈرگەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يىغلايتتى.

— يىغلىما، ئوكام، ئوغۇل بالا ئۈچۈن ياش تۆكۈش ئۇيات، قارىغاندا، بېشىڭغا دەرد كەلگەن ئوخشايدۇ، ھەربىر باشقا كەلگەن دەرد — شۇ كىشى ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىدۇ، خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، — دەيتتى جالالىدىن مەخدۇم دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

ئابدۇلئەزىز ھەر قېتىم ئىمامنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە كۆز ئالدى يورۇپ، دىلى ئېچىلىپ ياناتتى.

مەزىن بولسا سۇ ئەكەلگىنىگە رازى بولماي ئۇنى ئىشقا سالاتتى. ئوتۇن ياردۇراتتى، كىگىز، پالاسلىرىنى قاقتۇراتتى. ھويلىنى سۈپۈرتەتتى. «بىز دەك كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرسەڭ ساۋاب تاپىسەن» دەپ قورۇقلا يولغا سېلىپ قويسا، ئابدۇلئەزىز گەپمۇ قىلماي كېتەتتى.

※ ※ ※

شاپتۇل، ئۆرۈك ئۈچكە تۇتۇپ، ھاۋا ئىسسىشقا باشلىغان چاغ ئىدى. كۆل بويىدىكى سۆگەت تاللىرى يەلپۈنۈپ ئەتراپ گۈزەللىشىپ كەتتى. بۇگۈن كېچە سىم - سىم يامغۇر يېغىپ چىقتى. ئاسمان يۈزى گىرىمسەن بولۇپ يورۇغاندا ئابدۇلئەزىز مۆڭلۈق ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بالداق، چېلەكلىرى بىلەن بىر ئىشرىقنى ئېلىپ ئۆيدىن

چىقتى. تاڭ قاراڭغۇسىدا جىمىلىققا چۆككەن تار كوچىنى بېسىپ ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا چىقتى. چوڭ كوچىدىمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىچىدە «ئاللا ـ ئاللا» دەپ كۆل بويىغا يېقىنلاشتى. يامغۇر ئۇستىبېشىنى ھۆل قىلىۋەتتى. كۆلگە ئون قەدەمچە قالغاندا ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈپ «ئېرىنى تازا خاپا قىلىپ ئۆيدىن قوغلانغان ئايال ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى مەغپىرەتنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان خۇلقى بىلەن ئۆكتەملىكى يادىغا چۈشۈپ. ئايال كۆل بويىدا توختاپ قالدى، ئابدۇلئەزىزمۇ توختاپ سەپسالدى. شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر ھەسرەتلىك ئاۋاز قۇلىقىغا كىرىشى بىلەن تەڭ ئايال كۆزدىن غايىب بولدى. «جىنمۇ نېمە» دەپ ئويلىغان ئابدۇلئەزىز ۋەھىمە ئىچىدە سۇ ئالىدىغان يەرگە كېلىپ كۆلگە قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. بىر ئايال قانداقتۇر بىر نەرسىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بىر چۆكۈپ، بىر لەيلىمەكتە ئىدى. ئابدۇلئەزىز چېلەكنى قويۇپلا سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بىر قولىدا سۇ ئۈزۈپ، بىر قولىدا ئايالنى سۆرەپ كۆل بويىغا ئاچىقتى ـ دە، بالداق بىلەن چېلەكنى كۆل بويىغا تاشلاپ قويۇپ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرغان بىھوش ئايالنى يۆدۈپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ئىۋرىققا سۇ تولدۇرۇپ بىر چەتتە تاھارەت ئالدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇلئەزىز چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. تاڭ يورۇدى، غىجىم رومال چۆكۈپ تۇرغان كۆل ئۇستىگە توختىماي يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈۋاتاتتى...



## ئون بىرىنچى باب

# تەقدىر

سالاھىدىن ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدىن تاشقىرى چىقالمىدى. ئۇنىڭغا بىردەم تۇيۇقسىز بىر كېچىدىلا غايىب بولغان نۇرنىسانىڭ كۆلگە چۆكۈپ تۇرغان روملى كۆرۈنسە، بىردەم ئۇنىڭ زىبا قامىتى كۆرۈنەتتى. بىردەم كۆل ئەتراپىغا ئولاشقان خالايىقنىڭ ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى كۆرۈنەتتى. بىردەم «سىڭلىمنىڭ بېشىغا چىققان مۇشۇ غورا قاپاق، تىرىكىنى تاپالمىسا ئۆلۈكىنى تېپىپ بەرسۇن!» دەپ يىغلىغان گۈلسۈمنىڭ قايغۇلۇق ئۈنى ئاڭلانغاندەك بولاتتى، بىردەم بىرقانچە كىشىنىڭ كۆلگە چۈشۈپ مالتىلاپ «روملى تۇرغان بىلەن ئۆزى كۆلدە يوق، بۇ نېمە ئىش» دېگەن ئاۋازى قۇلىقىغا كىرگەندەك بولاتتى...

ئۇ شۇ كۈنى سەھەردە قارا باسقاندەك ئۇخلاپ قالغانىدى. ئاخشامدا چەككەن نەشە ئۇنىڭ سەزگۈر نېرۋىلىرىنى ئىشلىمەس قىلىپ قويغانمۇ، ناماز بامدات ئوقۇلۇپ بولغان مەھەلدە ئورنىدىن تۇردى. ئايۋانغا چىقىپ ئىشىككە قاراپ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى. ئاخشام ئۆزى قۇلۇپلاپ قويغان ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ ئالاقزەدە بولۇپ، كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ھۆرنىسانىڭ تولا يىغلاپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كەتكەچكە ئاۋازىمۇ چىقمايتتى. گۈلنىسا بۆشۈكتە يىغلاپ تېلىقىپ ياتاتتى. سالاھىدىن بالىلىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ «نۇرنىسا، ھاي نۇرنىسا!» دەپ تووۋلىغىنىچە ھويلىغا چىقتى. ئورنىدىن ئەمدىلا قوپقان نىساخان ئاشخانا ئۆيدىن پالاقلاپ چىقتى. سالاھىدىن ئۇنىڭغىمۇ قارىماي دەرۋازىغا يۈگۈردى، دەرۋازىدىمۇ قۇلۇپ يوق، زەنجىرى ئىلىنقسىز تۇراتتى. ھالقىسىدىن تارتقانىدى، ئېچىلمىدى. شۇ چاغدا نۇرنىسانىڭ ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئىتتىك كەينىگە يېنىپ چوڭ مېھمانخانىغا كىردى ـ دە ئاسقۇچقا قاراپ ئاچقۇچلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئەھۋال ئۇنىڭغا تېخىمۇ روشەن بولدى.

— نۇرنىسا قېچىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سالاھىدىن بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تىترەپ. ئۆزىنىڭ تازىمۇ بىخەستەلىك قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ تولغىنىپ كەتتى. باللار يىغلاۋاتاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

سالاھىدىن ئامبارغا ئەكىرىپ قويغان شوتىنى ئاچىقىپ بۇرۇنقى جايغا قويۇپ، تىترەپ تۇرغان پۇتلىرى بىلەن شوتا ۋاخىنىسىغا دەسسەپ ئۆگزىگە چىقتى. ئۇ يانچۇقىدىن ئايرىمايدىغان بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ ھويلا ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىنى ئايرىۋالدى، ئاندىن سىراج تامدىن بېشىنى ئېڭىشتۇرۇپ، ئاۋاز چىقىپ تۇرغان قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا قارىدى. ئەر قوشنىسى ئايالىغا ھەدەپ بىرنېمىلەرنى سۆزلەۋاتاتتى. سالاھىدىن كەينىگە قايرىلىپ سول تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا سەپسالدى. ئەر قوشنىسى جايناماز ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— سېلىم ئاخۇن، — دەپ قىچقاردى سالاھىدىن گېلىنى بىرسى بوغۇۋالغاندەك خىرقىراپ.

— ھە، سالاھىدىن ئاخۇن، نېمە ئىش؟ — دەپ ئورنىدىن تۇردى قوشنىسى.

— باللىنىڭ ئانىسىنى ئاخشام خۇپتەندىن يانغاندا

ئاچىسىنىڭ ئۆيىدىن بالا كېلىپ چاقىرىپ كەتكەنىدى. كېتىش ۋاقتىدا قايتىپ كەلسەم ئىشىكنى قېقىپ سىلىنى ئاۋارە قىلغاندىن كۆرە، ھازىر ئىشىكنى تېشىدىن تاقاپ كېتەي، دېسە ماقۇل دەپتىمەن. كۆرمەملا، ھازىرغىچە كېلەلمىدى، نامازغىمۇ چىقالمىدىم. خاپا بولماي ئىشىكنى ئېچىۋەتسىلە بوپتىكەن، — سالاھىدىن شۇنداق دەپ ئاچقۇچنى سېلىم ئاخۇنغا بەردى، سېلىم ئاخۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپنى ئاچتى.

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلدىم، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى سالاھىدىن تەكەللۇپ بىلەن.

— رەھمەت.

سالاھىدىن ئۆيگە يېنىپ كىردى. نىساخان بوشۇكتىكى گۈلنىسانى قوچىقىغا ئېلىپ نان چايناپ بېرىۋاتاتتى، ھۆرنىسا پىيالىگە چىلاپ بەرگەن ناننى مالتىلاپ ئولتۇراتتى.

— دادا، ئانام قېنى؟ — دېدى ھۆرنىسا بېشىنى ئىككى يېنىغا ئىرغىتىپ تۇرۇپ. سالاھىدىننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ توك سوققاندەك سىلكىندى، چىداپ تۇرالماي سىرتقا چىقىپ ئىرغاڭشىپ تۇرغان ئۈجمە يېنىدا بىرپەس تۇردى. نەم تامچىلار ئۇرۇلۇۋاتقان يۈزىنى سىلاپ يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى بىلدى. بالىلىرىغا چىدىمىدىمۇ، نۇرنىسانىڭ قاچقانلىقى ئەلەم قىلدىمۇ ياكى ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەۋاتقان ئاچچىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىدىن ئاققان ياش يامغۇر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈجمە تۈۋىگە تاراملاپ چۈشتى. چىرايلىق قىرقىلغان ساقىلىنى قايتا - قايتا سىلاپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. كوچا پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تام ياقىلاپ مېڭىپ كۆل بويىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. كۆل بويىدا كىشىلەر يىغىلىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان گەپكە قۇلاق سالغان سالاھىدىننىڭ رەڭگى باشقىچە ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

— تۇۋا! بۇ غىجىم رومال قايسى بىتەلەينىڭدۇ؟

— بىر شۇم پېشانىنىڭكى ـ دە.
— ئۇنداق دېمىسىلە، بېشىغا كۈن چۈشكەن بىر مەزلۇمنىڭ بولسا كېرەك!
— بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆزىنى سۇغا تاشلىۋالىدىغان ئادەم يەر يۈزىدىن تېپىلماس دەيمەن، بۇرادەر.
— شۇنداق، غىجىم رومالنىڭ ئىگىسى خېلى ياش ئايال بولسا كېرەك؟
— بالىسىمۇ بار بولغىيدى؟
— تۈل خوتۇن دەپ ئويلاۋاتامىلا؟ بۇ جەزمەن ئېرى بار چوكان.
— سىلى ئۇنىڭ ئېرى بارلىقىنى نەدىن بىلىلا؟ بەختى كەلمىگەن تۇل ئايالمۇ تېخى، خۇدا بىلىدۇ.
— كۆڭلىدىكىدەك ئەرگە تېگەلمىگەنلىكى ئۈچۈن چىدىماي ئۆزىنى كۆلگە تاشلىۋالغان دەڭلا، ئاداش؟
— زۇلۇمغا، خورلۇققا چىدىماي ئۆزىنى سۇغا تاشلىۋالغان ئايالنى دۇنيادا يوق دەمسىلەر؟
— بولدى، تاكاللاشماڭلار، بۇمۇ خۇدانىڭ بىر قىسمىتى. ئېرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى كېيىن مەلۇم بولىدۇ.

... ...

قۇلىقىغا كىرىۋاتقان ھەربىر سۆز سالاھىدىنىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك قادالماقتا ئىدى. ئۇ كۆلگە چۆكۈپ تۇرغان غىجىم رومالنى باشقا بىر ئايالنىڭ بولۇپ چىقىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى، ئەمما كۆڭلى سېزىپ تۇراتتى.

— جامائەت، مۇنداق قاراپ تۇرۇش ئەھلى مۆمىنىنىڭ ئىشى ئەمەس، قېنى، بىرقانچىمىز كۆلگە چۈشۈپ ئاختۇرۇپ كۆرەيلى، بەلكىم رومال ئىگىسىنىڭ جەسىتى تېپىلىپ قالار، — دېدى ساقاللىرى ئاقارغان بىر مويسىپىت بوۋاي. دەرھال بىرقانچە كىشى چاپان، ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ كۆلگە چۈشۈپ بىر سائەتتىن كۆپرەك مالتىلاپ جەسەتنى تاپالمىدى. كۆلگە

چۈشۈپ جەسەتنى تېپىپ چىقىشنى ئۆزلۈكىدىن خالايدىغانلار ئاۋۇپ يىگىرمە ـ ئوتتۇزغا يەتتى. شۇنچە ئاختۇرسىمۇ رومالنىڭ ئىگىسى كۆلدىن تېپىلمىدى. بۇ ھال سالاھىدىنىنىمۇ، كىشىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇردى. نۇرنىسانىڭ جەسىتى چىقىپ قالارمىكىن، دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەن سالاھىدىنىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئەگەر چىقىپ قالغان بولسا جامائەت ئالدىدا سەت بولاتتى. جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلەتتى.

رومالنى بىر ياش يىگىت سۈزۈپ چىقتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. سالاھىدىن ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ تەمكىن قىياپەت بىلەن سالام بېرىپ كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىردى. جامائەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن جاۋاب سالام قايتۇردى. ئۇ رومالغا قول ئۇزارتىپ:

— بۇ رومالنى مەن ساقلاپ قوياي، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپارمىز، — دېدى ۋەزمىن ئاۋاز بىلەن. يىگىت رومالنى ئۇنىڭغا بەردى.

سالاھىدىن ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە ئىككى قىزى يىغىدىن توختىغانىدى. نىساخان ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ سالاھىدىنغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. سالاھىدىن نېمىنىمۇ دېسۇن، ئەھۋال چۈشىنىشلىك تۇرسا، گەپ قىلىش نە ھاجەت؟ ئۇ نىساخانغا زۇۋان سۈرمەي، غىجىم رومالنى سىقىپ ئاسقۇچقا ئېسىپ قويدى.

※ ※ ※

يۇمىلاقشەھەر كۆلىدىن سۈزۈۋېلىنغان ئاۋات رەڭ غىجىم رومال توغرىسىدىكى خەۋەر گويا باھار شامىلىدەك پۈتۈن شەھەرگە يېيىلدى. ھەممە ئائىلىدە مۇشۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇشقا باشلىدى.

گۈلسۈم ئەتىگەندىلا قوشنىسىدىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئېرى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگۈچە تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇردى. تۇراپ چۈشكە يېقىن كېلىپ:

— ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ كىشىلەر يۇمىلاقشەھەر كۆلىدىن بىر غىجىم رومالنى سۈزۈۋاپتۇ؟ — دېدى گەدىنىنى سىلاپ.

— ۋوي، نېمە دېدىلە؟ — يېنىشلاپ سورىدى گۈلسۈم ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەكچى بولۇپ.

— كۆلگە بىر ئايال ئۆزىنى تاشلىۋالغان بولسا كېرەك. بامدات نامىزىدىن قايتقان كىشىلەر سۇغا چۆكۈپ تۇرغان غىجىم رومالنى كۆرۈپتۇ. كۆلگە ئادەم چۈشۈپ ئاختۇرسا، رومال ئىگىسىنىڭ يا تىرىكى، يا ئۆلۈكى تېپىلماپتۇ.

— ...

گۈلسۈم خىيال ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى چىمىلداپ تارتىشىپ كەتتى. تۇراپ قولىنى ئېرتىۋېتىپ:

— چىرايىڭلا غەلىتە بولۇپ كەتتىغۇ، نېمە بولدۇڭلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنېمە بولمىدىم، ئۆزۈمچە سىڭلىمدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— نېمىشقا ئەنسىرەپ قالىسىلە؟ ھەر قېتىم بېرىپ كەلگىنىڭلىدا سىڭلىمنىڭ دۆلىتى ئۇنداق، سىڭلىمنىڭ دۆلىتى مۇنداق ئىكەن، دەپ ماختاپ كېتەتتىڭلىغۇ؟ ئەنسىرىگۈدەك بىرەر ئىش بارمىدى؟

تۇراپ راست ئېيتىۋاتاتتى. گۈلسۈم سالاھىدىنىنىڭ كۈنچىلىكىنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئىكەنلىكىنى، خوي ـ پەيلىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى نۇرنىسادىن نەچچە قېتىم ئاڭلىغان، ئۆزىمۇ سەزگەنىدى. سىڭلىسىنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشىگە سالاھىدىنىنىڭ يول قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەنىدى.

ئاياللار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چۆكۈرۈشسىمۇ، ئەرلىرىنىڭ

ئالدىدا دائىم تەڭتۇش چوكان ـ جۇۋانلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتتىن سۆز ئېچىپ، ئۆزىگە ياخشىراق قاراشنى، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىشنى، گېپىگە ماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. گۇلسۇم سىڭلىسىنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئېرى ئالدىدا «نۇرنىسا مەلىكىدەك ياشايدىكەن، ئالدىدا توقۇقۇزى تەل، ماڭا ئوخشاش كۈلگە، توپىغا مىلىنىپ ئۆتمەيدىكەن» دەپ ماختاپ كېتەتتى. ئۇ تېخى سالاھىدىنىنىڭ نۇرنىسانى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى.

بۈگۈن ئېرىنىڭ گەپتە چېقىۋېلىشى گۈلسۈمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

— نېمە ئوشۇق سۆزلەيلا؟ — دېدى ئۇ سىلكىشلەپ، — ئەر خەق دېگەن يۈزسىز كېلىدۇ. سىڭلىمنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئىدى، ئېرى ئۆزگىرىپ، خورلىغان بولسا چىدىيالماي ئۆزىنى كۆلگە تاشلىۋالدىمىكىن دېگەن ئويغا كېلىۋاتىمەن. خۇدايىم ئۇنداق كۈننى ھېچ بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن، گەپنى توغرا چۈشەنسىلە، سىلىنىڭ بۇ ئۆيلىرىدە قانچىلىك راھەت بار؟ مەن سىڭلىمدىن ئەنسىرىدىم، كەلمىگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ بارالمىدىم، ئىنسان دېگەن شۇنداق ئەنسىزلىكتە كۈن كەچۈرىدىكەن !

— بولمىسا بېرىپ كېلىڭلا، — دېدى تۇراپ گەدىنىنى قاشلاپ، ئۇ گەپتان خوتۇنى بىلەن تاكاللىشىپ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. قېيىنسىڭلىسىنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن ئۇمۇ ئويلىنىپ قالدى.

ئوخشىغان لەڭمەن يېيىلىپ بولدى. گۈلسۈم سىڭلىسىنى خىيال قىلىپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغاچقا، تاماق گېلىدىن ئۆتمەي يەۋاتقان لەڭمىنىنى تۈگىتەلمىدى. قېيىنئاتىسى دۇئا قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئالدىراپ بالىسىنى ئېمىتتى ـ دە، غىجىم رومىلىنى ئارتىپ يولغا چىقتى.

«بۈگۈن چارشەنبىمۇ، پەيشەنبىمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كۈنگە نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، — پەيشەنبە كەچقۇرۇن ئېرىمنىڭ ئولتۇرۇشى بار. بۇ توغرۇلۇق گەپ - سۆز بولمىغىنىغا قارىغاندا بۈگۈن چارشەنبە بولسا كېرەك. سىڭلىمنىڭ يېنىغا بارمىغىنىمغا بىر ئايدىن ئېشىپتۇ. ئېرى ئۇنى توسۇپ بىز تەرەپكە كەلتۈرمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەجەب بارماپتىمەن. نۇرنىسا بۇ قېتىمقى تۇغۇتىدىن كېيىن بەكلا ياداپ قالغاندى. خۇدايىم ئۆزۈڭگە ئامانەت. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ غېجىم رومال ھەمشىرەمنىڭ ئەمەستۇ ...» ئۇ مانا شۇنداق چىگىچ ئويلار بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۈنجۈتلۈك ماتاڭدىن تۆت تال، ياڭاقتىن بەش - ئون تال ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇ يەنە قوش مۈشتەك ئاناردىن بەشنى، ئامۇتتىن يەتتە - سەككىزنى تاللاپ ئېلىپ ياغلىقىغا چىگىپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۆستەڭبويى رەستىسىدىن ئۆتتى. چەرچىنىمالچىلار خېرىدار كۈتۈپ دۇكانلىرىدا ئولتۇرۇشاتتى. گۈلسۈم قاسقان بازىرى، قايماق بازىرىدىن ئۆتۈپ ئوڭ قول تەرەپتىكى تار كوچىغا كەلگەندە قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىزنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيى جايلاشقان تار كوچىنى ياغچە كوچىسى دەپ ئاتايتتى. سۇ چاچراپ توپا - چاڭ قونۇپ، يا ئاق، يە قارىلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر قاناتلىق ئىشىكتىن ئابدۇلئەزىز چىلەك بىلەن بالداقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ خىيالچان يۈرۈپ كەتتى. مۇزى ئېرىگەندىن كېيىن ئايىغىنى چىقىرىپ بىر توشتۇرۇپ قويغانچە سۇ كىرمىگەن كۆل يېرىملاپ قالغاندى. ئۇ كۆلنىڭ گىرۋىكىدىن پەسكىرەك

چۈشۈپ چېلەكنى سۇغا سالدى. ئىككى چېلەك سۇنى ئەمدى كۆتۈرۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى:

— بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدۇ، — دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. ئابدۇلئەزىز ئىلاجسىز زورىغىلا چېلەكلەردىكى سۇنى يولغا چېچىۋېتىپ، بالداقنى مۈرىسىگە ئېلىپ كەينىگە ياندى ۋە ھېيتگاھ جامەسىدىكى شەربەت كۆلىدىن سۇ ئېلىپ ئۆيىگە يېتىپ باردى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بۇلۇڭدىكى كۈپكە سۇنى قۇيدى. بۇ كىچىككىنە ھۇجرىنىڭ تۆڭلۈكتىن باشقا يورۇق چۈشىدىغان يېرى يوق ئىدى. ئىشىك ئېچىپ قويۇلغاچ، قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن ئۆي بارا - بارا يورۇپ، كۆز نەرسە - كېرەكلەرنى ئىلغا قىلالايدىغان ھالغا كەلدى.

ئابدۇلئەزىز تام تەرەپكە قاراپ ياتقان ئايالغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئايالنىڭ چۇۋۇلغان قارا چاچلىرى دۈمبىسىنى يېپىپ تۇراتتى...

ئابدۇلئەزىز ئۆز ئىرادىسىدىن تاشقىرى بىر تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نۇرنىسانى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكېلىپ، كىيىم - كېچەكىدىن سۇ تامچىپ تۇرغان نۇرنىسانىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلغانىدى، ئېغىز - بۇرنىدىن يېرىم چېلەكچە سۇ ياندى. ئۇ نۇرنىسانىڭ چىرايىغا قاراپ «ياش، پاكىز ئايال ئىكەن، بېشىغا نېمە كۈن كەلگەن بولغىيدى؟ جاندىن تويغۇدەك ئازابقا ئۇچرىمىغان بولسا ئۆزىنى كۆلگە تاشلىمىغان بولاتتى. مەنمۇ خىيالىمدا يوق ئىشلارنى قىلىپ، يۇرتتىن ئايرىلدىمغۇ، مەغپىرەت نېمە كويلاردا يۈرىدىكىن؟» دەپ ئويلىدى.

ئابدۇلئەزىز «دۇنيادا ھاياتلا بولسام ئايال نامى بار ئادەم زاتىنىڭ يېنىغا يولىمايمەن، يۈزىگە قارىمايمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە قىلغانىدى. بۈگۈن بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان بىر ئايالنى ئۆيىگە ئەكېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. تەقدىرى قىسمەت دېگەن

مۇشۇنداق بولسا كېرەك. تەقدىر شۇنداق نەرسىكى، سەن ياخشى كۆرۈپ ئىنتىلگەن نەرسەڭگە ئۆمۈر بويى يېتەلمەيسەن، يېتەلىسەڭمۇ بەزىدە ئۇنىڭدىن ئاسانلا ئايرىلىپ قالىسەن. سەسكىنىپ، يامان كۆرۈپ قاچقان نەرسىگە ئۆزۈڭ ئۇقمايلا ئىگە بولۇپ قالىسەن، ئۆتكەندىن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە قاچۇرساڭمۇ قۇتۇلالمايسەن. تۇرمۇش، ھايات دېگەن مانا مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ، ئۇنى ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە توختىتىپ قويالمايدۇ.

ئابدۇلئەزىز پۇتكۈل كەچۇرمىشلىرىنى ئويلاپ چىقتى. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ ۋە بۇ ئايالنى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمەي ئولتۇرغاندا، نۇرنىسا بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۆت تەرىپىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ئۆزىنىڭ بۇ تەقدىرىگە ئەپسۇسلىنىۋاتامدۇ، ئېچىنىۋاتامدۇ، ھەيران بولۇۋاتامدۇ، قايغۇرۇۋاتامدۇ، بۇنى ئۇنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان مۇشۇ ئەپكەش يىگىتنىڭ ئۆزىنى كۆلدىن ئاچىققانلىقىنى ئەتىگەن ھوشىغا كېلىپلا بىلگەندى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتىگەندىن بېرى ئۇنچىقماي ئويلىنىپ ياتقان نۇرنىسا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە ئىشقا تەييارلىنىپ قويغانىدى. ئۇ ھازىر ئابدۇلئەزىزنىڭ چىرايىغا زەن قويۇپ قاراپ تونۇغاندەك قىلدى ۋە:

— سىلى سۇ ئەكىرگەن بىرەر ئۆيدە مېنى كۆرگەنمىدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئېسىمگە ئالالمىدىم، — يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى ئابدۇلئەزىز. نۇرنىسا ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان تىترەكتىن لاغىلداپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەتىگەندىن بېرى

كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋېلىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن لېۋىنى چىشلەپ بىردەم ئولتۇردى، ئابدۇلئەزىز تىترەك ئاۋازى بىلەن بىر ئېغىز گەپ سوراپ قويۇپ جىم بولۇپ كەتكەن نۇرنىساغا قارىدى. دۈگدىيىپ ئولتۇرغان نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇراتتى. «توڭلاپتۇ بىچارە» دەپ بىر تەرەپكە يىغىپ قويۇلغان يوتقاننى ئېلىپ نۇرنىسانىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئىچىگە كىرىۋالسىلا، سوغۇق ئىچلىرىگە ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. «ئەجەب ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەن، — ئويلاپ قالدى نۇرنىسا، — تۇرقىدىن كۆڭلىدە ھارامزادىلىك كۆرۈنمەيدۇ، خۇدايىم، كۆڭلىگە ئىنساب بەرگىن.»

نۇرنىسا بۇ ئەپكەشنى تونۇغانىدى. ئۇنىڭغا شۇ سوغۇق قىش كۈنى نان چىلاپ بەرگىنى، سالاھىدىنىنىڭ ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەنلىكى خىيالىغا كەلدى. نۇرنىسا چۆپ بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى سېلىپ تامدىكى قوزۇققا ئاستى، كۆڭلىكىنى پەگاھقا سىقىپ كىيىۋالدى، ئاندىن يوتقاننى يېپىنىپ بېشىنى ئالدىغا تىرەپ سىڭارىيان ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبىنى غەم، خىيال چۇلغىۋالغان بولسىمۇ، مۇڭلۇق كۆزلىرىدە زىنداندىن ئازاد بولغان مەھبۇسنىڭكىدەك تەلپۈنۈش ئەكس ئېتەتتى، سۇزۇلۇپ ئاقىرىپ قالغان چىرايىدا ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان كۈچ، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇنى ئۆلۈمگە قەدەم باستۇرغان جۇرئەت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. نۇرنىسا يوتقانغا ئوبدان ئورىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۆيگە كىرسىلە، — دەپ ئابدۇلئەزىزنى چاقىردى. «بۇ ئاۋازنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ، — ئويلاپ ئۆيگە كىرگەن ئابدۇلئەزىز نۇرنىساغا قارىدى، — ھە، سۇ ئەكىرگەن

شۇ ئۆيدە ماڭا نان چىلاپ بەرگەنىدى. ئىرى كىرىپ مېنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەن...»

نۇرنىسا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغان ئابدۇلئەزىزنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە قارىدى.

— مېنى تونۇدىلىمۇ؟

— ئەمدى تونۇدۇم، خېنىم، سىلى ماڭا نان چىلاپ بېرىپ ئەرلىرىدىن ئازار يېگەنىدىلە.

— مەن ئۇ كۈنىلا ئەمەس، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئېرىمدىن ئازار يەپ كەلگەن بىر بەختسىزمەن ...

نۇرنىسا ئۆزىنىڭ ئېرى ئالدىدا گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، خورلۇق، ئاھانەتكە چىدىيالماي، ئۆلۈپلا تۇگىشەي دەپ ئىككى نارەسىدە بالىسىنى خۇداغا ئامانەت قىلىپ ئۆيدىن مىڭ تەستە چىققانلىقىنى ۋە باشقا دەرد ـ ھالىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇلئەزىزگە سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ دېدى:

— ھايات قالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، تېخى يەيدىغان رىزقىم تۈگىمىگەنىكەن، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن سىلى مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلىگە رەھمەت ئېيتالمايمەن، مېنى ئېرىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسىلا.

ئابدۇلئەزىز ئېرىدىن بىزار بولۇپ ئۆزىنى كۆلگە تاشلىغان بەختسىز ئايالنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئويلىنىپ قالدى ۋە يەرنى جىجىلاپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— خېنىم، بۇ سۆزنى راست دەۋاتامىلا، بىلەلمىدىم، — ئابدۇلئەزىز شۇ ئەسنادا غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ بۇرۇت ـ ساقاللىرى دىردىيىپ كەتكەن سالاھىدىنىنىڭ بەرچەس گەۋدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. گويا ئۇنىڭغا سالاھىدىن تەڭلەپ كەلگەن پىچاق پارىلداپ كۆرۈنگەندەك بولۇپ چۆچۈپ

كەتتى، — سىلىنى ئەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، خۇدايىم قۇتقۇزۇپ قالغان جانلىرىغا زامىن بولغۇم كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ چىن كۆڭلىدىن.

— راست دېدىلە، — دېدى نۇرنىسا، — مۇشۇ ھالىم بىلەن بارسام ئۇ كىشى مېنى تىرىك قويمايدۇ، مەنمۇ قايتىپ بېرىشنى ئەسلا خالىمايمەن، مېنىڭغۇ قۇتۇلدۇرۇشنى ئاللا سىلىگە نېسىپ قىلدى، سىلى قانداق قىلماقچى؟

بۇ سوئال ئابدۇلئەزىزنىڭ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى. ياخشى كۆرگەن خوتۇنى ئۆزىدىن چانغاندا ئۆيىگە ئوت قويۇپ بېرىش ئۇنىڭغا تەس تۇيۇلمىغانىدى. نۇرنىسانىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ناھايىتى قىيىن تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئايال زاتىدىن بىزار بولغاچقا، بۈگۈن كەچ نۇرنىساغا «باشلىرىنى ئېلىپ نەنى خالىسىلا شۇ يەرگە بارسىلا» دەپ يولغا سېلىپ قويماقچىدى، ئەمما نۇرنىسانىڭ سەممىمىي سۆزلىرى، ھەرقانداق كىشىنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان گۈزەل چىرايى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن كۆڭلىدە ھېسداشلىق پەيدا قىلدى. نۇرنىسا بۇنى بىلىپ يەتتى. ئۇ رۇسلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەپ، ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئابدۇلئەزىزگە تەلپۈنۈپ قارىدى. رومىلى كۆلدە قالغاچقا، بېشىغا ئارتىدىغان نەرسە يوق يالاڭباش ئىدى. ئۇ مۇشۇ دەم چۆچەكلەردىكى گۈزەل پەرىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئابدۇلئەزىز خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ بىر ياققا چىقالماي باش سېلىپ ئولتۇرغاندا نۇرنىسا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىلى قەيەرلىك بولىلا؟

— خوتەنلىك.

— خوتەنلىك؟

— ھەئە.

— ئۆي - ئوچاقلىق بولغانمىدىلە؟
— بولغان، — دېدى ئابدۇلئەزىز.
— نېمىشقا يۇرتلىرىنى تاشلاپ بۇياققا كېلىپ قالدىلا؟
— تەقدىر.
— ھە، — دېدى نۇرنىسا ئۇنىڭ مۇڭلۇق چىقىرىپ، سورىغان سوئالىغا بىر ئېغىز دىن جاۋاب بېرىۋاتقان ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىچىدە بىر دەردى بار ئىكەنلىكىنى سېزىپ.
— قانداق تەقدىر بىلەن؟ — يەنە سورىدى نۇرنىسا ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى بىلمەك بولۇپ.
ئابدۇلئەزىز ھېچبىر تارتىنماي بىر تۇغقىنى ياكى يېقىن تونۇشى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك، سوئال سوراۋاتقان نۇرنىساغا بېشىنى كۆتۈرۈپ سىنچىلاپ قارىدى. ئايدەك يۈزىگە سەل - پەل قىزىللىق يۈگۈرگەن نۇرنىسا بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى. بۇ ئايال ئۇنى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى.
— خېنىم، بۇنى سورىمىسىلا، — ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىك بىلەن يۇمۇلدى.
— نېمىشقا؟ ئېيتقىلى بولمىغۇدەك بىر ئىش يوقتۇ؟ — ئەجەبلەندى نۇرنىسا ئورغاقتەك قاشلىرىنى يىمىرىپ، — باشلىرىدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ بەرسىلە، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ، ئىچلىرى بوشاپ ئۆزلىرى يېنىكلەپ قالىلا.
— سىلىگە دېسەم، — دېدى ئابدۇلئەزىز ئىچىدىكى گەپنى چىقارغۇسى كەلمىگەندەك ئۇھ تارتىپ، — ۋاپاسىز ئايالنىڭ كاساپىتىدىن سورۇلۇپ، سەرگەردان بولۇپ قالغان ئادەممەن.
نۇرنىسا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن ئېغىر دەرد تارتقانلىقى سولغۇن چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ئەپكەشكە مۇلايىم نەزەر تاشلىدى. ئابدۇلئەزىز كىرلىشىپ قالغان شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلىدى، چەكمەن تونىنىڭ ئارقا

پېشى يىرتىلىپ كەتكەنىدى. ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن ماتا كۆڭلىكىمۇ قارىداپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېيتايمۇ، ئېيتمايمۇ، قانداق قىلاي دېگەن بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئىشىكتىن بىر تاغىل مۇشۇك مىياڭلاپ كىرىپ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىدا ياتتى. ئابدۇلئەزىز مۇشۇكنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىدى. بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى، بۇ مۇشۇكنى بېقىۋېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانىدى.

— دېسلە، ئايالدىن بىزار بولغان چاغلىرىدا خۇدايىم سىلىگە مېنى ئۇچراشتۇرۇپتۇ، — دېدى نۇرنىسا.

«توۋا، ئاجايىپ ئايالكىنە بۇ، — ئويلىدى ئابدۇلئەزىز، — بىر بولسا بۇ تازا يامان خوتۇن. بىر بولسا ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ياخشى خوتۇن، شەيتىنى يامان بولسا مەغپىرەتتەك ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن ئۆيدە قالىدۇ ياكى بولمىسا ئۆزىگە ھارام ئۆلۈمنى راۋا كۆرىدۇ. بېشىمدىن ئۆتكەننى ئاڭلاپ باقسۇن، قالغىنىغا خۇدايىم بار.»

ئابدۇلئەزىز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشىنى ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى. نۇرنىسا قارا قاشلىرى تۈتىشاي دەپ قالغان قوشۇمىسىنى سەلگىنە تۈرگەن ھالدا دىققەت بىلەن تىڭشىدى. ئۆمەر باينىڭ دائىم ئابدۇلئەزىزنى چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يوقىلىپ كېتىپ كېيىن پەيدا بولغىنىنى نۇرنىسا ئاڭلىسا، مەغپىرەتنىڭ بىردىنلا جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، ئېرىنىڭ سورۇقچىلىق تارتىشىغا سەۋەبكار بولغىنىنى ئۆمەر بايدىن كۆرەتتى. شۇڭا، ئابدۇلئەزىز بۇ ئويىنى يۈرىكى زېدە بولغان ئادەمگە ئېيتىپ يارىسىغا تۇز سېپىشنى لايىق كۆرمىدى.

— خېنىم، شۇنداق قىلىپ يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، ئەزىزانە قەشقەرگە كېلىپ قالدىم، ئەھۋالىم مانا مۇشۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەنىدى، نۇرنىسانىڭ كۆزىگىمۇ ياش كەلدى. ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالاي

دەپمۇ، تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ بۇ مۇساپىرنىڭ چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتتىنى، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى، رەھىمسىز ئاتىنىڭ يېنىدا قالغان سەبىي بالىلىرىنى ئويلاپ يىغلاپ كەتتى. ئابدۇلئەزىز يىغلاۋاتقان نۇرنىساغا ئىچى ئاغرىپ ئىككىلەنمەي ھېسداشلىق قىلىپ دېدى:

— يىغلىمىسىلا، خېنىم، مېنىڭ دەردىمدىن سىلىنىڭ دەردلىرى ئېغىر، قانداق گەپ ـ سۆزلىرى بولسا ئېيتسىلا، قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمەتلىرىدە بولاي.

نۇرنىسا يىغلاپ تۇرۇپ:

— مېنى باللىرىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان باغرى تاش، قارا كۆڭۈل خوتۇن ئىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسىلا، — دېدى ئۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتكەن ئابدۇلئەزىزگە قاراپ، — ئېرىمنى ئەتە ئۆلتۈرۈپ قالار، ئۆگۈن ئۆلتۈرۈپ قالار دەپ بىر باللىق بولدۇم، بىر باللامغا تارتىشىپ ئىككى باللىق بولدۇم، ئۆلتۈرۈلمىدى. مېنىڭ ياخشى نىيىتىمنى چۈشەنمەي گۇمانلاندى. مېنى قارا ساناپ خورلىدى، دىلىمغا ئازار بەردى، سىقىلىپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىغاندا، باللىرىمنى خۇداغا تاپشۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدىم، خۇدايىم ئۆلۈمنى ماڭا نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ. سىلىگە ئۇچراپتىمەن.

ئابدۇلئەزىز مۇشۇكنى سىلاشتىن توختاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە نۇرنىساغا ئىنتىلىپ قارىدى.

— خېنىم، ئەگەر ئەرلىك ۋىجدانىم بولمىغان بولسا سىلىنى كۆلدىن سۈزۈۋېلىپ بۇ غېرىبانە كۆلبەمگە ئەكەلمىگەن بولاتتىم، ھەر ئىككىلىمىز ھاياتنىڭ بەختسىز قىسمەتلىرىگە يولۇققان بىچارىلەر ئىكەنمىز. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە مەن سىلىنى خوتەنگە ئەكېتەي، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرەرمىز.

نۇرنىسا بۇ ئەپكەشنىڭ مۇنچىۋالا ھاياجان ئىچىدە قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغانىدى. بۇ ھەقىقەتەن

مەردانە ئەرنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى.

— خوتەنگە مېڭىشتىن بۇرۇن مېنى ئەمرىلىرىگە ئالمىسىلا بولمايدۇ.

نۇرنىسا يېنىغا كەلگەن مۇشۇكنى سىلاپ تۇرۇپ ئابدۇلئەزىزگە سەمىمىي هالدا سىناش نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ قارا، ئۇياتچان كۆزلىرى ئابدۇلئەزىزنىڭ جىددىي قارىشىغا چىداشلىق بېرەلمەي قالدى.

— ئۆزلىرى تېگىمەن دېسىلە ئەلۋەتتە ئالمامدىغان. سىلىنى ئەمرىمگە ئالىمەن، خېنىم، ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ باققان!

نۇرنىساغا ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ سۆزىمۇ ياردى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ مۇشۇكتىن كۆزىنى ئالماي، — قەشقەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالساق كاشىلىغا ئۇچرايمىز. يولنىڭ تەييارلىقىنى قىلسىلا، نىكاھىمىز بولغۇچە كۆڭۈللىرىگە باشقا خىيالنى كەلتۈرمىگەيلا.

— خېنىم، خاتىرجەم بولسىلا، بۈگۈن كېچە هېيتگاهتا قونۇپ كېلىمەن، — دېدى ئابدۇلئەزىز ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.



## ئون ئىككىنچى باب

# خورلانغان ئەر

ئىككى ئايال تۆشۈكدەرۋازىسى كۆۋرۈكى ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىرسى ئاق پەرىجە ئارتىپ يۈزىنى قارا چۈمبەل بىلەن ياپقانىدى. بىرسى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك غىجىم رومال ئارتىۋالغان بولۇپ، قولىدا داستىخانغا يۆگەلگەن لېگەن بار ئىدى.

پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەن سېلىنغان بۇ كۆۋرۈك قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كۆۋرۈك ياغاچلىرىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان تۈمەن دەرياسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن شەرقىي جەنۇبىغىچە يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ تاللىرى دەريادىن كۆتۈرۈلگەن يېنىك سەلكىندە تىنماي يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

— بالام، گۈلسۈم خېنىم، بىردەم توختىۋالايلى، — ياشانغان ئايال ھاسىراپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ھاۋا رەڭ سىرلانغان ۋادەككە يۆلەندى، — ئادەم قېرىغاندا بىر چامدام مېڭىشمۇ ئېغىر كېلىدىكەن.

— خان ئاچا، ھېرىپ قالغان بولسىلا مەپە كىرا قىلايلىمىكىن؟ — دېدى گۈلسۈم قېيىنئانىسى پاتەمخانغا. ئۇمۇ ۋادەككە يېنىچە يۆلىنىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان تۈمەن

دەرياسىغا قارىدى. ئۇپۇقتىن يېڭىلا باش كۆتۈرگەن كۈننىڭ شولىسى دەريا سۈيىنى ھال رەڭ تۈسكە كىرگۈزگەنىدى.

— ماڭىلى بالام، ئەمدى ئاز قالدۇق، مەپكەشكە بەرگەن پۇلغا سۈپۈرگە ئالغاچ كىرىپ كېتىلى. ئۆيدىكى سۈپۈرگىنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كېتىپتۇ، — پاتەمخان شۇنداق دەپ كۆۋرۈكتىن ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغان كىشىلەرگە كۆز سېلىپ قەدەم يۆتكىدى. گۈلسۈم ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماڭدى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا ئوڭ تەرەپتىكى توپىلىق يولغا بۇرۇلۇشتى. ئىككى يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىنلا بەكلا ھاسىراپ قالغان پاتەمخان توختاپ دەريا ئۈستىگە ئېگىلگەن بىر دوڭغاق سۆگەتكە يۆلەندى.

— ئۈن - تىنسىز يوقىلىپ كەتكەن نۇرنىسا خېنىم ئاچىلىرىنى دېمىسەم ئۆيدىن بىر قەدەممۇ سىلجىماي تەكىيىگە باش قويۇپ ياتاتتىم، بالام، بۇ يېشىمدا بىر يەرگە بارغۇچىلىكىم قالماپتۇ. خۇدا ئەجرىمىزنى زايە قىلماي تەلپىمىزگە يەتكۈزەر، — دېدى پاتەمخان ھاسىراپ تىنىپ.

گۈلسۈم بىر قولىدا لېگەننى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا قېيىنئانىسىنى يۆلەپ ماڭدى.

— بىز كۆرۈشىدىغان ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ بېغى ئاشۇ، — قولى بىلەن چۆمبىلىنى قايرىپ گۈلسۈمگە كۆرسەتتى پاتەمخان. گۈلسۈم قېيىنئانىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە ئالدى ۋادەكلىك، پېشايۋان - سالاسۇنلۇق كۆركەم بىر باغ كۆرۈندى.

— ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى قېيىنئانىسى، — ئابدۇقادىر قازىكالان ئاخۇنۇم دېگەن كاتتا زاتنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ. غوجا ئەۋلادى، بالام، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدىن ئامبال، دارىنمۇ، قازى، خاتىپ، دامولىلىمۇ، بەگ، سەللات، چوڭ بايلارمۇ توغرا ئۆتەلمەيدىكەن. ئۇ زات خۇشى تۇتسا كىشىلەرگە سايىۋەن بولىدىكەن، خۇشى تۇتمىسا زۇلۇم

قىلىدىكەن. ناھەق ئىشنى ھەقىقەتكە چىقىرالايدىكەن، ئۇ شۇنداق قورقماس ئادەم ئىكەن. دادام بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان چاقىرغاندا ئۇ كىشىنى كۆرگەنىدىم، ئۇ چاغدا چىناردەك ئېگىز قامىتى ماڭا بەكمۇ سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ۋاي بالام، بۇنىڭغا ئۇزاق زامانلار بولدى، ئەمدى ياشىنىپ قالغاندۇ، ھەرقاچان. نۇرنىسا خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى بۇ كىشى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بىر يەردىن دېرىكى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — پاتەمخان سۆزىدىن توختاپ بېلىنى رۇسلىۋالدى. ئۇلار باغقا يېقىنلاپ قالغانىدى.

— خۇدايىم شۇنداق بولار، — دەپ ئۈمىدلەندى ئۆي - خىيالى سىڭلىسىغا كەتكەن گۈلسۇممۇ.

— گۈلسۇم، خېنىم بالام، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئۈن چىقىرىپ يىغلاپ تاشلىمىسىلا، گەپ - سۆزمۇ قىلمىسىلا، چوڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا ياش چوكاننىڭ ئېغىز ئېچىشى ئەدەپتىن ئەمەس، رومالىلىرىدىن چاچلىرىنىڭ ئۇچىمۇ كۆرۈنۈپ قالمىسۇن.

— ماقۇل، — گۈلسۇم ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى.

تۈنۈگۈن كەچتە گۈلسۇمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مۇھتەبەر دوستى نۇرنىسادىن يەنە دېرەك بولمىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «قېيىنئانام مۇھەممەتخان ئۇستامنى ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ئوبدان بىلىدۇ. شۇ زاتنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ باقسا بولارمىكىن دەۋاتىدۇ، پاتەمخان ئاچام ياكى ھاشىم ئاخۇن ئاكام ئىككىسىنىڭ بىرسى شۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ باقسا، يۇرتنىڭ ئاتىسى بولغاندىكىن نۇرنىسا خېنىمنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ بېرەرمىكىن دېگەن ئويدا كەلدىم، ھەربىرلىرى نېمە دېيىشىلا» دېگەندە، گۈلسۇمنىڭ قېيىنئانا - قېيىنئاتىسى بۇ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشتى، ھاشىم ئاخۇن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا،

«ئانىسى سىلى چىقىپ كىرىڭلا» دەپ كۆز يېشى قىلدى. گۈلسۇم بىلەن پاتەمخان شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن پىشۇرۇپ قويغان بىر لېگەن سامسىنى ئېلىپ يولغا چىقىشقانىدى.

ئۇلار يەنە ئەللىك قەدەمچە مېڭىپ، سول تەرەپتىكى تار يولغا بۇرۇلۇشتى. يولنىڭ بىر تەرىپى ئېتىزلىق، بىر تەرىپى ئەنجان تام بىلەن تۇتىشاتتى، ئەنجان تام ئىچىگە ئېلىنغان چوڭ قورۇق ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ بېغى ئىدى. بۇ باغ ئىچىدە مارال، كېيىك، ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارمۇ بېقىلاتتى.

— ئۇھ، ئەجەبمۇ هاردىم، — دېدى پاتەمخان شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە. دەرۋازا ئالدىدا قوش ئاتلىق پوچتىدىن ئىككىسى توختىتىپ قويۇلغانىدى. بىر جىپ ماشىنا ئىچىدە كۆزلىرى كۆپكۆك، چاچ - ساقال، يۈزلىرى ئوخشاشلا سېرىق بىر شوپۇر ئولتۇراتتى. تاپانچا ئېسىۋالغان ئىككى ئەسكەر (ئېھتىمال مۇھاپىزەتچى بولسا كېرەك) ئېرىق بويىدا تاماكا چېكىشىپ تۇراتتى.

بىرنەچچە ئادەم دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىغا توغرىلاپ ئۇزۇنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. پاتەمخان كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ دەرۋازىدىن قانداق كىرىشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن يولنىڭ ئېتىز تەرىپى بىلەن مېڭىپ قىيپاش دۆڭگە چىقىپ سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ دالدىسىدىكى بۇلاق بويىدا توختاپ «ئۇھ» دەپ ئولتۇردى. گۈلسۈم قولىدىكى لېگەننى قۇچىقىغا قويۇپ قولىنى بۇلاق سۈيىگە تىقتى. مۇزدەك سۇ ئۇنىڭغا خۇشياقتى.

— قارىغاندا، مېھمان بار ئوخشايدۇ، بالام، بۇ مەخدۇمنىڭ ئۆيىدىن كېچە - كۈندۈز مېھمان ئۈزۈلمەيدۇ. دوتەي، ئامباللارمۇ، چەت ئەلنىڭ ئەلچىلىرىمۇ، باي، بەگ، موللىلارمۇ،

ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ سالامغا چىقىپ تۇردۇ. خۇدايىم كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسا بولاتتى، ئۇھ!

— كۆرۈشكىلى بولار، خان ئاچا، — دەپ ئۈمىدلەندۈردى گۈلسۈم، — ئاتايىتەن چىققاندىكىن كۆرۈشمەي كىرىپ كەتمەيلى.

گۈلسۈم مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، قەلەم قاشلىرىنى قولى بىلەن بېسىپ تۈزەپ، مەڭزىگە چۈشۈپ تۇرغان بىرنەچچە تال چېچىنى ئالتۇن سۆكىسىنىڭ ياقۇتلىرى جۇلالاپ تۇرغان قۇلىقىنىڭ كەينىگە ئېلىپ قويدى.

بۇ قىيا دۆڭ ئۈستىدە بىرنەچچە باغ بار ئىدى. باغلار ئىچىدىكى ئازادە، چوڭ باغ ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ بېغى ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىكتىن غورا قاپاق، ياغاق يۈز، قارا پەرىجە كىيىپ كۆزئەينەك تاقىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى چىقىپ، بىر پوچتىغا ئولتۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن قازاندەك سەللە ئورىغان ئىككى موللام چىقىپ، باغلاقلىق ئاتلىرىنى يېشىپ مىنىپ جونۇدى. بىردەم ئۆتتۈۋىدى، بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا سارجا پەلتو كىيگەن ئېگىز، ئاق سېرىق بىر ئادەم چىقتى، ئۇنىڭ يېنىدا پاكارراق يەنە بىر ئادەممۇ بار ئىدى. ئۇلار جىپقا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلاردىن كېيىن بىرنەچچە كىشى چىقىپ پىيادە ئۇزاشتى، ئاخىرىدا سارغۇچ كۆك سارجىدىن تىكىلگەن ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، مۇرىلىرىدە پاگونى بار بىر كىشى ئاچچىقلىنىپ چىقىپ پوچتىغا ئولتۇرۇشىغا، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئىككى ئەسكەر پوچتىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىپ ئۆرە تۇردى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدىكى ئادەملەر سىيلىكتى.

— بالام، قويسىلا، ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندەك قىلىدۇ، — دېدى پاتەمخان گۈلسۈمنىڭ مۈرىسىگە قولىنى

قويۇپ. گۈلسۈم ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە باياتىن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كۆتمەك بۇرۇت ئادەم قاراپ قويۇپ زوۋان سۈرمىدى. پاتەمخان گۈلسۈمنىڭ ياردىمى بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، پاكىز سۈپۈرۈلگەن قورۇغا كىردى. قورۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە باغنىڭ كۆنگۈرىلىك ئەگمە ئىشىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باغ ئىشىكىدىن قورۇ ئىشكىگىچە قاتار سېلىنغان ماشىنا، پوچتا، هارۋا قويىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى. سول قول تەرەپتە باغ هويلىسىغا چىقىدىغان كۆپ پايلىق خىش پەلەمپەي بار ئىدى. پاتەمخان كېلىنىگە ئېسىلىپ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا ئاستا ـ ئاستا سىلجىدى. هەر قېتىم ئوڭ قولى بىلەن تىزىنى تۇتۇپ «يائەلى» دەپ قەدەم باساتتى. ئون ـ ئون بەش باسقۇچ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشىكى جىگەر رەڭ سىردا سىرلانغان مېھمانخانىدەك بىر ئۆينىڭ ئالدىغا چىقتى. ئېھتىمال بۇ خىزمەتچىلەرنىڭ يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيى بولسا كېرەك، بۇ يەردە «ئۇھ» دەپ ئىككى مىنۇت ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، پەلەمپەي بىلەن داۋاملىق يۇقىرى چىقىشقا باشلىدى. پاتەمخانغا بۇ پەلەمپەيلەر سانسىزدەك بىلىنىپ كەتتى. ئاخىر پەلەمپەينىڭ سولغا قايرىلىدىغان يېرىدىكى مەنزەر ئۆيگە ئوخشىتىپ سېلىنغان بىر ئېغىزلىق چىرايلىق مېھمانخانىغا كۆزى چۈشتى. بۇ مېھمانخانىنىڭ ئاستى دەھلىزگە ئوخشايتتى. تامنى چۆرىدىگەن هالدا خىش بىلەن قوپۇرۇپ، ئۈستىگە سىپتا بىر رەندىلەنگەن شال ياتقۇزۇلغان سۇپىدا هەرقانداق كىشىنىڭ بىردەم ئولتۇرغۇسى كېلەتتى. هېرىپ قالغان پاتەمخان سۇپىدا ئولتۇرغان قاپاقلىرى تۈرۈك چوقۇر ئادەمگە بىر قارىۋېلىپ ئولتۇردى. گۈلسۈم داستىخانغا يۆگەلگەن لېگەننى قويدى. مۇشۇ مەنزەر ئاستىدىن ئۆتكەندىلا تاللىرى بېدىشقا ئېلىنغان گۈلزارلىق باغ هويلىسىغا كىرەتتى.

پاتەمخان دەھلىزدىن تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەي ئارقىلىق

باغ ھويلىسىغا چىققاندا ھەر خىل ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى دىمىقىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. بۇ ھويلىنىڭ پۈتۈن قەشقەر شەھىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان غەربىي چېتىگە باشتىن - ئاخىر سىرلانغان ۋادەك ئورنىتىلغان بولۇپ، ۋادەك ئۈستىگە بېدىشقا ئېلىنغان ئۈزۈم تېلى سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇلار ۋادەكنى ياقىلاپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئوڭ قول تەرەپتىكى سالاسۇنلۇق لەمپىسى بار ئازادە ئۆيگە كۆزلىرى چۈشۈپ توختاپ قېلىشتى. ئۇلار قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئەگمە كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلغان ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن سېمىز، دوغىلاققىنا بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ يېقىنلاپ كەلدى.

— مۇنداق مېڭىپ ئىچكىرى ھويلىغا كىرىپ كېتىڭسىلە، — دەپ قولىنى ئۇدۇلغا شىلتىدى. ئۇلار پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەن بېدىش ئاستىدىن چىقىپ گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكىرى ھويلىغا كىردى. بۇ شەھەر ھويلىلىرىغا ئوخشايتتى. يېشىل، قىزىل، جىگەر رەڭ سىرلانغان پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى ھويلىغا ناھايىتى ھۆسن قوشقانىدى. ھويلىنىڭ شىمالىغا قاتار سېلىنغان مېھمانخانا، ئايۋان، ساراي ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى كۈن نۇرىدا يالتىراپ كەتكەنىدى. ھويلىنىڭ جەنۇبىغا توغرا تام ئېتىلگەن بولۇپ، تامنىڭ كەينى باغ ئىدى.

يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشاڭغۇ، بېشىغا ئاق رومال سالغان بىر ئايال ئۇدۇلدىكى بىر ئۆيدىن چىقىپ پاتەمخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى - دە، گۈلسۈمنىڭ قولىدىكى لېگەننى ئېلىپ تىنچلىق سورىدى.

— ئۆيگە كىرىشسىلە.

ئۇ ئايال بۇلارنى ئايۋان ئارقىلىق ئىككى تېمىغا قەدىمىي ئىران زىلچىسى تارتىلغان مېھمانخانىغا باشلىدى. ئۆينىڭ تۆت

تېمىنى چۆرىدىگەن ناۋاسىغا نەقىش چېكىلىپ، ھەر خىل مەنزىرىلەر چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئوچاق مورىسى بىلەن توق قىزىل دۇخاۋىدىن چۇچىلىق پەردە تارتىلغان مەرىپى قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق نەقىشلەنگەنىدى. ئەينەكلىك تام جاۋىنى بولسا كىشىنىڭ كۆزىنى چاقاتتى.

— بۇيان چىقىشىپلا، — دېدى باشلاپ كىرگەن ئايال پاتەمخان ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ بولۇشىغا.

— مەخدۇم ئاتىمىزغا ئېيتىدىغان ئەرزىمىز بار ئىدى، — جاۋاب بەردى پاتەمخان، ئاندىن گۈلسۈمنى كۆرسىتىپ دېدى، — بۇ خېنىم مەرھۇم مۇھەممەتخان ئۇستامنىڭ قىزى، مېنىڭ كېلىنىم بولىدۇ، مۇھەممەتخان ئۇستامنى مەخدۇم بىلىدۇ، خەۋەر قىلىپ قويسىلا بوپتىكەن.

— چوڭ خېنىمغا ئېيتاي.

ئۇ ئايال چىقىپ كېتىپ بىرپەستىن كېيىن قاشلىرى قۇندۇزدەك قارا، ناۋات رەڭ ئەنگىلىشىم كۆڭلەك ئۈستىگە پاختەك تۈكى رەڭلىك سارجىدىن كاستۇم كىيگەن ئوتتۇرا بويلۇق، سېمىزمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس، ئاق يۈزلۈك بىر جۇۋان كىردى. ئۇنىڭ كەينىدە سوزۇنچاق كەلگەن يۈزى ئاق ياقۇتتەك سۈزۈك، گۈللۈك گىرىپتىشىن كۆڭلەك ئۈستىگە قىزىل دۇخاۋا جىلىتكە كىيگەن زىلۋا بىر قىزمۇ بار ئىدى. جىلىتكە رەسىدە بولۇپ قالغان بۇ قىزنىڭ بەللىرىنى سىقىپ بىر تۇتاملا قىلىپ قويغانىدى. بارماقلىرىدا قوش - قوشتىن ئۈزۈك ۋالىلداپ تۇراتتى.

پاتەمخان بىلەن گۈلسۈم ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ، ئۇلار بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى ۋە قايتىدىن دۇئا قىلىشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ مەخدۇمغا نېمە ئەرزلىرى بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى چوڭ خېنىم.

— خېنىم، مەن گەپنى ئوڭلاپ قىلالمايمەن، ماۋۇ قىزىم سۆزلەپ بەرسۇن، — دېدى پاتەمخان ئاستا ئاۋاز بىلەن.

مەغرۇرلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئۇيىتىپ ئولتۇرغان قىزغا قاراپلا قالغان گۇلسۇم قېيىنئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ جىلىتكىلىك قىزدىن كۆزىنى ئېلىپ چوڭ خېنىمغا قارىدى. چوڭ خېنىم نازاكەت بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۇستىدە جۇپلەپ ئولتۇراتتى. گۇلسۇم سىڭلىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىك ئەھۋالىنى يىغلامسىراپ سۆزلەپ بەردى.

— بىر ئاي بولدى، دېرىكى بولمايۋاتىدۇ، ئېرى بىلمىسە كىم بىلىدۇ؟ شۇڭا مۇشۇ ئەرز ـ ھالىمىزنى مەخدۇم ئاتىمىزغا ئېيتىشقا چىققانىدۇق، — دېدى پاتەمخان گەپنىڭ ئايىغىنى چۇشۇرۇپ.

— ئاجايىپ ئىش ئىكەن ـ ھە، ئانا، — دېدى ھەيران قالغان جىلىتكىلىك قىز يادەك قاشلىرىنى سەل كۆتۇرۇپ، — بىز كۆلگە چۇشۇپ قالغان غىجىم رومال توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدۇق. بۇنداق دېرەكسىز غايىب بولغان چوكاننىڭ ئىشىنى ئاڭلىمىغانىدۇق.

چوڭ خېنىم قىزىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

— توۋا دەيدىغان غەلىتە ئىشقۇ بۇ، ئىزدەپ كۆرۇشلىمۇ؟ — دەپ سورىدى چوڭ خېنىم. شۇ ئارىدا ئاق روماللىق بىر ئايال داستىخان، مەزە ئەكىردى.

— ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى، شەھەر ئىچىنى نەچچە قېتىم ئاختۇرۇپ چىقتۇق، ھېچ يەردە يوق. رەمچىگە رەم باقتۇرساق «بىر يەردە بار» دېدى. قەيەردىلىكىنى دەپ بېرەلمىدى. ۋاي ئاغىچا خېنىم، بۇ توۋا دەيدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ قىزىم سىڭلىسىنىڭ دەردىدە پۇچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. مەخدۇم پۇتۇن قەشقەرلىكنىڭ ئاتىسى. ھەممە ئىش ئەلۋەتتە مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ قالغاچ ئۆزى چىقالمىدى.

گۇلسۇم قېيىنئانىسى سۆزلەۋاتقاندا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي

يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە مۇڭلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ئولتۇرغان چوڭ خېنىم ئىچ ئاغرىتقان هالدا:

— بالام، سىلى چىقىپ دادىلىرىغا دەپ باقسىلا، بۇ ئەھۋالنى ئۆزى بىر ئاڭلاپ باقسۇن، — دېدى چىرايى ئۆزىگە بەكمۇ ئوخشايدىغان جىلىتكىلىك قىزغا.

قىز ئەركىلىگەندەك ئانىسىغا بىر قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىن قاس چىقارغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئاق روماللىق ئايال چاي ۋە هالۋا ئەكىردى. سارغىيىپ پىشقان گۇجۇر - گۇجۇر هالۋىنى پاتەمخان خېلى جىق يېدى، گۈلسۈمنىڭ گېلىدىن بولسا هېچ نەرسە ئۆتمىدى.

چوڭ خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ گۈلسۈمنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ قويدى. شۇ چاغدا جىلىتكىلىك قىز كىردى.

— هازىر چىقسۇن دەيدۇ، مېھمانلار ئۆزاپتۇ.

— چاي ئىچىۋالسۇن، بالام، ئاندىن چىقىلى.

— مېھمان كېلىپ قالدۇ، پاتىراق چىققىنىمىز ياخشى، دادام ساقلاپ قالدى.

— چاينى كېيىن ئىچەرمىز، چىقايلى، ئاغىچا خېنىم، مەخدۇمنىڭ ۋاقتى زىچ، ساقلىتىپ قويمايلى، دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — ئۆتۈندى پاتەمخان.

پاتەمخان دۇئادىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرغان گۈلسۈمگە قوللىرىنى ئۇزارتتى، گۈلسۈم قېيىنئانىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. چوڭ خېنىمنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇلار تاشقىرىقى هويلىغا چىقىپ، سول ياندىكى كىچىك ئىشىكتىن جىگەر رەڭ سىرلانغان تاختايلىق دەھلىزگە كىرىشتى. دەھلىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاق سىرلانغان بىر ئىشىك، ئۇدۇل تەرىپىدە شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ئىشىك بار ئىدى.

ئۇلار چوڭ مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىشتى، بۇ مېھمانخانا ناهايىتى ئازادە ئىدى. باغ تەرەپتە ئىككى هويلا، هويلا تەرەپتە

ئىككى قوش راملىق، قاپقاقلىق دېرىزىسى بار ئىدى. كەشتە ئىشلەنگەن كۆك ۋە قىزغۇچ ئۇزۇن ـ قىسقا پەردىلەر ئاق سىرلانغان دېرىزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. پاتەمخان خىلمۇخىل نەقىشلەنگەن جاۋەننىڭ ئالدىدىكى شىرەگە ئېگىشىپ قاتلىما ئورۇندۇقتا سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمغا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— ئەسسالام.

گۇلسۇممۇ بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ تۇردى.

ئۇ كىشى بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرۈپ، قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى پاتەمخانغا تىكتى.

— ۋەئەلەيك، ھە، نېمە ئەرزىڭىز بار ئىدى؟

پاتەمخاننى سۇر بېسىپ، ئاغزىغا گەپ كەلمىدى. ئۇ گۇلسۇمنى سۆزلەتمەكچى بولۇپ قارىغانىدى، غىجىم رومال ئىچىدە ئۆزىدىنمۇ بەكرەك قورۇنۇپ تۇرغان كېلىنىگە كۆز سېلىپ، نېمە بولسۇن ئۆزى سۆزلەشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇ گېپىنى باشلاپ تۇرۇشىغا، بىرسى ئىشىكنى چەكتى.

— مەخدۇم جانابلىرى، ۋالىڭ شەنجاڭ بىلەن ئاۋۇت جۇيجاڭ چىققانىكەن، ساقلاپ تۇرسۇنمۇ؟ — ئىشىك كەينىدە تۇرۇپ سورىدى بىرسى.

— بۇگۇن ۋاقتىم يوق، ئەتە چۈشتىن كېيىن چىقسۇن.

— سۆزلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزەي.

گۇلسۇم ئاق سىرلانغان ئىشىكنىڭ كەينىدىن بىر كىشىنىڭ غىرىس ـ غىرىس قىلىپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىدى.

پاتەمخاننىڭ سۆزى يېرىملاشقاندا يەنە ئىشىك چېكىلدى.

— نېمە گەپ؟ — مەخدۇم ئاچچىقلىنىپ سورىۋىدى، پېشانىسىنىڭ ئۈستىدىكى ياڭاقچىلىق توپۇق سەل كۆتۈرۈلگەندەك قىلدى. ئۇ پاتەمخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى.

— رەجەپ بېگىم ئۆزلىرىگە سالام بەرگىلى كەلگەنىكەن، —

دېدى ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى كىشى مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇستىدىن ئەرز كۆپ، پارىنى ئاز ئېلىپ، يۇرتنى ئادىل سورىسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا رەجەپ بەگ دېھقانلارنى ئاسقان ئۇجمىگە ئۆزى ئېسىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويسۇن. ھازىر قايتسۇن، — دېدى ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم بىردىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىشىككە نەشتەردەك تىكىلدى.

— ماقۇل، جانابلىرى، يەنە ئىنايەت ئەپەندىم چىققانىكەن. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەپ ھويلىدا ساقلاپ ئولتۇرىدۇ.

— ئولتۇرۇپ تۇرسۇن.

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم قارا موۋۇت تونىنىڭ ياقىسىغا تېگىپ تۇرغان چىرايلىق ياسالغان چار ساقىلىنى بىر سىيپاپ قويدى.

— ھە، قېنى سۆزلىسىلە.

گۈلسۇم پاتەمخان سۆزلەۋاتقاندا ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمغا سەپسالدى. ئۇنىڭ بېشىدا قارا سەرپۇچ تۇماق بار ئىدى، كۆل رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم، شىمى ئالدى ئوچۇق تونىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇتلىرىغا پارقىراپ تۇرغان قارا خۇرۇم شىبلىت كىيگەنىدى. سوزۇنچاق ئاقۇچ سۇزۇك يۈزىدە قويۇق قارا قاشلىرى تىكىلىشىپ، چىرايىنى سۇرلۇك قىلىۋەتكەنىدى. گۈلسۇمنى ۋەھىمە باسقاندەك بولۇپ، ئىككى دېرىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى تامغا تارتىلغان قۇش سۈرىتى چۈشۈلگەن گىلەمگە قارىۋالدى. شۇ چاغدا سېرىق ھەل بېرىلگەن، نەقىشلىرى جۇلالاپ تۇرغان مەرەپنىڭ سول تەرىپىگە ئېسىلغان تام سائىتى بىر قېتىم جاڭ ئۇرۇپ، ئون بىر قېتىم «كاككۇك، كاككۇك» دەپ توۋلىدى. بۇ چاغدا پاتەمخانمۇ سۆزىنى تۈگەتتى. ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ قىڭراقتەك قاڭشىرى ئۇستىدىكى قوشۇمىسى ئۈچ ئېرىق بولۇپ تۈرۈلدى.

— يوقىلىپ كەتكەن نۇرنىساخان كىمنىڭ قىزى بولىدۇ؟
— مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭ.
— ۋاپات بولۇپ كەتكەن مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستامنىڭمۇ؟
— شۇنداق، تەخسىر.
— رەھمەتلىك مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام مۇشۇ ئۆيلەرنى ئۆزى ياسىغانىدى. كۆپ نەققاش، تامچى ئۇستىلارنى يېتىشتۈرگەن دۆكار كاسىپ ئىدى، — دېدى ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ئويغا چۆمگەن هالدا.
— هەزرەتلىرى دېگەندەك مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستام قولى گۈل ئادەم ئىدى. رەھمەتلىك مۇشۇ يوقىلىپ كەتكەن قىزى نۇرنىسا خېنىمغا بەك ئامراق ئىدى. توينى كۆرەلمەي كۆزى ئوچۇق كەتتى، — سۆز قىستۇردى پاتەمخان.
— مەن مۇھەممەت ئاخۇن ئۇستىنى ياخشى بىلىمەن. كىشىلەرگە يامانلىقى يوق ئادەم ئىدى، خەيرىيەت، قىزى نۇرنىسانىڭ سالاھىدىن ئاخۇنغا ياتلىق قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپمىغانىدىم. هازىر سالاھىدىن ئاخۇن ئۆزى نېمە دەيدۇ؟
— نېمە دەيتتى، مەخدۇم غوجام، ئۆيدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. مېنى تازا قارا باستى، — دەيدۇ.
— سىلى چىقىپ ساقلاپ تۇرسىلا، — مەخدۇم ئورنىدىن تۇردى. تاغدەك قامەتلىك بۇ ئادەم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئىشىككە قارىدى. پاتەمخان گۈلسۇم بىلەن يېنىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
— ۋارىس بەگ ! — قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلىدى مەخدۇم.
— خوش ! مەخدۇم ئاتا، — دېگەن ئاۋاز ئىشىك كەينىدىن ئاڭلاندى.
— نۇر بەگكە ئېيتقىن، سالاھىدىن دېگەن لامزەللە قەيەردە بولسا، شۇ يەردىن پۈت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كەلسۇن !

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم سەرپۇچ تۈمەقنى بېشىدىن ئېلىپ ئاپپاق داكا سەللىسى ئېسىپ قويۇلغان ئاسقۇچنىڭ يېنىغا ئېسىپ قويدى. نەپىس تىكىلگەن قاردەك ئاق دوپپا ئۇنى باشقىچىلا مۇلايىم كۆرسىتىپ تۇراتتى.

※ ※ ※

بۈگۈن سەيشەنبە، نۇرنىسانىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغىنىغا تۇپتوغرا بىر ئاي توشقان كۈن ئىدى. سالاھىدىن دېرىزىدىن چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن ھويلىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۆي، ھويلىنى ئانچە - مۇنچە سۈپۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، نۇرنىسا بار چاغدىكىدەك ئۇنداق پاكىز كۆرۈنمەيتتى. مۇسىبەت بولغاندەك ئۆيئىچىنى جىمجىتلىق باسقانىدى. ئۇ نۇرنىسا غايىب بولغان شۇ كۈنىلا نىساخاننى ھەيدىۋەتكەنىدى.

سالاھىدىن مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى ھېچ يەرگە بارمىدى، تاشقىرىغا نامار ئوقۇش ئۈچۈنلا چىقاتتى، كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆيدىلا بولاتتى. ھېلى مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇسا، ھېلى ھويلىغا چىقاتتى. ھېلى ئاشخانىغا كىرسە، ھېلى ئامبارغا چۈشەتتى. گاھىدا ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا تىكىلەتتى، بەزىدە قاپقاراڭغۇ قازناق ئىچىدە تۇرۇپ ناھايىتى ھەسرەتلەنگەن ھالدا نۇرنىسانى ئەسلەيتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ خىيالىغا يېقى توي قىلغان چاغلاردىكى شېرىن كۈنلەر كىرىۋېلىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتى.

سالاھىدىن نۇرنىسانى ئەسلىسىلا ئازابلىناتتى. بىر ئايدىن بېرى مانا مۇشۇنداق ئازاب ئىچىدە تۈزۈككىنە ئۇخلىيالمىغان سالاھىدىننىڭ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ مۇشۇ بىر ئاي جەريانىدا ئېغىلغا كۆپ قېتىم كىرىپ ئېتى بىلەن ھەپىلەشتى، ئاق قاشقا تورۇق ئات ئىگىسىنىڭ دەردىنى بىلگەندەك تەسەللى ئورنىدا كىشنەپ - كىشنەپ

قوياتتى ۋە بېشىنى ئېگىپ ئۇنىڭ كۆكسىنى پۇرايتتى. قوللىرىنى يالايتتى، سالاھىدىن ئۇنىڭ دۈمبىلىرىنى سىلايتتى. بەزىدە ئېگەر توقۇمايلا ئۈستىگە يوپۇق تاشلاپ مىنەتتى ـ دە، تومەن دەرياسى بويىغا ئاپىرىپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ تۇرۇپ سۇغىراتتى.

مانا بۈگۈن سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا كۆلدىن ئۆزى سۇ ئېلىپ كىردى. چېلەكتە سۇ ئېلىۋاتقاندا، كۆلدە نۇرنىسا تۇرغاندەك بىلىنىپ يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى، ئۇ شۇئان كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. سۇنى ئېلىپ كېلىۋېتىپ «ھويلىدا نۇرنىسا قاراپ تۇرغان بولسا ...» دەپ ئۈمىدلەندى. «سۆزۈمگە كىرگەن بولسا مېنىمۇ ھەسرەتتە قويمايتتى. ئۆزىمۇ ئۆيدىن يىتمەيتتى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ھەممە گۇناھنى نۇرنىسانىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىغا ئارتىپ، — مېنىڭ شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمىدى، ئولتۇر دېسەم ئولتۇرسا، بىر يەرگە بارما دېسەم بارمىسا بولماسمىدى!؟ نۇرنىسانى ئاشۇ يەپ قاچار دوستلىرى ئازدۇردى. گاچا خوتۇن يولدىن چىقاردى. ئاچىسى بۇزدى ...»

سالاھىدىن ئويلىغانسېرى نۇرنىساغىلا ئەمەس، مۆھتەبەر، گۈلسۈم، ئايتۇرالارغىمۇ ئاچچىقلىناتتى. نۇرنىساغا ئىشەنگەن بولسا، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن گۇمانلانمىغان بولسا، سەممىي كۆڭلىنى چۈشەنگەن، ياخشى نىيىتىنى بىلگەن بولسا، ئۆز سائادىتىدىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىگىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەپ، پېشايۋانغا ئاپتاپ چۈشكەن مەھەلدە بىرسى ئىشىكنى قاققاندەك قىلدى. «ئىلاھىم، نۇرنىسا توغرۇلۇق بىر خەۋەر بولۇپ قالسا» دەپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ نۇرنىسادىن ھەقىقەتەن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىگە ھېچكىشى چىنپۈتمەيتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سالاھىدىن ئاخۇن!

سالاھىدىن بۇ قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ ئىسىگە كەلدى. ئالدىدا شەھەرنىڭ باش بېگى بولغان نۇر بەگ ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇراتتى. بويى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ئېگىز كەلگەن، قارامتۇل، سورلۇك بۇ ئادەمنى كۆرگەن سالاھىدىن سەل چۆچۈدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىلدى ئۇ، — قېنى تەخسىر، ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا.

— خوش، — دېدى نۇر بەگ قامچىنى بەقەسەم تونىنىڭ پېشىگە تەگكۈزۈپ، — چاپانلىرىنى كىيىپ دەرھال چىقسىلا، ۋالىينىڭ يېنىغا چىقىمىز.

— قايسى ۋالىينىڭ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى سالاھىدىن.

— ئابدۇلھىمىتخان مەخدۇمنىڭ.

— ئابدۇلھىمىتخان مەخدۇمنىڭ؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ ئۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنى بىر ئەر قېتىممۇ قىچقارتىپ باقمىغان مەخدۇمنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرتقىنىدىن ئەجەبلىنىپ.

— ھەئە، چاپانلىرىنى كىيىپ ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ چىقسىلا، كىچىكىپ قالساق، مېنىمۇ بالاغا قويىلا.

نۇر بەگ چاپچىپ تۇرغان ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ـ تارتىپ قويىدى.

سالاھىدىن ھەممە ئادەم تەپ تارتىدىغان، ئېتىنى ئاڭلىسا دىر ـ دىر تىترەيدىغان ۋالىي مەخدۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى چاقىرتقانلىقىنى بىلگۈسى كەلسىمۇ سورىمىدى. «تولا سۆزلىمەي ئاتلىرىنى ئاچىقسىلا، نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى كۆرۈشكەن چاغلىرىدا بىلىلا» دەپ يېغىرىمغا تۇز سېپەرمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۆيگە كىرىپ، يالاڭ مەللە تونىنى كىيدى. ئاندىن كېيىن ئېغىلغا كىرىپ تېخى يېمىنى يەپ بولالمىغان ئاتنىڭ بويىندىن توۋرىنى ئېلىۋېتىپ، ئېگەرلەپ ھويلىغا ئاچىقتى. سالاھىدىن ئۆينىڭ ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلاپ، ئاتنى يېتىلەپ تالاغا چىقتى.

— قېنى يۈرسىلە، — دېدى نۇر بەگ ئېتىغا چاققانلىق بىلەن مىنىپ.

※ ※ ※

كىشى چىققانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن كىرگەن خىزمەتچىگە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم دىراپ تونىنى سېلىۋېتىپ، كاستۇمىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋەتكەندىن كېيىن، بېلىنى سىقىپ تۇرغان جىلىتكىسىنىڭمۇ ئالدىنى ئېچىپ قويدى. ئاندىن پەردىنى قايرىۋېتىپ قوش راملىق دېرىزىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. قىلچە كىر قونمىغان چۇچۇنچە كۆڭلىكى دېرىزىدىن ئۇرۇلغان شامالدا سەلگىنە كۆپتى. پارقىراپ تۇرغان پېشانىسىنىڭ ئۈستىدىكى توپۇقتا پەيدا بولغان تەر تامچىلىرى بىردەمدىلا قۇرۇپ كەتتى. دېرىزىنىڭ ئالدىدىن يېنىپ ئىلغۇچتىكى يالتىراپ تۇرغان گۈلدار ھاسىنى قولغا ئالدى ـ دە، نېمىنىدۇر ئويلاپ كۈننىڭ شولىسىدىن جۇلالاپ تۇرغان نەقىشلىك ئىشىكنى ئېچىپ ئايۋانغا چىقتى. ئايۋاننىڭ تاملىرىدىمۇ، سۇپىسىدىمۇ ئوخشاشلا رەڭدار زىلچا چاقناپ تۇراتتى. ئايۋاننىڭ باغ ھويلىسىغا چىقىدىغان ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپكە ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا بىرنەچچە كىشى شۈك ئولتۇرۇشاتتى. بۇلار ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ خىزمىتىدىكى بەگ دەرىجىلىك كىشىلەر ئىدى. ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ئىلمەك ساپلىق ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ چىققاندا، ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ تەزىم قىلىشتى. ئىككى تەرىپىدە قوقان گىلاس، ئامىلە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئېگىلىپ تۇرغان تارغىنا خىشلىق يول بىلەن مېڭىپ ئۈزۈم تالىلىرى سايە تاشلىغان سەيناغا كېلىپ، كۆنگۈرىلىك ۋادەكىنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇشىغا سول قولىنىڭ يان بارمىقىدىكى بىرلىيانت ئۈزۈك كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ كەتتى.

بۇ ۋادىكتىن پەسكە قارىغان كىشىگە خىش پەلەمپەي ناھايىتى كۆركەم، ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇدۇل قارىغان كىشىگە قەشقەر شەھىرىنىڭ مەھەللىلىرىدىن كوزىچى، يار بېشى، دۆڭباغ، بولاقبېشى تەرەپتىكى يارنى قاپلىغان ئۆيلەر قەدىم زاماندىن قالغان خارابىلەردەك كۆرۈنەتتى. تۈمەن دەرياسىنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دىققەت بىلەن قارىغان كىشى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قوش مۇنارىنىمۇ ئىلغا قىلالايتتى. ئەتراپقا بىرقۇر نەزەر تاشلىغان ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم:

— ھىلىخان، — دەپ چاقىردى.

— لەببەي ! — دەپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ئوتتۇرا بويلۇق دىقماقتىنا كەلگەن كوسا كىشى.

— ئىنايەت ئەپەندىم قېنى؟

— ھېلى كىرىپ كەتتى.

— توختاپ تۇرسۇن دېمىگەنمىدىم؟

— بۇنىڭدىن مەن خەۋەرسىز، مەخدۇم غوجام.

— ۋارىس بەگ قېنى؟

— پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— چاقىرىڭ !

ھىلىخان تونىنىڭ پېشىنى سەل كۆتۈرۈپ پەلەمپەيدىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم قىرىمدا تولۇپ تۇرغان سۈپسۈزۈك سۇغا قارىۋىدى، كۆكتىكى قۇياشنىڭ شولىسى كۆرۈندى. ئىككى بېلىجان سۇ يۈزىگە ئۈزۈپ چىقىپ يەنە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇغاندا ئۇششاق كۆپۈكچىلەر پەيدا بولدى.

— مەخدۇم غوجام، خىزمەتلىرى بارمىكىن؟

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا ئېگىلىپ تۇرغان ۋارىس بەگكە قارىدى ۋە ھاسىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئۇچىدىن تۇتۇپ، ھاسىسىنىڭ ئىلمەكلىك سېپى بىلەن قورقۇنچ بېسىپ چار ساقىلى تىترەپ كەتكەن ۋارىس

بەگنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن بويىنىدىن ئىلىپ ئالدىغا تارتتى.
ۋارىس بەگ دۇم چۈشكىلى تاس قالدى. چاڭ قىلىپ ئۈنىڭ مەڭزىگە تەگكەن كاچات ئوتلۇق ئىز قالدۇردى.
— هارامزادە، كاززاپ! ئىنايەت ئەپەندىمنى توختاپ تۇرسۇن دېمىدىممۇ؟!
— توختاپ تۇرسۇن دېگەنتىلە، مەخدۇم.
— نېمىشقا كىرگۈزۈۋەتتىڭ؟
— مەن ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۈتۈپ تۇرغانلارغا مەخدۇم جانابلىرىنىڭ ئىشى بار ئىكەن، كىرىپ كېتىپ باشقا بىر كۈنى چىقىشسىلا، — دېگەنىدىم. هەممەيلەن كىرىپ كېتىشتى. شۇ قاتاردا ئىنايەت ئەپەندىممۇ كىرىپ كېتىپتۇ، بايقىماي قاپتىمەن.
— بۇنىڭدىن كېيىن سەگەك بول، سەگەكلىك هەر كىشىنى بالادىن ساقلايدۇ، كۈتمىگەن سائادەتكە يەتكۈزىدۇ. ئېڭىكىڭدىكى بېدە ئەمەس، ساقال، ئۇقتۇڭمۇ؟ ماڭ، هازىر پوچتىنى ئەكىرىپ ئىنايەت ئەپەندىمنى ئاچىق، قاتتىق گەپ قىلغۇچى بولما!
— ماقۇل، مەخدۇم غوجام.
ۋارىس بەگ ئالدىرىغىنىدىن تىك مولىلاق چۈشۈپ پەلەمپەيدىن دومىلاپ كەتكىلى قىل قالدى.

※ ※ ※

نۇربەگ سالاهىدىننى ئاچىققاندا، ئابدۇلهەمىتخان مەخدۇم ئۆيدە قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇراتتى.
— كىرىڭلار، — دېدى ئىشىكنىڭ ئاستا چېكىلگىنىنى ئاڭلاپ.
هىلىخان ئېگىلگىنىچە كىرىپ كەلدى.
— نۇربەگ سالاهىدىن ئاخۇننى ئاچىقىپتۇ.

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقىلىنى بىر سىيپاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى، نۇربەگ بىلەن سالاھىدىن تەڭلا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى.

— سالاھىدىن دېگەن سەن بولامسەن؟ — سورىدى ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ھاسىسىنى شىلتىپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئادەمنىڭ باغرىنى تىلىپ تاشلايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى سالاھىدىننىڭ خېلىدىن بېرى ساقاللىرى قىرىلمىغان سولغۇن چىرايىغا بىگىزدەك قادالدى.

— شۇنداق، مەخدۇم ئاكا! — دېدى سالاھىدىن ئۆڭكۈپ - تاتىرىپ.

— ئاكا دېمە، ھالىڭغا بېقىپ سوئالىمغا جاۋاب بەر.

— خوش، — دېدى سالاھىدىن مەڭدەپ.

— نۇرنىساخان سېنىڭ خوتۇنۇڭمىدى؟

— شۇنداق، جانابلىرى.

— نۇرنىساخان ھازىر نەدە؟

— بىلمەيمەن، جانابلىرى.

— ئۆز خوتۇنۇڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— بىلمەيمەن، تالاق قىلىۋەتكەنىدىم.

سالاھىدىننىڭ ئۆڭكۈپ قىزارغان چىرايى تاتىرىشقا باشلىدى، ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ يوقىلىپ كەتكەن نۇرنىسانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچ ھودۇقۇپ قالدى.

— قاچان؟ — غەزەپلىنىپ سورىدى مەخدۇم.

— يوقىلىپ كېتىشتىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى.

— نۇرنىساخان ئۆيۈڭدىن كەتمىگەنمىدى؟

— ياق، كەتمىگەندى.

— ئەمرىڭدىن چىققان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن كەتمىدى؟ يا سەن كەتكۈزمىدىڭمۇ؟ بىر - بىرىڭلارغا نامەھرەم تۇرۇقلۇق بىر ئۆيدە قانداق يېتىپ - قوپتۇڭلار؟

— ...
سالاھىدىن جاۋاب بەرمىدى.
— ئىككى نارەسىدە بالىنى ئويلىماي ئېمىدەپ تالاق قىلدىڭ؟

— ...

خوتۇننى ئەيىبلەشكە سالاھىدىننىڭ نومۇسى يول قويمىدى. لېۋىنى چىشلەپ جاۋاب بەرمەي گۈشىيىپ تۇرىۋەردى.

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم جاۋاب ئالالماي ھاسىسى بىلەن سالاھىدىننىڭ دولىسىنى نوقۇدى.

— راستىڭنى دەمسەن؟ جاۋاب بەر.

— راستىمنى دەيمەن.

— نۇرنىساخاننى نېمە قىلدىڭ؟ ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتتىڭمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر ئايدىن بېرى دېرىكى يوق؟

— خۇدا تۇرۇپتۇ، — دېدى سالاھىدىن باغرىغا پىچاق ئۇرۇلغاندەك بوغۇلۇپ، — مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىدىم، سەھەر تۇرسام قۇلۇپلانغان ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ، قەيەرگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن.

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟

— خۇدانىڭ ئۆزىگە راست، مېنى جازالىسىلا، مەن گۇناھكار، ماڭا ئۆلۈم ھەق.

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى سىرنى تارتىپ چىقىرالايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى سالاھىدىننىڭ پەرىشان چىرايىدىن ئالدى.

— ئاشۇ ئۇجمىنىڭ شېخىغا ئېسىپ، ئۆلگۈچە ئەدىپىڭنى بېرەي دېگەنىدىم، خوتۇنۇڭ جاجاڭنى ئوبدان بەرگەندەك قىلدۇ، بولدى، قايت!

خورلانغان سالاھىدىننىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پەلەمپەيگە ئاستا قەدەم قويدى.

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇم ئۆيگە قايتىپ كىرىپ پاتەمخاننى چاقىرتتى.

— سالاھىدىن ئاخۇن نۇرنىساخاننى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق جىنايى ھەرىكەتتە بولمىغان. نۇرنىساخان كىشىگە تۇيدۇرماي ئۆزى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، سىلەر نۇرنىساخاننىڭ قاتىلى دەپ سالاھىدىن ئاخۇننى بىكاردىن ـ بىكار قارىلىماڭلار. قانۇنمۇ، شەرىئەتمۇ ھېچقانداق پاكىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا سالاھىدىن ئاخۇنغا جىنايەت ئارتالمايدۇ، داۋاملىق ئىزدەپ بېقىڭلار، بىر كۇنى ئەمەس بىر كۇنى نۇرنىساخاندىن دېرەك بولۇپ قالار.

ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ بۇ جاۋابى ئۇمىد بىلەن قاراپ تۇرغان گۈلسۇمنىڭ قۇلىقىغا تاش بىلەن ئۇرغاندەك ئىشىتىلدى. «نۇرنىساخان كىشىگە تۇيدۇرماي ئۆزى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ گەپ ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، «ھە، سىڭلىمنى كۇنلەۋەرگەندىكىن، خورلۇققا چىدىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، تىرىكمىدۇ، ئۆلۈكمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. گۈلسۈم قېيىنئانىسىنى يۆلەپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن گۈلسۇمگە ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمىدى.


※ ※ ※

سالاھىدىن ئاتقا بىر قامچا ئۇردى، ئۇزاقتىن بېرى جېنى ئاغرىغۇدەك تاياق يېمىگەن ئات ئىككى پۇتى بىلەن بىر ئۆرىدەپ قەدىناس ئىگىسىنى ئۈستىدىن تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى. ئات شۇ چاپقانچە توختىماي كۆۋرۈككە كەلگەندىلا ئاستىلىدى. «ئەجەب خورلىدىڭ، ئەجەب خورلىدىڭ، — دەپ ئويلىدى سالاھىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، — تالاق قىلمىسام

بوپتىكەن، ئۇچۇقنى ئالدىڭ، ھايات بولساڭمۇ، ئۆلگەن بولساڭمۇ مېنى داغدا قويدۇڭ، كىشىلەر ئالدىدا نومۇسقا ئۆلتۈردۇڭ. نۇرنىسا، مەن سېنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرەتتىم. ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈشنى خالايتتىم، ئىسىت ـ ئىسىت ...»

خىيال سۈرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇغان سالاھىدىن ئېتى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغاندىلا ئۆزىگە كەلدى. ئۇ ئېتىنى يېتىلەپ ھويلىغا ئەكىردى. ھويلىنى جىمجىتلىق باسقانىدى. ئاقىرىپ پىشقان بىر تال بورداق ئۆجمە سالاھىدىننىڭ ئايىغى ئاستىغا چۈشۈپ ئېزىلىپ كەتتى.

سالاھىدىن ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ، كىچىك مېھمانخانىغا كىردى. نۇرنىسا ئىككىلا بالىسىنى ئاشۇ ئالما ئۇرۇقى دۇخاۋا پەردە تارتىلىق مەرەپ ئالدىدا تۇغقانىدى. ھازىر ئۇنىڭ كىيىملىرى سېلىنغان ئورۇس ساندۇقى مەرەپنىڭ ئوڭ يېنىدا پارقىراپ تۇراتتى. كۆلدىن سۇزۇۋېلىنغان ناۋات رەڭ غىجىم رومال ئاسقۇچقا شۇ ئېسىلغان پېتى تۇرنۇەرگەچكە توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى. نۇرنىسا ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپلا چاچلىرىنى تۈزەيدىغان چوڭ ئەينەك تەكچىدە تۇراتتى. سالاھىدىن ئەينەككە قاراپ چېكە چاچلىرى ئاقارغان، ساقاللىرى ئۆسۈك، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، پېشانە تومۇرلىرى كۆپۈپ، ياڭاقلىرى بۆرتۈپ چىققان ھەسرەتلىك چىرايىنى كۆردى. «بىر ئايدىن بېرى شۇنچە ياداپ كېتىپتىمەن، چاچلىرىمنىڭ ئاقىرىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، ھۇ نەس باسقان خوتۇن ...» دېگەن ئوي كۆڭلىگە كەلگەندە بىردىن قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ مۇشت بىلەن ئەينەكنى بىر ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتتى. جاراڭلاپ سۇنغان ئەينەك گىلەم ئۈستىگە چۈشتى. سالاھىدىننىڭ قولىمۇ تىلىنىپ قان ئېقىشقا باشلىدى. قولىنىڭ قان ئاققان يېرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى ئامبارغا چۈشۈپ قوزۇقتا ئېسىلىق ئارقاننى ئاچىقتى. ئاتنىڭ كىشەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئارقاننى ئۆجمىنىڭ ئاچىمىقىغا ئىلىپ قويۇپ، بىر ئىش يادىغا چۈشكەندەك ئۆيگە



كىرىپ جاۋەننى ئاچتى ۋە تونۇگۇن كەچ ئەكىرىپ قويغان بىر شىشە هاراقنى ئالدى ـ دە، ئاغزىنى چىشى بىلەن ئېچىپ بىر كۆتۈرۈپلا يېرىمىنى ئىچىۋەتتى. ھەسرەتلىك سوكۇت باسقان ئۆيگە بىر قېتىم قاراپ چىققاندىن كېيىن قالغان يېرىمىنىمۇ ئىچىپ تۈگىتىپ، شىشىنى دېرىزىدىن ھويلىغا ئاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاچچىق بۇس چىقىپ، ئىچىنى بىر نەرسە كۆيدۈرگەندەك بولدى. ئۇ ئاتىنىڭ كىشىنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆگزىدىكى بېسىپ قويغان بېدىدىن بىر باغنى جادۇدا توغراپ ھەممىسىنى ئوقۇرغا تۆكتى. ئاتىنىڭ بېشىنى، بوينىنى، ئۇچىسىنى سىلاپ، ئاتىنىڭ يۈزىگە يېقىپ «خوش بۇرادەر، ئۇزاق يىللار ھەمراھ بولدۇڭ، دۈشمەنلەر ئالدىدا يەرگە قاراتمىدىڭ، دوستلىرىم ئالدىدا ھۆرمىتىمنى ئاشۇردۇڭ، ئەمدى ماڭا ھاياتلىق ھارام بولدى. نۇرنىسا مېنى تاشلاپ كەتكەندە بۇ يۈزۈمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ قانداقمۇ سېنى مىنىپ مەغرۇر ھالدا ھەزرەت سەيلىسىگە چىقىمەن؟ ماڭا ياشاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، خۇدا سېنى ياخشى بىر ئادەمگە يەتكۈزسۇن، خەير قانىتىم، ھەمراھىم ...» دېدى پىچىرلاپ. ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ياش ئاقماقتا ئىدى.

سالاھىدىن ئېغىلدىن سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇجمە دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، باش ئۇستىگە ساڭگىلاپ تۇرغان ئارقاننى تۇتتى.

ھاۋا بايىتىن ئۆزگىرىشكە باشلاپ، غەربتىن يېيىلىپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار قۇياش يۈزىنى توسۇپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقتى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى قاتتىق قاقتى. ئارقاننى تۇتۇپ ئويلىنىپ قالغان سالاھىدىن «بۇ بىمەھەل چاغدا كەلگەن كىمدۇ» دەپ ئارقاننى قويۇۋېتىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇرادەر.

سالاھىدىن ئۆزىنىڭ بىردىنبىر سىرداش دوستى تۇرسۇن

ئاخۇننى كۆرۈپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى.

تۇرسۇن ئاخۇن سالاھىدىنىنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ، چىرايىنىڭ سارغىيىپ، غەلىتە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. سالاھىدىن مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن يولدا ئۇچ قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئۆزى بىلەن نۇرنىسا ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى زادىلا ئېيتمىغانىدى. ئۇ تۇرسۇن ئاخۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن تۇرسۇن ئاخۇن سالاھىدىنىنىڭ كۆڭلىدە زادى نېمە ئوي بارلىقىنى بىلەلمەي، ئاغىنىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ئاچچىقلىنىپ، ئۇنى بىر مەزگىل ئىزدىمەي قويدى، مەشرەپ، بەزمىلەرگىمۇ چاقىرغىلى كەلمىدى. ئەمما، كىچىكىدىن تارتىپ قارىيخانىدا بىللە ئوقۇغان، بىللە تىجارەت قىلىپ، پايدا ـ زىيىنىنى تەڭ كۆرگەن بۇرادىرىنى ئىزدىمىسە بولامدۇ؟ ئۇ بۈگۈن سالاھىدىن بىلەن بىر سۆزلىشەي، مەندىن رەنجىپ قالغان بولسا بىلىپ باقاي، دەپ كەلگەنىدى.

تۇرسۇن ئاخۇن قۇرۇق ھۆ تۇتۇپ بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ قالغان سالاھىدىننى يۆلەپ ئەكىرىپلا كۆزى ئۇجمە شېخىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئارقانغا چۈشتى. «بۇ يەردە مەندىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر گەپ بار» دېدى ئىچىدە نەچچە كۈندىن بېرى يىغىشتۇرۇلمىغان ھويلا، ئۆيلەرگە سەپسېلىپ.

سالاھىدىن تۇرسۇن ئاخۇننىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئارغامچىغا ئېسىلدى.

— مەن ئۆلىمەن! بۇ خورلۇقنى تارتىپ ياشاۋەرمەيمەن. مەن، مەن ئۆلىمەن!

ئاچماقتىن سىيرىلىپ چۈشكەن ئارغامچا ئۇنىڭ قولىدا پۇلاڭلايتتى. تۇرسۇن ئاخۇن ئارغامچىنى تارتىپ ئېلىپ سۇپىغا تاشلاپ قويۇپ، سالاھىدىننى تەسلىكتە ئۆيگە ئەكىردى. ئۇنى كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويۇپ، ئىتتىك بېرىپ ئارقاننى ئۆگزىگە چۆرۈۋەتتى.

گۆلدۈرلەپ توختاپ قالغان ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى.

سالاھىدىن خۇپتەندىن كەچ ئويغىنىپ، بېشىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بۇرادىرى تۇرسۇن ئاخۇننى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، خىجالەتچىلىكتە يەرگە قارىدى. تۇرسۇن ئاخۇن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەچكە ئارتۇقچە گەپ قىلماي:

— يالغۇز ھاراق ئىچىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، — دەپلا قويدى.

— بۇرادەر، كاللام جايىدا ئەمەس ۋاقتىدا كېلىپ مېنى خىجىل قىلىپ قويدۇڭلا. يۇرۇڭلا، ھېيتگاھتىكى بىر ساماۋارخانىغا بېرىپ چاي ئىچەيلى، يا دۆڭ خېنىمنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ قورۇما قورۇتۇپ ھاراق ئىچەيلى، — دېدى سالاھىدىن.

— ماقۇل، ساماۋارخانىغا بېرىپ بىر قاچىدىن پولۇ يەپ چاي ئىچەيلى، — دېدى تۇرسۇن ئاخۇن سالاھىدىننى يالغۇز تاشلاپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ.

ئۇلار يېرىم كېچىدە ئۆيگە يېنىپ كەلدى. سالاھىدىن ئاغىنىسىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ قونۇپ قالغىنى ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەن بولدى.

سالاھىدىنىنىڭ ئېغىر - بېسىق بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىغا قاراپ، كېچىچە ئاغىنىسىنىڭ غېمى بىلەن ئۇخلىيالماي چىققان تۇرسۇن ئاخۇننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

دوستىنى ئۇزاتقان سالاھىدىن ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق ئويلاپ: «تۇرسۇن ئاخۇن مېنى ھارام ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى، خۇدايىم مېنىڭ زاتىمنى ئۇنداق ئۆلۈمگە نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ، شۈكۈر. ئەمدى قەشقەردىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. بۇنداق خورلۇقنى تارتقاندىن كۆرە، ئەلنىڭ كۆزىدىن يىتكىنىم ياخشىراق...» دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ كېچىچە قەشقەردىن يىراققا كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى.

سالاھىدىن بوغۇزىنى يەپ بولغان ئېتنى ئېگەرلىدى. چوڭ خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىگە كىيىم - كېچەكلىرىنى، يەنە بىر كۆزىگە نەچچە كۈندىن بېرى يېيىلمەي قېتىپ قالغان نان، توقاچ - ھەمەكلەرنىڭ ھەممىسىنى سالدى. مېھمانخانا، ئايۋاننىڭ ئىشىكلىرىنى، دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، ئېتىنى يېتىلىگەن پېتى كوچىغا چىقتى. ئىشىككە چوڭ قارا قۇلۇپنى سېلىپ، ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، ئاتقا مىنىدى. ئۇنى جىمجىتلىق، مۇڭ باسقان ھويلىدىكى چاڭقاپ كەتكەن ئۈجمە دەرىخى شىلدىرلاپ ئۇزىتىپ قالدى.

سالاھىدىن ئېتىنى يورغىلىتىپ بىر نەۋرە سىڭلىسى نۇرسىمانگۈلنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ بارلىق ئاچقۇچلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، تاغ ئارقىسىغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئاتا - ئانىسىدىن كىچىكىدىنلا يېتىم قالغان نۇرسىمانگۈل ئۆز ئاكىسىدەك بولۇپ قالغان سالاھىدىنغا ئاقىۋەل تىلەپ ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇردى. «شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق ئەقىللىك چوكان نۇرنىسا خېنىم نەگە كەتكەندۇ؟ سالاھىدىن ئاخۇن ئاكام ئۇنىڭ دەردىدە قەشقەردە تۇرالمىدى. خۇدانىڭ تەقدىرى دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ تارام - تارام ياشلىرىنى بوسۇغىغا تۆكۈپ.

نۇرسىمانگۈل سالاھىدىن بەرگەن ئاچقۇچلارنى يانچۇقىغا سېلىپ ھويلىغا يېنىپ كىرىپ: «خۇدايا، سالاھىدىن ئاخۇن ئاكامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، نامەردلەر ئالدىدا خار قىلمىغىن، سەپىرىنى ئاقىۋەللىك قىلىپ مۇرادىغا يەتكۈزگىن، ئامىن» دەپ دۇئا قىلدى. بۇ چاغدا ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن كۈن بۇلۇت ئارىسىدا تۇچ لېگەندەك پارقىراپ تۇراتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# دېرەكسىز غايىب بولۇش

ئاشۇ كۈنى سەھەردە سالاھىدىننىڭ ئۆيىدىن چىققان ئايتۇرا بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ئەۋرىشىمكار كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ھامىمىسى زەيتۇنىخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ يا چۈشتە، يا كەچ تەرەپلەردە كەلمەي، ئەتىگەندىلا كەلگىنىگە زەيتۇنىخان ھەيران بولۇپ ئىشارەت بىلەن سورىدى. ئايتۇرا ھەيدىۋەتتى دېگەن مەنىدە ئىشارەت بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئىتەكلىرىگە ياش قۇيۇلدى. زەيتۇنىخان يەنە نېمىشقا دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئايتۇرا ئويلىنىپ جاۋاب بەرمەي يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇردى. زەيتۇنىخان سالاھىدىن بۇنىڭغا چېقىلىپ قويغانمۇ نېمە دەپ گۇمانلاندى ۋە باش بارمىقىنى ئىككىگە تەڭلەپ، ئايتۇرانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئالماشتۇردى. بۇ «سالاھىدىن ساڭا چېقىلدىمۇ؟» دەپ سورىغىنى ئىدى. ئايتۇرا بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ قارىقۇمچاق يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

زەيتۇنىخان گۇمانى يېشىلمىگەن بولسىمۇ، سۆزىنى توختىتىپ داستىخان ئەكەلدى. شۇ كۈنى كەچ ئايتۇرا ھامىمىسى بىلەن ھويلىدىكى سۇپىدا، دەرۋىش ئاخۇن ئۆي ئىچىدە ياتتى.

سالقىن باھار كېچىسى نېمىدېگەن ھۇزۇرلۇق ـ ھە ! غۇر ـ غۇر شامال ئايتۇرانىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى ئۇچۇرتۇپ يۇلتۇزلۇق

ئاسمانغا تىكىلگەن كۆزلىرىگە سايە چۈشۈردى. ئۇ پات ـ پات چاچلىرىنى تۈزەپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. «ئىپتىسام هامىمام نېمە دەر؟ خاپا بولۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟ ھەيدىۋەتسە ئوپالغا كېتەرمەنمۇ؟ ئاتا ـ ئانامغا نېمە دەرمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىۋالغىنىم ياخشى. ياق، ياق ... مەن ئۇ يىگىتنى تاپىمەن. ئۇنىڭغا تېگىمەن. ئەگەر ئالمىسا ئۇ چاغدا ...»

— بالام، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دېگەن مەنىدە ئىشارەت بىلەن سورىدى زەيتۇنىخان، ئايتۇرا خىيالدىن توختاپ يۈزىنى زەيتۇنىخان تەرەپكە بۇرىدى. زەيتۇنىخان ئۇنىڭغا قارىمىغاچقا، ئايتۇرانىڭ ئىزادىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمەي قالدى. ئۇ ئايتۇرانىڭ بەدەنلىرىنى سىلىدى ۋە «بۇ قىز چوڭ بولۇپ قالدى، خۇدايىم بۇ ئاجىزەگە رەھىم قىلىپ بىر مۆمىن بەندەڭ بىلەن نىكاھلىق بولۇشقا نېسىپ قىلغىن، ئامىن !» دەپ ئىچىدە دۇئا قىلدى. ئايتۇرا ئانىسى ئورنىدا بولۇپ قالغان زەيتۇنىخاننى ياخشى كۆرەتتى، زەيتۇنىخاندىن باشقا غېمىنى يەيدىغان ئادىمى يوق ئىدى. ئەگەر سالاھىدىن ھەيدىۋەتمىگەن بولسا كۆڭۈل سىرىنى نۇرنىساغا ئېيتىپ مەسلىھەت سورىغان بولاتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىگە زەيتۇنىخاندىنمۇ يېقىن بولۇپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى ئۇ نۇرنىسا بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمىدى. ئەمدى زەيتۇنىخانغا ئېيتمىسا، كىم ئۇنىڭ دەردىگە يېتىدۇ؟

ئايتۇرا ئاسماندىكى ئاي تىكلەشكەن چاغدا تېخىچە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ ياتقان زەيتۇنىخاننى قۇچاقلىدى. «گېپىمنى دېگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ھامىمىسى ئۇنىڭغا قارىدى. ئايتۇرا ئىشارەت بىلەن كۆل بويىدا بىر ياش يىگىت بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كىچىك چېغىدىن گاس ـ گاچا ئاكىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئىشارەت تىلىغا ئۇستا بولۇپ كەتكەن زەيتۇنىخان

كېچە بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى. ئايتۇرا شۇ يىگىت بىلەن بىللە ياتقانلىقىنىلا دېمىدى.

ئۆز بېشىدىن مۇھەببەت سەرگۈزەشتى ئۆتكەن زەيتۇنىخان بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، ساڭا جۈپ تېپىلىپتۇ، دەپ كۆڭلىدە خۇشال بولسىمۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ ئايتۇراغا ھومىيىپ قارىدى.

— سەن جۇۋاينىمەك، شۇنىڭ ئۈچۈن قوغلاندى بوپتىكەنسەن - دە؟ سالاھىدىن ئىككىڭنىڭ بىر يەردە تۇرغانلىقىڭلارنى كۆرگەنمىدى؟ — دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

— بىلمەيمەن، — دېگەندەك بېشىنى چايقىدى ئايتۇرا. ئۇ ئۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن قارىغان ھامىمىسىنىڭ:

— ئەتە دەرۋىش ئاكاڭ چىقىپ كەتكەندە شۇ يىگىتنى باشلاپ كەل، — دېگەن ئىشارىتىنى چۈشىنىپ بېشىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

زەيتۇنىخان ئۇزاق يىللاردىن بېرى ساتىراش ئېرى بىلەن كەمبەغەلچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بالىسىز يالغۇزلۇق تارتسىمۇ، ئېرى بىلەن ئوبدان ئۆتەتتى. ئامبارغا لىق ئاشلىق، ئىشكاپ، تەكچىلەرگە ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنى دۆۋىلەپ قويۇپ، بالىچاقىسىنى ئاچ قويىدىغان، دۇكىنىغا رەخت سىغماي قالسىمۇ ئۆزى يىرتىق چاپاندىن ئايرىلالمايدىغان، توڭرا بەدەن پىخسىقلاردىن مىڭ ياخشى ئۆتەتتى. ھەر جۈمە بىر قېتىم پولۇ يېمەي ھەپتىنى ئۆتكۈزمەيتتى. مۇشۇ تاپتا سالقىن باھار كېچىسىدە ياشلىق چاغلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ياتقان زەيتۇنىخان ئېغىر ئۇھ تارتىپ قارا كىرپىكلىرى كۆز گۆھەرىنى ياپقان ئايتۇراغا سەپسالدى. ئاي نۇرى ئۇنىڭ يۈزىنى ئاقۇچ رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. ئىلىپتەك قاڭشىرى ئۈستىدە قارا قاشلىرى قوشۇلۇپ تۇراتتى. بىلىنەر - بىلىنمەس

يىرىلغان لەۋلىرى سەل ئېچىلىپ ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنىدى، ئۇ چۇشەكەپ كۈلۈۋاتاتتى.

زەيتۇنىخان بۇ ئاجىزەنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئايتۇرا ئويغانغاندا خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۈن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقاننى يىغدى، ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ قالدى.

— خېنىم بالام، ھېلىقى يىگىتنى باشلاپ كەلگىن، — دېدى ئېرىنى ئۇزىتىپ كىرگەن زەيتۇنىخان ئىشارەت بىلەن. ئايتۇرا داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، بوغچىسىدىن شاپتۇل چېچەكلىك گۈللۈك چىت كۆڭلەكنى كىيىپ، نۇرنىسا بەرگەن گۈللۈك مەخمەل چاپىنىنى ئۇستىگە ساپتى، ئاندىن بېشىغا رومىلىنى ئارتقىنىچە چىقىپ كەتتى. زەيتۇنىخان ئۆيدە سەۋزە توغراپ قالدى.

ئايتۇرا ئەۋرىشىمكار كوچىسىدىن ئوردا ئالدىغا كەلدى. ئوردا ئالدىدا مانتا، كاۋاپ پۇرىقى دىماققا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يەنە يەل ـ يېمىشلەر دۆۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭغۇدەك يەر ئاران چىقاتتى. ئۇ ھەر يېنىغا كۆز سېلىپ ھېيتگاھقا كەلدى. ھېيتگاھتا ئادەم تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ، يەرگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، يوغان ئېچىلغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەتراپنى تىمىسقىلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان يىگىت بۇ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

ئايتۇرا يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشىغا كەلگەندە بىرقانچە ئەپكەش چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتاتتى. ئايتۇرانىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ ئۇلارغا تىكىلدى. ئىزدىگەن كىشىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، كۆل بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتنىڭ دالدىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. يولدىن ئادەملەر توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، كىچىك بالىلارمۇ، قىز ـ چوكانلارمۇ چېلەك كۆتۈرۈپ كېلىشىپ، سۇ ئەكېتىشەتتى. كۈن نۇرىدا سارغۇچ تۈس ئېلىپ

يالتىراپ كەتكەن سۇ ئايتۇرانىڭ كۆزىگە توختىماي لىغىلداپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئاخىر ئۇنى ئىنتىزار قىلغان يىگىتمۇ يىراقتىن كۆرۈندى. ئېگىز بويلۇق، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن، تەمبەل بۇ يىگىتنىڭ قوي كۆزلىرى ئايتۇراغا چۈشكەندە، ئىختىيارسىز قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئۇ كېلىپ ئورنىدىن تۇرغان ئايتۇرا بىلەن سالاملاشتى. چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم پەيدا بولغان ئايتۇرا ئۇنىڭغا سۇ ئېلىپ ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. يىگىت ئىككى چېلەككە سۇ ئېلىپ بالداق بىلەن كۆتۈرگىنىچە ئايتۇراغا ئەگىشىپ ماڭدى ۋە ھېيتگاھقا كەلگەندە سامسىدىن ئۇنىنى ئېلىپ بەلبېغىغا تۇگۈۋالدى. ئوردا ئالدىغا كەلگەندە ئايتۇراغا كاۋاپ ئېلىپ بەردى.

ئايتۇرا ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كىچىك ئىككى قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى، ئىشىكنى قېقىۋىدى، زەيتۈنىخان چىقتى. ئۇ بەستلىك يىگىتنى كۆرۈپ:

— كەلسىلە، بالام، تارتىنماي ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى.

يىگىت دۇدۇقلاپ سالام بەردى. ئايتۇرا يىگىت قويۇپ قويغان ئىككى چېلەك سۇنى دەس كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەكىردى - دە، كۈپكە قۇيدى. بۇ كىچىك ھويلىغا كاۋا، قاپاق بارىڭى سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. باراڭغا ياماشقان پېلەكلەر ئەمدىلەتىن بىخ ئۇرۇشقا باشلىغانىدى.

زەيتۈنىخان يىگىتنى ئۆيگە باشلاپ قولىغا سۇ بەردى، داستىخان سېلىپ، چاي قۇيدى.

— ئۆزلىرى شەھەردىن بولاملا؟ — سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، ئاچا، ئۆيۈم جانان كوچىسىدا.

— ئاتا - ئانىلىرى باردۇ؟

— بار.

— بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمۇ بارمۇ؟

— ئاچام بار ئىدى، — دېدى يىگىت سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئاچىلىرى ياتلىق بولغانمۇ؟

— ...

يىگىت جاۋاب بەرمىدى.

— هازىر نەدە؟

بەش يىل بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە، يوقىلىپ كەتكەن. يىگىت سەل تارتىنغاندەك بولۇپ، قولى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ قويدى، زەيتۇنىخان: «ساددا يىگىت ئىكەن، تولىمۇ ياۋاش كۆرۈنىدۇ» دەپ ئويلىدى.

— ئىسمىلىرى نېمىكىن؟

— ئەخمەت.

— سىلىنى ئۆيىمىزگە چايغا تەكلىپ قىلىشىمىزدىكى سەۋەب، — دېدى زەيتۇنىخان گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ، — ئايتۇرا ئاجىز بالا، ئاتا - ئانىسى سەهرادا، مەن بۇ قىزنىڭ هامىيسى، ئۆزىمىز كەمبەغەل. بۇ بالىنى ئىنسابى بار بىر يىگىتكە ياتلىق قىلىش نىيىتىمىز بار ئىدى. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆزلىرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ، ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم، سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ گەپنى ئوچۇق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى چاقىرىپ كەلدىم. كوچا - كويلاردا گەپ - سۆز بولۇشتىن بۇرۇن بېشىڭلارنى قوشۇپ قويساق دەيمەن، ئۆزلىرى بۇنىڭغا نېمە دەيلا، بالام؟

باياتىندىن بېرى: «مېنى نەگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ غەم يەپ كەلگەن ئەخمەتنىڭ كۆڭلى تىندى. ئايتۇراغا ئىشقى چۈشۈپ قالغاندىن بېرى، ئۇنى نىكاهىغا ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن: «مەيلى» دېگەن سۆزنى ئاران ئاغزىدىن چىقىرالىدى.

— ئاتا - ئانىلىرى قوشۇلارمۇ؟ — دەپ سورىدى زەيتۇنىخان بارغانسېرى ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتقان يىگىتكە سەپسېلىپ.

ئەخمەت قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. كەڭ پېشانىسىدە

تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردى.
— مېنىڭ ئاتا ـ ئانامىۇ كەمبەغەل، دادام ھامماڭ، ئانام كېسەلچان، ئۇلار قوشۇلىدۇ.
ئەخمەت كۆڭلىدە ئايتۇرانى ياقتۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىغا كىشى قويغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئېيتماقچى بولغانىدى، ئەمما ھودۇقۇپ كېتىپ گېپىنى تومتاقلا قىلىپ تۈگەتتى. ئايتۇرا بىلەن ۋەدىلەشكەنلىكىنىمۇ ئېيتمىدى.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەمنۇن بولغان زەيتۇنخان، — تويلۇق ئۇچۇن نېمە ئالغۇلىرى كەلسە شۇنى ئالسىلا، ئايتۇرانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئىنكاھىڭلارنى قىلدۇرۇۋېتەيلى.
ئۇ يىگىتكە چاي ئۇزارتتى. كۈتمىگەندە تويىنىڭ مۇنداق ئاسانلىق بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەخمەت خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئايتۇرا قارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ بىر چەتتە ئولتۇراتتى.

※ ※ ※

ئايتۇرا بىلەن ئەخمەتنىڭ تويى باش كۈزدە بولدى. تويغا نۇرنىسانىڭ كەلمىگەنلىكىدىن كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. تۇغۇتلۇق ياتقىنىغا ئون نەچچە كۈن بولغان نۇرنىسا زەيتۇنخان ئەكەلگەن باغاقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ تويغا شۇنچە بارغۇسى كەلگەنىدى. ئەمما، ھالسىراپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سالاھىيىتىنىڭ ماقۇل بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆتكەن يىل ھۆرنىسانى تۇغقاندا ئاچىسى گۈلسۇم مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن بىر كاستۇملۇق سارجا بىلەن ئۆزىنىڭ يۇڭ رومىلىنى زەيتۇنخاندىن ئايتۇراغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى.

ئايتۇرانىڭ توي مەرىكىسى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى. توي مەرىكىسىگە ئېيتىلغان جامائەت يۈزگە يەتمەيتتى. دۇنيادا ئۈششاق گەپسىز، تاپا ـ تەنە، جېدەل ـ ماجىراسىز بولغان بىرلا مۇشۇ توي بولسا كېرەك. باغچە كوچىسىدىكى ساخاۋەتلىك ئىمام جالالىدىن مەخدۇم ئۇيغۇر تىلىدا نىكاھ ئوقۇدى. بۇ، قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە ئوقۇلغان نىكاھ ئىدى.

نىكاھ باشلانغاندا جالالىدىن مەخدۇم ئاۋۋال خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇدى. چاھار يارلارنىڭ تەرىپىنى قىلدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن مەشرەپ ئاخۇن بىلەن ئەخمەتنىڭ تاغىسى تۇردۇش ئاخۇن يىگىت ـ قىزنىڭ «ئالدىم»، «تەگدىم» دېگەن سۆزلىرىگە گۇۋاھچى بولۇپ گۇۋاھلىق بەردى. جالالىدىن مەخدۇم مۇنداق دېدى:

— قۇرئان كەرىمنىڭ «نىسا» سۈرىسىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئايەتلەردە، «نۇر» سۈرىسىدىكى ئوتتۇز ئىككىنچى ئايەتلەردە ئاللاتائالا بىز بەندىلەرنى نىكاھلىنىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن نىكاھ قىلىش پەرز بولغان. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز «نىكاھ — مېنىڭ سۈننىتىم، نىكاھتىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس» دەپ تەلىم بەرگەن. يەنە «نىكاھنىڭ ياخشىراقى — تويلۇقنىڭ يەڭگىل بولغىنى» دەپ كۆرسەتكەن. «ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇپ پۈتۈشكەن نەرسىسى — تويلۇق» دەپ ئېيتقان، ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نەپ يەتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىنى موھتاجلىقتىن چىقىرىشنى بۇيرۇيدۇكى، ھېچقاچان جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشنى، تەڭلىكتە، خىجىللىقتا قالدۇرۇشنى بۇيرۇمايدۇ. بۈگۈنكى نىكاھتا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئالغان نەرسىسى ئاددىي بولسىمۇ قىز تەرەپ رازى بولدى. جامائەت بۇنىڭغا خۇشال بولدى. مانا بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ھەقىقىي بەجا كەلتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا شۇنداق نىكاھنىڭ بىز بەندىلەر

ئۇچۇن ئەھمىيىتى چوڭ، زۆرۈرىيىتى ھەممىدىن ئارتۇق. پەيغەمبىرىمىز: «ئۆيلىنىڭلار، پەرزەنتلىك بولۇڭلار، كۆپىيىڭلار، بەس، مەن قىيامەت كۈنى قورساقتىن ئاجرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن گۆش پارىسىنىمۇ ئۈممىتىم، دەپ ئۆتكۈزىمەن» دەپ دەۋەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، مۇسۇلمان بالىسى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئۆيلىنىشى، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ كۈن كەچۈرۈشى لازىم. ھەربىر ئادەم نىكاھ بىلەن تۇرمۇشىنى روناق تاپتۇرالايدۇ.

نىكاھتا كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بەرىكەت بار، خىراجەت ئازىيىپ مال ـ مۈلۈك كۆپىيىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئۆزى قىلالايدىغان ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈش كويىدا بولىدۇ، باياشاتلىققا ئېرىشىدۇ. ۋاپادارلىقى كۈچىيىپ، ئىپپەت ـ نومۇسى ساقلىنىدۇ. ئىسسىقلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، كۆڭۈللۈك، ھۇزۇرلۇق تۇرمۇش باشلىنىدۇ. كىشىلەرگە ياخشى نىيەتتە نەپ يەتكۈزەلەيدۇ. كىشىلەر يەتكۈزگەن نەپنى پاك ھالدا سەممىي قوبۇل قىلالايدۇ. ھارامدىن، تەمەدىن يىراق تۇرالايدۇ. نىكاھتىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ۋاپادار بولغان ئەر ـ ئايال ئۆزلىرىنى يالغۇز، بىچارە ئەمەس، بەلكى ئۆم، كۈچلۈك، قابىل ساناپ بەختىيار ياشايدۇ. ھايات يولىدا قىيىنچىلىقنى بىللە يېڭىپ، توسقۇنلۇقنى يوق قىلالايدۇ. مۈشكۈللۈكنى ئاسان ئەيلەپ ھەربىر ئىشنى ئوڭدىن كەلتۈرەلەيدۇ، ئىنساب بىلەن نەپسىنى باشقۇرالايدۇ. جامائەت، ئائىلىنىڭ خالىسى بىلەن بولۇۋاتقان بۇ قۇتلۇق نىكاھ ۋاقتىدا ھەربىرلىرىگە يەنە شۇنى بىلدۈرۈپ قويايكى، نىكاھ دېگەن بۇ ئەرەبچە ئاتالمىنىڭ مەنىسى ئەر ـ ئايال جۈپلەنمەك، يەنى ئەر ـ ئايالنى جۈپ قىلىپ باغلىماق دېگەن بولىدۇ. نىكاھ قىلىنغاندىن كېيىن جۈپلەنمەك ھالال بولىدۇ، ـــ جالالىدىن مەخدۇم سۆزىدىن بىر ئاز توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۆمرىدە

بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا نىكاھ قىلىپ قۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھاياجانلانغانىدى. ئۇنىڭ قىزىل مەڭزى تېخىمۇ قىزىرىپ لىپىلداپ تارتىشقا باشلىدى. كۆندە ئۈچ ۋاخ مىسۋاك بىلەن يۇيۇپ تۇرغان ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنگەندە چىرايىدا غىل - پال تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇپ كېلىۋاتقان نىكاھ ئۈچ خىل. بىرىنچى، ساغلام ۋە نەپەقە بېرىشكە قادىر بولغان كىشىلەر شەھۋىتى غالىب بولۇپ، جۈپلەنمەككە مەيلى قىلسا ۋە زىنا بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقسا، ئۇلارغا نىكاھ پەرز بولىدۇ. ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇراھال چېغىدا خوتۇن ئېلىشى سۈننەت بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئەرلىك ھەقلىرىنى (بەدىنى ئاجىز ياكى خوتۇنغا نەپەقە بېرىشكە قادىر بولمىسا) ئادا قىلالمايدىغان بولسا نىكاھ مەكروھ بولىدۇ.

جالالىدىن مەخدۇم جىمجىتلىق ئىچىدە سەما بولۇپ ئولتۇرغان كۆپچىلىككە يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىپ دېدى:

— جامائەت يەنە شۇنى ئەستە تۇتۇشى زۆرۈركى، نىكاھنى باغلىماق پەرز، قۇتبە ئوقۇماق سۈننەت، نىكاھ ئىشى ئەر - ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشى، بۇنىڭغا سەل قارالسا، پىتنە - پاسات بولسا، قۇدىلار بىر - بىرىگە ئازار قىلسا، نىكاھتىن كېيىن ئەر - خوتۇن بولغۇچىنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتمەيدۇ. دەرد - ئەلەملىك بولىدۇ.

نىكاھنى باغلاشتا، ئىككى ئادىل ئەر ياكى بىر ئادىل ئەر ئىككى ئايال مۆمىن گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا ئەر - خوتۇن بولغۇچى «ئالدىم»، «تەگدىم» دەپ باشقىلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا دېيىشى كېرەك. «ئالدىم»، «تەگدىم» دېگەن سۆزنىڭ ئىختىيارلىق بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى گۇۋاھ بولغۇچىلار بىلمىسە، ئوچۇق ئىشتىمىسە نىكاھ جايىز بولمايدۇ.

نىكاھتىن كېيىن تۆۋەندىكى تۆت تۇرلۇك شەرتكە

ئۆيلەنگۈچى ئەمەل قىلىشى لازىم:

بىرىنچى، ئەر خوتۇنىنى ئالتە ئاي تاشلاپ كېتىپ نەپىقەسىنى بەرمىگەندە، شۇ خوتۇن شەرىئەت ھۆكمى بويىچە تالاق خېتىنى ئالالايدۇ.

ئىككىنچى، ئەر بولغۇچىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئەكېتىمەن دېگىنىگە خوتۇنى رازى بولمىسا، شەرىئەت ھۆكمى بويىچە تالاق خېتىنى ئېلىپ ئەركىن بولالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئەر خوتۇنى رازى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆستىلەپ خوتۇن ئالسا، ئاۋۋالقى خوتۇنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئاجرىشىپ كېتىشكە ھوقۇقلۇق.

تۆتىنچى، شەرىئەت، ئىسلام دىنىمىز زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا قارشى. شۇڭا، شەرىئەتكە مۇخالىپ ھالدا خوتۇنىنى ھاقارەتلەپ، ئازار بەرسە، شۇ خوتۇن شەرىئەت ھۆكمى بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ئۆز ئەركى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ.

مەن ئەخمەت ئاخۇنىنىڭ بۇ تۆت شەرتنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئايتۇراخان بىلەن ئىناق، كۆڭۈللۈك خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، پەرزەنتلىك بولۇشىنى، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈپ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشىنى جانابىي ئاللادىن تىلەيمەن.

ھۆرمەتلىك جامائەت، ئەر ـ ئايال ئوخشاشلا ئاللانىڭ بەندىسى. ئاتىمۇ، ئانىمۇ ئاللا نەزىرىدە ئوخشاشلا ئەزىز. بۇ نىكاھ مەرىكىسىدە ھەربىرلىرىنىڭ سەمىلىرىگە سېلىپ قويۇش ناھايىتى زۆرۈركى، ئاياللارنى خارلاش، ئۇلارغا دىل ئازار قىلىش كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر. نامەردلىك، زالىملىقتۇر، ئاللا مەسچىتىنى چېقىۋەتكەن، قۇرئاننى كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئالداپ كىشى ھەققىنى يەۋالغان بەندىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىدۇكى، دىل ئازار قىلغان، چېقىمچىلىق قىلغان بەندىلەرنىڭ گۇناھىدىن ھەرگىز ئۆتمەيدۇ. ئۆزىمىز ئاسارەتتە تۇرۇپ ئۆز بالىچاقىمىزنى خورلىساق، بىز قانداقمۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ،

باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيمىز؟ خوتۇنلارغا، قېرىنداشلىرىمىزغا زۇلۇم قىلمايلى. ئۇلارنى كەمسىتىپ خورلىمايلى، ئۇلارغا بېخىللىق، نامەردلىك قىلمايلى. خوتۇنى رازى بولمىغان كىشىنىڭ مەككىگە بېرىپ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشى ئاللا نەزىرىدە، دىن ـ شەرىئەت ھۆكمىدە جايىز ئەمەس. ھەربىر بەندە نىكاھنى ئۆمۈرلۈك دەپ بىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى قېتىم نىكاھ قىلىپ ئوقۇلغان بۇ قۇتبە كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ياش ـ قېرى ھەممىسى باشلىرىنى لىڭشىتىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ تويى بولغاندا نىكاھ قىلىنماي ئەرەب تىلىدا نىكاھى ئوقۇلغانلىقى سەۋەبلىك بىلمەسلىكتىن خوتۇنلىرىنى خورلىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپ، دىلىدا ئاللاغا توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىشتى. نەۋقىران يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە جالالىدىن مەخدۇمنىڭ سۆزلىرى نەقىش بولۇپ چېكىلدى. «نىكاھ قىلغاندا بىزگە سىرلىق تۇيۇلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىكەن ـ دە، ئەمدى چۈشەندۇق، كۆڭلىمىز يورۇدى. نىكاھتا خاسىيەت كۆپ ئىكەن» دېيىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— كۆڭلىمىزگە، نەپسىمىزگە ئىنساب ئاتا قىلىپ خوتۇن ـ بالىلىرىمىز بىلەن خۇشۋاق ئۆتكىلى نېسىپ قىلغىن. ھەرگىز نامەردلەردىن قىلمىغىن. نۇرلۇق كۆزىمىزگە ياغ تولۇپ قالمىسۇن، ھەرقاچان خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ تۇرايلى. نان ۋە قۇرئان تۇتقان، دائىم دۇئاغا كۆتۈرۈلىدىغان قوللىرىمىزنى بالىچاقىلىرىمىزنىڭ نازۇك تەنلىرىنى ئازابلىغۇچى تاياقتا ئايلاندۇرۇپ قويمىغىن. سەجدىگە قويىدىغان بېشىمىزغا ئىمانىنى، ئىنسابىنى قاچۇرىدىغان گۇمانلارنى، خوتۇنلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرغان پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى كەلتۈرمىگىن. خۇدايا، ئېيتقان سۆزىمىزگە ئەمەل قىلغىلى نېسىپ قىلغىن. دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، بارلىق

بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ـ دىيانەت ئاتا قىلغىن. پۈتۈن يەر ـ ئاسماننى ئاپىرىدە قىلغۇچى خۇدا، ئۆزۈڭگە ئامىن!

جالالىدىن مەخدۇم دۇئا قىلىپ بولۇپ، ئالدىغا قويۇلغان نەرسىلەرگە قاراپ:

— مەن قوبۇل قىلدىم، ئەمدى بۇ قويۇلغان نەرسىنى بۇ توينى مۇبارەكلەپ يىغى ئەر ـ خوتۇن بولغان ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە سوۋغا قىلىمەن، — دېدى پەتنۇستىكى بەقەسەم بىلەن قەغەزگە ئوراقلىق پۇلنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ پەتنۇسقا سېلىپ. ئۇ ھىندىستاندا ئوقۇپ مەۋلىۋى ـ داموللا بولۇپ كەلگەندىن بېرى، باشقا ئاخۇن ـ قازىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئالدىغا نېمە رىزقى قويۇلسا ئالماي كەلگەنىدى. ھەتتا ھەدىيە قىلىسىمۇ ئالمايتتى. «مۇسۇلمان ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللا ئۈچۈن، ئەلنىڭ خىزمىتىنى بىمىننەت، ھەقسىز قىلىش، كۆپكە نەپ يەتكۈزۈش، نەپسىنى قىسىشتۇر. مېنىڭ ھۈنىرىم بار، خەتتاتمەن. مۇقاۋا، دەپتەر ياسىيالايمەن، كۈنۈم ئۆبدان، ئالسام گۇناھ بولمايدۇ، ئالمىسام ساۋاب تاپىمەن. مېنى ئىمانىم، ۋىجدانىم ئالدىدا خىجىل قىلماڭلار، رەھمەت» دەپ كىشىلەر بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى چىرايلىقچە قايتۇرۇۋېتەتتى.

بۈگۈن جالالىدىن مەخدۇم ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن قويغان نەرسىلەرنى شۇنداق قايتۇردى. تويغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر جالالىدىن مەخدۇمنىڭ بىمىننەت، سەممىيىتىگە تەھسىن ـ ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئەتىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلغان بۇ دۇئا پۈتۈن قەشقەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. چايخانا، ئاشخانىلاردا، يايما دۇكان ئالدىلىرىدا، كوچا ـ مەھەللىلەردە، مەسچىت، مەدرىسەلەردە، كالتە بازار، چوڭ بازارلاردا، رەستە يوللاردا، ئۆيئىچى ـ ھويلىلاردا ئاخشامقى ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان نىكاھ ۋە دۇئا،

ئوقۇلغان قۇتبە توغرۇلۇق ياخشى سۆزلەرمۇ، پىتنە ـ ئىغۋامۇ توختىماي بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى. ھەر خىل تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان موللا، ئىمام، مەزىن، ساۋاتسىز كاسىپلار «جالالىدىن مەخدۇم نىكاھنىڭ قەدرىنى تۆكتى. ئەھلى موللىنىڭ ھۆرمىتىنى، ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇردى. ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈركىي تىلىدا قىلغان نىكاھ جايىز ئەمەس»، دەپ قارىلىغان بولسا، كۆپچىلىك خەلق «نىكاھنىڭ خاسىيىتىنى بىلدۇق، قاراڭغۇ كۆڭلىمىزنى ھەقىقەت شامى بىلەن يورۇتتى ...» دەپ تەرىپلەشتى.

※ ※ ※

ئايتۇرا بىلەن ئەخمەت بىر تەكىيەگە باش قويدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

توي بولغىنىغا بىر ئاي توشمىغان ئايتۇرا مۇرادىغا يېتىپ پىشقان ئەنجۈردىن بىر تەخسە ئېلىپ نۇرنىسانى كۆرگىلى باردى. ئۇ سالاھىدىن دۇكانغا چىقىپ كەتكەن مەزگىلدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. نىساخان ئايتۇرانىڭ كەلگەنلىكىنى ياقتۇرمىغاندەك، تەلەتىنى تۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ چىقمىدى. خۇشال بولۇپ كەتكەن نۇرنىسا ئايتۇرانى قۇچاقلاپ مەڭزىدىن سۆيدى. ھەر ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى ئاقتى ... شۇنىڭدىن بېرى ئايتۇرا پات ـ پات نۇرنىسانى يوقلاپ تۇردى. ھەر نۆۋەت ئايتۇرا كەلگەندە نىساخاننىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇراتتى. ئاخشىمى سالاھىدىنغا چاقاتتى. سالاھىدىن «بۇ كاساپەت گاچىنى ئۆيۈمگە يولىمايدىغان قىلمىسام بولمىدى» دەپ ئاچچىقلىناتتى...

قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى. سەيشەنبە ئەتىگەندە ئۆيدىن سوغىلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇ ساتقىلى چىقىپ كەتكەن ئەخمەت

چۈشكە يېقىن گۆش، ئوتياش كۆتۈرۈپ كىردى. ئايتۇرا ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ قولىدىن بالداقنى ئېلىپ، سوغىدىكى سۇنى كۈپكە قۇيدى. ئەكەلگەن نەرسىلەرنى تايىنلىق يەرگە قويغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ چاپىنىنى قېقىپ يۈز - كۆزلىرىنى سىلىدى. بۇ ئۇنىڭ «ھاردىڭ، ئارام ئالغىن» دېگىنى ئىدى. ئىشارەت بىلەن سۆزلىشىشكە خېلى ئۇستا بولۇپ قالغان ئەخمەت كۆلگە چۈشۈپ قالغان غىجىم رومال توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ يۈرۈشكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن ئايتۇراغا ئۇقتۇردى. ئايتۇرانىڭ قوشۇما قاشلىرى يىمىرىلىپ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئەخمەتنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسىمۇ «تۇۋا» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئايتۇرا چاي ئىچىلىپ بولغۇچە ئويلاپ ئولتۇردى: «يۇمىلاقشەھەر كۆلىگە چۈشۈپ قالغان رومال كىمنىڭدۇ؟ نېمىشقا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ بىر بەختسىز ئايال ئۆزىنى كۆلگە تاشلىۋالغانمىدۇ؟ ئۇ ئايال كىمدۇ؟» ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نۇرنىسا كېلىۋالاتتى. تۇنۇگۈن كەچ ياققان يۇمشاق نانمۇ كېلىدىن ئۆتمىدى. ئۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئاخىر ئېرىگە نۇرنىسانىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ كۈنى كېچىسى «دەرۋازا ئوچۇق قاپتۇ» دەپ خەۋەر بېرىپ ئەخمەتنىڭ سالامەت قۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئاق كۆڭۈل نۇرنىسانى، مېھرىبان ئۇستازىنى، ۋاپادار دوستىنى، باغرى يۇمشاق غوجايىنىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟

ئايتۇرا ئۇچقاندەك مېڭىپ سالاھىدىنىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى، دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى. بىر ئايالنىڭ يىغىسى بىلەن بىر ئەر كىشىنىڭ تۇۋلىغىنى ئاڭلاندى. ئۇ ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىردى. سالاھىدىن مۆڭلۈق شىلدىرلاپ تۇرغان ئۈجمە تۈۋىدە تامدەك تاتىرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلسۇم ھۆقۇيتۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ:

— بىچارە سىڭلىم بىكاردىن - بىكار ئۆزىنى كۆلگە تاشلىۋالامدۇ؟ سىلىنىڭ تۇپەيلىلىرىدىن بولغاندۇ؟ ھە دېسە ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، گۇمان بىلەن باغرىنى تىلىپ، جاندىن جاق تويدۇرۇۋەتكەنلىرى ئۇچۇن ئىككى بالىسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەي قالغاندۇ؟ — دەيتتى سالاھىدىنىنىڭ ئۇستىگە مۆلدۈردەك سوئال ياغدۇرۇپ.

— گۈلسۈمخان، سىڭىللىرى كۆلگە ئۆزىنى تاشلىۋالغان بولسا جەسىتى تېپىلماسمىدى؟ بۇنداق رومالنى ئارتىدىغان ئاياللار ئازمۇ؟ بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، سەۋر قىلىپ تۇرساق، ھەممە ئىشتىن بىزنى خۇدايىم ئۆزى خەۋەردار قىلىدۇ، — سالاھىدىنىنىڭ ئۇنى بوغۇلۇپ چىقاتتى. ئەتىگەن سۇنى شۇنچە مالتىلىسىمۇ نۇرنىسانىڭ جەسىتى چىقمىغاندىن كېيىن شۇ ئويغا كەلگەنىدى.

— ياق، ياق، مېنى ئالدىمىسىلا، — دېدى گۈلسۈم سالاھىدىنىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ، — كۆڭلۈم سىلى دېگەنگە گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. بايا كېلىپ يىغلاۋاتقان بالىلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ سىيرىلماسمۇ؟ نۇرنىسانىڭ كېچىدىن بېرى ئۆيدە يوقلۇقىنى ئېيتتىلا، ئۇ بالىلىرىنى تاشلاپ كېچىدە چىقىپ كېتىدىغان خوتۇنمۇ؟ ياق، ياق، سىلى يوشۇرمىسىلا؟ سىڭلىمنىڭ تىرىكىنى كۆرسەتمىسىلە، ئۆلۈكىنى بولسىمۇ كۆرەي، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى سىلى بىلىلا.

گۈلسۈمنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى قامچىدەك چاڭقىلداپ سالاھىدىنغا قاتتىق تەگمەكتە ئىدى. ئۇ نېمە دېيەلىسۇن؟ ھېچكىمنىڭ ئالدىدا سۆزلەشتىن ئەيمەنمەيدىغان سالاھىدىن تۇيۇقسىز گاچا بولۇپ قالغاندەك بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ تۇراتتى. ئايتۇرا بولۇۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپ، نۇرنىسا ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ يىغلاپ ئۇچمە

دەرىخىگە يۆلىنىپ قالغان گۈلسۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. گۈلسۈم ئۇنى قۇچاقلاپ هازىدار ئايالدەك قوشاق قېتىپ يىغلاپ كەتتى.

— ئون گۈلنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان سىڭلىم، خورلۇق، زۇلۇمغا چىدىمىغان سىڭلىم، نەگە كەتتىڭ، سىڭلىم؟ نەدە سىلى؟ ئالدىمغا چىقىپ جاۋاب بەرسىلە، ئەمدى باللار قانداق قىلىدۇ؟ كىمنى ئانا دەپ سۆيىدۇ؟ قايدا سىلى، جانجىگىرىم؟ قايدا سىلى؟ بۇ جاهاندا بارمۇ سىلى؟ ۋاي باغرىم، قېرىندىشىم، ۋاي باغرىم، قېرىندىشىم ...

ئايتۇرا نۇرنىسا ئۆزىنى راستىلا كۆلگە تاشلىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش قۇيۇلدى. ئەگەر مۇشۇ تاپ ئايتۇرا سۆزلىيەلەيدىغان بولسا «هەي باغرى تاشتىن قاتتىق بىنومۇس، نۇرنىسانى كۆسەي بىلەن ئۇرغان زالىم سەن ئەمەسمۇ؟ نۇرنىسا يايراپ - ئېچىلىپ كېتىدىكەن دەپ مېنى هەيدەپ چىقارغان باغرى تاش سەنغۇ؟! نۇرنىسا هازىر ئۆيدە نېمىشقا يوق؟ ئېيتە؟! ئۇ باللىرىنى تاشلاپ نەگە كەتتى؟ سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقىتىپ، رومىلىنى كۆلگە تاشلاپ قويدۇڭمۇ؟ نۇرنىسانىڭ تىرىكىگىمۇ، ئۆلۈكىگىمۇ سەن جاۋابكار؟!» دەپ سالاهىدىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى ئەنە شۇ مەنىنى ئىپادىلىگەنىدى.

ئايتۇرا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان سالاهىدىنغا هومىيىپ قويۇپ، يېنىدىكى گۈلسۈمگە قارىدى. ئۇلاردىن هېچقانداق جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۆيگە كىردى. ئايۋاندا هېچكىم يوق ئىدى. چوڭ مېهمانخانا جىمجىت ئىدى، كىچىك مېهمانخاندا باللار يىغلىشىۋاتاتتى. ئايتۇرا ئىككى سەبىينى باغرىغا باستى. هۆرنىسا سەل يېتىرقاپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە تارتتى، گۈلنىسا بولسا ئاغزىنى ئۈمەللەپ كۆكسىگە

بېشىنى قويدى. «نۇرنىسا نەگە كەتكەندۇ؟ ئەگەر كۆلگە ئۆزىنى تاشلىۋالغان بولسا بۇ چاغقىچە جەسىتى تېپىلاتتى، رومال ئۇنىڭ ئەمەس ئوخشايدۇ. نۇرنىسا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بىلەن، چوقۇم بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان. ئۇ بار، چوقۇم بار، ئىزدەپ تاپىمەن ...»

بۇ گاچا چوكان توغرا ئويلىغانىدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىككى گۆدەككە يولدا ئېلىۋالغان سامسىنى تۇتقۇزۇپ تۇرغاندا گۈلسۇم كىردى. ئۇ ئىشارەت بىلەن ھۆرنىسانى ئايتۇراغا كۆتۈرتكۈزۈپ، ئۆزى گۈلنىسانى كۆتۈردى ـ دە، ھويلىغا چىقتى.

ــ سالاھىدىن ئاخۇن، سىڭلىمدىن دېرەك بولغۇچە بۇ باللار يېنىمدا تۇرۇپ تۇرسۇن، ــ دېدى ئىشىككە قاراپ مېڭىپ. سالاھىدىننىڭ باللارغا باغرى تارتىشىپ، ئۇنچىقماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈن كېچىنى مىت قىلىپ كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزدى. قورقۇنچلۇق خىياللار كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. پۈتۈن ئەس ـ يادى دېرەكسىز غايىب بولغان نۇرنىسادا ئىدى. «ئۇ زادى نەگە كەتتى؟ ...» سالاھىدىن مانا مۇشۇ خىيال بىلەن ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ كۈننى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى ۋە شۇ ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئايتۇرا ھاممىسىنى باشلاپ ئۆيگە كەلگەندە، قېيىنئانىسى چۈشلۈك چايدىن كېيىن قولىغا ئالغان بىر ئىشتانباغنى توقۇپ بولغانىدى. بۇ موماي چوكانلىق ۋاقتىدىن باشلاپ ئىشتانباغ توقۇپ ساتاتتى، قېيىنئانىسى جايناماز ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ ھامماللىق قىلىپ كەلگەن بۇ بوۋاي ھازىر كۈچىدىن قالغانىدى.

موماي توقۇپ بولغان ئىشتانباغنى تامدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ، زەيتۇنىخان بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى. ئايتۇرا سۇپىغا كۆرپە سېلىپ ھاممىسىنى ئولتۇرغۇزدى. گۈلسۈمنىڭ ئۆيىگە بالىنى ئاپىرىپ قويۇپ، يېنىشىدا زەيتۇنىخاننى باشلاپ كەلگەنىدى. ئەھۋالنى كىشىلەردىن ئاڭلىغان زەيتۇنىخان ئايتۇراغا ئوخشاشلا مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەنىدى.

ئايتۇرا تاماققا قوپتى. شام ۋاقتىدا چاچتەك سوزۇلغان لەڭمەن داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. ئايتۇرا خىيالچان ئولتۇرۇپ لەڭمەن يەۋاتقان ھاممىسىغا نۇرنىسانىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە كۆڭلىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نۇرنىسانى ئىزدەپ تاپىدىغانلىقىنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردى. «نۇرنىساغا ئەجەب ئىچىكىپ كېتىپتىكەن. بۇنداق سەمىمىي ئىخلاس يەتتە ئەزاسى ساق ئادەمدىنمۇ كەمدىن ـ كەم تېپىلىدۇ. دۇنيادا ھېچكىم بېشىنى سىلىغان ئادەملەرگە گاس ـ گاچىلاردەك سەمىمىي ئىخلاس قىلمىسا كېرەك» دەپ ئويلىدى زەيتۇنىخان.

شۇ كۈنى ئايتۇرا بۇ كۆيۈملۈك ھاممىسىنى قوندۇرۇۋالدى. نۇرنىسانى قانداق ئىزدەپ تېپىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن شام كۆيۈپ بولغۇچە مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالدى.

ئايتۇرا كۆزىنى ئاچقاندا، تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى. ئۇ يېنىدا يېنىك خورەك تارتىپ ياتقان زەيتۇنىخاننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كىيىنىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئاستا ھويلىغا چىقتى. سۇپىدا ئېرى ئۇخلاۋاتاتتى. ئون يەتتە كۈنلۈك بولغان ئاي نۇرى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئايتۇرا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئېرىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ ئەخمەتنىڭ

قىزىرىپ بۆرتۈپ چىققان دولىسىنى سىلاپ: «مەنمۇ ئۇ مۇز تەلەت (ئايتۇرا سالاھىدىننى ئىچىدە شۇنداق دەپ ئاتايتتى)نىڭ ئۆيىدە سۇ توشۇغان چېغىمدا ئىككى مۇرەمنى ئالالماي قالاتتىم. بىچارە ئېرىم ئەتىگەندىن - كەچكىچە سۇ توشۇپ ھېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتىدۇ» دېگەننى خىيال قىلىپ، يوتقاننى ئاستا تارتىپ ئېرىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى.

قۇياش قىزارغان ئۇپۇق پەردىسىنى يىرتىپ باش كۆتۈرگەندە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىلىپ بولغانىدى. ئايتۇرا ھاممىسىغا نۇرنىسانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشنى تاپىلاپ، ئۇزىتىپ قويدى. چېلەك، بالداقنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغان ئېرىگە نۇرنىسانى ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خوتۇنىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىنىڭ نۇرنىسادا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەخمەت بېشىنى ماقۇلغا ئىرغىتىپ قويدى ۋە چايدىن كېيىن سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋاتقان ئاتا - ئانىسىغا خوتۇنىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارمۇ كېلىنىنىڭ مۇنداق ياخشى نىيىتىدىن تەسىرلىنىپ ماقۇل بولۇشتى.

ئايتۇرا ئېرىنى يولغا سېلىپ، ئۇزۇن ئاق رومىلىنى ئارتتى ۋە قېيىنئانىسى توقۇغان ئۇن نەچچە ئىشتانباغنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتى.

ئۇ جانان كوچىسىدىن چىقىپ «ئۆستەڭبويى» دەپ ئاتىلىدىغان چەرچىنمال رەستىسىگە قەدەم باسقاندا، قازاندەك سەللە ئورىغان ئاتلىق قازى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا دەررە كۆتۈرۈپ شاپاشلاپ كېلىۋاتقان رەئىس ئاخۇنۇم①نى كۆردى.

— ئۇر، بۇ بىھايا شەرمەندىنى! — دېدى قازى رەئىس

① رەئىس ئاخۇنۇم — ئۆتمۈشتىكى قازىلارنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدىغان خىزمەتچى خادىم.

ئاخۇنۇمغا ھېيتگاھ تەرەپتىن كېلىۋاتقان يۇزى ئوچۇق ياش چوكاننى قولىدىكى قامچا بىلەن كۆرسىتىپ. دەررە پاققىدە تاغىقىغا تېگىش بىلەن ھېلىقى چوكان چىرقىراپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئايتۇرا ناھەق جازادىن ساقلىنىش ئۇچۇن يۇزىگە رومىلىنى تاشلاپ، تامغا قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇ مىنىمۇ ئۇرىۋېتەرمىكىن دەپ بەكمۇ قورققانىدى. رەئىس ئاخۇنۇم ئۇنى كۆرمەي قالدى.

ئايتۇرا شۇ ئالاقزەدىلىكتە ئۇن ـ يىگىرمە دىۋانە نالە قىلىپ تۇرغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يان دەرۋازىسىغا كۆز سېلىپ بىر ئاز تۇردى ـ دە، ئوڭ يېنىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ ھېيتگاھ مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈپ يەنە بىر ئاۋات بازار ـــ ئوردائالدىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردىكى دوپپا بازىرىدىن ئۆتۈپ خام بازىرىغا باردى ... كەچكىچە بىرقانچە كوچىلارنى ئارىلاپ چىقتى. ھېچ يەردىن نۇرنىسانىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغانىنىڭ ئۇستىگە بىر تال ئىشتانباغمۇ ساتماي ئۆيگە يېنىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ پۇل تەمەسىدە ئولتۇرغان قېيىنئانىسىنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالدى.

ئايتۇرا تۆت كۇن ئۇدا كوچا ئارىلىدى. قەشقەرنىڭ ئەگرى ـ توقاي، چوڭ ـ كىچىك، ئۇزۇن ـ قىسقا كوچىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىدىن ھەيران بولدى. ئۇ مۇشۇ كوچىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە «نۇرنىسا بار» دەپ ئويلايتتى. بۇ ئارىلىقتا گۇلسۇم، مۇھتەبەرنىڭ ئۆيىگىمۇ بىرنەچچە قېتىم باردى.

ئايتۇرا بۇگۇن ئۆيدىن چىققاندا قولىدا ئىككى تاللا ئىشتانباغ بار ئىدى. ئۇ قاسقان بازىرىدىن ئۆتۈپ باغچە كوچىسىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ بۇ كوچىغا ئۇچىنچى قېتىم كىرىشى ئىدى. ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئوچۇق ئىشىكلەرگە

ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكەتتى. قولۇپلانغان ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ باقاتتى. بەزى هويلىلارغا «ئىشتانباغ لازىممۇ؟» دېگەن مەنىدە كۆز ـ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كىرىپ باقاتتى.

ئۇ شۇ دەم بىر ئۆيىنىمۇ سىنچا كۆزلىرىدىن چەتتە قالدۇرماي ئاستا ماڭدى. كۈن چۈش بولاي دېگەندە نوربېشى مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر هويلىغا كىرىۋىدى، قولىدىكى ئىككى ئىشتانباغنىڭ بىرىگە خېرىدار چىقتى. بۇ هويلىدا شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان بىر تۈپ ئۆرۈك بار ئىدى. ئايتۇرا بۇ هويلىدىن چىقىپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى هېس قىلدى ـ دە، يەنە باغچە كوچىسى بىلەن كەينىگە ياندى. ئايتۇرا مەيۈس هالدا ئاستا قەدەم تاشلايتتى، ئۇ ئۈستى يېپىق بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىككى چېلەك سۇنى بالداق بىلەن كۆتۈرگەن پېتى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم بېسىۋاتقان يادىڭغۇ ساقاللىق ئادەمگە كۆزى چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر نۇر چاقنىغاندەك بولدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ تىزلىرى تىترەپ توختاپ قالدى. چۈنكى، ئايتۇرا نۇرنىساغا ئوخشايدىغان بىر ئايالنىڭ چىرايىنى غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالغانىدى. يادىڭغۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپ سۇنى يەرگە قويۇپلا ئىشىكنى يېپىشقا، يۈگۈرۈپ كەلگەن ئايتۇرا ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى. ئىشىكنىڭ زەنجىرى هېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئايتۇرانى توستى، ئايتۇرا ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، يان تەرەپتىكى بىر قاناتلىق ئىشىكتىن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىۋىدى، ئوچاق بېشىدا ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇرغان ياش ئايال چۆچۈپ كەتتى. بېشى سەل ئېگىلىپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. سارغىيىشقا باشلىغان چىرايىغا بىردىن قىزىللىق يۈگۈردى.

— ئايتۇرا! — ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان ھالدا ۋارقىرىۋەتتى. ئايتۇرا ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ نۇرنىسانى قۇچاقلىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن ئابدۇلئەزىز بۇ ئايالنىڭ كىرىپلا نۇرنىسانى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇغقىنى ياكى يېقىن تونۇشى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىشىكنى زەنجىرلەپ قويدى. نۇرنىسانىڭ گەپ قىلىش ئورنىغا قول، كۆزلىرى بىلەن غەلىتە ئىشارەتلەرنى قىلىپ كۇلۇمسىرەۋاتقانلىقىغا قاراپ تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئايتۇرا بۇلاقتەك تاشقىن كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرتۈپ، لەۋلىرىنى قىمىرلىتاتتى، قوللىرىنى ئۇياق - بۇياققا سوزۇپ ھەرىكەتلەندۈرەتتى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى نۇرنىسانى قانداق ئىزدىگەنلىكىنى، قانداق غەم - ئەندىشىدە بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمىسىمۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقماقتا ئىدى. ئاچىسىنىڭ يىغلاپ قالغان قىزلىرىنى ئەكەتكەنلىكىنى بىلگەندە، شۇ مەسۇمە سەبىيلەر كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ ئىختىيارسىز كۆكسى چىڭقالدى. ئانىلىق مېھرى كۆز بۇلاقلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. ئۇ ھالسىزلىنىپ ئايتۇرانىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۆينى جىمجىتلىق باستى. نۇرنىسا غەم - ئەندىشە ئىلكىدە ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان ئابدۇلئەزىزگە:

— بۇ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغان، دەرد - ھالىمنى تەڭ تارتىشىپ بەرگەن مۇڭدىشىم، سىردىشىم ئايتۇرا بولىدۇ، — دېدى كۆز ياشلىرىنى ئېتىكىگە ئېرتىپ. ئۇ ئايتۇرانىڭ گاس - گاچا قىز ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئابدۇلئەزىز ھەيران بولۇپ تىڭشىدى. ئۇنىڭ پاك قەلبىدە بۇ تىلسىز ئايالغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت پەيدا

بولدى.

ئىككى سىرداش ئىشارەت بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى.

«تاپتىم، ئاخىر تاپتىم، مەن تاپالايدىغانلىقىمنى بىلگەندەك سىلىنى ئىزدىگەنىدىم. خۇدايىم ئۆزى دىدار كۆرۈشتۈردى» دېگەن مەنىدە تىكىلگەن ئايتۇرانىڭ كۆزىدە خۇشاللىق چىلقىلەندى.

— مەن بۇنداق كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. سىلىنى ماڭا خۇدايىم ئۆزى يەتكۈزۈپ بەردى. نەچچە كۈندىن بېرى بەكمۇ يالغۇزلۇق تارتقانىدىم. جېنىم ئايتۇرا، دوستۇم، قېرىندىشىم، ئەجەب سائىتىدە كەلدىلە، — دېدى نۇرنىسا قول - كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ. ئۇ ئايتۇراغا يىراقتىكى بىر يۇرتقا ئابدۇلئەزىز بىلەن كەتمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئايتۇرا بۇنى چۈشىنىپ نۇرنىسانى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىز نۇرنىسانىڭ «مېنى نىكاھلىرىغا ئەمدى ئالسىلا، بۇ يەردىن كېتەيلى» دېگەن سۆزىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن گاڭگىراپلا يۈردى. ئۇ ئايالدىن بىزار بولۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق كۈتمىگەن بىر چاغدا نۇرنىساغا باغلىنىپ قالغانلىقىغا ھەم ھەيران بولاتتى، ھەم سۆيۈنۈش ھېس قىلاتتى. بۇ ئىككى خىل تۇيغۇنىڭ ئالدىنقىسى ئىشەنمەسلىك، گۇمانسىراشتىن پەيدا بولغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىرىنچى خىل تۇيغۇنىڭ ئورنىنى ئاستا - ئاستا ئىككىنچى تۇيغۇ ئىگىلەپ، خېلى روھلىنىپ قالدى. شۇڭا، تونۇگۈن نۇرنىسا بىلەن بولغان نىكاھ ئىشىنى مەخپىي ھالدا تۈگىتىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن بۇ يەردىن كېتىشكە قەتئىي نىيەت قىلدى.

※ ※ ※

پېلەكلىرى باراڭغا ياماشقان كاۋا، قاپاق چېچەكلەپ هويلىغا باشقىچە تۈس بەردى. پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەن يەردە ئەخلەتتىن ئەسەر يوق ئىدى. كۈن غەربكە ئېگىلگەن، ئاپتاپ ئۆي دېرىزىسى تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قارشىسىدىكى هويلا ئىشىكى تەرەپكە يۆتكەلگەنىدى. باراڭلىق سۇپىدا ئايتۇرانىڭ قېينئانىسى ئىشتانباغ توقۇپ ئولتۇراتتى. قېينئاتىسى ئىنجىقلاپ ياتاتتى. بىر هەپتىدىن بېرى ئۆزىنىڭ زىققە كېسىلى كۆچىيىپ قالغانىدى. ئايتۇرا چۈشتىن ئاۋۋالراق ئەخمەت ئەكىرگەن ياڭاقنى چېقىپ، قېينئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.

ياڭاقنى هاۋانچىغا سېلىپ ئوبدان ئەزگەندىن كېيىن پىيالىدىكى هەسەلگە ئارىلاشتۇردى. ئاندىن كىچىك قوشۇق بىلەن قېينئاتىسىنىڭ ئاغزىغا سالدى. تېۋىپ شۇنداق قىلىپ يېگۈزۈشنى بۇيرۇغانىدى. كەينىدىن سۈس دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالە ئىچۈردى. بوۋاينىڭ ئاغزىدىكى ئاچچىق يوقلىپ دېمى خېلى راۋانلاشتى.

— خۇدايىم قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، قىزىم، — دېدى قېينئاتىسى كېلىنىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئايتۇرا بۇ سۆزنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، قېينئاتىسىنىڭ ساقال - بۇرۇت قاپلاپ كەتكەن ئاغزىنىڭ ئېچىلىشىغا، خىرە كۆزلىرىدە جىلىۋىلەنگەن تەبەسسۇمغا قاراپ بەختىمگە دۇئا قىلدى، دەپ ئويلىدى.

ئايتۇرا قېينئانىسىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىپ، ئىشتانباغ توقۇشقا باشلىدى. نۇرنىسانى تېپىشتا ئىشتانباغ سېتىشنى باهانە قىلغاندىن بۇيان، كوچا - كويلارنى كېزىپ ئىشتانباغ سېتىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۇ بازاردىن مانتا،

سامسا ياكى يەل ـ يېمىش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكىرەتتى، قېيىنئاتا، قېيىنئانىسى بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى.

ئايتۇرا ھەر كۈنلۈكى ھېچ بولمىسا بىر قېتىم نۇرنىسانىڭ يېنىغا باراتتى. نۇرنىسا ئىلاجسىز نامەھرەم كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئېغىرسىنىپ مۇڭلىناتتى، ئايتۇرا ھەر نۆۋەت كەلگەندە كۆڭلى ئېچىلاتتى. كەتكەندە يەنە قايغۇغا چۆمەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئايتۇرادىن باشقا كىشىگە ئاشكارىلاشنى نومۇس يۈزىسىدىن خالىمايتتى. ئايتۇرامۇ ئۇنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئېرى ۋە ھاممىسىدىن بۆلەك ھېچكىمگە نۇرنىسا توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. گۈلسۈمگە بىلدۈرۈشنىمۇ نۇرنىسا خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرنىسانىڭ بالىلىرىنى كۆرگىلى بارغان ئايتۇرا ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى.

ئايتۇرا بۈگۈن كەچ نۇرنىسا بىلەن ئابدۇلئەزىزنىڭ نىكاھى بولىدىغانلىقىنى تۈنۈگۈن ئاخشام نۇرنىسادىن ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئىشتانباغدىن بىرنى توقۇۋېتىپ، ئاخشام ۋە ئەتىگەندىن بېرى قېيىنئانىسى بىلەن توقۇغان بەش تال ئىشتانباغنى ئېلىپ بازارغا چىقىشقا جابدۇندى. ئۇ ئىشتانباغنى سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، نۇرنىساغا قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى.

※ ※ ※

تۆڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇق ئۆيئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۈستىگە يارىشىملىق كەڭ ئېتەكلىك كۆكرەك پۈرمە چىت كۆڭلەك كىيىۋالغان نۇرنىسا سەۋزىنى قەلەمچە قىلىپ توغراۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ تار كۆلبىدە بىر يېرىم ئاينى ئۆتكۈزدى. ئايتۇرا ئۇنى تېپىۋالغاندىن كېيىن دەردى بىر ئاز يېنىكلىگەن بولسىمۇ، قايغۇسى ئازايمىدى. نۇرنىسا

سالاھىدىندىن باشقا ھېچكىمدىن خەۋپسىرىمەيتتى. گەرچە تالاق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇساپىر ئەپكەشنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى سالاھىدىن ئۇقۇپ قالسا ئۇنىڭ قاتتىق قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنداق ئۆلۈمنى ئۇ خالىمايتتى. خۇدا ئۇ خالىغان ئۆلۈمدىن غېرىب ئەپكەشنىڭ قولى بىلەن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. پەقەت ئۇنىڭغا تېگىش، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا ئاللىقاچان كېلىپ بولغان نۇرنىسا سەۋزىنى توغراۋېتىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى بىر قېتىم ئەسلەپ، بالىلىرىغا تارتىشتى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەلدى. لېكىن، كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆلارنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقى ئۆزىگە مەلۇم ئىدى. شۇڭا، ئوتتەك مېھرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن باستى. مۇشۇ دەم ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن ئاققان تامچىلار قەلەمچە قىلىنغان سەۋزىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى.

تاشقىرىدىكى ئىشىك ئېچىلىپ، چېلەكنىڭ يەرگە قويۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇرنىسا ئېتىكى بىلەن تىزلىرىنى يېپىپ ئولتۇرۇشىغا ئابدۇلئەزىز چېلەكنى قولىدا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. نۇرنىسا ھۆرمەت بىلەن قوپتى.

— ئولتۇرسىلا، — دېدى ئابدۇلئەزىز بولۇڭدىكى كۈپكە سۇنى قۇيۇۋېتىپ، — ئىمام ئاخۇنۇم ئىككى كىشىنى باشلاپ شامدىن يېنىپلا كېلىدىغان بولدى. ئايتۇرا ئەخمەت ئاخۇن بىلەن دەرۋىش ئاخۇن ئاكامنى باشلاپ كەلسە ئىش پۈتىدۇ. ئىككىلىمىز ۋەھىمە ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلىمىز، — دېدى ئابدۇلئەزىز پەس ئاۋازدا.

— خۇدايىم ئېيتقانلىرىنى كەلتۈرسۇن، نىكاھىمىز ئوقۇلۇپ قەشقەردىن پۈتىمىز يۆتكەلمىگۈچە مەن خاتىرجەم بولالمايمەن، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن.

نۇرنىسا ئابدۇلئەزىزنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ، ساقال -

بۆرۆتلىرىنى ياساتقاتلىقىغا دىققەت قىلدى. ئابدۇلئەزىزنىڭ كىچىككىنە سارغۇچ ساقىلى، چاشقان بۆرۆتى تاتىراڭغۇ، ياغاچ يۈزىگە ئانچە ياراشمىغانىدى. ۋاقىتسىز ئاق چۈشكەن چاچلىرى، ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈلگەچ ماڭلايلىرى پارقىراپ قالغانىدى. سالاھىدىنىنىڭ قويۇق ساقال ـ بۆرۆتى بولسا يۇمىلاق بۇغداي ئۆڭ يۈزىگە خېلىلا يارىشاتتى. ئۇنىڭ تەمبەل گەۋدىسى ئالدىدا ئابدۇلئەزىزنىڭ بەستى ھەقىقەتەن كىچىك كۆرۈنەتتى. نۇرنىسانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان سالاھىدىنىنىڭ سىيماسى دەرھال خىيالىدىن يىتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياۋاش، ساددا ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋىجىك، مۆلايىم قامىتى قالدى.

— نۇرنىسا خېنىم، يەنە باشقا قانداق ئىشلار بار؟ مەن شۇلارنىڭ كويىدا بولاي.

نۇرنىسا ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن:

— سەل توختاپ تۇرسىلا، ئايتۇرا كەلسۇن، ئەمدى باشقا ئىشلارمۇ توگىدى. ئىككى كۆڭلەكلىك، چاپانلىق ئېلىپ بەردىلە، ماڭا مۇشۇ يېتىدۇ. قولۇمدىكى ئۈزۈك، بىلەزۈك، قۇلىقىمدىكى سۆكە، بوينۇمدىكى مەرۋايىتلارنىڭ ماڭا ھاجىتى يوق، بۇلارنى سېتىپ يول خىراجىتى قىلساق دەيمەن، — دېدى.

— خېنىم، بۇ سۆزلىرىمۇ توغرا، مەنمۇ سۇ توشۇپ يۈرۈپ بىر ئاز پۇل يىغقانىدىم، خوتەنگىچە يول راسخوتىغا يېتىپ قالار. ئۇ نەرسىلەرنى خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ساتساقمۇ قىينىلىپ كەتمەيمىز. ھازىرچە يانلىرىدا تۇرۇپ تۇرسۇن.

نۇرنىسا ئابدۇلئەزىزنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆردى. شۇ ئارىدا ئىشىك قېقىلدى، ئابدۇلئەزىز ئىشىكنى ئېچىپ ئايتۇرا بىلەن زەيتۇنىخاننى باشلاپ كىردى.

شامدىن يانغان مەھەلدە دەم يېگەن بىر قازان پولۇنى



كۆتۈرۈپ دالانغا ئاچىققان ئابدۇلئەزىز ئۆگزىگە قارىدى. نۇرنىسا، زەيتۇنىخان، ئايتۇرالار تۇغلۇك ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى. نۇرنىسا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ، قىز تويى بولغان چاغدىكى ھاياجانغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئۇ چاغدا بولغۇسى ئېرى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشتىن قورقۇش تۇيغۇسى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولسا، بۇ قېتىم نىكاھى بولغاندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش، بالىلىرىدىن يىراقلاپ كېتىش قايغۇسى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ چاغدا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلىغان، يىغىسى ئۆزىگە ياراشقانىدى. ھازىر ئىچىدە ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.

ئابدۇلئەزىز ئىشىكنى ئېچىپ كوچىغا چىقىشىغا مەسچىت ئىمامى ناتونۇش ئىككى كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئابدۇلئەزىز ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— توي ئىشى ئاللا نەزىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش. ئاۋۋال نىكاھنى قىلىۋېتىپ ئاندىن داستىخانغا ئولتۇرايلى، — دېدى ئىمام ئورۇن ئېلىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن.

— خوش تەخسىر، — ئابدۇلئەزىز ئىمامغا باش ئەگدى. ئىمام ئاخۇنۇم دەرۋىش ئاخۇن بىلەن ئەخمەتنى نۇرنىسانىڭ ۋەكىلى بولۇشنى، ئۆزى بىلەن كەلگەن ئىككى نەپەر ئەھلى مۆمىننى ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋەكىلى بولۇشنى تايىن قىلدى. نىكاھنىڭ ھەممە رەسمىيەتلىرى ئۆتەلدى.

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ، نۇرنىسا بىلەن ئابدۇلئەزىز ئۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق توي ۋە نىكاھ ئىشىنى داۋراڭ قىلمايلا

ئاددىي ۋە مەخپىي ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن يول تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئىككى كۆزى لىق تۇشتۇرۇلغان خۇرجۇننى ئابدۇلئەزىز دولىسىغا ئارتتى. ئۇچىسىغا گۈللۈك شاتاۋار كۆڭلەك، لەمبۇقتىن تىكىلگەن كەمزۇل كىيگەن نۇرنىسا بېشىدىن ـ تاپىنىغىچە ئاق رومال سېلىپ، پۇتىغا كونىراق مەسىنى ساپقاندى. ئۇلار كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ، «خۇدا ئۆزۈڭ بار» دەپ يولغا چۈشكەندە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئالدىدا ئابدۇلئەزىز، ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرنىسا بىلەن ئايتۇرا ياندىشىپ ماڭدى.

ياز سەھىرىنىڭ مەيىن شامىلى نۇرنىسانىڭ رومىلىنى ئۈچۈرۈپ يۈزىنى ئېچىۋەتمەكچى بولاتتى. نۇرنىسا بىر قولى بىلەن رومىلىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئېڭىكى ئاستىدىن ئالماشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. شامال ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئۇپۇقتا كۆرسىتەلمىدى. يولدا ئادەم شالاڭ ئىدى. «بۈگۈن جۈمە، بالىلىرىمدىن ئايرىلغىلى ئۈچ ئايدىن ئاشتى، ئاھ، خۇدا، ئۇلارنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ؟ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرارمەن؟ بالىلىرىمنىمۇ، مېنىمۇ ئۆز پاناھىڭدىن ئايرىمىغىن» دەپ دۇئا قىلدى نۇرنىسا قىزىل دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە بۆشۈكتە يېتىپ قالغان ئوماق قىزى گۈلنىسا بىلەن ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان چىرايلىق قىزى ھۆرنىسانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ. ئۇنىڭ مۇڭ ـ ھەسرەت بۇلدۇقلاپ تېشىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئاققان ياش قىزىل دەرياسىغا يامغۇردەك تۆكۈلدى. «سىلەرگە كىم قاراۋاتقاندۇ، بالىلىرىم؟ گۈلنىسا قىزىم، سەن ھەرقاچان ئانا دىدارىنى ئىزدەپ، ئوغۇز سۈتۈڭنى سېغىنىپ قىرقىراپ يىغلاۋاتقانسەن. سەنچۇ، ھۆرنىسا قىزىم؟ ئۇكاڭ يىغلىسا قوشۇلۇپ يىغلاۋاتامسەن؟ ئانام نەگە كەتكەندۇ، دەپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرامسەن؟ جېنىم بالىلىرىم «ئانا» دەپ

تۇۋلاپ يىغلىساڭلار، كىم كۆز يېشىڭلارنى ئېرتقاندۇ؟ كىم بېشىڭلارنى سىلاپ خېرىدارلىق قىلغاندۇ؟ كىيىمىڭلار يۇيۇقسىز، چاچلىرىڭلار تاراقسىز قالارمۇ؟ بىۋاپا ئاناڭلارنى كەچۈرۈڭلار، خەير، جېنىم بالىلىرىم، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم ...»
شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرنىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايتۇرانى قۇچاقلىدى. كۆز ياشلىرىدا يۇيۇلغان يان بارمىقىدىكى ئاق ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

— ئايتۇرا، دوستۇم، قېرىندىشىم، مۇشۇ يەردىن قايتىپ كەتسىلە، ھېلىمۇ سىلىنى بەك ئاۋارىچىلىككە سالدىم، رەھمەت، خۇدايىم ئامان قىلسا يەنە دىدار كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئىشارەت بىلەن.

ئاخشام قايتىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۈزىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئايتۇرا نۇرنىسادىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي بىللە كېلىۋاتاتتى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدا تۈمەن، جەنۇبىدا قىزىل دەريالىرى غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقاتتى. بۇ دەريالاردىن كۆتۈرۈلگەن سەلكىن شامال قەشقەر شەھىرىگە، پايانسىز دالالارغا ساپ ھاۋا بەخش ئېتەتتى. قەشقەرنىڭ باغلىرىنى، زىرائەتلىرىنى بۇ دەريالار سۇغىراتتى. قىشنىڭ كۈنلىرىمۇ مۇز تۇتماي، ئەينەكتەك سۈزۈلۈپ ئۆركەشلەپ، بۇژغۇن ياساپ ئاقاتتى. پۈتۈن شەھەر خەلقى مۇشۇ دەريادىن سۇ ئىچەتتى. ياز كۈنلىرى بۇ دەريالارنىڭ سۈيى ئۇلغىياتتى. قىرغاقلارنى بۇزۇپ كۆۋرۈكلەرنى ئەكېتەتتى.

نۇرنىسا بىردە دەرياغا، بىردە كەينىدە قالغان قەشقەر شەھىرىگە قىيالمىغان ھالدا ئايتۇرانى قۇچاقلاپ تۇردى.

— ئايتۇرا جېنىم، زەيتۇنىخان ئاچامغا سالىمىمنى

يەتكۈزۈپ قويسىلا، پات - پات بىرىپ باللىرىمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرسىلا، مېنىڭ ئورنۇمدا پېشانىسىگە سۆيۈپ قويسىلا، مەن سىلىدىن ئۆمۈرۋايەت رازىمەن، خەير دوستۇم. ئارقىلىرىغا يانسىلا، — نۇرنىسا ئىما - ئىشارەت قىلىپ، گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايتۇراغا ئۇقتۇردى. ئابدۇلئەزىز قۇچاقلىشىپ تۇرغان بۇ دوستلاردىن قاتتىق تەسىرلەندى.

ئايتۇرا ئۇ تاپشۇرغان ئىشلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن بىر چازا بىلەن بىر تاغاق ئېلىپ، چازىنى نۇرنىسانىڭ چۈۋۈلۈپ كەتكەن چېكە چاچلىرىغا، تاغاقنى بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قىسىپ قويدى. رەڭدار يىپتا توقۇغان ئىككى ئىشتانباغ بىلەن ئىككى تال قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى كەشتىلەنگەن ياغلىقنى يوللۇق تۇتتى.


نۇرنىسانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تارتىشقاندەك بولۇپ، بۇ جۇدالىقتا چىدىيالماي كەتتى. ئۇ ئايتۇرانىڭ باغرىدىن ئاستا سۇغۇرۇلدى - دە، دەرياغا قارىۋالدى. قىزىل دەريا كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك ئۆركەشلەپ جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى. گۈلخاندەك يانغان ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش يۈزىنى بىر پارچە قارا بۇلۇت توسۇۋالغانىدى.

نۇرنىسا مانا شۇ كۈندىن باشلاپ قەشقەردىن پۈتۈنلەي غايىب بولدى.



# ئىككىنچى قىسىم

# ۋەتەندىن يىراقتا



بىرىنچى باب

# كۆزى يامان ئادەم

## 1

قى ـ قى ـ قى ـ قىق !...

ئاخىرقى بىر قېتىم بويۇن سوزۇپ قىچقىرىپ، قاناتلىرىنى كەرگەن چارخوراز قونداقتىن چۈشتى.

ئېگىز چوققىلىرى قار بىلەن قاپلانغان كوئېنلۈن تېغىنىڭ باغرىدىكى تاقىر سايلار، ئوت ـ چۆپلۈك يايلاقلار، تېرىلغۇ يەرلەر، كېسەك تاملىق كەنت ـ يېزىلار ئەمدىگىنە كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرىغا چۆمۈلدى.

قەشقەر شەھىرىگە ئاران توققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بازار ـ رەستىلىرىدىكى دۇكانلارمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئابدۇلئەزىز بىلەن نۇرنىسا بۇ يەرگە كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە يېتىپ كېلىشتى. كوچىلاردا قەشقەر شەھىرىدىكىدەك ئادەملەر مىغ ـ مىغ ئەمەس ئىدى. ئېشەكلىك، هارۋىلىق ياكى مۇرىسىگە چارخۇرجۇن ۋە ياكى كونا چاپىنىنى ئارتىۋالغان دېھقانلار چالىڭ ـ توپا ئۆرلەپ تۇرغان داڭغىل يولدىن پىيادە ئۆتۈپ تۇراتتى. تىجارەتچىلەر ئۆتۈۋاتقانلارغا تەمە بىلەن قارىشاتتى. ياز قۇياشى يەر ـ ئاسماننى قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى. باش ـ كۆزىدىن ئاققان تەردىن كۆڭلىكى هۆل بولۇپ كەتكەن ئابدۇلئەزىز، نۇرنىسا بىلەن بىللە كوچىنىڭ

چېتىدىكى بىر كىچىك سارايغا كىرىپ، ھوجرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. نۇرنىسا سامان قەغەز بىلەن چاپلىنىۋېتىلگەن دېرىزىنى تەستە ئېچىۋىدى، ئۆيگە ۋاللىدە يورۇق چۈشتى. ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس قىياپىتىنى زادىلا يوقاتمىغان بۇ سارايىنىڭ ئات - ئېشەكلەر باغلاپ قويۇلغان ھويلىسىدىن چىلە پۇرىقى كېلەتتى.

— بازاردىن يېگۈدەك بىرنېمە ئەكېلەي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئابدۇلئەزىز.

ئۇ يېرىم سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي قىزىرىپ پىشقان تۆت گىردە بىلەن پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ئەكىردى.

— ساراي ئالدىدا لەڭپۇڭ سېتىۋاتقانىكەن، تولا ئۇسسىتىپ بىئارام قىلامدىكىن دەپ ئالمىدىم، سارايۋەن ھازىر بىر چۆگۈن چاي بەرمەكچى بولدى.

— ئىككى قاچا ئالسىلىمۇ بوپتىكەن. لەڭپۇڭنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەپ كۈلدى نۇرنىسا، — سىلى ئولتۇرۇپ نان يېگەچ تۇرسىلا، مەن ئەكىرەي.

— مەن تۇرغاندا سىلى ئاۋارە بولمىسىلا.

ئابدۇلئەزىز ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇرجۇندىن ئىككى ساپال تاۋاقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كېسىم - كېسىم لەڭپۇڭ ئۈستىگە چاپچەك توغرالغان كۆك تۇرۇپ، پىنتوزا، ياغ لازا، سامساق، دورا - دەرمان سېلىنىپ، ئاچچىقسۇ قۇيۇلغانىدى. نۇرنىسا تاۋاقنى قولىغا ئېلىشىغا، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى، دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلغان مەززىلىك پۇراق ئىشتىيىنى ئېچىۋەتتى، ئۇ يېرىم ناننى لەڭپۇڭ بىلەن يەپ، ئارقىسىدىن پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆش يېدى. مۇلازىم بالا ئەكىرىپ قويغان قۇم چۆگۈندىن ئابدۇلئەزىزنىڭ بىكار بولغان قاچىسىغا چاي قۇيدى. ئارقىدىن ئۆزىگىمۇ چاي قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىغاندا، ئۇنى يەنە غەم

باستى: «مەنغۇ بۇ يەردە سالامەت چاي ئىچىپ ئولتۇرىمەن، ھۆرنىسا بىلەن گۈلنىسا ئاچمىدۇ، توقمىدۇ؟ ھېلىقى تەلەتى سۆرۈن كىشى ئۆيدە نېمە دەپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟ ئاھ، خۇدا، بۇ جاھان ئەجەب بىۋاپا ئىكەن ...»

نۇرنىسانىڭ شۇك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئابدۇلئەزىزنىڭ باغرىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولدى. ئۇ چىرايىدىن مۇڭ ياغدۇرۇپ ئولتۇرغان نۇرنىساغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىۋاتاتتى...

ئابدۇلئەزىز ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ، قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ھېچقانداق ئايالغا كۆز قىرىنى سېلىپ باقمىغان ۋە ئۇنداق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھازىر بولسا كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قېلىۋاتاتتى. نۇرنىسانىڭ ئابدۇلئەزىز تەلمۈرگەندە يەرگە قارىۋېلىشى، كەم گەپ قىلىشى، ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇشى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پات - پات تىزىدىن پەسكە تارتىپ قويۇشى ئۇنىڭ ھايا قىلىۋاتقانلىقىنى، تارتىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئابدۇلئەزىز: «مەندىن نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى. ئۇ نۇرنىسا ئۆزىنى ماڭا ئاتىۋەتكەن، ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغان، قورۇنىدىغان، قىسىلىدىغان يەر يىراقتا قالدى، دەپ بىلىپ، ئۆزىچە ئارىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈۋەتمەكچى بولاتتى. ھەر ئىككىيلەن دەردمەن، دەردمەننىڭ ھالىغا دەردمەن يېتىدۇ. نۇرنىسا ئېغىر كۈندە قالغاندا، ئۇ ھالىغا يەتكەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭ دەردىگە نۇرنىسا دەرمان بولمىسا كىم دەرمان بولىدۇ؟

ئابدۇلئەزىزنىڭ بېشىدا شۇ خىياللار چۆرگىلەۋاتقاندا، نۇرنىسا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ بىر قولىنى بېشىغا، يەنە بىر

قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ يېنىچە ياتاتتى. ئابدۇلئەزىز سۇرۇلۇپ ئۇنىڭ تېقىمىغا تىزىنى تەگكۈزۈپ ئولتۇردى. شۇئان ئۇنى بىر پارچە ئوت كۆيدۈرگەندەك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى: «سەن مەغپىرەت مەندىن يۈز ئۆرۈپ ئۆيىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدىڭ، خۇدايىم مېنى سەندىن ئۈن ھەسسە چىرايلىق لەۋەنگە يەتكۈزدى، كۆرسەڭ نېمە دەپ قالارسەن؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن نۇرنىسانىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن كىگىزگە يېيىلىپ تۇرغان قارا چاچلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ سىقىملاپ، ئىختىيارسىز ئېگىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سەپسالدى. گىلاستەك قىزىل، ئويماقتەك كىچىك ئاغزى چىڭ يۇمۇلغانىدى، تال ـ تال كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئالمىدەك قىزغۇچ مەڭزىدىكى زىنىخى چىرايىغا خۇشخۇيلۇق بېغىشلاپ، ئەگمە قاشلىرى ئۇنى سۇلكەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئابدۇلئەزىزنىڭ نۇرنىسانى سۆيگۈسى كەلدى. قەيىرىگە سۆيۈش كېرەك؟ گۇل غۇنچىسىدەك ئاشۇ زىنىخىغىمۇ ياكى بال تېمىپ تۇرغان لەۋلىرىگىمۇ؟ ئۇ، ھازىر سۆيسەملا بولاتتى، سۆيسەم ھەممە ئىش پۈتەتتى، دەيتتى كۆڭلىدە. ئاخىر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ نۇرنىسانىڭ كۆكسى ئۈستىدىكى قولىغا قولىنى ئۇزارتتى. لېكىن، يېقىن ئەكېلىپلا تارتىۋالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى قىن ـ قىنىغا پاتماي سوقۇپ كەتتى. «ئۆلۈمتۈك، بۇ ساڭا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئايال تۇرسا، نېمىدىن تەشۋىش قىلاتتىڭ؟» دەپ كۆڭلى يەنە ئۇنى جۈرئەتلەندۈردى. ئۇ نۇرنىسانىڭ قولىنى ئاستا تۇتتۇۋىدى، نۇرنىسا چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، ئۆزىگە سۈۋۈشۈپ ئولتۇرغان ئابدۇلئەزىزگە قارىدى. ئابدۇلئەزىز بۇرنى ـ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، «گۇناھكار» قوللىرىنى پۈتلىرىنىڭ ئارىسىغا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى. نۇرنىسا ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. قولىنى ئۇزارتىپ ئېرىنىڭ تىزىغا قويدى... ئۇلار كەچلىك چاينىمۇ ناھايىتى سۆيۈنۈپ

ئېچىشتى. سۆيۈنۈپ ئۇخلاپ قېلىشتى. نۇرنىسا ئەتىسىمۇ تاغدەك يۆلەككە ئىگە بولغاندەك سۆيۈنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇلئەزىزمۇ بۇ لەۋەن خوتۇندىن رازى بولغانىدى.

※ ※ ※

ئۇلار خوتەنگە يېتىپ بارغاندا، ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆيىگە ئوت قويۇپ بېرىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئابدۇلئەزىزنىڭ پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر چوكانىنى ئەكەلگەنلىكىنى مەھەللىدىكىلەر كۆرۈپ ئەجەبلىنىشتى. خوتۇندىن تويۇپ، بۇ چاغقىچە ساراڭ بولۇپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلاپ قالغان كىشىلەر ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولماي تۇرالىسۇنمۇ؟! ئۆزى بىلەن بىللە كۆزدىن يىتىپ كەتكەن مەغپىرەت بىلەن بىللە كەلمەي، باشقا بىر چوكان بىلەن بىللە كېلىشى كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرۇپمۇ قويدى. مەغپىرەت شۇ چاغدا كۆيۈۋاتقان كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپلا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، ئابدۇلئەزىزنى قارغاپ كىشىلەرنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقانىدى. كىشىلەر ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتى. مەغپىرەت قالغان - قاتقان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئۆيىگە توشۇۋالدى. ئاخىرقى قېتىم ئاشخانىدا قالغان ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننى ئىشىكتىن ئاچىققاندا، پاڭچۇ يەكتەك كىيگەن ئۆمەر باينى كۆرۈپ قالدى. باي كۆز يېتىم يەردە قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئىككى تەرىپىگە قارىغان ھالدا ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى. مەغپىرەت ئارقىسىغا يېنىپ، داڭقاننى ئاشخانىغا قويۇپ چىققاندا، ئۆمەر باي ئىشىكنى يېپىپ ئالدىغا كەلدى.

— خېنىم، بۇ نېمە ئالامەت؟ — سورىدى ئۇ بىر قىسمى كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەن ئۆيلەرگە، پېشايۋانغا قاراپ.

— سىلىنىڭ كاساپەتلىرى تەگدى، گادايى، — دېدى مەغپىرەت يىغلامسىراپ، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى.

— مېنىڭ سائادىتىم تەگمەي، كاساپىتىمنىڭ تېگىشى قانداق گەپ؟

ئۆمەر باي مەغپىرەتنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ كۆيۈك پۇراپ تۇرغان ئۆيگە ئەكىردى.

— سىلى مەيلىمنى ئېلىۋالغاندىن بۇيان، بۇ بەدرەڭ كۆزۈمگە جىندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. مەسلىھەتلىرى بويىچە نەچچە كۈندىن بېرى خېتىمنى بەر، دەپ كۆزىگە كىرىۋالغانىدىم. ئۇ مۆرىمەسنىڭ بۇنچىلا ئاچچىقى بارلىقىنى نەدىن بىلەي؟ قېچىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسام ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. قايتىپ كەلسەم ئوت قويۇۋېتىپ ئۆيدىن يوقىلىپتۇ. مانا مەن بىچارە مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئېيتسىلا، كاساپەتلىرى تېگىپتۇمۇ، سائادەتلىرىمۇ؟

مەغپىرەت سۆزلەپ بولۇپ ئۆمەر باينىڭ مەيدىگە نوقۇپ قويدى.

— ئابدۇلئەزىزدىن قۇتۇلغانلىرى — سائادەتلىرى، يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن سىلىنى ھىندىستانغا ئەكېتىمەن. بۇگۈندىن باشلاپ خەقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككىلىرى ئۈچۈن، بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرامدىلا؟ خېنىم، باشلىرىغا سائادەت قۇشى قوندى، ھېلىغۇ بۇ ئۆي ئىكەن، پۈتۈن خوتەن شەھىرى كۆيۈپ كەتسە مەيلى ئەمەسمۇ، قانداق دېدىم؟

سارغىيىپ قالغان مەيدىگە ئۆمەر باينىڭ نەشە پۇراپ تۇرغان ئاغزى تەگكەنلىكتىنمۇ ياكى ئۇنىڭ سۆزى كۆڭلىگە تەگدىمۇ، مەغپىرەت شۈركۈنۈپ كەتتى.

مەغپىرەتنىڭ كېسەلچان ئانىسى نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇۋاتقان قىزىنىڭ قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ كىرمىگەنلىكىدىن

تەشۋىشلىنىپ، ئاستا كوچىغا چىقتى. بىرقانچە كىشى مەسچىتكە شام ئوقۇغىلى كېتىۋاتاتتى. موماي كۆيۈكىنىڭ بۇسى كېلىپ تۇرغان ئوچۇق ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ:

— مەغپىرەتخان، — دەپ خىرقىراپ قىچقىردى.

ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئادەم قېرىغاندا قورقۇنچاق بولۇپ قالامدۇ قانداق، ئانا تىۋۋلاپ ـ تىۋۋلاپ ھارغاندىن كېيىن، ئىشىكتىن كىرىپ قاراپ بېقىشقا پېتىنالماي ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ ئۆيىگە يېنىپ چىقتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەغپىرەتتىن زادى خەۋەر بولمىدى، ئانىسىمۇ ئۆتكەن يىلى سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇرغىنىچە جان ئۈزدى...

مەھەللىدىكىلەر مەغپىرەتنى ئابدۇلئەزىز ئەكەتتى، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى، ئابدۇلئەزىز خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، قوشنىلىرىنىڭ ئۆزىگە گۇمانلىق نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىچى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ: «بۇ يەردە تۇرغىنىمنىڭ پايدىسى يوق ئوخشايدۇ، نۇرنىسانى ئېلىپ باشقا يەرگە كەتسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۆزىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن مەغپىرەت توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنمىدى.

※ ※ ※

نۇرنىسا خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئوت كەتكەن ۋەھىمىلىك ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىماي، ئېرىگە ئۆينى تۇزەشتۈرۈش، ئۆي دېسە ئۆيدەك ھالغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى.

— كەلگىنىمىزگە ئىككى ھەپتە بولاي دېدى، سىلى خىيالغا چۆكۈپلا يۈرىدىكەنلا، نېمە ئويلىرى بار بىلەلمىدىم. مېنىڭچە بولسا ئۆينى ئوڭشاپ ئولتۇرايلى، بۇنداق

ئولتۇرىۋەرسەك قولۇم ـ قوشنىلار نېمە دەپ قالىدۇ؟ كۆز كېلىپ قالدى، سوغۇق چۈشكۈچە ئۆگىنىۋالساق بولاتتى.

نۇرنىسا بېشىنى سىلىپ سۇپىدا ئولتۇرغان ئابدۇلئەزىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى.

— مەن مۇنداق ئويغا كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇلئەزىز، ئۇ نۇرنىسانى نىكاھلاپ ئالغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ «خوتۇن» دەپ ئاتاپ باقمىغانىدى، ئىسمىنىمۇ چاقىرمايتتى. گېپى بولسا ئۇدۇللىغا قىلىۋېرەتتى، — بۇ ئۆيدە مەن قاتتىق ئازار يېگەن، خورلانغان، كۆڭلۈم سۇنغان، بۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن، بۇ يەردىن باشقا يۇرتقا كەتسەك بولارمىكىن ...

نۇرنىسا ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆزىنى دەپلا بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئازابىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

— مەنمۇ سىلىدەك ئويغا كېلىۋاتىمەن، كەتسەك تېزرەك كېتەيلى، سىلى نېمە دېسىلە مەن شۇ.

نۇرنىسا ئېرىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ قۇچاقلىدى. ئابدۇلئەزىز مەڭزىگە نۇرنىسانىڭ ئوتلۇق تىنىقىنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى.

— مەن نېمىلىرى؟ — سورىدى نۇرنىسا.

بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئابدۇلئەزىز تۇزلۇك بىلەن:

— خوتۇنۇم، — دېدى.

— سىلى مېنىڭ نېمەم؟ — يەنە سورىدى نۇرنىسا.

— ئەرلىرى.

خوتۇنىنىڭ كىچىك بالىدەك قىزىق سوئاللارنى سوراۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان ئابدۇلئەزىزنىڭ غەمكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مېنى نېمىشقا خوتۇن، خوتۇنۇم دېمەيلا؟

— دەيمەنغۇ.

ئابدۇلئەزىز قىزىرىپ كەتتى، نۇرنىسا ئۇنىڭ دولىسىغا ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى.

— مېنى ئالغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ خوتۇن دەپ قىچقارغانلىرىنى ئاڭلىمىدىم.

ئابدۇلئەزىز گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— خوتۇن، دەپ باقسىلا، ئېغىزلىرى كېلەمدىكىن؟

ئابدۇلئەزىز كۈلۈۋەتتى.

— بىكاردىن كۈلمەي دەپ باقاملا؟

— خوتۇن.

— هە، ئەمدى جېنىم، دەپ باقسىلا، خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ جېنى.

ئابدۇلئەزىز قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— ئوهۇش، قانداق ئادەم بۇ! ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەرسىمۇ دېيەلمەيۋاتقىنىنى.

— جېنىم خوتۇن، بولدىما؟

— ياق تېخى...

نۇرنىسا يۈزىنى ئابدۇلئەزىزنىڭ گەدىنىگە ياقتى. بۇ چاغدا ئابدۇلئەزىزنىڭمۇ كۆڭلىگە بىر ئوي چۈشتى ـ دە، نۇرنىسادىن سورىدى:

— ئەر خوتۇننىڭ نېمىسى بولىدۇ؟

— جېنى.

— سىلىمۇ جېنىم ئېرىم، دەپ باقسىلا.

نۇرنىسامۇ كۈلۈۋەتتى.

— دېمەيمەن، — دېدى نازلىنىپ.

— قاچان دەيلا؟ — خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى ئابدۇلئەزىز.

— دەيدىغان مۆرىتىدە دەيمەن.

نۇرنىسا ئېرىنىڭ بوينىنى غىدىقلىدى.

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى قاقتى.
ئابدۇلئەزىز بۇ شېرىن سۆھبەتنى بۇزۇۋەتكەن ئادەمنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇردى ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.
ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ! ـــ ئۆمەر باي ئىككى قولىنى ئۇزارتتى.
ئابدۇلئەزىز ۋاقىتسىز كەلگەن بۇ بايغا قاراپ، غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سالقىن كۆرۈشتى.
ـــ جاھاننىڭ نەلىرىنى چۆرگۈلەپ كەلدىڭلا؟ ـــ ئۆمەر باي شۇنداق دېگىنىچە تارتىنمايلا ھوپلىغا كىردى.
ـــ قەشقەرگىچە بېرىپ كەلدىم، ـــ سوسلا جاۋاب بەردى باينىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىشنىمۇ خالىمىغان ئابدۇلئەزىز.
ـــ «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەنىدەك، قەشقەرنى ئايلىنىپ بىر نەرسە چىقمىغاندىكىن، ئاتا مىراس ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ كەپسىلە ـ دە؟
ـــ ھە، شۇنداق بولدى.
ئابدۇلئەزىزنىڭ تەكەللۇپسىزلا سوپىدا ئولتۇرغان باينى ئۆيگە باشلىغۇسى كەلمىدى.
غەربكە قىيسايغان كۆز قۇياشى بۇلۇتلۇق ئاسماندا بىر كۆرۈنۈپ ـ بىر كۆرۈنمەي تۇراتتى.
سوپىغا بىردەم ئاپتاپ چۈشسە، بىردەم سايە چۈشەتتى. ئۆمەرباي قۇرۇپ كەتكەن ئاق ئۆرۈكنىڭ يوپيورماقسىز شاخلىرىغا كۆز سالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەغپىرەت كەلدى. ئابدۇلئەزىزنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە قاراپ «بىلىپ قالدىمۇ، نېمە» دەپ ئويلىغان ئۆمەر باي گەپنى يۆتكەپ:
ـــ مەن يەنە بىر ئايدىن كېيىن كەشمىر، ھىندىستانلارنى ئارىلاپ كەلمەكچىمەن، ئىشەنچلىك بىر ھەمراھقا موھتاج

بولۇۋاتىمەن، سىلىنى بىللە بارامدىكىن، دەپ بوسۇغاڭلارغا قەدەم باسقانىدىم. ئۇ تەرەپلەرگە بارساڭلا، دۇنيانىڭ مۇنداق يېرىمۇ بار ئىكەن، دەپ هاڭ - تاڭ قالىسىلە. قانداق، تومۇرۇڭلار سوقامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئابدۇلئەزىزنىڭ رايىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ.

— كەمبەغەلچىلىكتە ماڭا چەتكە چىقىشنى كىم قويۇپتۇ؟

— ئەتلەس، گىلەم توقۇپ پۇل تاپقىلى بارسىلە.

— توقۇيدىغان شۇ ئەتلەس، گىلەم ئۈچۈن پۇل لازىمدۇ؟ پۇل بولمىسا توقۇغىلى بولماس.

— پۇلنىڭ غېمىنى قىلمايلا قويۇڭلا، — دېدى ئۆمەر باي سىيدام ئېڭىكىنى سىلاپ، — گېپىمگە كىرسەڭلا، مەن بىلەن بىللە ئۇخلاپ چۈشۈڭلاردا كۆرمىگەن ئازادە، كاتتا شەهەرگە بارسىلە. هەممە تېمى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆيگە دۇكاننى ئۆزۈم قۇرۇپ بېرىمەن، يۇڭ، يىپەك دېگەننى ئالدىڭلىغا دۆۋىلىۋېتىمەن، ئەمدى مۇددىئايىمنى چۈشەنگەنسىلە؟

ئابدۇلئەزىز «ئۆمەر باي مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ قانداق؟» دېگەندەك ئۆمەر بايغا قارىدى. بىراق، ئۇنىڭ جاۋاب كۈتۈپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن هېچقانداق غەيرىي مەنە سېزەلمىدى. ئۇ بۇ شەيتان باينىڭ كۆڭلىدىكىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟!

— گەپلىرى راست بولسا مەن ئويلىشاي، — دېدى ئۇ ساددىلىق بىلەن.

ئۆمەر باي قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ئاق ئۆرۈككە يەنە بىر قېتىم كۆز سېلىپ، ئابدۇلئەزىزنىڭ يۇمشاۋاتقانلىقىدىن ئىچىدە خۇش بولدى: «مەغپىرەت توغرۇلۇق مەندىن گۇمانلانمايدىكەنسەن، ئۇ نازىنىن خوتۇنۇڭ ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئوخشايدۇ، يۇمشاقباش بۇرادەر» دەپ ئويلىغان ئۆمەر باي:

— سىلىدىن مەنمۇ كۆپ پايدا كۆردۈم، سىلىمۇ مېنىڭ پايدامنى كۆرۈپ، ئاش - تۈزۈمنى يېدىڭلا، — دەپ ئابدۇلئەزىزنى

ئېرىتىپ گەپ باشلىدى، — قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا، دەپتىكەن، مەندىن كەتسە سىلىگە كېتىدۇ، ھەرگىز پۇلنىڭ غېمىنى قىلماڭلا، باي بولۇش ئۈچۈن جاھاننى كېزىش لازىم. «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ بىر يەردە ئولتۇرىۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟

— مېنىڭغۇ بۇ يۇرتتا پەقەت تۇرغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇلئەزىز، — ئاۋۋال ئوبدان ئويلىناي، ئاندىن جاۋاب بېرەي.

ئۆمەرباي ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆز يۇرتىدىن كۆڭلى قالغانلىقىنى سەزدى.

— قەيەر راھەت بەخش ئەتسە شۇ يەر كىشى ئۈچۈن ئۆز يۇرت، ياخشى ئويلاپسىلە، سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىنى ئاڭلاپ پەتە ئوقۇغاچ ھال سوراپ كېلەي، دەپ كەلگەنىمگە يارىشا ئوبدان پاراڭلاشتۇق، ئەمدى كېتەي.

ئۆمەرباي ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ راملىرى كۆيگەن ئايۋان دېرىزىدىن بىر ئايالنىڭ ماراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمما ئايالنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ: «ئابدۇلئەزىزنىڭ خوتۇنىدىن تەلىيى بار ئىكەن، بۇ قېتىم قەشقەردىن ئەكەلگەن خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىكىسى يىپ ئېشەلمەيدىكەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە نەچچە خىل چوت سوقۇپ كەلگەنىدى. ئۇ تىلىكىگە يارىشا ئەبدۇلئەزىزنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتتى.

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىز خوتەنگە كەلگەندىن بېرى يا قېلىپ قېلىشقا، يا كېتىشكە جەزم قىلالماي، ئۈچىنچى ھەپتىگە قەدەم باستى. ئۆيگە لازىملىق ھەممە نەرسىنى يېڭىباشتىن ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۆينى ئانچە - مۇنچە سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا

چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئابدۇلئەزىز تاشقىرىغا نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى چىقىپ كەتكەندە، ئۆيدە نۇرنىسانىڭ قورققۇسى كېلەتتى. ئابدۇلئەزىز قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان كۈنى مەغپىرەتنىڭمۇ كۆزدىن يىتكەنلىكى ئابدۇلئەزىزنى جامائەتكە گۇمانلىق قىلىپ قويغاچقا، بىئارام بولاتتى. «مەغپىرەت نەگە كەتكەندۇ، ئۇنى كىم ئازدۇرغاندۇ؟ خۇدا جازاسىنى بەرسۇن، قانجۇقنىڭ...» دەپ ئويلايتتى. ئاچىلىرى بىرقانچە قېتىم يوقلاپ كېلىپ ئابدۇلئەزىزگە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە باشقا يەرگە كېتىش ئويىدىن يانمىدى. ئۆمەرباي بىر قېتىم كېلىپ كەتكەنچە قارىسىنى كۆرسەتمىگەنىدى. ئېھتىمال ئۆزى دېگەندەك بىر ھەمراھ تاپقان بولسا، چەتكە چىقىپ كەتكەن چېغى، ئابدۇلئەزىز ئۇنى ئۇچراتمىدى.

ئۈجمىنىڭ زەپىران يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كۈز ئۆتتى. خوتەن دالالىرىنى ئاقارتىپ قىشمۇ چىقىپ كەتتى. ئۈجمىمۇ ئاقىرىپ پىشتى. قۇشقاچلار ئۈجمىنىڭ شاخلىرىدىن كەتمەيدىغان بولدى. ئابدۇلئەزىز تېخىچە ياقا يۇرتقا كېتىش نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن چەت ـ چۆرىسى ئوپۇرۇلۇپ چۈشكەن سۇپىدا ئولتۇرۇپ يەنە شۇ توغرۇلۇق نۇرنىساغا سۆز ئاچتى:

— خوتۇن، — دېدى ئابدۇلئەزىز ئويچان ھالدا، — سىلى دېگەندەك ئۆينى ئوڭلاپ، ئوبدانراق تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرساق بولاتتى. نېمىشقىدۇر بۇ ۋاققا قەدەر كۆڭلۈم بۇنىڭغا تارتماي كەلدى. سىلىنى ئېلىپ يىراقلارغا كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ. ئۆمەربايىنىڭ كەلگىنى ئەسلىرىدە بارمۇ؟ ئۇ چەتكە چىقىپ كېتىش توغرۇلۇق گەپ قىلغانىدى. ئويلا ـ ئويلا شۇ ئۆمەربايىنىڭ ئېيتقىنىدەك چەتكە چىقىپ كېتىشنى توغرا تېپىۋاتىمەن. شۇڭا، قولۇم ئىشقا بارمايۋاتىدۇ.

نۇرنىسا ئېرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلدى. «ئۆمەر باي» دېگەن ئىسىم

قولىقىغا كىرگەندە، ئۇ سەگەكلىشىپ ئابدۇلئەزىزگە تىكىلدى. ئاشۇ كۈنى ئىشىك كەينىدىن قاراپ تۇرغاندا ئوغرىلىقچە ئۆزىگە سەپسالغان قوش ئېگەك، چېقىر كۆز ئادەم ئېسىگە چۈشكەندى. نۇرنىسا كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— مەن سىلىنىڭ خوتۇنلىرى، قەيەرگە بارسىلا شۇ يەرگە بىللە بارىمەن، ئەمما نېمە ئۈچۈنكىن ماڭا ئۆمەرباي كۆزى يامان ئادەمدەك كۆرۈندى. كونىلار كۆزى يامان ئادەمنى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەيدۇ، دېيىشىدىكەن. سىلى شۇ كىشىگە ئىشەنچ قىلالامىلا؟

— ئاللاغا ئىشەنچ قىلىمەن، باشقا كېلىدىغان قىسمەتنى كۆرمەي چارە يوق، سىلىنى بۇ يەرگە تاشلاپ كېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ. مەيلى يامان كۈن كۆرەيلى ياكى ياخشى كۈن كۆرەيلى، بىللە بولساق دەيمەن، — دېدى ئابدۇلئەزىز نۇرنىسانىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ، — ئۆمەرباي جاھان كېزىپ يۈرگەن ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، خۇدا كۆڭلىگە سېلىپ بېشىمىزنى سىيلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

نۇرنىسا بېشىنى لىڭشىتىپ باشقا سۆز قىلمىدى. ئابدۇلئەزىز ئويلىنىپ قالغان خوتۇنىغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇردى.

## 2

بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا، رەستىدە ئادەم كۆپ ئىدى. ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە كېتىۋاتقان كىشىلەر توپىنى تەستە يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆمەر باينىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختىغان ئابدۇلئەزىز پېشانە تەرلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتتى. ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياش ئوتلۇق نۇرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى.

ئۆمەر باينىڭ دۇكىنى بېسىق ئىدى. ئۇ قول ـ قولىغا

تەگمەي خېرىدارلارغا لازىملىق رەخت، نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دۇكىنىدا خاڭجۇنىڭ شىپۇن دۇخاۋىلىرىدىن تارتىپ، ھىندىستاننىڭ دورا ـ دەرمانلىرىغىچە ھەممە نەرسە بار ئىدى. ئابدۇلئەزىز ئەپسىز ۋاقىتتا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۆمەر باينىڭ ئۇنىڭغا قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. باشقا كۈنى كەلسەم بولغۇدەك، دەپ ئويلىغان ئابدۇلئەزىز گۆش، ئوتياش ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى، نۇرنىسا ئايۋاندا ئولتۇرۇپ ياماق ياماۋاتاتتى.

— نېمانداق تېز يېنىپ كەلدىڭلە، ئۆمەر باي بىلەن كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ — دېدى سوئال نەزىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ.

— بۈگۈن بازار ئىكەنلىكىنى ئويلىماپلا بېرىپتىمەن، رەستە تىقما ـ تىقماق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆمەر باينىڭ دۇكىنى ھەممىدىن بەك باس ـ باس ئىكەن، كېيىنرەك كۆرۈشەي دەپ يېنىپ كەلدىم.

ئابدۇلئەزىز نۇرنىساغا گۆش، ئوتياشنى بەردى.

— پۇل ئاز قالغانىكەن، ئۇبدان يېگىلى تۇردۇققۇ، — دېدى نۇرنىسا، — گۆشنى جىڭلاپ ئېلىپ يەپ، ئەتە ـ ئۆگۈن قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ قالمايلى يەنە.

— ۋاي خوتۇن، سىقىپ يالاپ باي بولغۇچە، خۇدا بەرگەن نېمەتنى ئوبدان يەپ كەمبەغەل ئۆتكەنمۇ ياخشى. ئانچە غەم قىلىپ كەتمەڭلا، — دېدى ئابدۇلئەزىز گۆش توغراشقا باشلىغان خوتۇنىنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، ئۇ «بۈگۈن تاپقىنىم بۈگۈنگە ھېساب، ئەتە خۇدا بار، ئاچ قالمايمىز» دەيدىغانلاردىن بولغاچقا، پۇلى تۈگەپ كېتىشتىن ئانچە غەم قىلمايتتى. پۇلى تۈگىگەندە كېسەك قۇيۇپمۇ، تامچىغا لاي ئېتىپ بېرىپمۇ، سۇ توشۇپمۇ جېنىنى جان ئېتىپ كېتەلەيتتى. ئۇ ئەمگەك قىلىشتىن قىلچە قورقمايتتى. گىلەم، ئەتلەس توقۇش بولسا ئاتا مىراس كەسپى ئىدى.

كۈن تازا تىكلەشكەندە ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە ئاپتاپ چۈشتى. بىر چاغلاردا باغدەك ياشناپ تۇرىدىغان بۇ كەڭ ھويلىدا دەل ـ دەرەخ تۇگۇل، ئۇنۇپ قالغان كوكاتمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇلئەزىز ھويلىغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇ بەلبېغى بىلەن تەرىنى ئېرتىپ نۇرنىسا ئەكىرگەن لەڭمەننى ئىشتىھا بىلەن يېدى، ئوتتۇرا تاۋاق ئاش سۈيىنى ئىچىپ بولۇپ راھەتلىنىپ يانپاشلىدى. قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپ كىرگەن نۇرنىسا پېشى يىرتىلىپ كەتكەن ياغلاڭ تونىنى ياماشقا كىرىشتى. ئابدۇلئەزىز تونىنىڭ پېشىدىن تارتىۋىدى، يىڭنە تونىنىڭ باشقا يېرىگە سانجىلىپ قالدى، نۇرنىسامۇ تونىنى ئۆزىگە تارتتى.

— بىردەم يېتىپ كۆز يۇمۇۋالايلى.

— ياتىدىغان كىشى يېتىۋەرسۇن، مەن ئىش قىلىمەن.

— ھازىر ئىش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

— نېمە قىلىدىغان ۋاقىت؟ — ئېرىگە كۈلۈپ قارىدى نۇرنىسا.

— يازنىڭ چۈش ۋاقتى يېتىپ ئۇخلايدىغان، تاتلىق چۈش كۆرىدىغان ۋاقىت، — ئۇ شۇنداق دەپلا نۇرنىسانىڭ بېلىدىن قاماللاپ ئۆزىگە تارتتى.

— ۋايجان، ئاغرىتىۋەتتىڭىز، — نۇرنىسا نازلىنىپ تولغاندى.

— چىقىپ كەتكەن بولسا جايىغا سالىمەن، سۇنۇپ كەتكەن بولسا موميا بىلەن تۇتقۇزىمەن، قورقمىسىلا، خوتۇن.

خوتۇن خۇشخۇي بولسا مۆڭ ئەرنى كۈلدۇرەلەيدۇ، دېگەندەك، نۇرنىسا ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاقلىرى، شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئابدۇلئەزىزنى گەپدان قىلىپ قويغانىدى. بۇگۈنمۇ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان گېپىگە شۇنداق جاۋاب بېرىپ مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى.

نۇرنىسا ئۇيغانغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئويغىتىشقا كۆزى قىيماي، بېشىنى تەكچىيەگە قويدى. تاشقىرىدا قاراڭغۇ جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى...

※ ※ ※

ئابدۇلئەزىز ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆمەر باينى ئىزدەپ باردى، دۇكاندا ئۇنىڭ شېرىكى بىلەن ھېلىقى تاز خىزمەتچىسى ئولتۇراتتى.

— باي قەشقەرگە كەتتى، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى تاز خىزمەتچى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا. ئۇ ئابدۇلئەزىزنى مەسخىرە قىلغاندەك ھىجىيىپ، باينىڭ شېرىكىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئابدۇلئەزىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمايلا كەينىگە ياندى.

ئۆمەر باينى كۈتكەنسېرى ئابدۇلئەزىزنىڭ خوتەندىن تېزرەك كەتكۈسى كېلەتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا سوغۇق چىراي بىلەن قارايتتى، نۇرنىسامۇ ئۆزىدىن ياتسىرىغان قوشنىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىدى. كوچىغا چىققان چاغلىرىدا ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇشقان قوشنىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراپ شەرەتلىشىپ مىيىقىدا كۈلۈشكىنىنى سېزەتتى. «نېمىشقا ئارىغا ئالمايدىغاندۇ؟ كەلگىنىمىزگە يېرىم يىلدىن ئېشىپ قالدى، بىرەر كىشى ئۆيىمىزگە پۇتىنى تىقىپ، قانداقراق ئولتۇرۇۋاتىسەن، دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئابدۇلئەزىز بۇرۇن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانمىكىن، يا مېنى كەلگۈندى ئايال، دەپ قېلىشتىمىكىن.» نۇرنىسا شۇنداق ئويلىغانسېرى كۆز ئالدىغا بالىلىرى كېلەتتى. قايتىپ كەتسىچۇ؟ ياق، سالاھىدىن ئۇنى بوغۇزلىۋېتىدۇ، خەقمۇ

ئېرىنى، بالىلىرىنى تاشلاپ كەتكەن ئايال دەپ قارا سانايدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى پېشانىغا پۈتۈلگەننى كۆرۈش كېرەك. ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېغىر تىنىدى.

نۇرنىسا بالىلىرى ئېسىگە كەلسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى، ئېرى يېنىدا بولسىلا ئۇنىڭغا گەپ قىلاتتى، ئېرى بولمىسا بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، يا ئوتۇن ياراتتى، يا ياماق يامايتتى، يا بولمىسا ئاشقا قوپاتتى. ئىشقىلىپ، بالىلىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەسلىمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئابدۇلئەزىز كۆپىنچە ئۆيدە بولاتتى. ئۇنىڭ بەزىدە گىلەم، ئەتلەس توقۇغۇسى، نۇرنىساغا ئۆگەتكۈسى كېلەتتى، ئەمما بۇ ئىشقا كىرىشىپ قالسىلا يەنە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئويلاپ ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولاتتى ـ دە، يالتىيىپ قالاتتى. ئىچى پۇشقان چاغلاردا نۇرنىسانى ئېلىپ بازارغا چىقاتتى. لەڭپۇڭ، سامسا ئېلىپ بېرەتتى. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ ئۆيگە يېنىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇلارنىڭ كۈنلىرى شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى.

پەيشەنبە ئاخشىمى ئىدى. ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇنى يەپ بولغان ئابدۇلئەزىز داستىخاننى يىغىۋاتقان نۇرنىساغا:

— ئاش بەك تېتىدى، — دېدى رازىمەنلىك بىلەن، — خۇدايىم ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىلى ئەتكەن ئاشنى يېگىلى نېسىپ قىلسۇن.

— دېگەنلىرى كەلسۇن، — نۇرنىسا كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، — سىلى مەندىن راستىلا رازى بولسىلا، بۇ ئۆينى تۈزەشتۈرۈۋالساق بولاتتى، — دېدى قارىيىپ كەتكەن تورۇسلارغا كۆز سېلىپ، — بىلەمزۈك، ئۈزۈكلىرىمنى ساتساق لايچىلىق ئىشلىرىغا يېتەتتى. بۇنداق ئولتۇرغىنىمىزغا قاراپ كىشىلەر گەپ تاپمامدۇ؟

ئابدۇلئەزىز نۇرنىسانىڭ ئۆينى تۈزەپ ئولتۇرۇش تۇغرۇلۇق بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق مەسلىھەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ دېدى:

— بۇ ئۆي ئاتا - ئانامدىن ماڭا مىراس قالغان، تۈزەپ ئولتۇرساق بولىدۇ، خوتۇن. ئۆتكەندە ئېيتقىنىمدەك، ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىش خىيالى كۆڭلۈمنى ئىگىلىۋالدى، ئىككىنچى كەلمەسمەن دەپ قەشقەرگە كەتكەنىدىم. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن يەنە كېلىپ قالدىم. شۇ مەرەز خوتۇنىدىن كۆڭلۈم بەكلا قالغانىكەن، قايسى تەرەپكە قارىسام، ئۇنىڭ شۇم تەلەتى كۆرۈنگەندەك بولۇپ سەسكىنىپ كېتىمەن، خۇدايىم ياخشى نىيىتىڭلىغا يەتكۈزۈپ، باشقا جايدىن كۆڭلىمىز ئارام ئالغۇدەك ماكان بېرەر، سەۋر قىلىپ تۇرايلى.

— ئەر نەدە بولسا خوتۇن شۇ يەردە، — دېدى نۇرنىسا ئابدۇلئەزىزنىڭ مەيدىسىگە يېنىچە يۆلىنىپ، — باشقا يەرگە كېتىش ئارزۇلىرى بولسا مەن ھېچنېمە دېمەيمەن. ھازىر ياز، سوغۇق چۈشكۈچە بارىدىغان يېرىمىزگە بېرىپ ئورۇنلىشىۋالغىنىمىز ياخشى.

ئابدۇلئەزىز نۇرنىسانى باغرىغا چىڭ باستى.

— ياشاشتىن ۋاز كەچكەن مەندەك مۆڭ ئەرنى خۇشخۇي، گەپدان قىلىۋەتتىڭلە، كۆزۈمنى ئېچىپ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىتتىڭلا...

نۇرنىسا ئېرى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقاندا، ئۆزىنى بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلگەندەك ھېس قىلدى...

تۈن پەردىسىنى يىرتىپ سۈبھى يورۇدى. ئۇلار بامداتنى ئوقۇپ، ئۇپۇق يۈزى چوغدەك قىزىرىپ يالقۇنلاشقا باشلىغاندا چاي ئىچىشكە ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ئىشىك قېقىلدى. ئابدۇلئەزىز دوڭۇلداپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئۆمەر باينىڭ چاكىرى

مەتتۇرسۇن ئابدۇلئەزىزگە.

— باي سىلىنى قىچقىرىپ كەلگىن دەپ ئەۋەتتى، — دېدى مەتتۇرسۇن. ئۇنىڭ قۇماق باسقان بېشىغا چۇمكەپ كىيگەن تۇمىقى ياغلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ تۇماق ئۇنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن شور ئۆرلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بېشىدىن چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەييارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— باي قەشقەردىن قاچان كەلدى؟ — سورىدى ئابدۇلئەزىز.

— ھە، قەشقەردىن دەمسىلە؟ — ئۆتكەن كۈنى ئابدۇلئەزىزگە يالغان ئېيتقىنى مەتتۇرسۇننىڭ ئېسىگە چۈشۈپ جاۋاب بەردى، — كەلدى، ئاخشام كەلدى.

— مېنى چاقىرغىلى ئۆمەر باينىڭ خىزمەتكارى كەپتۇ، بېرىپ كېلەي، — دېدى ئابدۇلئەزىز تونىنى كىيىپ.

— تېزرەك قايتىپ كەلسىلە.

نۇرنىسا ئېرىنىڭ ئۆمەر باينىڭ يېنىغا يەنە بارماقچى بولغىنىنى خالىمىغاندەك، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

## 3

ئۆمەر باينىڭ تۆت خوتۇنى تۆت قورۇدا تۇراتتى. ئۇنىڭ تىل - ھاقارىتىنى تولا ئىشىتىپ يۈرىكى زېدە بولۇپ كەتكەن چوڭ خوتۇنى غەم - ھەسرەتتىن خالىي بولالمىغاچقا چېچىمۇ بىمەھەل ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆمەر باينىڭ ئاتا مىراس ھويلىسىدا تۇراتتى؛ ئۇزاق زامان ئاشنا تۇتۇپ، ئاخىر ئەمرىگە ئالغان ئىككىنچى خوتۇنى باشقا بىر مەھەللىدىكى ھويلىدا، كۈنلىرىنى ئۆمەر باينىڭ يولىغا قاراپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئۆتكۈزەتتى، كۈنداشلىقىنىڭ قاتتىقلىقىدىن سىل بولۇپ

قالغـاندەك ياداپ، چىـرايى سارغـيـيـپ كەتـكەنىدى؛ ئـۇچىـنچـى خوتۇنى بولسا ئۆمەر باينىڭ ھەپتىدە بىـر قېتىـم كىرگۈزگـەن بىرەر ـ يېرىم جىڭ گۆش، بىرەر ياغلىق تـۇرۇپ ـ چامغۇرغـا گول بولۇپ، ئاغرىنىپمۇ، خۇشاللىـنىپمۇ كەتمـەي، ئۆزىنىـڭ بىلگىنىنى قىلىپ ياشايتتى؛ ئۆكتەم، ھازازۇل، چىرايلىقلاردىن بولـغان تۆتىـنچى خـوتـۇنى مەنـىـسا خېـنـىملا ئـۆمـەر باينـىـڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. ئۇ ئۆمەر باي ھەر قېتىـم كەلگـەندە ئۇنىـڭ گۆشلۈك ياڭىقـىنى موتـاپ، مەيدىسـىنىڭ سېرىق تۈكـلىرىنـى يۇلـۇپ: «بۇنىڭدىن كېيىـن گۆشنـى جىقـراق ئـەكېلـەي، كـۆن ئاشۇرۇپ يېنىڭلىدا بولاي، بولدى خوتۇن، ئەمـدى بولدى، ماڭـا بۇنداق زۇلۇم قىلماڭلا» دېگۈزۈۋېتەتتى. چۈنكى، ئۇ خوتەنىنىـڭ مـۇئـاۋىن ۋالـيـىسىنـىـڭ قىزى ئـىـدى، شۇڭـا ئـۆكـتـەمـلـىـك قىلالايتتى. ئۆمەر باي قېيىنئاتىسىغا سوۋغـا ـ سالام ئەۋەتـىپ تۇراتتـى. بۇنىڭ بـەدىلـىـگـە باج ـ سېلـىق يېـنـىكلـەپ، چـەت مەملىكەتكە چىقىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان يول خېتىنىمۇ ئاسـان ئالالايتتى.

ئـۆمەر باي بـالـىچاقـىـلىرىغـا بېخـىـل بولغـىـنى بىـلـەن بۇرادەرلـىـرىـگە ۋە ئۆزى خـېـرىدار بولـغـان مال ئـىـگـىسـىـگـە، باجگىرلارغا سېخىي ئىدى، ئۇنداق كىشىلەرنى كۆپىنچە مەنىسا خېنىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان قىلاتتى. «ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيـىلار» دېگەن يەرگە كەلتۈرۈپ، ساتىدىغان نەرسىنى كۆڭلىگە پۈككـەن باھادا ساتـالايـتتى. ئـالـىدىغـان نـەرسـىـنـىمۇ ئـەرزان بـاھـادا ئالالايتتى. شۇڭا، كىشىلـەر ئاتا مـىـراس لەقىمـى «قاقشال» نـى ئۇنـىڭ ئـېتىـغـا قوشۇشـتـىن كـۆرە، «شـەيـتان» نـى قـوشـۇپ ئاتايتتى.

ئابدۇلئەزىز پاكىز سۈپۈرۈلگەن كەڭ ھـويلىغـا كىرگەنـدە، پېـشايۋاندا ئـۆزىنى يەلـپۈپ ئولتـۇرغان ئۆمەر بـاي ئورنىـدىن تۇردى.

— ھە، كېلىڭلا، كېلىڭلا، بۇرادەر، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئابدۇلئەزىزنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

ئۆمەر باي داستىخان سالدۇرۇپ تورلىشىپ پىشقان بىر چىلگىنى پىچتى. يېرىمىنى كەتمە - كەتمە قىلىپ تەخسىگە تىزدى - دە، ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىغا قويدى. قالغان يېرىمىنى شۇ پېتى ئاشخانىغا كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— ئاغىچا خېنىم، ناۋاتنىڭ ئۆزى ئىكەن، بىر يەۋېلىڭلا، — دېدى. لەگمەن سوزۇۋاتقان مەنىساخان:

— ئەجەب يوغان نەرسە ئەكىرىپلا، ئاۋۇ يەرگە قويۇپ قويسىلا، — دەپ بوينىدا شاپتۇل قېقىۋېدى، كۆكسى لىغىلداپ كەتتى. كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن ئۆمەر باي ئارقىسىغا يېتىشىغا، مەنىساخان ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلدى، — سۆيە ئوغرى! — دېدى يۈزىنى ئۇستۇن قارىتىپ، — بىرنى سۆيۈۋېتىپ چىقىپ كەت، گاداي، سېنى دەپ ئاش ئېتىۋاتىمەن.

ئۆمەر باي كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان مەنىساخاننىڭ سامساق ھىدى پۇراپ تۇرغان ئاغزىغا بىرنى سۆيدى - دە، سىلكىنگەندەك بولۇپ ئىتتىك ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— ئۆلمەيدىغان ئىنسابسىز، — قانائەت قىلمىغان مەنىساخان ئېرىنى تىللاپ تۇرۇپ ئاشنى قازانغا سالدى.

ئۆمەر باي ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىدىكى تەخسىنىڭ قۇرۇۋقدىلىپ قالغىنىنى كۆردى. بىرلا سىيرىپ بىر تىلىم چىلگىنى يەۋەتكەن مەتتۇرسۇنغا گۆلەيگىنىچە پىيالىگە چاي قۇيدى.

— قەنت سالاي، — دېدى ئۇ قولىنى قەندەلگە ئۇزارتىپ.

— ياق، ياق، شۇنداق تاتلىق چىلگىنى يېگەن تۇرساق، چاي قۇيمىسىلىمۇ بولاتتى، قەنت سالمىسىلا.

— ناۋات سالاي، — دېدى ئۇ تەخسىگە قولىنى ئۇزارتىپ.

— ياق، باي ئاكا، مۇشۇنداقلا ئىچەي، — دېدى

ئابدۇلئەزىز قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن پىيالىنى بېسىپ.

— ها ـ ها ـ ها... سىلىزە ئوبدان دەملەنگەن چاينى ساپ پېتى ئىچىپ ئۆگىنىپ قاپلا ـ دە، مەنمۇ شۇنداق، ياخشى دەملەنگەن سىنچايغا قەنت، ناۋات سېلىپ ئىچىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن.

— شۇنداق، شۇنداق، باي غوجام، — دېدى مەتتۇرسۇن قۇماق باسقان بېشىنى سول قولى بىلەن تاتىلاپ، — قەنت سالسا چاينىڭ تەمى بۇزۇلىدۇ.

— راست دېدىڭ، مەتتۇرسۇن، — دېدى ئۆمەر باي چاكىرىنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمەي، — يۈگۈر، ئىشتەي دورىسىنى ئاچىق.

— ماقۇل، باي غوجام.

مەتتۇرسۇن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ چىقمىغانسېرى ئۆمەر باي بويۇنداپ قاراپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا، مەتتۇرسۇن كۆلگەن پېتى چىقىپ كەلدى.

— مانا، باي ئاكا، — دېدى قولىدىكى ساپال خۇمرىنى داستىخاننىڭ چېتىگە قويۇپ، — ئۆز قولۇم بىلەن قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— ئۆزۈم قۇيۇپ بېرىمەن.

ئۆمەر باي خۇمرىنى قولىغا ئالدى، قۇيۇلغان مۇسەللەس كۆپۈكلىنىپ پىيالىگە تولدى.

— قېنى ئىچىۋەتسىلە، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن.

— ئۇزاق بولدى، ئىچمىگەنىدىم، باي ئاكا، بۇگۈنمۇ ئىچمەي، رەھمەت، — ئۆزرە ئېيتتى ئابدۇلئەزىز.

— مۇسەللەس ئىشتەينى ئاچىدۇ، مەست قىلىپ قويىدىغان هاراق ئەمەس. بۇنى ئايالالارمۇ ئىچىدۇغۇ، پۇتۇن ـ سۇرۇك ئوغۇل بالا تۇرۇپمۇ مۇسەللەس ئىچمەيمەن دېسىلە كىشى كەينىچە كۈلمەمدۇ؟ قوللىرىغا ئالسىلا، هە، قېنى ئىچىۋەتسىلە.

كۆپۈكلىرى تىنىپ سارغۇچ ھالغا كەلگەن مۇسەللەستە ئابدۇلئەزىزنىڭ ساقال باسقان يۈزىنىڭ ئەكسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىرايى پۇرلىشىپ تۇراتتى.

— ئىچسىلە، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن، ھاراق پادىشاھتۇر، مۇسەللەس ۋەزىر، بوزا پاسكىنادۇر، نەشە بىنەزەر، دېگەندەك، مۇسەللەس پادىشاھقا ۋەزىر بولۇشقا لايىق خوتەننىڭ شېرىن شەربىتى. ئىچمىسىلە خاپا بولىمەن، ئۆيلىرىگە بارغاندا مەنمۇ سىلىنىڭ چايلىرىنى ئىچمەيمەن جۇمۇ .

ئابدۇلئەزىزگە ئۆمەر باينىڭ بۇ گەپلىرى تەسىر قىلدى. ئۇ سۇمۇرۇپ - سۇمۇرۇپ پىيالىنى يېرىملىتىپ داستىخانغا قويدى.

— سىلى دېگەن ئوغۇل بالا، يەنە كېلىپ خوتەنلىك، قالغىنىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتسىلە، خۇش بولاي.

ئابدۇلئەزىز سەسكىنىپ تۇرۇپ مۇسەللەسنىڭ قالغان يېرىمىنىمۇ ئىچىۋەتتى.

— ھە، يارايلا، بىر پىيالە ئىچكەندە گال ئېچىشقاندەك بولىدۇ، ئىككىنچى پىيالىنى ئىچكەندە قىزىغاندەك بولىدۇ، ئۈچىنچى پىيالىنى ئىچكەندە مۇسەللەس ئېغىزغا تېتىيدۇ، تېتىغۇچە ئىچىمىز.

ئۆمەر باي ئۆزى بىر كۆتۈرۈۋېتىپ، ماڭا قۇيارمىكىن دەپ تەمە قىلىپ تەمشەلگەن مەتتۇرسۇنغا قارىمايلا، پىيالىنى تولدۇرۇپ ئابدۇلئەزىزگە سۇندى.

ئىچمەيدىغان ئادەم پىيالىنى قولىغا ئالماسلىقى كېرەك، يۈز كېلەلمەي قولىغا ئالغانىكەن، ئىچمىسە نامەردلىك بولىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى پىيالىنى قايتۇرغىلى بولمايدۇ. دۇنيادا ھاراق ئىچىدىغانلار ئەنە شۇ سەۋەبتىن كۆپىيىدۇ.

ئۈچىنچى پىيالە بوشىغاندىن كېيىن، ئابدۇلئەزىزنىڭ يۈزى

قىزىرىپ ئېسىلىشقا باشلىدى. ئۆمەر باي تۆتىنچى قېتىم پىيالىگە مۇسەللەس قۇيۇۋاتقاندا، ئاشخانىدىن مەنىساخاننىڭ قىچقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆمەر باي ئاشخانىغا كىرىپ كېتىشىگە، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتكەن مەتتۇرسۇن مۇسەللەستىن پىيالىگە تولدۇرۇپ قۇيۇپ ئىككى قېتىم ئىچىۋالدى. ئۆمەر باي ئىككى چىنە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىرىنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى، سوۋۇپ قالمىسۇن، باقسىلا.

ئابدۇلئەزىز ئاچچىق لازىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان لەڭمەننى ئىچىگە تارتىپ ـ تارتىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاغزىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى يۇتۇپ ئولتۇرغان مەتتۇرسۇن ئۆمەر باينىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاشخانىدىن بىر چىنە لەڭمەن ئاچىقتى.

مۇسەللەس تولغان پىيالە يەنە قولغا ئېلىندى.

— باي ئاكا، بولارمىكىن، بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ، — دېدى قاپاقلىرى بوياپ قويغاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئابدۇلئەزىز يېلىنغان ھالدا.

— بولارمىكىن دېگەنلىرى نېمىسى؟ مەن سىلىنىڭ قانچىلىك ئىچىدىغانلىرىنى بىلمەمەن ئەمەسمۇ؟ مەغپىرەتخان ئەمرىلىرىدىكى چاغدا مۇشۇنداق مۇسەللەسنى يالغۇز ئىچىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بولغانغۇ، تېخى ئىچىمىز، — دېدى ئۆمەر باي ئابدۇلئەزىزنىڭ كونا يارىسىغا تۇز سېپىپ.

— ئۇ مەرەزنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، باي ئاكا، — ئابدۇلئەزىز پىيالىدىكى مۇسەللەسنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ، ئاچچىقلانغان ھالدا دېدى، — خۇدايىم ئۇ توخۇ پوقىنى كۆزۈمگە كۆرسەتمىسۇن. مەن بىلەن ئىچىشنى خالاپ قالغان بولسىلا قۇيىۋەرسىلە.

— مۇنداق دېسىلە، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن، قۇيمامدىغان، — ئۆمەر باي خۇمرىنى كۆتۈرۈپ پىيالىگە شىرقىرىتىپ مۇسەللەس قۇيدى، — بىر دانىشمەن دۇنيادا ئۈچ خىل ئاۋاز ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ دەپتىكەن. بىرسى، سانىغان پۇلنىڭ شىتىرلىشى؛ ئىككىنچىسى، پىيالىگە قۇيۇلغان شارابنىڭ شىرقىرىشى؛ يەنە بىرسى ئايال كىشىنىڭ نازۇ كەرەشمىلىك ئىڭىرىشى ئىكەن. بۇ ئۈچ خىل ئاۋازدىن ھۇزۇر ئالالمىغان ئادەم ئەمەس، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن، ئىچسىلە.

ئابدۇلئەزىز ئىچىۋەتتى، ئىچىۋېرىپ چېھرىدە كۈلكە پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

كۈن غەربكە قىيسىيىپ، ئاپتاپ مېھمانخانىدىن ھويلا ئىشىكى تەرەپتىكى تامغا يۆتكەلگەنىدى. دېرىزە ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، شامال بولمىغاچقا ئەتراپ دىمىق ئىدى. چىۋىنلەر داستىخان ئۈستىدە گىژىلدايتتى، مەتتۇرسۇننىڭ قورۇپ تۇرغىنىغا قارىماي ھېلى تەخسىدىكى قەنت ئۈستىگە قونسا، ھېلى قەندەلدىكى مۇرابباغا قانتى چىلىشىپ ئۇچالماي قالاتتى. ھەممىدىن يامان بولغىنى ئۇنىڭ گەدىنىگە قونۇۋېلىپ يارىسىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. مەتتۇرسۇن چىدالماي ھەدەپ ئىككى قولى بىلەن پېشانە، گەدەنلىرىگە قونغان چىۋىنلەرنى قورۇيتتى.

ئابدۇلئەزىز تونىنى سېلىۋەتتى. ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چوتا كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن پېشانە تەرلىرىنى سۈرتتى. كەيپ بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ شۇنداق ئېيتقۇسى كەلدىمۇ، ئۆمەر باي سورىغۇچە ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىنى، خوتۇنىنى ماقۇلغا كەلتۈرگىنىنى ھېجىيىپ تۇرۇپ دەۋەتتى. مۇسەللەس ئۇنىڭ كۆڭۈل ساندۇقىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇ توختىماي سۆزلەپ، مەغپىرەتنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى، تۇتقان ئائىلىسىنىڭ

سورۇلۇپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كەتكەنلىكى، ئەپكەش بولۇپ كۈن كەچۈرگەنلىكى، ئاخىر شەپقەتلىك خۇدانىڭ ئۇنى گۈزەل، ۋاپادار ئايالغا يەتكۈزگەنلىكى، خوتەنگە قايتىپ كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇر بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتقانلىقى... ھەققىدە بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى. ئۆمەر باينىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ بىر كىچىك تەخسىدە قىيما كاۋاپ ئاچىقتى. پىيالىگە تولدۇرۇپ مۇسەللەس قۇيۇپ ئابدۇلئەزىزگە تۇتتى:

— ئىچسىلە، بۇرادەر، ئىچسىلە، دەردىمىزنى مۇشۇنىڭ بىلەن يېنىكلەتمىسەك نېمە بىلەن يېنىكلىتىمىز؟ ئۆزلىرى قولى گۈل كاسىپ. ماڭا ئوخشاش كۆڭۈللىرىدە كىر يوق، شۇڭا ئۆزلىرىنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە جاپا تارتىپ خارلانغاندىن كۆرە، چەت ئەلدە راھەت كۆرگەن ئەۋزەل، سىلىگە ياردەم قىلىمەن، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن، قېنى ئىچسىلە.

بۈگۈن ئۆمەر باينىڭ ئابدۇلئەزىزنى ئۆيىگە ئاتايىتەن چاقىرتىپ كېلىشى ئۇنى چېكىپ بېقىش ئىدى، گەپ كۆتكەن يەردىن چىققاندا ئۇ نېمىدەپ خۇشال بولمىسۇن؟! «سېنى كۆزدىن يوقىتىپ چىرايلىقىڭدىن ئۆزۈم ھوزۇرلىنىمەن، مەغپىرەتنى پۇل قىلغانىدەك خېنىمىڭنىمۇ پۇل قىلىپ يېنىپ كەلسەم كىم سۈرۈشتە قىلاتتى» دەپ ئويلايتتى ئىچىدە خۇش بولۇپ.

ئۆمەر باينىڭ ھويلىسىغا كېچىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى قانات يايدى. مۇسەللەس ئۈستىگە نەشە چېكىپ غەرق مەست بولۇپ كەتكەن، ماڭغۇچىلىك ھالى قالمىغان ئابدۇلئەزىزنى بىر قولىدىن ئۆمەر باي، بىر قولىدىن مەتتۇرسۇن يۆلەپ ئۆيىگە ئەكەلدى. كوچا قاراڭغۇ ئىدى. ئاسمان بۇلۇتلۇق بولۇپ يامغۇر شامىلى چىقىۋاتاتتى.

ئۆمەر باي ئىشىكنى چەكتى:

— كىم؟ — ئايالنىڭ قولاققا يېقىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بىز، خېنىم، ئىشىكنى ئاچسىلا، ئابدۇلئەزىز ئاخۇننى

ئەكەلدۇق.

زۇلمەت باسقان هويلىدا قورقۇپ ـ تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان نۇرنىسا ئەر كىشىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇردى ـ دە، چىراغنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. رومىلىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنى يوشۇرۇپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى دەلدۈگۈنۈپ تۇرغان ئېرىنى ئىككى ياندىن يۆلەپ تۇرغان ئۆمەر باي بىلەن مەتتۇرسۇندىن چۆچۈگەن هالدا.

— قورقمىسىلا، خېنىم، — ئۆمەر باي جىنچىراغ غىل ـ پال يورۇتۇپ تۇرغان نۇرنىسانىڭ غەمكىن چىرايىغا قادالدى، — هېچنېمە بولغىنى يوق، ئازراق مۇسەللەس ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى، يولدا يىقىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزۈم ئەكەلدىم.

ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ چاغقىچە هاراق ياكى مۇسەللەس ئىچىپ مەست بولۇپ قالغىنىنى كۆرمىگەن نۇرنىسانىڭ كۆزىگە سالاهىدىن كۆرۈنگەندەك بولۇپ، تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆمەر باينىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى، شۇڭا ئارتۇق گەپ قىلىشنى خالىماي:

— هەر نېمە بولسا ئەكېلىشكەنلىرىگە رەهمەت، ئاۋارە بولۇشۇپلا، — دېدى ئېرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تاياندۇرۇپ. ئابدۇلئەزىز نۇرنىسانىڭ مۈرىسىگە ئېسىلدى.

— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئابدۇلئەزىز ئاخۇن بىلەن بىللە سەپەر قىلماقچى بولغانلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر هەمشىرىگە ئىگە بولغاندەك خۇرسەن بولدۇم. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن هەشقاللا ـ رەهمەتلىرىنى جىق ئېلىش نىيىتىم بار، — دېدى بوسۇغا ئالدىدا سەل ئېگىلىپ تۇرغان ئۆمەر باي ئۆزىنى ئەدەپلىك كۆرسىتىپ، — ئابدۇلئەزىز ئاخۇننىڭ بۇ ۋەيرانە ئۆيىنىمۇ مەن نەق پۇلغا ئېلىپ قويماقچى بولدۇم، ئىككىمىز لىللا پۈتۈشتۇق. ئىسسىق كۆتۈرۈلۈپ، غاز ـ

ئۆردەكلەر جەنۇبقا يول ئالغاندا بىزمۇ ئاتلىنىمىز، ئاڭغىچە ئوبدان يەپ ـ ئىچىپ تەييارلىق قىلىۋېلىشىلا.

نۇرنىسا ئېرى بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. بۇنى سېزىپ تۇرغان ئۆمەر باي ئۇنى باشقا ئويغا كەلتۈرۈپ قويماي دېدىمۇ، ئىنتىلىپ تۇرغان كۆڭلىنى بېسىپ، نۇرنىسادىن كۆزىنى ئالدى.

— خەير، يەنە يوقلاپ كېلىمەن، — ئۆمەر باي بېشىنى سەل ئېگىپ كەينىگە ياندى، مەتتۇرسۇنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۆمەر باينىڭ نەشتەردەك سانجىلىپ قارىشىدىن شۈركۈنۈپ كەتكەن نۇرنىسا يېنىك تىن ئالدى، يۈرىكى يەنىلا ئەنسىزلىنىك بىلەن سېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىنى ئەكىرىپ پېشايۋاندا ياتقۇزۇپ، ئۆزىمۇ يېنىدا ياتتى. تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ ياتقان ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاغزىدىن سېسىق پۇراق كېلەتتى. نۇرنىسا ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭغا ئۆمەر باينىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، تېنىگە تىترەك ئولاشتى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈردى.



## ئىككىنچى باب

# ئۆچ ئېلىش

## 1

نۇرنىسا هاۋا رەڭ پەردىسى ئىككى يانغا قايرىپ قويۇلغان، بىر قانىتى سەل ئوچۇق تۇرغان، كاۋا چېچىكى رەڭگىدە سىرلانغان دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ يولغا قارىدى. يۈزىگە چۈشكەن كۈننىڭ نۇرىدىن مۇڭلانغان كۆزلىرى قىسىلدى. ئۇنىڭ بۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئون نەچچە قېتىم كېلىشى ئىدى. كۆزلىرى ئۇدۇلدىكى ئېگىز قەۋەتلىك بىناغا ئەمەس، ئاپتوبۇس، تىرامۋاي، پىكاپلار ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغان ئادەملەر توپىدىن كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. «يەنە يوق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈمە چاچلىرى مۈرىسىدىن ئات يالىدەك سىيرىلىپ ئالدىغا چۈشتى، — ماڭا دەپ قويماي نەگە كەتكەندۇ؟ تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەنچە بۈگۈن كۈن قايرىلدى، خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت...»

ئۇ ئاخشام ئابدۇلئەزىزنى كۈتۈپ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋېتىپ ئۇخلىغانىدى. قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتكەنچە، كۆڭلى تارتماي، تۈزۈككىنە چايمۇ ئىچمىدى. چۈشتىمۇ بىر نەرسە يېمىدى. ئۇ بىردەم سافادا ئولتۇرۇپ ئويغا چۆمەتتى، بىردەم دېرىزىدىن قارايتتى. ماشىنا، ئادەم... ئادەم، ماشىنا...

ئۇنىڭ كۆزى ئېلىشىپ دېرىزىدىن نېرى بولاتتى ـ دە، ئۆزىنى سافاغا تاشلايتتى.

ئۇ بۇ قېتىم دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. دېڭىز تەرەپتىن ئۇرۇلغان شامال چاچلىرىنى يەلپۈتەتتى. قورقۇنچلۇق خىيالدىن يۈرىكى مۇجۇلاتتى، ئوڭ قاپىقىمۇ تىنىماي تارتىشۋاتاتتى، بىئارام بولاتتى. ئۇ مۇشۇ سىنچىلاپ قاراشتا مىغىلداپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر ئىچىدىن ئابدۇلئەزىزنى ئاسانلا تونۇۋالالايتتى.

نۇرنىسا تازا سەپسېلىپ قاراپ تۇرغاندا، تاڭ سەھەردە ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتكەن قاباھەتلىك چۈش ئېسىگە چۈشتى: ئۇ بىر ئۆستەڭ بويىدا تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرىدىكى دەرەخلەر ناھايىتى ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەچكە يەرگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان بىر ئادەم ئابدۇلئەزىزنى ھەيدەپ كەلدى. نۇرنىسا ئالدىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئېرىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى، ئەمما پۇتلىرى مىخلىنىپ قوزغىلالمىدى. ئابدۇلئەزىز كۆۋرۈككە چىقتى. شۇ چاغدا ئۇنى كەينىدىكى ئادەم ئىتتىرىۋەتتى، ئابدۇلئەزىز ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان لاي سۇغا يىقىلدى، چۆكۈپ كېتىپ، يەنە سۇ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ قوللىرىنى ئۇزارتىپ كۆۋرۈككە ئېسىلدى، نىقابلانغان ئادەم ئۇنىڭ قولىغا تەپتى، ئابدۇلئەزىزنىڭ قولى كۆۋرۈكنىڭ شادىسىدىن ئاجراپ يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ سۇدىن باش چىقىرىپ «نۇرنىسا، نۇرنىسا !» دەپ توۋلىدى، دولقۇن ئۇنى شۇئان يۇتۇپ كەتتى. سۇ ئىچىدىن «نۇرنىسا، نۇرنىسا !» دېگەن ئاۋاز يېنىشلاپ ئاڭلانغاندەك بولدى. نۇرنىسا ھەرقانچە قىلىپمۇ قەدىمىنى يۆتكىيەلمىدى. ۋارقىرىدى. ھېلىقى ئادەم نىقابىنى يۈزىدىن ئالدى. ئۇ سىيدام يۈزلىرى پارقىراپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بۇ كىشى ئۆمەر باي ئىدى. ئۆمەر باي نۇرنىساغا قاراپ ھىجىيىپ، يېقىنلاپ كەلدى. نۇرنىسا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى ئۆستەڭگە

چۇشـۇرۇۋەتتى. ئۆمـەر باي سۇغا بىـر چۆكـۈپ چـىقىـپ «ئـاھ، رەھىم قىلىسىلا، خـېنىم» دېگىنىـچە ئىككىنچـى كۆرۈنمـىدى. قاتتىق چىققان شامالدىن تۆكۈلگەن غازاڭلار نۇرنىسانى كۆمـۈپ تاشلىدى...

ئاخشام كۆرگەن بۇ چۈشىدىن نۇرنىسانىڭ تېنىـگە تىتـرەك ئـولاشتى. ئـۇ دېـرىزىدىـن ئـېگىـلـگەن بـېشـىنـى كـۆتـۈرۈپ چاچلىرىنى كـەينىگـە تاشلىـدى، يۈرىكى سـېلىـپ گـۈپۈلدەشكـە باشـلىدى. قـەدىـمىنـى ئـاستا يـۆتـكەپ، دەلدۈگـۈنـۈپ كېلـىـپ كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلىـدى. «ئاھ، خۇدا، بۇ ياقا يۇرتتا ئـېرىمگـە ئۆزۈڭ پاناھ بولغايسەن» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

※ ※ ※

نۇرنىسا توققۇزىنچـى ئاينىـڭ ئوتتۇرىـلىرىدا ئـابدۇلئەزىـز بىلەن خوتەندىن يولـغا چىقـقانىدى. ئـۇ ئۆز ۋەتىنـىنى تاشـلاپ كېتىۋاتقىنىغا قاتتىق ئازابلاندى. ئابدۇلئەزىزنىڭ هـەسرەتلـىك چىرايىدىن ئۇنىڭمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بـىلگىلى بولاتتـى. ئەمدى نېمىمۇ قىلالىسۇن؟! ئۇلار ئۆمەر باينىڭ دەۋىـتى بىلـەن يولغا چـىقىپ بـولغانـدى، ئابدۇلئـەزىزنـىڭ قـورۇ - جايـىنـى ئەرزانلا ئېلىۋالغان ئۆمەر باي: «ماۋۇ ئىككى يۈز سەر كۈمۈشنى نەق ئېلىپ تۇرۇڭلا، قالغىنىغـا چەت ئەلگـە بارغاندىـن كېيىـن مال ئېلىپ بېرىمەن، بىز ئەمدى بىر تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق. ئادەمنىڭ يېنىـدا نەق پۇل تۇرسـا كۆزىنى قىـزارتىدۇ. مەن پـۇل ساقلاپ ئـۆگـەنگەن ئـادەم، مـەندە ئامـانـەت تۇرۇپ تۇرسـۇن. يـا بولمىـسا هازىرلا بـېرىۋېتـەيمۇ؟» دېگـەندە، «يوقـسۇ، سىلـىدە تۇرغـىنى ئـوبـدان، يولدا يـىـتتۇرۇپ - تـارتـتۇرۇپ قويمـاي» دېگـەندى ئابـدۇلئەزىز. ئـۇنىڭ قـويـۇن يانچـۇقـىدا مىـڭ سـەر كۈمۈش بېرىدىغانلىقى هەققىدىكى ئۆمەر باينىـڭ تىلـخېتى بـار بولغاچقا، كۆڭلىمۇ توق ئىدى.

ئۆمەر باينىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭ مېلى ئارتىلغان تۆگىلەرنىڭ گاھى ئالدىدا، گاھى كەينىدە مېڭىپ، قۇم تاشلىق چۆللەردىن، قارلىق تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتتى. ئۇلار لاداخ يولىنى بېسىپ گىرگىتقا كەلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئارام ئېلىشتى. ئاندىن ماشىنا بىلەن كاراچىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ شەھەر خوتەندىن كۆپ ئىسسىق ئىدى، يېلىڭ چاپانمۇ ئادەمگە ئېغىر كېلەتتى. كاراچىدا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، پاراخوتتا بومبايغا كەلگەنىدى. ئۆمەر باي ئۆزىگە تونۇش بولغان مۇسۇلمانلار مېھمانخانىسىغا چۈشتى، ئابدۇلئەزىز بىلەن نۇرنىساغا ئۈچىنچى قەۋەتتىن ئۆي ئېلىپ بەردى. ئۆزىنىڭ قايسى قەۋەت، قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دېمىدى. لېكىن، ئۇ ھەر كۈنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ياتىقىدا چاي ئىچەتتى، تاماق يەيتتى.

— بىز ئاكا ـ ئىنى بولۇپ قالدۇق، — دەيتتى ئۇ، — باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمشىرىمىز نۇرنىسا خېنىمنىڭ قولى ئەپلىك ئىكەن، تۇك ئوچاقنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، نېمە يېگۈمىز كەلسە ئېتىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم لەززەتلىك تاماق يەۋاتىمىز، ھەم پۇلنى ئىقتىساد قىلىۋاتىمىز، ئاشخانىدىن تاماق يېسەك پۇل كۆپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

— سىلى بىزنىڭ ئاتىمىز ئورنىدا، باي ئاكا. سىڭىللىرى نۇرنىسا نېمە يېگۈلىرى كەلسە شۇنى ئېتىپ بېرىدۇ، قانداق خىزمەتلىرى بولسا پېقىرغا بۇيرۇۋەرسىلە، سىلى بىلەن رەستە كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ بۇ شەھەر ماڭا خېلى تونۇشلۇق بولۇپ قالدى، — دەيتتى ئابدۇلئەزىز ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

نۇرنىسانىڭ بۇ ئادەم بىلەن زادى خۇشى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئابدۇلئەزىزگە تۇيدۇرماي ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىنى پەقەت ياقتۇرمايتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى ئىچىگە بىر يامان نىيەت يوشۇرۇنغاندەك بىلىنەتتى. خوتەندە دەسلەپكى

قېتىم كۆرگەندىلا «كۆزى يامان ئادەم ئىكەن» دېگەن تەسىراتقا كەلگەن نۇرنىسا ئۆمەر باي ياتاققا كىرسىلا بېشىغا رومال سېلىۋالاتتى.

— سىڭلىم، ئاكىلىرىڭىزنىمۇ ئۆزلىرىنى قاچۇرامدىلا؟ مەن سىلىنى ھەمشىرىدەك كۆرىمەن ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى ئۆمەر باي. ئۇ نۇرنىسانىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ خۇپسەن بولۇۋالاتتى، نۇرنىسا جاۋابمۇ بەرمەي داستىخان سالاتتى.

— مۇشۇ ئادەمنى باشلاپ كىرمىسىلە بوپتىكەن، — دەيتتى نۇرنىسا ئېرىگە، — كۆرسەملا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىدىغان بولۇپ قالدى.

— خوتۇن، ئۇنداق دېمەڭلا، يامان بولىدۇ، — دەيتتى ئابدۇلئەزىز، — شۇ ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يەرگە كەلدۇق، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسەك تۇزكورلۇق قىلغان بولىمىز. بىر يىل ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ سودا – سېتىقنى ئۆگىنىۋالايلى، ئاندىن ئۇنىڭدىكى پۇلىمىزنى ئېلىپ، شاگىرت دۇكان ئايرىغاندەك، مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا تىجارەت باشلىسام توغرا قىلغان بولىمەن. خۇدايىم ئۆزى بىرنېمە دەر، خوتۇن، غەم يېمەڭلا. ئەگەر بۇ يەردىن باشقا يەرگە كەتكۈڭلا كەلگەن بولسا كېتەرمىز.

— كەتسەكمۇ يۇرتىمىزغا كېتەرمىز، — دەيتتى نۇرنىسا نارەسىدە قىزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ. ئۆمەر بايدىن يىراق تۇرۇش خىيالى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ، ئېرىگە دائىم شۇ توغرۇلۇق گەپ قىلاتتى.

ئۆمەر باي ئابدۇلئەزىزلەرنى ئېلىپ خوتەندىن يولغا چىققاندىلا: «ئولجا قولۇمغا كىردى. ئۇلار مېنىڭ ئالقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەپ ئويلىغانىدى، — ھازىرچە ئىشنى بۇزۇپ قويماي، ئابدۇلئەزىز تازىمۇ بىر مەتۇ نەرسە، بۇ يەردىمۇ ئوت قويۇپ بېرىدىغان ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن، مەغپىرەتتىن ھەم كۆڭلۈم خۇش بولغان، ھەم قولۇمغا پۇل كىرگەنىدى.

نۇرنىسادىن كۆڭلۈم تېخىمۇ خۇش بولىدۇ، قولۇمغا تېخىمۇ كۆپ پۇل كىرىدۇ، ئابدۇلئەزىزنى كۆزدىن يوقاتساملا ئۇ مېنىڭ ...»

ئۆمەر باي بومبايغا كەلگەندىن كېيىن، پەيت تېپىپ ئابدۇلئەزىزنى جايلىۋېتىش كويىدا بولدى. ئۇ نۇرنىسانىڭ ئۆزىگە زادى مايىل بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە «بۇ چىڭ خوتۇن ئىكەن، ئېرىگە بۇنداقمۇ سادىق خوتۇننى كۆرمەپتىكەنمەن، ئابدۇلئەزىزنى ئۇجۇقتۇرالىسامالا، ئۇ نەگە بارالايتتى» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ بۇ ئىشنى قىلىشتا، سادىق چاكىرى مەتتۇرسۇننىڭ قاراملىقىغا تايانماقچى بولغاچقا، ئۇنى خوتەندىن ھەمراھ قىلىپ ئەكەلگەنىدى.

ئۆمەر باي بومبايدىكى مۇسۇلمانلار مېھمانخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر يۈز يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە مەتتۇرسۇن بىلەن بىللە ئورۇنلاشقانىدى. ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئىككى يۈز ئون يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئابدۇلئەزىز، نۇرنىسالارنى كۈندە نەچچە قېتىم يوقلاپ تۇراتتى. نۇرنىسانىڭ دەملىگەن چېيىدىن، مەززىلىك تاماقلىرىدىن ھۇزۇر، لەززەت ئالغان ئۆمەر باينىڭ شەھۋانىي نەپسى كۈندىن ـ كۈنگە تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئۆمەر باي ئۈچىنچى ئايغا قەدەم باسقاندا كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پېيىگە چۈشتى.

## 2

ياۋرۇش ئاغزى يۇمشاق، مېھماندوست ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى بومباي شەھىرىنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايوندا بولۇپ، دورىپۇرۇشلۇق قىلاتتى. دۇكىنىدا دورا ـ دەرمانلارنىڭ ھەممە خىلى تېپىلىدىغان بولغاچقا دۇكان ئالدىدىن خېرىدار ئۈزۈلمەيتتى.

ئۇ خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندە، ئالدىغا كىرگەن

ئادەمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— جانابىي ئۆمەر بايغا سالام، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولغاي، — ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئوبدانلا سۆزلەپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزارتتى.

— ياۋرۇش جانابلىرى، ئامان ـ ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ — ئۆمەر باي ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى. تاپان بېسىپ كىرگەن مەتتۇرسۇندىن گىلەمنى ئېلىپ ياۋرۇشقا سۇندى، — ھەر قېتىم كەلسەم جانابلىرىنى ئاۋارە قىلىمەن، كۆپ ياردەم قىلدىلا، يەنە سىلىنى پاناھ تارتىپ كەلدىم، — ئۆمەر باي پەشتاختا ئالدىدىكى سافاغا چاپلىشىپ، ياۋرۇش ئۇزارتقان چاينى ئىچىشكە باشلىدى.

ئۆمەر باي دادىسى ئۇنى ھىندىستانغا ئاچىقىپ بومبايدا تۇرغاندا ياۋرۇش بىلەن تونۇشقانىدى. بۇنىڭغا ئون بەش يىل بولدى. ئۇ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياۋرۇش بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. ياۋرۇش ئۇنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىنى سېتىپ بېرەتتى، تىللا ـ تەڭگىلىرىگە مال ئېلىپ بېرەتتى. ياۋرۇش ئۆمەر باينىڭ ئاتىسى ھايات چاغدا قەشقەرگە بىللە كېلىپ چىنىباغ تەرەپتە دورىپۇرۇشلۇق دۇكىنىنى ئاچقانىدى. كېيىن ھىندىستانغا يېنىپ كېلىپ يۇرتى بومبايدا بالىچاقىلىق بولۇپ، بۇ دۇكانىنى ئېچىپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتاتتى. شۇلارنى بىرقۇر ئەسلەپ قالغان ياۋرۇش:

— مالنى كۆپ ئەكەللىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆپ ئەمەس، — دېدى ئۆمەر باي مۇغەمبىرانە كۈلۈپ.

ياۋرۇش ھىندى تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەۋاتقان ئۆمەر باينىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاران چۈشىنەتتى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ پەشتاختىغا قويۇپ قويغان گىلەمگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — سىلى كەلگەن چاغلىرىدا رازى بولغۇدەك كۆتەلمىدۇق. مەن قەشقەردىكى ۋاقتىلىرىمدا رەھمەتلىك ئاتىلىرى مېنى نەچچە قېتىم قوي سويۇپ

چاقىرىۋالغانىدى.

— بۇ يەرنىڭ بىر پىيالە چېيى ئۇ يەرنىڭ بىر قاچا شورپىسىغا تەڭ دېيىشىدۇ، — ئاق پاكىزە يەكتەك، بېشىغا قارا لېنتىلىق ئاق شىلەپە كىيگەن ئۆمەر باي ئۆزىنى سۆلەتلىك تۇتۇشقا تىرىشاتتى، — ئەگەر بومبايدا سىلى بولمىغان بولسىلا بۇ يەرگە كەلمىگەن بولاتتىم. بىز ئۇيغۇرلاردا «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دېگەن گەپ بار. سىلى مېنىڭ بىر تۇغقىنىم بولۇپ قالغان ئادەم، سىلىدىن يوشۇرغۇدەك سىرىم يوق.

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، مەنلا ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا قولۇم كۆكسۈمدە.

ئۆزىگە سەپسىلىپ تۇرغان ئۆمەر باينىڭ چىرايىغا قانداقتۇر مەككارلىقنىڭ كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىغان ياۋرۇش سەگەكلەشتى، لېكىن چىرايىدىكى كۈلكىسىنى يوقاتماي گەپ كۈتتى.

— بىر يېقىن بۇرادىرىم مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تەسىر قىلىدىغان ئۆتكۈر زەھەردىن بىرنەچچە مىسقال تېپىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى...

— كۆپ ئەپسۇس، مەندە بۇنداق نەرسە يوق.

ياۋرۇشقا بەكمۇ ئىشەنچ قىلىپ كەلگەن ئۆمەر باي ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تەرى تورۇلدى.

— ئۆزلىرىدە بولمىسا باشقىلاردا يوق ئەمەستۇ؟ جانابلىرىغا پۇل بېرىپ قويسام ئېلىپ بەرسىلە مىننەتدار بولاتتىم.

— جانابى ئۆمەر باي، مەن بۇ ئۆمرۈمگىچە زەھەر سودىسى قىلىپ كۆرمەپتىكەنمەن، خاپا بولمىغايلا، — ياۋرۇش كەسكىن جاۋاب بەردى. ئۇ زەھەرلىك دورا ساتىدىغانلار ھازىرقى كۈندە پاش بولۇپ قالسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. گىلەمنى قولى بىلەن ئۆمەر باي تەرەپكە ئاستا سۈرۈپ قويدى.

ئۇنى ئۆچۈپ كەتكەن ئۆمەر باي گىلەمنى مەتتۇرسۇنغا كۆتۈرتۈپ:

— رەھمەت، ياۋرۇش جانابلىرى، باشقا يەردىن ئىزدەپ باقاي، — دېدى - دە، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. «ئەمدى ساڭا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان مال يوق، مال بىلەن پۇل بولسىلا ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۆمەر باي كوچا ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇ پۇل ئالدىدا ھەرقانداق ئادەمنى مەنسىتمەيتتى. بومباينىڭ بۇ كوچىسىدا لەمپىلىك كىچىك دۇكانلار كۆپ ئىدى.

ئۇلار ئالا قويماي ھەربىر دۇكانغا باش تىقىپ ئۆتۈشتى. ئىزدىگىنى يوق بولۇپ چىقتى. ئۆمەر باي ئاخىر يەنە بىر تونۇشى مانىك بىنتونىڭ دۇكىنىغا كىردى. بۇ سودىگەر بىلەنمۇ دادىسى ھايات چاغدا قەشقەرگە مال سېتىۋالغىلى بارغاندا تونۇشۇپ قالغانىدى.

ئۆمەر باي مال ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى. مالغا قىزىققان مانىك بىنتو ئاخىر زەھەر بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. باھادا ئۇزاق تالاشقاندىن كېيىن، ئۆمەر باي ئىزدىگەن نەرسىگە ئىگە بولۇپ قايتتى.

※ ※ ※

ئۆمەر باي زەھەر تاپقىنى بىلەن مۇۋاپىق پەيتنى تاپالماي، كۈنلەرنى ئىچى تىتىلداش بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. زەھەرنى قەيەردە، قانداق چاغدا بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا جىق باش قاتۇردى. باش قاتۇرغانسېرى نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى قورقۇنچ باستى. نۇرنىسا خىيالىغا كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ، ئابدۇلئەزىزنى تېزرەك ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئىستىكى قورقۇنچ ئورنىنى ئېلىپ، ئۇنى قاراملىق قىلىشقا ئالدىراتتى. ئۆمەر باي ھەر كۈنى چۈشتە تاماق يەپ بولۇپلا

ئۇخلايتتى. كەچقۇرۇنلۇقى مەتتۇرسۇننى ئەگەشتۇرۇپ، ئابدۇلئەزىزنى كەينىگە سېلىپ بازار ئارىلايتتى. ئۇ ماللىرىنى سېتىپ بولغان بولسىمۇ، مال ئېلىشقا ئالدىرىمايتتى. ئۇ كۆتكەن مال ئېلىش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ يەردە مال قىش پەسلىدە قىممەتلەپ، ياز پەسلىدە ئەرزانلاپ كېتەتتى. بۇنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ئاشۇ قايناق ياز پەسلى كەلگۈچە نۇرنىسانىمۇ پۇل قىلىپ ئۆزىنى يەڭگىللەتمەكچى ئىدى. ئۇ بىر ئىشقىلا ئالدىرايتتى، شۇ ئىشنى بىجىرىۋالسىلا، باشقا ئىشلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى.

سافاغا چۆكۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئۆمەر باي ئىشىك تۈۋىدە نەشىنى يىمىرىپ ئولتۇرغان مەتتۇرسۇندىن مەسلىھەت سورىدى:

— ئېيتقىنا شورباش، ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

— ھەي باي ئاكا، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بولغاندىكىن، بۇرۇنراق دېسىلە بولمامدۇ؟ بۇ ئۇنچىۋالا باش قاتۇرىدىغان ئىش ئەمەس. ھاراق ئالسىمىز، ئابدۇلئەزىز تولدۇرۇپ ئۈچ جام ئىچكەندىن كېيىن، خۇدىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ، شۇ چاغدا تۇيدۇرماستىن جامغا زەھەرنى سېلىۋېتىمىز، ئابدۇلئەزىز ئىچىپ ئۇخلاپ قالىدۇ ياكى بولمىسا ھوشىنى يوقىتىدۇ. يېرىم كېچىدە ئاچىقىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتسەك ئىش تۈگەيدۇ، — دېدى مەتتۇرسۇن بېشىنى قاشلاپ.

ياتاق ئۆي تىنچىق ئىدى، قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن شامال ئەمەس، تىكلىنىشىپ قالغان كۈننىڭ ئىسسىقى كىرىپ تۇراتتى.

— ماۋۇ مەسلىھەتنىڭ جايىدا، — دېدى باي، — بۇ زەھەر ئىچىش بىلەنلا تەسىر قىلمايدۇ، ھۇجرىدا ئىچۈرسەك تېخىمۇ بولماس، دېڭىز بويىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە ئىشنى توغرىلايلى، لېكىن بۇنى ئىنس - جىن ئۇقماسلىقى كېرەك. بېشىڭ تاز بولغان بىلەن ئۆزۈڭ ئەقىللىك جۇمۇ. بۈگۈن

پەيشەنبە، ئەتە جۈمە ئۆتسۈن. شەنبە كۈنى شامدىن كېيىن ئابدۇلئەزىزنى باشلاپ دېڭىز بويىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە بارايلى.

ئۆمەر باي مەتتۇرسۇنغا هاراق قۇيۇپ بەردى.

— سېنىڭ مۇشۇ قۇماق بېسىپ كەتكەن بېشىڭنى بىر داۋالىتىپ قوياي، — دېدى ئۇ بېشىنى قاشلاپ ئولگۇرەلمەيۋاتقان خىزمەتكارىغا، — بۇ يەردە تازىنى هۆددىگە ئېلىپ ساقايتىدىغان ئىنگلىز دوختۇرلار بار.

— خۇدايىم مۇرادلىرىغا يەتكۈزسۇن، غوجام، — مەتتۇرسۇن قورسىقىنى سىلاپ ئولتۇرغان ئۆمەر باينىڭ پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى، — بېشىمنىڭ تېشى تاز بولغىنى بىلەن ئىچى ئالتۇن، بىلىۋاتقانلا.

### 3

ئابدۇلئەزىز هىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ خوتەن، قەشقەرگە هېچ ئوخشىمايدىغان باشقىلا بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى بىلدى. هەممە نەرسە غەلىتە كۆرۈنۈپ بۇ ئىسسىق دىيارغا ئۇستىخىنى چۇشمىدى، ئىشتىيى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن تۇرسا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟! سەۋر قىلىش كېرەك. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بايدىكى پۇلنى ئېلىپ، مال سېتىۋېلىپ قايتىپ كەتسە بولىدۇغۇ. خوتەنگە كەتمىسە، كۇچا، ئىلى تەرەپلەرگە كېتەر، ئۇ يەردە نەگىلا بارسا ئۆز ۋەتىنى، هەممىلا نېمىسى تونۇش...

— كەلدۇق، پۇشايمان قىلغىنىمىز بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئۆمەر بايدىن پۇلنى ئېلىپ سىلى دېگەندەك ئۆز ئېلىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېتەرمىز. تولا مالال بولمىسىلا، — دەيتتى نۇرنىسا ئېرىگە تەسەللى بېرىپ.

ئابدۇلئەزىزنىڭ بىردىنبىر خۇشلۇقى نۇرنىسا ئىدى.

نۇرنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇرسىلا بېشىغا چاڭگال سېلىنىۋالغان غەم قۇشى پۇررىدە ئۇچۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن نۇرنىساغا بولغان مېھرى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆمەر باي بىلەن كوچا ئايلانغاندا خىيالى نۇرنىسادا بولاتتى، ئىتتىكرەك قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇسى كېلەتتى.

ئۇ ئۆمەر باي بىلەن رەستە - بازارلارنى تولا ئارىلاپ بەكمۇ زېرىككەنىدى. بولۇپمۇ ئۆمەر بايغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يېرىم كېچىگىچە قىمارخانىدا بولۇش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى.

— مېنىڭ قىماردىن ئامىتىم بار، بۇمۇ باي بولىمەن دېگەن ئوغۇل بالا ئۆگىنىپ قويىدىغان چوڭ سودا، كۆزۈڭلارنى پىشۇرۇپ قويۇڭلار، — دەيتتى ئۆمەر باي. ئۇ قىماردا ئۇتقان كۈنلىرى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كېتەتتى، ئۇتتۇرغان كۈنلىرى چىرايىدىن قار ياغاتتى. ئۇتسىمۇ، ئۇتتۇرسىمۇ ھاراق ئىچەتتى، ئابدۇلئەزىزنى ئىچىشكە زورلايتتى. قاۋاقخانىلاردىكى بۇزۇق ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىگە بېشىنى قويۇپ يېتىۋالاتتى، ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن يىرگىنەتتى.

ئۆمەر باي تېخىچە ئابدۇلئەزىزنىڭ پۇلىنى بەرمىگەنىدى. بۇ توغرۇلۇق زادى ئېغىز ئاچمايتتى. ئۇ پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى، كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ بارماقتا ئىدى.

ئابدۇلئەزىز بۈگۈن باينىڭ «بازارغا چىقمىز» دەپ ئۆزىنى چاقىرىپ كىرمىگەنلىكىگە خۇشال بولدى. ئۇ مېھمانخانىنىڭ يېنىدىكى گۆش، ئوتياش ساتىدىغان دۇكاندىن تاماققا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىردى.

نۇرنىسا ئابدۇلئەزىزنىڭ لەڭمەننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا كۈن ئارىلاپ لەڭمەن ئېتەتتى. ئۆمەر باي بەزىدە مانتا، پولۇ ئەتمەپتۇ دەپ كايىپمۇ قوياتتى. ئەمما، تارىدەك سوزۇلغان لەڭمەننى يەپ ھوزۇرلانغاندىن كېيىن:

— قولى تاتلىق ئايالنىڭ قايناتقان داغ سۈيىمۇ تاتلىق

بولىدۇ - دە، — دەپ ماختاپ كېتەتتى.

نۇرنىسا تاماقنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئابدۇلئەزىز ئۈچۈن ئېتەتتى. مانا ھازىر ئېرىنىڭ قولىدىن گۆش، ئوتياش ئالغان نۇرنىسا خېمىرنى پىلتا قىلىپ بولۇپ قورۇما قورۇدى.

نۇرنىسا ئۈچىسىغا سېرىق گۈلى بار قىزغۇچ گىرىپتىشىندىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ئاق شايى ئىچ كۆڭلىكى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياقىسى تۇمار شەكلىدە ئويۇلۇپ تىكىلگەن كۆڭلىكىدىن نۇرنىسانىڭ ئاپپاق بويىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە مېھرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قىزىرىپ كەتتى - دە، يېقىملىق بىر نەزەر تاشلاپ پىلتىنى سوزۇشقا تۇتۇندى.

— باي ئاكام كىرمىدى، مەن قىچقىرىپ كىرەي، — دېدى ئابدۇلئەزىز ئورنىدىن تۇرۇپ.

— كىرمىسە نېمە بوپتۇ، ئىككىمىز ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ يەۋالايلى، قىچقىرمىسىلا، شۇ ئادەم كىرسە نېمە ئۈچۈندۇر ئاش يېگەندەكمۇ بولمايمەن.

— خوتۇن، بۇ ئادەمنى مەنمۇ ياقتۇرمايمەن، مىجەزى غەلىتە ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ بېشىمىزنى سىلىدى، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن بۇ يەرگە كەلدۇق، يامانلىق قىلغىنى يوققۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغان كىشى يوق، ھەممىمىز ئوخشاش مۇساپىر، قىلغىنىمىزنى بىلەر، بىلمىسە ئاللا بىلسە بولدى، — ئابدۇلئەزىز ماڭماقچى بولۇۋىدى، نۇرنىسا ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى:

— قىچقىرمىسىلا، كىرسە ئۆزىنىڭ پۇتى، كىرمىسە ئاۋارە بولمىسىلا.

نۇرنىسا سۇزگەن ئاشنى راسلاپ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىغا قويىدى.

ئابدۇلئەزىز غىزانى ئەمدىلا يەپ بولۇشىغا، ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن مەتتۇرسۇن ئۆمەر باينىڭ ئۇنى قىچقىرىۋاتقانلىقىنى

خەۋەر قىلدى. ئادەتتىكى چاغلاردا تاماقنىڭ ھىدى بۇرنىغا پۇرىسىلا، ھەجەپ چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىمايدىغان مەتتۇرسۇننىڭ ئىشىك تۇۋىدىنلا ئىتتىك قايتىشى نۇرنىسانى ھەيران قالدۇردى. ئابدۇلئەزىز غودۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

بارغانسېرى بىئارام بولۇۋاتقان نۇرنىسا دېرىزىدىن يەنە بېشىنى چىقىرىپ قارىشىغا، كۆزى مەتتۇرسۇننى ئارقىسىغا سېلىپ كېلىۋاتقان ئۆمەر بايغا چۈشتى. «ئابدۇلئەزىز نەدە قالغاندۇ؟ نېمىشقا ئۆمەر باينىڭ يېنىدا يوق؟» ئەنسىرەپ ئويلىدى ئۇ. ھېلى كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بىرپەس كوچىغا قاراپ تۇردى، ئېرى كۆرۈنمىدى. نۇرنىسا ئارقىسىغا يېنىپ چاپىنىنى كىيدى. ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن ئابدۇلئەزىز ئېلىپ بەرگەن شايى پەرىجىسىنى بېشىغا ئارتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتىنىڭ ئوشۇقىدىن يۇقىرى تەرىپىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ئۆمەر باينىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئابدۇلئەزىز ئاخۇن! — توۋلىدى ئۆمەر باي ئىشىك كەينىدىن. نۇرنىسا ئەجەبلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ھە، نۇرنىسا خېنىم، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۆمەر باي نۇرنىسانىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۇۋۇلەرگە ئوخشاش ئاق پەرىجە ئارتىپ نەگە ماڭدىلا؟

ئۆمەر باي نۇرنىسانىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيگە كىردى.

— ئېرىم تۈنۈگۈن كەچتە مەتتۇرسۇن ئاخۇن قىچقىرىپ ئاچىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، كېچىچە كۆز يۇممىدۇم،

ئەتىگەندىن بېرى يولىغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى. كەلمىگەندىن كېيىن ئۆزلىرىدىن سوراپ باقاي، دەپ ماڭغانىدىم، — نۇرنىسا كەينىگە يېنىپ سافاغا ئولتۇرۇپ بولغان ئۆمەر بايغا سەپسالغىنىچە جاۋەننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆمەر باينىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، بىرنەچچە كۈن ئۇخلىمىغان كىشىدەك كۆزلىرىنىڭ ئىچى قىزىرىپ كەتكەنىدى، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزى تاتىرىپ باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدى. نۇرنىسا جاۋەندىن قەنت ـ گېزەك ئالدى.

— نۇرنىساخان، چايغا زوقۇم يوق، داستىخان سالمىسىلا، — دېدى ئۆمەر باي زورۇقۇپ كۈلۈمسىرەپ، — ھە، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ئاخشامدىن بېرى قايتىپ كەلمەپتۇ ـ دە، خۇدايا تـوۋا، نەگە كەتكەندۇ؟ مەتتۇرسۇن تۇنۇگۈن زاۋال ۋاقتىدا تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ، خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە پەيدا بولدى. ئىچىۋالغانىكەن، گەپمۇ قىلماي كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاپ كەتتى. قارىغاندا، ئابدۇلئەزىزنى باشلاپ چىقىپ تاماشا قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ئىچى پۇشۇپ كوچا ئايلانغان بولسا ئېزىپ قالدىمۇ يە؟

— بىلمىدىم، — نۇرنىسا ئۆمەر بايغا ئاستىرتىن زەن سالغاچ قارا سومكىدىن قەغەزگە ئوراقلىق گۆشنى ئالدى، — مەتتۇرسۇن ئاخۇن باي ئاكام قىچقىرىۋاتىدۇ، دەپ ئاچىقىپ كەتكەنىدى. سىلىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرمىدىمۇ؟ ئەجەب ئىش.

— ياق، مەتتۇرسۇن تۇنۇگۈن كەچكىچە يېنىمدا بار ئىدى. بىر مۇسۇلمان سودىگەر مال ئالغىلى ھۇجرامغا كىرگەندە مەن شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ مەتتۇرسۇننىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماپتىمەن، ھارامزادە تاز ماڭا ھېچ نەرسە دېمىدى. سودىگەرگە ئەتلەس، شايىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ساتتىم. بۇگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ سېتىلغان ماللارنى يۆتكەپ

مانا هازىر بوشىدىم. هارغىنىمدا شورپا ئىچكۈم كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈنۈگۈندىن بېرى ئابدۇلئەزىز بىلەن كۆرۈشمىگىنىم يادىمدىن كېچىپ يانلىرىغا چىقىشىم. ئەستاغپۇرۇللا! ئابدۇلئەزىز نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ — ئۆمەر باي تاقىقا - تۇقىقا سۆزلەپ، گېپىنىڭ نۇرنىساغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب كۈتتى.

— مەتتۇرسۇن ئاخۇندىن سوراپ باقساق بولارمىكىن؟ — دېدى نۇرنىسا شۈبھىلىنىپ.

— سوراپ باقىلى، خېنىم، مەن چاقىراي، — ئۆمەر باي چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇرغان نۇرنىسانىڭ شۈبھىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ قولىدىكى گۆشنى تام تۈۋىدىكى يۇمىلاق شىرەگە قويدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ كىچىك شىرەنى دۆشە ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. نۇرنىسا گۆشنى ئۈچ پارچە قىلىپ كورىغا سالدى - دە، سۇ قۇيۇپ تىوك ئوچاق ئۈستىگە قويدى. ئۇ ئىشىكتىن كۆزىنى ئالماي ئون مىنۇتچە كۈتتى. ئۆمەر باي يەنە ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەلدى.

— ئۇ پاخشەك تاز ئۇخلاپ قالغانىكەن، ئاران ئويغىتىپ سورىسام، «ئىككىمىز بىللە كېلىۋاتاتتۇق، بىر پاھىشە ئايالغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى، مەن ياتاققا يېنىپ كەلدىم، ئەتىگەندىن بېرى كەلمىگەن بولسا نېمە ئىش بولغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېگەن جاۋابنى بەردى. مەتتۇرسۇن يالغان ئېيتمايدۇ. بۇ چوڭ شەھەر، خېنىم، تۈرلۈك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئالدامچى ئاياللار كۆپ، ئابدۇلئەزىز ئاخۇن كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بىرەر شاللاق ئايالنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، بۇگۈن كەلمىسە ئەتە كېلىپ قالار، ئۇ بولمىسا بىز بار، ئەندىشە قىلمىسىلا.

«سەن ئېيتقاندەك لاۋزىلىق قىلىپ كۆرگەنلا ئايالنىڭ

كەيىندىن سوكۇلداپ كېتىۋېرىدىغان كىشى ئەمەس ئۇ، — دېدى نۇرنىسا كۆڭلىدە، — مەتتۇرسۇن بىلەن بىللە كەلگەن بولسا، يېنىمغا كىرمەي باشقا يەرگە كەتمەيتتى. بۇ يەردە بىر گەپ بار، بۇنى ماۋۇ ئۆمەر باي بىلمەي قالمايدۇ.» نۇرنىسا بەدىنىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ئاق پەرەنجىسىنى زىبا قامىتىدىن ئېلىۋەتتى.

— ئەجەب ئوبدان قىلدىلا، — دېدى ئۇ، — مەندەك ئاكىلىرىدىن يۈزلىرىنى يوشۇرسىلا سەت تۇرمامدۇ، — ئۆمەر باينىڭ كۆزلىرى نۇرنىسانىڭ چىلگىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە قادالدى.

— باياتىن ئەس - يادىم ئۇنىڭدا بولۇپ ئۆزلىرىگە چاي قۇيۇشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى نۇرنىسا سەل كۈلۈمسىرەپ.

ئۆمەر باي چىرايىدىن قايغۇ يېغىپ تۇرغان چوكاننىڭ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «مەن - مەن دېگەن مەستۇرە ئايالمۇ، ئېرى يوق يەردە ئۆزىنى ئاشكارا قىلىدۇ، ئايال دېگەن شەيتاننىڭ ئۆزى» دەپ ئويلىدى.

— نۇرنىسا خېنىم، بولدى، چاي قۇيمىسىلا، شورپا ئىچەي، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا ئۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ يۈرىدىلا؟ — ئۇ ئىچىدە بىرمۇنچە سۆزنى تىزىقتا تىزغان بولسىمۇ، يالغۇز ئۇچرىغان ئاھۇنى چۆچۈتۈپ قويماي دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى.

— ئېرىم يېنىمدا تۇرسا شۇنداق قىلمىسام بولامدۇ؟ — نۇرنىسا ئۆمەر بايغا شۇنداق بىر قاراپ بىر پارچە نۆكچە ناۋاتنى ئالدىدىكى پىيالىگە سالدى.

— ئەرلىرى يانلىرىدا بولمىسا ... — ئۆمەر باي گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ خىر - خىر كۈلگىنىچە چايدىن ئوتلىدى.

— ئېرىم يېنىمدا بولمىغان چاغدا مانا مۇشۇنداق ئولتۇرىمەن.

— هازىر ئابدۇلئەزىز ئاخۇن كىرىپ قالسا قانداق قىلىلا؟ —

سورىدى ئۆمەر باي ئىشىككە قاراپ كۆز قىسىپ.

— قانداق قىلاتتىم، مانا بۇنداق قىلىمەن، — نۇرنىسا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرىجىسىنى ئارتىپ يانتۇ قارىغىنىچە سافاغا چۆكۈپ ئولتۇردى. ئۆمەر باي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بولدى، نۇرنىسا خېنىم، پەرەنجىنى ئېلىۋەتسىلە، ئابدۇلئەزىز كەلمەيدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان نۇرنىسانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ پەرەنجىسىنى ئېلىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلىدى، ئەمدى نېمە دەيدىكىن، دەپ سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغان بايغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— باي ئاكا، ئېرىم راستىلا كەلمەمدۇ؟ كېلىپ قالىدىغاندەكلا يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتىدۇيا.

— كەلمەيدۇ، ئەجەب قورققاق ئىكەنلا، خاتىرجەم بولسىلا، كەلمەيدۇ.

— بۇگۈن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ كىرىپلا - دە؟

— شۇنداق، خېنىم، غەم يېمىسىلە.

— كېچىدە كېلىپ قالارمۇ؟

— كېچىدىمۇ كەلمەيدۇ، ئەندىشە قىلمىسىلا، خېنىم.

— ئەتە قانداق چاغدا كېلەر؟

— ئەتىمۇ كەلمەيدۇ.

— ئادەمنى ئۇنداق ئالدىماي راست گەپ قىلمامىلا، ھېلى ياتقان چېغىمىزدا كېلىپ قالسا ئىككىمىزنى ساق قويمايدۇ ئۇ تەرسا، — نۇرنىسا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ گەپنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەكچى بولدى.

— كەلمەيدۇ، خېنىم، كەلمەيدۇ دېگەندىن كېيىن كەلمەيدۇ. ئابدۇلئەزىزنى خىياللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە. ئۇ لامزەللە، گومۇشتىن نېمانچە قورقىلا، كېلىۋەرسىلە، خېنىم ... — ئۆمەر باي نۇرنىسانىڭ ئۇندەككە كېلىدىغىنىغا كۆزى يېتىپ يېنىمدىن

جاي كۆرسەتتى.

— يانلىرىدا ئولتۇرۇش ئاسان، — دېدى نۇرنىسا ئۆمەر باينىڭ خۇشاللىقىدىن كېرىلىپ كەتكەن سىيدام يۈزىگە زەن سېلىپ، — بۇگۇن كەلمەيدىغانلىقىغا زادى ئىشەنگۇم كەلمەيدۇ. ئالىمادىس بىرەر يەردە ئۆلۈپ قالمىغان بولسىلا كېچىدە بولسىمۇ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا كىرىشكە كامار تاپالماي قالارمىزمىكىن؟

— كەلمەيدۇ، نۇرنىسا خېنىم، كەلمەيدۇ، قەسەم ئىچىپ بېرىمەن، كەلمەيدۇ. نېمىشقا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشكە ئۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتكەن بولسىلا، كەلسىلە، قۇلاقلىرىغا ئېيتاي.

ئۇ ئۆينى غۇۋا يورۇتىدىغان يېشىل چىراغنى ئەتەي ياندۇرۇپ قويدى. نەپرەتلىنىش، يىرگىنىش، غەزەپ، قايغۇ ـ ئەندىشىسىنى بىر ياندا قويۇپ، ئۆمەر باينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نۇرنىسا قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتتى.

— ئېيتسىلا، باي ئاكا، خاتىرجەم بولاي.

باي هاراق بۇخسۇپ تۇرغان ئاغزىنى نۇرنىسانىڭ قىزىل ياقۇت كۆزلۈك هالقا سېلىنغان قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ دېدى:

— تۇنۇگۇن كېچە ئابدۇلئەزىز هاراقنى كۆپ ئىچىۋېلىپ، ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئېيتىپ سىلىنى هازىدار قىلىپ مالالىقتا قويۇشنى خالىماي ئۆزىمىز دەپنە قىلىۋەتتۇق. ئۇنىڭدىن ئايرىلالماي پەيت كۈتۈپ تۇرغانلىرىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئۇنى ئاللىبۇرۇنلا ئۇ دۇنياغا كەتكۈزۈۋېتىپ كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالىدىكەنمەن.

نۇرنىسا بېشىنى شۇنداق سىلكىپ، باغلاقنى ئۇزۇۋەتكەن ئاتتەك شوخشۇپ، ئۆمەر بايدىن ئۆزىنى قاچۇردى. «هە، ناكەس! ئەمدى بىلدىم، توختاپ تۇر، سېنىڭ توڭگۇز نەپسىڭنى شۇنداق باسايكى، ئاللا رازى بولۇپ، ئابدۇلئەزىز ئاخۇننىڭ روھى

سۆيۈنسۈن». ئۇنىڭغا يەر ـ ئاسمان چۆرگۈلەۋاتقاندەك بىلىنىپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايى سارغىيىپ كەتتى. ئابدۇلئەزىز ئۇنى «نۇرنىسا، نۇرنىسا!» دەپ توۋلاۋاتقاندەك بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆمەر بايىنى تەستەكلەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

ئۆمەر باي ئۇنىڭغا، تۈنۈگۈن كەچتە ئابدۇلئەزىزنى پىرىستاندىكى بىر قاۋاقخانىغا باشلاپ بارغانلىقىنى، ئۇنى ئالداپ، زورلاپ، غەرق مەست بولغۇچە ھاراق ئىچۈرگەنلىكىنى، زەھەر سېلىنغان ئاخىرقى بىر رومكىنى ئىچكەندىن كېيىن، يېتىپ قالغان ئابدۇلئەزىزنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى، كېتەيلى دەپ يېلىنغانلىقىنى، بولالماي يەردە يۇمىلاپ «نۇرنىسا! ... نۇرنىسا!» دەپ توۋلاپ قان قۇسۇپ جان ئۈزگەنلىكىنى، مەتتۇرسۇن ئىككىسى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتمىدى. نۇرنىسا مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ سۈركىلىپ تۇرسىمۇ، ئېيتىشتىن ھەزەر ئەيلىدى.

ئىنساندا شۇنداق بىر سېزىم باركى، ئۇ كۈتمىگەن چاغدا يامانلىقتىنمۇ، ياخشىلىقتىنمۇ بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بىرەر پاجىئە يۈز بەرگەندە ۋە يۈز بەرگەندىن كېيىن، پاجىئەگە يولۇققۇچىغا يېقىن سىرداش ئادەمدە قانداقتۇر ئەنسىرەپ بىئارام بولۇش، يامان چۈش كۆرۈش، دىدار كۆرۈشكە ئىنتىلىش، ئۈمىدسىزلىنىپ ئازابلىنىشتەك روھىي ھالەت پەيدا بولىدۇ. نۇرنىسامۇ تۈنۈگۈندىن بېرى مانا مۇشۇنداق روھىي ھالەت ئىسكەنجىسىدە بىتاقەت بولغانىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ «نۇرنىسا...» دەپ توۋلاپ تولغىنىپ ياتقان ئېرى كەلدى. ناھايىتى يىراقتىن «نۇرنىسا، بارمۇ سەن! قىساسىمنى ئال!» دېگەن ئاۋاز ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

نۇرنىسا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ۋۇجۇدىدىكى تىترەك بېسىقتى،

سارغايغان چىرايىغا كۆلكە يۈگۈردى، بۇ ئاچچىق كۈلكە — غەزەپ كۈلكىسى ئىدى.

— مەن شورپىنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ سوروۋپ قوياي، سىلى كارىۋاتتا ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، — نۇرنىسانىڭ ئاۋازى ئاستا بوغۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۆمەر بايغا بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى.

— ھا ـ ھا ـ ھا... تاتلىق گەپ قىلدىلا. پولۇ قورۇشتىن، شورپا سوروۇشتىن دەيدۇ. سوروۋسىلا، نۇرنىسا خېنىم، سوروۋسىلا، مەن يېتىپ تۇراي، شورپىنى بىللە ئىچەرمىز.

ئۆمەر باي كارىۋاتقا چىقىپ يەكتەك، كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋەتتى.

نۇرنىسا شورپىنى سوروۋپ قويۇپ، كۇنۇپكىنى چاسىسىدە بېسىپ چىراغنى ئۆچۈردى، ئۆي قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكتى. ئۆمەر باي ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ نەپسىنى قاندۇرىدىغان پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئىشتىنىنى سېلىپ تاشلىدى.

نۇرنىسا ئاستا مېڭىپ جاۋەن ئالدىغا كېلىپ ئىرىنىڭ ئۆتكۈر پىچىقىنى ئالدى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇردى. بۇ پىچاقنى ئۇلار يېڭىساردىن سېتىۋالغانىدى. ئابدۇلئەزىز بۇ پىچاقتا ئۇنىڭغا قوغۇن پىچىپ بەرگەن، ئالما، ئامۇتنى سويۇپ بەرگەنىدى...

نۇرنىسا كارىۋاتقا يېقىنلاپ كەلدى. ئۆمەر باي ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ نەپسى تاقىلداپ كەتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭ سېرىق تۈك بېسىپ كەتكەن مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. تىنىقى شۇنچە ئىتتىك ئىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن ئۆمەر باينىڭ ماي توشۇپ يوغىناپ ساڭگىلىغان قورسىقىنى سىلىدى. تېنىگە ئىنتايىن ھۇزۇرلۇق ئىسسىق بىر ئېقىم يۈگۈرگەن ئۆمەر باي پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ راھەتلىنىپ ياتتى.

— سىلى بوردىغان توڭگۇزدەكلا سېمىز ئىكەنلا، باي ئاكا، — دېدى نۇرنىسا پىچاق بار قولىنى ئېتىكى ئاستىدىن ئېلىپ.

— نۇرنىسا خېنىم، ئەجەب غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىلا-غۇ؟ — دېدى ئۆمەر باي. ئۇ يەنە بىرنېمە دېمەكچىدى، لېكىن تۇيۇقسىز بىردىنلا يىلاندەك تولغىنىپ، «ۋايجان!» دەپ ۋارقى-رىۋەتتى. سەسكەنگەن ۋۇجۇدى غەزەپ ـ نەپرەتتىن تىترەپ تۇرغان نۇرنىسا پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسى ئاستىغا پىچاق ئۇرغانىدى. باينىڭ «ۋايجان!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ پىچاقنى سۇغۇرۇۋېلىپ قورسىقىغا تىقتى. ئۆمەر باي جان ئاچچىقىدا ئۇنى يەلكىسىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى. نۇرنىسا-مۇ بار كۈچى بىلەن پىچاقنى تۆۋەنگە سىيرىپ ئۇنىڭ ئۈچەي ـ باغرىنى چۇۋۇۋەتتى.

ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمىغان ئۆمەر باي نۇرنىسانى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغىنىچە كارىۋاتتىن پەسكە دومىلاپ چۈشتى. دۈم ـ ئوڭدا بولۇپ تولغىنىپ، خىرتىلداپ جان تالىشىشقا باشلىدى. نۇرنىسا چىراغنى ياقتى. ئۆمەر باي چالا بوغۇزلانغان توپاقتەك خارقىراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ماجالى قالمىغانىدى. نۇرنىسا پاراقلاپ تېشىپ تۇرغان قازاننى توك ئوچاق ئۈستىدىن ئېلىپ:

— ئىچە! تويماس قارنىڭغا تويغۇدەك ئىچىۋال قانخور! — دەپ قازاننى ئۆمەر باينىڭ بېشىغا ئۆڭتۈردى. قىزىق شورپا ئۇنىڭ سىيدام يۈز ـ كۆزلىرىنى، ئالدامچى تىلىنى كۆيدۈردى. ئۆمەر باي پۇت ـ قوللىرىنى يىغىپ ـ ئۇزارتىپ، ئىتتەك تېپىرلاپ تەستە جان بەردى.

پۇت ـ قولىغا تىترەك ئولىشىپ كەتكەن نۇرنىسا جاۋەننى ئۇزاقىچە ئاختۇردى. ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، كارىۋات ئاستىدىكى خۇرجۇننى تارتىپ چىقاردى، ئۈستىگە بىرنەچچە كۆڭلەكنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كىيدى. تېخىچە چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان توك ئوچاقنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن پىچاقنى پاكىز يۇيۇپ غىلاپقا سېلىپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا يوشۇردى. ئاندىن جىگەر رەڭ سومكىنى

كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. كارىدور تىمتاس ئىدى. ئۇ ئىتتىك ماڭغىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۇ بۇ مېھمانخانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. بىرىنچى قەۋەتتىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ كىشى ئۇچرىمىدى. ۋاقىت يېرىم كېچە بولغىنى ئۈچۈن يولۇچىلارمۇ، كۈتكۈچىلەرمۇ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

نۇرنىسا مېھمانخانا ھويلىسىغا چىقتى. چىراغ يورۇقىدا گۈللۈك، چىمەنلىكلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ چوڭ دەرۋازىغا كەلدى. قاراۋۇلخانىدا بىر بوۋاي مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ بىقىنىدىكى كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرالدى ـ دە، ئادەم ئازلاپ قالغان كوچىغا چىقىپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. باشپاناھسىز بۇ مۇساپىر ئايال ئەمدى نەگە بارار؟ يەنە قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرەر؟

ئۈچىنچى باب

# شەرق گۈزىلى

## 1

بومباي ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى. ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىزىل - يېشىل چىراغلار يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. سودا دۇكانلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرى رەڭگارەڭ تۇس ئېلىپ چاقناپ تۇراتتى. دېڭىزدىن ئۆرۈپ تۇرغان نەمخۇش شامال قىيا ئېچىقلىق دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرىنى يەلپۈتەتتى.

ئانادى توّت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كېلىپ، يۇزىگە ئۇرۇلغان سوغۇق هاۋانى ئىچىگە سۈمۈرۈپ توختىدى. ئۇ ھەر كۈنلۈكى قاراڭغۇ چۈشكەندىن تارتىپ تاكى يېرىم كېچىگىچە مۇشۇ يەردە «ئوقەت» قىلاتتى. قولىدا قارا سىرلانغان پۇتاقلىق ھاسا بار ئىدى. بويى پاكار، دوغىلاق، كۆزلىرى مۇشۇكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرغان بۇ ئادەم ئىككى قولى بىلەن ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرغاندىكى قىياپىتى خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

چامادان كۆتۈرۈۋالغان بىر ياش يىگىت بىلەن، زىننەت سومكىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان غۇنچە بوي بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، ئانادىنىڭ تالغان كۆزلىرى

چىمچىقلاپ، قارامتۇل يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ياش يىگىت ئۇنىڭدىن:

— يېقىن ئەتراپتا چەت ئەللىكلەر چۈشىدىغان مېھمانخانا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىنگلىز تىلىدا. ئۇلار تويى قىلىپ شېرىن ئاينى ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سەپەر قىلىپ ھازىرلا پاراخوتتىن چۈشكەن ۋە ئۇدۇل بۇ يەرگە كەلگەن يولۇچىلاردەك قىلاتتى. ئانادى قويۇن يانچۇقىدىن بىر دەپتەرنى چىقاردى. ئۇ دەپتەرگە قاراپ چەت ئەللىكلەر چۈشىدىغان مېھمانخانىلارنى بىرمۇبىر ساناپ، قايسى - قايسى كوچىلاردا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى ۋە:

— مەنمۇ بىر غېرىب خىرىستىيان بولىمەن، خىزمىتىمگە ئازراق ھەق بەرسەڭلار، — دېدى بىچارىلىك بىلەن. ئەجەبلەنگەن يىگىت ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرمايلا مەردلىك بىلەن بىرنەچچە دوللار بېرىۋەتتى. ئۇلار ئانادى كۆرسىتىپ قويغان تەرەپكە مېڭىشى بىلەن تەڭ، كۆل رەڭ شىلەپە كىيگەن، قاڭشارلىق بىر كىشى غالتەكلىك چامادانىنى سۆرەپ ئانادىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— جاناب، سىز مۇسۇلمانمۇ؟ — سورىدى ئۇ كىشى ئانادىدىن ئىنگلىزچە دۇدۇقلاپ سۆزلەپ.

— شۇنداق، ئەپەندىم، مۇسۇلمانمەن، — دېدى ئانادىمۇ ئىنگلىز تىلىدا ۋە ئەرەب تىلىدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قوشۇپ قويدى.

— ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى يولۇچى، — ماڭا مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنى كۆرسىتىپ قويالارسىزمىكىن؟

ئانادى ئالدىرىماي قويۇن يانچۇقىدىن ھېلىقى قارا تاشلىق دەپتىرىنى ئېلىپ ئېچىپ قارىدى.

— ئالدىڭىزغا يۈز قەدەم مېڭىپ ئوڭ قول تەرەپكە قارىسىڭىز «مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىغا كۆزىڭىز چۈشىدۇ. ھازىر بومبايدا بىردىنبىر ئوچۇق بولغان

كېچىلىك مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى ئاشۇ. بۇ ئاشخانىنىڭ كەينىدە مۇسۇلمان كامىل ھەبىب ئىسپاھانىنىڭ مېھمانخانىسىمۇ بار.

— رەھمەت، جاناب، — يولۇچى كېتىشكە تەمشەلدى.

— خىزمەت ھەققى بېرىڭ، — دېدى ئانادى ئۇ كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

يولۇچى ھەيران بولدى.

— سىلەرنىڭ شەھەردە بىر ئورۇننىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرىشمۇ ھەق تۆلەشكە لايىق خىزمەت سانىلامدۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىمەنكى، بىرىنچىدىن، سىز مېنىڭ تىنچلىقىمنى بۇزدىڭىز؛ ئىككىنچىدىن، گەپ سوراپ چارچاتتىڭىز؛ ئۈچىنچىدىن، ۋاقتىمنى ئالدىڭىز، ھەق تۆلىمىسىڭىز بولامدۇ؟ ياۋروپا، ئامېرىكىدىمۇ ھەق تۆلەيدۇغۇ.

يولۇچى تالىشىشنى ئەپ كۆرمىدىمۇ، بىر روپىيە بېرىپ يولىغا ماڭدى.

ئانادى ساقال باسقان يۈزىنى سىلاپ ھىجايدى. ئۇنىڭ ئوقىتى يامان ئەمەس بولۇۋاتاتتى. يولدا ئاپتوبۇس، كىرا ماشىنىلىرى، ئادەملەرمۇ ئازلاپ قالدى. ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ ئۇدۇلىغا مىختەك قادىلىپ تۇرىۋەردى. شۇئان ئۇنىڭ كۆزى توغرا يولنى كېسىپ ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتقان ئايالغا چۈشتى. ئۇ تەجرىبىلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ، بۇ پەرەنجە ئارتىۋالغان ئايالنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى، مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. بىرەر ھادىسە، خاپىلىققا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ قىياس قىلىپ بولدى. ئۇ بېلىنى رۇسلاپ ھاسىسىنى قولى بىلەن تىرەپ تۇردى. ئايال ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ قەدەم قالغاندا تەمتىرەپ توختىدى. بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا سەپسېلىپ ئانادىدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئۇزارتىلغان ھاسا ئايالنىڭ يولىنى توستى.

— مۇسۇلمان؟ — سورىدى ئانادى.

ئايال بۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن «مۇسۇلمان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھودۇقۇش ئىلكىدە ئانادىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن، كەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان پاكار، سېمىز ئادەم تۇراتتى. «مېنى مۇسۇلمانمۇ سەن» دەپ سوراۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئايال ئۈمىدلىنىپ:

— مۇسۇلمان، — دەپ ئاستا ئۇھ تارتتى.

ئانادى ئۆمرىدە قانچە ـ قانچە ئەر، قانچە ـ قانچە ئايالларنىڭ ئالدىنى توسقان، بەزىسىدىن چوڭ پايدا كۆرگەن، بەزىسىدىن ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك تاياق يېگەن، بەزىسىدىن بولسا ھۆزۈرلانغان، باشقىلارنىمۇ ھۆزۈرلاندۇرۇپ پايدا تاپقانىدى. بۇ ئايال ئۇنىڭغا قانچىلىك پايدا يەتكۈزەركىن؟

ئانادى ھاسىسىنى چۆشۈرۈپ، ئىشارەت بىلەن ئايالنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئايال ئانادىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشەندى. ئۇ قانداقلا بولسۇن، بۇ كېچىدە بىر يەرگە بېرىشى، ئۇ يەردە ئارام ئېلىشى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىشى زۆرۈر ئىدى. ئايال شۇ تاپتا ئۆزىگە پاناھ بولغۇچى بىر كىشىگە شۇنداق موھتاج بولغاچقا، تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

※ ※ ※

بۇ كىچىك ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغىنىنى ئايال بىلمەيتتى. ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرى قارىيىپ كەتكەن، دېرىزىسىمۇ يوق ئىدى. يەرگە كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پالاس سېلىنغان بولۇپ، ئىشىك بېشىغا ئورنىتىلغان لامپۇچكا غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. ئايالنىڭ ئاستىدىكى كىر كۆرپە، ئاياغ تەرىپىگە تاشلاپ قويۇلغان كونا ئەدىيال، باش تەرىپىدىكى قاسماقلىشىپ كەتكەن ياستۇقنى ھېسابلىمىغاندا،

ئۆيدە باشقا بىساتمۇ يوق ئىدى.

ئانادى ئايال ئولتۇرغان ئۆيگە يانداش ئايۋاندا خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئايال ئۆيگە كىرىپلا پەرەنجىسىنى ئېلىۋەتكەندە، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا تىكىلىپ قالغان ئانادىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغالغاندى. ئايال ئانادىنىڭ ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قارىشىغا جاۋابەن:

— مەن مۇسۇلمان، ئۆيىڭىزدە بىر كېچە قونۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ، ئەتە كېتىمەن، — دېدى كۆزىنى قاچۇرماي.

— سىز، سىز گۈزەل خېنىم قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — سورىدى ئانادى تەزىم قىلىپ.

ئىسمىمنى سوراۋاتقان چېغى دەپ ئويلاپ قالغان ئايال:

— ئىسمىم نۇرنىسا، مەن مۇسۇلمان، ئۇنداق تىكىلىپ قارىماڭ، ئاللا جازالايدۇ، — دېدى.

ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئانادى كۆزىنى ئالماي قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇ ئاخىر نەپسىگە ھاي بېرىپ نۇرنىسانى ئۆز ھالىغا قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇڭا ھازىر ئۇخلىيالماي تولغىنىپ ياتاتتى. «ئەلپازى نېمىدېگەن يامان، ئەتە ئەتىگەندىلا ئېلىپ بېرىپ پونۋانىغا سېتىۋېتەي. بۇنداق چىرايلىق ئايالغا ئىگە بولسا ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ. كېيىن بىر - ئىككى قېتىم بېرىپ مەززە قىلىپ كەلمەمدىمەن...» ئانادى تورغا ئاسانلا چۈشكەن، ئەمما ئۆزىنى تۇتقۇزمىغان بۇ گۈزەل ئايالدىن لەززەت ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەسرەتلىنىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىگەن تۇرغان نۇرنىسا سۇ ئەكېلىشنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردى. ئانادى «مەندىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ يۈمشىغان ئوخشايسەن» دەپ ئويلاپ دەرھال بىر چۆگۈن سۇ ئەكەلدى. نۇرنىسا ئىشىكنى يېپىپ تاھارەت ئالدى. ياغلىقىنى پالاس ئۈستىگە سالدى - دە، قىبلىنى مۆلچەرلەپ نامازغا تۇردى. ئانادى ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ ئۇنىڭ ناماز

ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كەينىگە قايتتى. «بۇ ئايالغا تەگكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ياخشىسى ئۇنى پونۋانغا سېتىۋېتىش كېرەك. كەينىمدىن ماڭ دېسەم نېمە دەر؟» ئويلىدى ئانادى ئايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ.

ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرغان نۇرنىسا پەرەنجىسىنى ئارتىپ بوغچىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر كېچىنى تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزگەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

«غىنچ» قىلىپ ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئانادى ئورنىدىن تۇردى.

— خېنىم، نەگە ماڭدىلا؟ ئەگەر بارىدىغان يەرلىرى بولمىسا، بۇ ئۆيدە تۇرۇشنىمۇ خالىمىسىلا ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراي. ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمان، بالىچاقىسى كۆپ. سىلىنىڭ بۇ چوڭ شەھەردە ئېزىپ قېلىپ يامان كىشىلەرگە ئۇچراپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ.

ئويچان ھالدا قاراپ قالغان نۇرنىسا ئۇنىڭ «مۇسۇلمان» دېگەن سۆزىنىلا چۈشەندى. ئىشارىتىدىن بىر يەرگە باشلاپ بارماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتى ۋە ئەگىشىپ يولغا چىقتى. ئۇ قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيتتى. قەيەرگە ئېلىپ بارسا بارمامدۇ، ئادەم بار يەرگە ئېلىپ بارسىلا بولىدىغۇ. ياخشىغا يولۇقسا بەختى، يامانغا يولۇقسا قانداق قىلىشنى خۇدا كۆڭلىگە سالىدۇ. نۇرنىسا تەۋەككۇل قىلىپ كېتىۋاتاتتى. چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن، ئانادى ئۇنى شەرەتلەپ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقاردى. ئاپتوبۇس ئالاھازەل چارەك سائەت ماڭغاندىن كېيىن، كىچىكرەك بىر كوچىغا قايرىلىپ توختىدى. ئاخىرقى بېكىتى بولسا كېرەك، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى چۈشتى. ئانادى ئىشارەت بىلەن نۇرنىسانى باشلاپ بىر تار كوچىغا كىردى. نۇرنىسا دىمىقىغا ئۇرۇلغان بەتبۇيدىن سەسكىنىپ كەتتى. بۇ تار

كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆيلەر چوڭ يولنىڭ چېتىدىكى ئۆيلەردەك ئازادە ئەمەس ئىدى. كۆپىنچىسى بىر قەۋەتلىك، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىدى. نۇرنىسا كېتىپ بېرىپ لەۋلىرىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىۋالغان يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ئىشىك ئالدىدا ياكى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ لەمپىلىرىدە تۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەرگە كۆز قىسىپ، قاش ئېتىپ شەرەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ، ئىككى يېنىغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي كېتىۋەردى. ئانادى ئىككى ئايال قوللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغان بىر كونا بىنا ئالدىدا توختىدى. بىنا ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە ئىنگلىزچە، ھىندىچە «يېڭى ئاي رېستورانى» دېگەن خەت چاقناپ تۇراتتى.

## 2

پونۋانى خىزمەت شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، قېلىن ئەينەككە باستۇرۇقلۇق ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى يالىڭاچ ئاياللارنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئولتۇراتتى. سۈرەتلەرگە قارىغانسېرى ئۇنىڭ خالتىلىشىپ كەتكەن قارامتۇل يۈزىدە ياراتماسلىق، ئاچچىقلىنىشتەك بىر خىل ئىپادە پەيدا بولۇپ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى. ئۇ بۇ ياخشى نىقابلانغان ئاشخانىسىدىن پايدا ئالالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلىناتتى. يېشى چوڭىيىپ قالغان سەتەڭلەرنى ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلمىسۇن دەپ كەتكۈزۈۋەتمەي تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلارنى باقمىسا بولمايتتى. چىرايى كېلىشكەن ئىككى ـ ئۈچ ياش ئايال بولىدىغان بولسا، «يېڭى ئاي رېستورانى» يەنە جانلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئىشىك ئېچىلىپ، ئانادى پەرەنجىلىك بىر ئايالنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— ھوي قەدىردانىم ئانادى، بارمۇسىز؟ كەلمەيدىغان بولۇپ

كەتتىڭىزغۇ؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — پونۋانى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان كۆزئەينىكىنى يۇقىرى سۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئانادى بىلەن قول ئېلىشتى، — گۈزەل قۇشلارنى ئوۋلاپ كېلىپ، پېقىرنى خۇش قىلىپ تۇراتتىڭىز، بىر يىلدىن بېرى دىدارىڭىزنى كۆرمىدۇققۇ؟

— جانابىي پونۋانى، زامانغا قاراپ ئىش تۇتمىساق بولماس. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بېرى، ئوغرى، ئالدامچى، پاھىشىخانا غوجايىنلىرىدىن قالغىنى ئازمۇ؟ ئاۋايلاپ ئىش قىلمىساڭ تورغا چۈشۈپ قالىسەن. شۇنداقتىمۇ، ئىشنى توختىتىپ قويغىنىم يوق. بۇ نۆۋەت جاننى تىكىپ قويۇپ، نۇرغۇن چىقىم بەدىلىگە بىر گۈزەل قۇشنى قىلتاقتا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئەگەر بۇنىڭ پۇلىغا چىقىش قىلالىسىڭىز، «يېڭى ئاي رېستورانى»نىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلىدۇ.

پونۋانى ئانادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئايالنىڭ پەرەنجە يېپىنغىنىغا قاراپ ئۇنى مۇسۇلمان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ نۇرنىساغا يېقىنلاپ كەلدى. چۈمبىلىنى شۇنداق كۆتۈرگەنىدى، قولى قېقىلىپ كەتتى. ئۇ شۇ دەقىقىدە بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنغان تولۇن ئاينى كۆرگەنىدى. ئايالنىڭ قارا كۆزلىرى ئوۋچى قولىغا چۈشكەن ئاھۇدەك چۆچۈپ، پونۋانغا يالت ئېتىپ قارىدى ـ يۇ، شۇ ھامان چۈمبەلگە يوشۇرۇندى. پونۋانى تامىقىنى قىرىپ قويۇپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ قۇش، — دېدى ئانادى، — بەك سەزگۈر، ھېكايىلەردىكى بۇلبۇلگويانىڭ ئۆزى، بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى چۈشەنمىسىمۇ، چۈمبەل ئاستىدىن قاراپ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەلەيدۇ. ماڭا خېلى كۆنۈپ قالغانىدى. چەتكە ئېلىپ بېرىپ سېتىش نىيىتىمدىن يالتىيىپ، ئاخىر ئالدىڭىزغا ئەكەلدىم. بۇ قۇشقا ياخشى يەم بېرىڭ، ئوبدان كۈتۈڭ، بىرنەچچە كۈن ئۆز

مەيلىگە قويۇۋېتىڭ، سەتەڭلىرىڭىزنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن. پەخەس بولۇڭكى، قەپەستىن چىقىپ كەتكەن قۇشنى تۇتقىلى بولمايدۇ، ئۇنى خىزمىتىدە بولالايدىغان بىر ئايالغا تاپشۇرۇڭ.

پونۋانى سافادا يۆتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغان ئانادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ، ئۆزىگە تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ تىزلىرىنىڭ دىرىلداۋاتقانلىقىنى كۆردى. پونۋانى ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە ئورنىتىلغان كۇنۇپكىنى باسقانىدى، سېمىز بىر ئايال ئىرغاڭلاپ ماڭغىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ئەزىزىم گومۇدى، — دېدى پونۋانى سېمىز ئايالغا، — بىزگە ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمىگەن بىر ساھىبجامالنى ئانادى ئەپەندىم ئەكەپتۇ. ئۇنى شىدپىرامغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ياخشى قارىسۇن، كىيىم - كېچەكنى ئۆزىڭىز تاللاپ بېرىڭ.

گومۇدى قانداق يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمۇۋېلىش ئۈچۈن، سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان نورنىسانىڭ ئالدىغا كېلىپ، چۈمبىلىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. نورنىسا بۇ نۆۋەت سىلكىشلىمەيلا چۈمبىلىنى يۈزىدىن چۈشۈردى. شۇئان پونۋانى، گومودىلار ياپراق كەينىگە يوشۇرۇنغان قىزىلگۈلنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. گومۇدى ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، نورنىسانىڭ ئوتتەك قوللىرىنى سېمىز ئالىقىنىغا ئېلىپ يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى بۇ ئېسىل قۇشنىڭ نەرخى توغرىسىدا سۆزلىشەيلى، — دېدى پونۋانى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ.

— بايا دېگىنىمىزدەك بۇ قۇشنى قولغا كىرگۈزگۈچە جاندىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم. ئىنگىسىگە بەرگەن ئەللىك تىللامۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى.

ئانادى بىر يۈز ئەللىك تىللا دېمەكچى بولۇپ «يەنە بۇ قېرى ئابدال داجىپ تۇرۇۋالمىسۇن» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇنىڭ

«جاندىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم» دېگەن سۆزى ئەللىك تىللانى بەرمىسە نازىنىنىنى ئەكېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پەش قىلىش ئىدى.

— ئەللىك تىللا ! — دېدى پونۋانى بوم ئاۋاز بىلەن، — مەن بۇ چاغقىچە ھەرقانداق گۈزەل قىزغا ئوتتۇز تىللادىن ئارتۇق بەرمىگەنىدىم.

— ئەللىك تىللادىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، — دېدى ئانادى ئورنىدىن تۇرۇپ، — جانابىڭىزغا ۋەدە قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈنلا ئىز پۇلىنى دەۋاتىمەن. بولمىسا يۈز تىللاغا ئالىدىغان ئادەم بار...

ھاۋا تۇمانلىق، تىنچىق ئىدى. پونۋانى ئىشىك ئالدىدا بىر - پەس تۇردى. چاشكا ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ كوچىدا ئادەم ئاز ئىدى. ئۇلار «يېڭى ئاي رېستورانى» دېگەن ۋېۋىسكىغا قارايمۇ قويۇشماي ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن بىرەر يولۇچىنىڭ رېستورانغا كىرمىگەنلىكى ئۆتىڭغا ئەلەم بولدى. ئوتتۇز تىللانىڭ قولدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئىچى ئېچىشىۋاتقان پونۋانى «گۈزەل قۇش» نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تاپاۋىتىنى ئويلىغىنىدا، شاراقلىتىپ ئالىقىنىغا تۆكۈلۈۋاتقان تىللا، دوللار، رۇپىيەلەر كۆز ئالدىغا كۆرۈنۈپ، قورۇق باسقان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

※ ※ ※

نۇرنىسا گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرغان ئۆيگە كىرگەندە، سىم كارىۋاتتا ناۋات رەڭ بەدىنىگە ماي سۈركەۋاتقان يالىڭاچ چوكانغا كۆزى چۈشتى.

— شىدپرام جېنىم، پونۋانى بۇ نازىنىنغا سېنى ھەمراھ بولسۇن، دەيدۇ. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يۇيۇندۇرۇپ، چىرايىغا مۇناسىپ كىيىم تاللاپ كىيىندۈرۈپ تۇرغىن،

سۇرىتىنى تارتسا كېرەك. بۇ ئىشقا سەل قارىما، جېنىم. پونۇانىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىسەن، ھەرگىز يالغۇز قويۇپ بەرمە.

شىدپرام «يېڭى ئاي رېستورانى» دىكى پونۇانىدىن باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، پونۇاننى كۆرسە تېنى جۇغۇلدايتتى. ئۇ گومۇدىغا:

— ماقۇل، خېنىم، — دەپ قويۇپ تېقىملىرىغا ماي سۇرتۇشنى داۋام قىلدى. نۇرنىسا يا ئولتۇرۇشنى، يا تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېلىپ قالغىنىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدى. يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن تېپچەكلەشكە باشلىدى. شىدپرام ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ نۇرنىسا بىلەن كونا تونۇشتەك نايناقلاپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ يۈزىدىن چۆمبىلىنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق گۈزەل چوكان تۇراتتىكى، ماگىزىندا ئۆلگە كۆرسىتىش ئۈچۈن چىرايلىق كىيىندۇرۇپ قويغان زىبا مودېللارمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. نۇرنىسامۇ تازا كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك، پەرەنجىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ شىدپرامغا تىكىلدى. ئۇنىڭ بېلى ئىنچىكە، ساغرىسى تولغان، باغرىداققا ئېلىنغان كۆكسى بەكمۇ دىك ئىدى.

«ئەجەب ئاق ئىكەن، ھىندى نەسلىدىن ئەمەس» كۆڭلىگە شۇ ئوي كەلگەن شىدپرام نۇرنىسانىڭ پايپاق يېپىشىپ تۇرغان توم پاقالچىقىغا ياماشقان قارا چاچلىرىغا ھەيران قالدى. ئۇ نۇرنىسادەك ئۇزۇن قارا چاچلىق ئاياللارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

نۇرنىسانىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئۈچقۇن چاچراپ، چىرايىنى يېقىملىق ھەم سىرلىق كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىققان شىدپرام:

— خېنىم، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ھىندى تىلىدا قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

نۇرنىسا قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە كەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، چۈشەنمىدىم دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. شىدپىرام قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە نۇرنىسانىڭ قولىدىن تۇتۇپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، ئەلگەكتەك يۇپقا كالتە ئىشتان بىلەن ئىچ كۆڭلەك كىيىپ ئولتۇردى.

شىدپىرام بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ كالكۇتتالىق كەمبەغەل بىر بېلىقچىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى كەينى ـ كەينىدىن ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەندە، ئون تۆت ياشقا كىرگەن شىدپىرام ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى. بۇ شوخ، ئوماق قىز دېڭىز بويىدا قارلىغاچتەك ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھەممە كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى.

شىدپىرام ئون بەش ياشقا قەدەم باسقاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدا كۇتۇلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

تورلىرىنى ئېلىپ، قېيىققا چۈشۈپ ئۇزاپ كەتكەن دادىسىغا قاراپ تۇرغان شىدپىرام بىر سوغۇق قولنىڭ بىلىكىنى تۇتقانلىقىنى سېزىپ، شۇنداق قارىشىغا، بىرنەچچە قېتىم تاتلىق نەرسىلەرنى بەرگەن ئورۇق، ئېگىز بويلۇق كىشىنىڭ ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ تونۇش بولۇپ قالغان ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ يول بويىغا ئېلىپ باردى. كىرا ماشىنىسىنى توسۇپ شىدپىرامنى ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ناھايىتى چوڭ بىر مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى. شىدپىرام بۇنداق كۆپ قەۋەتلىك بىنا ئىچىگە كىرىپ باقمىغاچقا، ھەيۋەتلىك مەرمەر تۈۋرۈكلەرگە، پەردىلىك دېرىزىلەرگە، شولىسى چۈشۈپ تۇرغان پارقىراق يەرگە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنى بىر ئاز ۋەھىمە باستى. ئۇ قولىنى تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ بىقىنىغا سۈۋۈشۈپ مېڭىپ گىلەم

سىلىنغان ياسىداق ئۆيگە كىردى. نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەكەلدىڭىز، دېگەن مەنىدە قورقۇمسىراپ قارىغان شىدىپرامنى ئۇ كىشى كۆتۈرۈپلا قۇچىقىغا ئالدى...

ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ دېگىز بويىدىن كەلمەيدىغان، پات - پات بىرنەچچە كۈن يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئاتا - ئانىسى ئاچچىقلانسا يامانلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى.

شىدىپرام ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە ئۆيدىن ئەتىگەندە چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنى مېھمانخانىغا ئېلىپ بېرىپ بىر ئاي تۇرغۇزغان ئادەم بومبايغا ئەكەتكەنىدى. ئۇ «يېڭى ئاي رېستورانى»دا پاھىشە ئايال بولۇپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدى. ئۆزىنىڭ قانداق يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئىشىكتىن ئېتىلىپ قېچىپ چىققاندا، كەينىدىن يۈگۈرۈپ تۇتىۋالغان پونۋانى ئۇنىڭ پۇت بارماقلىرىنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ ئاللا - توۋا دېگۈزگەنىدى ...

شىدىپرام نۇرنىسانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتمۈشىنى ئويلىدى، ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

## 3

نۇرنىسا شوكلەپ كەتكەن شىدىپرامدىن كۆزىنى ئېلىپ، تارسىلداپ يامغۇر ئۇرۇلۇۋاتقان دېرىزىگە قارىدى. يامغۇر تامچىلىرى ئەينەكتىن تۆۋەنگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، يامغۇرغا ئۆزىنى تۇتقۇسى، سالقىن ھاۋادىن سۇمۇرۇپ - سۇمۇرۇپ نەپەس ئالغۇسى كەلدى. شىدىپرام نېپىز ئىچ كىيىمى بىلەنلا چىقىپ كەتتى. «بۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق بولسا كېرەك، مۇسۇلمان ئەمەس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان نۇرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئوڭ تەرەپ بۇرجىكىگە قويۇلغان چوڭ تاش ئەينەككە قارىدى. «ياداپ كېتىپتىمەن» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ،

قاپاقلىرى ئـولتۇرۇشۇپ قـالغان بولـسىمۇ، ئـۇ يەنىـلا گـۈزەل ئىدى.

نۇرنىسا ئۆيگە يېتىپ ئولتۇرغاندا، شىدپىرام بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كـىردى. ئۈستـىدە بىر پـىيالە قـاينىتـىلغـان سـۈت، پىشـۇرۇلغان تۇخـۇم، ئىككـى پارچە بولـكا، ئامـۇتـقا ئوخـشـاپ كـېتىدىـغان بىـر خـىل مېـۋە، بـىر چەيـنـەك چاي بار ئـىـدى. نۇرنىسا شىدپىرامغا قاراشتىن ئىزا تارتىپ قالدى. ئۇنىڭ نېپىز كـۆڭلىكى بەدىنىـگە يېپىـشىپ تۇرغاچقا، كـالتە ئـىشتىـنـى ئوچۇقلا كـۆرۈنۈپ قالغـاندى. بۇ شــدپىرام ئۈچـۈن ھېچ ئـىـش ئەمەس ئىدى.

شىدپىرام پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى شىرەگە قـويۇپ، سۈتكـە بىر قوشـۇق شېكەر سـېلىپ نـۇرنىساغـا سۇندى. نۇرنـىسانـىڭ قورسىقـى ئاچقانـىدى. ئۇلـۇشـكۈندىن بېرى ئابـدۇلـئەزىـزنـىڭ يولـىغا قاراپ گېـلىدىن بـىر نەرسە ئـۆتمىگـەن، تۇنۇگۈن كـەچ قولـىغا پىچاق ئالغاندىن بېرى كـۆڭلى ئايـنىپ تامـاق يېگۈسـى كـەلـمىگـەنىدى. ئۇ پـىيالـىدىكى سۈتـنى ئىـككـى قېـتىـم ئوتلىـغانـدى، كۆڭلى ئـېلىشـقاندەك بولـدى. شىدپـرام ھـەدەپ كۆز، قولى بىلەن بولكا، تۇخۇم، مېۋىنى كۆرسىتـىپ ئىشـارەت قىلـىـۋاتاتتـى. نـۇرنـىسـا بـىر پارچـە بـولكـىنـى يەپ، سۈتـنـى ئىـچىۋەتتـى. بىر تـۇخـۇم يېدى. شــدپىرام ئامـۇتـقا ئوخـشـاش مېـۋىدىن بىـرنى ئاقلاپ نـۇرنىساغـا تۇتتـى. بـۇ چۈچۈك مـېـۋە ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. شىدپىرام ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، نۇرنىسامۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

گۈل تورۇسا يەنە بىر غۇنچە ئېچىلىدۇ، بىـر ئۆيدە ئۆلـۈم بولـسا، يەنە بـىر ئۆيدە تـوي بولىدۇ، بـىرسى ئـۆلـسە، بـىرسـى تۆرىلىدۇ. تىرىكلەر ھامان تىرىكچىلىك كويىدا بولىدۇ. يىغلاپ ـ يىغلاپ كۈلىدىغان، كۈلۈپ ـ كۈلۈپ يىغلايدىغان ئىشلار بولۇپ تـۇرىدۇ، ھـايـات شـۇنداق داۋامـلىـشىـدۇ. نـۇرنـىسـا كـۈلـدى،

كەيىندىنلا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىگە يىغلىماي تۇرالىسۇنمۇ؟! ئۇ شادلىنىپ كۈلمىدى، پەقەت شىدپرامدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا كۈلدى. چۈنكى، ئۇ ھەمراھقا ئىگە بولدى، بىردەمدىن كېيىن نېمە بولىدۇ، ئەتە نېمە بولىدۇ، ئۇنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى.

※ ※ ※

نۇرنىسا كارىۋاتتا قىڭغىيىپلا ئۇخلاپ قالدى. يامغۇر تېخىچە يېغىۋاتاتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر تىنىقنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئۆزىگە ئېگىشىپ تۇرغان شىدپرامنى كۆردى. شىدپرام ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تارتىپ ئىشىكنى كۆرسەتتى. نۇرنىسا پەرەنجىسىنى ئېلىپ ئارتماقچى بولۇۋىدى، شىدپرام پەرەنجىنى تارتىۋېلىپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. نۇرنىسا ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي پەرەنجىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئارتىۋالدى. شىدپرام مەيلىگە قويۇپ كارىدورغا ئاچىقتى. قانداقتۇر بەتبۇي پۇراق نۇرنىسانىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. شىدپرام ئۇنى يېتىلەپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياسىداق ئۆيگە ئەكىردى.

شىدپرام نۇرنىسانىڭ پەرەنجىسىنى ئېلىپ ئاسقۇچقا ئاستى ۋە ئىما قىلىپ كىيىمىڭنى سال دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. نۇرنىسا بىرھازا قاراپ تۇرۇپ تەستە چۈشەندى، ياق دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. شىدپرام ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تاش ئەينەك يېنىدىكى كىچىك ئىشىكتىن يەنە بىر ئۆيگە ئەكىردى. بۇ يۇيۇنىدىغان ئۆي ئىدى.

شىدپرام ۋاننىنىڭ جۈمەكلىرىنى بۇراپ، ئۇنى بىردەمدىلا ئىللىق سۇغا تولدۇردى ـ دە، ئۆزى بىلىقتەك تولغىنىپ

يۈيۈنۈشقا باشلىدى. نۇرنىسا ئېرىنى ئەسلەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار مېھمانخانىغا چۈشكەن كېچىسى ياتاق ئىچىدىكى ۋاننىدا راھەتلىنىپ يۇيۇنغانىدى. شىدپىرام شەرەت بىلەن ئۇنى ۋاننىغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئۆزى ۋاننىدىن چىقىپ بەدىنىنى سۈرتۈپ، چېچىنى تارىدى. نۇرنىسا كىيىملىرىنى سالدى، يېڭىدىن سۇ قۇيۇپ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقىنى تەڭشەپ ۋاننىغا كىردى.

— پاھ ! — دەۋەتتى شىدپىرام زوقمەنلىك بىلەن ۋاننىدا سوزۇلۇپ ياتقان سۇ پەرىسىدەك نۇرنىسانىڭ يۇمران تېنىگە كۆز سېلىپ، — بەدىنىڭىز ئەجەب ئاق ئىكەن، سىز بىلەن بىللە بولغان ئەر ئۇمىدىنى زادى ئۈزەلمىگۈدەك. مەن ئەر، سىز خوتۇن بولۇپ قالغان بولسىڭىز بۇ بەختىمنى ھېچكىمگە تېگىشمىگەن بولاتتىم. ئاھ، خۇدا، ئەرلەر بىزنىڭ قەدرىمىزگە نېمىشقا يەتمەيدىغاندۇ؟...

نۇرنىسا ئۆزىگە قاراپ قوشقاچتەك ۋىچىرلاۋاتقان شىدپىرامنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەن بولسا نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتىكىن؟

نۇرنىسا ۋاننىدىن چىقىپ، شىدپىرام بەرگەن گۈللۈك لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى سۈرتتى. شىدپىرام مۇنچىدىن چىقىپ كەتتى. نۇرنىسا ئەينەككە قارىغان ھالدا كەڭ لۆڭگىگە ئورالدى. ئۇ ھەر نۆۋەت يۇيۇنۇپ چىققاندا، ئېرى ئۇنىڭغا تويماي قارايتتى، پېشانىسىغا، مەڭزىگە قانماي سۆيەتتى.

ئۇ چاچلىرىنى تاراۋېتىپ، پەرەنجە ۋە كىيىملىرىنىڭ جايىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. «شىدپىرام ئاچىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئوڭچە كىيىنىۋالسۇن دېگەندۇ، تايىنلىق» ئۇ خىيال بىلەن ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپلا كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. كاستۇم، شىم كىيگەن ئورۇق بىر ئادەم شىدپىرامنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى. نۇرنىسا ئاچچىقلىنىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى. «دۇنيادا بۇنداقمۇ بىنومۇس ئادەملەر بولىدىكەنە !

نېمىدېگەن رەسۋالىق بۇ.» غەزەپتىن ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ۋاننىنىڭ سۇ چۈشۈپ كېتىدىغان تۆشۈكىگە بىر نەرسە قاپلىنىپ قالسا كولىۋېتىدىغان سىم تاياقچىنى قولىغا ئېلىپ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تۇردى. غەزەپلەنگەنلىكىدىنمۇ ياكى سۇدىن ھېلىلا چىققانلىقىدىنمۇ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

شىدپىرام ئىتتىرىپمۇ ئىشىكنى ئاچالمىدى. نۇرنىسا ئىنچىكە، چىرقىراق ئۇنىنى ئاڭلاپ شىدپىرامنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىشىكنى سەلگىنە ئاچتى. شۇ چاغدا كۈچ بىلەن ئىتتىرىلگەن ئىشىك نۇرنىسانىڭ غولىغا قاتتىق ئۇرۇلۇپ ئېچىلىپ كەتتى. خاس يېرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان لۆڭگە يەرگە چۈشتى. ئەر كىشى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەپ فوتو ئاپپاراتنى نۇرنىساغا توغرىلىدى.

— ھۇ، ھاياسىز كاپىرلار، نېمە قىلىشماقچىسەن؟ — لۆڭگىنى ئالدىغا يېپىپ ئۈلگۈرگەن نۇرنىسا ئاپپاراتنىڭ چارس قىلىشى بىلەن تەڭ قولىدىكى سىم تاياقچىنى سۈرەت تارتقۇچىغا ئاتتى. سىم ئۇ ئادەمنىڭ پېشانىسىغا تېگىپ قانىتىۋەتتى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر سۈرەتكە چۈشۈپ باقمىغان نۇرنىسا يۇمىلاق ئەينەك كۆزى بار قارامتۇل قۇتىچاقنىڭ سۈرەت تارتىدىغان ئاپپارات ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. سۈرەت تارتقۇچى بىر قولى بىلەن ئاپپاراتنى، يەنە بىر قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ ۋاي - ۋايلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. نۇرنىسا ھاڭۋېقىپ قالغان شىدپىرامنى يانغا ئىتتىرىۋېتىپ، مېھمانخانىغا چىقىپلا كىيىملىرىنى كىيىۋالدى.

## 4

— جانابلىرى، سىلى «شەرق گۈزىلى» دەپ ئاتىغان ھېلىقى ئايال ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە

تۈنۈگۈن يۈيۈندۈرۈپ، يالىڭاچ هالدا سۈرەتكە تارتقۇلماقچى بولغانىدۇق، سۈرەت تارتقۇچىنىڭ قاپىقىنى يېرىتۋەتكەنلىكىنى گومۇدى خانىم سىلىگە ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلمىدىم.

چىرايى ئۆڭگەن پونۋانى:

— ياخشى قىپسىز، گۈزىلىم، ئۇ چىرايلىق بولغىنى بىلەن ياۋايىدەك قىلىدۇ. يېنىدىن زادى ئايرىلماڭ، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلىپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەڭ، ئۇ ماڭا ناھايىتى قىممەتكە توختىغان، — دېدى، ئاندىن بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ شىدپرامىنىڭ قولىنى تۇتتى، — كېيىن نېمە بولدى؟

— شەرق گۈزىلى دەسلەپتە نېمە دېسەم ئىشارىتىمنى چۈشىنىپ بويۇنتاۋلىق قىلمىغانىدى. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن ماڭىمۇ قارىماي قويدى، يېنىغا كەلسەم تەتۈر قارىۋالىدىغان بولدى. گومۇدى خېنىم: «پونۋانى ماڭا ئۇنى ھوشسىز قىلىپ بولسىمۇ سۈرەتكە تارتىڭلار» دېدى دەپ، جانابىي سىلىگىنى باشلاپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئاپپاراتنى توغرىلاش بىلەن تەڭ شەرق گۈزىلى ئىستاكاننى ئاتتى. ياۋايىلىق دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ. كەينىدىن لىق قايناق سۇ قۇيۇلغان چايداننىمۇ ئاتتى. سىلىگىن قېچىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىڭمۇ بېشى يېرىلغان بولاتتى. مەن بىلەنلا قالغان شەرق گۈزىلى ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئاۋازى ناھايىتى مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك... ئىچىم ئاغرىپ ئېتىكىم بىلەن يېشىنى سۈرتتۈم. ئۇ مېنى قاتتىق سىلكىۋەتتى، شۇنداق قوپاللىق قىلسىمۇ يېنىدىن كەتمىدىم. كەچكىچە توختىماي يىغلىدى، كەچلىك تاماقنىمۇ يېمىدى. تۈنۈگۈن كۈتۈۋالىدىغان مېھمان بولمىغاچقا، گومۇدى خېنىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەممىمىز يەر ئاستى زالىغا چۈشۈپ تانسا قىلغانىدۇق. سىلى بىر يەرگە

كەتكەنىكەنلا، — شىمدىپرام سۆزدىن توختاپ غوجايىنىمغا خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن قاراپ قويدى.

— ھە، مەن بىر يەرگە كەچلىك زىياپەتكە كەتكەن. شۇنداق قىلىپ سىلگىن سۈرەتنى تارتالىدىمۇ؟

— قانداقمۇ تارتالىسۇن، جانابلىرى، ئۇنىڭ ياۋايىلىقى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، — دېدى شىمدىپرام، — مەن شەرق گۈزىلىنى يەر ئاستىدىكى ئالاھىدە تەييارلانغان ئۇچىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە ئېلىپ چۈشتۈم. ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تانسا كىيىمىنى كىيدىم. بۇ پەقەت يالىڭاچ تانسا ئوينايدىغان ياكى مەرتىۋىلىك مېھمانلارنى كۈتىدىغان چاغدا كىيىدىغان ئاق يۇپقا كالتە ئىشتان بىلەن باغىرداق ئىدى. ئۇ ماڭا قارىدى ـ يۇ، كۆزلىرىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى. ئۇنىڭغىمۇ بىرقۇر تانسا كىيىمى تەييارلاپ قويغانىدىم. جانابلىرى، خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك، يالىڭاچ تانسا قىلمىغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. شەرق گۈزىلى مەن قۇچىقىغا قويۇپ قويغان تانسا كىيىمىنى قولىغا ئېلىپ بېشىمغا ئاتتى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدۇم، باشلىرىنى سىلىدىم، «ئۇنداق قىلما» دېگەن مەنىدە يېلىنىش بىلەن قارىدىم. ئۇ جىم بولۇپ قالدى. قەنت سېلىپ چاي تۇتتۇم. بۇ كۈنگىچە قەھۋەنى زادى ئىچكىلى ئۇنىمىغانىدى، ئۇسسۇغانىكەن چاينى ئىچتى. «تانسىخانىغا باشلاپ چىقاي، ھەممەيلەننىڭ ماڭا ئوخشاش كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەۋىسى قوزغالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ قولىدىن يېتىلەپ، غوۋۋا زالغا كىردۇق. شەرق گۈزىلى ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىگەن بولسا كېرەك، دەسلەپ بىردەم جىم ئولتۇردى، كېيىن تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى. شەرق گۈزىلى ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى تىترەپ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە ئاۋاز

قولىقىمغا كىردى. «مېنى ئاچقىپ كەت!» دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ بىلىپ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزماقچى بولدۇم. ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشىك تەرەپكە تارتتى. بىز تارتىشماق ئويناشقا باشلىدۇق. شۇ چاغدا گومۇدى خېنىم دەلدۇش كۇمارنى شەرەتلەپ قويدى. ئۇ كۇپتەك گەۋدىسىنى ئېگىپ تانىسىغا تارتىۋىدى، شەرق گۈزىلى چاققانلىق بىلەن ئورۇندۇقنى ئاتتى، ئورۇندۇق كۇمارنىڭ بېشىغا كىيىلىپ قالدى. شۇئان زالدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۇمار ئورۇندۇقنى ياندۇرۇپ ئاتماقچى بولغاندا گومۇدى خېنىم تۇتۇۋالدى. جانابلىرى، كۇمارنىڭ ئاچچىقى سىزگە مەلۇم، كۇمار بۇقىدەك ھۆركىرەپ كەتتى. ئۇ گومۇدى خېنىمدىنلا قورقىدۇ، باشقىلىرىمىزنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا ئالمايدۇ. باياتىن سەل ھودۇقۇپ قالغان بۇ خېنىم قانداق ئويغا كەلدى، خۇدا بىلىدۇ، قەھرى بىلەن ۋارقىراپ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئېتىۋەردى، پەرەنجىسىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنى بىلەنمۇ كارى بولمىدى، ئېسىپ قويغان گۈللەر، رەڭدار قەغەز قىياقلارنى تارتىپ چۈشۈردى. ئۇنىڭغا ھېچكىم يېقىن كېلەلمىدى. بىر چاغدا شەرق گۈزىلى ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى، ھېچكىم ئۇنى توسۇۋالالمىدى. يۈگۈرۈپ ئىشىكتىن چىقسام، ئۇ ئالاھىدە ئۆيگە كىرىۋېلىپ، نېمە قولىغا چىقسا شۇنى ئېتىپ سۇندۇرغىلى تۇرۇپتۇ، كۆزلىرى پىيالىدەك يوغىناپ، ئوت چاقناپ كېتىپتۇ. كەلگىنىمچە كەينىدىن قامالлап تۇتۇۋالدىم. ئۇ بىر سىلكىنىپ مېنى يىقىتىۋەتتى، ئورنۇمدىن تۇرغۇچە چوڭ تاش ئەينەكنى ئۆرۈۋەتتى. ئەينەكنىڭ باش تەرىپى سىم كارىۋاتنىڭ شادىسىغا تېگىپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. تۇتۇۋالاي دەپ يەنە ئېسىلسام ئىتتىرىۋەتتى، ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. دەل شۇ پەيتتە گومۇدى خېنىم كىردى. ئۇ شەرق گۈزىلىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ: «يېنىمدىن مىدىرلىماڭ، مەسىلە

چىقسا بېشىڭىز بىلەن جاۋاب بېرىسىز» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شەرق گۈزىلى كىيىم ئاسقۇچتىن تارتىپ يوتقاننىڭ كىرلىكىگىچە، تامدىكى رەسىملەردىن تارتىپ «گۈزەللەر مەملىكىتى» رەسىملىك ژۇرنىلىغىچە قويماي ئۆرۈپ - چۆرۈپ، يىرتىدىغاننى يىرتىپ، چاقىدىغاننى چاقتى. مېنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن دەپ ئۈن چىقارماي قورقۇمسىراپ ئولتۇردۇم. بىر هازادىن كېيىن ھاردىمۇ بىلمىدىم، ئاخىر جىمىدى. ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئىشىككە قارىغىنىچە ئولتۇردى. ئولتۇرغان يېرىمدە ئۇخلاپ قالغان ئوخشايمەن، ئەتىگەن كۆز ئاچسام ئۈستۈمگە ئەدىيال يېپىقلىق تۇرىدۇ، كارىۋاتتا شەرق گۈزىلى مەلىكىلەردەك ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىكەن، چىرايىدىن ھېچقانداق ياۋايىلىق كۆرۈنمەيدۇ، يېنىدىن قىمىرلىمىدىم. گۇمۇدى خېنىم كىرىپ «يەر ئۈستى ئۆيىگە ئاچىققىن» دەپ پىچىرلىدى. شەرق گۈزىلى تاشقىرىنى كۆرسەتتى. مەن «تاھارەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ھاجەتخانىغا ئەكىردىم. ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇدى، مەن يېتىلەپ يەر ئۈستى ئۆيىگە ئاچىقتىم، ئۇ چاينى ئىچكىلى ئۇنىمىدى. ماڭا قاراپلا قولىنى پىچاق قىلىپ بوغۇزىغا سۈركەۋاتىدۇ، «مېنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن بولسا كېرەك. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى گۇمۇدى خېنىم ئۇ ئۇيقۇغا كەتكەندە بوغچىسىنى ئاختۇرۇپ ماڭا تەكشۈرتكەنىدى. پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پىچاق، ئالتۇن بىلەزۈك، زىرە قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى. گۇمۇدى خېنىم ئۇلارنى ئاچىقىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئاشۇ كېچە پىچاقنى ئېلىۋالمىغان بولساق چاتاق چىقىراتتىكەن. بولغان ئىشلار مۇشۇ. گۇمۇدى خېنىم غوجايىنىغا دېگىن، دەپ يانلىرىغا كىرگۈزگەنىدى.

پونۋاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھەرقانداق ياۋا قۇشنى كۆندۈرەلەيتتى. بۇ قانداق قۇشتۇ؟

پونۋانى ئۇنى كۆندۈرەلمەسمۇ؟ ئۇ قايسى ئەلدىن ئۇچۇپ كەلگەن ياۋا قۇشكىن؟...

خىيالغا بېرىلگەن پونۋانى «قولىنى پىچاق قىلىپ بوغۇزىغا سۇركەۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئەسلەپ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ، يۈز - كۆزى تاتىلانغان، كۆڭلىكى پېشىگىچە يىرتىلغان گومۇدى ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئاتنىڭ يالىدەك لەپىلدىتىپ نۇرنىسا ئېتىلىپ كىردى. بۇزۇلغان چىرايىدىن كىشىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ، ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايدىغان تەلۋىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جامالىغا قاراشقا قىزىققان پونۋانى بېشىنى شىرەنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. قاتتىق ئۇرۇلغان گۈل لوڭقىسى شىرە ئۈستىدىكى قېلىن ئەينەكنى چۇل - چۇل قىلىۋەتتى. نۇرنىسا يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان چەينەكنى شىرە ئۈستىدىن ئېلىپ پونۋانىغا ئاتتى. چەينەك ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ، كىيىملىرىگە ئىسسىق چاي تۆكۈلدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپ تۇرغان شىدپىرام شەرق گۈزىلىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

غەزەپلەنگەن پونۋانى قوڭغۇراقنى قاتتىق جىرىڭلاتتى. شۇ هامان كۇمار باشلىق بىرنەچچە ئەر - ئايال خىزمەتچى كىرىپ كېلىشتى. پونۋانى نۇرنىسانى تۇتۇپ باغلاشنى بۇيرۇدى. ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ نۇرنىسانى يىقىتىپ، قوللىرىنى قايرىپ باغلاشتى.

— قەدىرلىكىم، ئۇ بىزگە گۆھەر تۇغۇپ بەرسىمۇ، دەرهال كۆزىمىزدىن يوقىتىڭ. ئاڭلاۋاتامسىز، يا بىزگە تۇرۇڭ، يا بولمىسا ئۇ ياۋايىغا تۇرۇڭ! — دېدى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن گومۇدى يىغلامسىراپ، — نەچچە كۈندىن بېرى بۇ ساراڭ بىزنى جېنىمىزدىن جاق تويدۇردى، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىمىز

قالمىدى. تېخى بابا شىدپرامنى ئالدىڭىزغا چىقارتىپ ئۇنىڭ يېنىدا مەن قالغانىدىم. بۇ ياۋايى ماڭا يىرتقۇچلارچە ئالىيىپ ياقامغا ئېسىلغىنىچە كۆڭلىكىمنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، تېگىگە بېسىۋېلىپ قاتتىق ئۇردى. ئۆمرۈمدە سىزمۇ بۇنداق ۋەھشىيلەرچە ئۇرمىغانسىز... قارغىش تەگكۇر بىزنى سورۇۋەتمىسۇن، تېزرەك كۆزۈمدىن يوقىتىڭ!

پونۋانى خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلمىدى. «شەرق گۇزىلى ماڭا تەۋە، ھەرقانداق ياۋايى قۇشمۇ قەپەسكە كۆنىدۇ. مەن بۇ ياۋا قۇشنى قونداققا شۇنداق قوندۇرايكى، قانداق سايرا دېسەم، شۇنداق سايرايدىغان بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ باغلاپ قويۇلغان نۇرنىساغا قاراپ خىرىلداپ كۇلۇپ، نۇرنىساغا ئاستا يېقىنلاپ كەلدى. گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىشىغا، ماغزاپتەك تۇكۇرۇك ئىچىگە كىرىپ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. پونۋانى ھېچ تەپ تارتماي ئۆزىگە تۇكۇرۇشكە جۇرئەت قىلغان شەرق گۇزىلىنىڭ كاچىتىغا ئىككىنى سالدى، ئاندىن ئاچچىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى.



تۆتىنچى باب

# شەپقەتچى

## 1

رىلاشىگىنات ئەپەندى ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىتابخانىسىنىڭ لەمپىسىدە تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ قولىنى يامغۇرغا تۇتتى. يامغۇر قىزغۇچ ئالىقاندىكى سىزىقچىلارنى بويلاپ بارماقلارنىڭ ئارىلىقىدىن تامچىلىدى. ئۇنىڭ ئويىغا تونۇگۇن پونۋانى ئەكەلگەن ياش ئايال كىرىۋالغانىدى. ئايال بۈگۈنمۇ چاي ئىچكىلى، يا تاماق يېگىلى ئۇنىمايۋاتاتتى.

«جانابىي شەپقەتچى ئەپەندىم، بۇ ئايالنى كەشمىردىن قايتىشىمدا ئەللىك تىللاغا سېتىۋېلىپ، ئۆي خىزمىتىگە سالاي دەپ ئەكەلگەنىدىم. ئايالىم كۆرۈپلا قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى، بۇ ئايالغا قاتتىق ئازار بەردى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغىنىمدا، پۈتۈن ئەلگە مەشھۇر شەپقەتچى بولغان ئۆزلىرىنىڭ نامىشەرىپلىرى ماڭا تەسەللى بولدى، شۇڭا ئۇدۇل ئالدىلىرىغا ئەكەلدىم. بۇ بىچارە ئايالنى ئۆز خىزمەتلىرىگە ئېلىپ قېلىپ، تەگلىكتىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن» دېگەنىدى پونۋانى يالۋۇرغان قىياپەتتە. رىلاشىگىنات ئەپەندى ماقۇل بولۇپ ئۇ ئايالنى ئېلىپ قالغانىدى. «نېمىشقا تاماق يېمەيدىغاندۇ؟

پونۋاننىڭغۇ بىر ئايالنىڭ قىساسىغا قېلىشتىن ساقلاپ قالدىم.
ئەي ھەممىنىگە شەپقەت قىلغۇچى ساكىيامونى، مەندەك ئاجىز
قۇلۇڭنى كىشىنىڭ قىساسىغا قالدۇرمىغىن» دەپ ئىلتىجا
قىلدى ئۇ كۆككە قاراپ. ئاندىن يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ
پارقىراپ كەتكەن ھاۋارەڭ لەمپىدىن پەسكە ئېڭىشىپ:
— ئىندىرا! — دەپ توۋلىدى.
بىرىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدىن يېڭى تۇغۇلغان
بوتىلاقنىڭكىدەك يوغان ھەم تىنىق كۆزلۈك بىر قىز چىقىپ
پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلدى.
— چاي ئىچەمسىز، دادا؟ — سورىدى قىز لەمپىنىڭ
ئىشىكىدىن كىرىپ. ئۇنىڭ يېشىل يىپەك رەختتىن تىكىلگەن
سارىسى يەرگە سۆرىلىپ تۇراتتى.
— ھېلى چاي ئىچتىم، بالام.
— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، دادا؟
— ھېلىقى مەزلۇمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقاي دېۋىدىم.
— ئۇ ھازىر مېنىڭ كىتابخانامدا.
— كىتابخانامدا؟!
— ھەئە، دادا، بىر ھېكايە كىتابنى ئوقۇۋاتىدۇ.
— تاماق يېدىمۇ؟
— تۈنۈگۈندىن بېرى ئاپام شۇنچە قىلسىمۇ تام تەرەپكە
قارىۋېلىپ تاماق يېيىشكە ئۇنىمىغانىدى، تاماق يېمەي ئۆلۈپ
قالارمۇ دەپ بەكمۇ قايغۇرغانىدىم. بەكمۇ چىرايلىق ئايال
ئىكەن، ئىچىم بەك ئاغرىپ كەتتى. ئاپام ئۇنىڭغا ئىككى
خىزمەتكار ئايالنى ھەمراھ قىلىپ قويغانىدى، كېچىچە يىغلاپ
چىقىپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ مەن ھەمراھ بولدۇم،
چۈشكە يېقىن ئۆزىچە يېگىمنى تارتتى، قارىسام، تاشقىرىنى
كۆرسەتتى. قورسىقى ئاغرىغان ئوخشايدۇ، دەپ ھاجەتخانىغا
ئەكىردىم، چىققاندىن كېيىن تەتۈر قارىۋالماي مۇلايىم نەزەر

بىلەن ماڭا ياندىشىپ ماڭدى. مەن ئۇنى كىتابخانامغا باشلاپ كىردىم. ئۇ كىتابلارغا قىزىقىش بىلەن كۆز سېلىپ، بىر كىتابنى قولىغا ئالدى ــ دە، قارا كۆزلىرى بۆلەكچە چاقناپ، گۈزەل چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى. مەن ئاپامنىڭ قېشىغا چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئاپام كىرگەندىمۇ ئىللىق نەزەر بىلەن كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. مەن بولكا، تۇخۇم، يەل ـ يېمىش، بىر پىيالە قەھۋە ئەكىردىم، يېدى، ئىچتى. ئاپام هازىر تاماق ئەتكۈزۈپ قالدى. مۇسۇلمان ئوخشايدۇ، قوي گۆشى ئەكېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى. ئەمدى ئۇ ئايالنى شەپقەتخانىغا ئەۋەتىۋېتىمىزمۇ، دادا؟

رىلاشىگنات ئەپەندىم ئاق كۆڭۈل قىزىنىڭ بالىلارچە سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرغان سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ باش لىڭشىتتى.

— ئەقىللىك قىزىم، مەن شۇنى بىلمەكچىدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىگە سۆيۈنۈپ تۇرغان قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ياخشى بوپتۇ، ئۇنىڭغا داۋاملىق ھەمراھ بولغىن. كىشىگە ياخشى نىيەتتە ھەمراھ بولۇشنىڭ ئۆزى سائادەت، ياخشى نىيەت — ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى، بۇ ئاچقۇچنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئادەم قەدىرلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، دۇنيادا پىتنە ـ پاسات تۈگىمەيدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ، قىزىم؟

— ھەئە، دادا.

— ياخشى، سەن ئۇ ئايالغا يەنە بىرنەچچە كۈن ھەمراھ بولغىن. ئوبدان قاراڭلار، مۇسۇلمانلار پاكلىقنى، ساپلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. قوي گۆشىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ تاماق ئېتىپ بېرىڭلار، ئۆزى ئېتىپ يېيىشنى خالىسا ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىڭلار، زىنھار ئازار بەرمەڭلار. ئەھۋالغا

قاراپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان تۇرك ئايالغا ھەمراھ قىلىپ قويارمىز، قىزىم.

رىلاشىگنات ئەپەندى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان قىزىغا ئىللىق نەزەر بىلەن قاراپ قالدى. يامغۇر ئاستىلاپ، ئاسمان سۈزۈلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھاۋا پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى.

رىلاشىگنات ئەپەندى نوپۇزلۇق، ئابرۇيلۇق زات ئىدى. رەتلىك كىيىنەتتى، ساقال - بۇرۇتى دائىم ياساقلىق، قوڭۇر چاچلىرى تاراقلىق تۇراتتى. ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق، ئۇزۇن قاشلىرى ئۇنى سۇرلۇك، سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئەمما، ئۇ تولىمۇ كىچىك پېئىل بولغاچقا، كىشىلەردە تارتىنىش، ئەيمىنىش كەبى روھىي ھالەت پەيدا قىلمايتتى. ھەرقانداق كىشى بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەتتى.

رىلاشىگنات ئەپەندى ئۆتكەن يىللى قالغان ئۆمرىنى مەجرۇھ، ئاچ - يالىڭاچ، پاناھسىز كىشىلەرگە شەپقەت قىلىشقا بېغىشلاش ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە يۈز كىشىنى كۈتۈۋالالايدىغان شەپقەتخانا قۇرغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىندىستان بويىچە چوڭ سانالغان پاختا - يىپ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە يۇڭ - يىپەك فابرىكىسىنىڭ ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىكى تارماق شىركەتلىرىدىن كىرگەن پايدىنىڭ يېرىمىنى شەپقەتخانىنىڭ راسخوتىغا بېرەتتى. بۇ شەپقەتخانىغا ھەر كۈنلۈكى نەچچە ئون ئادەم كىرىپ پاناھلانسا، كېسەللىرى ساقايغان، ئىگە - چاقىسى تېپىلغانلاردىن نەچچە ئون كىشى ئۇزىتىلاتتى. شەپقەتخانىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىغانلارمۇ بولاتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە رىلاشىگنات ئەپەندى تۇرك دەپ قارىغان كېسەلمەن بىر ئايالمۇ بار ئىدى. بۇ ئايالنى بىر ھىندى سودىگەر: «مەن بىر چەت ئەللىكتىن ئاتمىش تىللا بېرىپ سېتىۋېلىپ كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغانىدىم. ئۆيۈمدە تۇرۇشقا قارشىلىق قىلدى، ئامالسىز ئەكەلدىم، شەپقەتخانىڭىزدىن ئورۇن بەرسىڭىز» دەپ

ئەكىلىپ قويغانچە، بوگوننىڭ شەپقەتخانىدا بېقىلىپ كېلىۋاتاتتى، كېسەلى ياخشىلانماي ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. رىلاشىگنات قىزنىغا «كېسەل بولۇپ قالغان تۇرك ئايال» دېگەندە ئەنە شۇ ئايالنى كۆزدە تۇتقانىدى.

※ ※ ※

نۇرنىسا چىرايلىق بېزەلگەن ئۆيدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. چىرايىدىن بىئارام بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ، گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇرغان چوڭ هويلىدا، ئادەملەرنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ، چۆچۈپ قۇلاق سالاتتى، پونۋانى ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ بەرگىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ رىلاشىگنات ئەپەندىنىڭ ئايالى شەندى خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئون بەش ياشلىق قىزى ئىندىرا ۋە بىرقانچە خىزمەتكارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەندى. رىلاشىگنات ئەپەندى نۇرنىساغا بىر قاراپلا، جىنىدىن بىزار بولغان ئادەمدە كۆرۈلىدىغان ئۆزىنى تۇتالماسلىق، سەپىراسىنى باسالماسلىقتەك نېرۋا بۇزۇلۇش كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى پەملەپ، خوتۇنى بىلەن قىزىغا ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشنى، ياخشى كۈتۈشنى تاپىلىغانىدى. نۇرنىسامۇ ئۆزىگە بىرنەچچە كۈندىن بېرى هېچكىمنىڭ چېقىلمىغانلىقىنى، سىلىق، ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىللىق نەزەر بىلەن قارايدىغان، چاي، تاماق ئەكەلگەندە بېشىنى ئېگىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان بولدى. پونۋانىدىن هەم ئۇنىڭ كىشىلەرگە سىرلىق بولغان «يېڭى ئاي رېستورانى» دىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا مىڭ شۈكۈر قىلاتتى.

نۇرنىسا كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، بۇ كىتاب چاغاتاي تىلىدا

يېڭى دېھلىدا نەشر قىلىنغان «چاھار دەرۋىش» ئىدى. ئىندىرانىڭ كىتابخانىسىدا بۇ كىتابنى كۆرگەن نۇرنىسا يېقىن دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ھېچكىمگە چىراي ئېچىپ قارىمىغان بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ بۈگۈن بۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ ئىندىرا ھەيران قالدى. نۇرنىسا ئۇ ئەكىرگەن تاماقنى قايتۇرماي يېدى، بۇنىڭدىن رىلاشىگنات ئەپەندىمۇ بەك خۇرسەن بولدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ نۇرنىسا كۈلۈمسىرەيدىغان، ئۇنى ـ بۇنى ئىشارەت قىلىدىغان، ئىشارەت قىلسا چۈشىنىدىغان ھالەتكە كەلدى.

كىتاب نۇرنىساغا خۇشاللىق بىلەن بىللە ھەسرەتمۇ ئەكەلدى. «چاھار دەرۋىش» نى ئۇ قىز چاغلىرىدىن باشلاپ ئوقۇشقا باشلىغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم. تويى بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ كىتاب ئۇنىڭغا بىردىنبىر سىرداش بولۇپ قالغانىدى. بۇ كىتابنى كۈتمىگەن يەردە ئۇچراتقان نۇرنىسا بالىلىرىنى، ئەزىز يۇرتىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالىسۇنمۇ؟! نۇرنىسا مۇڭلاندى، ھەسرەت چەكتى، بالىلىرىنى كۆرگۈسى كەلدى. سېغىنىشتىن باغرى كاۋاپ بولدى، كۆز ياشلىرى كىتاب بەتلىرىگە تامدى...

ئىندىرا قىز كىرىپ، ئىشارەت بىلەن ئۇنى قورۇنىڭ گۈلزارلىق ھويلىسىغا ئاچىقتى. ئۇ ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا كىتابخانىغا كىرىپ كىتاب بىلەن بولۇپ كەتكەن بۇ مۇساپىر ئايالنى بىر ئاز ئارام ئالدۇراي دەپ ئويلىغانىدى.

نۇرنىسانى يېتىلەپ ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن ئىندىرا ئۇنى كۆزلىرىدىن سۇ ئېتىلىپ تۇرغان بىر ساھىبجامال ئايالنىڭ ھەيكىلى يېنىغا ئەكەلدى. سىم ـ سىم يامغۇردەك گۈللەر ئۈستىگە تاراملاپ چۈشۈپ تۇرغان فونتان ئۇنچىلىرى چېچىلىپ تۇرغان مەرۋايىتنى ئەسلەتتى. تەئەججۈپلەنگەن نۇرنىسا

ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى: «كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان مەندەك دەردمەن ئايالغا ئوخشىتىپتۇ...» دېدى ئىچىدە.

ئىندىرا ئۇنىڭ قولىنى تارتقاندى، نۇرنىسا «بىرپەس تۇرايلى» دېگەندەك ھەسرەتلىك بىر نەزەر تاشلىدى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان ئانىنىڭ ھەيكىلىگە تەلمۈرۈپ زوڭ ئولتۇردى. ئۇ نېمىشقا ھەسرەتلەنمىسۇن؟! مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى نۇرنىسانىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ئازمۇ؟ ئۇ ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ ياكى باغرى تاش كۆنلەمچى ئەرنىڭ قولىدا تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ؟ يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئېچىپ ئانىسىز قالغان قىزلىرى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ ياكى جانجىگەر قېرىندىشى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، سىرداش دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ؟ تاش ـ تۇپرىقى تونۇش، ئاش ـ تۇز بەرگەن يۇرتى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ ياكى چەت ئەلگە بەخت ئىزدەپ چىققاندا ۋاپادار ھەمراھىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ؟ بۇ يات ئەلدە خىيالىغا كەلتۈرمىگەن نادامەتلىك ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ ياكى خورلانغىنى، پاناھسىز قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىسۇنمۇ؟

نۇرنىسا يوقىتىپ قويغان بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۆرتىنىپ يىغلايتتى، كېچىلىرىمۇ ئۇخلىماي يىغلاپ چىقاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز بۇلىقى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆز ياشلىرى قۇرۇغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى باغرى تاش ئادەمگە ئايلىنىپ كەتسە؛ بەزىلىرى ئەقلىدىن ئازىدۇ، بەزىلىرى جان بېقىش يولىغا كىرىپ ئالدامچى بولۇپ كەتسە، بەزىلىرى چارە ـ تەدبىرلىك مېھرىبان شەپقەتچى بولۇپ قالىدۇ؛ بەزىلىرى ھاياتىدىن ۋاز كەچسە، بەزىلىرى ھاياتقا يېڭى مۇھەببەت باغلايدۇ.

نۇرنىسانىڭ ھەسرەتلىك ۋۇجۇدىدا بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇ، بۈگۈن بۇ ئىشنى قىلىمەن، ئەتە پالانى يەرگە بارىمەن، دەپ ئېيتالمايتتى، ھەتتا بىر سائەتتىن كېيىن نېمە بولىدۇ، قانداق قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ، ئۇنىمۇ بىلمەيتتى. ئۆزىگە سەپسېلىپ تۇرغان ئىندىرانىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىشى ياكى دوستلۇق قولىنى ئۇزارتىشى تېخى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس ئىدى. سالاپەتلىك چىرايىدىن مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان رىلاشىگىنات ئەپەندىم ياخشى نىيەتلىك ئادەممۇ ياكى يامان نىيەتلىكمۇ، گاس ـ گاچىدەك كۈن كەچۈرۈۋاتقان نۇرنىسا بۇنى بىلمەيتتى. شەندى خانىم ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنۈۋاتامدۇ ياكى گومۇدى خېنىمدەك يالىڭاچ سۈرەتكە تارتىش ئويى بارمۇ؟ بۇمۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. نۇرنىسا مۇشۇ كۈنلەردە ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان تىلسىمات كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىق ھېس قىلالمايتتى.

## 2

مانا بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. نۇرنىسا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايتتى. ئىندىرا ئەكەلگەن تاماقنى يەيتتى، چاينى ئىچەتتى، سېلىپ بەرگەن ئىسسىق ئورۇندا ياتاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايتتى، پونۋانىدەك تىكىلىپ قارىمايتتى، شىدپرامدەك كۆزىچە يالىڭاچ يۈرمەيتتى. ئىندىرا بىرنەچچە خىزمەتچى ئايال بىلەن ئۇنى مۇنچىغا باشلاپ كىرگەندە چۆچۈدى، يۈرىكى ئەسەبىي ھالدا تېپچەكلىدى، ئەمما ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق غەرەزسىز قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پار مۇنچىدا تەرلىنىپ يۇيۇندى، مۇنچىدىن يېنىكلەپ چىققاندا، شېشىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى.

ئۇ بەل پۈرمە قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ، گۈلسىز ئاق ھىلھىلە روملىنى ئارتىۋالغانىدى. ئىندىرا ھاڭۋېقىپ قالدى. شەندى خانىم ئۇنىڭ ساھىبجامال ئاياللاردىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، بۈگۈن ھەقىقەتەن قاراپ زوقلانغۇدەك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ نۇرنىسا ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىدىغان بولدى. بولكا، گۆش، ئاش، ئۆي، ئىشىك، دادا، ئانا، ئاكا، ئاچا... دېگەندەك دائىم قۇلىقىغا كىرىپ تۇرىدىغان ھىندىچە سۆزلەر ئۇنىڭغا يادقا بولۇپ قالدى. نۇرنىسا ئىندىرادىن ئۇنى ـ بۇنى كۆرسىتىپ سوراپ يېزىۋېلىپ ئۆگىنىشكە باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان رىلاشىگنات ئەپەندىم شەندى خانىمغا دېدى:

— ئايال گۈزەل بولسا، ھەممە كۆزلەر ئۇنى تەقىپ قىلىدۇ. شەپقەتخانىدىكىلەر نامرات، مۇساپىر، مېيىپ، باشپاناھسىزلار بولسىمۇ، بۇ ئايالنى كۆرسە ئۇلارنىڭ ئارامى بۇزۇلماي قالمايدۇ. شۇڭا، مەن بۇ مۇسۇلمان ئايالنى شەپقەتخانىغا ئېلىپ بارماي، ئائىلىمىزدە كۈتكىنىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. بەلكىم ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ ئىگە ـ چاقىسى كېلىپمۇ قالار. ھازىرچە ھېلىقى كېسەل مۇساپىر ئايالغا ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن. ئىختىيارىغا قويۇڭلار، ئىختىيار قىلمىسا مەيلى.

## 3

ئەينەكتەك ئېچىلىپ كەتكەن بومباي ئاسمىنىنى بىردەمدىلا بۇلۇت قاپلاپ كەتتى. نۇرنىسا بۇنداق يامغۇر يېغىپ تۇرغاندا قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، شەندى خانىم بىلەن ئىندىرانىڭ ئارىلىقىدا ئۆيگە چۈمۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى خىزمەتچى ئايال ئۇلارغا ئەگەشكەنىدى.

ئىندىرا قىز نۇرنىسا بىلەن قاتار مېڭىپ ئۆزىچە بويىنى ئۇنىڭ بويىغا تەڭلەشتۈرۈپ باقتى، ئۇنىڭ بويى نۇرنىسانىڭ قارا چاچلىرى ئۆركەشلىنىپ قايرىلىپ تۇرغان چېكىسى بىلەن تەڭ كەلدى. ئىندىرانىڭ كۆزى ئىختىيارسىز نۇرنىسانىڭ چۆچۈرىدەك قولىقىنىڭ يۇمشىقىدىكى تۆشۈككە چۈشتى. ئاقىرىپ قىزىرىشقا باشلىغان ئالما پوستىدەك رەڭ ئالغان قۇلاقنىڭ تۆشۈكى يىڭنە تۆشۈككە ئوخشاش ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىندىراغا بۇ كىچىك تۆشۈكتىن نۇر ئۆتۈشۈپ تۇرغاندەك بىلىندى. «نېمىشقا ھالقا ياكى سۆكە سالمىغاندۇ؟ يوق بولسا كېرەك» دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ يەنە بىر ھالقىسىنى بەرگۈسى كەلدى. نۇرنىسانىڭ ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈكلىرىنى پونۋانىنىڭ خوتۇنى گۇمۇدىنىڭ ئېلىۋالغانلىقىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن؟! شەپقەتخانىغا ئەكېلىنگەن چاغدىمۇ نۇرنىسانىڭ زىننەت بۇيۇملىرى شۇ خوتۇننىڭ قولىدا قالغانىدى.

ئۇلار «توز» ماركىلىق كىچىك ماشىنىغا ئولتۇردى. يامغۇر ماشىنىنىڭ پەردە تارتىلغان كۆزنەكلىرىگە تاراسلاپ تېگەتتى. ئۇچقاندەك ماڭغان ماشىنا ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن تۆمۈر ۋادەكلىك چوڭ قورۇ ئالدىدا توختىدى.

نۇرنىسا ئىندىرانىڭ كەينىدىن ئاپپاق بىر ئۆيگە كىردى. ئىككى يام ئەتىرگۈل قويۇلغان دېرىزە ئالدىدىكى كارىۋاتتا بىر ئايال ياتاتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭغا قارىشى بىلەنلا، بىر نەرسىنى تۇيغاندەك يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ ئېڭىشتى، چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەن بىمارمۇ قانداقتۇر تونۇش بىر چىرايىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. شەندى خانىم بىلەن ئىندىرانى كۆرمىگەندەك نۇرنىساغىلا تىكىلىپ قالدى. ئۇ تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ قالغان ياغاق قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، ئىككى تىزىغا تايانغان ھالدا قوپماقچى

بولۇۋىدى، ھالسىزلىقتىن قوللىرى دىرىلداپ، كۆتۈرۈلگەن بېشى ياستۇققا چۈشۈپ كەتتى. كېسەل ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا:

— سىلى ... — دېيەلىدى، بۇ «سىلى» دېگەن مىسكىن سادا نۇرنىسانىڭ يۈرىكىنى ئورنىدىن قوزغىدۇەتتى. «راست، كۆرۈپلا يۈرىكىم تونۇغانىدى، مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇيغۇر ئىكەن، بىچارە. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟...»

— بىئارام بولمىسىلا، قېرىنداشىم، بىئارام بولمىسىلا، — نۇرنىسا شۇنداق دېيىشىگە كېسەل ئايال ئۇنىڭغا گىرە سېلىۋېلىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ «سىلى... سىلى...» دەيتتى، نۇرنىسامۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلىدى.

— بىئارام بولمىسىلا، قېرىنداشىم، بىزنى خۇدايىم دىدار كۆرۈشتۈردى، ئەمدى ساقىيىپ كېتىلا، — نۇرنىسا كېسەلنىڭ كۆز ياشلىرىنى قولى بىلەن ئېرتتى.

— مېنى ئەكېتىشكە كەللىمۇ؟ خو - خوتەندىن كەللىمۇ - ھە! — كېسەل كۆچەپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، لەۋلىرى تىترەپ، يۈزلىرى لىپىلداپ كەتتى، ئۇ نۇرنىساغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ھەئە، خوتەندىن كەلدىم، سىلىنى ئىزدەپ كەلدىم، ياخشى بولۇپ قاپلا.

— خوتەندىن - خوتەندىن... — تەكرارلىدى كېسەل سولغۇن چېھرىگە خۇشاللىق تېپىپ، — بىلگەنىدىم، چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم ... — بىمار بىردىنلا سۆزدىن قالدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

نۇرنىسا كېسەلنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، كۆك تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى، ئۇچىسىنى سىلىدى.

بىمار چۈشەكىگەندەك نېمىلەرنىدۇر دەپ جۆيلۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەنىدى. نەچچە يىلدىن بېرى بىر

يۇرتلۇقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولغان كېسەل تېنىگە ئىللىق، يۇمشاق ئۇرۇلۇۋاتقان ئىسسىق قولنى سېزىپ، يانتۇ بولۇپ ياتتى. ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئېقىم يۈگۈرۈپ ھۇزۇر ھېس قىلدى. بىر كىشىنىڭ سىلاپ ـ سىيپاپ قويۇشىغا شۇنچە موھتاج بولغان ياغاق ئۇچىسى يايراپ كەتتى.

شەندى خانىم بىمار ئايالنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىنىڭمۇ ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆيۈنگەنلىكىدىن كۆزىگە ياش ئالدى. ئىندىرا قىزنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

دوختۇر كىرىپ، كېسەلنىڭ يېنىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىمار شەندى خانىم، ئىندىرا قىزغا قاراپ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ھىندى تىلىدا ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ «رەھمەت، ئاچا، رەھمەت، سىڭلىم» دېگەن سۆزنى يىغلامسىراپ ئېيتقاندا، نۇرنىسا ئۇنىڭ ھىندى تىلىنى بىرئاز ئۇقىدىغانلىقىنى بىلدى. نۇرنىسا بۇ كېسەل قېرىندىشىنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىشكە يۈرىكى قانداقمۇ چىدىسۇن؟! كېسەل ئايالمۇ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋالدى. نۇرنىسا بەزى نەرسىلەرنى ھىندىچە ئاتاشنى بىلگەن بىلەن، تېخى مەقسىتىنى ئۇقتۇرالمايتتى. ئۇ شەندى خانىمغا كېسەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇ يەردىن كەتمەي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. شەندى خانىم چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى. دوختۇر بىلەن بىر پەس سۆزلىشىپ، نۇرنىسانىڭ تەلىپىنى چۈشەندى. كېسەل ئايال شەندى خانىم بىلەن ئىندىرانىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، نۇرنىسانىڭ يېنىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولغىنىدىن يىغلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئىككى قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

— قاچان كەلدىلە، ئىسمىلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى

ئايال نۇرنىساغا مەھكەم يېپىشتى.

— ئىسمىم نۇرنىسا، كەلگىنىمىزگە بىر يىلدىن ئاشتى، — نۇرنىسا جاۋاب بېرىۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ھەسرەتلىك كەچۈرمىشلىرى چۈشكەنىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم مەغپىرەتخان، بۇ ئەلگە كېلىپ قالغىنىمغا بەش يىلدىن ئاشتى، ئەتىمالىم. مەن بىر بىتەلەي...

«مەغپىرەتخان ... — نۇرنىسانىڭ يۈرىكى ‹جىغ› قىلىپ قالدى، — بۇ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئىلگىرىكى ئايالىمۇ، نېمە؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ؟ ھە، بىلدىم، ئابدۇلئەزىز سۆزلەپ بەرگەن چاغدىلا كۆڭلۈمگە كەلگەنىدى...»

نۇرنىسانىڭ كۆز ئالدىدا مەككار، ئالدامچى ئۆمەر باينىڭ ياۋۇز قىياپىتى پەيدا بولۇپ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. لېكىن، مەغپىرەتنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن ئۆمەر بايمۇ، ئەمەسمۇ ئۇ بۇنى جەزم قىلالمايتتى. مەغپىرەت ئېغىر كېسەل بولسىمۇ، ئېسى جايىدا ئىدى. چىرايىدىن، ئۇھ تارتىشىدىن، لېۋىنى چىشلىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، نۇرنىسا ئۆزى ھەققىدە ھازىرچە ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلدى.

— قېرىندىشىم، ئۆيلىنىپ كەتتىڭىزمۇ؟ — نۇرنىسادىن خىرە كۆزلىرىنى ئالماي قاراپ ياتقان مەغپىرەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سورىدى، — خوتەنلىك ئەمەس ئوخشىمامىلا، سۆزلىرىمۇ خوتەنچە ئەمەس.

— راست دېدىلە، مەغپىرەتخان، — نۇرنىسا بىمارنىڭ ماڭلىيىنى سىلاپ جاۋاب بەردى، — مەن قەشقەرلىك، خوتەندىمۇ تۇرغان. قەشقەر، خوتەن ئوخشاشلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئەلۋەك يۇرتلىرى، تاغىۇ باغلىرى، ھاۋاسى، سۈيى، دەل - دەرەخلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ تونۇشلۇق...

نۇرنىسا يەنە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي توختاپ قالدى، مەغپىرەت بۇنى سەزگەندەك مۇڭلىنىپ دېدى:

— بىز ئاياللار تولىمۇ يېنىك كېلىدىكەنمىز، ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدىكەنمىز. بىر ئەر بىلەن چىرايلىق ئۆتۈۋېتىپ، ئىككىنچى بىر مەككارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۆزىمىزنى بەختسىز قىلىپ قويىدىكەنمىز. مۇشۇ تۈپەيلى ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان يەپ ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆتىدىكەنمىز...

مەغپىرەت نۇرنىسانىمۇ ئۆزىدەك ئالدىنىپ بۇ ئەلگە كېلىپ قالغان ئايال بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭمۇ كۆز ئالدىغا ئۆمەر باي كەلدى. بىر ئوبدان تۇتقان ئۆيىنى خانىۋەيران قىلىپلا قالماي، خۇددى ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئازابلاپ خورلىغان، ئىززەت ـ نەپسىنى سېتىپ چەت ئەلدە يات بىر ئادەمگە تۇتۇپ بەرگەن ۋىجدانسىزنىڭ تەلەتى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، بىردىن چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئاھ چېكىپ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، نۇرنىسا باش ـ كۆزىنى سىلاپمۇ، تەسەللى بېرىپمۇ، دوختۇر، سېستىرالار كىرىپمۇ يىغىدىن توختىتالمىدى.

مەغپىرەت يىغلايتتى، توختىماي يىغلايتتى. نۇرنىسامۇ قانچە ـ قانچە قېتىم مانا مۇشۇنداق يىغلىغان ئەمەسمىدى؟ مەغپىرەت قۇرۇپ كەتكەن كۆزىدىن ياش چىقمىسىمۇ، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، ياشسىز قۇرۇق يىغلىماقتا ئىدى...

سېستىرالار چۈشلۈك تاماق ئەكىردى. نۇرنىسا قوشۇق بىلەن ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزۈشكە تۇتۇندى.

— ئاۋۋال ئۆزلىرى يەۋالسىلا، — دېدى مەغپىرەتخان تارتىنىپ.

— مەن ساق، سىلىگە يېگۈزۈپ قوياي، تارتىنمىسىلا، قېرىندىشىم.

نۇرنىسا ئەكىرىلگەن تاماقنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، مەغپىرەتكە تاماق يېگۈزۈشنى توختاتتى.

— بولدى، بەك تويۇپ كەتتىم، — دېدى مەغپىرەتخانىمۇ چىرايى ئېچىلىپ، ئۇ بۇنداق ياخشى ھەمراھقا ئىگە بولغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنگەنىدى.

نۇرنىسا مەغپىرەتخانىنىڭ ئىشتىيىنىنىڭ ئوبدان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمىشقا بۇنچە ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.



بەشىنچى باب

# زار، بىزارنىڭ ئۆلۈمى

## 1

مەغپىرەتخان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. نۇرنىسانىڭ ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە مۇڭداشقۇسى بولسىمۇ، ئارام ئېلىۋالسۇن، دەپ دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇرغىنىغا بىر سائەتتىن ئاشقانىدى. بەش يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۆز ۋەتەندىشىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەشكەن، ئۇنى كۆرۈپ تاماق گېلىدىن ئۆتكەن، ئۇزۇلگەن ئۇمىدى ئۇلىنىپ ياشاشقا ئىنتىلگەن، سۇنۇق كۆڭلىدە ساقىيىش ئارزۇسى تۇغۇلغان مەغپىرەت ئاتا ــ ئانىسىنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى. بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى نۇرنىساغا سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلى ــ قارنىنى بوشىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، سۆيۈنگەن ۋۇجۇدى ئاستا ــ ئاستا بوشىشىپ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ ئويغانغاندا بىنانىڭ نورلىرىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۇلىرى يولدا ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتاتتى.

مەغپىرەتخاننىڭ تېگى ــ تېگىدىن كېسەللىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا كۆلكە يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرگەن نۇرنىسا:

ــ مەغپىرەتخان، باياتىن بېرى ئالاھىدە ئوخلىنىپ قالدىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇزاق ئۆتمەي ساقىيىپ كېتىلا، ــ دېدى ئۇنىڭ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئۇچىسىنى

سىلاپ.

— قانچىلىك خۇشال بولغىنىم بىر ئىگىسىگە مەلۇم، خېنىم. تويۇم بولۇپ ئەتىسىمۇ بۇنداق خۇشال قوپمىغانىدىم. بۇ قېتىمقى خۇشاللىقىمنى تىلىم بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ساقىيىشقا كۆزۈم يەتمىگەنىدى. سىلىنى كۆرگەندىن كېيىن ساقىيىپ قېلىشنى خالاپ قېلىۋاتىمەن. ئېيتىسىلا، خېنىم، راستىلا ئوڭلىنىپ كېتەرمەنمۇ؟

نۇرنىسا مەغپىرەتكە ئىچى ئاغرىپ سەپسالدى:

— نېمىشقا ساقايمايلا، خۇدا بۇيرۇسا بىر ئايغا قالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىلا، ئىككىمىز بىللە خوتەنگە كېتىمىز.

مەغپىرەتنىڭ مۇردىدەك تاتىراڭغۇ چىرايى ئېچىنىشلىق تۇس ئالغانىدى. ئۇ چوكىدەك بارماقلىرىنى تىترىتىپ، نۇرنىسانىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، گىرە سېلىۋالدى.

— جېنىم ئانام، جېنىم دادام، جېنىم ھەمشىرەم، سىلى مېنىڭ ھەممە نېمەم، خۇدايىم مەن ئۈچۈنلا سىلىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ئوخشايدۇ. ئەمدى مەن بېشىمدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ ئىچ - قارنىمنى بوشىتاي، دەردىمنى يېنىكلىتەي، بۇرۇنراق ساقىيىپ كەتسەم، ئەجەب ئەمەس، — ئۇنىڭ ئۈنى يەر ئاستىدىن چىققاندەك بوش، ئاجىز ئىدى.

نۇرنىسا ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى. ئۇنىڭ سىرقىراپ، تېلىپ تۇرغان بەدەنلىرىنى سىلاشقا باشلىغانلىقىدىن ھۇزۇرلانغان مەغپىرەت:

— ئەجەب ئوبدان قىلدىلا، خېنىم، — دېدى كۆزلىرىنى لۆمۈلدىتىپ، — سىلاشنىڭ ئادەمگە بۇنداق خۇشياقىدىغانلىقىنى ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىممۇ ھېس قىلىپ باقمىغانىكەنمەن. ھەر قېتىم سىلىغان چاغلىرىدا ياغاق تېنىمگە ئەت قونۇۋاتقاندەك بولۇپ ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتىمەن، خۇدايىم قوللىرىغا

دەرد بەرمىسۇن.

نۇرنىسا سىلىغانسېرى مەغپىرەت كېسىلى ساقىيىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ تېتىكلىشىپ قالدى، مېڭىسى سەگەكلەشتى. بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، دەرد ـ ھەسرەتلىك كۆڭلىدىن يىغانى ئۆرلەشكە باشلىدى. نۇرنىسانىڭ قوللىرىنى مەيدىسىگە يېقىپ ئۇھ تارتتى ـ دە، پەس ئاۋاز بىلەن گەپ ئاچتى.

ــ ئاتام يىپەكچىلىك قىلاتتى، ئانام پىلە باقاتتى. مەن تۆت بالىنىڭ كىچىكى ئىدىم. ئىككى ئاچام ۋە بىر ئاكامغا قوشۇلۇپ مەنمۇ كىچىكىمدىنلا پىلە بېقىشقا كىرىشىپ كەتتىم. كېيىنرەك مېنى گىلەم، ئەتلەس توقۇشنى ئۆگىنىۋالسۇن، دەپ تام قوشنىمىز ئىسمائىل ئاخۇن ئۇستامغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەردى. مەن ئون ئۈچ يېشىمدىن باشلاپ گىلەم، ئەتلەس توقۇشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئون بەش ياشقا كىرگىنىمدە، ئاتا ـ ئانام مېنى ئۇستام ئىسمائىل ئاخۇننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلدى. مەن ئەمدى جىمىغۇر ئېرىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ گىلەم، ئەتلەس توقۇشقا كىرىشتىم. بىرنەچچە يىل ئىچىدە قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتام ۋاپات بولۇپ، ئانام يالغۇز قالدى. مەن جىمىغۇر ئېرىمنى گومۇش ساناپ كۆزگە ئىلمايتتىم. ئادەمگە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. يېنىمدا ئابدۇلئەزىز كالىدەك پۇشۇلداپ ياتسا يۇرىكىم سىقىلىپ كېتەتتى. يىغلاتقاندا تازا يىغلىتىپ، كۈلدۈرگەندە تېلىقتۇرۇۋېتىدىغان ئەرلىرى بار ئاداشلىرىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەۋىسىم كۆچىيىپ كېتەتتى. ئېرىمنىڭ بىر ياخشى يېرى مېنى تىللىمايتتى، يا ئۇرمايتتى، سىلكىشلىسەممۇ، دوق قىلسامىمۇ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. بەزىدە ئىچىم ئاغرىپ گىرە سېلىپ يىغلاپ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىپ ئون يىلنى ئۆتكۈزدۈم. يىگىرمە بەش

ياشقا كىردىم، ساغرام چىقىپ، كۆكسۈم تولغان چاغلار ئىدى. بىزگە ئىش بۇيرۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئىچىدە ئۆمەر ئاتلىق بىر باي بار ئىدى. جېنىم نۇرنىسا خېنىم، ئېرىدىن نارازى ئايال ئەرلەرگە كۆز سالماي قالمايدىكەن. مەنمۇ ئىش بۇيرۇپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئەرلەرگە ئىشىك كەينىدىن ئوغرىلىقچە كۆز سالاتتىم. ھېلىقى ئۆمەر باينىمۇ ماراپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ تورىغا قانداق ئىلىنىپ قالغانلىقىمنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئۇنى كىشىلەر بىكاردىن ـ بىكار «شەيتان» دەپ ئاتىمىغانىكەن. ئاخىر ئۇ بىنومۇس مېنى كۈشكۈرتۈپ ئېرىمدىن ئاجرىشىشقا قىستىدى. مەن ئەخمەق، ئويلانمايلا تۇغمىغانلىقىمنى ئېرىمگە دۆڭگەپ، ئاغزىمغا كەلگەن سۆز بىلەن تىللاپ ئۆكتەملىك قىلدىم. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۇنداق قاتتىق ئاچچىقى بار ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي، شۇ چاغدا قېچىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىپتۇ، نەگە كەتكەنلىكى خۇداغا مەلۇم. ئۆيۈمنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. ھېلىمۇ ياخشى، قولۇم ـ قوشنىلار ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى، قالغان ـ قاتقان نەرسىلەرنى ئانامنىڭ ئۆيىگە توشۇدۇم. شۇ چاغدا ئۆمەر باي كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا بىراقلا چۈشتۈم. مېنى ئانام بىلەن خوشلاشقىلىمۇ قويماي ئەكەتتى. ئۇنىڭ بىر پاخشەك تاز خىزمەتكارى بار ئىكەن، مېنى شۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى، بۇ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇردۇم. بۇ تاز ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ ھەر كۈنى تۈن يېرىم بولغاندا يېنىمغا كېلىۋالدى، شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇپ ئۈن چىقىرالماي قالدىم. نەشىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان شۇم ئېغىزىنىڭ يۈزلىرىمگە، سوغۇق قولىنىڭ كۆكسۈمگە تېگىپ تۇرغانلىقىنى سەزسەم، ئۆمەر باينى مىڭنى قارغايتتىم. تۆتىنچى

كۈنى سەھەردە ئۆمەر باي كەلدى، غالچىسىنىڭ سېسىق ئاغزى تەگكەن لەۋلىرىگە، مەڭزىگە سۆيۈپ، كۆڭلۈمنى ئالغان بولدى. خۇددى بىلىپ قالىدىغاندەك قورقۇپ تىترەپ كەتتىم، ئۇ بىلەلمىدى. مانا شۇنداق بىلەلمەسلىك بىزنى تېخىمۇ ئېزىقتۇرىدۇ. بىز ئاياللار «بىلمەيدۇ، بىلمەيدۇ» دەپ ئويلاپ قالىمىز ـ دە، ۋاپاسىزلىق، نومۇسسىزلىق، شەرمەندىچىلىك يولىغا كىرىپ قالىمىز. ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىپ، يالغۇز ئانامنى، يۇرتۇمنى تاشلاپ ئۆمەر بايغا ئەگىشىپ كەتكەنلىكىمنى خۇدايىم كەچۈرمەيدۇ، بۇ تارتقۇلۇق مەن ئۈچۈن ھەق جازا ... — مەغپىرەتنىڭ مەيۈس چىرايى ئېچىنىشلىق تۈس ئالدى، ئىنجىقلاپ يۆتەلدى. نۇرنىسا ئازراق قايناق سۇ ئىچۈرگەنىدى، يۆتەلدىن توختىدى، تۈگۈلۈپ قالغان مەغپىرەت بېشىنى سەلگىنە كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىنى ئۇزارتىپ، سۆزىنى ئىنجىقلاپ داۋاملاشتۇردى، — ئۆمەر باي خوتەندىن نەچچە ھەسسە چوڭ بىر شەھەرگە ئەكەلگەندىن كېيىنلا، مېنى ئۆزىگە نىكاھلىۋالدى. بۇ يەردە بىر سارايدا ئۈچ ـ تۆت ئاي تۇردۇق. بۇ شەيتان باينىڭ نەپسى تويغان بولسا كېرەك، ماڭا ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇئامىلىسىمۇ بارا ـ بارا سوغۇقلىشىپ كەتتى. ماڭا خوتۇنى ئەمەس، دېدەكى ئورنىدا قارايدىغان بولدى. يىغلىدىم، قاقشىدىم، ياقىسىغىمۇ ئېسىلدىم. قوۋۇرغام سۇنغۇدەك تاياق يېگەندىن كېيىن، دەردىمگە يەتكۈدەك كىشىنىڭ يوقلۇقىدىن مەتتۇرسۇنغا ھال ئېيتىدىغان بولدۇم. ئۇ ئۆمەر باي بازارغا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا يېنىمغا كىرىۋالىدىغان بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈرىۋەردىم. ئۆمەر باي بۇ شەھەردىن كاراچى دېگەن شەھەرگە ئېلىپ باردى. مەن بۇ يەردە ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيدىغان ئەزىم دەريانى كۆردۈم، بۇ دەريانى مەتتۇرسۇن ماڭا «دېڭىز» دەپ چۈشەندۈردى. بىز مۇشۇ دېڭىز بويىغا يېقىن بىر سارايغا چۈشكەنىدۇق. بۇ يەردە ئىككى

يىلغا يېقىن تۇرۇپ قالدۇق. ئارىلىقتا مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ، مەتتۇرسۇننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئۆمەر باي خوتەندىن ئاق شايى ئەكەلدى. بۇ يەردە ئاق شايى پۇل ئىكەن. بازاردا نېمە ئاقىدۇ، نېمە ئاقمايدۇ، شەيتان باينىڭ ئەس - يادى شۇنىڭدا ئىدى. ئۇ ئەتىگەن سەھەردە چىقىپ كەتسە كەچتە كېلەتتى. يالغۇزچىلىقتا كۆنۈپمۇ قالدىم، كۆنمەي نېمە ئىلاجىم؟! بۇ يات ئەلدە ماڭا كىممۇ باشپاناھ بولاتتى. خېنىم؟! پۇشايمان قىلغانسېرى يۇرتۇمنى سېغىناتتىم، ئانام ئېسىمگە كېلىپ، يۈرىكىمگە پىچاق سانجىلغاندەك تولغىنىپ كېتەتتىم. بۇ كاتتا سارايىنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە قۇشتەك يالغۇز قالاتتىم. بۇ مۇساپىرلار مېھمانخانىسى بولۇپ، ئۇياق - بۇياقتىن كېلىپ قالغان باشپاناھسىز كىشىلەرنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئالاھىدە ياسالغانىكەن. ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا، ئۆمەر باي مېنى ۋە ماللىرىنى پاراخوتقا سالدى. پاراخوت بىلەن قانچە كۈن يۈرگەنلىكىمىز ئېسىمدە يوق. قايسى تەرەپكە قارىسام داۋالغۇپ تۇرغان سۇدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. دېڭىزغا قارىسام ئىچىمدىكى تىت - تىتلىق پەسلەيتتى، بۇ كېسەل شۇ چاغدىلا باشلانغانىدى...

مەغپىرەت يەنە يۆتەلدى، چىرايى پۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ چايدىن ئوتلاپ نۇرنىسانىڭ قوللىرىنى يۈزىگە يېقىپ داۋام قىلدى:

— نۇرنىسا خېنىم، مەن بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى سىلىمۇ بېسىپ ئۆتكەنلا، بۇ يوللار نېمىدېگەن ئۇزۇن - ھە، پىيادىمۇ ماڭدىم، ئاتلىقمۇ ماڭدىم، چەكسىز قۇملۇقلاردا تۆگىمۇ مىندىم، قوتازغا مىنىپ، قورقۇنچلۇق ھاڭنى بويلاپ قارلىق تاغلاردىن ئۆتۈپ، بۇ يوللاردىن يەنە مەن ئېشىپ قالدىم. ئەمما، كۆڭلۈم يارىلاندى. نۇرنىسا خېنىم، بىز بومبايغا كەلگەندە دەسلەپتە بىر چوڭ سارايغا چۈشكەندۇق، بىرەر ئايدىن كېيىن

ئۆمەر باي مەينەت بىر كوچىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدى...

مەغپىرەتنىڭ سۆزلەۋېتىپ ھالسىراپ قالغانلىقىنى كۆرگەن نۇرنىسا ئۇنىڭغا يەنە چاي قۇيۇپ بەردى. مەغپىرەت سۆزدىن توختاپمۇ، خېلىغىچە دېمىنى ئالالماي ھاسىراپ ياتاتتى. يۈزىنى نۇرنىسا تەرەپكە بۇراپ، يەنە بىر نەرسە دېمەكچى بولدى، ئەمما گەپ قىلىش ئورنىغا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

## 2

نۇرنىسا مەغپىرەتنىڭ مۆلدۈرلەپ قارىشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. مەغپىرەت نۇرنىساغا تەلپۈنۈپ قاراپ ئۇنىڭ زادى كىملىكىنى بىلىشكە قىزىقسىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يەنە سۆزلەپ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن نۇرنىسا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ پىيالىدىكى قەھۋەنى ئىچىۋېتىپ، مەغپىرەتنىڭ ياغاق قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئالدى.

— مەغپىرەتخان، سىلى بۆلەكچىلا ياخشى بولۇپ قالدىلا، سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ، قوشكېزەك تۇغۇلۇپ ئايرىلىپ كەتكەن ئاچامنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. ماڭىمۇ بۇ مەملىكەتكە كەلگىلى ئۈچ يىل بولدى. ئېرىم ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. بىزنىڭ ئەسلىدە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىش ئارزۇيىمىز بار ئىدى. تىجارەتنىڭ كەينىگە كىرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغانىدۇق. بۇ يىل قىشتا ئېرىم ئاغرىپ يېتىپ قالدى، مال ـ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېرىمنى داۋالىتىشقا سەرپ قىلدىم. خۇدادىن كەلگەن ئەجەلگە داۋا يوق ئىكەن، باھارغا قالماي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ كۆز يۇمدى، زار ـ زار يىغلىدىم. بۇ مۇسىبەت ئۆز يۇرتىمىزدا بولغان بولسا بۇنچە يالغۇزلۇق تارتىپ، ھەسرەت ـ نادامەتتىن ئۆزۈمنى

يوقىتىپ قويمىغان بولاتتىم. قوشنىلىرىم يىغا ـ زارىمغا تاقەت قىلالماي بىرنېمىلەرنى دەيتتى. قانچە كۈن ئۆتتى بىلمەيمەن، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى، ناھايىتى پاكىز كىيىنگەن ئىككى كىشى ماڭا سالام بەردى، مەنمۇ يۈزۈمنى توسۇپ سالام بەردىم. ئۇلارنىڭ ئىما ـ ئىشارىتى ھەم گەپ ـ سۆزلىرىدىكى مەنىسى ماڭا چۈشىنىشلىك بولۇپ قالغان سۆزلەردىن ياخشىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. نەرسە ـ كېرەكلىرىم ماشىنىنىڭ بىر بۇرجىكىگىلا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن رىلاشىگىنات ئەپەندىمىنىڭ شەپقەتخانىسىغا ئەكېلىندىم. بۇ يەردە بىر ئايدىن بېرى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. خۇدايىم سالامەتلىك ئاتا قىلسا، ئۆز دىيارىمىزغا كېتىۋالغىلى نېسىپ قىلار، ئىنشائاللا.

نۇرنىسا ئىچىدە ئويلاپ چىقارغان بۇ كەچۈرمىشنى سۆزلەۋېتىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. گەرچە ئاغزىدا بېشىدىن ئۆتمىگەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر قېتىم ئەسلەپ چىققانىدى. ساناقلىق كۈنلىرى قالغان مەغپىرەتنىڭ ھەسرەت ـ نادامىتىنى ئۇلغايتىپ، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزدۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ راستىنى ئېيتمىغانىدى.

— يىغلىمىسىلا، نۇرنىسا خېنىم، پېشانىمىزغا پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. بۇ يەرلەرگە كېلىپ قېلىشىمىزنى كىم ئويلىغان؟! ئايال دېگەن بىر ئەرنىڭ پېشىگە ئېسىلغاندىن كېيىن، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرگە ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان گول خەق. ھېلىمۇ سىلى مەندەك ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتمىگەنىكەنلا، ساق تۇرۇپلا، شۈكۈر قىلسىلا، ماڭا ئوخشاش يېرىم جان بولۇپ قالسىلا قانداق قىلاتتىلە؟ يىغلىمىسىلا خېنىم، يىغلىمىسىلا، — تەسەللى بەردى كۆز ياشلىرىنى

ئېرتىشقىمۇ مادارى كەلمەيدىغان هالغا چۈشۈپ قالغان مەغپىرەت زورۇقۇپ سۆزلەپ، — خۇدايىم هېچ بەندىسىنى مەندەك ئەلەمدە، هەسرەتتە قويمىسۇن.

مەغپىرەت تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى نۇرنىسانىڭ باغرىغا قويدى. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ئاشۇ ئىككى ئېغىزلىق زەي پۇراپ تۇرغان ئۆيدە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدۇق. ئۆمەر باي كۆپرەك ئىچىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئىچىپ كەلسىلا مېنى ئۇراتتى، دادلايتتىم، ئاھ ئۇراتتىم، يىغلىناتتىم، چاچلىرىم بىلەكتەك توم ئىدى. ئۆمەر باي تولا يۇلۇپ قالغىنى مۇشۇ.

نۇرنىسا مەغپىرەتنىڭ بېشىنى ئاران يېپىپ تۇرغان بىر تۇتام چىگىچلىشىپ كەتكەن چاچقا قاراپ، بېشىنى چايقاپ هەسرەتلەندى. مەغپىرەت يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— جېنىم نۇرنىسا خېنىم، بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، ئابدۇلئەزىزنى زورلاپ تالاق دېگۈزمىگەن، ئۆيىنى ۋەيران قىلمىغان بولاتتىم. شۇنداق مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى، بىلمەپتىكەنمەن، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق.

مەغپىرەت ئىسسىق قوللىرى بىلەن چاچلىرىنىڭ چىگىچىنى يېشىپ، ئۆزىگە ئارام بېرىۋاتقان نۇرنىساغا مىننەتدارلىق بىلەن مۆلدۈرلەپ قارىدى:

— ئۆمەر باي تومۇزنىڭ تازا تىنچىق بىر كۈنى سەهەردە چىقىپ كەتكەنچە كەچ كىرگەندىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭدىن بۆلەك يۆلەنچۈكۈم يوقلۇقىدىن، يولىغا قاراپ بىتاقەت بولدۇم. مەتتۇرسۇن غىلجىڭلىق قىلىپ شۇنداق بىزار قىلىۋەتتىكى، كاچاتلاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم. كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. تاڭغا يېقىن ئىشىك قېقىلدى. يەنە يېنىمغا كېلىۋالغان مەتتۇرسۇننى ئىتتىرىۋېتىپ يۇگۇرۇپ چىقسام، ئىشىك ئالدىدا كىيىم - كېچەكلىرى لاي بولۇپ كەتكەن ئۆمەر

باي زوڭ ئولتۇرغىنىچە غىڭشىۋاتقانىكەن، يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدۇم، ئاغزىدىن ھاراقنىڭ ئاچچىق بۇسى كەلدى. قولىنى بوينۇمغا گىرەلەشتۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە ئۆيگە ئەكىردىم. مەتتۇرسۇن ئۆزى يېتىپ ـ قوپىدىغان تارغىنا ئۆيدە خورەك تارتىۋاتاتتى، مەن يالغاندىن خورەك تارتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. لامپۇچكىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ماڭا غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. «ئۆلۈپ قالسا ماڭا كىم قارايدۇ» دەپ ئويلاپ غەم يەپ كېتىپتىمەن، ياراتقۇچى ئىگەمگە ئۆزۈمنى تاپشۇرماپتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تارتقۇلۇقنى تازا تارتتىم، نۇرنىسا خېنىم، ئۇ كۈنى كېچىدە ئۆمەر باي مېنى ئۇرمىدى، لېكىن: «خوتۇن، بۈگۈن ئۆتتۈرۈۋەتتىم، پادىشاھ مەلەك گەردەنمۇ خوتۇنى ئايۋەشنى ئۆتتۈرۈۋەتكەنىكەن، مانا شۇنداق سىلىنىمۇ ئۆتتۈرۈۋەتتىم، قورقماڭلا، مېنى قۇچاقلاپ قويۇڭلا» دەپ ئالىجوقا سۆزلەشكە باشلىدى. «مەستلىكتە شۇنداق دەۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. راستلا شۇ كۈنى پۈتۈن مال، دەسمايىسىنى ئۆتتۈرۈۋېتىپ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئەتىسى بىلدىم. چاشكا ۋاقتى بىلەن ئەلپازى بۇزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى. «چاينىڭ تەمى كېسىلىپ كېتىپتۇ» دەپ پىيالىنى بېشىمغا ئاتماسمۇ، ھېلىمۇ يەلكەمگە تەگدى، يۈزۈمگە تەگكەن بولسا ئەيىبناق بولۇپ قالاتتىم. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە: پېشانەمگە دۆشكەلەپ:

— ھەممە دەردۈبالا سەن مەرەزدە، سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئامەت قولۇمدىن كەتتى، پەگاھ چۆگۈنى، قانجۇق! سەن بىر يۇرتلۇق ئېرىڭگىمۇ ۋاپا قىلمىغانىدىڭ، يالغۇز قالغىنىڭدا مەتتۇرسۇن يېنىڭغا كىرمەي قالامدۇ؟ ھۇ سېسىق پاسكىنا، سېنىڭ ئۇ تاز بىلەن ئوينىغانلىقىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دېمە، ئېپلاس! سەندەك پاسكىنىنى ئۈچ تالاق! بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ قولۇڭدا ئېتىلگەن تاماق ھارام» — دېدى. ئۇنىڭ

گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىمدە ئولتۇرۇپ قالدىم، توقماق تەگكەندەك بېشىم ئايلىنىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى يۇزۇمگە قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. «ئۆتىڭىزدا كۆيدۈم، سۆيىگىمزدە ئاقتىم، سىلىنى ئارزۇ قىلغان بەختكە ئېرىشتۈرىمەن» دېگەن ئادەمنىڭ نىجىس ئاغزىدىن چىققان زەھەرلىك سۆزىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ، ئاھ، ئۆزۈم ئەيىبلىك...

مەغپىرەت سۆزىنى توختىتىپ ئىنجىقلاپ ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭ نەپىسى يەنە ئىتتىكلەپ قالغانىدى، نۇرنىسا دەرھال ئۇنىڭغا چاي ئىچۈردى.

— بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىلا، — دېدى ئۇ ئۆمەر باينىڭ ئادەم بالىسى قىلمايدىغان ئەسكىلىكلىرىدىن نەپرەتلىنىپ. ئاندىن مەغپىرەتنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چېكە چاچلىرىغا، كۆكىرىپ قالغان ئاستىنقى قاپىقىدىكى ئەگرى - بۈگرى ئۇششاق سىزىقلارغا، ياڭاقتەك بۆرتۈپ چىققان مەڭزىگە، ئولتۇرۇشقان نۇرسىز كۆزلىرىگە سەپسېلىپ، — تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەر بەدىلىگە خۇدايىم شىپالىق ئاتا قىلىپ، سائادەتلىك كۈنلەرگە يەتكۈزەر خۇدايىم، — دەپ تەسەللى بەردى.

— ماڭا ئەمدى سائادەتلىك كۈنلەر نېسىپ بولمايدۇ، نۇرنىسا خېنىم. مەن كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغان ئايال، — دېدى مەغپىرەت، — قىز تەگكەن ئېرىمگە قىلغىنىم ماڭا ياندى، بەك ياندى، نۇرنىسا خېنىم. ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئۆمەر باي بىر قارا زەڭگىنى باشلاپ كىرىپ: «بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ كىشى سېنىڭ غوجايىنىڭ بولىدۇ، نىجىس» دەپ ۋارقىرىغانىدى، مەن ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىلىندىم. ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ، مەتتۇرسۇنغا شەرەت قىلىۋىدى، مېنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ھېلىقى قارا ساقاللىقنىڭ كەينىدىن تاشقىرىغا ئاچىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىنى

تاشلىۋالمىسۇن دېدىمۇ، قولۇمنى باغلاپ قويدى، ئادەمگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولماس. ماشىنا يېرىم سائەتكىچە مېڭىپ، قويۇق دەرەخلىك ئىچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا توختىدى. مېنى چوڭ بىر دەرۋازىدىن دەرەخلەر كۆكىرىپ، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ھويلىغا ئەكىردى. بىزنى چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بىر ئايال كۈتۈۋېلىپ سارايدەك چوڭ بىر ئۆيگە ئەكىردى. تاماق بەردى، گېلىمدىن زادى ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن يېمىدىم. مېنى يىغا تۇتۇپ، ئۈچ كۈنگىچە توختىماي يىغلىدىم. ياشانغان بىر ئايال ماڭا سۆزىنى ئۇقتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، مەن بىلەن تەڭ يىغلاپ، بىللە يېتىپ، بىللە قوپۇپ، يېنىمدىن نېرى بولمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە قارا ساقاللىق ئادەم ماڭا قاراپ ناھايىتى ئۇزاق گەپ قىلدى، چىرايىدىن ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ياشانغان ئايال ماڭا قاراپ يىغلاپ كەتكەندە، قارا ساقاللىق ئادەم يېنىغا بېرىپ ياشلىرىنى سۈرتتى، «ئانىسى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم. ياشانغان ئايال بىر نېمىلەرنى دېدى، قارا ساقاللىق ئادەم بېشىنى ئېگىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ياشقىنا بىر ئايال كىرىپ كەلدى ۋە كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى، ماڭدىم. مېنى كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئورۇنغا كېلىپ قالدىم. خۇداغا شۈكۈر، بۇ يەردىكى كىشىلەر ماڭا چېقىلمىدى، ئوبدان قارىدى، ئۆمەر بايدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇشالمۇ بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن تىلىنى، خۇيىنى، ئادىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئارىسىدا قانداق قىلارمەن، دەپ غەمكىنمۇ پاتتىم. ئۇزاقتىن بېرى تېنىمنى چىرماپ كېلىۋاتقان كېسەل مېنى يىقىتتى. دۇنيادا باغرى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، بۇ يەردىكى كىشىلەر ماڭا بەكمۇ كۆيۈندى، شۇنداق بولسىمۇ كۈندىن –

كۆنگە ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ، ياداپ كەتتىم. بۇ دوختۇرخانىغا كەلگىنىمگىمۇ ئۇزاق بولدى. يېتىۋاتىمەن، نېمىدېگەن ياخشى دوختۇرلار، شۇنداق سىلىق، شۇنداق مۇلايىم. بۇلارنىڭ شۇنداق داۋالاۋاتقىنىغا يارىشا ساقىيىپ قالسام بولاتتى، سىلىنى خۇدايىم يەتكۈزدى. مانا باشقىچىلا ئوبدان بولۇپ قالدىم. ساقىيىپ قالسام ئەجەب ئەمەس.

## 3

نۇرنىسا مەغپىرەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، قىز تەگكەن ئېرى سالاھىدىنىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ سالاھىدىنىنىڭ ئەرلەرگە خاس غۇرۇرى بار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىنى، پەقەت ئۇنىڭ كۈنچىلىكىدىن سىقىلىپ، چىداپ تۇرغۇسىز ھالغا يەتكەندە تالاق قىلدۇرغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ھۆرنىسا بىلەن گۈلنىسا كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى تارتىشتى...

ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇخلاپ قالغان مەغپىرەتكە قارىدى. ئۇنىڭ بېشى قىيسىيىپ قالغانىدى. بىر كۆزى يېرىم ئوچۇق ئىدى، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىمۇ سەل ئېچىلىپ تۇراتتى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالغان بولۇپ، گويا ئۆلۈپ قالغاندەكلا ياتاتتى. نۇرنىسا ياتقان كارىۋات مەغپىرەتنىڭ كارىۋىتىغا يانداش قويۇلغانىدى. كېسەلگە ئارام، خاتىرجەملىك بېغىشلاش ئۈچۈن كارىۋاتنى شۇنداق قويدۇرغانىدى، لېكىن بۈگۈن كېچە ئۆزى ئارامىدا ئۇخلىيالمىدى، يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدە ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. تامغا ئورنىتىلغان يېشىل قەندەل چىراغ ئۆيىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ مۈگدەپ قالدى. قارامتۇل غەلىتە بىر مەخلۇق كۆرۈنگەندەك بولۇپ، بىر يېنىغا ئۆرۈلدى. ئەمدى ئۇ چۈشەكەشكە باشلىدى. ھېلى چوڭ بولۇپ

قالغان قىزى ھۆرنىسا «ئانا !» دەپ توۋلاپ يىراقتىن قول ئۇزارتىپ كېلەتتى، ھېلى كىچىك قىزى گۈلنىسا تورۇستىن ئۆزىنى تاشلىماقچى بولاتتى. سالۋار تۇماق كىيگەن سالاھىدىن قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئەندىكتى. ئۆزى كۆزىگە پىچاق تۇتقان ھالدا كۆرۈنەتتى، قانغا بويىلىپ ياتقان ئۆمەر باي بېشىنى كۆتۈرگەندەك بولۇپ چۆچۈپ كېتەتتى ...

— نۇرنىسا خېنىم، مېنى ئەكەتتى، مېنى ئەكەتتى، تۇتۇۋالسىلا ... نۇرنىسا خېنىم ...

نۇرنىسا قۇلىقىغا ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتىن بىر پۇتى ساڭگىلاپ قالغان مەغپىرەتنى ئوڭلاپ ياتقۇزدى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان مەغپىرەت غال - غال تىترىمەكتە ئىدى، بىردىن كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ نۇرنىساغا گىرە سېلىۋالدى. ئۇ ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى، كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى مىدىرلىغىنى بىلەن ئاۋاز چىقمايتتى، نۇرنىسا ئەنسىرەپ تامدا قارىيىپ تۇرغان كۇنۇپكىنى باستى. ئىچۇرۇلگەن دورا ئىشلىتىلگەن ئوكۇلنىڭ كۈچى بىلەن چۈشكە يېقىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ كۆزىنى ئاچتى.

ئۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. تامدەك تاتىرىپ قارىداپ كەتكەن چىرايى سارغۇچ ھالغا كەلدى.

— نۇرنىسا خېنىم، بۈگۈن كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى ھالسىز ئاۋازدا گەپ باشلاپ، — ئاپپاق شايى كۆڭلەك كىيىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇدەكمەن. ئاق رەخت بىلەن قاپلانغان بىر مەپە ئالدىمغا كەلگۈدەك، ئات يا ئېشەك قوشۇلمىغان بولسىمۇ، چاقلىرى ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىپ كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئۆزۈمچە «مېنى ئەكەتكىلى كەپتۇ، نۇرنىسا خېنىم بىللە بارمىسا مەن كەتمەيمەن، نۇرنىسا خېنىمدىن

ئايرىلمايمەن» دەپ تۇۋلىغۇدەكمەن. مەپە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى قورقۇپ قاچقۇدەكمەن، بىر چاغدا ئابدۇلئەزىز ئالدىمغا كېلىپ: «مەپىگە چۈش» دېگۈدەك. مەن: «نۇرنىسا خېنىم بىلەن بىللە چۈشىمەن»، دېسەم، «ياق، نۇرنىسا خېنىم قالىدۇ» دەۋاتقۇدەك. شۇ چاغدا بىر ھارۋىنى سۆرەپ ئۆمەر باي يېتىپ كەلگۈدەك. مەن «بۇ ھارامزادە كوسا ئىدى، ئەجەب ساقال چىقىپ كېتىپتۇ» دەۋاتقۇدەكمەن. ئۇمۇ «سېنى ئەكەتكىلى كەلدىم» دېگۈدەك. مەن قورقۇپ ئابدۇلئەزىزگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئابدۇلئەزىز مېنى ئاق يوپۇقلۇق مەپىگە سېلىپ ئەكەتتى، مەن سىلىنى تۇۋلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ ھېچ نەرسىنى بىلەلمەي قالدىم. قىزىتمام ئۆرلەپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

نۇرنىسا مەغپىرەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى، شۇ ھالدا ئۇنىڭغا قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— مەغپىرەت خېنىم، ياخشى چۈش كۆرۈپلا، سىلىنى ئاللا، ئۇلۇغلار يۆلەپتۇ. ئاق كىيىم كىيگەنلىرى — كېسەلدىن خالاس تاپىدىغانلىقلىرىغا بېشارەت. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاق يوپۇق يېپىلغان مەپىگە سېلىشى — ئاقيوللۇق بولغانلىرى. خۇدا سىلىنى يۇرتلىرىغا سالامەت يەتكۈزىدىكەن.

— خۇدايىم ئېيتقانلىرىنى كەلتۈرۈپ بەرسۇن، خېنىم، — دېدى مەغپىرەت پىچىرلاپ، — نېمە ئۈچۈنكىن بىلمەيمەن، كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ. ئانامنىڭ دەپ بەرگىنىدىن ئېسىمدە قېلىشىچە، ئات - ئۇلاغ قوشۇلمىغان ھارۋىغا چۈشۈپ چۈش كۆرۈش — جىنازىنى كۆرگەنلىك، ئۆلۈمنىڭ بېشارىتىمىش. نېمىشقا مېنى بۇرۇنقى ئېرىم بولغان ئابدۇلئەزىز كېلىپ، قۇرۇق مەپىگە سېلىپ ئەكېتىدۇ؟ نېمىشقا ئۆمەر بايمۇ كېلىپ ھارۋىدا ئەكېتىمەن دەيدۇ؟ بۇنى ئويلاپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سوقۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە قېلىۋاتىمەن.

نۇرنىسا خېنىم، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، ساقىيىپ قالسام يۇرتۇمغا كەتسەم بولاتتى ...

مەغپىرەتنىڭ ئىسسىق ئۇرۇپ تۇرغان ئاغزىدىن ناھايىتى ئاستا ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىققان سۆزلەرنى نۇرنىسا ئاران ئاڭلىدى. ئۇ مەغپىرەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىدە توختاپ قالغان ياش تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، مەغپىرەت خېنىم، چۈش تەبىرگە باغلىق، — دېدى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ، — ساقىيىپ كېتىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا بىللە يۇرتىمىزغا كېتىمىز.

— راست كېتەمدۇق؟ كېتىلى، بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق كېتىلى، سىلى مېنى ئەكەتسىلە.

بۇ قېتىم تېخىمۇ بوش چىققان نالىنى نۇرنىسا ئاڭلىيالمىدى ...



ئالتىنچى باب

# سۈتتۈك كامال سەلمى

## 1

مەغپىرەتنىڭ دەپنە قىلىنغىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. ھايات يولىدا كۈتمىگەندە بىر يۈرتلۈق قېرىنداشنى ئۇچرىتىپ ئۇمىدلەنگەن، يۈرتىغا قايتىپ كېتىش ئىستىكى كۆچەيگەن نۇرنىسا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىچ ئاغرىقى تارتىپ ئورۇقلاپ، بارغانسېرى غەمكىنلىشىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماسلىققا، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەسلىككە، تەمكىن، غەيرەتلىك بولۇشقا تىرىشاتتى. لېكىن، بالىلىرى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، بەزى كېچىلىرى تولا يىغلاپ كىرپىك قاقماي چىقاتتى. سەھەر تۇرۇپ شەندى خانىم بىلەن ئىنىدىراغا بىلىندۈرمەي ھويلىدىكى گۈللەرنى ئارىلايتتى. ئۇ ئابدۇلئەزىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟! ئۆمەر بايغا پىچاق سالغىنىنى يادىدىن قانداقمۇ چىقىرالىسۇن؟! بالىلىرىنى سېغىنىش، ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئىستىكى نۇرنىسانى ياشاشقا، ھەممە ئازاب – ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىشكە، يول تېپىپ ۋەتەنگە قايتىشقا دالالەت قىلسا، ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۆمەر بايدىن دەھشەتلىك يوسۇندا قىساس ئېلىشى، «يېڭى ئاي رېستورانى» دىكى نومۇسسىزلىق، مەغپىرەتنىڭ ۋاپاتى كۆڭۈل ئاسمىنىنى

خىرەلەشتۈرۈۋېتەتتى - دە، باغرى يۇمشاق نازاكەتلىك ئايالدىن ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشقا جان تىكىپ قويغان جاسارەتلىك، شۇنداقلا جىمىغۇر، سىرلىق ئايالغا ئايلىنىپ قالاتتى. «خۇدايىم ئۆمەرنىڭ جاجىسىنى بەرگۈزدى، بۇ چاغقىچە كىشىلەر بىلىپ كەتكەندۇ؟ قاتىلنى ئىزدەۋاتامدىكىن؟ شەندى خانىم بىلەن سىرداشسام، ئەھۋاللاشسام بولاتتى. تىلىدىن ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن، خۇدايىم ئەجەب بەندىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان قىلىپ ياراتماپتىكەن. شەندى خانىم، ئىندىرا قىزلار ئاڭلىغانمىدۇ، ئاڭلىسا نېمە دەر؟ ئەگەر ئىزدەپ - سوراپ مەندىن سۈرۈشتۈرسە تېنىۋالغىنىم ياخشىمىدۇ، يا ھەممە ئىشنى ئوچۇق ئېيتقىنىم ياخشىمىدۇ؟ نېمىشقا تېنىۋالىمەن. مەن كىشىگە يامانلىق قىلمىدىم، يامانلىق قىلغانغا قارشى تۇردۇم، ئۆچ ئالدىم، بولغان ئىشنى ئاشكارا ئېيتىمەن. ئەگەر يەنە كىمكى ئىززەت - نومۇسۇمغا چېقىلماقچى بولىدىكەن، خارلايدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىمەن. خۇدا ئۆزۈڭ مەدەتكار بولغىن...» نۇرنىسانىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئەنە شۇنداق تۇمانلىق ئويلار ئۈچۈپ يۈرەتتى...

بۇ چاغدا رىلاشىگنات ئەپەندى كۇتۇپخانىسىدا ئايالى شەندى خانىم بىلەن قىزى ئىندىراغا بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى:

— ئويلىمىغان يەردىن بىر ئىش يۈز بەردى. ساقچى دائىرىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى قولغا چۈشۈرگەن دەلىل - ئىسپاتلارغا قارىغاندا، نۇرنىسا ئاتلىق بۇ مەزلۇمە ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەن، تۈنۈگۈن ساقچى ۋە تەپتىش خادىملىرى كېلىپ مەن بىلەن سۆزلەشتى. بۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى زادىلا ئىشەندۈرەلمىدىم. مەن بۇ ئايالنى پونۋانىنىڭ ئەكەلگەنلىكىنىلا بىلىمەن. لېكىن،

پونۋانىنىڭ ئىپلاس، قارا يۈز ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمىگەنىكەنمەن. ئۇنىڭ بۇ مۇسۇلمان ئايالنى قانداق مۇددىئا بىلەن شەپقەتخانامغا ئەكەلگەنلىكى تېخى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇ ئايال ئۈستىدە ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ چىقارغان بايانى ناھايىتى دەلىل ـ ئىسپاتلىق، بۇنى رەت قىلىشقا مەندە ھېچقانداق ئاساس يوق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ مۇسۇلمان ئايالنى تۈرمىگە ئەكېتىشىگە يول قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىز بۇ ئايالغا ئىگە بولغانىكەنمىز، ئەھۋال ئېنىقلانغۇچە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

شەندى خانىم بىلەن ئىندىرا قىز رىلاشىگنات ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قېلىشتى. ئانا بىلەن قىز ئاغزىدىن گەپ چىقىرالماي تۇرغاندا، رىلاشىگنات ئەپەندىم ئاشخانىغا چىقىپ، قانداقتۇر بىر ئەنسىز خەۋەرنى كۈتۈۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ تۇرغان نۇرنىساغا تاشقىرىغا چىقىشنى ئىشارەت قىلدى.

نۇرنىسا قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك، ئۈستىگە قارا مەخمەل چاپىنىنى كىيىپ، ئاق رومال سېلىۋالغانىدى. ئۇ رىلاشىگنات ئەپەندىمنىڭ كەينىدىن گۈلزارلىق ھويلىغا چىقتى.

غەمكىن ھالدا كېتىۋاتقان رىلاشىگنات ئەپەندىمنىڭ كەينىدىكى ئايالنى كۆرگەن رازۋېدكىچى قولغا ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ ھەم ياش، ھەم كىشى قاراپ كۆزىنى ئالالمايدىغان دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خورسىنىپ قويدى. قولىغا كويزا سېلىنغان نۇرنىسا كېتىۋېتىپ توختىدى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ رىلاشىگنات ئەپەندىمگە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. رىلاشىگنات ئەپەندىم نۇرنىسانىڭ كويزا سېلىنغان بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىق ياشقا تولغانىدى. شەندى خانىم بىلەن

ئىندىرا ئالدىراپ ئۆيدىن چىققاندا، نۇرنىسانى ئىلىپ ماڭغان قارا رەڭلىك كىچىك ماشىنا دەرۋازىدىن چىقىپ بولغانىدى.

## 2

نۇرنىسا ئەدىيال سىلىقلىق كارىۋات قويۇلغان يالغۇز كىشىلىك كامىرغا قاماپ قويۇلدى. ئۇ بۇنىڭغا ھەيرانمۇ بولمىدى، ھەسرەتلىنىپمۇ كەتمىدى. ئۆلتۈرۈلگەن ئۆمەر باينىڭ قاتىلى سۈپىتىدە قاماپ قويۇلغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ ئۆمەر بايغا پىچاق سىلىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىمۇ ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ قويغانىدى، ئۆچ ئالغان ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈممۇ، تىرىكلىكمۇ ئوخشاش بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. نۇرنىسا شۇ چاغدا قىيچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قاتتىق ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

نۇرنىسا بولغان ۋەقەنى راستى بىلەن ئىيتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ مەتتۇرسۇن، ئانادى، پونۋانلارنىڭ قولغا ئىلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆزىنىڭ قانداق ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تىگىگە يىتەلمەي، كۆنلەرنى چىگىچ خىياللار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. «رىلاشىگنات ئەپەندىم، شەندى خانىم، ئىندىرا قىز نىمەدەپ قالغاندۇ؟ ياخشى كىشىلەر ئىكەن. ياشاشتىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن چاغدا، ئۇلار بىشىمنى سىلىغان، ھىچ نەرسە تەلەپ قىلماي ماڭا كۆيۈنگەنىدى، ياشاشقا ئىنتىلدۈرگەنىدى.»

كامىردا دىرىزە يوق ئىدى، تورۇستا ئون بەش ۋاتلىق لامپۇچكا سۇس يىنىپ تۇراتتى. ۋاقىتنىڭ يا كۈندۈز، يا كىچە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىككى قىزى كىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى زىڭىلداپ، يۈرەك ـ باغرى تارتىشتى. باغرى تاشلىق قىلىپ نىمىشقىمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتتىڭ دەپ سورىسا، ئۇ جاۋاب بىرەلمەيتتى. بىشىدىن ئۆتكەن

كۈنلەرنى ئويلىسا ھەيران بولاتتى، ئازابلىناتتى، سىغىنىش ئوتىدا كۆيەتتى ھەم نەپرەتلىنىپ سەسكىنىپ كېتەتتى. قارا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، گاھ بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك تام - تورۇسلارنى بويلاپ تەلمۈرەتتى، گاھ قاپىقى لىپىلداپ تارتىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى...

**3**

دولقۇنلىنىپ تۇرغان پايانسىز كۆك دېڭىزدا بىر يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىگە يۈزىنى يېقىپ قاراپ ئولتۇرغان نۇرنىساغا ئاسمانمۇ، دېڭىزمۇ كۆپكۆك كۆرۈنۈپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ئەمەس، كېمىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ياشلىق كۆزلىرىدە پەسكىلا قارايتتى، چۈنكى ئاشۇ پەستە كەڭرى چىمەنلىكتىكى ئايرودرومدا ئۇنىڭغا ئېغىر كۈنلەردە ھەمدەم بولغان رىلاشىگنات ئەپەندىم، شەندى خانىم، ئىنىدىرا قىز قالغانىدى. ئاشۇ پەستىكى يېشىل قىرغاقتا ئاجايىپ قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان ئەزىم شەھەر بومباي قالغانىدى...

— بېشىڭىز قايدىمۇ، سىڭلىم؟ — سورىدى يېنىدا ئولتۇرغان سۇتۇق كامال چاغاتاي تىلىدا دانە - دانە سۆزلەپ.

— ياق، — جاۋاب بەردى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەن نۇرنىسا، — يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— سەل كۆنگەندىن كېيىن ئۆگشىلىپ قالىسىز.

«ئوڭلۇق كىشى ئىكەن، ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىكەن، ئەنجانلىقتەك گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۆزبېكمۇيا؟» دەپ ئويلىدى نۇرنىسا، ئۆزىنىڭ «موللا خېنىم» دەپ ئاتالغان ئۇستازىنىڭ ئۆزبېك ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سۆگەتنىڭ مەجنۇنتاللىرى سايە تاشلاپ تۇرغان بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى موللا خېنىمنىڭ قورۇسى كەلدى.

— سۈتۈق كامال ئاكا، — دېدى نۇرنىسا سەل تارتىنىپراق، — سىز ئەنجاندا تۇرغانمۇ؟
— مەن تۈرك، سىڭلىم. ئەنجانلىقمۇ دېگىنىڭىز ئۆزبېكمۇ دېگىنىڭىز ھە، — دەپ كۈلۈپ كەتتى سۈتۈق كامال.
— ئەنجانلىقچە سۆزلەۋاتىسىزغۇ ئەمىسە، — ئەجەبلەندى نۇرنىسا.
— تەلەپپۇزۇم ئۆزبېكچىگە ئوخشاپ كەتكەن بولسا كېرەك، مەن چاغاتاي تىلىدا سۆزلىدىم.
«چاغاتاي تىلى» توغرۇلۇق بۇ كەمگىچە ئاڭلاپ باقمىغان نۇرنىسا:
— چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىلىغا ئوخشايدىكەنغۇ، — دېدى ساددىلىق بىلەن.
— شۇنداق، سىڭلىم، چاغاتاي تىلى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر تىلى. بۇنىڭغا يەتتە يۈز يىللار بولۇپ قالدى. مەن بۇ تىلنى قەدىمكى كىتابلارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنگەنىدىم. بۇ تىلنىڭ ئەسلىي ماكانى بولغان قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلغان بولساممۇ، بۇ چاغقىچە پۇرسەت بولمىدى. مانا، ئۇلۇغ ئاللا سىز بىلەن كۆتۈلمىگەن يەردە دىدار كۆرۈشتۈردى، بىللە سەپەر قىلىشقا نېسىپ قىلدى، سىز بىلەن چاغاتاي تىلىدا سۆزلەشتۇردى. ئەگەر چاغاتاي تىلىنى ئۆگەنمىگەن بولسام گېپىمنى سىزگە ئۇقتۇرۇشۇم ناھايىتى تەسكە چۈشكەن بولاتتى.
— تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشامدۇ؟
— ئوخشايدۇ، لېكىن پەرقلىنىدۇ. مەن ساپ تۈركچە تىل بىلەن سۆزلىسەم سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىز تەس.
سۈتۈق كامال چاغاتاي تىلىنىڭ بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا راۋاجلىنىپ، ئۆزگىرىپ بېيىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۇرگەنلىكىنى، بۇ تىلنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقىنى، ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىن

ئالاھىدە پەرقلەنسىمۇ، يىلتىزى بىر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بىر ـ بىرىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئايروپىلان ئاستىدىكى پايانسىز بوشلۇق ئاقۇچ تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى. سۇتۇق كامال دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان نۇرنىسادىن:

— سىز تۈركىيەگە كېتىۋاتقانلىقىڭىزدىن رازىمۇ؟ — دەپ سورىدى. نۇرنىسا سۇتۇق كامالنىڭ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان يادىڭغۇ چىرايىغا قارىدى.

— بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە خۇدايىم سىزنى يەتكۈزۈپ بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا رازى بولماي، سۇتۇق كامال ئاكا؟ — دېدى خىيالچان ھالدا، — مەن ناھايىتى رازى، سىزدىن بەكمۇ مىننەتدارمەن.

— ئاللادىن مىننەتدار بولۇڭ، سىڭلىم.

شۇنداق، نۇرنىسا ئاللادىن مىننەتدار ئىدى. تىلى تۇرۇپ تىلسىز بولۇپ قېلىشنىڭ ئاچچىق ھەسرىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان سۇتۇق كامال سەلىمى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ رىلاشىگىنات ئەپەندىمنىڭ ئادۋوكات تەكلىپ قىلغانلىقىنى، تۈركىيەنىڭ ھىندىستان مۇخبىرلىق ئورنىدىكى سۇتۇق كامال سەلىمى بىلەن سۆزلىشىپ، بىر ئاجىز مۇسۇلمان ئايالغا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى بىلمەيتتى. كېيىن بىلگەندە بولسا بۇ ئىككى شەپقەتچىنىڭ قولىنى كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولدى.

ئۇنىڭ تىلى ئېچىلدى. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆمەر بايغا ئالدىنىپ ھىندىستانغا كەلگىنىدىن تارتىپ، قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچە بولغان جەريانلار سۆزلەندى. ئۆمەر باي ئۆلتۈرۈلگەن كۈنىلا قولغا ئېلىنغان مەتتۇرسۇنمۇ ئابدۇلئەزىزنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. مەغپىرەتنىڭ ئىشلىرىمۇ چۈۋۈلۈپ چىقتى، ئانادى ۋە پونۋانىلارنىڭ قىلمىشلىرىمۇ پاش قىلىندى.

ئۇ ئاقلاندى، رىلاشىگنات ئەپەندىم سۇتۇق كامال سەلىمى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نۇرنىسانىڭ تۇركىيەگە كېتىشىنى مۇۋاپىق كۆردى، سۇتۇق كامال سەلىمى بۇنىڭغا قوشۇلدى، نۇرنىسامۇ رازى بولدى. ئۇنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىدىكى بارلىق ئىشلار، تۈركىيەگە مېڭىشىنىڭ پۈتۈن رەسمىيەتلىرى ئەنە شۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل شەپقەتچى تەرىپىدىن بېجىرىلدى.

— سىز ئۆز ئانا يۇرتىڭىزدىن يىراقلاپ كېتىۋاتانلىقىڭىز ئۈچۈن ھەسرەتلىنىۋاتىسىز. بېشىڭىزدىن دەھشەتلىك كەچۈرمىشلەر ئۆتكەن يەرنى تاشلاپ كېتىۋاتانلىقىڭىز ۋە يەنە قانداق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشىڭىز نامەلۇم بولغان ئەلگە كېتىۋاتانلىقىڭىز ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتانسىز، سىگلىم، — دېدى سۇتۇق كامال سەلىمى، — بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن ۋەھىمە قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى باشپاناھسىز ساناپ مالال بولماڭ، مېنى ئاتىڭىز ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆزىڭىزنى خاتىرجەم ھېس قىلىڭ، سىگلىم.

سۇتۇق كامالنىڭ تىللا سانىغاندەك ئالدىرىماي دانە - دانىلەپ قىلغان سۆزلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان نۇرنىسا تولۇق چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، ئاڭقىرالىدى. نۇرنىسا بۇ ئادەمنى بىرىنچى قېتىم تۇرمىدە كۆرگەندىلا يېقىملىق ھېس قىلىپ قورۇنۇپ كەتمىگەنىدى، ھازىرمۇ قورۇنماي ئەركىن ئولتۇراتتى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆز ۋەتىنىمگە كېتىپ بالىلىرىمنى باغرىمغا تېڭىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلساممۇ، تەقدىر يولۇمنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى. مەن بىر ئايالمەن، نېمە ئىلاجىم بولسۇن؟ سىزگە ئىشىنىمەن، — بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. سۇتۇق كامال ئۇنى چۈشەندى. نۇرنىسانىڭ باش - كۆزىنى سىلىغۇسى كەلدى.

تەقدىرگە تەن بەرگەنلىكتىنمۇ ياكى كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىغانلىقتىنمۇ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغان نۇرنىسا

مۇگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ گۈللۈك ياغلىق سېلىنغان بېشى سۇتۇق كامالنىڭ دولىسىغا بىردەم تېگىپ كۆتۈرۈلۈپ ئاخىر تەگدى ــ دە، كۆتۈرۈلمىدى. سۇتۇق كامال نۇرنىسانى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ، دىمىنىمۇ چىقارماي تۇگۇلۇپ ئولتۇردى.

## 4

نۇرنىسا ئايروپىلان ئىشىكىدىن چىقىشىغا سالقىن شامال چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۆتتى. «بومبايغا قارىغاندا بەكلا سالقىن ئىكەن، كاستۇمنى كىيىۋېلىپ ئوبدان قىلغانىكەنمەن» دېدى ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، ــ ئەمدى بۇ ئەلدە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ بالىلىرىم نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ ئاھ، خۇدا، مۇساپىر، ئاجىز بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.» ئۇ ئىلتىجا قىلغان ھالدا سۇتۇق كامال ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ماشىنىغا ئولتۇردى. كەڭ ــ كۇشادە ئاسفالت يولدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ماشىنا ئەينىكىدىن كۆركەم بىنالارغا، مەسچىتلەرنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنارلىرىغا، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى دەل ــ دەرەخ، گۈل ــ گىياھلارغا كۆز سالدى. بۇ يەر باشقىچە ئىدى.

سۇتۇق كامال سەلىمىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك قورۇ ــ جايى دېڭىز ساھىلىغا يېقىن ئىدى. ياپيېشىل دەل ــ دەرەخلەر ئىچىدە ئاقىرىپ تۇرغان بۇ بىناغا دائىم دېڭىز شامىلى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. نۇرنىسا ئىككىنچى قەۋەتتىكى قوش دېرىزىلىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ دائىمىي سۆھبەتتىشى سائادەت خانىم بولدى. سۇتۇق كامال بىلەن ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك، كەچلىك تاماقلاردا بىللە بولاتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇق ــ تۇغقان، دوست ــ سەپداشلىرىنى زىياپەتكە چاقىرغان سۇتۇق كامال داستىخان ئۈستىدە نۇرنىسانى تونۇشتۇردى. نۇرنىسانىڭ

ئىستانبۇلدىكى ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

سۇتۇق كامال سەلىمى، سائادەت خانىم ھەم نەجمىدىن قۇربانىلار نۇرنىسانى نۇۋەت بىلەن سەيلە قىلدۇردى. قۇياش فوسفور بوغۇزىغا قىزغۇچ جۇلا تاشلىغان چاغدىكى ئىستانبۇلنىڭ ئەتىگەنلىك كۆرۈنۈشىنى، ماشىنا ـ ئاپتوموبىللارنىڭ توختىماي ئۆتۈپ تۇرغان كوچىلارنىڭ چۈش ۋاقتىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق پەيتىنى، جىمى ئاسمان يۇلتۇزلىرى يەرگە كۆچكەندەك چاقناپ تۇرغان كەچكى مەنزىرىسىنى كۆرسەتتى. نۇرنىسا بومبايىنى بۇنداق تەلتۆكۈس كۆرمىگەنىدى. ئىستانبۇلدا ئاسما كۆۋرۈكلەر، گۈلزارلىق چىملىقلار، فونتانلار كۆپ ئىدى. پادىشاھلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىلىرى، مەقبەرىلىرى، مەسچىتلىرىنىڭ ئېگىز، كۆركەم مۇنارلىرى ئىستانبۇلنى تېخىمۇ سەلتەنەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى.

سۇتۇق كامال ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن كۆيۈنەتتى. يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىگىچە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قىزىغا، ئاكىسىنىڭ سىڭلىسىغا كۆيۈنگىنىگە ئوخشاش سەمىمىي ئىدى.

※ ※ ※

نۇرنىسا ئىستانبۇلغا كەلگەندىن بۇيان، ئۆز يۇرتى، بالىلىرى يادىغا كېچىپ، كۈنلەرنى ھەسرەت، نادامەت بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى دائىم غەم بۇلۇتلىرى قاپلاپ تۇراتتى. «نۇرنىسا خېنىم بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەر تۈپەيلىدىنمۇ، ياتسىرىغانلىقتىنمۇ غەمگە ئەسىر بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە سالامەتلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆڭلىدە ياشاشقا بولغان

مۇھەببىتىنى كۆچەيتىش كېرەك» دەپ ئويلىغان سۇتۇق كامال ئۇنى تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، جۇدالىق غېمىدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلدۇرماقچى بولدى.

سۇتۇق كامال نۇرنىساغا تۈرك ئېلىپبەسى بويىچە دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تۇرمۇشتىكى، تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى، كۆڭلۈكى ئېغىزدىن چىقىرىش زۆرۈر بولغان سۆزلەرنى ئۆگەتتى. نۇرنىسا ئۈچ ئاي ئىچىدە خېلى كۆپ سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى. تۈرك تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، خېلى كۆپ سۆزلەرنىڭ تومۇرى ئوخشاش ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىۋالدى.

سائادەت خانىم ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى ئىدى. كەم سۆز بۇ ئايال «ئايا سوفىيا مۇزېيى»دا ئىشلەيتتى. بۇ يىل يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن نەجمىدىن قۇربانى مۇخبىر بولسىمۇ، پۈتۈن تۈرقى بىلەن تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشايتتى. ماھىر بوكسچى ئىدى. دۇنيادا ھەممە نەرسىگە ھەۋەسمەن بولغان بۇ يىگىت مۇزىكىغىمۇ قىزىقاتتى. ھەرقانداق ئويۇن - تاماشىدىن قالمايتتى. ماھارەت بىلەن تارتىلغان، سىزىلغان رەسىملەرگە قانداق ھەۋەس بىلەن قارىسا، ساھىبجامال قىز - ئاياللارغىمۇ شۇنداق خۇشتارلىق بىلەن كۆز سالاتتى. لېكىن، بۇ چاغقىچە بىرەر قىزغا مەپتۇن بولۇپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاتىسى ئورنىدىكى سۇتۇق كامالنىڭ تەسىرى ئاستىدا مۇخبىر بولۇشقا بەل باغلىغانىدى. شۇ ئارزۇدا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، لوندونغا بېرىپ قانۇنشۇناسلىقنى ئۆگەنگەنىدى. قانۇن پەنلىرىنىڭ ماگىستىرى بولۇپ ۋەتەنگە قايتقان نەجمىدىن قۇربانى ئەنقەرەدە چىقىدىغان «ئىستقلال گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بولۇپ قالغانىدى.

سۇتۇق كامالنىڭ كۈتمىگەندە نۇرنىسانى ئىستانبۇلغا ئەكېلىشى ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ۋە ئىلھامبەخش ئەتكەنىدى. نۇرنىسانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئۇنىڭ ھاياتبەخش نەزىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، نەجمىدىن قۇربانى قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشلارنى قىلىشقا دائىم تەييار ئىدى. مۇنداق چاغلاردا سۇتۇق كامال نۇرنىسانىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ گۈزەل مۇساپىر ئايالغا مۇھەببەت قويۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

نەجمىدىن قۇربانى خىزمىتىدىن قايتىپ كېلىپلا ماشىنىسىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۆيگە كىرەتتى ـ دە، كىيىمىنى يەڭگۈشلەيتتى. گىتارنى قولىغا ئېلىپ نۇرنىساغا تەييارلاپ بەرگەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى چېكەتتى. نۇرنىسا «ئادەمنى يەنە ئۆگەنگىلى قويمايدىغان بولدى» دەپ ياقتۇرمىغان ھالدا ئىشىكنى ئېچىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا ئۇتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلەر تىكىلەتتى. بۇدۇر چاچلىق يوغان باش ئېگىلەتتى، ئاقۇچ سېرىق چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولاتتى. سەدەپتەك ئاپپاق چىشلار كۆرۈنۈپ، قۇندۇزدەك قاپقارا بۇرۇت مىدىرلىغاندەك تۇيۇلاتتى. نۇرنىسا سالاملىشىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ گىتار چېلىشقا باشلايتتى.

نەجمىدىن قۇربانىنىڭ بۇ قىلىقلىرى نۇرنىسانى دەسلەپ تېرىكتۇردى، سۇتۇق كامالغا كىرمىسۇن دەپ ئېيتماقچىمۇ بولدى. كېيىن بۇ مۇخبىر يىگىتنىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق قارىلىقنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، چىراي ئېچىپ كۈلىدىغان، ئۇ ئەكىرگەن يەل ـ يېمىش، ھەر خىل ئالىي دەرىجىلىك كەمپۈتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. نەجمىدىن قۇربانى:

قارا كۆزۈڭ تەلمۈرۈپ كىمگە،
سۇمبۇل چېچىڭ چۇۋۇلغان قاچان؟
قانداق ئېغىز تەگكەن لېۋىڭگە،
قانداق سىرلار كۆڭلۈڭگە پىنھان؟

دەپ ناخشا ئېيتقاندا، قەشقەردىكى ئۆيى، دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇغانلىرى ئېسىگە چۈشەتتى، يىغا باساتتى. بۇنى كۆرگەن نەجمىدىن قۇربانى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئاستا چىقىپ كېتەتتى. سائادەت خانىم ئوغلىنىڭ بارغانسېرى نۇرنىساغا ئېجىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولاتتى.

**5**

نۇرنىسا ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى دەپتەرگە يازاتتى، پىچىرلاپ يادلايتتى، ۋاقتىنى زادى بىكار ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە بۇنداق بېرىلىشى سۇتتۇق كامالنىمۇ، سائادەت خانىمنىمۇ خۇشال قىلاتتى. پەقەت نەجمىدىن قۇربانىلا «بۇنداق باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشىنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى ئەقىلدىن ئاداشتۇرىدۇ» دەپ نارازى بولاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەتىگەندە ئىككى سائەت، كەچتە ئىككى سائەت ئۆگىنىپ، باشقا ۋاقتىنى سەيلە ـ ساياھەتكە، كىنو ـ تىياتىر كۆرۈشكە بەرسە ياخشى بولاتتى. دېڭىز بويىغا، گۈلزارلىق باغچىلارغا، سودا سارايلىرىغا، ھەتتا پارىژ، رىمغا ئېلىپ بېرىپ تاماشا قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. نۇرنىسا ئۆگىنىشتىن باش كۆتۈرۈپلا چۈشلۈك تاماق ۋە كەچلىك تاماقلارنى ئېتەتتى. سۇتتۇق كامال، سائادەت خانىم ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى ئىدى. بولمىسا سائادەت خانىم دائىم بازاردىن پىششىق تاماق ئالدۇرۇپ

كېلەتتى ياكى كېسكلىك تەييار ئاش، تۇگۇكلۇك چۆچۈرىنى ئەكېلىپ گاز ئوچاقتا پىشۇرۇپ بېرەتتى. نۇرنىسا ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تاماقنىڭ لەززىتىنى ئۇلارغا تېتىتىپ قويغاچقا سۇتۇق كامالمۇ، نەجمىدىن قۇربانىمۇ نۇرنىسادىن مىننەتدار ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە خېلى كۆنۈپ قالغانىدى. «ئۆلمەي ياشاۋاتىمەن، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يالغۇز بېشىم سىلىنىۋاتىدۇ. يۇرتۇمدىكى تۇرمۇش بىلەن زادى ئوخشاشلىقى يوق ھاياتقىمۇ كۆنۈپ قالدىم. تۈرك تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ياشىغانغا يەتمەيدىكەن. ئۆلۈپ كەتكەن بولسام تۇپراق ئاستىدا چىرىپ ياتاتتىم...» دېگەن ئويلار كۆڭلىدىن كەچكەندە، نۇرنىسا يەنىمۇ ئۈمىدلىنىپ قالاتتى.

سۇتۇق كامال نۇرنىسانىڭ كۈن ئۆتكەنسېرى خۇشخۇيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئۇنىڭ بارا - بارا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئايانماي ياردەم بېرىشىمىز لازىم. ئۆزى زېرەك، تىرىشچان ئىكەن. بۇنداق تۇيغۇن، ئەقىللىك ئايال كەم ئۇچرايدۇ» دەپ ئويلاپ ھاممىسىغا بۇ ئارزۇسىنى بىلدۈردى. سائادەت خانىم بۇنىڭغا قوشۇلدى.

※ ※ ※

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتىكى دەم ئېلىش ئۆيىدە سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. بۇ ئادەتتىكى سۆزلىشىش بولماستىن بىر بىلىملىك ئانىنىڭ مۇتەپەككۇر ئوغلى بىلەن سىردىشىشى ئىدى. سائادەت خانىمنىڭ چېھرىدە كۈز قۇياشىدەك ئىللىقلىق جىلۋە قىلاتتى. ئۇ ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاكىسىنىڭ بۇ يېتىم ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. نەجمىدىن قۇربانغا دائىم ئۇنى ئۈلگە قىلىپ تەربىيە بېرەتتى.

— بالام، قانىتىم، — دېدى ئانا سۇتتۇق كامال سۇنغان بىر پىيالە ئانار شەربىتىنى قولىغا ئېلىپ، — خۇدايىم تەلىپىمنى ئىجابەت قىلىپ سىزگە بىر گۈزەلنى يولۇقتۇردى. نۇرنىسا ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ساھىبجامالللاردىن ئىكەن. خۇدا ئۇنىڭغا سائادەت ئاتا قىلمىسىمۇ، ئىنساپ، ديانەت ئاتا قىپتۇ. يېڭى كەلگەندە مەن باشقىچە ئويلىغانىدىم. مانا بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى، ئوي - پىكىر دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ ئاخىر مۇددىئا قىرغىقىغا چىقتىم، — ئانا ئوغلىغا قارىدى. ئۇنىڭغا سۇتتۇق كامال ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈندى. چېچىغا ئاق كىرگەن بىلەن بۇرۇتىدا بىر تالمۇ ئاق كۆرۈنمەيتتى. چاناقلىرى ئاستىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى كىشىلەرگە قېرى كۆرسەتمەيتتى. سائادەت خانىم شەربەتتىن بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مۇددىئا باشقا ئەمەس، بېشىڭىزغا باش قوشۇش، ئوغلۇم، — دېگەندە سۇتتۇق كامال چۆچۈپ قۇلىقىنى دىڭ قىلدى، — ئۇزاق يىللاردىن بېرى بويتاق كېلىۋاتىسىز، مەن بۇ ئەقىدىڭىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. بىراق، ئەقىدە بىلەن ئۆز بەختىنى توراپ قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. نۇرنىسانى ئۆزىڭىز ئەكەلدىڭىز، ئۆزىڭىز تەربىيىلەۋاتىسىز، بالام. سىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇق جورا تېپىلمايدۇ. توختاڭ، بالام، گېپىمنى بۆلمەڭ، شۇنىمۇ ئوچۇق ئېيتايكى، نۇرنىسا سىزنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن، قەدىرلەيدىكەن، قاراشلىرى، ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

— ئانا، — سۇتتۇق كامال شەربەتنى بىرلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋېتىپ بوغۇلغان ھالدا سۆزلىدى، — سۆزىڭىزنى رەت قىلىشقا مەجبۇرمەن. بايا ئېيتقىنىمدەك، مەن مۇھەببىتىم، ھېسسىياتىم ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئايالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەلبىمگە بەخشەندە قىلىۋەتكەن. ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش قولۇمدىن

كەلمەيدۇ، زادى كەلمەيدۇ، ئانا. نۇرنىسانى سىڭلىم سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ تەربىيەلەش تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك. بەلكىم نۇرنىسا ماڭا ئەمەس، باشقا بىرسىگە مەنسۇپ بولغىنى ياخشىراقتۇر...

— بالام، — سائادەت خانىم كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشنى سۇتۇق كامالغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا بېرىۋالدى، — ماقۇل، قەلبىڭىزنى چۈشەندىم...

نۇرنىسا كىرىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى.

— تاماق تەييار بولدى، — دېدى ئۇ سائادەت خانىم بىلەن سۇتۇق كامالغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— رەھمەت، بالام، سىز كەلگەندىن بېرى تاماقنىڭ لەززىتىنى باشقىدىن تېتىدۇق. سىزنى ئارامىڭىزدا قويمىدۇق، — دېدى سائادەت خانىم قول ياغلىقىنى كۆزىگە بېسىپ.

سۇتۇق كامال ئۆزىنىڭ تاجىسمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ۋە بۇ كېسەلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ئائىلىسىدىكىلەردىن يوشۇرغانىدى. ئۇ پات - پاتلا دوختۇرغا بېرىپ ئۆزىنى تەكشۈرتۈپ تۇراتتى. ئىچىۋاتقان دورىلىرىنىمۇ باشقىلارنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئۈستەل تارتمىسىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قوياتتى. تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈم ئۇنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

## يەتتىنچى باب

# ئانا يۇرت ساداسى

### 1

ھاۋا ئوچۇق، ئاسمان كۆپكۆك دېگىنىز يۇزىدەك تىنىق ئىدى. كۆز قۇياشى دەرەخلەرنىڭ سارغايغان ياپراقلىرىنى ئالتۇندەك پارقىرىتىۋەتكەنىدى. نۇرنىسانى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان نەجمىدىن قۇربانى بىر سۇنئىي تاغنىڭ يېنىغا كەلدى. تاغ ئۈستىدىن چۈشكەن سۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ مەرۋايىتتەك چېچىلىپ كۆپۈكلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇژغۇنلىرى ئاق ئەتىرگۈلنى ئەسلىتەتتى. نۇرنىسا نەجمىدىن قۇربانىنى بىقىنداپ توختاتتى:

— مۇشۇ يەردە بىر ئاز ئولتۇرايلى، ئادەممۇ يوق دېگۈدەك ئىكەن.

ئۇلار سۇنئىي تاغقا يېتىلىشىپ چىقىپ، شارقىراتمىنى يانداپ ئۆتۈپ، تەبىئىيدەك كېلىشتۈرۈپ ياسالغان ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىشتى. ئۆڭكۈر ئىشىكىدە بىر تۈپ قارىغاي خۇددى ساقچىدەك تىك تۇراتتى، تاغ ئۈستىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان سۇ قارىغاينىڭ يۇمران شاخلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش ئاغزىدىن تۆۋەنگە سىرغىپ شارقىراپ تۇراتتى.

— ئەجەب خىلۋەت يەر ئىكەن، — دېدى نۇرنىسا، — تەبىئىي غارمۇ كىشىنى بۇنداق جەلپ قىلالمايدۇ.

— شۇنىڭ ئۇچۇن، سىزنىمۇ غار - دە بۇ، — دېدى نەجمىدىن قۇربانى نۇرنىسانىڭ بىلىدىن ئۆزىگە تارتىپ، — يېقىنراق ئولتۇرۇڭ.

— مەن سىزنىڭ قۇچاقلىشىڭىزغا ئەرزىمەيمەن، — دېدى نۇرنىسا ئۇنىڭ قولىنى يېنىككىنە ئىتتىرىپ.

— ئەرزىيسىز، — تىكىلىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى نەجمىدىن قۇربانى.

— مېنىڭ يىراقتا ئىككى بالام بار، بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ بالام.

— مەن ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان.

— بۇ قېتىم ماڭا ياتلىق بولىسىز.

— دوستلىرىڭىز ئەيىبلەيدۇ.

— مۇھەببەتكە ھېچكىم ئەيىب ئارتالمايدۇ.

— ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ لايىقى قىز.

— ھەرقانداق قىزدىن ئارتۇقسىز، نۇرنىسا.

— مەقسىتىڭىز يۇرتۇمغا كەتكۇزمەي ئېلىپ قېلىشمۇ؟

— ياق، يۇرتىڭىزغا يولغا سېلىپ يىراقىڭىزدا كۆيۈش.

— ماڭا ئۆيلىنىشىڭىزنى ھېچكىم خالىمىسىچۇ؟

— خۇدا خالىسا بولدى.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ.

— قۇلىقىم سىزدە، قانداق گېپىڭىز بولسا ئاڭلاشقا تەييارمەن.

نۇرنىسا ساپ تۈرك تىلىدا سۆزلەيتتى:

— تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبۇلدا تۇرۇۋاتقىنىمغا بەش يىلدىن ئاشتى. سۇتۇق كامال ئاكامنى ئۆز ئاكامدەك، بەلكى دادامدەك كۆرگەنىدىم. ئۇ مېنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ماڭا پاسىبان بولدى. ئۇ مېنىڭ تۈرك تىلىنى

ئۆگىنىشىمگە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرسلىكىنى ئۆگىنىپ، مەدەنىيەتلىك ئايال بولۇشۇمغا كۆپ ئەجىر قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى مېنى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك مىسكىن ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن، سائادەت خانىم ئانام، سىز ۋە مەن تونۇشقان دوستلار ماڭا قايتىدىن قانات ئاتا قىلدى. ۋەتىنىمدىن، بالىلىرىمدىن ئايرىلىپ، قەلبىم ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆرتىنىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، مەن بۇ ئەلدە، بۇ ئۆيدە ئۆزۈمنى يات ھېس قىلمىدىم. سىلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى تىل بىلەن ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. سىز ماڭا سۇتۇق كامال ئاكامنىڭ ئورنىدا تۈرك ئەدەبىياتىدىن دەرس بېرىۋاتىسىز، ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىۋاتىسىز، مېنى مەدەنىيەتلىك ئايال بولۇش يولىغا يېتەكلەۋاتىسىز. ماڭا كۆڭلىڭىز چۈشۈپ قېلىۋاتقىنىنى سېزىپ يۈرۈۋاتقىنىمغا خېلى بولدى. مەن ئايال كىشى، مەندىمۇ كۆڭۈل بار، لېكىن مەن مۇساپىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالىسى بار بىر ئايال. شۇڭا، مەن بۇ جەھەتتە يېنىكلىك بىلەن ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىمەن. مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى سۇتۇق كامال ئاكامدىن، سائادەت خانىم ئانامدىن ئاڭلىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ ھازىر ئۆز ئاغزىم بىلەن سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. بەلكىم بۇنىڭ سىزنىڭ قانداق قارارغا كېلىشىڭىزگە ياردىمى بولار. مەن بۇ سەرگۈزەشتىلىرىمنى سىزدىن يوشۇرسام بولمايدۇ، قانداق، شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟

نەجمىدىن قۇربانى ئۈن چىقماستىن بېشىنى لىڭشىتتى.

نۇرنىسا كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بولغاندا، تىكلەشكەن كۈنىنىڭ نۇرى ئۆڭكۈرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆتۈپ ئېتەكلىرىگە چۈشكەنىدى. نۇرنىسانىڭ كۆز بۇلاقلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى:

— مەن شۇنداق ئايال، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — بالام بار، يېنىمدا يوق، يۇرتۇم بار، ئىزىمدا يوق.

نەجمىدىن قۇربانى ئۇنىڭغا قول ياغلىق ئۇزارتىپ دېدى:

— ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى يوق قىلالمايدۇ. سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ سىر تۇتۇپ قەلبىمدە ساقلاش ئىرادىسىگە كەلگەنىدىم. ئەمما، سىز بىلىمگە بولغان ئىشتىياقىڭىز، ھاياتقا بولغان كۆزقارىشىڭىز چوڭقۇرلاشقانسېرى مېنى چۈشىنىشكە باشلىدىڭىز، سۆز - ھەرىكەتلىرىمدىن كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالدىڭىز. مەن بۇنىڭدىن روھلاندىم، جاسارىتىم ئاشتى. ئاخىر سىزگە مانا بۈگۈن مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. رەت قىلمىسىڭىز، ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېسابلايمەن.

نۇرنىسانىڭ قەلبىدە كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلسا يۇرتىغا كېتەلمەيتتى، بالىلىرىنى كۆرەلمەيتتى. نەجمىدىن قۇربانى ئۆيگە چۈمگەن نۇرنىسانىڭ جاۋابىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. تاغ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان سۇ ئۆڭكۈر ئاغزىنى يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى. قارىغاي ئىرغاڭشىپ ئۆلارنىڭ سۆزىگە سەما بولماقچى بولغان قۇشلارنى شاختىن - شاخقا سەكرىتەتتى. نۇرنىسا ئۇنىڭغا قارىدى. كۆزىگە چۈشۈپ قالغان چېكە چاچلىرىنى تۈزەپ، ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىدى:

— بىر شەرتىم بار، قوبۇل كۆرسىڭىز، ئاندىن سىزگە جاۋاب بېرىمەن.

— قانداق شەرتىڭىز بولسا قوبۇل قىلىمەن.

— مەن تۈركىيە پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىنغان بولساممۇ، ۋەتىنىمگە كېتىش ئارزۇيۇم مىسكىن كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. بۇنى دائىم ئەستە تۇتۇشىڭىزنى، يولنىڭ ئېچىلىشى

مېنىڭ سەپەر قىلىش ۋاقتىم بولىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. سىزگە قويىدىغان تەلىپىم شۇ.

— ئاللا گۇۋاھ بولسۇن، قوبۇل قىلىمەن، ئەمدى جاۋاب بېرىڭ.

نۇرنىسا بىر ئۆرۈمە چېچىنى ئالدىغا ئېلىپ قولىغا يۆگىدى. نەجمىدىن قۇربانىنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئايالدىن جاۋاب ئېلىشتەك ئەڭ مۇشكۇل ھالەتنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. بۇ چاغقا قەدەر ھېچكىمدىن بۇنداق تەقەززا بولۇپ جاۋاب كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ نەپسى ئۈزۈلگۈدەك بولدى.

— خانىم ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭ، — ئۇ نەجمىدىن قۇربانغا يالت قىلىپ قاراپلا ئورنىدىن تۇردى.

بىر جۈپ قۇش شارقىراتمىدىن شۇڭغۇپ ئۆتتى ـ دە، ئۆڭكۈرنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ كەتتى.

## 2

ۋاقىت ئاتقان ئوق، سائەت چىكىلداپ مېڭىۋەرسىلا يىللارنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئادەم تۇيماي قالىدۇ. ۋاقىت ئىنسانغا تۇتۇق بەرمەيدۇ.

نۇرنىسا ئېغىرئاياغ بولۇپ قالدى. توۋا دەيدىغان ئىش، بۇ قېتىممۇ ئۇ ئالما بىلەن كۆك ئامۇتقا سېزىك بولغانىدى. ئۇ قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا تۇغدى... بالا تۇغۇلدى ـ يۇ، كۈلدى، يىغلىدى، ئولتۇردى، ئۆمىلىدى، ماڭدى، دادا، ئانا دېدى، ... دەپ ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ كىشى.

نۇرنىسا ئوغلى باتۇر ئوغۇز ئۈچ ياشقا كىرگەندە، يەنە

ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن سائادەت خانىم قەۋەتلا خۇشال بولدى.

— مۇبارەك، مۇبارەك، قىزىم، — دېدى ئۇ، — پەرزەنت دېگەن نەسىل، ئۇنىڭ بىر بولغىنىدىن ئىككى بولغىنى ياخشى. مەن بېقىپ بېرىمەن، غەم يېمەڭ.

نەجمىدىن قۇربانىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. ئۇ بىرىلىيانت ئۈزۈك بىلەن خوتۇنىنى تارتۇقلىدى.

— تۇغۇڭ ئەزىزىم، تۇغۇڭ، سۇتۇق كامال ئاكام يالغۇز ئوغۇل ئىدى، شۇنداق ئاتاقلىق ئاخباراتچىدىن نەسىل قالمىدى ئەمەسمۇ؟ شۇكۇر، سىز يەنە ئېغىر ئاياغ بولدىڭىز، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز تۈگىمەيدۇ.

تومۇز چىقىپ ياز ئاخىرلىشاي دېگەندە، نۇرنىسانىڭ يەنە كۆزى يورۇدى. بۇ بالىنىڭمۇ ئوغۇل بولۇشى سائادەت خانىمنى غايەت خۇشال قىلىۋەتتى.

— يالغۇز ئوغلۇمنى خۇدايىم ئىككى قىلىپ بەردى، بۇ ئىككى نەۋرەمگىمۇ خۇدايىم ئىككى قىزنى ھەمراھ قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا مەن بولمىسامىمۇ ئۆيىمىز ئاۋاتلىشىپ كېتىدىغان بولدى.

— ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئانا، خۇدا سىلىنى مۇرادلىرىغا يەتكۈزىدۇ، ئەۋرىلىرىنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدۇ.

نۇرنىسانىڭ كۆزى لىققىدە ياشقا تولدى. نەجمىدىن قۇربانى ئۇنىڭ قولىغا ئالتۇن بىلەزۈك سېلىپ قويدى.

نۇرنىسا تۇغۇتتىن ئوبدان تۇردى، كېچە - كۈندۈز سائادەت خانىمنىڭ كۆتۈشى نەتىجىسىدە ئەسلىگە كېلىپ، ئاچچىق تولغاق ئازابى ۋۇجۇدىدىنمۇ، ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلدى.

ئۇ بۈگۈن رادىيونىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھەدەپ دولقۇن يۆتكەپ، كۆرسەتكۈچنى ئۇ تەرەپتىن - بۇ تەرەپكە، بۇ تەرەپتىن -

ئۇ تەرەپكە ماڭدۇرۇۋەردى. توساتتىن بىر چاغدا قۇلىقىغا ئۇيغۇرچە ناخشا ئاڭلانغاندەك قىلدى. قوللىرى تىترەپ كۆرسەتكۈچنى شۇ يەردە توختاتتى ـ دە، قۇلىقىنى يېقىن قىلىپ تىڭشىدى. ھەقىقەتەن بىر ئۇيغۇر ئايال يېقىملىق لەرزان ئاۋاز بىلەن ناخشا ئوقۇۋاتاتتى:

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يېنىڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.
... ... ...

نۇرنىسا ھاياجانلىنىپ كېتىپ، تۇراي دېسىمۇ تۇرالماي قالدى. ئىككى تىزى جان قالمىغاندەك تىترىدى. كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. بىردەمدىلا چىرايى ئاپپاق ئاقىرىپ، پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ كەتتى، رادىيو قويۇقلۇق ئېتاژېركىغا ئېسىلىپ ئولتۇرغىنىچە تىڭشاۋەردى. ئۇيغۇر دىكتورنىڭ «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، ئاڭلىتىشىمىز شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى» دېگەن ئۈچۈق، ۋەزىنلىك، راۋان سۆزى نۇرنىسانى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا كەچكىچە ئاڭلىماقچى بولۇپ، كۈتۈپ ئولتۇردى، ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا سۆزلەۋاتقان دىكتورنىڭ ئۈنى قۇلىقىغا كىرگەندىلا رادىيونى ئۆچۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا نەجمىدىن قۇربانى باتۇر ئوغۇزنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى.

ــــ ئانا، ئانا، دادام ماڭا قورچاق ئەكەپتۇ، قارا.

نۇرنىسا ياشلىق كۆزلىرىگە قولىنى بېسىپ ئىشىككە كۆز سالدى.

— باتۇر ئوغۇز بالام، ئاستا سۆزلە، ئۇكاڭ ئويغىنىپ كېتىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇچقۇچىلارنىڭكىدەك شىم - چاپان كىيگەن قوڭۇر چاچلىق ئوغلىنى كۆتۈرۈۋالدى.

— مانا، مانا، سۇتۇق بۇغرامۇ كۆلۈپ ئويغاندى ئەمەسمۇ، دادىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدى، بالا دېگەن بۇنداقمۇ زېرەك بولغان بارمۇ، ھەر كۈنى دادىسىنىڭ كېلىشىگە ئويغىنىپ بېرىدۇ.

— كېلە، ئوغلۇم، كېلە، — نەجمىدىن قۇربانى ئاسما بۆشۈكتە كۆلۈپ ياتقان سۇتۇق بۇغرانى قولىغا ئالدى ۋە پېشانىسىدىن سۆيدى.

تاماق ۋاقتىدا سائادەت خانىم نۇرنىسانىڭ چىرايىغا دىققەت قىلىپ سورىدى:

— بالام، نېمە بولدى؟ چىرايىڭىز سولغۇن كۆرۈنىدۇغۇ؟ تاماقنىمۇ تۈزۈككىنە يېمىدىڭىز، يا ئوغلۇم سىزنى رەنجىتىپ قويدىمۇ؟

— خانىم ئانا، — نۇرنىسا سائادەت خانىمنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ يىغلىۋەتتى، — كۆيۈملۈكۈم ئانام، مەن يۇرتۇمدىن سادا ئاڭلىدىم، — ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بايا رادىيودىن ئۇيغۇرچە ناخشا ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، — ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى ئون يىلدىن ئاشتى، ھازىرغىچە يۇرتۇمنىڭ دېرىكىنى ئاڭلىمىسام نېمىشقا يىغلىماي تاشمىسۇن؟

— ئەزىزىم، بۇنىڭغا خۇشال بولماي نېمىشقا يىغلايسىز؟

— خۇشال بولدۇم، ھاياجانلىنىپ كەتتىم، ئۇھ، ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم، قىزلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.

— بالام، بۇ سىزگە ياخشى بېشارەت، — دېدى سائادەت خانىم كۆزى ئۇيقۇغا بارغان سۇتۇق بۇغرانى يېنىغا ياتقۇزۇپ، —

تەڭرىم سىزنى، يۈرتىڭىزنى سىزگە كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدىكەن، غەم قىلماڭ، سىز قايغۇرسىڭىز نەجمىدىن بالام نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدىكەن، مەنمۇ چىدىيالماي كېتىدىكەنمەن.

نۇرنىسا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن قېيىنئانىسىغا قارىدى، ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئانا، مېنى كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.

چېكە چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن سائادەت خانىم كېلىنىنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— سىلەر ماڭا مېھمان ئورنىدا بولۇپ قالدىڭلار، بالام. مەن سىزدىن بەك رازى، — دېدى نۇرنىسانىڭ شۇ تاپتىكى گۈزەللىشىپ كەتكەن مۇڭلۇق چىرايىغا زەن سېلىپ، — ئوغلۇم سىزگە ئېيتمىدىمۇ، بالام؟

نۇرنىسا لاپپىدە ئېرىگە قارىدى. نەجمىدىن قۇربانى ئۇخلاپ قالغان ئوغلى باتۇر ئوغۇزنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى:

— بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشكۈدەك بولمىدىم، دېلىغۇل بولۇپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىم راست. ئانا، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرنىسانىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ئويلاشماي بولمىدى، بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىغا قىلغان ئىلتىماسىمغا بېرىلىدىغان جاۋابنىمۇ كۈتۈشكە توغرا كەلدى. بۈگۈن ئەتىگەن جاۋابقا ئىگە بولدۇم، بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدىم، — نەجمىدىن قۇربانى ئاغزىغا قاراپ قالغان خوتۇنىغا نەزىرىنى يۆتكەپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۈركىيەنىڭ بونىندىكى مۇخبىرلار پونكىتىغا يۆتكەلگەنلىكىم توغرىسىدا ئاخبارات مەھكىمىسىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغانىدىم. بۈگۈن ئىلتىماسىمغا ئاساسەن، سىزنى شۇ مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ

كاتىپلىقىغا بەلگىلىگەنلىكى ھەققىدە ئاخبارات مەھكىمىسىدىن يەنە بىر ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدىم...

— مەن خىزمەت قىلالامدىمەن؟ ۋەتەنگە قايتىش، باللىرىمنى كۆرۈش ئىستىكىم يوققا چىقتىمۇ؟ — نۇرنىسانىڭ كۆزلىرىدە چاقماق چېقىلدى.

— ياق، ھەرگىز يوققا چىقمايدۇ. ۋەتىنىڭىزگە قايتىش مەسىلىسى ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ ئېچىلىشىغا باغلىق، بۇنى چۈشىنىسىز. ئەمما، يول چوقۇم ئېچىلىدۇ، سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

— قىزىم، ئەقىللىك قىزىم، قايغۇرماڭ. ئوغلۇم ۋەدىسىدە تۇرمىسا، جان ئۈزىدىغان چېغىمدا رازىلىق بەرمەيمەن. ئوغلۇمدىن گۇمانلانماڭ، ئۇنىڭ پېشىدىن مەھكەم تۇتۇڭ.

نۇرنىسا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمە دېسۇن، چۈشەنمىگەن ـ بىلمىگەن يەردە ئەمەس. نۇرنىسا باللىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ قېيىنئانىسىغا قارىدى. كەڭ پېشانىسىنى، قاپىقىنىڭ ئاستىنى ئۇششاق قورۇقلار باسقان، ئاق چاچلىق سائادەت خانىمنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانىدى.

— ئەپەندىم ئەگە بارسا، مەن بىللە بارىمەن، خانىم ئانا. گېرمانىيەگە كەتسەك، ۋەتەندىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ، قىزلىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن خەت ـ ئالاقىسى قىلالماي قالامدىمەنكىن، دەپ غەم يەۋاتىمەن. شۇنداق ياشانغان چېغىڭىزدا ئوغلۇم، كېلىنىم يېنىمدا بولسۇن دېمەي، دۇئا قىلىپ ئۇزىتىمەن دەۋاتىسىز، بويۇن تولغىسام قانداق بولىدۇ، مەن رازى.

— خۇدا تىلىكىڭىزگە يەتكۈزسۇن، قىزىم، — دېدى سائادەت خانىم.

# 3

يەر ئاپپاق، ئاسمان بوز رەڭدە ئىدى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار بونن شەھىرىدىكى كۆپ قەۋەتلىك ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزە كېشەكلىرىگە، پەلەمپەيلىرىگە چۈشۈپ ئېگىزلەپ، بىر قاتار خىش تىزغاندەك ئاپپاق تەكشىلىك ھاسىل قىلغانىدى. سوغۇق يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئېگىز پاشنىلىق، قونچى ئۇزۇن خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن نۇرنىسا قارلىق يولدا غاچىلداپ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. قولىدا گۈللۈك چىغ سېۋەت بار ئىدى. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بۇ سېۋەتنى قوشنىسى جاۋيىمىن خانىم نۇرنىسا بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلغانىدى. بازارغا چىقسىلا مۇشۇ سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالاتتى. ئۇ ھازىر سېتىۋالغان لازىملىق نەرسىلەر بىلەن سېۋەتنى توشتۇرۇپ ئۆيىگە يېنىپ كېلىۋاتاتتى. توزغاقتەك توزۇپ ئاستا چۈشۈۋاتقان قار ئۇنىڭ قوندۇز جۇۋىسىنى بىر قارىسا ئاق، بىر قارىسا قارا كۆرسىتىپ جۇلالىتىۋەتكەنىدى. نۇرنىسا بېشىغا فىرانسۇز ئاياللىرىدەك ئۆرە قاما تۇماق كىيىۋالغانىدى.

نۇرنىسا ۋادەكلىك قورۇ ئالدىدا توختىدى. سائىتىگە قاراپ، چوڭ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يېرىم ئوچۇق ئىشىكىدىن قورۇ ئىچىگە كىردى، قورۇدا بىرقانچە يەرگە قاردىن قىش بوۋاي ياساپ قويۇلغانىدى. نۇرنىسا بەش مىنۇتتەك تۇرۇۋىدى، قوڭغۇراق چېلىندى. كۆركەم ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك بىنادىن بالا كۆتۈرگەن ئاياللار كەينى ـ كەينىدىن چىقىپ كەلدى ۋە ئالدىغا كەلگەن كىشىگە بالىنى بېرىپ كىرىپ كېتىشكە باشلىدى. ئاق خالات كىيگەن ئايال بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. نۇرنىسا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئايالنىڭ قولىدىن بوۋاقنى ئالدى:

— رەھمەت، — دېدى ئۇ ئىنگلىزچە.

— سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، خانىم، ئوبدان قاراڭ، — دېدى ئايال، ئاندىن سېۋەت بېغىنى نۇرنىسانىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ، ئەدىيالنى تارتىشتۇرۇپ بالىنى چۈمكەپ قويدى.

نۇرنىسانىڭ ئۆيى بۇ بالىلار يەسلىسىدىن ئىككى يۈز قەدەم نېرىدىكى بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئىدى. بۇنىنغا كېلىپ ئالتىنچى يىلى، مانا شۇنداق قار يېغىپ تۇرغان بىرىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا ئېغىر بوي بولۇپ قالغان نۇرنىسا توققۇزىنچى ئايدا ئىستانبۇلغا بېرىپ تۇغقانىدى. ئارزۇسى قىز بولسىمۇ، يەنە ئوغۇل تۇغقانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. سائادەت خانىم بولسا:

— مېنىڭمۇ يالغۇز ئوغلۇمغا خۇدايىم سىزنى يەتكۈزۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن قىز پەرزەنت كۆرۈش تىلىكىممۇ ھەل بولدى. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئۈچ ئوغلىڭىز خۇدايىم بۇيرۇسا ئۈچ قىزنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، — دېدى. نەجمىدىن قۇربانى خۇشال بولۇپ:

— بۇ ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى ئارسلان بۇغرا قويساق دەيمەن. كۆزلىرى ئارسلاننىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدۇ، چوڭ بولسا كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بونىنغا كەتكەن نەجمىدىن قۇربانى ئون بىرىنچى ئايدا كېلىپ نۇرنىسا بىلەن ئارسلان بۇغرانى ئەكەتتى. سۇتۇق بۇغرامۇ باتۇر ئوغۇزغا ھەمراھ بولۇپ سائادەت خانىمنىڭ تەربىيەسىدە قالدى.

بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان نۇرنىسا ئىستانبۇلدا قالغان ئوغۇللىرىنى ئويلاپ، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بېجىرىلگەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى: ئۇلار بونىنغا يېڭى كەلگەندە تۈركىيەنىڭ باش ئەلچىخانىسىدا تۇرغانىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن نەجمىدىن

قۇربانى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات فاكۇلتېتىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىنىڭ ياردىمىدە سىرتتىن ئىجارىگە ئۆي ئالدى. نەجمىدىن قۇربانى ئەلچىخانا ئائىلە قورۇسىدىن مۇشۇ بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ئۈچ يۈز ئون يەتتىنچى نومۇرلۇق مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. بۇ چاغدا نۇرنىسا مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ كاتىباتلىق ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. نەجمىدىن قۇربانى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغان مادۇ خانىمدىن نېمىس تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىپ قالدى.

ئۇلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كوپېنھاگېن، بىرىيۇسسېل، بېرلىن، جەنۋە، ۋېيېنا، لىسبون، مادرىد، نىئاپول قاتارلىق ئىلگىرى بارمىغان ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ زېھنىلىرىنى ئېچىپ كېلىشتى. ئەمما، بىرلا ئىش نۇرنىسانىڭ دىگىنىدەك بولمايۋاتاتتى. قەشقەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تېخىچە خەت - ئالاقە قىلالماي كېلىۋاتاتتى...

بونندىكى ئالتىنچى يىللىق ھاياتمۇ باشلاندى... سىم - سىم يامغۇر دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى يۇيۇندۇردى. بونن شەھىرى ياپيېشىللىق قۇچىقىدا جانلىنىپ كەتتى. ھاۋادا ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنۈپ نۇرنىسانى ھاياجانغا سالدى. ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى قىيا ئېچىپ ھەسەن - ھۈسەنگە بېرىلىپ قارىدى. رەڭگارەڭ تۇس ئېلىپ نۇرلىنىپ تۇرغان ھەسەن - ھۈسەن بەجايىكى ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئۆزى ئىدى. كاشكى نۇرنىسانىڭ قاناتلىرى بولسا، ئۇچۇپ بېرىپ ئاشۇ ئاسما كۆۋرۈككە قوناتتى - دە، دۇنياغا نەزەر سالاتتى. راستىلا شۇنداق بولسا نازىنىن ياشلىقىنىڭ يادنامىسى بولغان قىزلىرىنى كۆرەلەرمىدى؟ يۇمىلاقشەھەر كۆلىنى، ھېيتگاھ نەقىشلىك مۇنارىنى، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئانارنىڭ چېچەكلىرىنى

كۆرەلەرمىدى؟ نۇرنىسانىڭ كۆز ياشلىرى بايا ياغقان يامغۇردەك تارامىلاپ، تېخى ئەمدى غۇنچە باغلاشقا تۇتۇنغان يامدىكى قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ زۇمرەتتەك يېشىل ياپراقلىرىغا تۆكۈلدى.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگەن نەجمىدىن قۇربانى:

— نېمە، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ، بىللە بارايلى. بالىنىستىنا يېتىپ داۋالىنىشقا بۇيرۇسا، شۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. باللار ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن ساق تۇرۇپ بېرىڭ، ئەزىزىم، — دېدى.

— مېنى جۇدالىق دەردى ئازابلاپ ئىچىمدىن تۈگەشتۈرۈۋاتامدىكىن، بىلمىدىم. ئاندا - ساندا شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ناخشا - خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىغان تۆت - بەش يىلدىن بېرى، ئۆمىدسىزلەنمەي كېلىۋاتىمەن. ھالبۇكى دۇنيانىڭ ئەھۋالى ماڭا مەلۇم بولغاچقا، سىزگە بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، بېشىڭىزنى ئاغرىتقۇم كەلمىدى. قىزلىرىمىزنىڭ رەسىدە بولۇپ قالغىنى راست. بۇ يەردىكى ئوغۇللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. جۇدالىق مېنى ئىككى تەرەپتىن قىيىنىماقتا. ئويلىماي دېسەممۇ كۆڭلۈمگە كىرىۋالىدۇ. سائادەت خانىم ئانامۇ قېرىپ قالدى... — نۇرنىسا يىغلاپ ئېرىنىڭ كۆكسىگە باش قويدى.

※ ※ ※

بونىندىكى مېھمان ئۇزۇلمەيدىغان ئۆيلەرنىڭ بىرسى نەجمىدىن قۇربانىلارنىڭ مەشئەل كوچىسىدىكى ئەنە شۇ ئۆي ئىدى. تۈركىيەدىن كەلگەن دىپلوماتلار، ساياھەتچىلەر، تىجارەتچىلەر نەجمىدىن قۇربانىنىڭ ئۆيىگە باش تىقماي، نۇرنىسا قايناتقان قەھۋەدىن بىر پىيالە ئىچمەي كەتمەيتتى.

مۇخبىرلارغۇ دائىم كېلىپ تۇراتتى. ئەلچىخانىدىكى ئايال خىزمەتچىلەرمۇ ھېيت - ئايەم كۈنلىرىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزەتتى. نۇرنىسا كىم بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزىتاتتى. ئۇلار بۇگۈنمۇ مېھمان چاقىرغانىدى.

دەسلەپ يېتىپ كەلگەن مېھمان نۇرنىسانىڭ ئوقۇتقۇچىسى مادۇ خانىم بولدى. ئۇنى باشلاپ تۇرۇشىغا بىر تام قوشنىسى لى دىڭمىن ئەپەندىم بىلەن رەپىقىسى جاۋيىمىن خانىم ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى لى جۇن خېنىم بىلەن كىرىپ كېلىشتى. خەيرلىك تىلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن نەجمىدىن قۇربانى لى ئەپەندىمنىڭ شىلەپىسى بىلەن پەلتوسىنى، نۇرنىسا جاۋ خانىمنىڭ يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسى بىلەن يۇڭ شارپىسىنى ئېلىپ ئايالنىما ئاسقۇغا ئىلدى. لى جۇن خېنىمنىڭ تاغىل جۇۋىسى بىلەن توشقان قۇلاق قۇندۇز تۇمىقىمۇ ئاسقۇچتىن جاي تۇتتى.

لى ئەپەندىم گېرمانىيە تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق مۇزىكانت بولۇپ، 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرى خوتۇن - قىزى بىلەن شاڭخەيدىن ياۋروپاغا كېلىپ، بونىندا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. نۇرنىسا مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن كۈنلا جاۋ يىمىن خانىم بىلەن تونۇشقانىدى.

بونىن كېچىسى نۇر دېڭىزىغا چۆمۈلگەنىدى. قار توختاپ، مۇز تۇتقان كۆلدەك ئېچىلغان ئاسمان يۈزىدە ئارقا - ئارقىدىن يۇلتۇزلار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. چاقلانغان ئورغاقتەك پارلىداپ چىققان ئاي ھىم ئېتىلىپ پەردىسى سەل قايرىپ قويۇلغان دېرىزىدىن مېھمانلىرىغا سەپسېلىپ تۇرغان نۇرنىساغا قوش كۆرۈنۈپ كەتتى.

نۇرنىسانىڭ مېھمانلىرى ئىچىدە يېڭى كۆچۈپ كەلگەن قوشنىسى ئىلزابىتا خانىم تۈركولوگىيە پەنلىرىنىڭ پىروفېس-

سورى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي مەتبەسى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجى قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئەسەرلىرىنىڭ جامائەتچىلىكتە قىزىقىش قوزغىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

هاياجانلانغان نۇرنىسا ئاپتاپتەك ئېچىلىپ تۇرغان ئىلزابىتا خانىمغا تىكىلىپلا قالدى. ئۇ «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنى بىر نېمىس ئايالنىڭ زوق بىلەن تىلغا ئېلىشىنى بۇ ئولتۇرۇشتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ سورىماي تۇرالمىدى.

— قەدىرلىك ئىلزابىتا خانىم، — دېدى ئۇ ئىلتىجا بىلەن، — سىز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي مەتبەسى» دېگەن ماقالىنى يازغاندا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان تىلىنى كۆزدە تۇتقان بولسىڭىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قەدىرلىكىم، سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ سىزمۇ بۇ هەقتە ماقالە يازغانمىدىڭىز؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئىلزابىتا خانىم هاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان نۇرنىساغا هەيران بولۇپ قاراپ.

— مەن ئۇيغۇر، قەشقەرلىك، — نۇرنىسانىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — شۇڭا سورىغانىدىم.

— قەشقەرلىك! ئاتا - ئانىڭىز قەشقەردىمۇ؟

— قەشقەردە ۋاپات بولغان.

— سىزمۇ قەشقەردە تۇغۇلغانمۇ؟

— هەئە، — دېدى نۇرنىسا بېشىنى لىڭشىتىپ. سۆزگە سەما بولۇپ ئولتۇرغان لى دىڭمىڭ ئەپەندى:

— قەشقەر غەربىي دىياردىكى بىر قەدىمىي شەهەرغۇ، سىز يۇرتىڭىزدىن قاچان ئايرىلغان؟ — دەپ سورىدى.

— 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى.

— بىزدىن بىر يىل بۇرۇن ئايرىلغانىكەنسىز، — ئۇ خوتۇنى بىلەن قىزىغا قاراپ قويدى، — بىز گومىنداڭ مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغاندا، ياۋروپاغا چىقىپ كەتكەنىدۇق. گېرمانىيەدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزدىن خەت كېلىپ تۇرىدۇ. سىلەرگىمۇ خەت كېلىپ تۇرىدىغاندۇ؟

— ياق، — دېدى نۇرنىسا تۆۋەن ئاۋازدا. ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، — يول ئوچۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيەدە تۇرۇپ قېلىپ بالىلىق بولدۇم. بوننىغا كەلگەندىن بېرى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. نەچچە قېتىم خەت يازسام، جاۋاب كەلمىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن كىم بار، كىم يوق، ئۇلار بۇرۇنقى ئۆيلىرىدىمۇ ياكى باشقا جايغا كۆچۈپ كەتتىمۇ، بۇلار ماڭا قاراڭغۇ، يۇرتۇمدىن چىققىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى، بۇمۇ خۇداغا مەلۇم.

نۇرنىسا سۆزدىن توختاپ غەمكىنلىشىپ قالدى.

لى جۇن بوتا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، دادىسىغا دېدى:

— دادا، سەن بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ھاممامغا خەت يېزىپ باقمامسەن. ئۇ نۇرنىسا ئاچامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقمىسۇنمۇ؟

— قىزىم، جۇڭگو دېگەن چوڭ دۆلەت. قەشقەر بېيجىڭدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا. بىر ئادەمنىڭ ئادرېسىنى ئىزدەپ تاپماق بەك مۈشكۈل. لېكىن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر مۇئەللىملەر، ئوقۇتقۇچىلار بار، ھامماڭغا خەت يازساق يازايلى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ، نۇرنىسا خانىمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ بەرسە ئەجەب

ئەمەس، — دېدى دىلى ئەپەندى.

— هۆرمەتلىك دىلى ئەپەندىم، ماڭا ياردەم قىلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، مېنى ئېيتىپ تۇگەتكۈسىز خۇشال قىلغان بولاتتىڭىز، — دېدى نۇرنىسا. جاۋ يىمىن خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نۇرنىسا خېنىم، ھەرگىز مەيۇسلەنمەڭ. قەشقەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئىسمىنى، بۇرۇنقى ئادرېسىنى ئوچۇق قىلىپ يېزىپ بېرىڭ، بىز بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ئاچامغا ئەۋەتەيلى، چوقۇم جاۋاب كېلىدۇ.

— مەن ئەتە يېزىپ ئەكىرىپ بېرەي، جاۋ يىمىن خانىم. بۈگۈن قۇتلۇق كۈن ئىكەن، سىلەرنى خۇش قىلىمىز، دەپ چاقىرىپ ئۆزۈم خۇش بولىدىغان بولدۇم، — دېدى نۇرنىسا. ئۇنىڭ غەمكىن، گۈزەل چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى، — مەن ھەربىرىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

— رەھمەت، قەدىردانلىرىم، رەھمەت. قوشنىمىزنىڭ كۆتمىگەندە رەپىقەمنىڭ يۇرتىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەت يېزىشىغا ياردەملەشمەكچى بولغانلىقى مېنىمۇ ناھايىتى خۇرسەن قىلدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن دىلى ئەپەندىمگە، جاۋ خانىمغا، سۆيۈملۈك لى جۇن خېنىمغا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى نەجمىدىن قۇربانى.

نۇرنىسا شەربەتنى ئىچىۋەتتى.

نەجمىدىن قۇربانى ئېلىزابېتا خانىمنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن يەنە رومكىلارغا ئانار شەربىتى قۇيدى. ئېلىزابېتا خانىم مېھمانلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا تۈركولو-گىيەگە قىزىقىپ ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىنى تەتقىق قىلىشقا

باشلىغانىدىم. ئەمما، بۇ چاغقىچە بىرەر ئۇيغۇر ئۇچراتمىغانىدىم. مانا، خۇدا سىز بىلەن ئۇچراشتۇردى. گۈزەل چىرايىڭىز ھەرقانداق كىشىنى مەپتۇن قىلالايدىكەن. سالامەت بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ ئىچىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ، خېنىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز بىلەن پات ئارىدا يۈز كۆرۈشۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

— رەھمەت، مەن ئۆزۈمنى سىز تەرىپلىگەندەك ئۇنچە گۈزەل ھېسابلىمايمەن، ھەقىقىي گۈزەللىك شەكىلدە ئەمەس، ماھىيەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، سىزنى، جاۋ يىمىن خانىمنى، لى جۇن خېنىمنى، مادۇ خېنىمنى ھەقىقىي گۈزەل دەپ سۆيۈنۈۋاتىمەن. ۋەتەندىن ئايرىلماي سالامەت ياشىشىڭلار ئۈچۈن ئىچىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار.

نۇرنىسا گىتارنى ئاچىقىپ چېلىشقا باشلىغاندىلا ئۆينى جىمجىتلىق باستى. لى جۇن خېنىم «يېشىل ياپراق شىلدىرلايدۇ تىنىمسىز» دېگەن ئىنگلىزچە ناخشىنى ئېيتىپ بەردى. گىتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، لى جۇن خېنىمنىڭ يېقىملىق ناخشىسى مېھمانلارنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى.

ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن چىرايى ئېچىلىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن نۇرنىسا مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئىشىك تۇۋىدىلا ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

— مەن خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قېلىۋاتىمەن. ماڭا بۈگۈنكى مېھماندارچىلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشىدىغان يولنى ئېچىپ بېرىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سېزىپ تۇرىمەن، مەن چوقۇم ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلەيمەن، — نۇرنىسا قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى ئېرىنىڭ يۈزىگە ياقتى ـ دە، يەنە ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ دېدى، — نېمە ئۈچۈن جاۋ يىمىن

خانىم بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئېسىمگە كەلمىگەن بولغىيدى؟ ئىلزابېتا خانىمغا رەھمەت، ئۇ تۇركولوگىيە ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغان بولسا، دېڭ ئەپەندىمۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمنى بىلەلمەي يۇرىۋەرگەن بولاتتى. ئاھ، خۇدا، ئۇلار مېنىڭ ۋەتەنداشلىرىم ئەمەسمۇ...

نەجمىدىن قۇربانى بەش بالا تۇغۇپمۇ زىلۋالىقىنى يوقاتمىغان خوتۇنىنىڭ بەللىرىنى قامالاپ تۇتۇپ ھەيران بولاتتى:

— قىزىق - ھە ... يېنىمىزدىلا تۇرسا ... تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدىگەندەك ...


ئۇلار قۇچاقلىشىپ ئۇزاق تۇرۇشتى، نۇرنىسانىڭ ھاياجانلىنىشى بېسىلاي دېمەيتتى. نەجمىدىن قۇربانى:

— يۈرۈڭ، ئەزىزىم، — دېدى ئۇنىڭ مۈرىلىرىدىن سىلاپ، — چارچىدىڭىز، ئارام ئالايلى، بىلىپ تۇرىمەنكى، ئەتىكى كۈنىمىز بۈگۈنكىدىنمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ.



# ئۈچىنچى قىسىم

# كۆتۈلمىگەن قىسمەتلەر



# بىرىنچى باب

# ئانا، نەدە سەن؟

## 1

ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن گۈلسۈم ئەمدىلىكتە ئېغىر ئاياغ بولۇپ قېلىشتىن غەم قىلىپلا يۈرەتتى. چۈنكى ئۇ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن سىڭلىسى نۇرنىسانىڭ قىزلىرى ـــ تېخى ئىككى يېرىم ياشقىمۇ كىرمىگەن ھۆرنىسا، ئالتە ئايلىقمۇ بولمىغان گۈلنىساغا ئانا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قىزى ھۆرلىقا گۈلنىسادىن ئىككى ئايلىق كىچىك بولغاچقا، گۈلسۈم كېچە-يۇ كۈندۈز ئارام ئالالمايتتى. ئۇ ئانىسىز قالغان ئىككى قىزچاقنى ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئېغىرلىق گۈلسۈمنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

گۈلسۈم ھۆرلىقانى ئېمىتىپ، گۈلنىساغا كالا سۈتى ئىچۈردى. ئوقۇتقۇچى بولغان ئېرى تۇراپ «ئېمىلداش بولۇپ قالىدۇ» دەپ باجىسىنىڭ قىزىغا خوتۇنىنىڭ ئەمچەك سېلىشىنى قاتتىق توستى. گۈلنىسا بىلەن ھۆرلىقا خۇددى قوشكېزەكلەردەك، تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلەتتى. تەڭ ئۇخلاپ، تەڭ ئويغىنىشاتتى. تىلى چىقىپ قالغان ھۆرنىسا جىمىغۇر ئىدى، نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلىپ پات ـ پات ئەتراپىغا قارايتتى. ئۇ ئانىسىنى كۆرمىگەن كۈندىن باشلاپ شۈكلىشىپ قالغانىدى،

تەمتىلەپ مېڭىپ گۈلسۈمنىڭ كەينىدىنلا يۈرەتتى. گۈلسۈم بۇ ئانىسىز قالغان سەبىيلەرگە قارىسا ئىچ - باغرى سىيرىلىپ ھارغىنىنىمۇ، ئاچقىنىنىمۇ بىلمەيتتى.

گۈلسۈم سىڭلىسىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى سالاھىدىندىن كۆرەتتى. ئابدۇلھەمىتخان مەخدۇمنىڭ يېنىغا چىقىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئويى ئۆزگەرمىدى. «سىڭلىمنىڭ بېشىغا چىققىنى سالاھىدىن بولمىسا كىم بولاتتى؟ شۇ باغرى تاش ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىر يەرگە كۆمۈۋەتتى، خۇدايىم ئۇنىڭمۇ جازاسىنى بېرەر» دەپ قارغايتتى.

نۇرنىسانىڭ يوقاپ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، سالاھىدىننىڭ بالىلارنى بىرەر قېتىم يوقلاپ كېلەي دېمىگەنلىكىگە گۈلسۈمنىڭ زەردىسى قايناپ قالدى. ئۇ جۈمە كۈنى چاشكا ۋاقتى بىلەن بۆشۈكنى ئەكېلىش ئۈچۈن سالاھىدىننىڭ ئۆيىگە باردى. ئىشىككە قۇلۇپ سېلىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە ياندى. كېيىن نەچچە قېتىم باردى، يەنە شۇ چوڭ يايپاڭ قۇلۇپ ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسىدا قارىيىپ تۇراتتى. سالاھىدىن گۆرگە كىرىپ كەتكەندەك يوقاپ كەتكەنىدى.

گۈلسۈمنىڭ ئېرى تۇراپ بالىلارغا ئامراق ئىدى، مەكتەپتىن كېلىپلا بالىلارغا قارايتتى. يۈزىدە ساقال - بۇرۇتتىن ئەسەر يوق بۇ ئادەم ئامراقلىقى تۇتقاندا ئاغزىغا، مەڭزىگە قانچە سۆيسىمۇ، بالىلار ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، بەلكى ئۇنىڭغا يېپىشىۋالاتتى. قېينىئانىسى بىلەن قېينىئاتىسىنىڭ بالىلارغا قارىغۇچىلىكى يوق ئىدى. ئۇلار كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇلارغا قاراش ئۈچۈنمۇ ئادەم كېرەك بولاتتى، گۈلسۈم ئۇلارنىمۇ كۈتەتتى، چاچ تاراشقىمۇ چولىسى تەگمەي ياداپ قالغان خوتۇنغا تۇراپنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى.

گۈلسۈم نارەسىدە بالىلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ يۈرۈپ يەنە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى، ھېلىمۇ ياخشى، ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالمىدى. ھۆرنىسا كوچىغا چىقىپ ئويناپ كىرەلىگۈدەك، گۈلنىسا بىلەن ھۆرلىقامۇ بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقالىغۇدەك بولۇپ قېلىشقانىدى. گۈلنىسا بىلەن ھۆرلىقا ئۇدا تۇغۇلغان بالىلاردەك تولا ئۇرۇشاتتى، ھۆرلىقا بىشەملىك قىلىپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىنىمۇ گۈلنىسادىن قىزغىناتتى، ئۆزىنىڭ بار تۇرۇقلۇق گۈلنىسانىڭ توپ، قورچاقلىرىنى تالىشاتتى، بەرمىسە ئۇراتتى يا چىشلىۋالاتتى. بۇ چاغدا ھۆرنىسا ئۇكىسىغا بولۇشۇپ ھۆرلىقانى ئۇراتتى، ھۆرلىقا يىغلىغان ھامان گۈلسۈم يۈگۈرۈپ چىقىپ، بالام بۇ كىچىك ئەمەسمۇ؟ دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشەتتى. گۈلسۈم ھۆرنىسا بىلەن گۈلنىسانى ئۆز بالىسىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن دەپ ئويلاپ، شۇنداق قىلىشقا ئىنتىلەتتى - يۇ، باغرىنى يېرىپ چىققان ھۆرلىقانىڭ يىغىسىنى ئاڭلىسىلا چىداپ تۇرالماي، ھۆرنىسانىڭ قولىدىكى توپنى، گۈلنىسانىڭ لاتا قورچىقىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرەتتى، قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلەيتتى. بۇنىڭغا گۈلنىسانىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ يىغلايتتى، ھۆرنىسا گەپ قىلماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بوينىنى قىساتتى. بۇ بالا نېمە ئۈچۈندۇر كۈندىن - كۈنگە تارتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتا - ئانىسى ئەمەسلىكىنى يۈرىكى تۇيامدۇ، ھۆرنىسا، تۇراپلارغا تازا يېپىشمايتتى، دائىم بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك خامۇش يۈرەتتى. بالىلار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينىمايتتى. ئۇ ئۈچ ياشتىن ئاشقان چېغىدا كېچىلىرى پات - پات قىزىپ قالىدىغان، يۆتىلى تۇتۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. گۈلسۈم بالىدىن ئەنسىرەپ ئوت كۆچۈردى، ئىسرىق سالدى، ئوتلاپ باقتى، بېشىدىن نان ئۆرۈپ ساھىلغا بەردى. ھۆرنىسا تۈت

ياشقا كىرگەندە رەڭگى بەكلا سارغىيىپ، تامىقى ئازلاپ كەتتى، قارا كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇرىدىغان بولدى.

تۇراپ باشلاپ كەلگەن تېۋىپ: «بالا سىل بولۇپ قاپتۇ. قاتتىق گەپ قىلماڭلار، تىل كۆتۈرگۈدەك هالدا ئەمەس. شورپىدا پىشۇرۇلغان چامغۇرنى كۆپرەك يېسۇن، قورۇغان تاماق بەرمەڭلار، بالىنىڭ كېسىلى ئېغىر» دەپ بىرمۇنچە دورا بۇيرۇپ كەتتى. چېچەك، قىزىلدىن ئامان قالغان هۆرنىسانىڭ سىل كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇشى گۈلسۈمنى قايغۇغا سالدى.

※ ※ ※

قوغۇن سايىقى يەرگە چۈشكەن ۋاقىتلار ئىدى. تىنچىق دىمىق ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كۈن تېخى ئىسسىق ئىدى. ئۈزۈم چېكىلىپ يارما شاپتۇلنىڭ ئالدى بازارغا كىرگەنىدى.

تۇراپ چۈشلۈك دەم ئېلىشتا مەكتەپتىن يېنىپ، هېيتگاهتىن ئۆتكەندە بىر سېۋەت يارما شاپتۇل، ئالگىرات، چاچۇرۇك سېتىۋالدى. هۆرنىسا مېۋىگە ئامراق ئىدى. بۈگۈن «دادا، ئانا» دەپ يىغلاپ قالغان هۆرنىسا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۆيىگە تېززەك بېرىشقا ئالدىرىدى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندە ئاتا ـ ئانىسى، گۈلسۈم ۋە بالىلار پېشايۋاندا سارغىيىپ ياتقان هۆرنىساغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. پېشايۋاننىڭ تۆرىدە ئىككى ئايالمۇ مۆڭلىنىپ ئولتۇراتتى. تۇراپ ئورنىدىن تۇرغان تۇغۇت ئانىسى زەيتۇنىخان ئاچىنى تونۇپ ئەهۋال سورىدى. يېنىدىكى چىرايلىق چوكاننى كۆرگەندەك قىلغان بىلەن تونۇيالمىدى. ئۇ هاممىسى بىلەن بىللە هۆرنىسانى يوقلاپ كەلگەن ئايتۇرا ئىدى.

تۇراپ ئىگراپ ياتقان هۆرنىسانىڭ باش ئۇستىگە كەلدى. بالىنىڭ نەپسى تېزلىشىپ بۇرۇن چاناقلىرى كېرىلىپ

كەتكەنىدى. كىچىكلەپ قالغان نۇرسىز قارىچۇقلىرى ئۆچۈشكە باشلىغان شامدەك پىلدىرلاپ تۇراتتى. كاۋا چېچەكىدەك سارغىيىپ كەتكەن يۈزىدىن تويا ئۆرلەپ، چىرايى ئېچىنىشلىق تۇس ئالغانىدى. كۆكىرىپ قالغان كالپۇكلىرىنى قوقاق بېسىپ كەتكەچكە، بىچارە قىز ئاغزىنىمۇ ئاچالماي ياتاتتى...

تۇراپ چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارمىدى، ھۆرنىسا ئۆتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. تۇراپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۈم - يۈم يىغلاۋاتقان گۈلسۈمگە سەۋر قىلىشنى، ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقنى تاپىلاپ قويۇپ بازاردىن مۇز ئەكەلدى. ئاق خام ئېچىگە مۇز پارچىلىرىنى ئېلىپ ھۆرنىسانىڭ پېشانىسىغا قويدى. ھۆرنىسا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇياق - بۇياققا تەلمۈرۈپ قاراپ «ئانا» دېدى. ئايتۇرا ھۆرنىسانىڭ «ئانا» دېگىنىنى ئاڭلىمىسىمۇ، ئاغزىنىڭ بىردىن ئېچىلغانلىقىغا قاراپ «ئانا» دەپ تووۋلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. نۇرنىسانىڭ قىزىل دەريا كۆۋرۈكى ئۈستىدە «خوش، ئايتۇرا، خۇدايىمغا ئامانەت، پات - پات بېرىپ باللىرىمنى يوقلاپ قويسىلا» دەپ ئىشارەت قىلىپ خوشلاشقانلىقى، كېتىۋېتىپ تاكى قارىسى يىتكىچە كەينىگە نەچچە قېتىم قارىغانلىقى خىيالىدىن ئۆتتى.

ئايتۇرا شۇ كۈنى قىزىل دەريا كۆۋرۈكىدىن چاي ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ ئۆيىگە يېنىپ كىرگەنىدى. قەيەرگە كەتكەنىدۇ، دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشقان قېيىنئانىسى بىلەن قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا يولدا ئېلىۋالغان بىر ياغلىق سامسىنى قويۇپ قويغان، نەچچە كۈندىن بېرى ساتقان ئىشتانباغلارنىڭ پۇلىنى قېيىنئانىسىغا بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى خۇشلۇققا ئايلىنىپ، ئەخمەتمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئىشقا ماڭغانىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئايتۇرا چىراغ يورۇقىدا نۇرنىسانى قانداق ئۇزاتقانلىقىنى ھاياجانلىنىپ شەرەت بىلەن ئېرىگە ئۇقتۇرغان ۋە بىرەر كىشىگە ئېيتماسلىق ئۈچۈن قەسەم ئىچۈرگەنىدى.

ئەگەر ئەخمەت قەسەم بەرمىگەن بولسا، بۇ ئاجايىپ قىزىق ۋەقەنى ئاغىنىلىرىگە ئېيتىپ بېرىپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرنىسانىڭ قەشقەردىن ئايرىلىشى سىر پېتىچە قېلىۋەردى.

ئايتۇرا شۇلارنى ئەسلەپ نۇرنىسانىڭ تۇنجى قىزى بولغان ھۆرنىساغا قاراپ يىغىسىنى توختىتالمىدى. بالا كۆزلىرىنى ئاچماي ياتاتتى. گۈلسۈم ئېيتىپ چىققان ئۈگرىنىڭ سۈيىمۇ ھۆرنىسانىڭ جاۋغىيىدىن يېيىپ چىقتى.

زەيتۇنىخان ئاچا بىلەن ئايتۇرا خۇپتەندىن يانغاندا، كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئۇزاشتى. ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەتراپ ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى.

※ ※ ※

ھۆرنىسا كىچىچە قىزىپ چىقتى، گۈلسۈم بىلەن تۇراپ كىرپىك قېقىشمىدى. تاڭ سەھەردىلا ئاۋۋال گۈلنىسا، ئاندىن ھۆرلىقا ئويغىنىپ كېتىشتى. كىچىچە ئۆچۈرۈلمىگەن پانارنىڭ خىرە نۇرى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ھۆرنىسا ئۇخلاۋاتامدۇ، ئويغاقمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ئانا، — دېدى گۈلنىسا ھۆرنىساغا قاراپ قويۇپ، — ئاچام ساقايدىمۇ؟

گۈلسۈم ئەمدىلا تىلى چىققان گۈلنىسانىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ھەئە، ساقايدى، — دېدى.

— ھۆينىسا مېنىڭ ئاچام، سېنىڭ ئاچاڭ ئەمەس، — دېدى ھۆرلىقا ئاغزىنى پۈرۈپ.

— ئىككىڭلارنىڭ ئاچىسى، قوزىچاقلىرىم، — دېدى گۈلسۈم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز كۆز يېشى

تۆكۈلمەكتە ئىدى.

بىردىن ھۆرنىسانىڭ قوقاق بېسىپ كەتكەن لەۋلىرى قىمىرلاپ ئاستا ئاۋاز چىقتى:

— دادا، دادا، ئانامنى ئۇما... ئانام...

ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ھەممە نەرسە كېلىدۇ. ھۆرنىساغىمۇ دادىسى سالاھىدىنىڭ ئانىسىنى ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالىتى كۆرۈنگەن بولسا كېرەك، گۈلسۈم بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىپ، پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ كەتتى. ھۆرلىقانى تۇراپقا بېرىپ گۈلنىسانى قۇچىقىغا ئالدى. گۈلنىسا ئاچىسىغا ئىنتىلىپ سۆيمەكچى بولدى. گۈلسۈم ئۇنى ئېگىشتۈرۈۋىدى، ئاچىسىنىڭ ئاغزىغا بىرنى سۆيۈپ، پېشانىسىنى، يۈزىنى سىلىدى. شۇ چاغدا ھۆرنىسا پىسىڭگىدە كۈلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئويماقتەك ئاغزى قىيسايغىنىچە كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلدى. ئىككى تامچە ياش سارغايغان مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى.

— ئاھ، جېنىم بالام!

گۈلسۈم پۈتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ مىدىرلىماي ياتقان ھۆرنىسانىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ يىغا باشلىدى. چۆچۈپ كەتكەن گۈلنىسا بىلەن ھۆرلىقامۇ قىرقىراپ يىغلاپ كېتىشتى.

## 2

قىش ئۆتۈپ، قەشقەرگە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى كەلدى. بۇ كۈنى مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. تۇراپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ باغئېرىققا چىققان بولسا، گۈلسۈم

ھـۆرلـىقانـى كۆتۈرۈپ، گۈلـنىسانـى مەھەللـىدىكى بـىر قـىزغـا كۆتۈرتكۈزۈپ ئاياللار بىلەن يارباغ كۆۋرۈكىگە چىقىپ كۈتـۈپ تۇرۇشتى. قەشقەردىكى خەلق تەۋرەپ كەتكەنىدى. كوچىلار ئادەم دېڭىزى بولۇپ كەتكەنىدى.

گۈلسۈم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ «كېـرەمباغ» دوختـۇرخانىسـىـ غىچە باردى. شۇ يەردە توختـاپ چوڭ بىـر تـۈپ تېـرەكـنىـڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ بالىنى يەرگە قويدى. يـاز قۇياشى ئـىللىـق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. دەريا بويىدىكى يېـشىل مەجـنۇنتالـلار يەلپۈنەتتى.

بىر چاغـدا «كەلدى، كەلـدى !» دېگەن ئـاۋاز بـىلەن تـەڭلا «سۆيۈملۈك مـىللـىي ئارمىيـەمىزنى قـارشى ئالـىمىز !» دېگـەن شـوئار ئەتـراپـنى چاڭ كـەلـتۈرۈۋەتتـى. كـىشـلـەر قـىسـتـا ـ قـىسـتـاڭدا ئالـدىغا ئۆتـۈشـكە ئـىـنتىلـەتتى، بويـۇنلـىرىـنى سوزۇشاتتى.

ئـالدىدا بايـراق تۇتۇپ ماڭـغان ئەسكـەرنىڭ ئارقـىسـىدىـن يالىڭاچلانغان قىـلىچـنى تىك تـۇتقان ئـىككى كومـاندىر قاتـار ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىـلىموت، ئـاپتومات، مـىلتىـق كۆتۈرگەن ئـەسكەرلەر تـەكشى قەدەم تـاشلاپ ئۆتتـى. ئاخىـرىـدا ئاتلىق قىسىم قىلىچلىرىنى يالـىڭاچلاپ تـۇتقان ھالـدا يېتىـپ كەلدى. ئۆزىگـە بولغان ئـىشەنچ، غـۇرۇر قوشۇلۇپ ھـەيۋەتلـىك كۆرۈنگـەن بۇ ئەسكـەرلەرنىڭ سـىيمـاسـى گۈلـنـىسانـىڭ قـارا كۆزلىرىدە ئەكس ئەتتى...

خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كەلگەندىمۇ ئۆيـدە ئادەم قالـماي ھەممىسى ئالدىغا چىقىشتى. بەش يۇلتـۇزلۇق قىزىـل بايراقنـى لەپىلدىتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر قەشقەرگە تەنتەنە بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە تەشـنا بولغـان ھۈنەرۋەنلـەر، تىجارەتچىلەر، ئوقۇتقۇچـى ـ ئوقۇغۇچـىلار شاد ـ خۇرامـلىققا چۆمۈلدى...

گۈلنىسا بىلەن ھۆرلـىقانى ئـۆزى بىلەن بـىللە ئـاچىققان

گۈلسۇم بازاردىن قايتىپ كەلگۈچە ئايتۇرا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. گۈلسۇم شەرەت بىلەن سۆزلىشىشنى ئانچە بىلمەيتتى. ئايتۇرا گۈلنىسانى قولىغا ئېلىپ مەگزىگە سۆيۈپ، قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى، نۇرنىساغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ھۆرنىسا كۆز ئالدىغا كېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى، بالىلارغا شىنە ياڭاق، ئاقبالداق ئېلىپ بەردى. گۈلنىسانى شۇ كۆتۈرگىنىچە قولىدىن چۈشۈرمەي گۈلسۇملەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. گۈلسۇم قولىدىن تارتسىمۇ ئايتۇرا ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىماي كېتىپ قالدى.

بۈگۈن نۇرنىسانىڭ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى.

※ ※ ※

نۇرنىسانىڭ دېرەكسىز غايىب بولۇشى، سالاھىدىنىڭ ئۈن - تىنسىز تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىشى كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرگەن، ھەيران قالدۇرغانىدى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ «ئاجايىپ ۋەقە» ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. گاچا ياكى گاس ئەمەس. بېجىرىم تۇغۇلغان ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان ئايتۇرا بۇ «ئاجايىپ ۋەقە» نى تېخىچە ئۇنتۇمىغانىدى. ئېھتىمال گاچا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىيالايدىغان ئۇزۇن تىلى «سىر» نى ئاشكارا قىلىۋەتكەنمۇ بولاتتى...

1957 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى يېتىپ كەلدى. بۈگۈن جۈمە ئىدى. ئايتۇرا قازانغا ئاش سېلىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئەخمەتنىڭ ئۇزاق يىللار خەۋىرى بولمىغان ئاچىسى خەيرىنىسا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇن ئۈچ يىل بۇرۇن نۇرنىسادەك دېرەكسىز غايىب

بولۇپ كەتكەن بۇ ئايالنى ئەھلىمەھەللە ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى ھەم ئىنىسى ئەخمەت ئۇنى ئۇنتۇماي ئەسلەپ كەلگەنىدى.

سۇپىدا ئولتۇرۇپ لەڭمەن يەۋاتقان ئەخمەت ئاچىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىپ رومال سالغان، كاستۇم ـ يوپكىسى ئۆزىگە خوپ ياراشقان قامەتلىك جۇۋان قوللىرىدىكى چامادان بىلەن سومكىسىنى قويۇپلا ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى. ئەجەبلىنىپ قالغان ئايتۇرا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، ئىككى ئۆرۈمە سارغۇچ چېچىنىڭ يوپكىسىغا لىق كەلگەن ساغرىسىغا تېگىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، «كىمدۇ بۇ؟» دەپ تەرىنى تۇردى. ئاشخىچە ئورنىدىن تۇرغان بوۋاي بىلەن موماي «شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېگەن خىيالدا بىردەم تېڭىرقاپ قالدى، مېھمان ئايالنىڭ بېشىدىن ـ ئايغىغچە سەپسېلىپ چىقىشتى. ئاخىر قىزى ئىكەنلىكىنى تونۇشۇپ: «ۋاي جېنىم بالام كەللىمۇ؟ خۇدايىم كەلتۈرۈپ بەرگەن قىزىم» دېيىشىپ قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، باغرىنى ئېچىشتى. ھەم كۆلۈشۈپ، ھەي يىغلىشىپ قىزىنى قۇچاقلاشتى. ئەخمەت ئايتۇراغا ئاچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئايتۇرامۇ يۈز يىقىپ كۆرۈشتى، تۇرۇلگەن قاپاقلىرى ئېچىلىپ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— بالام، جېنىم قىزىم، — دەپ يىغلامسىراپ تىنچلىق سوراۋاتقان قېيىنئانىسىنى يۆلەپ تۇرغان ئايتۇرا قېيىنئاچىسىغا تىكىلدى. بۇغداي ئۆڭ، يۈزى يۇمىلاق كەلگەن خەيرىنىسانىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— ئانا، دادا، يىغلاشمىسىلا، مانا مەن كەلدىمغۇ، — دېيىتتى خەيرىنىسا موماي بىلەن بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياشمۇ چىقمىغانىدى. ئايتۇرا شۇنچە يىللار ياقا يۇرتلاردا يۈرگەن بۇ ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگەندە، كۆڭۈل ئۇچۇن بولسىمۇ

ئۆزىنىڭ سىڭىنىشقانلىقىنىمۇ ياكى ھەرقانداق دەرد ـ ئەلەم، خۇشاللىقنى ئىچىگە سىڭدۇرۇپ كېتەلەيدىغان كۆپنى كۆرگەن ئايال ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە كۆزى چۈشۈپ زوقلاندى.

— نەدىن كېلىشلىرى؟ يوللىرىغا تولا قاراپ كۆزلىرىمىز تېشىلەي دېگەندە خۇدايىم كەلتۈرۈپ بەرگەن بالام، نەدىن كېلىشلىرى؟ — سورىدى ئانىسى.

— ئانا، يىغلىمىسىلا، دادامنى، سىلىنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ بەكمۇ غەم يېگەنىدىم، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، ئانا، دادا، يىغلىمىسىلا.

خەيرىنىسا كۈلۈپ سۆزلىگەن بولسىمۇ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئايتۇرا سۇپىغا كۆرپە سالدى. خەيرىنىسا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى.

— بالام، بىزگە خوشمۇ دەپ قويماي كېتىپ، شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۇن ـ تىنسىز يىتىپ كەتتىڭ. جۇدالىقتا باغرىمىز لەختە ـ لەختە قان بولدى. كۆز يېشىمىز قۇرۇمىدى. ھەر قىسما گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىشەنمىدۇق. نەلەرگە باردىڭ، نەلەردە تۇردۇڭ؟ نەلەرنى ئايلىنىپ كەلدىڭ؟ سۆزلەپ بەرگىن، قىزىم، — دېدى ئانىسى كۆز ياشلىرىنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ.

— ئانا، ئۇزۇمچىدىن كەلدۇق. ئېرىم، باللىرىم بار. ھۆكۈمەت كادىرىمەن. سىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن باللىرىمنى ئەكېلەي دەپ ئويلىغانىدىم.

ئانا قىزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى. ئوغۇل باللاردەك ياسىنىپ يۈرىدىغان، لۈكچەك سۈپەت، ئۆكتەم قىزىنىڭ ئەرگە تېگىپ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن تۇرسا، كادىر بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟ كېسەل ئاتا قىزىنىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرالمىدى. ئەخمەت كادىر بولۇپ كەلگەن ئاچىسىغا قىزىقىش نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— دادا، ئانا، — سۆز باشلىدى خەيرىنىسا كۆزىگە چۈشۈۋالغان چېكە چاچلىرىنى قايرىپ، — ئاشۇ بەڭباش، ئوغۇل بالىدەك كىيىنىپ يۈرىدىغان ھازازۇل قىزىڭلار سىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. سىلەرنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۆزى ساۋاتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قىمار ئويناپ، پۇل تاپماقچى بولاتتى، ھەم شۇ يولغىمۇ كىردى. قارا كېچىدە سامسا، پىششىق گۆش، ئاچچىق تاماكا كۆتۈرۈپ كېلىپ سىلەرنى خۇش قىلىۋېتىدىغان شۇ لۈكچەك قىزىڭلار مانا مەن ئىدىم. نېمىشقا ئوغۇل بالا بولۇپ قالمىغاندىمەن دەپ ھەسرەتلىنەتتىم. ئۆزۈمنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىمگە زادىلا تەن بەرگۈم كەلمەيتتى. شۇ چاغلاردا ئون بەش - ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىدىم. تاغ ئارقىسىدا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كىشىلەردىن ئاڭلاپ، كەتمەكچى بولدۇم. يالغۇز قىزىڭلارنى ھەرگىزمۇ يولغا سېلىپ قويمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ، سىلەردىن سورىمايلا ئېشەكچىلەرگە ئەگىشىپ كېتىپ قالدىم. ئاق تۇماق، ئالدى ئوچۇق چوتا كۆڭلەك كىيىپ بېلىنى باغلىۋالغان بالىنىڭ ئەسلىدە رەسىدە بولۇپ قالغان قىز ئىكەنلىكىم — يولۇچىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن چېغى، مېنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىۋالدى. ئېشەك ھەيدىشىپ ئۈرۈمچىگە بېرىۋالدىم. ناۋايخانا، ئاشخانىلارنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. ئىككى يىل تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىلىرى ئۈرۈمچىگە كەلدى. مەن ئۇيغۇر قىز - ئايال ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئىشتىياق باغلاپ قالدىم. بىرنەچچە كۈنگىچە ئايال ئەسكەرلەر چۈشكەن ئورۇنلارنى ئايلىنىپ يۈردۈم. ئاخىر جۈرئەت قىلىپ ئايال ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ ئۇلار تۇرغان قورۇغا كىردىم. قاپقارا بۇرۇتلۇق بىر كوماندىرغا ئەسكەر بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئادەم مېنى

ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. مەن تۇمىقىمنى ئالدىم. چاچلىرىم گەۋدەمگە يېيىلىش بىلەن تەڭ كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئوغۇل بالا ئەمەس، قىز ئىكەنلىكىمنى بىلگەن كوماندىر كەچۈرمىشلىرىمنى ئاڭلاپ مېنى قىسمىدا ئېلىپ قالدى. دەسلەپ ئاشخانىدا ئىشلىدىم، بىر يىلدىن كېيىن رەسمىي ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندىم. بېشىمغا ئىسپانكا، ئۇچامغا پالشوپكا، يوپكا، پۇتۇمغا ئۆتۈك كىيىپ، چىرايلىق جەڭچى بولدۇم.

مېنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلغان كوماندىرنىڭ ئېتى ئوسمان باراتوف ئىكەن. ئۇ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ئەتىگەن ـ كەچلەردە خەت ئۆگىتىپ ئىككى ئاي دېگەندە ساۋاتىمنى چىقىرىپ قويدى. كۆزۈم قايتا ئېچىلغاندەك بولۇپ، ئالەم ماڭا باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولدى. گېزىت، ژۇرنال، كىتاب ئوقۇشقا باشلىدىم. ئوسمان باراتوف مەمۇرىي خىزمەتكە ئالماشتى. مېنىمۇ كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئىككى يىلدا ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ قالدىم. خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەپ ئالتە ئاي بولغاندا، دائىم ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ئوسمان باراتوف بىلەن توي قىلدىم. ئۇنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى سادىرغا ئانا بولدۇم. بۇ بالىنىڭ ئانىسى مىللىي ئارمىيەنىڭ شىخونى ئېلىش ئۇرۇشىدا ۋاپات بولغانىكەن. ئانا مېھرىگە تەشنا بولغان سادىر ماڭا تېزلا ئىچەركىپ قالدى. يەنە ئىككى يىل ئۆتتى. تاقىتىم چېكىگە يەتكەنىدى. ئەزىزانە يۇرتۇمغا چاپسانراق بېرىپ سىلەرنى كۆرۈش ئارزۇيۇم مېنى مەيلىمگە قويماي‌ۋاتاتتى. بۇنى سەزگەن ئېرىم غۇلجىغا كېتىش ئويىدىن ۋاز كېچىپ «قەيەردە بولسام جاپاكەش خەلقىمگە نەپ يەتكۈزسەم كۆڭلۈم ئەمىن تاپىدۇ» دەپ قەشقەردىكى تاغىسىغا خەت يېزىۋەتتى. يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرى تۈگەپ يولغا چىقتۇق. بىز تۇنۇگۈن كەچ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئېرىمنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە

چۈشتۈق. كەچتە كېلىشنى تازا ئەپ كۆرمەي، بۈگۈن ئەتىگەندە كەلسەم بەختىمگە يارىشا سىلەر ئامان - ئېسەن ئىكەنسىلەر...

خەيرىنىسا باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىدىن ئەپۇ سورىدى. بىردەم ئانىسىنىڭ، بىردەم دادىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ پەرزەنتلىك مېھرىنى ئىزهار قىلدى. بىر چاغلاردا ئوغۇل باللاردەك پىچاق ئېسىپ، تون كىيىپ يۈرىدىغان بۇ قىزنىڭ پۈتۈنلەي باشقا ئادەم بولۇپ كەلگەنلىكىنى — نازاكەتلىك، سۆلكەتلىك چوكان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاتا - ئانىسى خۇداغا مىڭ شۈكۈر ئېيتتى. قىزىدىن ھەرگىز ئاغرىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئايتۇرا قېيىنئاچىسىنىڭ ئېغىرئاياغ ئىكەنلىكىنى بىلمۇالدى. خەيرىنىسا سىلىق سۆزلىنىپ ئاقارتىلغان ئۆيلەرگە قاراپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى قىياس قىلدى.

ئايتۇرا داستىخان سېلىپ نان، قەنت - گېزەكلەرنى تىزىپ چاي قۇيدى، ھالۋا ئېتىپ چىقتى. ئاندىن ئىشارەت بىلەن قانداق تاماق ئېتىدىغانلىقىنى قېيىنئانىسى بىلەن ئېرىدىن سورىدى. شۇ چاغدىلا سەپسېلىپ ئولتۇرغان خەيرىنىسا ئايتۇرانىڭ گاچا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەپسۇسلاندى.

— بالام، نېمە ئەتسۇن، پولۇ ئەتسۇنمۇ، مانتىمۇ؟ — سورىدى ئانىسى.

— چۆپ ئەتسۇن، كۆك چامغۇر سېلىپ ئەتكەن چۆپنى بەكمۇ سېغىندىم، — دېدى خەيرىنىسا.

ئەخمەت ئايتۇراغا ئۇقتۇردى. خوتۇنى ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاچىسىغا ئايتۇرا توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. خەيرىنىسا ئىنىسىنىڭ گاچا، تىلسىز بولسىمۇ ۋاپادار خوتۇنغا ئېرىشكەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. تۇيۇقسىز غايىب بولغان نۇرنىسا ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى توغرۇلۇق ئىنىسىدىن ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىندى.

## 3

گۈلسۈمنىڭ بويىدا قالغاندا، ھۆرلىقا بىلەن گۈلنىسا ئۈچ ياشتىن ئەمدىلا ئاشقانىدى. بىر ئوغۇل تۇغۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن گۈلسۈم بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدى. ئەمما، قىش ئۆتكۈچە قېيىنئانىسى بىلەن قېيىنئاتىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۆينى ئېغىر مۇسىبەت جىمجىتلىقى باستى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچىنچى ئاينىڭ بېشىدا ياغقان سېرىق قار تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، باھار كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتتى. ھاۋا ھېلىھەم سوغۇق ئىدى، قىشچە بىلىنمىگەن سوغۇق جاندىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخى كۆكىرەي دېمەيتتى، ئىزغىرىن شامال توختىمايتتى. ئوغلى رىشات مانا شۇنداق كۈنبويى يېغىپ تۇرغان جۇت بىر ئايدا تۇغۇلدى.

ئوغلى بىر ياشقا كىرگەندە تۇراپىنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قوندى. ئۇ شۇ كۈنى تېخى چۈش بولمايلا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، سىيدام ئېچىلىپ تىنى سىلىغىنىچە گۈلسۈمگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى:

— خوتۇن، بۈگۈن ئەتىگەندىلا شەھەر باشلىقى مېنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. نېمە گەپتۇ، دەپ بارسام، ئۇ كىشى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى: «سىلى كۆپچىلىككە تونۇلغان مائارىپچى، مول تەجرىبىلىرى بار، تارىخلىرى پاك، كۆپچىلىك ئالدىدا ئىناۋەتلىرى ئۈستۈن. شۇڭا، پارتىيە، ھۆكۈمەت سىلىگە ئىشىنىپ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرماقچى، قانداق قارايلا» دېدى. «پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەزىپە تاپشۇرسا، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىمەن» دېدىم. شەھەر باشلىقى: «سىلىنى ھازىرچە، ئاھالىسى كۆپرەك بولغان يارباغ رايونىنىڭ مەسئۇللۇقىغا بەلگىلىدۇق ھەم سىلىنى پارتىيەگە تەربىيەلەش نىشانى قىلدۇق» دېدى. مۇشۇ ھەپتە ھۆججەت چۈشۈرىدىغان

ئوخشايدۇ. بۇ چاغقىچە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشماي كەلگەنىدىم. شەھەرگە تارقالغان مىش ـ مىش پاراڭ راستقا چىقتى. كۆپ ئويلىنىپ، بۇ ئىشنىمۇ قىلىپ باقاي دېدىم. سىلىنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

گۇلسۇم يولدىشىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەيلا ئاشخانىغا ئىتتىك كىرىپ بىر تەخسە كۆك چۆچۈرىسى ئاچىقىپ، دېدى:

— بۇمۇ بالىلارنىڭ تەقدىر ـ پېشانىسى، ماقۇل دېگەنلىرى ئوبدان بوپتۇ. مەھەللىدە ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بېرى بىرقانچە قېتىم ساۋاتلىق ئاياللارنى تىزىملىدى. مەھەللە بويىچە ساۋاتلىق ئاياللاردىن ئون كىشى بار ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ئىچىدە گېزىتنى مەن ئوبدانراق ئوقۇيدىكەنمەن، ئاياللار ئاغزىمغا قاراپ قېلىشتى، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئوقۇتۇپ قويغىنىدىن بەك رازى بولۇپ كەتتىم...

زاماننىڭ ئۆزگىرىشى كىشىلەر ئېيتقىدىمۇ ئالاھىدە ئۆزگىرىش ياسىغانىدى. تۇراپ بىلەن گۇلسۇم بۇرۇن تۇرمۇش، لازىملىق نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭ سېلىشاتتى. ئەمدىلىكتە خىزمەت، ئۆگىنىش، كىشىلەرنىڭ رايى ھەققىدىمۇ پاراڭ قىلىشىدىغان بولدى. رايون باشلىقى بولغان تۇراپ ئۆيگە ھەر كۈنى بىر يېڭى گەپ كۆتۈرۈپ كېلەتتى. گۇلسۇممۇ ئاساسىي قاتلام ئاھالە كومىتېتىدا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. خىزمەتكە ئالدىراپ ماڭغان ئېرىنىڭ كەينىدىن ئۆزىمۇ كومىتېتقا ئالدىراپ ماڭاتتى. ئۇ گېزىت ئوقۇپ بېرىشكە قىزىقىپ قالغانىدى، بەزىدە گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئۆيگە ئەكېلىپمۇ ئوقۇيتتى. ئىلگىرى تۇراپ شۇنچە سايە قىلسا قولىغا كىتاب ئېلىشنى ئۆزىنىڭ بوغچىسىنى كۆتۈرۈشتىن ئېغىر كۆرىدىغان گۇلسۇم مەھەللىدىكى ياش ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا، كومىتېت مەجلىسىگە كېلىشكە ئۈندەپ سۆزلەپمۇ قوياتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ قىز ـ چوكانلار ئۇنىڭغا ھال ـ ئەھۋالىنى ئېيتىدىغان بولدى. ئوغلى ئىككى ياشقا

كىرگەندە، ئۇ بۇلاقبېشى مەھەللىسىنىڭ ئاياللار مۇدىرى بولدى. كەنجى بالىسى ھەلىمە تۇغۇلغاندا بولسا رايونلۇق شۆبە ئاياللار بىرلەشمىسىگە مۇدىر بولۇپ ئۆستى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئېسىگە پات ـ پات نۇرنىسا كېلەتتى. «سىڭلىم بەكلا زېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ بولغان بولسا بۇ چاغقىچە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە رەئىس بولاتتى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق مەنسەپكە ئولتۇرغان بولاتتى...» دەپ خىيالمۇ قىلاتتى، نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم بولمىغان سالاھىدىنىنى قارغايتتى.

بۇرۇن ئورۇقلۇقىدىن شادا پاچاق دەپ ئاتىلىدىغان تۇراپ قورساق سېلىپ سەمرىپ كەتتى، سىيدام يۇزلىرى پارقىراپ سۆزمەن بولۇپ قالدى. ئۇ ھەربىر ئىشنى بىلىپ، چۈشىنىپ ئىشلىگەچكە خىزمىتىدە خاتالىق كۆرۈلمەيتتى. شەھەرلىك كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. زامان ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراۋاتاتتى.

گۈلسۈم ئۆي ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي قېلىۋاتاتتى، بەزى كۈنلىرى ئاش ئېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا سەبىي قىز گۈلنىسا دەرس تەكرارلاشنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇۋاتاتتى، ئۆيگە كەلگەندىمۇ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. ئۇنىڭ سەبىي كۆڭلىدە ئاتا ـ ئانىسىغا بىر نارازىلىق ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ نارازىلىق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۆرلىقا، ھەلىمەنى «ۋاي بالام» دەپ، ئۆزىنى «بالام» دېسىمۇ ئۇنچىۋالا «ۋاي» دەپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇغۇچىلاردىن «گۈلنىسانىڭ ئانىسىنى جىن ئېلىپ قاچقانىكەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، تۇراپ، گۈلسۈملەرنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ھۆرلىقا، ھەلىمەگە

ئىككىدىن كۆڭلەك تىكتۈرۈپ بەرگەندە، گۈلنىساغا بىر كۆڭلەك تىكتۈرۈپ بېرەتتى، تاماقنىمۇ ھەممىدىن كېيىن بېرەتتى. بۇ گۈلنىسانىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىپ، گۇمانىنى ئاشۇراتتى.

بالىلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئارزۇلۇقى يالغۇز ئوغۇل ھېسابلانغان رىشات ئىدى. ئۇمۇ گۈلنىسانى بوزەك قىلىشقا تەييار تۇراتتى. مەكتەپتىن كېلىپلا، دەرسىنى تەكرارلاۋاتقان گۈلنىسانى دۇم يېتىشقا زورلاپ ئېشەك ئېتىپ مىنىپ ئوينايتتى.

— بالام، ماقۇل دېسىلە، كىچىك ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى گۈلسۇم رىشات «مىنىمەن» دېسە ئۇنىماي تۇرۇۋالغان گۈلنىساغا. گۈلنىسا ئانىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گەپمۇ قىلماي دۇم يېتىپ بېرەتتى، بەللىرى ئاغرىپ، تىزى قىزىرىپ كەتكۈچە رىشاتنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئوينىتاتتى.

ھۆرلىقا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغا چىققاندا، گۈلسۈم گۈلنىسانى ئۆيدە ئېلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن گۈلنىسا تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. «تۇراپ دادام بىلەن گۈلسۈم ئانامنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس ئوخشايمەن» دەپ مەيۈسلەندى. بۇنى نەچچە قېتىم گۈلسۈمدىن سوراپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، تارتىنىپ سورىيالمىدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبى بۇ ھەقىقەتنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى.

※ ※ ※

خەيرىنىسا كوچىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېگى ئاق، ئۇششاق گۈللۈك گىرىپتىشىندىن تىكىلگەن كۆڭلىكى ئۈستىگە توپا رەڭ سارجا كاستۇم كىيىپ، بېشىغا ھىلھىلە ياغلىق سېلىۋالغانىدى. ئۇ نەقىشلىك ئەگمە دەرۋازىدىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىغا كىردى. گۈل، دەرەخلەر بىلەن

زىننەتلەنگەن مەيداننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەي ئارقىلىق ئىشخانا بىناسىنىڭ كارىدورىغا كىرگەندىن كېيىن كادىرلار بۆلۈمى ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتۈپ، ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ چىگىۋالدى ـ دە، ئىشىكنى چەكمەيلا ئىچىپ كىردى.

— مەن يەنە كەلدىم، تۇراپ ئاكا، بىرقانچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ شەھەر باشلىقلىرىغىمۇ تەلىپىمنى دېدىم، تەشكىلات بۆلۈمىدىكىلەرنىمۇ قايىل قىلدىم، ئەمدى گەپ سىلىدە قالدى.

خەيرىنىسا سۆزدىن توختاپ بېغىررەڭ كىچىك سومكىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ بۆلۈم باشلىقىغا بەردى. قەغەزدىكى «تەلىپىگە ئاساسەن كوچا باشقارمىلىرىنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلىمەن» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغان تۇراپ:

— خەيرىنىسا خانىم، ئاخىر شەھەر باشلىقىنى كۆندۈرۈپلا ـ دە، — دېدى كۈلۈمسىرەپ. ئاندىن خەيرىنىسانى يەنە بىر قېتىم چېكىپ باقماقچى بولۇپ، — ۋىلايەتلىك پارتكوم ئوسمان باراتوفنى مىللىي، دىنىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ بەلگىلەپتۇ، ئېيتقاندۇ؟ ئۇ يەرگىمۇ ئادەم لازىم. مېنىڭچە، بولغاندا مەركىزىي شەھەردە ئىشلىگەن سىلىگە ئوخشاش مەدەنىيەتلىك، قابىل كادىر پارتكوم ئىشخانىلىرىنىڭ بىرىدە، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىر بۆلۈمىدە قېلىپ ئىشلىسە ئوبدان بولاتتى.

— بالىنىڭ دادىسىمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلغان، بۇ ئىشتا خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى خەيرىنىسا سەمرىپ كەتكەن تۇراپقا قادىلىپ، — كەم ـ كوتىسىز يۆتكىلىش رەسمىيىتىم تۇرۇقلۇق بىر ئايدىن بېرى گېپىمنى ئاقتۇرالمايۋاتىمەن. بۇ يەردە باشلىق بەك تولا ئىكەن، كىم نېمە ئىشقا مەسئۇل، بىلەلمەي قالدىم. مۇشۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا

ئالتىنچى قېتىم كېلىشىم، تېخىچە مۇزاكىرىلىشىپ بولمىغان بولساڭلار، ئۆيدە تۇرۇپ تۇراي، باشقا ئىش قىلىپ كۈن كەچۈرۈشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ.

گېپى ئوچۇق خەيرىنىسا كۆڭلىدە نېمە بولسا ئۇدۇللا دەۋېرەتتى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، هازىر مىللىي كادىرلار يېتىشمەيۋاتقان چاغدا، ئۇرۇمچىدە ئىشلىگەن بىر كادىرنى ئۆيدە تۇرۇپ تۇر دېسەك، يۇقىرىغا قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ ئاۋارىچىلىك تارتقانلىرى راست، خاپا بولمىسىلا، ئەمدى شەھەر باشلىقى ماقۇل بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ قوشۇلىمەن. شەھەرلىك تەشكىلات بۆلۈمىگە تېلېفون ئارقىلىق ئېيتاي، چاسا باشقارمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن.

تۇراپ بۇ ۋاقىتتا قەدەر مەھەللە كومىتېتىدىن كوچا باشقارمىسىغا، كوچا باشقارمىسىدىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە، ۋالىي مەھكىمىگە، مەركەزگە يۆتكىلىش كويىغىلا چۈشكەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتقان بولسىمۇ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆتكەپ قويۇلۇش دەيدىغان بىرمۇ كادىرنى ئۇچراتمىغاچقا، خەيرىنىسانىڭ بۇنداق قاتتىق تۇرۇۋېلىشىدا قانداق مۇددىئاسى باردۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— دەسلەپتىلا مۇشۇنداق دېسىلە بولىماتتى، بىر ئايدىن بېرى كۆپ ئاۋارىچىلىك تارتتىم ئەمەسمۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى ئەمدى كېچىكمەس.

— كېچىكمەيدۇ، بۈگۈن ـ ئەتىدىن قالماي چاسا باشقارمىسىغا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرىمىز.

«ئاخىر ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇردى، سۆزىدىن يانمايدىغان جىگەرلىك خوتۇن ئىكەن. ئەر خىزمەتچىلەر ئارىسىدىمۇ بۇنداق جىگىرى بارلار ئاز تېپىلىدۇ» دەپ ئويلىدى بېشىنى ئېگىپ قويۇپ تاقىلداپ چىقىپ كەتكەن خەيرىنىسانىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان تۇراپ.

※ ※ ※

يېشايۋاندا ياتقان خەيرىنىسا ئوك يېنىغا ئۆرۈلۈپ كېسەلمەن ئاتىسىنىڭ قول ـ پۇتىنى تۇتاتتى. سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئانىسىنىڭ گۆشى قاچقان ئۇچىسىنى سىلايتتى، ئىنىسى ياساپ قويغان پەي يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇلارنى يەلپۈيتتى. ئۇ كەچقۇرۇن كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانىدى.

ئەخمەت بىلەن ئايتۇرا ئۆگزىدە ياتقانىدى. ئۆگزە بىر ئاز سالقىن بولۇپ، يېنىك شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئەتراپنى غۇۋا يورۇتقانىدى. ئايتۇرا ئېرىگە:

— خەيرىنىسا ئاچام نۇرنىساغا ئوخشاش بەك ئوبدان ئىكەن، — دەپ ماختىدى قول ـ كۆز ئىشارىتى بىلەن.

خوتۇنىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن نېمە دېمەكچى بولغىنىنى قىلچە خاتاسىز چۈشىنەلەيدىغان ئەخمەت ئۇنىڭغا ئاچىسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئىشارەت ئارقىلىق بىلدۈردى. ئايتۇرا چۈشەندى، ھاياجاندىن كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىدى. «قۇلىقىم، تىلىم ساق بولسا، قېيىنئاچامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتىم، سېنىڭ سۆزۈڭگە جاۋاب قايتۇراتتىم، خىزمەت قىلىپ ساڭا ياردەملىشەتتىم. خۇدايىم مېنى مۇشۇنداق ئاجىز يارىتىپ قويۇپتۇ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما» دېگەن مەنىدە تەلمۈردى.

ئەخمەت ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. گاس ـ گاچا بولسىمۇ، ئايتۇرا ئۇنى ئۆزىگە شەيدا قىلالىغانىدى. ئاش ـ تاماقنى ۋاقتىدا ئېتىپ، كىيىملىرىنى پاكىز يۇيۇپ تۇردى، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنى ياخشى كۈتتى. ئەخمەتنى تېخىمۇ رازى قىلغان يېرى، ئايتۇرانىڭ ئۇنى خەت ئۆگىنىشكە، ھۈنەر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىنى ئىدى. نۇرنىسادىن خەت ئۆگىنىپ ساۋاتلىق بولۇپ قالغان ئايتۇرا ئولتۇرسا، قوپسا، بۇ توغرۇلۇق ئەخمەتكە

دەۋېرىپ، ئۇنىڭ ساۋاتلىق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. ئايتۇرامۇ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېرىدىن سوراپ بىلىۋالاتتى. ئېرىگە دەپ كىتاب تاپتۇرۇپ ئوقۇيتتى، زادى بىكار تۇرمايتتى، ئۆيئىچىنى چىننىدەك پاكىز تۇتاتتى. خەيرىنىسا ئىنىسىدىن ئايتۇرانىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقىنى ئاڭلىغاندا بەكلا ھەيران بولدى، ئۇ بۇ ئەقىللىك گاچا چوكاننى ياقتۇرۇپ قالدى... ئەخمەت شۇلارنى ئويلاپ ئايتۇرانى قۇچاقلىدى. ئاندىن ئىشارەت بىلەن:

— مەن سەندىن رازى، ئاي - يۇلتۇزلار گۇۋاھ بولسۇنكى، يامان نىيەتتە سېنى تاشلاپ كەتسەم، ئادەم بولماي كېتەي، — دېدى كۆكتە چاقناپ تۇرغان ئاي - يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىپ.

ئايتۇرا نۇرلىنىپ تۇرغان كۆككە قارىدى، سانسىز يۇلتۇزلار ئىچىدە ئاي چاقناپ تۇراتتى. «مۇشۇنداق بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىمنى نۇرنىسا كۆرگەن بولسا قانچە خۇشال بولاتتى - ھە! ئۇ ھازىر قەيەردىدۇ؟ كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنى خەيرىنىسا ئاچامدەك كېلىپ قالسا ئىدى...» ئايتۇرا خىيال سۈرگىنىچە ئەخمەتكە گىرە سېلىپ ئۇخلاپ قالدى...

## 4

چىرايى سارغىيىپ قالغان گۈلسۈم ئىشتىن بۇرۇنلا يېنىپ كەلدى. ئاشخانىدا قاچا يۇيۇۋاتقان گۈلنىسا گۈلسۈمنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— بالام، زادى مىجەزىم يوق، ئېغىر زۇكامداپ قالغان ئوخشايمەن، ئىشخانىدا ئولتۇرالماي يېنىپ كەلدىم. ئۆيگە كۆرپە سېلىپ بەرگىنە، يېتىۋالاي.

گۈلنىسا گۈلسۈمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ، كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى - دە، يوتقان يېپىپ قويدى.

مەڭزى چىلانىدەك قىزىل، كۆزلىرى قارا، سۇمبۇل چاچلىق گۈلنىسا گۈلسۇمنىڭ ئېسىگە نۇرنىسانى چۈشۈردى. ئانا كۆكسىنى ئىزدەپ، بۆشۈكتە ئۈمىدلىنىپ ياتقان شورپېشانە بوۋاق — مۇشۇ گۈلنىسا ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا، ئون يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى. ئۇ بوي تارتىپ تېخىمۇ زىلۋا، تېخىمۇ چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقان گۈلنىسادىن كۆزىنى ئالماي خىيال سۈردى. قىزنىڭ چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى.

— قاچىلارنى يۇيۇپ بولدۇڭمۇ، بالام؟ — سورىدى گۈلسۇم.

— يۇيۇپ بولدۇم، — مەيۇس هالدا جاۋاب بەردى گۈلنىسا.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ رىشات خاپا قىلىپ قويدىمۇ؟

— ياق، رىشات مەكتەپتىن كەلمىدى.

— هەلىمە تىللىدىمۇ؟

— ياق.

گۈلنىسا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا پاتىڭىدە يىغلىۋەتتى.

«بالىنىڭ ئوقۇغۇسى بار ئىكەن، مەكتەپكە بارغۇزماي ئۆي ئىشىغا سالغىنىمدىن خاپا بولغان چېغى، كۆڭلىنى ياساپ قوياي» دەپ ئويلىغان گۈلسۇم:

— بالام، داداڭ ئىككىمىز ئىشقا كەتسەك، هۆرلىقا بىلەن سەن ئوقۇشقا كەتسەڭلار هەلىمە ئۆيدە يالغۇز قالىدىكەن. سەن ئەقىللىك، هەممە ئىشقا كۆزۈڭ يېتىدىغان بولغاچقا، داداڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، هەلىمە ئوقۇش يېشىغا يەتكۈچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرسۇن دەپ مەكتەپكە ئەۋەتمىگەنىدۇق. ئوقۇشقا قارىغاندا ئۆيدە ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگىنىڭ ئوبدان ئەمەسمۇ؟ سېنى هۆرلىقادىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، قىزىم، — دېدى گۈلنىسانىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ.

گۈلنىسا جاۋاب بەرمەي يىغلاۋەردى. ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى

قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇقلۇق ئىدى، ئۇنى ئاشكارىلاشتىن نېمە ئۈچۈندۇر قورقاتتى.

— بالام، جېنىم بالام، قانداق گېپىڭ بولسا ئېيتقىن، يىغلاپ يۈرىكىمنى زېدە قىلما.

گۈلسۇم گۈلنىسانىڭ مەڭزىگە تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتتى. سەبىي قىز قارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ گۈلسۇمگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— مېنىڭ ئانامنى جىن ئېلىپ قاچقانلىقى راستمۇ؟ سەن مېنىڭ ئۆز ئانام ئەمەس ئىكەنسەن ... — دېدى گۈلنىسا ئەندىكىپ يىغلاپ. گۈلسۇم ئۈجۈقۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. گۈلنىسانىڭ بۇ سۆزى «سەن مېنىڭ ئۆز ئانام بولمىغاچقا، مەكتەپتىن قالدۇرۇپ ئۆي ئىشىغا سالدىڭ. بالا باقتۇردۇڭ، مېنى باشقا بالىلىرىڭدەك كۆرمەيسەن...» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. گۈلسۇم بۇ بالا ئانىسى توغرۇلۇق كىمدىن ئاڭلىغاندۇ دەپ ئويلاپ سورىدى:

— كىم شۇنداق دەيدۇ، بالام؟

— بالىلار.

— ئويىنىشىپ دەپتۇ، ئاناڭ مەن بولىمەن، — گۈلسۇم گۈلنىسانى قۇچاقلىدى.

— بالىلارنىڭ دېگەنلىرى يالغانمۇ، ئانا؟ — ئىشەنمەي سورىدى گۈلنىسا، — بالىلار ئاناڭنى جىن ئېلىپ قاچقان، دەپ مېنى تە قىلىدۇ، ھۆرلىقامۇ گۈلسۇم ئانام سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، مېنىڭ ئانام، تۇراپ دادام سېنىڭ داداڭ ئەمەس، مېنىڭ دادام، سېنىڭ ئاناڭنى جىن ئەكەتكەندىن كېيىن، داداڭ ئۇنى ئىزدەپ كېتىپتىكەن، دەپ بالىلارغا بولۇشىدۇ، رىشاتمۇ شۇنداق دەيدۇ...

گۈلنىسا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىۋاتاتتى، گۈلسۇم بۇ نارەسىدە قىزنى

ئەمدى ئالداپ ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى، شۇ تاپتا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلەلمەي قالدى. راستىنى ئېيتاي دېسە، گۈلنىسانىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ، قايغۇرۇپ بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن غەم قىلاتتى. ئېيتماي دېسە ئەمدى ئۇنى ئىشەندۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيتتى. بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بۇ ھەقىقەتنىڭ گۈلنىساغا مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئاڭغىچە بالا گۇمان ئىلكىدە تېخىمۇ ئازابلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. «ئېرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي» دېگەن يەرگە كەلگەن گۈلسۇم:

— بالام، نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟ سېنىڭ ئاناڭ مەن، داداڭ تۇراپ ئاخۇن، بالىلارنىڭ گېپىگە كىرمە، — دېدى. گۈلنىسا تاققىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— گۈلنىسا، نەگە بارىسەن؟ — ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان گۈلنىسا كوچىدىن ئۆيگە يېنىپ كىرىۋاتقان قىزى ھەلىمەنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ گۈلنىسانىڭ ئىشىك ئالدىدىن يىگىرمە قەدەم نېرىغا بېرىپ، تامغا يۈزىنى قىلىپ، زوڭ ئولتۇرغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھەلىمەنى يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىردى ـ دە، قەنت چاي قىلىپ ئىچۈرۈپ، ھەلىمەنى ئۇخلىتىپ قويدى...

كوچىدا يىغلاپ قالغان گۈلنىسانى ئويلاپ خاتىرجەم بولالمىغان گۈلسۇم ئورنىدىن تۇردى. «يىغلاپ ـ يىغلاپ پەسكويغا چۈشۈپ قالار، ئاداشلىرىنى كۆرسە ئويۇنغا بېرىلىپ كېتەر» دەپ يېنىپ كىرگەنىدى، گۈلنىسانىڭ تېخىچە كىرمىگەنلىكىدىن ئاچچىقلاندى. «نېمانچە ھەددىدىن ئاشىدىغاندۇ، ئانىسى يوق، ئازار بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئاياپ شۇنداق ئەركە ئۆستۈرۈپ قويدۇم، گۇناھ ئۆزۈمدە.» گۈلسۇم

ئىشىك ئالدىغا چىقتى. چاپان كىيىپ، تور رومال بىلەن باش - كۆزىنى چۈمكىۋالغان بولسىمۇ، بورانىنىڭ قاتتىقلىقىدىن پۈتۈن تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. «زۇكامداپ تۇرغىنىمدا شامالداپ قالمىسام بولاتتىغۇ، بۇ شۇمتەك ئارامخۇدا ياتقىلىمۇ قويمىدى» دېگەن خىيال بىلەن ئۇيان - بۇيانغا قارىدى. گۈلنىسا تېخىچە تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— جېنىم بالام، تۇرغىن. پۈتۈن ئەزايىڭ توپا بولۇپ كېتىپتۇ، شامالداپ قالىسەن، تۇرغىن، قىزىم، — دېدى گۈلسۈم. شۇ تاپتا ئۇ كىرىپ كېتەي دېسە مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن، كىرىپ كەتمەي دېسە قىزىپ بېشى ئاغرىپ تۇرغاندا، بوراندا قېلىپ زۇكىمىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن قورقاتتى.

گۈلسۈم بالىنى ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىشكە پېتىنالمىدى. ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرغاندا، ئايتۇرا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالدى. ئۇ نۇرنىسا چۈشىگە كىرىپ قالسا ياكى ئۇنى كۆرگۈسى كەلسىلا ئولتۇرالماي قالاتتى. ئايتۇرا گۈلسۈم بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ، گۈلنىسانىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى. ئاندىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئالغاچ كەلگەن مۇشتۇمدەك ئانار بىلەن بىر نۆكچە ناۋاتنى گۈلنىساغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزلىرىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتتى، بېشىنى سىلىدى. گۈلنىسا بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئايتۇراغا قاراتتى. ئايتۇرا ئۇنىڭ غەم - ھەسرەت ئوقچۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ «مېنىڭ ئۆز ئانام نەدە؟» دېگەن مەنىنى چۈشەندى. ئايتۇرا قىزنى يۆلەپ باغرىغا باستى. گۈلنىسا تىلى چىققاندىن بېرى پات - پات كېلىپ تاتلىق يەل - يېمىشلەرنى بېرىپ كېتىدىغان ئايتۇراغا ئۆگىنىپ قالغانىدى، ئۇنى كۆرسىلا خۇش بولۇپ كېتەتتى. شۇ تاپتا ئايتۇرانىڭ باغرىغا باش قويغان گۈلنىسا يىغىدىن توختىدى، بېشىنى

كۆتۈرۈپ ئىككى قولىنى ئايتۇرانىڭ تىزىغا قويدى. ئايتۇرا كۆلۈمسىرەپ قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ، كىرىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. گۈلنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايتۇرانىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئۆيگە كىردى.

گۈلسۈم ئايتۇرانى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ، گۈلنىسانى گەپكە كىرگۈزەلىگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولدى. ئۇ كەلمىگەن بولسا بوراندا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان بولاتتى.

گۈلسۈمنىڭ ئاغرىپ تۇرغان بېشى ئوڭشىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئايتۇرانى ئولتۇرۇشقا ئىشارەتلەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. بورانمۇ پەسەيدى. تۇراپ كەلگەندە گۈلسۈم خېمىر يېيىۋاتاتتى. ئاشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئېرىگە پەس ئاۋاز بىلەن، گۈلنىسانىڭ ئانىسى توغرۇلۇق سورىغانلىقىنى دەپ ھال ئېيتتى:

— قانداق قىلىمىز، دادىسى؟ مەھەللىدىكى شۇمتەكلەردىن ئاڭلىغان ئوخشايدۇ، كۆڭلى تۇيغاندەك قىلىدۇ، راستىنى دەمدۇق، يا يېپىق قازاننىڭ يېپىق پېتى تۇرغىنى ياخشىمۇ؟

تۇراپ مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتى، شۇڭا ئېغىزىنى تۇتۇپ دېدى:

— سالاھىدىن ئاخۇندىنمۇ دېرەك بولمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈلنىسانى ئۆز بالىمىزدەك كۆرىمىز، دەپ ئويلىغان بولساقمۇ ئۇنداق قىلالمىدۇق. بالىنىڭ نازۇك كۆڭلىگە بۇ ئايان بولدى، ئەمدى ئۇنى ئىشەندۇرۇش تەس، راستىنى ئېيتىپ تەسەللى بېرەيلى، ھەرگىز ئازار بېرىپ قويماڭلا، ئوقۇتساق ئوبدان بولاتتى، ھەلىمەگە قارىسۇن دەپ، ئوقۇتالمىدۇق.

— ئىككىمىزنىڭ ئويى بىر يەردىن چىقتى، شۇنداق قىلايلى ئەمىسە.

— سۇيۇقئاش ئەتتىڭلارمۇ؟

— ئەتكۈممۇ يوق ئىدى، ئايتۇراخان كېلىپ قالدى، گاس ـ گاچا بولسىمۇ ناھايىتى زېرەك. خوشۇمنىڭ يوقلۇقىدىن ھەر قېتىم كەلسە چايمۇ قۇيماي يولغا سېلىپ كەلگەنىدىم، بۇ نۆۋەت ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى. ئۆزۈممۇ زۇكامداپ قاپتىمەن، سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاشنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ.

گۈلسۈم ئاشنى كېسىپ قازانغا سالدى. تۇراپ ئاشخانىدىن چىقىشقا تەمشىلىپ، ئېغىنىنى سىلاپ توختاپ قالدى.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى ئۇ ئويچان ھالدا، — ئېسىڭلاردا بارمۇ، ئۆتكەن يىلى يازدا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر خوتۇن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئىسمى خەيرىنىساخان. يادىڭلىغا كەلدىمۇ؟ ھە، شۇ خەيرىنىساخاننى ئۆز تەلىپى بويىچە چاسا كوچا باشقارمىسىغا ئەۋەتكەنىدۇق. نىكاھلىنىدىغان، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارغا خەت قىلىپ بېرىدۇ، باشقارمىنىڭ تامغىسىمۇ شۇ خوتۇننىڭ قولىدا. كىشىلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەردانە ئايال ئىكەن. باشقارما باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان بولۇپ قاپتۇمىش. بىر ھەپتە بۇرۇن شۇ خوتۇن ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى، چىرايلىق سالاملاشتۇق. ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن گەپ ئېچىپ نۇرنىساخان توغرۇلۇق سۆزلەپ قالدى. بىرەر يەردىن دېرىكى بولدىمىكىن، دەپ قۇلاق سالسام، ئۇنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئىككى بالىسىنىڭ چوڭى ئۆلۈپ، كىچىكى قالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ: «گۈلنىسانىڭ ئوقۇشتىن توختىتىپ قويۇلغانلىقى ياخشى بولماپتۇ. سىلى بىلىملىك ئادەملا ئەمەس، بەلكى بىر رەھبەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر يېتىم قىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشنى ئۆزلىرىگە قانداقمۇ راۋا كۆرگەنلا؟ ئويلاپ باقسىلا، مۇشۇ گەپنى ئېيتىپ قويۇشقا كەلدىم» دەپلا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. بايا گۈلنىسانىڭ ئوقۇشى توغرۇلۇق يەنە مەسلىھەت قىلارمىز دېگىنىمدە،

خەيرىنىسانىڭ شۇ سۆزلىرىنى كۆزدە تۇتقانىدىم. گۈلنىسانى ئوقۇشتىن چىقىرىۋالغىنىمىز ياخشى بولمىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمىشقا ياخشى بولمايدىكەن؟ كىشىلەرمۇ ھەنتىۋا بالىسىنى ئوقۇتمايدۇغۇ. بوۋاق چېغىدىن تارتىپ جاپاسىنى تارتىپ كېلىۋاتىمەن، ئەمدى ھەلىمە مەكتەپكە بارغۇچە ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسا يامان بولامدۇ؟ خەيرىنىساخان دەۋېرىدۇ، مەن بولسام ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قوياتتىم. شۇنچە گەپ قىلسىمۇ ئەزمىلىرىنى ئېزىپ ئولتۇرۇپلا، ئۇ خوتۇن كىمدىن ئاڭلىغاندۇ؟ بىزنى كۆرەلمەيدىغانلار ئاز ئەمەس. گۈلنىسا ئۆزىمىزنىڭ بالىسى، باشقىلارنىڭ كارى بولمىسۇن. ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن يا ئوقۇشقا بارار، يا بىرەر كارخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارلا، ئاڭغىچە ئۆي ئىشلىرىغىمۇ كۆنۈپ قالار.

گۈلسۈم ئاچچىقلىنىپ سۆزلەپ، پورۇقلاپ قايناپ كەتكەن قازاننى چۈشۈردى. گۈلنىسانىڭ گېپىنى قىلغان خەيرىنىسانىڭ ئايتۇراغا قېيىنئاچا بولىدىغانلىقىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى. گۈلسۈم ئاشكۆكى پۇراپ تۇرغان بىر چىنە سۇيۇقئاشنى ئاچىقىپ ئايتۇرانىڭ ئالدىغا قويدى. گۈلنىسا ئۇنىڭ يېنىدا كۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىشكە باشلىدى.

※ ※ ※

گۈلنىسا پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ھويلىنىڭ ئىشىكى تاراققىدە ئېچىلىپ بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئايال ناھايىتى چىرايلىق ھەم يېقىملىق ئىدى. بېشىدا مەرۋايىت دوپپا، ئۇچىسىدا قىزىل گۈللۈك دوخاۋا كۆڭلەك بار ئىدى. بۇ ئايالنىڭ يېنىدا دوپپا كىيگەن بىر ئەر كىشىمۇ بار ئىدى، گۈلنىسا:

— ئانا، دادا، — دەپ ئېتىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئايال:

— بالام چوڭلا قىز بولۇپ قاپتۇ، — دەپ ئۇنى باغرىغا باستى. ئەر كىشى بولسا بېشىنى سىلىدى، گۈلنىسا خۇشاللىقىدىن:

— ئانام كەلدى! دادام كەلدى! — دەپ توۋلاپ كەتتى...

چۆچۈپ ئويغانغان گۈلنىسا ئۆندەرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۈلنىسا بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتكەن گۈلسۇم ئۇنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قۇچاقلىدى، ئىككى مەڭزىگە سۆيدى، تەرلەپ كەتكەن ئۇچىسىنى سىلىدى. گۈلنىسا ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىپ چۈشەكەپ ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە كۆرگەن چۈشىنى گۈلسۇمغا سۆزلەپ بەردى. گۈلسۇم: «بالا ئۇچۇن ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ بولۇشى زور بەخت ئىكەن، ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، دائىم ئويلايدىغان ئوخشايدۇ، بىچارە قىز» دەپ ئويلاپ تەكچىدىكى جىنچىراغنى يېقىپ گۈلنىسانى قۇچىقىغا ئالدى. بالا ئۇنىڭ ئىسسىق كۆكسىگە باش قويدى. گۈلسۇم قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، بوۋاق چېغىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ كەينى - كەينىدىن غايىب بولۇپ كەتكىنىنى، مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغانلىقىنى ئاستا سۆزلەپ بەردى، گۈلنىسا تىنىقىنىمۇ چىقارماي جىم يېتىپ ئاڭلىدى. گۈلسۇم ئۇزاققىچە شوك بولۇپ كەتكەن گۈلنىسانى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ چىراغنى ئۆچۈردى - دە، ئۇنىڭ يىغلاپ ئاۋارە قىلمىغىنىدىن خۇش بولۇپ بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن، باغرى تىلىنغان قىز ئۇخلىمىغانىدى. ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىنىڭ بوۋاق چېغىدا غايىب بولۇپ كەتكىنى قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، يىغلاشقىمۇ قۇربى يەتمەي، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە جىمغىنا ياتتى. بىر چاغدا ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئاچتى، قاراڭغۇدا

ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. «دادام، ئانام ئۆلۈپ كەتمەپتۇ، — دېدى ئىچىدە، — بىرەر يەردە بار ئوخشايدۇ، مېنى كۆرگۈسى كېلەمدىغانمىدۇ؟ ئاچامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ ئاتا ـ ئانام بولغان بولسا مېنى مەكتەپتە ئوقۇتاتتى، دەپتەر ـ كىتاب ئېلىپ بېرەتتى، ھۆرلىقانىڭكىگە ئوخشاش دۇخاۋا كۆڭلەك كىيدۈرەتتى...»

ئويلىغانسېرى گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە «دادا، ئانا، سىلەر نەدە؟ نېمىشقا بىزنى كۆرگىلى كەلمەيسىلەر؟ بىزنى تاشلاپ كېتىشكە قانداق چىدىدىڭلار؟ گۈلسۈم ئانام، ئايتۇرا ئاچام، مۇھتەبەر ئاچاملار ھېچ يەرگە كەتمەپتۇغۇ، سىلەر قەيەرگە كەتتىڭلار؟ ئانا، دادا، قايتىپ كېلىڭلار، ئانا، دادا ...» دەپ نىدا قىلاتتى.



ئىككىنچى باب

## يىراقتىن كەلگەن خەت

### 1

ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخى توختىماي شىلدىرلايتتى. كۈن نۇرى دېرىزە ئەينىكىدە جىلۋە قىلاتتى. گۈلنىسا ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۆشىشاق ئۆرۈلگەن قارا چاچلىرى ئالدىغا تاشلىنىپ يەرگە سۆرىلىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا سۈپۈرگە بىلەن ئەمەس، چاچلىرى بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، پات ـ پات چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ بېلىنى رۇسلىۋالاتتى، ئاندىن يەنە ئېگىشىپ يەرنى سۈپۈرۈشكە باشلايتتى. يەرگە ياتقۇزۇلغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغان خىشلارنىڭ ئاراچلىرى كېڭىيىپ، پارچىلىنىپ كەتكەن يوچۇقلىرىغا كىرىپ قالغان قەغەز، لاتا ـ پاتا، شۆپۈك قاتارلىق نەرسىلەر چىقمىسا، بارمىقى بىلەن تاتىلاپ چىقىرىپ سۈپۈرەتتى. ئاشخانىنى قوشقاندا چوڭ ـ كىچىك بەش ئېغىز ئۆي، دالانلارنى سۈپۈرۈپ بولۇپ، ھاجەتخانىغا توپا تاشلاپ، ئۆگزىنى تازىلاپ چۈشكۈچە بېلىنى ئالالماي قالدى. ئۇ ئاستا كېلىپ ئۈجمە دەرىخىگە يۆلىنىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. ئانىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان قارا كۆزلىرىدىن ئاققان بىرقانچە تامچە ياش كۈزلۈك ئالمىدەك قىزىل مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ، كىرلىشىپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا چۈشتى.

شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى قاقتى. گۈلنىسا سوپۇرگىنى قويۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنى قارىقۇمچاق، بەستلىك بىر چوكان قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى.

— ئايتۇرا ئاچا! ئايتۇرا ئاچا! — دەپ خۇشاللىنىپ كەتتى گۈلنىسا كۇلۇپ تۇرغان چوكاننىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ. ئايتۇرا ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ يەرگە قويدى ـ دە، «چوپچوڭ بولۇپ قاپتۇ، بىچارە قىز. ئاچىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، بۇنچە يالغۇزسىراپ قالمىغان بولاتتى» دەپ ئويلىدى. گۈلنىسا ئايتۇرانى قولىدىن تۇتۇپ هويلىغا ئەكىردى ۋە كۆرپە سېلىپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزدى.

— يات ـ يات كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ، ئايتۇرا ئاچا؟ مەن سېغىنىپ كەتتىم، — دېدى گۈلنىسا ئايتۇرا گاس ـ گاچا ئەمەستەك چاقىلداپ سۆزلەپ.

ئايتۇرا ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى گۈلنىسانىڭ ئويماقتەك ئاغزىنىڭ قانداق ئېچىلىپ ـ يۇمۇلۇۋاتقانلىقىغا، قاش ـ قاپاق، كۆزلىرىنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ چۈشەندى بولغاي، يانچۇقىدىن قەغەزگە ئورالغان شىنە ياغاقنى ئېلىپ تۇتقۇزۇپ قويدى. نەچچە خىل پاختا، يىپەك بىلەن يۆمەپ تىكىپ ئەتكەن ئالابالداق توپنى بەرگەندە قىز بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. هۆرلىقا، هەلىمەنىڭ مانا مۇشۇنداق توپى بار ئىدى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئېتىپ ئويناپ گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى، گۈلسۇممۇ گۈلنىساغا بىرنى ئېلىپ بېرەي دېمىگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭمۇ توپى بولدى.

ئايتۇرا تەپكۈچ، شاپتۇل ئۇچىكىسىنى سىلىقلاپ بوياپ ئەتكەن تاشتەمەك، سەكرەپ ئويناپدىغان تانا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپ ئۇنى خۇش قىلىپ تۇرغانىدى. ئانىسىنىڭ يەنە بىر دوستى بولغان مۇهتەبەرمۇ بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كېلىپ، كۆڭلەك، ئىشتان كىيدۈرۈپ، قورچاق، ئويۇنچۇقلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، گۈلنىسا

ئايتۇرا، مۇھتەبەرلەرنى ئۆز ئاچىسىدەك يېقىن كۆرەتتى.

— ئايتۇرا ئاچا، — دېدى ئۇ قورسىقىنى ئۇنىڭ تىزلىرىغا يېقىپ، — گۈلسۇم ئانام مېنىڭ ئۆز ئانام ئەمەس ئىكەن، سورىسام دەپ بەردى...

ئايتۇرا قىزنىڭ مۆڭلانغان كۆزلىرىگە، يادائغۇ چىرايىغا قاراپ، ئانىسى توغرۇلۇق بىر گەپ قىلغانلىقىنى پەملىگەن بولسىمۇ، نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئەگەر تىلى بولغان بولسا، ھاممىسى يېنىدا ئانىسىز، ئاتىسىز چوڭ بولۇۋاتقان بۇ نارەسىدەگە يۈرەك سۆزلىرىنى قىلغان بولاتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن، ئايتۇرا ئاچا؟ بىر كىم تىللىدىمۇ؟ — سورىدى گۈلنىسا توۋرا بېسىپ قارىداپ كەتكەن قوللىرىدا ئايتۇرانىڭ ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئارقىدىن ئۆزىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئايتۇرا ئۇنى باغرىغا بېسىپ ياشلىرىنى سۈرتتى. بىر چاغدا نېمىدۇر ئېسىگە چۈشكەن گۈلنىسا ئايتۇرانىڭ قۇچىقىدىن قوپۇپ سۈپۈرگىنى قولىغا ئالدى.

— ئايتۇرا ئاچا، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ كىرەي، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئايتۇرانىڭ يۈرىكى قىسىلدى. «ئانىسى بولغان بولسا ئەركىن، خۇشال چوڭ بولغان بولاتتى - ھە! ئانا مېھرىگە قانغان بولسا قانچىلىك زېرەك بولۇپ كېتەتتىكىن؟ نۇرنىسادىن خەۋەر كەلگەن بولسا بولاتتى. مېنىڭ شۇنچە كۆرگۈم كېلىدۇ، بۇ بالىنىڭ قانچە كۆرگۈسى كېلىدىغاندۇ...» ئايتۇرا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ گۈلنىسانىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، گۈلنىسا سۈپۈرگىنى بەرمەي، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ ئەخلەتنى كۈرەككە ئالدى - دە، ئۆگزىدىكى ھاجەتخانىغا تۆكۈۋېتىپ چۈشتى.

ئاسمانغا قارىغان ئايتۇرا «چۈشكىمۇ ئاز قاپتۇ، گۈلسۇمخان ئاچام كەلسە سوراپ، گۈلنىسانى خەيرىنىسا ئاچامنىڭ ئۆيىگە

ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىپ كېلەي» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن «گۈلنىسا، ھەرگىز غەم قىلمىسىلا، سىلى تېخى كىچىك، چوڭ بولغۇچە ئانىلىرى كېلىدۇ، ئانىلىرى بەك چىرايلىق، بەك كۆيۈمچان ئايال. گىرىپىتىشىنىدىن، دۇخاۋىدىن چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى تىكىپ بېرىدۇ، مەرۋايىت بېسىلغان دوپپا كىيدۈرىدۇ، بويۇنلىرىغا مارجان ئېسىپ، قوللىرىغا ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ. مەنمۇ ئانىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ خىزمىتىدە بولىمەن» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئەمدى ئاقىرىشقا باشلىغان ئۈجمە يوپۇرماقلىرى غۇر - غۇر شامالدا يېنىك شىلدىرلايتتى. شاخلارغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار ۋىچىرلىشاتتى. ئۆگزىنىڭ نورىغا قونغان پاختەكنىڭ سايرىشى گۈلنىسانىڭ قۇلىقىغا خۇددى «خوتۇنىدىن قورقىدۇ، خوتۇنىدىن قورقىدۇ» دېگەندەك ئاڭلىنىپ ئۆزىچە كۈلدى. ئايتۇرا گۈلنىسانىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، «بىچارە قىزنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى» دەپ ئويلاپ يوقلاپ كەلگەنلىكىگە يارىشا سۆيۈنۈپ قالدى. ئۇ گۈلنىسانىڭ بېشىنى قۇچىقىغا قويدۇرۇپ باققىلى تۇردى. «خەيرىنىسا ئاچامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندا سادىر ئۇكامنىڭ بېلىق شەكلىدىكى ئالابالداق لەگلىكىنى ئۇچۇرتۇپ كۆرسىتەي، كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىلسۇن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ قىزنىڭ بېشىنى بېقىپ بولۇپ چىگىچلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى تاراپ قويماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئىشىك ئېچىلىپ گۈلسۇم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆڭگەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئىشارەت بىلەن تىنچلىق سوراپ ئايتۇرانى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

گۈلسۇم ئىشارەت بىلەن سۆزلىشىشنى ئانچە بىلمەيتتى، پات - پات كېلىپ گۈلنىسانى يوقلاپ كېتىدىغان ئايتۇرا بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقۇ

خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئايتۇرامۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان، بىر تۇغقىنىدەك كۆيۈنگەن، دوستى ئورنىدا كۆرگەن نۇرنىسانىڭ قىزى گۈلنىسانى دېمىسە بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا پۇت قويمىغان بولاتتى. «گۈلسۈمخان نېمە دېسە دېسۇن، مەن گۈلنىسانى سېغىنىمەن، كەلمىسەم كۆڭلۇم ئۇنىمايدۇ» دەپ ئويلايدىغان ئايتۇرا گۈلسۈم چىراي ئاچسۇن ـ ئاچمىسۇن، پىسەنتىگە ئالماي، ھېچبولمىغاندا ئايدا بىر قېتىم كېلىپ گۈلنىسانىڭ بېشىنى بېقىپ قوياتتى، چاچلىرىنى تارايتتى، كۆڭلىكىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن تۈگمىلىرىنى قاداپ، يىرتىلىپ كەتكەن يەرلىرىنى ياماپ بېرەتتى. بالىلىرىدىن ئېشىنالمايدىغان گۈلسۈم ئايتۇرانىڭ بۇ كۆيۈمچانلىقىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ گاس ـ گاچىلىقىنى ئۇنتۇپ:

— ئايتۇراخان، سىلى مېھمان بولغاندىكىن، سۈپەتلىرى بىلەن ئولتۇرسىلا. ئۇ مېنىڭ ئۆز بالام، يۇيىمدىغانلىرىنى يۇيۇش، چاچلىرىنى تاراش مېنىڭ ئىشىم، يا بىر كۈن كېيىن، يا بىر كۈن بۇرۇن ئۆزۈم قىلىۋېتىمەن ئۇ ئىشلارنى، — دەپ چالۋاقايتتى.

گۈلسۈمنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئېچىلىشى، قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈشىدىن ھېس قىلغان ئايتۇرا كۈلۈپ قوياتتى. قاش ـ قاپاقلىرىنى ئېتىپ، قوللىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا قىلىپ: «بىچارە قىزنىڭ بېشى كىرلىشىپ سىركە بېسىپ كېتىپتىكەن، بىكار ئولتۇرغۇچە تاراپ قويدۇم، گۈلسۈم ئاچا» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلسا، ئاچچىقلىنىۋاتقان گۈلسۈم قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى...

ئايتۇرا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان سۇپىغا كېلىپ، گۈلنىسا سېلىپ قويغان كۆرپىدە ئولتۇردى، گۈلسۈم مەزە ئاچىقتى. گۈلنىسانىڭ بويىنىنى قىسقان ھالدا تۇۋرۈككە

يۈلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن گۈلسۇم «بۇ بالا نېمانداق قىلىدىغاندۇ، مەكتەپكە بارمايدىغان بولغاندىن كېيىن ئەجەب بويۇن قىسىپ قالدى» دېگەن ئويغا كېلىپ:

— بالام گۈلنىسا، نان چىلاپ بېرەي، چاي ئىچىۋالغىن، قورسىقىڭ ئېچىپ قالغاندۇ، — دېدى مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ھەم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ كېلىپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ تۆت قاچىغا نان چىلاپ، بىرىگە چاي قۇيۇپ گۈلنىسانىڭ ئالدىغا قويدى. قالغان ئۈچ چىنىدىكى نان تېخى مەكتەپتىن كەلمىگەن ئىككى قىزى بىلەن ئوغلى ئۈچۈن چىلانغانىدى.

ئايتۇرا ناندىن ياڭاقتەك ئوشتۇپ ئاغزىغا سالدى، پىيالىدىكى چاينى ئىچتى. گۈلنىسا چىلاپ بەرگەن ناننىڭ يېرىمىنى ئاران يېيەلىدى.

— بالام، قاراپ ئولتۇرماي چېيىڭنى ئىچىۋالغىن، مەن تاماق ئەتكۈچە قورسىقىڭ ئېچىپ قالىدۇ، — دەپ زورلىدى گۈلسۇم قاچىنى قويۇپ قويغان گۈلنىساغا.

— قورسىقىم تويۇپ كەتتى.

— بىر چىنىگە لىق چىلاپ بەرسەممۇ ئىچىۋېتەتتىڭ، بۈگۈن نېمە بولۇپ ئىچمەس بولۇپ قالدىڭ، بالام؟

— ماڭا نەدە بىر چىنىگە لىق نان چىلاپ بەردىڭ؟ ھۆرلىنىقاغا چىلاپ بېرىسەنغۇ؟ — دەۋەتتى گۈلنىسا بالىلارچە تۈزلۈكى بىلەن.

ئاپتاپتىن قېچىپ تۈۋرۈك دالدىسىغا ئولتۇرۇۋالغان گۈلسۇمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئۇ ئاچچىقلىنىپ مودا بولۇپ قالغان كۆك رەڭلىك كادىرچە چاپىنىنى سىلىغۇەتتى. سەزگۈر ئايتۇرا گۈلنىسانىڭ ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئالدى - دە، «مەن ئىچىۋېتەي» دېگەن مەنىدە چىلاقلىق ناننى كۆرسىتىپ ئاغزىنى ئاچتى. گۈلسۇم گەپ قىلماي بوغۇم - بوغۇم بولۇپ كەتكەن بوينىدىكى تەرنى ئېرتتى. ئايتۇرا چاينى ئىچىپ بولۇپ

چىنىنى داستىخانغا قويدى، گۈلسۈمگە شەرەت بىلەن دۇئا قىلىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. ئۇلار دۇئا قىلىپ تۇرۇشىغا ئىككى قىزى بىلەن ئوغلى كىرىپ كېلىشتى.

— ئەجەب ئوبدان چاغدا كەلدىڭلار، باللىرىم، نان چىلاپ قويدۇم، چاي ئىچىۋېلىڭلار، — دېدى گۈلسۈم چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ.

ئايتۇرا ئورنىدىن تۇرۇپ شۇكلەپ قالغان گۈلنىسانى كۆرسىتىپ: «ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ كەچكىچە ئوينىتىپ يەنە ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ گۈلسۈمگە تەستە ئۇقتۇردى. ئايتۇراغا يېپىشىپ تۇرغان گۈلنىساغا قارىغان گۈلسۈم، بارسا بارمامدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى. تېزرەك ئەكېلىپ قويۇڭ دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن قول - كۆزلىرى بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشارەتلەرنى قىلىپ كەتتى. چاي ئىچىۋاتقان باللار كۈلۈپ كېتىشتى. ئايتۇرا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گۈلنىسانى يېتىلەپ ماڭدى.

ئايتۇرا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئايدا بولمىسىمۇ ئىككى - ئۈچ ئايدا بىر قېتىم گۈلنىسانى شۇنداق ئەكېتىدىغان بولدى.

## 2

خېلىدىن بېرى بازارغا چىقىپ باقمىغان قىز تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ بىردەم ئايتۇرانىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭاتتى، بىردەم ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ھۇنەرۋەن، كاسىپ، باققال، خېرىدارلارغا كۆز سالاتتى. ھېيتگاھقا كەلگەندە ئايتۇرا بىر قاچا لەڭپۇڭ بىلەن ئىككى زىخ كاۋاپ ئېلىپ بەردى. ئۇلار ئۆستەڭبويى كوچىسىغا قەدەم قويغاندا، ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزى تەڭلا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خىش تېمىغا چاپلانغان كىنو ئېلانىغا چۈشتى. ئېلاندا، بۈگۈن خەلق كىنوخانىسىدا

ھىندىستان ھېكايە فىلىمى «سەرگەردان» قويۇلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

گۈلنىسا «ئايتۇرا ئاچا، كىنوغا ئەكىرگىنە» دېگەن مەنىدە تەلمۈردى. ئايتۇرا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى. بېلەت سېتىلىدىغان دېرىزە ئالدىغا قىسىلىپ بېرىۋىدى، بىر ياۋا قولنىڭ ساغرىسىنى تۇتقانلىقىنى سېزىپ ئاپپاق چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى، قارا كۆزلىرى قىسىلىپ، توغاچتەك مەڭزىدىكى قىزىللىق گەدەن، قۇلاقلىرىغىچە يېيىلدى. ئۇ زەردە بىلەن بىر جەينەكلىۋىدى، ئىنجىقلىغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ياۋا قول يىغىلدى. ئۇ بېلەتنى ئېلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلگەندە رەڭگى سارغىيىپ كەتكەن كىشىگە كۆزى چۈشتى، كۆكسى لىغىلداپ، ساغرىسى تولۇپ تۇرغان بۇ قاۋۇل چوكان ھەۋەس بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ ئارىنى يېرىپ چىقتى ـ دە، گۈلنىسانى يېتىلەپ كىنوغا كىردى.

گۈلنىسا كىنوخانىدىن چىققاندىمۇ «راجى ـ رىتا، راجى ـ رىتا» دەپ پىچىرلاپ ماڭدى. گەپ ـ سۆزنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، قاتتىق تەسىرلەنگەن ئايتۇرا تېخىچە ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغانىدى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قوش مۇنارىغا قاراپ ماڭغان گۈلنىسا بىر ناۋاي يىگىتكە ئۇسۇۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىدىكى تەۋەڭنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى. ئايتۇرا ئۇنى يېتىلىۋالدى. گۈلنىسا «ھېيت كەلگەندە ئايتۇرا ئاچام بىلەن پەشتاق ئۈستىگە چىقىپ ساما كۆرىمەن» دېگەن ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

ئايتۇرا جانان كوچىسىغا قايرىلغاندا، كوچا ئاغزىدىكى بىر دۆۋە قوغۇنغا كۆزى چۈشتى. قوغۇن ساتقۇچى بىر چارساقال بوۋاي ئىدى. ئۇ بىر تىلىم پىچىپ:

— قېنى سەن قەشقەرلىك، بىر تىلىم يەۋال، تىلىڭنى يارمىسا پۇل ئالمايمەن، يېسەڭ بۈگۈن يەۋال، ئەتە يوق،

پەيزىۋاتىنىڭ، دورىلىقتا يەۋال، — دەپ خېرىدار چاقىراتتى. گۈلنىسانىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى.

ئايتۇرا قويۇن يانچۇقىدىن ياغلىقتا ئورالغان پۇلنى ئالدى. ھەر ھەپتىسى ئاز دېگەندە ئىككى بادام دوپپا تىكىپ ساتىدىغان ئايتۇرانىڭ يېنىدا پۇل كەم بولمايتتى. ئۇ تورلاشقان سارغۇچ بىر قوغۇننى كۆرسىتىپ، قانچە پۇلغا ساتىدىغانلىقىنى شەرەت بىلەن سورىدى. بوۋاي چۈشىنىپ چىمچىلىقى بىلەن باش بارمىقىدىن باشقا ئۈچ بارمىقىنى كۆرسەتتى. ئايتۇرا ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتتى، باققال بېشىنى چايقىدى. ئايتۇرا ئىككى بارمىقىغا چىمچىلاقنى قوشۇپ كۆرسەتتى ۋە پۇلنى بوۋايغا ئۇزارتتى. باققال:

— خەير، تىلىڭ ئاجىز ئايال ئىكەنسەن، خۇدا بۇ سودىنىڭ پايدىسىنى يەنە بىر خېرىداردىن چىقىرىپ بەرگەي، — دەپ يوغان بىر قوغۇننى ئايتۇراغا كۆتۈرتۈپ قويدى.

※ ※ ※

تۇراپ ناماز شامنىڭ ئالدىدىلا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بالىلىرى ئايۋان سۇپىسىدا بىر - بىرى بىلەن ئوينىشىپ ئولتۇراتتى. دادىسىنى كۆرگەن ھۆرلىقا بىلەن ھەلىمە ئىككى ياندىن دادىسىغا ئېسىلىشتى، رىشات كۆزلىرىنى مۆلدىرلىتىپ پۇشۇلداپ تىنىپ ئولتۇرىۋەردى. تۇراپ تۆت يانچۇقلۇق تېرىكە كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن كەمپۈت ئېلىپ، ئىككى قىزىغا ئىككى تال بېرىپ، ئوغلىغا ئۈچ تال ئۇزارتتى. ھۆرلىقا ئۇنىڭ قولىغا بىر ئۆرۈۋىدى، قولىدىكى كەمپۈتلەر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئاچا - سىڭىل تالىشىپ چوڭى ئىككى تال، كىچىكى بىر تال ئالدى.

— شۇنچە ئارزۇلاپ باققىنىمىزغا يارىشا جانلىقراق

بولساڭچۇ، — دېدى تۇراپ ئوغلىغا، — ئاچاڭ يا سىڭلىڭدەكمۇ بولالمايسەن، ئوقۇشۇڭغۇ يامان ئەمەس. ئوغۇل بالا دېگەن جانلىق، چېچەن بولۇشى كېرەك.

ئىككى چىنىدە لەڭمەن ئەكىرگەن گۈلسۈم:

— بالامنى نېمەدەپ خاپا قىلىۋاتىلا، دادىسى؟ ئالتۇندىن ئېغىر يىگىت بۇ، قارىسىلا پادىشاھتەك ئولتۇرغىنىنى، — دېدى بىر چىنە لەڭمەننى ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاندىن ئېرىگە قاراپ، — ھايال بولۇپ قاللىغۇ، دادىسى؟ — دېدى ۋە ئېرىنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىنى تارتىپ سالدۇرۇپ قويدى، — سىلىنىڭ گەدەنلىرىدىمۇ لوكا پەيدا بوپتۇ، تازا سەمرىپلا، يېڭى چاپان، شىم تىكتۈرمىسەك بولمىغۇدەك.

— سەمرىپ كېتىۋاتىمەنغۇ، خوتۇن. سىلى سېمىز بولغاندىكىن مەن ئورۇقراق تۇرسامۇ بولاتتى. ئىككىمىزلا سەمرىپ كەتسەك قاملاشمايدىكەن، — تۇراپ خوتۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە ئىما قىلىپ چاقچاق قىلدى، گۈلسۈم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئوھۇش، نېمە دەيدىغانلا ئەمدى. مەن سېمىز، سىلى ئورۇق تۇرسىلا ئوبدان بولامتى؟ بىمەنە گەپ قىلماي، بالىلارغا ياخشى ئوقۇڭلار، گۈلنىسانى بوزەك قىلماڭلار، دەپ تەربىيە بەرسىلە بولامدىكىن.

تۇراپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەن گۈلسۈمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان قورسىقىنى خەسە كۆڭلىكى ئۈستىدىن سىلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— گۈلنىسا يوققۇ، ئاشخانىدا سىلىگە ياردەملىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دېسەم، ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيدۇغۇ، — دېدى تۇراپ ھويلا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بۈگۈن ھېلىقى گاچا خوتۇن كەپتىكەن، ئوينىتىپ ئەكېلىپ قوياي دەپ ئۆيىگە ئەكەتتى. بۇ بالىنىڭ كۆڭلى زادى

ئېچىلمايۋاتىدۇ. ئانىسى توغرۇلۇق گەپ ئاڭلىغاندىن باشلاپ يېتىم بالىدەك ياۋاشلاپ، چىرايىدىن قايغۇ - ھەسرەت تۆكۈلۈپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئوقۇمىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆنى قىزلىرىم بىلەن ئوخشاش ئۆتىدۇ، ئۆزۈممۇ بەك ئامراق، زادى بىلەلمىدىم، — دەپ زارلاندى گۈلسۇم ئاشخانىدا تۇرۇپ.

— ئانىسى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەي تۇرىدىغان ئىش ئىكەن، خەيرىيەت، تېخىمۇ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ بالىنى ئۆزۈڭلىگە رام قىلىڭلا، — دېدى تۇراپ. ئاندىن قىزلىرى بىلەن ئوغلىغا قاراپ سورىدى، — گۈلنىسانى قايسىڭلار يىغلاتتىڭلار؟

— مەن ئۇيمۇدۇم، چېچىنى تاتىپ قويسام ئۆزى ئۇيۇشتى، — دېدى ھۆرلىقا. رىشات گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى.

— بۇ بالىلارغا نېمىدەپ ھۆركىرەيلا؟ گۈلنىسانىڭمۇ تاۋى نازۇكلىشىپ كەتتى، گەپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغىمۇ نەسىھەت قىلىپ قويسىلا، — دېدى يەنە ئىككى چىنە لەڭمەن ئەكىرگەن گۈلسۇم ئارىچىلاپ.

تۇراپ ئاشنى قولىغا ئالدى - دە، ئۇنلۇك ئاۋازدا:

— بۈنىڭدىن كېيىن گۈلنىسانى قايسىڭلار بوزەك ئېتىدىكەنسىلەر، ئاياپ ئولتۇرمايمەن! — دېدى.

گۈلسۇم ئېغىز ئاچقۇچە ئىشىك قېقىلدى.

«سەن چىقىپ ئاچ، مەنلا ئاچامدىمەن» دېيىشكىلى تۇرغان قىزلىرىغا ئاچچىقلىنىپ ئىشىكنى ئاچقىلى چىققان تۇراپ گۈلنىسانى باشلاپ كىردى.

— بالام، نېمانداق كەچ قالدىلا؟ ئۆزلىرى كەللىمۇ؟ — سورىدى تەرى تۇرۇلگەن گۈلسۇم تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان گۈلنىسادىن. ئۇ ئاچچىقى تۇتقاندا گۈلنىساغا سىلى - ئۆزلىرى دەپ تەنە قىلاتتى.

— ئايتۇرا ئاچام تاماق يەپ كەتسىلە، دەپ تۇتۇۋېلىپ كەچ

بولۇپ كەتتى، مېنى ئۆزى ئەكېلىپ قويدى، — جاۋاب بەردى قىز ئۇنىڭغا باش كۆتۈرۈپ قاراپ.

— ئايتۇراخان قېنى ئەمىسە؟

— ئۆيگە كىرىڭ دېسەم، ئۇنىماي ئىشىك ئالدىدىن يېنىپ كەتتى، — دېدى تۇراپ گۈلنىسا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە.

— ئولتۇرسىلا، بالام، دوپپىنى ئايتۇراخان كىيدۇرۇپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟ — گۈلسۇم قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغان گۈلنىسانىڭ بېشىدىكى چىمەن دوپپىنى قولىغا ئالدى، — ئەجەب سىلىق تىكىپتۇ. گاچا بولغان بىلەن بەك ئىشچان، قولى ئەپچىل، زېرەك، — گۈلسۇم ئۇنى ماختاپ، بىردىنلا كۆزىگە ياش ئالدى، — ئايتۇراخاننى كۆرسەملا سىڭلىم نۇرنىسا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى، تاماق ئېتىشنى، دوپپا تىكىشنى، كەشتە تىكىشنى ئاشۇ غايىپ بولۇپ كەتكەن سىڭلىم ئۆگەتكەنىدى. هازىر قەيەرلەردە يۈرىدىكىن؟...

گۈلنىسا پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى. گۈلسۇم سۆزىنى توختىتىۋالدى. هاممىسىنىڭ ئانىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى. گۈلسۇم دوپپىنى گۈلنىساغا كىيدۈرۈپ ئۇنى بەزلىدى:

— يىغلىما، قىزىم، مەن بار، تۇراپ داداڭ بار، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ساڭا چىرايلىق كۆڭلەك تىكتۈرۈپ بېرىمىز.

گۈلنىسا يىغىدىن پەسلەپ گۈلسۇمگە قارىدى.

— گۈلسۇم ئانا، ئايتۇرا ئاچام يەنە بىر ھەپتىمۇ كېلىپ ئويناپ كەتسىلە، دېدى.

تۇراپ خېلى ئېچىلىپ قالغان گۈلنىسانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سورىدى:

— ماقۇل دېدىلىمۇ، بالام؟

— ماقۇل دەيدۇ - دە، كىچىك بالىنى ئالداشتەك ئاسان ئىش يوق.

تۇراپقا خوتۇنىنىڭ بۇ گېپى تازا ياقمىدى.

— ئايتۇرا ئاچام ئالدىمىدى، — دېدى گۈلنىسا ھامىنىسىغا نارازى قىياپەتتە قاراپ.

— بالىنى ئالدىماق ئاسان بولغىنى بىلەن ئىشەندۇرمەك تەس، خوتۇن، بوپتۇ، بېرىپ ئويناپ كەلسۇن. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋەرسە ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ.

— دادا، ئەتە كىنوغا بارىمەن، پۇل بەر! — دېدى رىشات دادىسىغا بۇيرۇق قىلغاندەك.

— مەنمۇ بارىمەن، — دەپ چۇرقىراشتى ئىككى قىز تەڭلا.

— ماقۇل، بالام، ئەتە بولسۇن، — دېدى تۇراپ. ئاندىن ئىشتىنها بىلەن ئاش يەۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ دېدى، — ئانىسى، بۇ يىل شەھىرىمىزدە كوممۇنا قۇرۇلغاندىن بېرى ئاشلىق، نەرسە ـ كېرەكلەر كېمىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر مەھەللە ـ مەھەللە بويىچە ئىدارە ـ ئىدارە بويىچە بىر قازاندىن تاماق يەيدىكەن دەپ گەپ چىقماقتا. ئازادلىقتىن بېرى قەشقەر تىنچ، ئوبدان كېتىۋاتاتتى، لېكىن بىر قازانغا قاراپ قالىدىغان بولساق تۇرمۇشىمىز روناق تاپالمايدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە، ئاشلىق، نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش قىيىنغا چۈشىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا ئۆيدە بار زاپاس ئاشلىقنى تېجەپ ئىشلىتەيلى. بۇنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭلا، ئىككىلىمىز خىزمەتچى بولغاچقا، ھېلىمۇ تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتىدۇ...

ئېرىنىڭ سىياسەت، ۋەزىيەت توغرۇلۇق زادى سۆز قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان گۈلسۇم ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەجەبلەندى. «گېپىنىڭ ئاخىرىنىمۇ ئېيتمىدى، ئېرىم بىرەر ئىشتىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ بالىلارغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، سۆزىنى ئاڭلاپ باقاي...» دەپ

ئويلاپ، باللارغا سوۋپىلىق ساراي ئۆيگە ئورۇن سېلىپ، ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى كىچىك مېھمانخانىغا چىقتى. تۇراپ «شىنجاڭ گېزىتى» نى كۆرۈپ خىيالچان ئولتۇراتتى. گۈلسۇم ئۆزلىرىگە ئورۇن سالدى.

ــ باللار چوڭ بولغانسېرى بىر تەكىيەگە باش قويۇشمىز تەس بولۇۋاتىدۇ، ــ دېدى گۈلسۇم دۇخاۋا كۆڭلىكىنى سېلىپ، ــ ھوي كىشى، ماڭا بىر قاراڭلا. نېمانداق غەمگە چۆكۈپ كەتتىڭلا. ئاسمان يىقىلىپ كەتسىمۇ كارىڭلا يوق، تەپسە تەۋرىمەس ئادەم ئىدىڭلا، نېمە بولدۇڭلا؟

تۇراپ بېشىنى كۆتۈردى. گۈلسۇمنىڭ ئاق شايى ئىچ كۆڭلەككە لىق كەلگەن بەدىنى ئۇنىڭغا لىغىلداپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. خوتۇنى كېلىپ گېزىتنى قولىدىن ئېلىۋالمىغۇچە ئورنىدىن قوپمىدى.

ــ قاراڭلا ئېرىم، ئائىلىمىز نېمە ئۈچۈن تىنچ ـ ئاۋات بولۇپ كەلدى؟ بۇ، ئىككىمىزنىڭ يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشنىلا بىلىپ، باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمىغانلىقىمىزدىن بولدى. شۇڭا، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتىنمۇ ئامان ـ ئېسەن ئۆتتۇڭلا، زىمىستان قىشتا تاغقا، چۆل ـ جەزىرىگە قوغلاندى قىلىنمىدىڭلا. شۇكۇر دەپ خىزمىتىڭلىنى بۇرۇنقىدەك ئىشلەۋەرمەمسىلە، بىر قازاندىن تاماق يېسەك يېمەمدۇق، قىممەتچىلىك بولسا بولمامدۇ؟! ماڭا سىلى، سىلىگە مەن بولغاندىكىن، يەنە نېمىدىن غەم قىلىسىلە؟ يا مەن قېرىپ قاپتىمەنمۇ؟ ــ ئۇ سۆزلىگىنىچە كېلىپ تۇراپقا گىرە سالدى.

«نادان خوتۇن، مۇشۇ ئەقلىڭ بىلەن خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدىغانسەن. شەرەندازلىقىڭ بولمىسا، ھېچ ئىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ.» تۇراپنىڭ بۇ ئويى توغرا ئەمەس ئىدى. گۈلسۇم نادان بولغىنى بىلەن، ئېرىنى ناز ـ خۇلقى بىلەن ئۆزىگە رام

قىلىنىۋالغان بولسا، ئوچۇق كۆڭۈللۈكى، شەرەندازلىقى، بىشەملىكى بىلەن كىشىلەرنى سۆزگە كىرگۈزەلەيتتى. خىزمىتىنى ئىشلەپ ھۆرمەتكىمۇ سازاۋەر بولالايتتى.

— خوتۇن، — دېدى تۇراپ گۇلسۇمنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، — مەن سىلىنى ئۇن ئالتە ياش چېغىڭلىدا ئالغان، ئۇن سەككىز يىل بولدى، ئەمدى ئوتتۇز تۆت ياشقا كىردىڭلا ...

— ۋيەي، قوۋۇرغامنى بەك ئېگىۋەتتىلە، مەنچۇ ئۆزۈمنى خەقلەرگە يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردىم دەۋاتىمەن.

— ھەئە، خوتۇن، ئۇن ئالتە ياشقا كىردىم دېسەڭلىمۇ مەن ئىشىنىمەن. ئەمما، بالىمىزنىڭ چوڭى ئۇن تۆت ياشقا كىرىپ قالدى - دە، تويىمىز بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن تۇغۇدۇڭلا ئەمەسمۇ، ھەممىسى ئېسىمدە.

— سىلىنىڭ ئەسلىرىدە قالغىنى شۇمۇ؟ باشقا ئىشلار ئەسلىرىدە يوقمۇ؟ بولدى، سىلى شۇنچىلىك ئادەم. ئۆز خوتۇنىنىمۇ شۇنداق چۆكۈرگەن بارمۇ، — گۇلسۇم باتىنغىنىچە، ئېرىنىڭ قوللىرىنى بېلىدىن ئېلىپ تاشلاپ يوتقانغا ئورنىپ يېتىۋالدى. تۇراپ خىرىلداپ كۈلگىنىچە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، كۆنۈپكىنى بېسىپ لامپۇچكىنى ئۆچۈردى.

— خوتۇن، — دېدى ئۇ يوتقانغا كىرىپ، — مەن گومىنداڭ ۋاقتىدىمۇ ئوقۇشۇمنى ئوقۇپ، مۇئەللىملىكىمنى قىلىپ، ھېچبىر ئىش بىلەن كارىم بولماي، سىلى بىلەنلا بولۇپ ئۆتۈپتىكەنمەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئانكىت تولدۇرۇش ياكى تەرجىمىھال يېزىشقا توغرا كەلسە ئۆز - ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كېتىمەن. بىر رەھبىرىي كادىر تۇرۇقلۇق تارىخىمدا يا بىر ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان، نامايىش قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا قارشى تۇرغان، ياكى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن كىشىلەر

كۆڭلىدىن چىقمىغۇدەك ئىككى كەلىمە سۆز قىلغان يېرىم يوق ئىكەن. ئۆتكەن ھاياتىم ئۇچۇن ئېچىنىدىغان بولۇپ قالدىم. كۆزۈم ئەمدى ئېچىلىۋاتىدۇ. لېكىن، مەندە «قالپاقىا تۇشلۇق قىرغىز يوق» دېگەندەك ئەمىلىمگە لايىق بىلىمىم يوق، جۇرئىتىم يوق. مۇشۇنداق ئۆتىۋېرىشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ھەممىدىن تىنچ ـ ئامانلىق ئەۋزەل ئىكەن، خوتۇن.

— دېدىمغۇ، مەن بولغاندىن كېيىن غەم قىلماڭلا دەپ، گېپىڭلا ماڭا ئۆتكەن بىلەن باشقىلارغا ئۆتمەيدۇ، ياخشىسى بېشىڭلىنى ئىچىڭلىگە تىقىپ يۈرۈۋەرگىنىڭلا تۈزۈك.

تۇراپ خوتۇنىنىڭ كۆكسى مەيدىسىگە تەگكەندە ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كۆزىنى يۇمدى.

## 3

ئايتۇرا گۈلنىسانىڭ ئەتىگەندىلا كەلگىنىگە خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇرات تېخى ئۇخلاۋاتاتتى. تويى بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغقاچقا، باشقا پەرزەنت كۆرمىگەن ئايتۇرانىڭ يەنە تۇغقۇسى بار ئىدى.

ئايتۇرا بازاردىن بىر پىيالە قايماق ئەكىرىپ، گۈلنىساغا قايماق چاي قىلىپ بەردى. ئېرى بامداتتىن يېنىپلا ئەندۇۋا ـ قالاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قۇرۇلۇش ئورنىغا كەتكەنىدى. قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى جايناماز ئۈستىدە تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئاخىر ئۇلارمۇ چىقىشتى. ئايتۇرا نان چىلاپ قويغان چىنىگە قايماق چايدىن قۇيۇپ بەردى. ئۇلار چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشىپ ھويلىدىكى سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئايتۇرا گۈلنىسانىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ، تۇخۇم سۇركەپ ئىسسىق سۇ بىلەن يۇدى،

ئاندىن ئۇششاق تال ـ تال قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن گۈلنىسا سەھەردە ئېچىلغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك چىرايلىق بولۇپ قالدى.

قۇياش ئۆگزىنىڭ سىراج تېمىدىن مارىغان چاغدا، ئايتۇرا گۈلنىسا بىلەن ئوغلىنى يېتىلەپ قېيىنئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خەيرىنىسا كەچ كۈزدە تۈغۇلغان قىزى ئاسىيەنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بوۋاقنى قويۇپ ئايتۇرا بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى، گۈلنىسا بىلەن مۇراتنى سۆيۈپ، ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

«دەسلەپ كۆرگەن چېغىمدا بۇ قىز بەكلا كىچىك ئىدى، ئۈچ يىل ئۆتۈپ شۇنچە بوي تارتىپ كېتىپتۇ، ئوقۇمىغىنى يامان بولدى ـ دە. تۇراپ گەپ ئۆتمەيدىغان ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا كىشى بولغان بولسا، ئوقۇتماي قالمايتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ گۈلنىسانىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىگە، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قاراشلىرىغا مەستلىكى كېلىپ.

خەيرىنىسا ئىنىسىنىڭ خوتۇنى ئايتۇرا بىلەن كۆن ئارىلاپ كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئوغلى قادىرنى ئايتۇرانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن زەيتۇنىخان ئاچا تۇغدۇرغانىدى، قىزى ئاسىيەنىمۇ تۇغۇت ئانىسى بولغان شۇ ئايال تۇغدۇردى. ئايتۇرا كۈندە كېلىپ يوقلاپ تۇردى. بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغان خەيرىنىسا باراتوفقا دەپ يول مېڭىپ، زەيتۇنىخان ئاچىنىڭ ئېرى دەرۋىش ئاخۇننى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ساتىراشخانىغا، ئايتۇرانىڭ ئېرى ئەخمەتنى قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

خەيرىنىسا داستىخان سېلىپ ھالۋا ئېتىپ چىقتى. ئايتۇرا بىر پىيالە ھالۋىنى يەپ تۈگەتتى. گۈلنىسا ئەتىگەندە چاينى ئوبدان ئىچىۋالغاچقا قورسىقى ئاچمىغانمۇ، ھالۋىنى تۈزۈك يېمىدى. خەيرىنىسا تارتىنىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ:

— يېسلە، قىزىم، ئاغزىلىرىغا تېتىمىدىمۇ؟ — دېدى ئۇنى تاماقتا زورلاپ.

— قورسىقىم تويۇپ كەتتى، — دېدى ئۇيىلىپ يېنىغا قارىۋالغان گۈلنىسا تۆۋەن ئاۋازدا.

— بالام قادىر، نەدە سەن؟ — توۋلىدى خەيرىنىسا هويلىغا چىقىپ، جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا چىقتى. قادىر باللار بىلەن ئەسكەر بولۇپ ئويناۋاتاتتى.

— بالام، ئۆيگە كىرگىن، ئايتۇرا ئاچاڭ كەلدى، — دېدى خەيرىنىسا ئويۇنچۇق ئاپتوماتنى تاقىلدىتىپ تۇرغان قادىرغا، — مۇشۇنداق مەينەت ئوينامسەن؟ قارا، كىيىملىرىڭنى، يەردە دومىلىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ.

— موللاق ئاتتىم، ئانا، دادام كۆرسە باتۇر بالام دەيتتى، — دېدى قادىر بۇرنىنى تارتىپ.

خەيرىنىسا ئۇنى كۆتۈرگىنىچە هويلىغا ئەكىرىپ يۈز - قوللىرىنى يۇدى.

ئايتۇرا قادىرغا يولدا ئېلىۋالغان شىنە ياڭاقنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ بالىنىڭ بېشىدىكى ئىككى چۆرگىلىمەچنى كۆرسىتىپ، «دۆلەتمەن بالا بولىدۇ» دېگەن مەنىدە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈلدى. بالىنىڭ كۆزى قاپقارا، پېشانىسى كەڭ، دوقا ماڭلاي بولۇپ، دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

— گۈلنىسا قىزىم، ئايتۇرا ئاچىلىرى بىلەن ئۆتكەن يىل كۈزدە كېلىپ كەتكەنچە كەلمىلىغۇ؟ — سورىدى خەيرىنىسا ئاسىيەنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ، — سادىر مەندىن: ئانا، گۈلنىسا نېمىشقا كەلمەيدۇ، دەپ نەچچە قېتىم سورىدى، كېلىپ تۇرسىلا، بالام.

— مەن قىشتا ئايتۇرا ئاچامنىڭكىدە سادىرنى كۆرگەنىدىم، — دېدى گۈلنىسا كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن بوشقىنا سورد-

دى، — سادىر ئاكام يوققۇ، ئاچا؟

— بار، قىزىم، ئەتىگەندە چاينى ئىچىپ ئۆگزىگە چىقىپ كەتكەن، كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتامدىكىن. ئۇ قىزىق بالا بولدى، ئۆزى دادىسىغا ئوخشىغىنى بىلەن خۇيى مېنى تارتتى. كىچىك چېغىمدا قىز بالا بولغىنىم بىلەن دادامغا ئوخشاش كەپتەر باقاتتىم، ئوغۇل باللاردەك لەگلەك ئۇچۇراتتىم. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا ئۆگزىدىن چۈشمەيۋاتىدۇ. ھە، راست، مەن ئۇنى قىچقىراي، سىلىگە كىنو كۆرسىتىپ كەلسۇن، — دېدى خەيرىنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن قىچقىراي، — دېدى گۈلنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ماقۇل، قىزىم، ئۇنىڭ كەپتەرلىرىنى كۆرۈپ چۈشسىلە.

گۈلنىسا ئۆگزىگە چىققاندا، سادىر شاھمات شەكلىدە رەڭ بېرىلگەن لەگلەكنى ئۇچۇرۇۋاتاتتى. قىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئىزا تارتىپ تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدا توختاپ، قولىنى پېشانىسىغا تىرەپ كۆزىنى قۇياش نۇرىدىن توسۇپ ئاسمانغا قارىدى.

— بالام، لەگلىكىڭ يىپىنى ئۈزۈپ قاچمىسۇن، يىغىۋالغىن، بەك ئېگىزلەپ كېتىپتۇ، — دېدى شوتىدىن چىققان خەيرىنىسا.

— ئۈزۈلمەيدۇ، ئانا، بۇ دېگەن كاناپ يىپ.

— رىشاتنىڭ لەگلىكىمۇ يىپىنى ئۈزۈپ قاچقان، — دېدى گۈلنىسامۇ سۆز قېتىپ. شۇ ئارىدا سادىرنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىنى سېزىپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئوغلۇم، گۈلنىسا قىزمۇ يىپىنى ئۈزۈپ قاچىدۇ، دەۋاتىدۇ.

— جېنىم ئانا، بىردەم ئۇچۇرۇۋالاي، يەنە بىر يەكشەنبە كۈنى كەلگۈچە لەگلەك ئۇچۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، —

دېدى سادىر گۈلنىساغا كۆز قىرىنى تاشلاپ. جىگەر رەڭ چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن شىم بىلەن گىمناستوركا كىيىۋالغان سادىر گۈلنىسانىڭ كۆزىگە ئېگىز، چوڭلا ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ھېلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۆرۈك ئالا بولغاندا ھېچكىم لەگ-لەك ئۇچۇرمايدۇ، سەنلا ئۇچۇرۇۋاتىسەن. ئۇنىنچى سىنىپتا ئو-قۇۋاتىسەن، قىلىقلىرىڭ كىچىك بالىدەك، بەڭباش بولۇۋالدىڭ. لەگلەكنى سېغىنىپ گۈلنىسانى كىنوغا ئاپىرىپ كەلگىن.

— ماقۇل، ئانا، شامال بەك ئوبدان، يەنە بىردەم ئۇچۇرۇۋېلىپ ئاندىن يىغاي، — دېدى سادىر غورۇلداپ ئۆرۈلۈپ تۇرغان شامالدا يىپنى يۆمىكىدىن ئاستا-ئاستا بوشىتىپ. ئۇ لەگلىكىنىڭ شۇنچە ئېگىز كۆتۈرۈلگىنىگە مەغرۇرلىنىپ گۈلنىساغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. كۈچەيگەن شامال خەيرىنىسانىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كېلىشكەن ساغرىسى، يوتىسى، تېقىملىرى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ قالدى. قىزىل كالتە ئىشتان ئايتۇراغا غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە كالتە ئىشتان كىيىپ باقمىغاچقا چاۋاك چېلىپ كۈلدى، يۈزىنى غىبىرچلاپ «نومۇس — نومۇس» دېگەن مەنىدە زاڭلىق قىلدى. خەيرىنىسا ئۇنىڭ ساددىلارچە مەسخىرە قىلغىنىغا خاپا بولمىدى، بەلكى قاقاھلاپ كۈلۈپ، قوللىرى بىلەن ئالدى-كەينىنى بېسىپ تۇرۇۋالدى.

سادىر تەرسالىق بىلەن لەگلەكنى ئۇچۇرىۋەردى، ياغاچقا يۆگەكلىك يىپمۇ تۈگەپ كەتتى. ئۇ كاناپ يىپ چىڭ چىگىلگەن ياغاچنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇياق-بۇياققا ماڭاتتى. شامال يەنە كۈچەيدىمۇ يىپ سىلكىنىشكە باشلىدى.

ئالىقىنى ياغاچقا سۈركىلىپ قىزىرىپ كەتكەن سادىرنىڭ قوللىرى بىردىن ئېگىزگە كۆتۈرۈلدى. قوي كۆزلىرى ئالاقزەدىلىك بىلەن كۆك قەرىدىكى لەگلەككە تىكىلدى،

پۈتلىرى ئۆزلۈكىدىن ئالدىغا سىلجىدى. ئۇنىڭ قولىدىن كاناپ يىپ چىگىلگەن ياغاچ چىقىپ كەتكەنىدى. لەگلەك سادىرنى تەلمۈرتۈپ قويۇپ ئاقۇچ بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك بولدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى.

— سادىر ئاكام لەگلەكنى چاپسانراق يىغىۋالسا بوپتىكەن، شۇنچە چىرايلىق لەگلەك بىكاردىن-بىكار زايە بولۇپ كەتتى، — دېدى گۈلنىسا ئۆگزىدىن چۈشۈپ خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان خەيرىنىساغا قاراپ.

— ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمىگەن بالا زىيان تارتىدۇ، — دېدى خەيرىنىسا سادىرنىڭ ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەتەي ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ئانا، قاچان گېپىڭىزنى ئاڭلىمىدىم؟ — دېدى سادىر خىجىل بولغاندەك ئاۋازدا، — ئەمدى پەقەت لەگلەك ئۇچۇرمايمەن.

— ئويىنىشىپ دېدىم، ئوغلۇم، بايا مەن دېگەندىلا لەگلەك ئۇچۇرۇشنى توختىتىپ، كىنوغا كەتكەن بولساڭ زىيان تارتمايتتىڭ. گۈلنىسا قىزغا كىنو كۆرسىتىپ كەلگىنە، بىز ئايتۇرا ئاچاڭ بىلەن تاماق ئېتىپ تۇرايلى.

— نېمە ئېتىسەن، ئانا؟

— گۈلنىسا قىز نېمە يەيمەن دېسە شۇنى.

— گۈلنىسا، جۇۋاۋا يەملا، لەڭمەنمۇ؟ — سورىدى سادىر. ئايتۇراغا يۆلىنىپ تۇرغان گۈلنىسا بىردەم تارتىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— چۆچۈرە.

— چۆچۈرە، چۆچۈرە، كۆڭلۈمدىكىنى تاپتى، — دېدى سادىر، ئاندىن گۈلنىساغا قاراپ، — يۈرسىلە، ئۇكام، — دەپ ئاچىقىپ كەتتى.

ئايتۇرا خەيرىنىساغا ئۇلارنى كۆرسىتىپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كۈلۈمسىرىدى.

## 4

خەيرىنىسا تامغا ئېسىپ قويۇلغان يۇرەكسىمان ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تونۇۋالىدى، بۇغداي ئۆڭ يۈزى ئاقىرىپ قالغانىدەك، تۆۋەنكى كالپۇكىنىڭ ئاستىدىكى مېڭى چوڭىيىپ قارىيىپ كەتكەنىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئاسىيەنى تۇغقاندىن كېيىن كۆزگە چۈشكۈدەك يوغىناپ، ئۆزىنى قويۇۋەتكەنىدى. ياشلىقىدا نوچى يىگىتلەردەك يۈرىدىغان بۇ جۇۋاننىڭ قامىتىدە ھەقىقىي ئاياللارغا خاس قامەت، سۇلكەت ۋە خۇلق پەيدا بولغانىدى. ئۇ قاش ــ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، يۈزىگە ئۇپا سۈرتتى. «يىگىتلىكىمدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، نازلىق خېنىمنىڭ ئۆزى بولۇپ قاپتىمەن» دېدى كۈلۈپ، ئاندىن سارجىدىن تىكىلگەن يوپكا ــ كاستۇمنى كىيىپ، گۈللۈك ھىلھىلە رومىلىنى بېشىغا سالدى. پەگاھتا تۇرغان ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىنى دىقماق پۇتلىرىغا سېپىپ، يەنە ئەينەككە ئالدىغا كەلدى: كەم ــ كوتىسىز چىرايلىق چوكاننىڭ ئۆزى !

خەيرىنىسا بۇنداق ياسىنىشنى ئۇرۇمچىدىن ئۆگەنگەنىدى. كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغاندا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن قىز ــ ئاياللارنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرى ئۇنىڭ مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىش ياسىغانىدى. كېيىن ئوقۇغان رومانلىرىمۇ روھىي دۇنياسىدا مەدەنىيەتكە، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەۋىسىنى كۈچەيتىپ، تەلۋە مىجەزىدە نازاكەت، سىپايىلىك، نازۇكلۇق پەيدا قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي تەشەببۇسكار يەنىلا قەدىرلىك ئېرى باراتوف ئىدى. يۇز سوپۇنى، ئەتىر، ئۇپا ئەكېلىپ بەرگەن، ياخشى ھېكايە ــ رومانلارنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان، كىنو ــ تىياتىرلارغا ئېلىپ

بارغان كىشى باراتوف ئىدى.

بۇگۇن ئاشۇ سۆيۈملۈك ئېرى ئۇرۇمچىدىكى يىغىننى تۈگىتىپ، كەچ سائەت تۆت يېرىمدا قەشقەرگە كېلەتتى. خەيرىنىسانىڭ ئالاھىدە جابدۇنۇشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. ئىدارىسىمۇ ئۇنىڭغا يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت بەرگەنىدى.

خەيرىنىسا سائىتىگە قارىدى. ئەمدى يەسلىدىن ئوغلى بىلەن قىزىنى ئېلىپ ۋالىي مەھكىمىسىگە بارسا، كىچىك ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ بېكەتكە بارسا، ئېرىنى كۈتۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەتتى. سادىر مەكتەپتىن ئۇدۇللا بېكەتكە باراتتى.

خەيرىنىسا ئاخىرقى قېتىم ئەينەككە قارىدى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلدى. خەيرىنىسانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك ئىشىكنى ئاچتى.

باراتوف ! قولىدا چامادان، سومكا كۆتۈرۈۋالغان، باش ـ كۆزىگە توپا ـ چاڭ قونغان، بۇرۇتى يەنىلا شۇنداق قارا، شۇنداق خۇشخۇي...

ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. خەيرىنىسا چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى.

— بالىلار ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى باراتوف.

— قانداقسىغا ئۆيدە بولسۇن؟ كىچىكلىرى يەسلىدە، چوڭى مەكتەپتە. سېغىندىڭىزمۇ؟

— بەك سېغىندىم.

— ئانىسىنىچۇ؟

— كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ بىتاقەت قىلىۋەتتى.

— بىر ـ ئىككى كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن خىزمەتكە بارالا؟

— تەلەپنى قاندۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئادەم بىز.

خەيرىنىسا كۈلدى...

باراتوف جۈمە، شەنبىنىمۇ ئۆيدە ئۆتكۈزدى، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان سادىرنى ئېلىپ بازارغا

چىقىپ، چىلگە، ئۆرۈك، گۆش، ئوتياش ئەكىردى.

— بازار بەك قۇرۇقچىلىق، خەيرىنىسا، — دېدى باراتوف. ئۇ خوتۇننى كۆپىنچە ئىسمى بىلەن ئاتايتتى، خەيرىنىسا «دادىسى» دەيتتى، بەزىدە «كوماندىر» دەپمۇ چاقىراتتى. باراتوف ئېغىر تىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىككى سائەت ئايلىنىپ ئۈچ چىلگە، بىر سېۋەت ئۆرۈك بىلەن ماۋۇ ئوتياشنى، گۆشنى ئالدۇق. كىشىلەر نەرسە - كېرەكلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتىدۇ، ئۇرۇمچىدىمۇ شۇنداق، بەلكى بۇنداق يېمەكلىك، مېۋە - چېۋىلەرنى تاپماق قەشقەردىكىدىن قىيىن. ئائىلىلەردىن تارتىپ ئاشخانىلارغىچە، ئاساسي تاماق گۈلەڭ ئۇنىدا قىلىنغان مانتا، سۇيۇقئاش، هورنان. بۇ يەردە ياخشى ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بىر ئاچارچىلىقنىڭ پۇرىقى بار، خوتۇن.

خەيرىنىسا دائىم ئاپتاپتەك ئوچۇق يورىدىغان، ۋۇجۇدىدىن غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئېرىنىڭ بۇنداق هەسرەتلىنىپ سۆزلىشىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. باراتوف كۆرۈنۈشتە بىلىندۇرمىگىنى بىلەن، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ غەمگە چۆكۈپ قالغىنىنى خەيرىنىسا سەزگەنىدى.

— ئىككى يىل بۇرۇنقى قەشقەر هازىر يوق، نېمە بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئادەم بىلمەيلا قالدىغۇ. كىشىلەر نەپسى ئاۋارىسى بولۇپ قېلىۋاتامدۇ؟ مەن ئاساسي قاتلامدا ئىشلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، ئاهالىنىڭ ئەهۋالىنى سىلىدىن ئوبدانراق بىلىمەن. بەزى بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر ئايدىمۇ بىرەر قېتىم گۆشكە ئېغىز تەگمەيدۇ، بىز بەرگەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئۇلارنىڭ نان بىلەنلا قورساق بېقىشىغا ئاران يېتىدۇ. مەن مانا شۇنداق ئەتىگىنى كەچكە ئۇلاشمايدىغان ئائىلىلەرگە ياخشىراق غەمخورلۇق قىلىش توغرۇلۇق سۆزلەپ باشقىلار بىلەن نەچچە قېتىم تاكاللىشىپمۇ قالدىم. قەشقەردە كوممۇنا قۇرۇلۇشى بىلەن يېمەك - ئىچمەكتىن تارتىپ كىيىم -

كېچەككىچە ھەممە نەرسە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئۇرۇمچىدە سۆزلەپ قويغانلا؟

باراتوف خەيرىنىساغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاق تۇماق، چەكمەن تون كىيگەن قەلەم قاش «يىگىت» كۆز ئالدىغا كەلدى. ئاق شىپۇن تاۋار كۆڭلەك شۇنداق ياراشقان، چىرايىدىن ئايالالارغىلا خاس بولغان نازاكەت، يېقىملىق، جان كۆيەرلىكتىن باشقا، مەردانىلىكمۇ چىقىپ تۇرغان خوتۇنى ئاشۇ بىر چاغدا «يىگىت» تىن قىزغا ئايلىنىپ قالغان بىر تەلۋە ئەمەسمىدى؟

باراتوف ئۆزىگە نازلىق بىلەن باققان خەيرىنىساغا كۆز تىككىنىچە قاقاھلاپ كۈلدى.

— خوتۇن، — دېدى ئۇ مېھرى بىلەن قۇچىقىدىكى قادىرنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، — سادىرنىڭ ئانىسى ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى، سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانىدى. بۇنداقلار خەلقىمىز ئىچىدە ئاز ئەمەس. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ مېنىڭ بۇ كۆڭۈل دەپتىرىمگە قان بىلەن يېزىلىشقا باشلىغانىدى. خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەلق بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مېنىڭ ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتىم، شۇڭا سۆزلىدىم. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىمىساق، سوتسىيالىزمغا ئۈيغۇن كەلمەيدۇ، دېدىم، يەنە دەيمەن. مەن غالجىر دۈشمەنلەرگە قىلىچ كۆتۈرۈشتىن قورقمىغانىدىم، دوستلىرىم ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتىن نېمىشقا قورقاي؟ پارتىيە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلغان، بۇ نىشانىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى غۇربەتچىلىك، قىيىنچىلىق ۋاقىتلىق ھادىسە.

قادىر دادىسىنىڭ پاكىز قىرىلغان ئېڭىكىنى سىلاپ خۇددى گەپنى ئۆزىگە قىلىۋاتقاندەك خۇشاللىنىپ كۈلدى:

— دادا، قوغۇن پىچىپ بىيە، — دېدى چىلگىنى

كۆرسىتىپ.

— ئىشىك قېقىلىۋاتىدۇ، — دېدى كىتابقا قاراپ ئولتۇرغان سادىر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن ئاچىمەن، مەن ئاچىمەن! — قادىر دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن يەرگە چۈشۈپ يۈگۈردى.

— ئىشىكنىڭ زەنجىرىگە قولۇڭ يەتمەيدۇ، — سادىر ئۆكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— گۈلنىسا قىز، كەلسىلە ئۈكام، — دېدى ئۇ بوسۇغىدا تارتىنىپ تۇرغان گۈلنىساغا، — يۇرسىلە، ئۆيگە كىرسىلە.

— گۈلنىسا ئاچا، گۈلنىسا ئاچا! — قادىر تۈۋلاپ گۈلنىساغا قول ئۇزارتتى. گۈلنىسا سادىرنىڭ قولىدىن ئۇنى ئېلىپ بىر تال خوراز كەمپۈتنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئىسسىق قايناپ كەتكەن ھويلىغا قارىغاندا ئايۋان ئۆي سالقىن ئىدى. خەيرىنىسا قادىرنى كۆتۈرۈپ كىرگەن گۈلنىسانى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ ئولتۇرغۇزدى.

— قىزىم، ئەقىللىك قىزىم، كەللىمۇ - ھە! ئۆيدىن كەللىمۇ، ئايتۇرا ئاچىلىرىنىڭكىگە بېرىپ ئاندىن كەللىمۇ؟

گۈلنىسا ئۆزىگە قاراپ «ئۇبدان چاغدا كەپلا، بالام» دەپ باش لىڭشىتىپ چىلگىنى پىچىشقا تۇتۇنغان باراتوفقا قاراپ سالام بېرىپ، تارتىنغان ھالدا دېدى:

— ئەتىگەن ئايتۇرا ئاچامنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، شۇ يەردىن كەلدىم. ئايتۇرا ئاچام دوپپا بازىرىغا كەتتى.

— ئۇبدان قىپلا، قىزىم، — خەيرىنىسا شۇنداق دەپ گۈلنىساغا چەمەك سېلىۋالغان قادىرغا قارىدى، — ئوغلۇم ئىزا تارتقىن. تۆگىدەك تۇرۇپ، ئاچاڭ ئۇياقتىن كەلسە، بۇياقتىن قۇچىقىغا چىقىۋالساڭ قانداق بولىدۇ، چۈشە يەرگە.

گۈلنىسانىڭ چىمەن دوپپىسى بەكمۇ ياراشقانىدى، ئەمما

كۆڭلىكى تىزىنى ئاران يېپىپ تۇراتتى. «ئايىغى كونىراپ كېتىپتۇ، مەن تىكىپ بەرگەن كۆڭلەكنى كىيدۈرۈپ قويماپتۇ، ئەجەب ئايال ئىكەن ئۇ، قولىقىغا جا هالقا بولسىمۇ سېلىپ قويماپتۇ. سادىر بازارغا ئاچىقىپ بەتىنكە بىلەن هالقا ئېلىپ بەرسۇن» دېدى خەيرىنىسا ئىچىدە.

چىلگە يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن خەيرىنىسا سادىرغا ئون كوي بېرىپ گۈلنىساغا بەتىنكە، هالقا ئېلىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى.

— بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى مەلۇم ئەمەس ئىكەن. بىچارە بالا بىزنىڭ ئۆيگە خېلى ئۆگىنىپ قالدى. ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك چىرايلىق، غەمكىن، ئايتۇرا ئۇنى ئۆزى تۇغقاندەكلا ياخشى كۆرىدۇ، نېسىپ بولسا بالا قىلىۋالساقمىكىن، كوماندىر؟

— بۇ قىزچاققا مېنىڭمۇ مەستلىكىم كېلىدۇ. ئەمدى ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشقا كىرگەندۇ، تېخى كىچىك. سادىر مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ كەلسۇن، شۇنىڭغىچە قولدىن چىقىرىپ قويمالىڭ.

— ماقۇل، مەن سىزنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

گۈلنىسا بەتىنكە كىيىپ، قۇلىقىغا قىزىل ياقۇت كۆز قويغان هالقا ئاسقان هالدا كىرىپ كەلدى.

— ئانا، قارىغىنا، بوپتۇمۇ؟ پۇتىغا ئوبدان كەلدى، هالقىسىمۇ چىرايلىق. كونا ئايىغىنى بىر سائىل ئايالغا بېرىۋەتتۇق، — دېدى سادىر.

شۇ كۈندىن باشلاپ گۈلنىسا هەر هەپتىدە خەيرىنىسانىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان بولدى. خەيرىنىسا ئۇنىڭغا شىپۇن تاۋاردىن بەلباغلىق كۆڭلەك تىكتۈرۈپ بەردى. هەر قېتىم سادىر ئارقىلىق تاتلىق - تۈرۈملارنى بېرىدىغان بولدى. گۈلنىسا

سادىرنى ئاكا دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، كىتاب ئوقۇسا يېنىدا ئولتۇرىدىغان، كىنوغا بارسا بىللە بارىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئوقۇماي ئۆيدە بولۇپ قالغىنىدىن خەيرىنىسا بەك ئەپسۇسلىناتتى. گۈلسۈمنىڭمۇ، تۇراپىنىڭمۇ ئىشخانىسىغا بىرىپ گۈلنىسانى ئوقۇتۇش ھەققىدە بەرگەن مەسلىھەتىنىڭ ئىلىك ئېلىنمىغانلىقىغا ئاچچىقلىناتتى. قانداق قىلسۇن؟ گۈلنىسانى ئوقۇتۇڭلار، دەپ زورلىغىلى، ئۇرۇشقىلى بولمايدۇ ـ دە.

گۈلنىسا بولسا گۈلسۈم ئانىسىنىڭ ئايتۇرا، خەيرىنىسالارنىڭ يېنىغا بىرىشتىن ئۆزىنى توسمىغىنىغا خۇش ئىدى. گۈلسۈممۇ گۈلنىساغا ئوبدان خەيرخاھلىق قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئويناپ كېلىشتىن توسۇشنى لايىق كۆرمىدى. گۈلنىسا ھۆرلىقا، ھەلىمەلەر بىلەن ئوينايتتى، ئويناۋېتىپ ئۇرۇشۇپ قالاتتى. ھۆرلىقا «يېتىم ئوغلاق، جىننىڭ بالىسى» دەپ تىللىسا، ھەلىمە «ئاچ كۆز، مەينەت، تويماس» دەپ تىللايتتى. تۇراپ، گۈلسۈملەر «تىللىما!» دەپ بالىلىرىغا ۋارقىرايتتى، نەسىھەت قىلاتتى. ئەركە، شوخ ئۆسكەن قىزلار گۈلنىسانى ئۇرۇۋېلىشنىمۇ ئويۇن ھېسابىدا كۆرەتتى. گۈلنىسانىڭ مىسكىن كۆڭلى ئانا مېھرىنى ئىزدەيتتى، شۇڭا كۆڭلى ئايتۇرا، خەيرىنىسالارنى تارتىپلا تۇراتتى. ئۇ گۈلسۈمنىڭ بالىلىرى بىلەن ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىدىكى پەرقنى بىلىپ يەتكەنىدى.

سادىر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارىدىغان بولدى. گۈلنىسا سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى خەيرىنىسانىڭ ئۆيىگە بارغاندا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇمۇ ئوقۇغان بولسا بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولاتتى. ھۆرلىقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولغانىدى، رىشات بولسا بىر يىلدىن كېيىن پۈتكۈزەتتى. ھەلىمە بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقاتتى. گۈلنىسا

ئۆيدە قېلىپ ھويلا سۈپۈرەتتى، قاچا يۇياتتى... بۇ مىسكىن قىز شۇنى ئويلاپ تولىمۇ ھەسرەتلىنەتتى.

ئۇ بۈگۈن پەرىشان ھالدا خەيرىنىسانىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— قىزىم، نېمە بولدىلا؟ بىر كىم خاپا قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى خەيرىنىسا.

— مەن ئوقۇيتتۇم ... — گۈلنىسا گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلىدى.

«بىچارە قىز، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولمىغاندىكىن يىغلايدۇ - دە، تەڭتۇشلىرى ئوقۇۋاتسا، ئۆيدە قالغىنى ئۈچۈن يىغلايدۇ - دە. سادىرنىڭ ئوقۇشقا بارىدىغانلىقى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ...» خەيرىنىسا شۇلارنى ئويلاپ گۈلنىسانى باغرىغا باستى.

— جېنىم قىزىم، يىغلىمىسىلا. مەن تۇراپ دادىلىرىغا يەنە ئېيتاي، بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇسىلا.

— راستمۇ، مەن ئوقۇمدىمەن؟

— ئوقۇيلا، قىزىم، سىلى كىچىك ئەمەسمۇ؟

— گۈلسۈم ئانام ئۇنىماسمىكىن.

— مەن ئۇنىتىمەن.

گۈلنىسانىڭ يىغىسى توختىدى.

— سادىر ئاكام قاچان ماڭىدۇ؟

— ئۆگۈنلۈككە ماڭىدۇ، قىزىم.

گۈلنىسا يەنە غەمكىنلىشىپ قالدى، ئۇ سادىرغا ئىچەركىشىپ كەتكەندى. سادىر كەتسە ئۇنى كىم بازارغا ئاچىقىدۇ؟ كىم كىنوغا ئېلىپ بارىدۇ؟ كىم قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ؟

خەيرىنىسا خېمىر يۇغۇرۇپ پىلتا قىلغۇچە، گۈلنىسا ئوتياشنى ئادالاپ توغرىدى، ئاندىن ياغ قۇيۇپ قورۇما قورۇدى. ھەر كۈنلۈكى گۈلسۈم كىرگۈچە دېگەن تاماقنى ئېتىپ

كەلگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالغاچقا، پولۇدىن باشقا ھەممە تاماقنى قولى كېلەتتى. خەيرىنىسا ئۇنىڭ لەڭمەننى تارتىدەك سوزۇۋاتقىنىغا زوقلاندى. شۇ چاغدا باراتوف بىلەن سادىر ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ئۇلار كەلدى، بالام، پېشايۋانغا داستىخان سالسىلا.

گۈلنىسا داستىخان سېلىپ ئاۋۋال باراتوفقا، كېيىن سادىرغا لەڭمەن ئاچىقتى.

شىپۇن تاۋاردىن تىكىلگەن بەلباغلىق كۆڭلەك كىيگەن گۈلنىسا باراتوفنىڭ كۆزىگە رەسىدە بولۇپ قالغاندەك سۇمباتلىق كۆرۈندى. «چىرايلىق چوڭ بوپتۇ» دېدى ئىچىدە. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ «بىردەم ئارام ئېلىۋالاي» دەپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

گۈلنىسا پات - پات سادىرغا قاراپ قويۇپتتى، سادىرمۇ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتى. قىزنىڭ بىر نەرسە دېگۈسى كېلەتتى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. سادىر ئۇنىڭغا ئۆگۈنلۈككە ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىز ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە قارىدى، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈللۈك يېنىغا باردى، ئېڭىشىپ پايپىقىنى تۆۋەن سىيرىپ قاتلاقلىق ياغلىقنى ئالدى. بۇ ياغلىقنى ئايتۇرا ئەتىگەن «سادىرغا يوللۇق تۇت» دەپ بەرگەنىدى. گۈلنىسا پېشايۋانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇياق - بۇياققا قارىۋېتىپ ياغلىقنى سادىرنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرغىنىچە خەيرىنىسانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

## 5

سادىر 1964 - يىلى ئاۋغۇستتا ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇ ئاققوناق، ئارپا، پۇرچاق ئۇنلىرىدا ئېتىلگەن ھورنانىنى يەپ ئوقۇپ، ھايات ئوچىقىدا خېلىلا

تاۋلانغانىدى. گۈلنىسا بولسا ئۆسكەنسېرى زىلۇالىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ تۆت يىل جەريانىدا ھېچ بولمىسا ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم خەيرىنىسالارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇردى، كەلمەي قالسا ئايتۇرا چاقىرغىلى باراتتى. باراتوف تۇراپقا، خەيرىنىسا گۈلسۈمگە گۈلنىسانى ئوقۇتۇش ھەققىدە قايتا ـ قايتا مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇلار ئاغزىدا ئوقۇتىمىز دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گۈلنىسانى گىلەم توقۇش كارخانىسىغا شاگىرتلىققا بەردى. بۇنى بىر ئايدىن كېيىن ئاڭلىغان خەيرىنىسا لېۋىنى چىشلەپ قالدى. قانداق قىلسۇن؟ بېرىپ سوقۇشسۇنمۇ، گۈلنىسانى تارتىۋالسۇنمۇ؟ بوۋاق چېغىدىن باشلاپ باققان ئاتا ـ ئانىلىرى قانداق قىلىشنى ئۆزلىرى بىلىدۇ ـ دە. باشقا كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق. تۇراپ ھەممىگە كۆزى يېتىدىغان بىر رەھبىرىي كادىر. گۈلسۈم چالا ساۋاتلىق بولسىمۇ، بىر كوچا باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاياللارنىڭ مۇدىرى، ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق گۈلنىسانى گىلەمچىلىك كارخانىسىغا بەرگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن بىر يېرى باردۇر... خەيرىنىسا شۇنداق ئويلاپ ئۆزىگە ھاي بېرەتتى. ئەگەر ئاشۇ قىمار ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدا يولۇققان بولسا، يا پىچاقنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ ھەل قىلاتتى، ياكى مۇشت بىلەن ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتى. ھازىر بولسا بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيتتى.

گۈلنىسا شاگىرتلىقتىن ئۇستىلىققا كۆتۈرۈلدى. ھەر ئايدا ئاز بولسىمۇ يىگىرمە ـ ئوتتۇز كوي ئىش ھەققى ئېلىپ گۈلسۈمگە بېرەتتى. ئۆي سۈپۈرۈش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇش يەنە ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئاق ئۇنىڭ نېپى ئارزۇلۇق قىزلاردىن ئۇنىڭغا ئاشمايتتى، قاچانلا قارىسا زاغرا، يوبدان... شۇنداق بولسىمۇ رەستىدە بولغانسېرى چىرايى ئانىسىغا ئوخشاپ، كۆز يېغىنى يېگۈدەك ساھىبجامال قىزلاردىن بولۇپ

قالغانىدى. كەم سۆز، خىيالچان، غەمكىن ئىدى، كىشىلەردىن ئىزا تارتىپلا يۈرەتتى، بىرلا قورۇنمايدىغان ئادىمى ئايتۇرا ئىدى. ئوبدانىراق تاماقنى خەيرىنىسانىڭ ئۆيىدە يەيتتى...

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئايتۇرا ئەتىگەندىلا گۈلنىسانى قىچقىرغىلى كەلدى. «چوپچوڭلا بولۇپ قالغان قىزنى قىچقىرغىلى كېلىۋېرەمدىغاندۇ؟» گۈلسۈم ئىچىدە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، باراتوفنىڭ يۈزىنى قىلىپ ماقۇل بولدى ۋە پاتراق قايتىپ كېلىشنى تاپىلىدى.

بۈرۈتى قاربىيىپ، سۆلەتلىك يىگىت بولۇپ قالغان سادىر ئايتۇرا بىلەن تەڭلىشىپ قالغان زىلۋا بويى، گۈزەل چېھرى مۆڭلۈك تۈس ئالغان گۈلنىسانى كۆرگەندە، توساتتىن قىزىق بىر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ، يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى. گۈلنىسامۇ ئىزا تارتقىنىدىن ئەھۋال سوراشقىمۇ گەپ تاپالماي قالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، يۈزى چوغدەك قىزاردى، مەڭزى چىمىلداپ تىزلىرى تىترەپ كەتتى.

سادىر گۈلنىسادىن ئەھۋال سورىدى.

— بالام، گۈلنىسا قىزنى ئىزا تارتقۇزۇۋەتتىڭغۇ؟ — دېدى خەيرىنىسا يەردىن باش كۆتۈرەلمەي قالغان قىزغا كۆز سېلىپ تۇرۇپ، — گۈلنىسا قىز سەن كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە پات-پات كېلىپ تۇردى، ئۆز بالىمىزدەك بولۇپ قالدى، — ئۇ گۈلنىسانىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيىدا ئولتۇرغۇزدى، — نېمىشقا تارتىنىلا، بالام؟ تارتىنمىسىلا. سادىر كەلگىلى ئۈچ كۈن بولدى، ئايتۇراغا دەپ سىلىنى چاقىرتىپ كەلدىم. ئوغلۇمنىڭ سىلىگە ئەكەلگەن ئازراق سوۋغىتى بار ئوخشايدۇ.

خەيرىنىسا سادىرغا قاراپ قويدى. يىگىت ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، سوۋغاتلىق ئەكەلگەن نەرسىلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ قويۇلغىنى بويىچە ئاچىقتى. بۇ نەرسىلەرنى خەيرىنىسانىڭ يازغان خېتىگە ئاساسەن ئۇرۇمچىدىن ئالغانىدى. گۈلنىسا ئالدىغا قويۇلغان پەتنۇسقا قارىدى. پەتنۇستا چوڭ ياقۇت كۆزلۈك زۇننار

چاقناپ تۇراتتى، يەنە بىر كۆڭلەكلىك شىپۇن دۇخاۋا... بۇنداق سوۋغات ئەكېلىدىغانلىقى گۈلنىسانىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ پۇتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئوخچۇپ تىلىغا يىغىلغان مىننەتدارلىقىنى بوش ئاۋاز بىلەن ئىپادىلىدى:

— رەھمەت ...

ئۇنىڭ رەھمەت دېگىنىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. كۈلۈپ زەن قويۇپ تۇرغان ئايتۇرا گۈلنىسانىڭ رەھمەت دېگەنلىكىنى چۈشەندى. بەزى ھاللاردا مانا شۇنداق ساق كىشىلەر ئاڭلىيالمىغان سۆزنى گاس - گاچىلار ئاڭلاپ مەنىسىگە يېتەلەيدۇ ...

گۈلنىسا سوۋغاتنى ئەكەلگەندە گۈلسۈم ھالۋا ئېتىۋاتاتتى.

— ئەجەب ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىلە، بالام. مەن تېخى كەچلەپ قالامدىكىن دەپ ئويلىغۇدىم. خەيرىنىساخانلار تىنچ - ئامانمىكەن، ئوغلى كەپتۇمۇ؟ — سورىدى پىشقان ھالۋىنى ئوچاقتىن ئېلىپ.

— سىلىگە سالام ئېيتتى، ئانا، سادىر ئاكام كەپتۇ، — دېدى گۈلنىسا. ئۇنىڭ ھاياجىنى بېسىلىپ كۆڭلىمۇ تىنچلىنىپ قالغانىدى.

گۈلسۈمنىڭ كۆزى گۈلنىسانىڭ قولىدىكى سومكىغا چۈشۈشى ھامان، تەخسىلەرگە ھالۋا ئېلىۋاتقان قولى ئىشتىن توختاپ، چىرايى ئۆڭدى.

— بالام، قوللىرىدىكى سومكىنى كىم بەردى؟ — قوپاللىق بىلەن سورىدى ئۇ.

— سادىر ئاكام ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەنىكەن.

— سىلىگە بەردىمۇ؟ — گۈلسۈمنىڭ كۆزى يەنە ئۇنىڭ بويىنىدىكى چاقناپ تۇرغان زۇننارغا چۈشتى. قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىدا ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى، — بالام، بۈگۈن سىلىدە يېڭىلىق جىققۇ، بويۇنلىرىدىكىنى كىم ئېسىپ قويدى؟ — گۈلسۈمنىڭ گۆشلۈك مەڭزى تىترەپ كەتتى.

— بۇ زۇننارنىمۇ سادىر ئاكام ئەكەلگەنىكەن، خەيرىنىسا

ئاچام ئېسىپ قويدى، — گۈلنىسا ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ماڭىمۇ خېرىدارلىق قىلىدىغان ئادەم بار دېگەندەك سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— ماڭا قارىسىلا، بالام، سادىر دېگەن ئۇ ئالىقانات ئەكەلگەن نەرسىلەر چىق ئوخشىمامدۇ؟ — گۈلسۇم زەردىسى بىلەن سورىدى.

— كۆپمۇ، ئازمۇ كىم بىلىپتۇ؟ ئەجەب سوراپ كەتتىلە، ئانا. يەنە بىر كىيىملىك شىپۇن دۇخاۋىمۇ ئەكەپتۇ، — دېدى گۈلنىسا ئەپتىنى بۇزماي. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن «ئۆمۈرۋايەت ھۆرلىقادىن ئاشقاننى كىيىپ ئۆتسەم بولامتى؟» دېگەن سوئال چىقىپ تۇراتتى.

— ھە، نەچچە يىلدىن بېرى ئايتۇرا دېگەن گاچىنىڭ شاپاشلاپ كېلىپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە. خەيرىنىساخاننىڭ ھېيت ـ بايراملاردا كىيىم كىيدۈرۈپ، سىلىگە كۆيۈنۈپ كېتىشىدە گەپ بار ئىكەن، ئەمدى بىلدىم. سادىر دېگەن ئالىقانات سىلىنى باغلىۋاپتۇ. ۋاي خۇدايىم، بۇنى دادىلىرى ئاڭلىسا نېمە دەر؟

گۈلنىسا تۇرۇپ قالدى. گۈلسۇمنىڭ سادىرنى «ئالىقانات» دەپ پەسلەشتۈرگىنىگە ئاچچىقى كېلىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئۇ شۇ ھالدا ئاشخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، گۈلسۇم دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— بالام، نەگە بارىلا؟ باياتىن كاللام ئايلىنىپ خۇش خەۋەرنى ئېيتىشمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— نېمە خۇش خەۋەر ئىدى؟ — گۈلنىسا ئىتتىك ئارقىسىغا قارىدى.

— بۈگۈن بىزگە بىر مېھمان خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

گۈلنىسانىڭ مەڭزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئەلچى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالغانىدى.

— بالام، بۇ كەلگەن مېھمان ئانىلىرى يازغان خەتنى ئەكەپتۇ، — دېدى پىيالىگە ئۇسۇلۇپ بولغان ھالۋىلارنى پەتنۇسقا قويۇپ، — بىچارە سىڭلىم نۇرنىسا ھايات ئىكەن.

— نېمە، ئانىلىرى يازغان خەتنى ئەكەپتۇ دېدىلىمۇ؟ — خۇشاللىقتىن گۈلنىسانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

— ھودۇقۇپ كەتمىسىلە، بالام، بۇ ھالۋىنى شۇ مېھمان ئۈچۈن ئەتتىم. يۈرسىلە، چىقىپ كۆرۈشۈپ ئانىلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىسىلا.

گۈلنىسا پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغان گۈلسۈمگىمۇ قارىماي ئاشخانىدىن چىققىنىچە مېھمانخانىغا كىردى. تۆردە ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال چىرايلىق بىر قىزنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ، قوللىرى تىترەپ تۇرغان گۈلنىسانىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشتى. كەينىدىن كىرگەن گۈلسۈم مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ:

— بۇ ئۆزلىرى خەۋىرىنى ئەكەلگەن سىڭلىم نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ قىزى گۈلنىسا بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

— پەرىدەكلا چىرايلىق چوڭ بوپتۇغۇ، ياخشى تۇردىلىمۇ؟ — مېھمان ئامانلىق سوراپ بولۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، — مەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن. ئاكام مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ. خەت ئۆتكەن ھەپتە كەلگەنىدى.

ئۇ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن چوڭ بىر لېپاپىنى ئالدى ۋە ئىسسىقلاپ قالغان بولسا كېرەك، پەلتوسىنى سېلىپ قاتلاپ يېنىغا قويدى.

— ماڭا بەرسىلە، — دېدى گۈلسۈم مېھماننى پەلتوسىنى سېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىغىنىدىن خىجالەت بولۇپ. ئۇ پەلتونى ئېلىپ يوتقان - كۆرپە يىغىقلىق مەرەپىنىڭ

ئۇستىگە قويدى.

مېھمان لېپاپىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى.

— بۇ ئاكامنىڭ خېتى. ئاكام خېتىدە ئۆزلىرىنىڭ سىڭىللىرى نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ قەشقەردىكى تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى بەك تاپىلاپتۇ. ئاۋۋال بۇنى ئوقۇپ بېرەي.

مېھمان قائىدە بويىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاچقا پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ زادى قولىشالماي قالغانىدى. بۇنى سەزگەن گۈلسۈم ئۇنى ئازادە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مېھمان چازا قۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا تەمشىلىپ، گۈلنىسانىڭ بىتاقەت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى:

— ئوقۇسىلا، خان قىز، قارىسام ئولتۇرالماي قېلىۋاتىدىلا.

گۈلنىسا خەتنى ئىتتىك ئېلىپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى:

«قەدىرلىك سىڭلىم ھەنىپە، خەتكە قوشۇمچە قىلىپ يازغان بۇ خېتىمگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنىستىتۇتىمىزنىڭ تارىخ مۇئەللىمى جاۋ مىلىڭ خانىم ماڭا، سىڭلىم ئىتتىپاق گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بونىن شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يازغان خېتىدە: قەشقەردىن ئايرىلغىنىغا ئون يەتتە يىل بولغان بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن قوشنا ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى نۇرنىسا بولۇپ، قەشقەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خەت يۈزىدە دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزارلىقىنى، شۇ ئايالنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ بېرىشكە ياردەم بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئۆتۈنۈپ ئىككى ئادرېسنى يېزىپ

ئەۋەتىپتۇ. سىز قەشقەرنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىنى بىلىسىز. شۇڭا، مۇشۇ ئىككى ئادرېستا ئىسمى يېزىلغان كىشىلەرگە بۇ خەتنى يەتكۈزۈپ جاۋابىنى ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز چوڭ ساۋابقا ئىگە بولغان بولاتتىڭىز، دەپ ماڭا ئىككى ئادرېس بىلەن بىر لېپاپىلىق خەت بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەتنى يازدىم. سىز مۇشۇ ئىككى ئادرېستىكى كىشىلەرنىڭ قايسىسىنى بولمىسۇن ئىزدەپ سۈرۈشتە قىلىپ تېپىپ، ئاشۇ مۇساپىر ئايالنىڭ خېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئۈچۈرىنى ئېلىپ خەت يازسىڭىز ناھايىتى خۇشال بولاتتىم.

جاۋاب كۈتۈپ: ئاكىڭىز ئوسمان.
1964 - يىلى 23 - ئىيۇل

ئىككى ئادرېس:
1. قەشقەر بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى ئاچام گۈلسۈمخان.
2. قەشقەر يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قىزلىرىم ھۆرنىسا، گۈلنىسا»

— گۈلنىسا قىز، يىغلىمىسىلا، ئەمدى ئانىلىرىنىڭ خېتىنى ئوقۇسىلا، — دېدى مېھمان بوقۇلداپ يىغلاپ كەتكەن گۈلنىساغا ئىچى ئاغرىپ.
— سىڭلىم نۇرنىسا چىقىپ كەتكەندە، بۇ بالا ئالتە ئايلىق ئىدى، — دېدى گۈلسۇم. ئۇ «غايىب بولۇپ كەتكەندە» دېمەكچى بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنداق دېگۈسى كەلمىدى.
— ئۇنداق بولسا ئانىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، دېسىلە، بىچارە قىز، چىرايلىق چوڭ بوپتۇ، ئانا مېھرىگە نېمە يەتسۇن؟!

گۈلنىسا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئانىسى يازغان خەتنى ئاچتى.

«قەدىرلىك جانجىگەر بىر تۇغقىنىم گۈلسۈم ئاچامغا، ھۆرمەتلىك تۇراپ ئاكامغا، مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان قىزلىرىم ھۆرنىساغا، گۈلنىساغا، سىڭىللىرىمغا، ئۇكىلىرىمغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، دوستلىرىم ئايتۇرا، مۆھتەبەرگە، يۇرتداشلىرىمغا:

ھەربىرلىرىدىن ئايرىلىپ ئون يەتتە يىل بولغاندا كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ بۇ خەتنى يېزىشقا مۇيەسسەر قىلغان ئاللادىن چەكسىز مىننەتدارمەن.

مېھرىبان، كۆيۈمچان ئاچا، ياخشى تۇردىلىمۇ؟ بالىلار چوڭ بولۇپ خىزمەتلىرىگە ياراپ قالغاندۇ؟ تۇراپ ئاكام ئوبدان تۇردىمۇ؟ بارلىق تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنىلار، دوستلار ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ جانجىگەر بالىلىرىم ھۆرنىسا بىلەن گۈلنىسامۇ ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ سىلىنى خاپا قىلماي ئوقۇشۇۋاتقاندۇ؟

جان كۆيەر ئاچا، ياشلىرىم مەڭزىمدىن سىرغىپ تۇرغاندا، نېمە دەپ يېزىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. تەقدىر ھەربىرلىرىنى ئەزىز قەشقەردە بالىچاقىلار بىلەن دەرقەمەتە ئۆتكىلى نېسىپ قىلغان بولسا، مېنىڭ بېشىمغا جۇدالىق سەۋداسىنى سالغانىكەن. مەندە نېمە چارە بولسۇن؟ رىزقىم چېچىلغان يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بوننىغا كېلىپ توختىدىم. ھەربىرلىرىنى، سۆيۈملۈك قىزلىرىمنى ئويلىمايدىغان كۈنۈم يوق. ئاچا، خەت ئارقىلىق بولسىمۇ بىر ـ بىرىمىزنىڭ تىرىكچىلىكىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە يىللاردىن بېرى ئىزدەپ ـ سوراپ ئاخىر جۇڭگولۇق ھەقەمسايەمنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ھەربىر-

لىرىگە تېگىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ خەتنى ئەۋەتتىم. تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال جاۋاب يېزىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

ئاچا، مېھرىبان ئاچا، غەمگۇزار سىڭىللىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قىزلىرىمنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئېنىق بىر خەۋەرگە ئىگە بولۇش ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغايلا.

خەير، خۇداغا ئامانەت، ھەربىرلىرىنىڭ دىدارىغا تەشنا مۇساپىر سىڭىللىرى نۇرنىسادىن.

ئىتتىپاق گېرمانىيەسى بونىن مەشئەل كوچىسى
3623 ـ قورۇ. 1964 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇل»

گۈلنىسا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ:

— ئانام بار ئىكەن، جىن ئېلىپ قاچماپتىكەن، ئۆلۈپمۇ كەتمەپتىكەن. ئانام راستلا بار ئىكەن، خەتكە ئىسمىمنى يېزىپتۇ، قىزىم، بالام، دەپتۇ، ئاچامنىڭ ئىسمىنىمۇ يېزىپتۇ. ئانام بار ئىكەن، ئانام، جېنىم ئانام، مېھرىبان ئانام، — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. گۈلسۈممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي گۈلنىسانى قۇچاقلاپ:

— ئەقىللىك سىڭلىم، چىرايلىق سىڭلىم، بار ئىكەنلا، بىزنى ئارماندا قويمىدىلا، گۈلنىسانى ئارماندا قويمىدىلا، ھۆرنىسانى ساقلاپ قالالمىدۇق، شۇم ئەجەل ئەكەتتى. سىڭلىم، كۆيۈمچان سىڭلىم، — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى.

مېھمان «ئانا» دەپ تۇۋلاپ يىغلىغانسېرى چىرايى ئاقىرىپ، ياشلىرى سەلدەك ئېقىۋاتقان گۈلنىساغا قاراپ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە تارتقان سۈرمىسى، يۈزىگە سۈرتكەن ئۆپىسى يۇيۇلۇپ كەتتى. خۇددى مۇسىبەت بولغاندەك بىر قىز، ئىككى ئايالنىڭ مۇڭلۇق يىغىسى ئۆينى بىر ئالدى.

ئۈچىنچى باب

# ئاتا مېھرى

## 1

1966 ـ يىلىنىڭ سېنتەبىر ئېيى يېرىملىشىپ، ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىغانىدى. ئەتىگەن ـ كەچ تەرەپلەردە چىققان غۇر ـ غۇر شامال، دىمىققا چىدىماي كېچىسى ئۆگزىدە يېتىپ كېلىۋاتقانلارنى ئۆيلىرىگە قوغلىدى. قارىكۆسەي①نىڭ ساپىقى يەرگە چۈشتى. بۇ كۈز پەسلىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېيتگاھ، ئوردا ئالدى، ئۆستەڭبويى، يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى، تۆشۈكدەرۋازا، قۇمدەرۋازا تەرەپلەر يەل ـ يېمىش بىلەن كۆمۈلۈپ كېتەتتى...

چوڭ قارا سومكا كۆتۈرگەن شاپ بۇرۇت، گەۋدىلىك بىر ئادەم سۈيى قۇرۇپ گوداڭغا ئايلىنىپ كەتكەن يۇمىلاقشەھەر كۆلى بويىدا تۇراتتى. غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ نۇرى قۇرۇپ تىلىم ـ تىلىم بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن كۆل ئاستىغا ئۈنۈپ قالغان يانتاقلارغىمۇ چۈشۈپ تۇراتتى. «كۆلنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ، — دەپ ئويلىدى شاپ بۇرۇتلۇق ئادەم ئېغىر تىن ئېلىپ، — بۇرۇن مۇشۇ چاغلاردا كۆل ئەتراپىدىكى چايخانىلاردا ئادەم قايناپ كېتەتتى. ھازىر

① قارىكۆسەي — قوغۇننىڭ بىر خىلى.

بىرمۇ چايخانا قالماپتۇ، بىرەر نەرسە ساتىدىغان ئادەمنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. تووۋا خۇدايىم، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ ھە... كۆلنىڭ قۇرۇپ كەتكىنى ياخشى بوپتۇ. نۇرنىسانى يۇتۇپ كەتكەن تىلسىملىق كۆل...» ئۇ ھېيتگاھقا يول ئالدى. ئۆستەڭبويى كوچىسىدىكى داڭلىق مانتىخانىلارمۇ تاقاقلىق ئىدى. ئۇ ھېيتگاھقا كېلىپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. پەقەت گۇللۇك ئەتراپىدىكى قارتا ئويناپ ئولتۇرغان بىكارچى ياشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەم بەكمۇ شالاڭ ئىدى. «يەل ـ يېمىشمۇ يوق ئىكەن، ئەنجۈر ياكى يارما شاپتۇلدىن بىرەر سېۋەت ئېلىۋالسام بولاتتى، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — گۈلسۈمخانىمۇ بالىلىق بولۇپ كەتكەندۇ، قىزلىرىممۇ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ، قېرىشقاندەك بىر نەرسە تېپىلمايۋاتقىنىنى...»

ئۇ ئەلچىخانا كوچىسى بىلەن يۇرۇپ ئوردا ئالدىغا كەلدى. يەل يېمىش، يېمەك ـ ئىچمەك تىقىلىپ كېتىدىغان بۇ ئاۋات بازار قۇرۇق دېگۈدەكلا ئىدى. ئادەملەر ئۇ تەرەپتىن ـ بۇ تەرەپكە بىرسى قوغلىغاندەك ئىتتىك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە تەمە بىلەن قاراپ تۇرغان «قاراڭغۇ بازارچىلار» مۇ يوق ئەمەس ئىدى. «باللار بار ئۆيگە بىرنەچچە كىيىملىك رەخت، ئۆتۈك، بەتىنكە كۆپايە قىلماس، يەنە بىر ئاز يەيدىغان نەرسىمۇ ئېلىۋالاي» دېدى ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ. ھېيتگاھ، ئۆستەڭبويىدىن ئۆتۈپ، يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىگە كەلدى. كۆل بويىنى ياقىلاپ يۈرۈپ، ئۈستى يېپىق قاراڭغۇ تار كوچىغا كىردى. ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ھويلىغا كىردى. كۆزى ئاۋۋال ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇپ قالغان ئۈجمە دەرىخىگە چۈشتى. بىر چاغلاردا پۈتۈن ھويلىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بۇ ئۈجمىنىڭ بىر تالمۇ يوپۇرمىقى قالمىغانىدى. كىگىزى يىغىۋېتىلگەن پېشايۋان سۇپىسىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۇ خورسىنىپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. ئايۋاندىكى بىساتلارنى چاڭ

بىسىپ قارىغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ئىككى ياندىكى مېھمانخانىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى ئۈمۈچۈك تورى بېسىپ، قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايۋاندىكى تام تۈۋىگە قويۇلغان ساندۇقتىن قۇرۇت بىلەن ئىرىمچىكتىن خالتىغا تۇشقۇدەك ئالدى، بىر سىرلىق كورىنى ھەسەل بىلەن تۇشتۇردى. بۇلارنى سومكىغا تەستە پاتقۇزۇپ، كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. ساقلى پاكىز ئېلىنغان، تىكىلىپ قارىسا كىشىنى چۆچۈتىدىغان كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئوتى ئۇچقۇنلاپ تۇرغان بۇ ئادەم ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ تېز يۈرۈپ كەتتى. بايىقىدىن ئادەملەر سەل كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا سېتىۋاتقان يەل ـ يېمىش، نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى، لېكىن سودا بولۇۋاتاتتى. يوشۇرۇن بولۇۋاتقان بۇ سودا قەشقەردە زادى توختاپ قالغىنى يوق ئىدى. ئۇ قولىدىن ـ بۇ قولغا ھەممە نەرسىلەر ئۆتۈپ تۇراتتى. زېرەك ۋە چاققان بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئالىمەن دېگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ، ساتىمەن دېگەن نەرسىنى سېتىپ نان تېپىپ يېمەكتە ئىدى. ئۇ ئادەم سودىگەرگە خاس كۆزىتىش بىلەن ئەسكى چاپان يېپىپ قويۇلغان بىر سېۋەتكە سەپسالدى.

— سېۋەتتىكى ئالمىمۇ، شاپتۇلمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— شاپتۇل، غوجام، — جاۋاب بەردى چارساقال دېھقان.

— ساتىدىغانلا؟

— ساتامدىغان، — ئۇ ئادەم چاپاننى قايرىدى، چاپان ئاستىدا ئۈچ سېۋەت بار ئىدى، — چاققانىراق بىر نەرسە دېسىلە، بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپ قالسا مۇسادىرە قىلىۋالىدۇ، يىل بويى تۆككەن تەرلىرىم بىكاردىن زايە بولۇپ كېتىدۇ.

— ماۋۇ سېۋەتتىكىگە قانچە پۇل بېرىمەن؟

— بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ كوي بەرسىلە①.

— نېمانچە قىممەت؟

— قىممەت ئەمەس، ئوجام، ناھايىتى بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ پۇلى.

ئۇ ئادەم بېشىنى ئىرغىتىپ تۇرۇپ قالدى. «دېمىسىمۇ راست، ھەممىمىزدە ئىنساپ قالمىدى، بوپتۇ ئالغاچ باراي، قىزلىرىم ئېغىز تېگەر...» ئۇ يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ دېھقانغا تۇتقۇزدى.

— رازى بولسىلا سېۋەتنى بىلەنلا ئالىمەن.

— سىلى ئەھۋالنى چۈشىنىدىغان ئادەم كۆرۈنىلا، — دېدى دېھقان سىپايىلىك بىلەن، — مۇشۇ تاپتا بازار باشقۇرۇشنىڭ بىر ئادىمى كېلىپ قالسا، سىلىمۇ، مەنمۇ بۇ شاپتۇلدىن قۇرۇق قالىمىز. بوپتۇ بېرەي، ئەمما مىڭ كوي قوشۇپ بەرسىلە.

ئۇ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ تېز - تېز قەدەم ئېلىپ ماڭدى، قەدىمىنى بارغانسېرى تېزلەتتى، شۇ مېڭىشىدا ھېچ نەرسىگە قارىماي خام بازىرى رەستىسىنى بېسىپ بولاقبېشى مەھەللىسىگە كەلدى. بولاقبېشى ئىلگىرى بوستانلىق، ھاۋالىق مەھەللە ئىدى. مەجنۇنتاللىق سۆگەتلەر، سۆۋادان تېرەكلەر كېسىۋېتىلگەچكە، ھازىر ئوچۇقچىلىققا ئايلىنىپ قالغانىدى. زۇمرەتتەك سۈزۈك، مۇزدەك سوغۇق سۇلۇق بولاقلارنىڭ كۆزلىرى تىنىپ، ئۇستىنىنى، ئېرىقلارنى ياپپېشىل لەش باسقانىدى. ئۇ ئادەم ھەر تەرەپكە كۆز سالغان ھالدا كېتىۋېتىپ، بالداق بىلەن چېلەك كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ توختىدى. بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۆتۈپ كەتكەن قارا چاچلىق قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. «چاچلىرى نۇرنىسانىڭ چاچلىرىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنە، — ئويلىدى يۈرىكى جىغىلدىغان ھالدا، — قىزلىرىمدىن بىرىمىدۇ يا؟

① شۇ چاغلاردا قەشقەردە بىر يۈەن ئون مىڭ كوي دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇلارنى گۈلسۈمخانلار بېقىۋاتامدىكىن؟ تۇرمۇشقا چىقارغانمىدۇ؟ بىچارە بالىلىرىمنى ئەجەب تاشلىۋەتتىم. نۇرنىسا شۇ يوقىلىپ كەتكەنچە دېرىكى بولماي كەتكەنمىدۇ ياكى پەيدا بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئون سەككىز يىل بوپتۇ شۇ ئىشقا. گۈلسۈمخانلار مېنى كۆرسە نېمە دەر؟ يەنە ۋاپاسىز، سىڭلىمنىڭ بېشىغا چىققان قاتىل، دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرارمۇ ۋە ياكى ھەقىقەت ئاشكارا بولسا، ماڭا ئىچى ئاغرىپ سىڭلىسىنى ئەيىبلەپ بېرەرمۇ؟» ئۇ شۇ خىيال بىلەن سول تەرەپتىكى چانلىپ پەلەمپەي شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن يار ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن تۆمۈر ھالقىلىق قارىداپ كەتكەن دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تالغانىدى. سېۋەت بىلەن سومكىسىنى بوسۇغىغا ياندap لاي بىلەنلا ياساپ قويغان سۇپىچاقنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇردى، چېكىسىدىن ئاققان تەرلىرىنى ئېرتتى، دېمى بېسىقىغا چۇشكۆچە تۇردى، ئاندىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوققان ھالدا دەرۋازا ھالقىسىغا قول ئۇزارتتى، مۇزدەك قارا قۇلۇپ قولىغا ئۇرۇلدى، شۇنىڭدىلا ئىشىكنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

## 2

«سومكا كۆتۈرۈۋالغان ئادەم ماڭا نېمانچە تىكىلىپ قارايدىغاندۇ، يۈرىكىم ئەجەب سېلىپ كەتتىيا، يىراقتىن كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ. ياخشى، كۆتۈرۈۋالغان نەرسىلىرىنى (قىزىل قوغدىغۇچىلار) تارتىۋالماپتۇ...» دەپ ئويلاپ ماڭغان گۈلنىسا قەدىمىنى تېزلەتتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى «ئىنقىلاب قىلىمىز» دەپ ئىش توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆيدە دەم ئېلىۋاتاتتى.

گۈلنىسا بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىن چوڭ يولنى كېسىپ

يانغا قايرىلدى. يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئېتىزلارنى ئارىلاپ تۇمەن بويىغا كەلدى. مەجنۇنتاللارنىڭ شولىسى سۇپسۈزۈك سۇدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. گۇلنىسا ئېگىلىپ چېلەكنى سۇغا سالدى، قارا چاچلىرى ئالدىغا تاشلىنىپ چىلىشىپ قالدى. «ئاتا ــ ئانام نېمىشقا بىزنى تاشلاپ كەتكەن بولغىيدى؟ ئۇلار ئاچامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ھايات ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرى بارمىدۇ؟ مەن ئۇلارنى كۆرەلەرمەنمۇ؟ ئانامدىنغۇ خەت كەلدى، دادام نەدىدۇ؟...» دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ئەگىپ ئاقىدىغان تۇمەن دەرياسى تۆشۈكدەرۋازا دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەرگە كەلگەندە بىرقانچە تارامغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. تۆشۈكدەرۋازا مەھەللىسىنى ئارىلاپ ئاقىدىغان تارام «ئارا تۇمەن» دەپ ئاتىلاتتى. گۈزەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئاقىدىغان چوڭراق تارام «تۇمەن» دېيىلەتتى.

تاراملار ئارىسىدا مەھەللىلەر، تېرەكلىك، سۆگەتلىك بوستانلىقلار بار ئىدى. تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيى زىمىستان قىشتىمۇ توڭلىمايتتى. ئۇنىڭ ساپ، پاكىز تاتلىق سۈيىنى پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئىچەتتى.

گۇلنىسا چېلەككە تولدۇرۇپ ئېلىنغان سۇنى بالداق بىلەن كۆتۈرۈپ ياندى. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقاندا چېلەكنى بىرقانچە قېتىم يەردە قويۇپ يار ئۈستىگە تەستە ئاچىقاتتى، ھازىر قويمايلا چىقىپ كېتەلەيتتى.

ئۇ تۆپىگە چىققاندا، ئىشىكنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان كىشىگە كۆزى چۈشۈش بىلەن تەڭ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىتتىك سوقۇپ دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ سالاپەتلىك بۇ ئادەمگە قىزىل، سېرىق يوللۇق نېپىز ياغلىق سېلىۋالغان بېشىنى سەل ئېگىپ سالام بەردى، ھېلىقى ئادەم قىزنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن قوپتى.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى، بالام؟ — سورىدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

— تۇراپ دادامنىڭ.

— سىلى تۇراپ ئاخۇننىڭ قىزى بولاملا؟

— ھەئە، — بوشقىنا جاۋاب بەردى گۇلنىسا.

— دادىلىرى ھېلىمۇ مەكتەپتە ئىشلەمدۇ، بالام؟

— ياق، ھازىر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

— گۇلسۇمخان ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ؟

— ئانام خىزمەتتىن كەلمىدى.

— ھە! — دېدى ئۇ ھەيران قالغان ھالدا ۋە قوشۇپ قويدى، — گۇلسۇمخان خىزمەت قىلىدىكەن - دە.

— ھەئە، يارباغ كوچا باشقارمىسى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى.

— مۇنداق دېسىلە، بالام، جاھان جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ. ئۆزى تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتكەن ئون سەككىز يىلدىن بېرى قەشقەر شەھىرىنىڭ قىياپىتىدىلا ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرى، تۇرمۇشى، ئورنى جەھەتتىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى گۇلنىسانىڭ جاۋابلىرىدىن قىياس قىلدى.

گۇلنىسا مېھماننىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئۆزلىرى تۇراپ دادامنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىلە؟ — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— ھەئە، بالام، سەل تۇرۇپ كەلسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ كىشى قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

— كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا.

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇراي.

نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى ئىسسىق كۆرۈنگەن بۇ ئادەمنى كوچىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغۇسى كەلمىگەن گۇلنىسا:

— تۇراپ دادام كەلسە خاپا بولىدۇ، ئۆيگە كىرسىلە، — دەپ زورلىدى ۋە قولۇپقا ئاچقۇچ سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئادەم سومكا بىلەن بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ گۈلنىسانىڭ كەينىدىن پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلغان هويلىغا كىردى. «ئۇجمە ئەجەب باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ، تېرىلغان، يامغا كۆچۈرۈلگەن گۈللەر شۇنچە ئېچىپتۇ، بېدىشقا ئېلىنغان تال هويلىنىڭ يېرىمىنى قاپلاپتۇ، ئۈزۈممۇ قالتىس بوپتۇ. ئادەم بولسىلا چۆلمۇ باغقا ئايلىنىدىكەن...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، گۈلنىسا كۆرپە سالغان سۇپىدا ئولتۇردى. كۈن نۇرى پېشايۋاننىڭ نەقىش ئويۇلغان ناۋاسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئاپتاپ هويلىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالغانىدى. ئۇجمە شېخىغا قونغان قاغا ئىككى قېتىم قاق - قاق دەپ قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى. گۈلنىسا ئاش ئېتىشكە تۇتۇندى.

※ ※ ※

قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن كىرگەن تۇراپ تۇرۇپلا قالدى. «بۇ كىمدۇ، سالاهىدىنغا ئەجەب ئوخشايدۇيا، شۇمۇ نېمە؟» دېدى كۆڭلىدە.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۇراپ ئاخۇن، تىنىچ - ئامان تۇرلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سالاهىدىن ئاخۇن، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى؟ نەلەردە تۇرۇپ، نەلەرنى ئايلىنىپ كەلدىلە؟ — ياجىسىنى تونۇغان تۇراپ قول بېرىپ كۆرۈشتى.

— خۇدا رىزقىمنى چاچقان يەرلەرگە بېرىپ، رىزقىم كۆتۈرۈلگەندە يېنىپ كەلدىم، تۇراپ ئاخۇن، — سالاهىدىن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن سۇپىغا ئولتۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

— سىلى بار ئىكەنلا، سالاهىدىن ئاخۇن، شۇنچە يىللار

دېرەكلىرى بولماي كەتتى. ھە، قاچان كەللە؟ بالىچاقىلىرى باردۇ؟ ــ دەپ قايتا تىنچ ــ ئامانلىق سورىدى تۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ خۇدا ئامان قىلسا ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدىكەن، تۇراپ ئاخۇن. تاغ ئارقىسىغا شۇ چىقىپ كەتكىنىمچە ئىلىخودا تىجارەت بىلەن بولدۇم. ئالتاي، چۆچەكلەردىن قوي ئەكېلىپ غۇلجىدا سويۇپ ساتتىم، كاۋاپچىلىق قىلدىم. ئۆلمىگەن ئادەمگە جاھاندارچىلىق قىلماي بولمايدىكەن. بىزنىڭ قەشقەرلەرگە قارىغاندا ئۇ ياندىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى خېلى ئوبدان. كېيىن يالغۇز ئۆتكۈم كەلمەي بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، شىخۇغا كېلىپ چايخانا ئاچتىم، خۇدا ئاچ كۆز ئايالدىن ئۆزى ساقلىسۇن، ئۇچ يىل ئىچىدە تاپقان ــ تەرگىنىمنى قويماي تۈگىتىپ بولدى، مېنى بىزار قىلىۋەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ خېتىنى مىڭ تەسلىكتە بېرىپ، يەنە ئاسمىنى كەڭرى، ئەلۋەك يۇرت بولغان ئىلىخوغا قايتىپ كېتىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم. كۆز ئالدىمغا ئاشۇ ۋاپاسىز خوتۇن تۇغقان ئاجىزەلەر كېلىۋېلىپ، ئاخىر قەشقەرگە يېنىپ كەلدىم.

ــ ياخشى قىپلا، سالاھىدىن ئاخۇن، ــ دېدى تۇراپ. ئۇ ئورنىسادىن خەت كەلگەنلىكىنى ئېيتاي دەپ، قولى بىلەن گەدىنىنى بىر سىلىدى ــ دە، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى توختىتىۋېلىپ گەپنى گۈلنىساغا يۆتكىدى، ــ قىزلىرى گۈلنىسا رەسىدە بولۇپ قالدى. ناھايىتى ئىشچان، ئۆزى پاكىز، ھەممە ئىشنى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك قىلىدۇ. ھازىر گىلەمچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغاندىن بېرى ئۆيگە بېكىنىۋالدى. نېمە ئۇچۇندۇر «قىزىل قوغدىغۇچى» بولۇپ چېچىنى كېسىشنى خالىمىدى، بىزمۇ مەيلىگە قويۇپ بەردۇق. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ جان قايغۇسىدا بولۇپ قالدۇق، سالاھىدىن ئاخۇن.

ــ شۇنداق دېسىلە، ــ ئېغىر تىن ئالدى سالاھىدىن، ــ

مەنمۇ شىمال تەرەپلەرگە سوْدەك يامراپ كېتىۋاتقان بۇ ئىنقىلابتىن ئۆزۈمنى تارتىپ قەشقەرگە كەلگەنىدىم، ئوت بۇ يەرگىمۇ تۇتاشقانىكەن. خەيرىيەت، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز. ئۆز يۇرتۇڭدا ئۆلسەڭمۇ كۆتۈرگىلى ئادەم چىقىدۇ، نېمە بولساق ئۆز يېرىمىز. باغرى تاشلىق قىلىپ تاشلاپ كەتكەن قىزلىرىمنى كۆرسەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسام، دېگەن ئارزۇدا كېلىپ قالدىم، تۇراپ ئاخۇن.

— كەلگەنلىرى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، سالاھىدىن ئاخۇن، بايا تىن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ گۈلنىسا بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئېسىمدىن چىقىپتۇ، — تۇراپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا كۆز سېلىپ چاقىردى:

— بالام، گۈلنىسا !

يايىغان خېمىرنى كېسىۋاتقان گۈلنىسا پىچاقنى سۇپىرا ئۈستىدىلا قويۇپ هويلىغا چىقتى.

— بالام، قىزىم، — ئورنىدىن تۇرغان سالاھىدىن غۇلاچ يېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

گۈلنىسانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتلىنىپ تۇرۇپلا قالدى.

— بالام ... قىزىم...

— بالام، بۇ كىشى ئۆز ئاتىلىرى سالاھىدىن ئاخۇن بولىدۇ، كۆرۈشسىلە.

ئاتا مېھرىگە زار قىزنىڭ ۋۇجۇدى كۆيۈۋاتقان شامدەك ئېرىدى.

— دادا، دادا ! بارمۇ سىلى، دادا !

گۈلنىسا ئېتىلىپ كېلىپ سالاھىدىنغا گىرە سالدى. سالاھىدىن ئۇن سېلىپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— بالام، ئوبدان تۇرلىمۇ؟ بىلمەپتىمەن، سىلەرنى تاشلاپ كېتىپتىمەن. تاش يۈرەك دادىلىرىنى ئەپۇ قىلسىلا، جىگەرىم.

سالاھىدىن ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان گۈلنىسانىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، قولىدىن يېتىلەپ كېلىپ سۇپىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ئاچىلىرى ھۆرنىسا بۇ ئۆيدە ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ — قانداقتۇر ئەندىشە بىلەن سورىدى سالاھىدىن.

— گۈلنىسا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى.

— ئاچام...

— نېمە، نېمە بولدى؟ — چۆچۈپ سورىدى سالاھىدىن. گۈلنىسا ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

— سالاھىدىن ئاخۇن، سەۋر قىلىسىلا، — دېدى تۇراپ گەدىنىنى سىلاپ. ئۇ گۈلسۈمنىڭ «باشلىق تۇرۇپ ھاڭۋاقتى ساتىراشتەك گەدەنلىرىنى بىكاردىن - بىكار سىلىسىلا كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالامدىلا، بۇنداق قىلىقنى ئەمدى تاشلىسىلا» دەپ قاتتىق توسۇشى بىلەن گەدىنىنى سىلاپ گەپ قىلىدىغان ئادىتىنى ئاستا - ئاستا تاشلىغانىدى. پەقەت خوتۇنى يوق چاغلاردا بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسە، ئەنە شۇنداق گەدىنىنى ئىختىيارسىز سىلاشتىن ئۆزىنى توسۇيالماي قالاتتى. ئۇ گەدىنىدىن قولىنى چۈشۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بالىمىز ھۆرنىسا قىز ھەربىرلىرى ئۈشتۈمتۇت ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ياۋاشلاپ، شۈكلىشىپ قالغانىدى. ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ نەگىدۇر كەتكەنلىكىنى، مەن بىلەن گۈلسۈمنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى ئەمەسلىكىمىزنى بىلىپ، ئازابلانغان بولسا كېرەك، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇق. تاراققىدە قىلسا ئىشىككە قارايتتى، بەزىدە ئۆزىچە يىغلايتتى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇياق - بۇياققا كۆز سالاتتى، دائىم ئۇكىسى بىلەن بولاتتى. بالا بارا - بارا تاماقتىن قېلىپ ياداپ كەتتى. گۈلنىسا يىغلىسا، ئۇكام يىغلىما، ھېلى ئانام، دادام كېلىدۇ، دەپ بەزلىگىنىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم. دوختۇرغا كۆرسەتسەك، سىل كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ، دېدى. دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپمۇ داۋالاتتۇق، ئۆيدىمۇ داۋالىدۇق. بالا كۈندىن - كۈنگە تارتىلىپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

ئۆكىسى گۈلنىسا ئىككى ياشتىن ئاشقاندا ھۆرنىسا قىزىم «دادا، ئانا !» دەپ تۈۋلاپ تورۇسقا تىكىلگىنىچە جان ئۈزدى. بولمىسا قىلمىغىنىمىز قالمىغانىدى، سالاھىدىن ئاخۇن، ئۆمرى شۇنچىلىك بولسا كېرەك. مانا بۈنىڭغا ئون ئالتە يىلدىن ئاشتى، گۈلنىسا قىزمۇ چوڭ بولدى...

— جېنىم بالام، بىلەلمەي قاپتىمەن، بالام، جېنىمغا زامىن بوپتۇق، بالام، ئاھ، ئىسىت بالام، خېنىم بالام...

سالاھىدىن گۈلنىسانى باغرىغا بېسىپ يىغلاشقا باشلىدى.

## 3

گۈلسۈم يولدا ھاسىرىغىنىچە يىغلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئاۋۇ خوتۇنغا قاراڭلار، چېچىنى كېسىۋېتىپتۇ.

— قىزىل قوغدىغۇچىلار كەسكەن ئوخشايدۇ.

— كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنىمۇ كېسىۋېتىپتۇ، ھا - ھا - ھا ! ...

— ساراڭ خوتۇن، ساراڭ خوتۇن...

كەينىگە كىرىۋالغان ئۇششاق باللار ھەر قىسما گەپلەر بىلەن ئۇنى ئاشۇنداق زاڭلىق قىلىشاتتى.

— توختاش، ھارىمىلار ! — ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم ۋارقىراپ باللارنى توختاتتى، — نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ ئەتە - ئۆگۈن سەنلەرنىڭمۇ ئاچا - ئاناڭلارنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويسا قانداق قىلىشىسەن؟ ماڭ، كېتىش !...

باللار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى. گۈلسۈم بۇ ئادەمگە ئىچىدە مىڭ رەھمەت ئوقۇپ ئىتتىك ماڭدى، ھېلىقى پەلەمپەيدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ناھايىتى تەستە چىقتى. ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە قۇلىقىغا يىغا ئاۋازى كىردى. «ئەمدى ئۆيدە نېمە بولغاندۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن ئالدىراپ كىرگەن گۈلسۈم گۈلنىسانى باغرىغا تېڭىپ يىغلاپ ئولتۇرغان

سالاھىدىننى كۆردى. «سىنىڭمۇ كۆزۈڭدىن ياش چىقىدىكەن ـ ھە، باغرى تاش، قارا كۆڭۈل، خەتتە سىڭلىمنىڭ سەن توغرۇلۇق ھېچنېمە يازمىغىنىغا قارىغاندا، ئۆيدە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىپتىكەنسەن ـ دە، كۈنچى ئوغرى. ئەمدى يىغلاپ ـ قاقشىغىنىڭ بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن گۈلسۈمنىڭ يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايى سۆرۈنلەشتى. ئۇ سالاھىدىنغا قاراپمۇ قويماي، ئۇدۇل ئايۋانغا كىرىپ كۆڭلىكىنى يەڭگۈشلەپ كىيىۋالدى، بېشىغا باشقا رومال سېلىۋالدى. ئۇنىڭ كەلگىنىگە زەن سالمىغان سالاھىدىن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغىدىن باش كۆتۈردى.

تۇراپ خوتۇنىنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن شۇنداق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپلا بىلگەنىدى، شۇڭا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ گەپ قىلمىدى. گۈلسۈمنىڭ باشقىدىن كىيىنىپ چىققىنىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ئانىسى، سالاھىدىن ئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈڭلا، — دېدى.

— ھە، سالاھىدىن ئاخۇنمۇ بۇ؟ مەن تېخى ئۇن ـ تىنسىز يوقىلىپ كەتكىنىگە قاراپ، ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىكەنمەن. ئەسسالام، نەدىن كېلىشلىرى؟ — دېدى گۈلسۈم سوغۇققىنا.

سالاھىدىن ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

— مەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھايات يۈرۈۋاتىمەن. سىڭلىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى مېنى بالىلىرىمدىن ئايرىپ سەرگەردان قىلىۋەتكەنىدى. بالىلىرىمنى دەپ ئىلىخودىن كەلدىم. چوڭ قىزىم ھۆرنىسا قازا قىلىپ كېتىپتۇ، تەقدىر شۇنداق بولىدىكەن گۈلسۈمخان، ھايات بولساق كۆرۈشىدىكەنمىز.

— يەنە نېمە دەپ ئالجىۋاتىلا؟ — دەپ چالۋاقىدى گۈلسۈم، — سىلى ۋاپاسىزمۇ، سىڭلىممۇ؟ ئەردىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن قايسىبىر ئايال ئۆيىنى تاشلاپ كېتىپتۇ؟ تىل ـ تاياق زەربىدىن ئەرنىڭ ئۆيىدە باساقتا چۈشكەن قۇشتەك سىقىلىپ قالغان ئايال سىڭلىمدەك قىلماي ئۆلتۈرىۋېرەتتىمۇ، سالاھىدىن ئاخۇن؟ ئۆينى، بالىلىرىنى تاشلاتقۇزۇپ كەتكۇزۇۋەتكەن سىلى، بىلىپ قويسىلا.

— جايلىرىدا شۈكۈر دەپ ئولتۇرسىلا، گۈلسۈمخان، — دېدى سالاھىدىن بۇيرۇق ئاھاڭدا، ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى، — ئايال ۋاپادار بولسا ئەرنىڭ تىل ـ تايىقىغا چىدايدۇ، نارەسىدە بالىلىرىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، خارلىقتا قالدۇرمايدۇ.

— بولدى، سالاھىدىن ئاخۇن، كەلگەنلىرى ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى بولدى، گۈلنىسا خۇشال بولدى. بىزنىڭ خوتۇن سىڭلىسىغا چىدىماي شۇنداق دەيدۇ، بۇنى ئېغىر ئالمىسىلا، ھە، ئانىسى، — دېدى تۇراپ گەدىنىنى بىر سىلىۋېتىپ، گۈلسۈم گەپ قىلماي ئالايغىنىچە ئېرىگە قارىدى، — مەزە ئاچىقىڭلار، گۈلنىسا تاماقنى ئېتىۋەرسۇن، سالاھىدىن ئاخۇننىڭ كەلگىنىگە خېلى بولدى.

باياتىن دادىسىغا، يا گۈلسۈمگە يان بېسىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان گۈلنىسا يەنىلا دادىسىغا قىيالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا بىر قارىۋېلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. گۈلسۈم داستىخان سېلىپ مەزە ئاچىقتى. ئاشخانىدىن چاي كۆتۈرۈپ چىققان گۈلنىسا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان دادىسىغا چاي قۇيدى. ئۇ سەل ياتسىراپ تۇرغان بىلەن ئاتا مېھرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى.

گۈلسۈم گۈلنىسانىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىردى:

— سۆيۈقئاش ئەتكەنمۇ، بالام؟ بوگۈن يا زاڭ، يا يوبىدان ئەتسىلىمۇ بوپتىكەن، ئاق ئۇنىمىز توگەي دەپلا قاپتۇ، — دېدى

گۈلسۇم قازان بېشىغا قاراپ قويۇپ، ــ سىلىنىڭ ئۆز دادىلىرى ئاشۇ سالاھىدىن ئاخۇن بولىدۇ. كۆردىلىمۇ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى، ئەلپازىنىڭ مانا شۇنداق يامانلىقىدىن ئانىلىرىمۇ يىراق يەرگە كېتىپ قالغان. بۇنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ماقۇلمۇ قىزىم؟

گۈلنىسا چۆپنى كېسىشتىن توختاپ جىم تۇرۇپ قالدى، گۈلسۇمنىڭ سۆزىنىڭ تېگىدە باشقىچە مەنە بار ئىدى.

ــ مەن سىلىگە كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن، بالام. بۆشۈكتىكى چاغلىرىدىن باشلاپ، قىزىم ھۆرلىقا بىلەن ئوخشاش ئېمىتىپ باققانمەن. سالاھىدىن ئاخۇن ئەكېتىمەن دېسە، ئۇنىمىسىلا، ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ قالىلا، زامان ئەنسىزلىشىپ كەتتى، بالام. كىم بىلەن كىمنىڭ كارى، ئوتتا كۆيگىنى كۆيگەن، سۇدا ئاققىنى ئاققان بولۇپ كېتىۋاتامدۇ. سىلىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كارخانىغا بارمىغانلىرى ياخشى بوپتىكەن، بارغان بولسىلا شۇنداق چىرايلىق قارا چاچلىرىدىن ماڭا ئوخشاش ئايرىلىپ قالغان بولاتتىلە. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ يارباغ باشقارمىمىزغا بىر توپ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» باستۇرۇپ كىرمەمسۇ؟ قىيامەت قايىم بولۇپ كەتتى. باشقارما باشلىقى بىلەن شۇجىنى، مېنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ قىلمىغان ھاقارىتى قالمىدى، تاپىنىمغا چۈشىدىغان قارا چاچلىرىمنى، كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىنى كېسىۋەتتى. ئۇلار ئۇششۇك ھەربىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئېتەكسىز كۆڭلەكتىن ئىشتىنىمنىڭ ئىېغى كۆرۈنۈپ قالدى. ئىزاغا ئۆلمىدىم. بۇنى ئاز دەپ كونا داسىنى داپ قىلىپ چالدۇرۇپ سازايى قىلدى. كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ تېخى ھېلى قويۇپ بەردى. كېلىۋاتقۇچە بالىلار كەينىمگە كىرىۋېلىپ بەك خاپا قىلدى. ئۆيگە ئاران كېلىۋالدىم.

گۈلسۇم يىغلامسىراپ شۇنداق دېگىنىچە كەينىنى قىلىپ چېچىنى گۈلنىساغا كۆرسەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، چاچلىرىنى تۈۋىدىنلا كېسىۋېتىپتۇغۇ، ئانا، قانداقمۇ تۇرۇپ بەرگەنلا؟ — دېدى ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنغان گۈلنىسا ئاشنى قازانغا سېلىۋېتىپ.

— تۇرۇپ بەرمەي نېمە ئىلاجىم بولسۇن، قىزىم؟ تەرەپ ـ تەرەپتىن نەيزە، پىچاق، كالتەكلىرىنى تەڭلەپ تۇرغان كىچىك باتۇرلارغا گېپىم ئۆتمىدى.

— مەن ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ تۇرۇپ بەرمەيتتىم، — دېدى گۈلنىسا ئاشنى ئارىلاشتۇرۇپ، — نائەھلى ئىكەن ئۇلار.

— مەن قىزلىرىمدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. «قىزىل قوغدىغۇچى» بولۇۋالدى ئەمەسمۇ؟ خالىغاندا كېلىپ، خالىغاندا كېتىدۇ، گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. دادىسى بوش، بولمىسىمۇ ئادەم بولغاچقا تەپ تارتمايدۇ، قانداق قىلارمەن؟

گۈلنىسا قازاننى چۆشۈردى، گۈلسۇم ئاشنى ئۇستى.

— بالام، ئاشنى مەن ئاچىقسام، سالاھىدىن ئاخۇننى كۆرۈپ، ئانىلىرىنى ئەسلەپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىدىكەنمەن، سىلى ئاچىقسىلا.

گۈلنىسا چىنىگە لىق ئۇسۇلغان ئاشنى ئاچىقىپ ئاۋۋال دادىسىنىڭ ئالدىغا، ئاندىن تۇراپىنىڭ ئالدىغا قويدى.

※ ※ ※

كەچكى شەپەق ھويلىغا قىزغۇچ جۇلا تاشلىدى. تالدىكى ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەر گۈگۈم قاراڭغۇسىدا كۆكۈچ مارجاندەك يالتىرىدى. بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان كۈز شامىلى شاخلىرىنى شىلدىرلىتىپ يامدىكى گۈللەرنى يەلپۈندۈرەتتى.

قىزىق ئاش ئىچكەندىن كېيىن سالاھىدىننىڭ پېشانە ـ ماڭلايلىرىدا پەيدا بولغان تەر بىردەمدە قۇرۇپ كەتتى. ئاش ئىچىلىپ داستىخان يىغىلدى. سالاھىدىن ئاشخانا ئەرەپكە

قاراپ:

— گۇلنىسا قىزىم، بىر ئاپتۇۋا سۇ بەرسىلە، — دېدى. شۇ دەمدە ئۇنىڭ ئاۋازى ئاتىلارغا خاس تەبىئىي ۋە سىلىق چىققانىدى.

— گۇلنىسا ئاپتۇۋىدا سۇ ئاچىقىپ، ئىككى قوللاپ دادىسىغا سۇندى.

— رەھمەت، بالام، خۇدا يامان كۆزدىن ساقلىسۇن، — ئاتىسىنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىققان بۇ سۆزى گۇلنىسانىڭ كۆزلىرىنى ياشقا توشتۇردى، ئۇ ئىتتىك ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. كەچكى شەپەق بىردەمدىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

سالاھىدىن تاھارەت ئېلىپ ناماز شامنى ئوقۇۋالدى. گۇلنىسا پانارنى يېقىپ ئايۋاننىڭ تەكچىسىدە قويدى. تۇراپ ساغىرىپ پىشقان ئۈچ ساپاق ئۈزۈمنى ئۈزۈپ، تەخسىگە ئېلىپ سالاھىدىننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ھېلىمۇ ياخشى بۇ تالنى قويغانىكەنمىز، خۇددى بېغى بار دېھقاندەك قىشچە ئۈزۈمنى يەپ چىقىمىز، ئاللا، بايا سىلىگە دېگىنىمدەك، سالاھىدىن ئاخۇن، — دەپ سۆز باشلىدى تۇراپ، — بىرنەچچە يىلدىن بېرى ۋىلايىتىمىزدە ئۇدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ئاشلىق مىقدارى خېلىلا كېمىيىپ كەتتى. بۇنىڭدا يەنە قانداق سەۋەبلەرنىڭ بارلىقى خۇدانىڭ ئۆزىگە مەلۇم. قوناق ئۇنىغا قالدۇق، سۇيۇقئاش ئىچىپ چىقىپتۇ، دەپ ھەرگىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، قوي سويۇپ كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم ئىدى، ئالدىلىرىدا ئۆزرىلىكمىز.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قىزىمنى ئوبدان چوڭ قىلىشىپلا، يۈز قوي سويغاندىن ئارتۇق خۇشال بولدۇم. خۇدا ھەربىرلىرىگە رەھمەت قىلسۇن، — دېدى سالاھىدىن ئاشخانا تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي. گۇلنىسا ئاشخانا سۇپىسىدا دېرىزىدىن ئاتىسىغا قاراپ ئولتۇراتتى، گۇلسۇم قاچا ـ قۇچىنى ئۆزى يۇيۇۋاتاتتى.

— ئىلى تەرەپلەردە ئاشلىق ئىسراپتۇ؟ — سوراپ قالدى تۇراپ خىيالغا چۆككەن سالاھىدىندىن.

— ئىلى تەرەپلەردىمۇ ئاشلىق بۇرۇنقىدەك ئىسراپ ئەمەس، — خىيالچان جاۋاب بەردى سالاھىدىن، — شۇنداقتىمۇ قەشقەرگە سېلىشتۇرغاندا ئات پەرقى بار. ئۇ يەردىكى خەق قوناق، گۆلەڭ ئۇنلىرىنى ئاساسەن يېمەيدۇ، ئات ـ كالىغا بېرىدۇ، تۇراپ ئاخۇن، ئىلى دېھقانلىرى قەشقەر دېھقانلىرىدەك تاغار يۇدۇپ، ئۇغۇت ـ توپا توشۇمايدۇ، بۇغداينى كۆپ تېرىيدۇ. ئۇ يەرلەردە ئاشلىق بۇ يەردىكىدىن ئىسراپ.

— دادا، ئەمدى كەتمەسلا؟

قىزىنىڭ بۇ سۆزى سالاھىدىننىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.

— كەتمەيمەن، بالام، سىلىنى دەپ كەلدىم ئەمەسمۇ.

گۈلنىسا خاتىرجەم بولغاندەك ئېغىر بىر تىنىپ قويدى.

— ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، ئەمما پەرق يوق ئەمەس. دۇنيادىن بۇنداق ئېچىرقاپ، قورقۇپ ئۆتمەسمىز ـ ھە، تۇراپ ئاخۇن؟ — دېدى سالاھىدىن ئاخۇن.

— ئەلۋەتتە، پارتىيە ئىشلارنى تۈزەيدۇ، — دېدى ئۇ. ئاندىن سۆزنى تەبىئىي ئاپەتكە بۇرىدى، — تەبىئىي ئاپەت دېگەننى توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن. قار ـ يامغۇر ياغماي بوران چىقمۇۋەرسە، سۇيىنگە قانمىغان زىرائەت كۆكەرمەيدىكەن، ھوسۇلنىمۇ ئالغىلى بولمايدىكەن...

— شۇنداق، تۇراپ ئاخۇن، — سالاھىدىن ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى، — ھازىر كىشىلەر تىرىشچان، ئىشچان، ھارماس بولۇپ كەتتى. قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتكىمۇ پىسەنت قىلماي كۆن كەچۈرمەكتە. مەنمۇ كىچىككىمدە بىر قېتىم ئىلىخو تەرەپلەرگە چىقىپ كەلگىنىم ئۈچۈن، بۇ نۆۋەت زادىلا تەمتىرەپ قالمىدىم. ناۋايلىقمۇ قىلدىم، ئاشخانىمۇ ئاچتىم، كۆمۈرمۇ قازدىم، تاشمۇ كولىدىم، قاسساپلىق، كاۋاپچىلىقمۇ قىلدىم، دۇكانمۇ ئاچتىم. ھەممىدىن تىجارەتكە يەتمەيدىكەن،

تۇراپ ئاخۇن، ياخشى مالنى ئېلىپ دۇكاندا ئولتۇرۇپ ياكى بازارمۇبازار كېزىپ قىلغان كىرىمدە بەرىكەت تولا ئىكەن. بىلمىدىم، هازىر تىجارەت توسۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

— شۇنداق دېسىلە، — دېدى تۇراپ ياقتۇرمىغان هالدا گەدىنىنى سىلاپ. گۈلسۇمنىڭ ئاشخانىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا قولىنى دەرهال چۇشۇرۇۋالدى. تۇراپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — سىلى كۆپ يەرلەرگە باردىلا، كۆپنى كۆردىلە، سالاهىدىن ئاخۇن. بىز قەشقەرگە مىخلاپ قويغاندەك ئورنىمىزدىن قوزغالماي ئولتۇرىۋەردۇق. خوش، قېنى ئېيتسىلا، تونۇشلار ئۇچرىدىمۇ؟

— ئۇچرىدى...

— كىملەر ئۇچرىدى؟ بۇ تەرەپلەردىن شىمالغا بېرىپ قالغانلار كۆپمىكەن؟

— ئۇچرىغانلار كۆپ، شەهەرلىك، سەهرالىق تونۇش كىشىلەر خېلى ئۇچرىدى. سىلى بىلسىلىرى كېرەك، يۇمىلاقشەهەر كۆلبېشىلىق ساۋۇتۇم دەيدىغان بىر داخۇنگەي يىگىت بار ئىدى. مەن نۇرنىساغا ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى بىر ئېلىپ قويغانىدىم. مەن شۇ ساۋۇتۇم بىلەن غۇلجىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ساۋۇتۇم قەشقەردىن ئىلىغا چىققاندىن كېيىن خاڭدا ئىشلىگەنىكەن. خاڭدا ئىشلەۋېرىشكە چىدىيالماي، كېتەي دېسە پۇل يىغالماي نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. غۇلجا شەهىرىدىكى بازارلارنىڭ بىرىدە ئاشخانا ئاچقانىدىم. بىر كۈنى ئورۇق، سولغۇن چىراي بىرسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چاي ئېلىپ بارسام، ساۋۇتۇم ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم، بىر يۇرتلۇقۇم ئەمەسمۇ. مەن ئۇنداق ياقا يۇرتتا چىقىپ بىرئاز پۇل تاپسا گىدىيىۋېلىپ، بىللە ئويناپ ئۆسكەن يۇرتدىشى ئالدىغا كەلسە كۆرمەسكە سالىدىغان نامەرد قەشقەرلىكتىن ئەمەسمەن.

ئۈنىڭدىن ھال سورىدىم. ئالاھىدە چاي دەملەپ ئالدىغا قويدۇم، قورسىقىنى تويدۇردۇم. ئۇنىڭ «يانلىرىدا ئىشلەپ قالاي» دېگەن تەلىپىنى يەردە قويماي دۇكاندا ئېلىپ قالدىم، ئىمكار ئىشلەۋاتقانلارنى باشقۇرۇشقا قويۇپ قويدۇم. دەسلەپ ئاغزىمدىن كىرىپ، بۇرنۇمدىن چىقىپ يامان ئەمەس ئىشلىدى، كېيىن ئۇنىڭ بىكار تەلەپ ئاغىنىلىرى كۆپەيگىلى تۇردى. بۇنىمۇ ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىگەنىدىم. نەدىكى چۈپرەندە خوتۇنلار كېلىپ غەلىتە قىلىقلارنى چىقارغىلى تۇردى. شەھۋانىيلىققا بېرىلگەن بىر نېمىكەن ئۇ، دۇكانىنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرغىلى تۇردى. بۇ ئىززەت ـ نەپسىمگە ھار كەلدى. ئۇنى خىلۋەت يەرگە ئېلىپ بېرىپ قولىغا ئىككى يۈز كوينى تۇتقۇزدۇم: «ئۇكا، رەھمەت، مۇشۇ پۇل بىلەن قەشقەرگە كېتىۋالغىن. بۇ يەردە بۇنداق نائەھلىلىك قىلىۋەرسەڭ يا پىچاقتا ئۆلىسەن، يا تۈرمىگە قامىلىسەن» دەپ شۇ يەردىلا يولغا سېلىۋەتكەنىدىم، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئالدىمغا كېلىپ: «سالاھىدىن ئاكا، ماڭا بىر ياخشىلىق قىل، ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە مەدىكار ئىشلەپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدىم. قەشقەرلىك بىر زىيالىي ئادەم ئۈرۈمچىدىن (كادىرلار مەكتىپى) گە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنىكەن، ئەھۋالىمنى ئېيتسام «ساۋاتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ھېيتگاھتا دوك قارىمدا ئوقۇپ ساۋاتىمنى چىقارغان، دەپ جاۋاب بەردىم. مەن ئەكېتەي، بىكار يۈرگەندىن كۆرە ئوقۇپ قالغىن، دەپ تىزىملىۋالدى. ئاكا، ئازراق يول راسخوتى بەرگىن، ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن» دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى. مەن يەنە بىر يۈرتلۇق، بىر مەھەللىلىك ئىكەنلىكىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ يۈز كوي بېرىۋىدىم، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ خوشلىشىپ كەتكەنىدى. ئاڭلىسام، ھازىر ئاقسۇدا سودا ئىدارىسىدە ئىشلەۋېتىپتۇمىش. مانا شۇنداق تونۇشلار ھەر يەردە ئۇچراپ تۇردى، تۇراپ ئاخۇن، مەنپەئەت يەتسە

تونۈيدىكەن، يەتمىسە تونۇمايدىغانلارمۇ بولىدىكەن.

ــ شۇنداق، سالاھىدىن ئاخۇن، ــ دېدى تۇراپ. شۇ ئارىدا خۇپتەنگە ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلىنىپ، پاراڭ توختاپ قالدى.

ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. سالاھىدىنغا پات ـ پات كۆز سېلىپ ئويلىنىپ ئولتۇرغان گۈلنىسا:

ــ دادا، ئانامنى كۆرمىلىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

قىزىنىڭ تۇۋەن ئاۋازدا يىغا ئارىلاش سورىغان سوئالى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى.

ــ راستىنى ئېيتسام، قىزىم، ــ دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، ــ ئانىلىرى بۆشۈكتە ياتقان سىلى بىلەن ئەمدىلا ئۈچ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ھۆرنىسانىمۇ دېمەي ئۆيىنى تاشلاپ غايىب بولغاندىن كېيىن، قەشقەردە تۇرىۋېرىشكە يۈزۈم چىدىماي، مەنمۇ تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتكەنىدىم. ئىزدىمىدىم ئەمەس، ئىزدىدىم، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدىم. ئەگەر ئالالىغان بولسام ... ــ سالاھىدىن گېپىنى توختىتىۋېلىپ، خورسىنغان ھالدا ئېغىر تىن ئالدى. ئۇ «تۇتۇۋېلىپ قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋېتەتتىم» دېمەكچىدى، ئەمما مۆلدۈرلەپ تۇرغان قىزى ئالدىدا ئۇنداق دېيىشكە تىلى بارماي، ئاغزىغا ئۇزۇمدىن بىر تال سېلىپ گۈلنىساغا قارىدى، ــ ئانىلىرىنى ھېچ يەردە ئۇچراتمىدىم. كىشىلەرنىڭ جىن ئېلىپ قاچقان دېگەن گېپى راست بولسا كېرەك، بالام.

دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گۈلنىسا شۇنداق شۈكىلىشىپ كەتتىكى، دادىسىمۇ، تۇراپمۇ، گۈلسۇممۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. كىچىككىنە تۇرۇپ ئۆي ئىشى ۋە كىملەم توقۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بۇ قىزنىڭ ئېڭىدا «دادام ئانامنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدۇ» دېگەن سادا ئويى بار ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى بونىنىدىن ئالتە پارچە خەت كەلگەنىدى. ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ

قالغاندەك بولۇپ ٴۇنىنى چىقىرالماي قالغانىدى. شۇ تاپتا ٴانىسىدىن خەت كەلگەنلىگىنى ٴېيتسا دادىسى نېمە دەركىن؟ شۇنداقتىمۇ ٴۇنىڭ ٴاغزىدىن:

— دادا، ٴانامدىن خەت كەلدى، — دېگەن سۆز پوسۇقتىدە چىقىپ كەتتى.

— نېمە دېدىڭ، قىزىم، ٴانامدىن خەت كەلدى دېدىڭمۇ؟ نەدىكەن ٴۇ ۋاپاسىز؟ — سالاھىدىن چاچراپ ٴورنىدىن تۇردى.

— بۇنىن دېگەن شەھەردە ٴىكەن، سىلى بىلمەملا، دادا؟

— ٴېسىمگە كېلىپ بۇنداق شەھەرنىڭ نامىنى ٴاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ نەدىكى شەھەر بولدى ٴەمدى؟ ٴورۇسلارنىڭ شەھىرى بولمىسا پەرەڭلەرنىڭ شەھىرى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە، نامىمۇ غەلىتە ٴىكەن. تۇراپ ٴاخۇن، ٴېيتسىلا، نۇرنىساخاندىن خەت كەلگىنى راست گەپمۇ زادى؟ بۇنىن دېگەن نەدىكى شەھەر ٴىكەن؟

تۇراپ پوكاندەك قىزىرىپ ٴولتۇرغان گۈلسۈمگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

— نۇرنىساخاندىن خەت كەلگىنى راست، سالاھىدىن ٴاخۇن. ٴېسىمدە قېلىشىچە، ٴاتمىش تۆتىنچى يىلىنىڭ كۈزىدە دارىلمۇئەللىمىندىكى ھەنىپە خانىم ٴارقىلىق بىزگە تەگكەندىن كېيىن ھازىرغىچە ٴالتە پارچە خەت كەلدى، ھايات ٴىكەن. سىلى گېرمان دەپ ٴاڭلىغانمۇ؟ ھە، شۇ گېرمانلارنىڭ بۇنىن دېگەن شەھىرىدە تۇرۇۋېتىپتۇ، بۇ يەردىن ناھايىتى يىراق.

— خۇدايا تۇۋا، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى سالاھىدىن، — بۇ ساراڭ خوتۇن ٴۇ يەرلەرگە قانداق بېرىپ قالغاندۇ ـ ھە؟ — ٴۇ سوئال نەزىرى بىلەن تۇراپقا بىر قاراپ قويۇپ ٴۆزى جاۋاپ بەردى، — خۇدايىم ٴادەملەرنى خالىغان يېرىگە بارسۇن، خالىغان يېرىدە تۇرسۇن دەپ ٴىككى ٴاياغلىق قىلىپ ياراتقان بولسا كېرەك. ٴۇ خوتۇنمۇ ٴىككى ٴايىغى ساق بولغاندىكىن، ٴەگەشكۇسى كەلگەن كىشىگە ٴەگىشىپ كېتىۋەرگەن ـ دە، خەپ!

گۈلنىسا دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆجۈقۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئانىسى ئىنتايىن سىلىق، مېھرىبان، چىرايلىق ئايال ئىدى، دادىسى ئېيتقاندەك ئۇنداق ئەسكى ئايال ئەمەس ئىدى. ئۇ دادىسىنىمۇ ياخشى، كۆيۈملۈك دەپ ئويلايتتى. مانا ھازىر دادىسىنى كۆردى، ئۇنىڭ راستلا يامان يېرى يوق ئىكەن، ۋۇجۇدىدىن ئاتىلىق مېھرى تېمىپ تۇرىدىكەن. ئەمما، گۈلنىساغا ئاتا بولغۇچى ئۆزىنىڭ ئايالىنى نېمىشقا ھاقارەتلەيدىغاندۇ؟ بۇنىڭ تېگىگە ئۇ يېتەلمەيتتى.

سالاھىدىن قولىنى ئۇزارتىپ، ئۆزىدىن نېرىراق ئولتۇرغان قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى، گۈلنىسا دادىسىغا ئېسىلىپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىمىسىلا، قىزىم، — باياتىن سۆزگىمۇ ئارىلاشماي، ئۆز بالىلىرىنىڭ تېخىچە كەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان گۈلسۇم سۆز قاتتى، — دادا، ئانا دەپ يۈرۈپ ئاخىر دادىلىرىنى كۆردىلىغۇ، يىغلىمىسىلا، ئوبدان بالام.

سالاھىدىننىڭ ئاتىلىق مېھرى گۈلنىسانى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. دادىسى كېلىپلا، دېدەك ئورنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ قىز ئىززەتلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يىغىسى توختىدى.

— سالاھىدىن ئاخۇن، ئۆزلىرى نەگە چۈشتىلە؟ — سورىدى گۈلسۇم ئەتەي ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە بۇ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى توغرىدىن - توغرا سوراشقا پېتىنالماي.

— ئۆز ئۆيۈمگە.

— سىلى يوق چاغدا ئۆي - جايىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى باشقىلارغا بېرىۋېتىمگەنىكەن - دە، ئۆزى باشقا يەرگە كەتكەنلەرنىڭ ئۆي - جايى ئۆزگەرتىلىپ باشقىلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بېرىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيدىلە، — دېدى گۈلسۇم گەپ كوچىلاپ.

— مەن ئاچقۇچنى بىر نەۋرە سىڭلىمغا قالدۇرۇپ كەتكەنىدىم. شۇ سىڭلىم «سالاھىدىن ئاكام ئەتە كېلىدۇ، ئۆگۈن كېلىدۇ» دەپ يۈرۈپ ساقلاپ قاپتۇ. كېلىپلا ئاچقۇچنى ئېلىپ كۆڭلۈممۇ ئارام تاپتى.

گۈلسۈم سالاھىدىننىڭ بۇ ئۆيگە قىزىنى كۆرۈشتىن باشقا نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمىدى.

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئۇ گەپ تېشىپ، — بالام گۈلنىسا سىلىنىڭ يانلىرىغا پات - پات بېرىپ تۇرار، سىلىمۇ كېلىپ تۇرالا.

— شۇنداق، توغرا دېدىلە، گۈلسۈمخان، — دېدى ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن سالاھىدىن، — كەلگىنىمگە يارىشا گۈلنىسا قىزىم ھايات ئىكەن. بۇ بالىنى ھەربىرلىرىدىن تارتىۋېلىش ئويىدا ئەمەسمەن، بالا مېنىڭ بولغان بىلەن، بېقىپ چوڭ قىلغان ھەربىرلىرى نېمە دېيىشسىلە مەن بۇنىڭغا رازى. تىرىكلىكىنىڭ نىشانى دەپ قىزىمغا، ھەربىرلىرىگە ئاز - تولا سوۋغا - سالام ئەكەلگەنىدىم، — سالاھىدىن يېنىدىكى چوڭ سومكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

— ماۋۇ بىر پەتنۇس بەرسىلە، — دېدى سالاھىدىن گۈلنىساغا. ئاندىن ئۈزۈم بار تەخسىنى نېرىراق سۈرۈپ قويۇپ، كەينى - كەينىدىن رەخت، يۇڭ يوپكا، ئۆتۈك، بەتىنكىلەرنى ئېلىپ قويدى. گۈلنىسا ئاچىققان پەتنۇسقا بىر ئەرەنچە ئۆتۈك، شىم - چاپانلىق سارجا ئېلىپ تۇراپىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇنى ئۆزلىرىگە ئالغاچ كەلدىم.

— بۇ ... بۇ، ئارتۇقچە ئىش بولدىغۇ، سالاھىدىن ئاخۇن، ئۆزلىرى كەلگەندىكىن شۇنىڭ ئۆزى يېتەتتى، — تۇراپ ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ نەرسىلەرنى ئېلىپ يېنىدا قويدى.

سالاھىدىن پەتنۇسقا بىر كۆڭلەكلىك ئۆزبېك ئەتلىسى،

بىر پەلتولۇق سارجا، بىر بەتىنكە، بىر يۇڭ رومال سېلىپ گۇلسۇمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئەكەلگىنىم مۇشۇ ئىكەن، گۇلسۇمخان.

— ۋاي نېمانچە كايىپىدىغانلا، سالاھىدىن ئاخۇن، — گۇلسۇمنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ھەشقالىلا - رەھمەتنى ياغدۇرۇۋەتتى.

سالاھىدىن بىر يۇڭ رومالنى يېيىپ سالدى، ئۇستىگە كاستۇم يوپكىلىق سارجا، كۆڭلەكلىك ئۆزبېك ئەتلىسى، گۇللۇك يوپكا، ئۆتۈك، توپلەي قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ گۇلنىساغا تۇتتى:

— باغرى تاش، ئەقىلسىز دادىلىرى ئالدىلىرىغا قۇرۇق كەلدى.

گۇلنىسا گۇلسۇمنىڭ شەرىتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سوۋغاتنى ئالدى.

— رەھمەت، دادا، رەھمەت! — دېدى ئۇ ياشلىق كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەپ.

سالاھىدىن سومكىدىن يەنە بىرنەچچە كىيىملىك رەخت، پوپايكا، ئۆتۈك، بەتىنكىلەرنى ئېلىپ گۇلسۇمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇلار باللار ئۈچۈن، — ئۇ خالتىدىكى قۇرۇت، ئىرىمچىك، ھەسەل توشتۇرۇلغان كورىنىمۇ ئالدى، — ئىلىخوننىڭ نېمەتلىرى، باللار ئاغزىنى تاتلىق قىلسۇن.

سالاھىدىن دۇئا قىلىپ ئورنىدىن قوپتى.

— بالام، ئۆزلىرى تۇغۇلغان ئۆينى تېخى بىلمەيلا، بىر كۈنى ئۆزۈم ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىپ قويارمەن ياكى گۇلسۇم ئانىلىرى كۆرسىتىپ كېلەر. مەن كەلدىم، ئانىلىرىنى كۆپ ئويلىمىسىلا، تۇراپ ئاخۇن دادىلىرى بىلەن گۇلسۇم

ئانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىسىلا، قىزىم، مەن پات ـ پات كېلىپ سىلىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن.

— ۋاي، سالاھىدىن ئاخۇن، بۇ كېچىدە نەگە بارىلا، قونۇپ قالسىلا، ئۆيىمىز كەڭرى، — دېدى گۈلسۇم پايپېتەك بولۇپ.

— سالاھىدىن ئاخۇن، پاراڭلىشىپ بىللە ياتىلى. گۈلنىسا قىزغىمۇ قېنىمۇ قېنىمۇ ئالسىلا، كەتسىلە زادى بولمايدۇ، — دېدى ئالدىنى توسۇپ تۇراپ.

— ئاتا بالىغا قانمايدۇ، تۇراپ ئاخۇن، مەن يەنە كېلىپ تۇرىمەن.

سالاھىدىن گۈلسۇم، تۇراپلارنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— مەرد، سېخىيلىقىنى مۇشۇ كۆڭلەردىمۇ تاشلىماپتۇ. مەن بۇنداق سوۋغا ـ سالام بىلەن كېلىشىنى ئويلاپىمۇ باقماپتىكەنمەن، دادىسى. بۈگۈن نەس بېسىپ سازايى قىلىنىپ، چاچلىرىم كېسىلىپ خاپىلىق بىلەن كەلگەن چېغىمدا، سالاھىدىن ئاخۇنغا توغلۇق قىلىپ قويدۇم، — گۈلسۇم سىلىڭالغان رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ ئېرىگە كۆرسەتتى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، رىشات، ھۆرلىقا، ھەلىمەلەر كىرىپ كېلىشتى. چاپىنىنىڭ يېڭىدە «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن خەت تىكىلگەن قىزىل لاتا بار ئىدى. رىشات نەيزىسىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئۆزىگە مېھىرلىك قاراۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ چېچىنىڭ كېسىپ تاشلانغانلىقىنى بىلدى.

— بىز ھوقۇقدارلارغا قارشى كۆرەش قىلىمىز، سىلەرمۇ كىچىك ھوقۇقدارلارغا كىرىسىلەر، ياۋاش بولمىساڭلار بولمايدۇ، — دېدى توروك ـ توروك سۆزلەپ. ئۇنىڭ تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى، تۇراپ تاتىرىپ كەتتى، گۈلسۇم لاغىلداپ تىترەپ، دادىسىنى ئويلاپ تۇرغان گۈلنىساغا يۆلىنىۋالدى.

# 4

گۈلنىسا گىلەمچىلىك كارخانىسىدىكى ئۇستىلار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك ماھىر ئۇستىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنى كارخانىنى باشقۇرغۇچىلارمۇ، گىلەم توقۇيدىغان قىز ـ چوكانلارمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ناھايىتى تېز توقۇيتتى، توقۇغان گىلىمى نەپىس، سىلىق، يىپ قاتارى زىچ چىقاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن توقۇغان گىلىمى تاشقى سودا ئىدارىسىگە ياراپ قالغانىدى. ئىش ھەققىنى ئايدا ئالماستىن گىلەم پۇتكەندە ئالاتتى، ئالغان پۇلىنى بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي گۈلسۈمگە بېرەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆيدىكى ھۆرمىتىمۇ بارا ـ بارا ئاشقانىدى، گۈلسۈممۇ ئۇنى ئانچە سىلكىشلىمەيتتى، ئىشقىمۇ تولا بۇيرۇمايتتى. ئۇ ھۆرلىقا، ھەلىمە، رىشاتلارغا گۈلنىسا ئىش ھەققى ئەكىرىپتىكەن دەپ بىر يۈەن، ئىككى يۈەن تۇتقۇزۇپ قويغاچقا، ئۇلارمۇ گۈلنىسانى بوزەك ئېتىپ، كەمسىتىپ ئۇرۇشمايدىغان بولۇشقانىدى. ھەممىدىن بەكرەك تۇراپ خۇشال ئىدى. «يېتىم قىز، ئۆيدە ئولتۇرغىنىدىن ئىشلىگىنى ئوبدان بولدى، روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى» دەيتتى ئىچىدە. گۈلسۈم «ھەرنېمە بولسا قولى پۇل كۆردى، پۇلىمىزغا پۇل قوشتى، ھەممىمىزگە پايدىسى تېگىۋاتىدۇ. مىجەزى ئوبدان، ياۋاش بالا بولدى، ئايتۇراخان بىلەن خەيرىنىساخانلارنىڭ ئۆيىگە قاتراشنى توختاتسىلا باشقا گېپىم يوق» دەپ ئويلاپ، ۋاقچە قالسا سۇرۇشتۇرۇپمۇ قوياتتى. ئۇ گىلەمچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەشكە باشلىغاندىن بۇيان خېلى ئەركىن بولۇپ قالغانىدى. ئىشلەيدىغان كارخانىسى ئەنجان كوچىسىدا بولۇپ، خەيرىنىساخانلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىدى. سادىر ھەر كۈنلۈكى مەكتەپتىن يېنىپلا يولدا ئۇنى ساقلايتتى. گۈلنىسا بۇرۇنراق يانغان كۈنلىرى سادىرنىڭ تەلىپى بىلەن خەيرىنىساخانىنىڭ

يېنىغا كىرىپ كۆرۈشۈپ، تاماق پىشقان بولسا يەپ كېتەتتى، بەزىدە بىللە كىنو كۆرەتتى، ئايتۇرانىڭ ئۆيىگىمۇ باراتتى، كەچرەك يانغان كۈنلىرى سادىرغا خوش دەپ قويۇپ ئۆيىگە كېتەتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ بىرنەچچە ئاي كارخانا تاقىلىپ قالدى. كارخانىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپرەكى قىز - چوكانلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئەنسىرەپ ئىشقا بارغۇزماي قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» كارخانىغا كېلىپ «ئىنقىلاب قىلماي گىلەم توقۇش — جىنايەت، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق» دەپ كارخانىنىڭ تاقىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. گۈلنىسانىڭ سالاھىدىن كەلگەندە ئۆيدە بولۇشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى.

گۈلنىسانى دادىسىنىڭ ئۆيىگە بىرىنچى قېتىم تۇراپ ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن سالاھىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى، ئىككىنچى قېتىم گۈلسۈم ئېلىپ باردى، گۈلنىسا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن بىر تەخسە پولۇنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇ ئارىدا گۈلسۈم سۆزگە قېتىلىپ:

— ۋاقتىدا كېلىپ ئەھۋال سورىيالمىدىم، سالاھىدىن ئاخۇن. ئۆزلىرىگە مەلۇم، بازارغا چىقىپلا دېگەن نەرسىنى ئالماق تەس، گۈرۈچ تاپقۇچە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، گۈلسۈمخان، رەھمەت.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن گۈلنىسا سالاھىدىننىڭ يېنىغا ھەپتىدە ئىككى قېتىم بېرىپ تۇردى. ئۇ ھەر نۆۋەت بارغاندا ئۆينى، ھويلا - ئارانى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ چىننىدەك قىلىۋېتەتتى، دادىسىغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى. كىچىكىدىن دادىسىنىڭ يېنىدا بولمىغانلىقىدىنمۇ دادىسى ئۇنىڭغا سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، تارتىناتتى، ھەمىشە كۆرگۈسى كېلىدىغان ئانىسى

توغـرۇلـۇق بـىلـگـۈسـى كەلـگـەن ئـىـشـلارنـى سـورىـيـالـمـاي ھەسـرەتلىنـەتتى. «ئانـام ياخشى ئـايال، ئانام ۋاپـاسىز ئـەمـەس، ئەسكى ئەمەس...» دەپ ئانىسىنى خىيالەن ئاقلايتتى.

قىش كىردى، دېكابىـرنىڭ بـېشىدىـلا قار يېغىـپ قەشقـەر تـۆپرىقىـنى ئاقارتـتى. مەكتـەپلەردە ئـوقـۇش ـ ئوقۇتـۇش تـازا ئاقمايۋاتـاتتى. ئوقـۇغۇچىلار دەرس ئـاڭلاشتىـن كۆرە مۇنازىـرە قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئىدارىلەرمۇ پالەچ ھالغا چۈشـۈپ قالغانىدى. پەقەت كەسىپىي كارخانىلاردا ئىش يەنە باشلانغانىدى، گۈلنىسامۇ كارخانىغا بېرىپ ئىشنى قىلىۋەردى.

گۈلنىسا چۈشتىن ئىلگىرى ئۆزى توقۇپ بولغان سەككىـز گەزلىك «كەلكۈن» نۇسخىلىق گىلەمنى كارخانا باشلىقى بىلـەن تاشقى سودا ئىدارىسىگە ئـۆتكۈزۈپ كەلـدى. گىلەم بىـرىنچى دەرىجە بولۇپ باھالاندى. كارخانا گۈلنىساغا ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر يۈز ئوتتۇز يۈەن بەردى.

ــ ئەتە ئوبدان دەم ئېلىپ، ئۆگۈنلۈككە ئىشقا كەلسىلە، ــ دېدى كـارخانا باشـلىقى سـېپىـت مـۇھەممـەت ئـۇنىڭدىـن رازى بولۇپ.

ھەر قېتىم پۇل ئالغاندا ئۆيگە بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشنى ئادەت قىلـغان گۈلنىـسا ھېـيتگاھـقا كەلـدى. قـار ئۇچقـۇنـلاپ تۇراتتى. ھـېيتگـاھ جامەسـىـنىڭ تاقـاقلىق دەرۋازىـسى ئاپـپـاق ئاقىرىپ، نـەقىشلـىـرى كۆرۈنۈپ قـالغانـىدى. جامە ئىچىدىكـى سـۇۋادان تېرەكـلـەردە قاغىـلار قـاقىلـدىـشىـپ بـويـۇندىـشىـپ ئولتۇراتتى. مۇنار ئۈستىنى قار بېسىپ كەتكەنىدى.

گـۈلنىسـا گۈشگـىـردە ئالاي دەپ، ئۇيـاق ـ بـۇياققـا كـۆز سېلـىـپ مۇنار تـۈۋىدە تۇرغـان سـالاھىدىـنىـنى كۆرۈپ قـالـدى. يېنىـدا قۇلاقچا كـىيگەن ئـاق سېرىق بـىر ئادەم ئۇنـىڭغا گـەپ قىلـىـپ تۇراتتـى. ئۇنىڭ دادىـسىنىـڭ يېنىـغا دەررۇ بارغـۇسـى كەلدى ـ يـۇ، ئەمما تـارتىنىـپ تۇرۇپ قالـدى. «گـۆش ئېلـىـپ دادامنىڭ يىگۈسى بار تاماقـنى ئېتـىـپ بېرەي» دەپ ئـويـلاپ

تۇرۇشىغا. سالاھىدىنىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى. دادىسىنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قىز ئىتتىك يېنىغا باردى.

— بالام، بۇ ھەپتە ئۆيگە كەلمىدىلىغۇ؟ — سورىدى سالاھىدىن قىزىغا كۆز سېلىپ.

— ھازىر باراي دەپ تۇراتتىم، دادا. سىلىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدىم، — دېدى گۈلنىسا ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغان قولاقچا كىيگەن ئادەمدىن ئىزا تارتىپ يەرگە قارىغان ھالدا.

— بۇ قىز نۇرنىساخاندىن بولغان قىزلىرى ئوخشىمامدۇ، سالاھىدىن ئاكا، — دېدى قولاقچىلىق ئادەم، — چوپچوڭ بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەتە ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇپ بېرىپ، بۇ قىزنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىغا ئېغىز تېگىپ كەلسەم بولغۇدەك. ئۆي ئېشىنى يېمىگىنىمگە خېلى زامانلار بوپتۇ، ھى - ھى - ھى...

— ھەئە، شۇ خوتۇندىن بولغان، ساۋۇتۇم، — دېدى سالاھىدىن سەل تېرىككەندەك بولۇپ، — سىلىمۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولغانسىلە؟

ساۋۇتۇم قولاقچىسىنى سەل ئارقىغا سۈرۈپ، سالاھىدىندىن ئوغرىلىقچە گۈلنىساغا كۆز سېلىۋالدى. سالاھىدىنىڭ سوئالىدا: «سەن خىزمىتىڭنى قەشقەرگە مەندىن خېلى بۇرۇن يۆتكەپ كېلىپ بوپسەن، خوتۇنمۇ ئالغانسەن، ئۈچرىغانلىكى قىز - ئايالغا ھاياسىزلارچە قارايدىغان سەت قىلىقىڭنى تاشلا» دېگەن مەنە بار ئىدى.

— ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا نەدە ئارام بولسۇن دەيلا، سالاھىدىن ئاكا. ھېلى ساماۋارخانىدا ئېيتقىنىمدەك ئۈچ يىل ئوقۇدۇم، ئاقسۇدا بەش يىل خىزمەت قىلىپ، تېخى بېشىمنى ئوڭلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلىماپتىمەن، بۈگۈن ئۇچرىشىپ قالغىنىمغا ناھايىتى خۇشال بولدۇم. توي تويغرىسىدا، سىلى بولغاندىكىن يەنە مەسلىھەت قىلىشارمىز، ئاكا، — دېدى ساۋۇتۇم غەرەزلىك ھالدا.

— ماقۇل، — دېدى سالاھىدىن ئۇنىڭدىن تېزرەك نېرى

بولۇشقا ئالدىراپ، — مەن قىزىمنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي، يەنە كۆرۈشەرمىز.

— ئەتە بارىمەن جۇمۇ، سالاھىدىن ئاكا! — دەپ توۋلىدى ساۋۇتتۇم گۈلنىسانى ئەگەشتۇرۇپ ماڭغان سالاھىدىننىڭ كەينىدىن. ئۇ گۈلنىسانىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. «نۇرنىسانى ئەمرىككە ئېلىۋېلىپ مېنى داغدا قويغانىدىڭ، ئۇمۇ سېنى ئەلەمدە قويۇپتۇ. توختاپ تۇر، سالاھىدىن، قىزىڭنى مەندىن ئاياپ قالالمايسەن...» ساۋۇتتۇم شۇلارنى ئويلاپ ئۆستەڭبويى تەرەپكە يول ئالدى...

— دادا، بۈگۈن ئىش ھەققى ئالغانىدىم، گۆش ئېلىۋالايلى، سىلىگە بىر نەرسە ئېتىپ بېرەي، — دېدى گۈلنىسا كېتىۋېتىپ.

— رەھمەت، بالام، ئۆيدە گۆش بار، گۈلسۈم ئانىلىرىغا بىر نەرسە ئېلىۋالسىلا، ئۇلار ئايلىققىلا قاراشلىق، مەن بولسام پۇلنى ئايدا ئەمەس، كۈندە تاپالايمەن. سىلى ھازىر گۆش بولامدۇ، گۆشگىردە بولامدۇ، ئوبدانراق بىر نەرسە ئېلىپ ئۆيگە بارسىلا، پۇلنى گۈلسۈم ئانىلىرىغا بېرىپ خۇش قىلسىلا. ئەتە ئەتىگەندىمۇ، يا چۈشتىمۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە، بولامدۇ، بالام.

— ماقۇل، دادا.

قىزىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان سالاھىدىننىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.



## تۆتىنچى باب

# ئۆيلىنىش

## 1

1967 ــ يىلىنىڭ باھارى كېچىكىپ كەلدى. كونىلارنىڭ «ھوت ــ جۇت» دېگىنىدەك ھوت ئۇياقتىن كىرىپ، بۇياقتىن جۇت باشلىنىپ كەتتى، قەشقەر ئاسمىنى ئېچىلاي دېمەيتتى، ھە دېسە يامغۇر ئارىلاش قار ياغاتتى. ئاچچىق شامال ئەدەپ بورانغا ئايلىنىپ كېتەتتى، بەزىدە بىرنەچچە كۈن ئۇدا سېرىق توپا ياغاتتى، ھاۋا شۇنداق سەتلىشىپ كېتەتتىكى، كىشىنىڭ ئاسمانغا قارىغۇسى كەلمەيتتى. كۈلۈمسىرەپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. نېمىدىندۇر ۋەھىمە قىلىۋاتقانلىقى، تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقى، قورقۇۋاتقانلىقى ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. «كىچىك ئەزىمەتلەر» نەيزىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، «ھوقۇقدار»لارنى يالاپ كوچىلاردىن ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇزۇن، ئالا ــ بۇلا قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، قوللىرىدا بىردىن ئەسكى تۆشۈك داس بار ئىدى...

باھار مانا شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى.

ئانىسىدىن بىرنەچچە پارچە خەت كەلگەن، بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلغان، دادىسىنى كۆرۈپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان گۈلنىسا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن چۆچۈپ، يەنە غەم ــ ئەندىشە

ئىچىدە قالدى. ئۇ كارخانىغا قورقۇنچ ئىلكىدە كىلىپ، غەم بىلەن گىلەم توقۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئۆيىگە قايتاتتى.

بۈگۈن چارشەنبە ئىدى. گۈلنىسا چۈشكىچە يىگىرمە سانتىمېتىر گىلەم توقۇدى.

— ئۇستام، چۈش بولۇپ كەتتى، ئىشتىن چۈشمەمدۇق، — دېدى ئولتۇرغان شاگىرت قىز. گۈلنىسا ئەتراپقا قاراپ ئورنىدىن تۇردى. ئوتتۇز دۇكان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ كونا زالدا ئۆزى بىلەن شاگىرتىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى.

گۈلنىسا ئىشنى يىغىشتۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋاتاتتى، كارخانا باشلىقى سېيىت مۇھەممەت كىرىپ:

— گۈلنىسا، تېخى كېتىشمىلىمۇ؟ مېڭىڭلار، ئۆكىلىرىم، ئاتا - ئاناڭلار ئەنسىرەپ قالمىسۇن، — دېدى توقۇلغان گىلەمگە سىنچىلاپ قاراپ رازىمەنلىك بىلەن، — يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىڭلار، ئادەم توپلىنىشىۋالغان يەرگە بارماڭلار، — تاپىلىدى ئۇ ئىشكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان قىزلارغا.

— ماقۇل، ئۇستام.

گۈلنىسا شاگىرتى بىلەن كارخانىدىن چىقىپ ھېيتگاھقا كەلدى. جامە ئالدى قايناپ كەتكەنىدى. ئۇ «توققۇزاق دەرۋازىسى» كوچىسىغا ئالدىراپ قەدەم قويۇشىغا، چاسا تەرەپتىن ھەيدەپ كېلىنگەن بىر توپ «ھوقۇقدار»لار كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈن قالپاق كىيدۇرۇلگەن ئوسمان باراتوفمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇدۇل قاراپ مەنسىتمىگەن ھالدا كېتىۋاتاتتى، قولىدا داسمۇ يوق ئىدى. چەت ئەل پاسونىدىكى دىراپ پەلتوسىنىڭ ياقىسى يىرتىۋېتىلگەنىدى. قارىغاندا «قوغدىغۇچىلار» بىلەن ئېلىشقاندەك تۇراتتى. ئۇ يول ياقىسىدا قېتىپ تۇرۇپ قالغان گۈلنىساغا باش ئىرغىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. قاياقتىندۇر يىرقىراپ، توپا سورۇپ پەيدا بولغان قۇيۇنتاز يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكانلارنىڭ، ياپمىلارنىڭ

چەللە ـ سايىۋەنلىرىنى ئۆرۈپ، گۈلنىسانىڭ رومىلىنى ئۇچۇرتۇپ ئەكەتتى. ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە يۈگۈرۈپ ماڭدى...

— گۈلنىسا بۇ مۇدھىش «ئىنقىلاب» باشلىنىشتىن ئىلگىرى، سادىر بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ھەر قېتىمقى ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى. بۇ ئون سەككىز ياشلىق قىزنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە ئورۇن ئالغان مۇھەببەت ئۇنىڭ چېھرىنىمۇ، زېھنىنىمۇ ئاچماقتا ئىدى. سادىر «كاپىتان قىزى»، «زامانىمىز نىڭ قەھرىمانى»، «نەۋايى»، «قۇتلۇق قان»، «مېھرابتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر» قاتارلىق رومان ـ پوۋېستلارنى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئوقۇشىغا بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، بۇ كىتابلارنىڭ بەزىسىنى بىر قېتىم، بەزىسىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققانىدى. رومانىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى گىلەم توقۇۋېتىپ، يا بولمىسا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ دوستلىرىغا، شاگىرتلىرىغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كىتابقا بۇنداق بېرىلىشى گۈلسۈمنى خۇشال قىلىش بىلەن بىللە ئەندىشىگىمۇ سالدى. خۇشال قىلغان يېرى، گۈلنىسا ئۆزىچىلا يىغلاپ، خۇيلىنىپ، شوك بولۇپ كېتىدىغان قىلىقلىرىنى تاشلىغانىدى. ئەمما، يىلدىن ـ يىلغا چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتقان گۈلنىسانىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە كېتىشى گۈلسۈمنى ئەندىشىگە سالاتتى.

«ئايتۇرا ئاچامنىڭكىگە بېرىپ كېلەي»، «خەيرىنىسا ئاچام يولدا ئۇچراپ، كېلىپ ئويناپ كەتسىلە دېدى»، «مۇھتەبەر ئاچام كەلسىلە دېگەنىدى» دەپ ھەر يەكشەنبە كېتىپ قېلىشى، بەزىدە كېيىم ـ كېچەك، بەزىدە كىتاب كۆتۈرۈپ كېلىشى گۈلسۈمدە گۇمان پەيدا قىلاتتى. ئۇ ئۆزى باققان گۈلنىسانى ئارزۇلۇق ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ كېلىن قىلمۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ

كەلگەچكە، بۇ ئارزۇسىنىڭ يوقىقا چىقىشىدىن قورقاتتى. «ئۇنىڭدەك لەۋەن قىزنى كىمنىڭمۇ ئوغلىغا ئېلىپ بەرگۈسى كەلمىسۇن؟ رىشات گۈلنىسادىن كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى ئەر بولالايدۇ» دەپ ئويلايتتى گۈلسۇم.

«ئىنقىلاب» باشلانغاندىن بۇيان، گۈلنىسا تالا - تۈزگە ئانچە چىقماس بولۇپ قالغانىدى. سالاھىدىن كەلگەندىن كېيىن، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دادىسىنى يوقلاپ بېرىپ - كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، خەيرىنىسالارنىڭكىگە بارغىنىنى ھامىنىسغا دېگۈسى كەلمەيتتى. سادىر بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى بەكمۇ خالايتتى. مانا بۇگۈن كېلىۋېتىپ سازايى قىلىشقا ئاچىققان باراتوفنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. رومىلىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ قارىماي يۈگۈرۈپ ئۆيگە كەلدى. خىزمەتتىن بىر سائەت بۇرۇن قايتىپ كېلىپ تاماق ئېتىشكە تۇتۇنغان گۈلسۇم چىرايىدا قان قالمىغان گۈلنىسانى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— بالام، نېمە بولدىلا؟ چىرايىلىرى غەلىتە بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟

گۈلنىسا يىغلاپ گەپ قىلالماي قالدى. شۇ ئارىلىقتا ئىشىك قېقىلدى.

— تۇراپ دادىلىرى كەلگەن ئوخشايدۇ.

گۈلنىسا چىقىپ تاغار يۈدۈپ تۇرغان سالاھىدىننى كۆردى.

— دادا.

گۈلنىسا سالاھىدىننى باشلاپ كىرىشىگە گۈلسۇم ئاشخانىدىن چىقتى.

— كەلسىلە، سالاھىدىن ئاخۇن، — دېدى ئۇ سۇپىغا يۆلەپ قويۇلغان تاغارغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— تىنچ - ئامانلىقمۇ، گۈلسۇمخان؟ بالام، ئۆزلىرىمۇ ساق تۇرغانلا؟ — تىنچ - ئامانلىق سورىدى سالاھىدىن. ئاندىن قىزى

پېشايۋانغا سالغان كۆرپىدە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. گۈلسۈم ئۈنىڭغا داستىخان سالدى.

— بۇ قارا قۇيۇندەك تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب ھەممە نېمىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى. خۇدايا توۋا، شەھەر سوراش بۇرنىدىن ماڭقىسى ئېقىپ تۇرغان شۇمتەكلەرگە قالسا، ئەل ـ يۇرت نېمە بولماقچى، خەلققە ئۇۋۋال بولىدۇ ـ دە. بىچارە كادىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي. بازارغا چىقىپ ئالىمەن دېگەن نەرسىنى ئالالمىسا، باللار ئاچ ـ توق قېلىۋاتسا... — سالاھىدىن شۇنداق دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

سالاھىدىن سۆزىنى توختىتىپ، داستىخانغا نان ـ گېزەك قويۇۋاتقان گۈلنىسانى توستى:

— بالام، ئارتۇقچە بىر نەرسە ئەكەلمىسىلە، مەن تاماق يەپلا كەلگەن.

— دادا، شۇنچە نەرسىنى كۆتۈرۈپ ھېرىپمۇ قالغانلا، بىر پىيالە چاي ئىچسىلە.

— قۇشقاچ تىلى كېسىپ سۇيۇقئاش ئەتتىم، ھازىرلا پىشىدۇ.

سالاھىدىن قىزىنىڭمۇ، گۈلسۈمخانىنىڭمۇ سۆزىگە قۇلاق سالماي ئورنىدىن تۇردى.

— بالام، مەن تۇزۇت قىلمايمەن. ياش چېغىمدا تۆت يۈز جىڭ گۈرۈچ سىغىدىغان چوڭ تاغارنى يۈدۈپ ئامبارغا ئەكىرەلەيتتىم، ھېلىھەم كۈچۈمدىن قالغىنىم يوق، — دېدى ئۇ ۋە سۇپىغا يۆلەپ قويغان تاغارنى دەس كۆتۈرۈپ، — گۈلسۈمخان، قويىدىغان ئورۇن كۆرسەتسىلە، تۇراپ ئاخۇن سېمىز بولغاچقا كۆتۈرىمەن دەپ قىينىلىپ قالىدۇ، — دېدى.

گۈلسۈم ئالدىراپ سالاھىدىننى ئايۋان ئۆيگە باشلىماقچى بولدى.

— گۈلسۈمخان، سىلى ئۇن ـ پۇننى ئايۋاندا قويامىلا؟

— ئىسىم قۇرۇسۇن، ئاشخانىدا قويىمىز.
سالاھىدىن ئاشخانىغا كىرىپ تاغارنى بىر بۇلۇڭغا قويدى.
— سىلىنى بەك ئاۋارە قىلدۇق، سالاھىدىن ئاخۇن، رەھمەت. تاماق يەپ كەتسىلە بولاتتى.
— ئالدىرايمەن، گۈلسۈمخان. خوش، بالام، خۇداغا ئامانەت، دەم ئالغان چاغلىرىدا ئۆيگە بارسىلا، مەن ۋاقىت چىقىرىپ يەنە كېلىمەن.
گۈلنىسا دادىسىنىڭ قارىسى يىتكۈچە دۆڭ ئۈستىدىن قاراپ تۇردى.
سالاھىدىن مۇشۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇن، گۈرۈچ، ياغ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ گۈلسۈمنى، قىزىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇرسەن قىلدى.

## 2

ئۆگزىنىڭ نورىغا قونۇۋالغان پاختەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۈجمىنىڭ پەسرەك شېخىغا قوندى ۋە يوپۇرماقنى چوقۇپ قويۇپ سايراشقا باشلىدى. «خوتۇنىدىن قورقىدۇ، خوتۇنىدىن قورقىدۇ» دېگەندەك ئاڭلانغان پاختەكنىڭ ئۈنى گۈلسۈمنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى:
— ئوھۇش! نېمەدەپ سايراۋاتقاندۇ بۇ پاختەك...
ئۈجمە خېلى ئاقىرىپ قالغانىدى. كىشىلەرگە بۇ يىلقى باھار دائىم جۇدۇن بولۇپ ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. ماي ئېيى كىرگەندىن كېيىن ئالەم ياپيېشىللىققا پۈركەندى. قىزىلگۈل پورەكلەپ ئېچىلغان، رەيھانگۈلنىڭ قارامتۇل يېشىل بەرگىلىرىدىن خۇش پۇراق چېچىلغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى بوران - چاپقۇن كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. چاچلىرى كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن خىزمەتكە بارماي قويغان گۈلسۈمنى

ھېچكىم ئىزدىمىدى. ئۇمۇ تىل ـ ئاھانەتتىن يىراقراق تۇرغىنىدىن خۇشال بولۇپ ئۆيىدە ئولتۇرىۋەردى.

گۈلسۈم پىلتا قىلىپ بولۇپ قورۇما قورۇۋاتقاندا، ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ گۈلنىسا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر بوغچا بار ئىدى.

— بالام، ھازىر كېلىۋاتىسىز- سورىدى ئۇ گۈلنىسانىڭ قولىدىكى بوغچىغا نەزەر سېلىپ.

— ھەئە، ئانا.

گۈلنىسانىڭ چىرايىدا بىر خۇشلۇق ئويناپ تۇراتتى.

— قولىڭىزدىكى نېمە، بالام؟

— كىتاب.

— مەن تېخى سالاھىدىن تىكتۈرۈپ بەرگەن كىيىم ـ كېچەكمىكىن دەپ قاپتىمەن. نېمانداق لاتىغا يۆگىۋاللا؟

— ۋاي ئانا، — دېدى گۈلنىسا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، — سادىر ئاكامنىڭ كىتابلىرى. ھازىر «قىزىل قوغدىغۇچىلار» نىڭ ياخشى كىتابلارنى «سېرىق كىتاب» دەپ كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ سادىر بۇ كىتابلارنى ماڭا ساقلىغىلى بەردى، باشقىلار كۆرمىسۇن دەپ يۆگىۋالدىم.

— قايسى سادىر ئۇ، ھېلىقى خەيرىنىساخانىنىڭ ئوغلىمۇ؟ — ئەنسىرەپ سورىدى گۈلسۈم بىلمەسلىككە سېلىپ.

— خەيرىنىسا ئاچامنىڭ ئوغلى.

— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىمۇ؟

گۈلنىسا كۈلۈۋەتتى.

— مۇئەللىم.

گۈلسۈمنىڭ كۆز چاناقلىرى كېرىلىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. گۈلنىسا بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن گۈلسۈمنىڭ چىرايىغا قاراپ ئەجەبلەندى.

— ئانا، سادىر مۇئەللىم بولغان بىلەن ياشلا يىگىت، —

دەۋەتتى ئىختىيارسىز.

— ھە ! — دېدى گۈلسۇم سوزۇپ، — ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەم پەرەزلىرىچە ياش يىگىت ئىكەن - دە، مۇئەللىم دېگەن قېرىماس جاغدا كېلىدۇ، ساقىلىنى قىرىپ يۇرگەچكە ياشلا كۆرۈنىدۇ. تۇراپ دادىلىرىغا قارىمالا، قاچانقى مۇئەللىم ئۇ، ياپياشلا تۇرغىنىنى.

بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سەزگەن گۈلنىسا يىغلىۋەتتى.

— بالام، سىلى ئاق كۆڭۈل، ساددا، زامانىنىڭ ئادەملىرىدە ئىشەنچ قالمىدى، ھىيلىگەرلىشىپ كەتتى، ئۇنى - بۇنى دەپ كىتاب بېرىپ، ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن دەيمەن.

ئاشخانا سۇپىسىدا ئولتۇرغان گۈلنىسا ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇردى:

— سادىر ئۇنداق ئەسكىلەردىن ئەمەس !

— ئەسكىمۇ، ئوبدانمۇ سىلى تېخى پەرق ئېتەلمەيلا، بالام. ھەر ھالدا خەيرىنىساخانلارنىڭ ئۆيىگە بارمىغانلىرى، كوچا - كويدا سادىر بىلەن كۆرۈشمىگەنلىرى تۈزۈك. كىشىلەر گەپ تاپىدۇ. سىلىگىمۇ سەت، بىزگىمۇ سەت...

گۈلسۇمنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە چىداپ تۇرالمىغان گۈلنىسا كىتابلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ تاراققىدە يېپىلىشىدىن ئۈركۈپ كەتكەن پاختەك ئۈجمە شېخىدىن ئۆگزە تەرەپكە پۇررىدە ئۇچۇشتى.

«سالاھىدىن ئاخۇن كەلگەندىن بۇيان، بۇ بالا نازۇكلىشىپ كەتتى. مەيلىگە قويۇپ بەرسەك، كېيىن يىغىۋالغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. سالاھىدىن ئاخۇن بىلەن سۆزلىشەي، ئۇ جىگىرى ساپ ئادەم، قىزىنى...»

جالاق - جۇلۇق ئېچىلغان ھويلا ئىشىكىدىن رىشات، ھۆرلىقا، ھەلىمەلەر كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ گۈلسۇمنىڭ

خىيال يىپى ئۈزۈلدى. رىشات پۆپۈكلۈك نەيزىسىنى ھەر دائىمقىدەك تۇۋرۇككە يۆلەپ قويۇپ قاتتىق ئاۋازدا ئۈزۈندى ئوقۇدى.

ماش رەڭ شىم ـ چاپان كىيگەن ھۆرلىقا بىلەن ھەلىمە ئاكىسىغا ئەگەشتى.

«قانداق قىلارمەن؟ ھۆرلىقانىڭ بويى ئۆسۈپ، كۆكسى يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. كىيىملىرىنىڭ ياراشمىغىنىنى، ساغرىسىنى تەكىيەدەك قىلىپ كۆڭلەكسىز يۈرسە كىشىلەر نېمە دەر؟ بۇلارغا ھازىر گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئەلپازى نېمانداق يامانىدۇ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سۇ قىلىۋەتتىيا...»

— ئاش پىشتىمۇ؟ — ۋارقىرىدى رىشات ئاشخانىغا قاراپ.

— پىشتى، بالام، پىشتى.

— بىز ئىنقىلابىي باتۇرلارغا ئاۋۋال راسلاپ بەر.

— ماقۇل، بالام.

گۈلسۇم بىر تەخسىگە دۆۋە ئاش راسلاپ ئاچىقتى. رىشات ئاشنى ئېلىپ ئۆرە تۇرۇپلا يېگىلى تۇردى.

— ئولتۇرۇپ يېگىنە، بالام.

— ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالاي دەۋاتامسەن؟ داستىخان سېلىش، دۇئا قىلىش كونىلىق، ئانا. دادام بىلەن ئىككىڭلار خۇراپاتلىققا چوقۇنىدىغان ئىدىيەڭلەرنى ئۆزگەرتمىسەڭلار، بىزدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر.

— بالام، ئۆزگەرتتۇق، ئۆزگەرتىۋاتىمىز، قانداق يېسەڭ شۇنداق يېگىن.

گۈلسۇمنىڭ يۈرىكىنى بىرنەرسە مۇجۇۋاتقاندەك بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. «خۇدا، ئۆزۈڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگىن» دەپ نالە قىلىپ ئىككى چىنىگە ئاش راسلىدى.

— ھۆرلىقا، ھەلىمە، ئاش يەۋېلىڭلار! — چاقىردى ئۇ.

— يېنىمغا ئاچىقىپ يەڭلار! — دەپ بۇيرۇدى رىشات. ئۇنىڭ چىرايىدىن قار يېغىپ تۇراتتى.

— ماقۇل، ئۇكام، — دېدى ھۆرلىقا.

— مەن ئانامنىڭ يېنىدا يەيمەن، — ھەلىمە بويۇن تولغاپ مىڭىشۇېدى، رىشات ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— گېپىمگە كىرمىسەڭ بېيجىڭغا ئېلىپ بارمايمەن.

— مەنمۇ بارمايمەن! — ھەلىمە قولىنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ يۇگۇرگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ، ئاشخانا سۇپىسىدا ئولتۇردى. ھۆرلىقا ئاشنى ئېلىپ مىڭىشۇېدى، گۇلسۇم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، دېدى:

— بالام، سەمرىپ كېتىپسەن، كىيىملىرىڭ ئۆزۈڭگە پەقەت ياراشماپتۇ، ھەلىمەدەك زىلۋاراق بولساڭمۇ بىر نۆرى، بۇ سىمىزلىكىڭگە يارىشا كۆڭلەك بولسىمۇ كىيمىۋالغىن، سەت تۇرۇپتۇ، بالام.

— مېنى خېنىم قىلاي دەمسەن؟ بۇ ئىنقىلابقا ئۆزۈن سۇپۇرگىدەك چاچلىرىم بىلەن يەر سۇپۇرۇپ قاتناشسام بولامتى؟ كۆڭلەك كىيىپ، رومال ئارتىپ مەستۇرە خېنىم بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرسام ئوبدان بولامتى؟

— مەن بىلەلمىدىم، بالام ... — دېدى گۇلسۇم لېۋىنى چىشلەپ.

— مەن ئۇكام رىشات بىلەن بېيجىڭغا بارىمەن.

— نېمە دېدىڭ؟ جۆيلۈۋاتامسەن، قىزىم؟ بېيجىڭ دېگەن ئالەمنىڭ بىر چېتىدە، توققۇزاق ئەمەس ئۇ، — گۇلسۇم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى.

— بىز ئىسيانكارلار جۆيلۈمەيمىز، — دېدى رىشات ئاشخانا دېرىزىسىگە بىر پۇتىنى قويۇپ، — بىرنەچچە كۈن ئىچىدە چوڭ ئالاقە باغلاش ۋە يولىيورۇق ئېلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارىمىز. رۇخسەت قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ

بارغىنىمىز بارغان، بۇ تارىخنىڭ تەرەققىياتى، سەن چۈشىنەلمەيسەن، بىز نى - نى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تۆرەلگەن...

گۈلسۈم گەپ قىلالماي قالدى.

— دادام كەلدى ! — دادىسى كىرىشىگە ھەلىمە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرگەن تۇراپ رىشاتنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، مېھرى بىلەن ئاستا دېدى:

— ئوغلۇم، نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيگە كەلمىدىڭغۇ؟ نەگە...

رىشات دادىسىنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتى:

— ئىنقىلاب بىلەن كارىڭ بولمايۋاتقاندىكىن مەن بىلەنمۇ كارىڭ بولمىسۇن.

— ئىلاجسىز قېلىۋاتامدىمەن، بالام...

— باش ئېگىپ بىزنى قوللايدىغانلىقىڭنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارا بىلدۈر !

— تېخى كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىماي تۇرۇپ مەن قانداق قوللايمەن؟

— مانا ئەمەسمۇ، سەن ئۆز جەننىتىڭدىن ۋاز كېچەلمەيسەن. ماڭا ئارتۇق گەپ قىلماي، يول راسخوتى بەر، — دېدى ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن رىشات.

— نەگە بارىسەن؟

— پايتەخت بېيجىڭغا ! ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئىنقىلابقا سادىق قىزىل قوغدىغۇچىلار بىلەن بارىمەن.

— قاچان؟ — خىرقىراپ سورىدى تۇراپ ئىختىيارسىز گەدىنىنى سىلاپ، بۇ قېتىم گۈلسۈم ئېرىگە بىرنەرسە دېمىدى.

— بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاچام ھۆرلىقامۇ، سىڭلىم

ھەلىمەمۇ بارىدۇ.

تۇراپ ئاستا مېڭىپ ئۇجمە يېنىغا كېلىپ بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— بېيجىڭغا بېرىشىمغا، داھىيىنى كۆرۈشۈمگە قوشۇلامسەن؟

— قوشۇلىمەن.

— پۇل بېرىسەن - ھە !

— بېرەي.

ئېرىنىڭ «بېرەي» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ گۈلسۈمنىڭ قولىدىكى چىنە چۈشۈپ كەتتى.

كىتابلارنى كىيىم - كېچەك ئارىسىغا تىقىپ قويغان گۈلنىسا ھويلىغا چىقىشقا پېتىنالماي ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇراتتى.

### 3

بىرنەچچە كۈندىن بېرى سۈپۈرۈلمەي ئەخلەت بېسىپ كەتكەن ھويلىنىڭ يېرىمى سۈپۈرۈلۈپ بولدى. «بۇ ئۇجمىنى كولاپ چىقىرىۋەتسەم بولغۇدەك، ھويلىغا ۋەيرانە تۈس بېرىپ كىشىنى غېرىبسىندۇرۇپ قويىدىكەن. كۈزدە ئورنىغا...»

— كاككۇك، كاككۇك !

ئۇجمىنىڭ ئەڭ ئېگىز شېخىغا قونغان كاككۇك سايراشقا باشلىدى. سالاھىدىن سۈپۈرگىنى تۇتۇپ قۇلاق سالدى. نېمىدېگەن يېقىملىق سادا - ھە ! سالاھىدىن نۇرنىساغا ئۆيلىنىش ئالدىدا، ئەمدى باراقسانلاشقا باشلىغان مۇشۇ ئۇجمە دەرىخىگە قونغان كاككۇك مانا شۇنداق سايراپ كەتكەنىدى. ھازىر بولسا بىر تالمۇ يوپۇرمىقى قالمىغان قۇرۇق شاختا سايراۋاتاتتى، بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت باردۇ؟...

شۇ ئەسنادا ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، بىر نەۋرە

سىڭلىسى نۇرسىمان كىرىپ كەلدى. كاككۇك نۇرسىماندىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

— غوجىكا، ئۆي سۈپۈرۈش سىلىگە ياراشمايدىكەن، جانلىرىنى بۇنچە قىينىغۇچە ئۆيلىنىۋالسىلا بولمامدۇ؟ — نۇرسىمان شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئالدى. سالاھىدىن گەپ قىلماي سىڭلىسىنىڭ يەرنى سۈپۈرۈشىگە قاراپ تۇردى.

نۇرسىمان ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ ھاممىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغانىدى. سالاھىدىنىنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. نۇرسىماننى ئۇن ئالتە يېشىدا ياتلىق قىلغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. سالاھىدىننى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرگەن نۇرسىمان ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈمچانلىقىنى كۆرسەتتى. سالاھىدىن ھويلا - ئارانلارنى تاپشۇرۇپ تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتكەندە، بۇ ھويلىغا پات - پات قەدەم بېسىپ، سىيرىپ سۈپۈردى. بىرنەچچە قېتىم ئۆي - جاي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئاچقۇچنى سورۇشتا قىلغاندا، «ئاكام مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ» دەپ يۈرۈپ، ئېرىگە ئۇلارنى مېھمان قىلدۇرۇپ ئۆينى ساقلاپ قالغانىدى. سالاھىدىن قايتىپ كېلىپ بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ بۇ كۆيۈمچانلىقىدىن ناھايىتى رازى بولدى.

نۇرسىماننىڭ ئېرى ياسىن قارى سالاھىدىن بىلەن تەڭ دېمەتلىك، ئەمما ياۋاش، مۇنەججىم ئادەم ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قازىخانىدا، كېيىن پوچتىخانا ئالدىدا كىشىلەرگە سالام خەت، ئەرز - ئىلتىماس يېزىپ بېرىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن بۇ ئادەم كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ تونۇشلىرىنىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ رەسىم، خۇش خەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

— غوجىكا، ھەرقانداق بىر ئەر كىشى ئۆينى ئايال

تۇتقاندەك تۇتالمايدۇ، بىر خوتۇنلار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتەلمەيدۇ، ئاددىيسى هويلا ـ ئارانىنى ئايالاردەك پاكىز سۈپۈرەلمەيدۇ. سىلى نۇرنىسانى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆيلىنىۋالسىلا. بالىنىڭ دادىسى ماڭا «سالاهىدىن ئاخۇننىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويساق ياخشى بولاتتى، بويتاقلىق ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ» دەپ نەچچە قېتىم ئەسكەرتتى. مەن تارتىنىپ سىلىگە گەپ قىلالمىغانىدىم. بۇگۈن بۇ هاللىرىنى كۆرۈپ، ئەمدى سۆز قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلدىم. باشلىرىغا باش قوشۇش ئۈچۈن مانا مەن ماڭاي، «ئايالسىز ئۆي مازار». قارىسىلا، بىر چاغدا باغدەك ياشناپ تۇرىدىغان بۇ ئۆي گۆرىستانلىققا ئوخشاپ قالاي دەپتۇ. نىساخان ئاچام بىلەن مەسلىهەتلىشىپ بىر لايىقىنى تېپىپ قويدۇق. سىلى مەردانە ئادەم، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسىلا، غوجىكا، ــ دېدى نۇرسىمان سالاهىدىنغا ئىچ ئاغرىتقان هالدا.

ئۈجمىنىڭ كاككۇك قونغان شېخىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان سالاهىدىنغا نۇرنىسا كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ بېشىنى بىر سىلكىپ نۇرسىمانغا گەپ قىلماي ئۈجمە دەرىخىگە ياماشتى. كاككۇك قونغان ئەگرى شاخنى ئوشتۇپ ئالدى ـ دە، يېنىپ چۈشتى. بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ كىچىك بالىدەك قىلىقىغا ئاچچىقلانغان نۇرسىمان:

ــ گېپىم سىلىگە خۇشياقمىغان ئوخشايدۇ، غوجىكا. ئاتايىتەن مۇشۇ گەپنى دېگىلى كەلگەنىدىم. مەن كېتەي، ــ دېدى.

ــ توختىسىلا، ئۇكام، ئالدىراپ نەگە بارىلا؟ ــ سالاهىدىن ئۇنى توختاتتى، ــ مەن نۇرنىسانى ئالالىبۇرۇن ئۇنتۇغان، ئۇكام. شۇڭا، تاغ ئارقىسىدا ئۆيلەنگەنىدىم. چىرايى بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى بولمىغان ئايال ئادەمگە هەمراھ بولالمايدىكەن. قەشقەرگە كەلگىنىمدىن بۇيان، بېشىمنى

ئىچىمگە تىقىپ يۇرۇشۇمگە چىرايىمۇ، ۋاپاسىمۇ بار ئايالنى ئۇچرىتالمىغانلىقىم سەۋەبچى بولدى. گۈلنىسامۇ ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ قاپتۇ، كۆڭلىنى ئايىمىسام بولماس. ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى گۈلنىسا قىزىمنىڭ سەممىگە سېلىپ قويسىلا، تاپقان لايىقمۇ قىزىمنىڭ ئىززىتىنى قىلىدىغان ئايال بولسۇن. نىساخان ئاچام بىلەرمەن خوتۇن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ، نالايىق ئايالنى كۆرۈپ ئالدىنىپ قالمىسىلا، ئۇكام. ھازىر زامان بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— مەن تېخى سىلىنى ئۇنىماسمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى، بۇمۇ توي ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

— ئۇكام، كەلگەنلىرى ئوبدان بولدى، تاماق ئېتىپ بەرسىلە، قىزىممۇ پات ـ پات كېلىپ تاماق ئېتىپ بېرىدۇ. ئۆيدە ئايال بولمىغان بىلەن خۇدايىم تاماقسىز قويمىدى. مەن گۆش، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىرەي.

نۇرسىمان پىياز، چامغۇر، ياڭيۇلارنى ئادالاپ، يۇيۇپ توغراپ قويدى. ئاشخانىنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ «غوجىكامنى تېززەك ئۆيلەپ قويمىساق زادى بولمايدىكەن» دەپ ئويلاپ ئاشخانىنىڭ سۇپىسى، پەگاھى، ئوچاق ئىچىنى پاكىز سۇپۇردى، دۆشە، پىچاقلارنى ئېرىتتى، تاختىبېشى، دېرىزىلەرنىمۇ سۇرتتى. قازان ـ قومۇچنى يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتتى. چېكىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ كۇرسىدا ئولتۇرۇۋىدى، ئىشىك قېقىلدى. «ئىشىك ئوچۇق ئىدى، كىمدۇ بۇ؟» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا گۈلسۇم داستىخان كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، سىلىكەنلىغۇ گۈلسۇم، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ گۈلنىسا قىز، باللار تىنچلىقمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزلىرىمۇ ئاغرىق ـ سىزلاقتىن نېرى

بولۇپ، باللار بىلەن ئامان ـ ئېسەن تۇرغانلا؟ سالاھىدىن ئاخۇن، نىساخان ئاچاملارمۇ ئامان ـ ئېسەن تۇرغاندۇ؟ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى.

ئېگىلىپ تىنچلىق سورىغان گۈلسۇم سالاھىدىنىدەك قامەتلىك، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن نۇرسىمان بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ يۈز يېقىپ كۆرۈشتى.

نۇرسىمان گۈلسۇمنىڭ قولىدىكى داستىخاننى ئېلىپ مېھمانخانىغا باشلىدى.

— سالاھىدىن ئاخۇن بازارغا چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۆي، باللارنىڭ ئىشى بىلەن كېلەلمىگەن بولسامىمۇ، گۈلنىسا قىزىمنى پات ـ پات ئەۋەتىپ دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدۇرۇپ تۇردۇم. نۇرسىمان، سىلىمۇ كېلىپ تۇرغانلا؟

— كەلمىگىنىمگە ئىككى ھەپتە بوپتىكەن، ھازىر يولدا مېڭىشتىنىمۇ ئادەم قورقىدىغان بولۇپ قالدى. «قىزىل قوغدىغۇچى»لار ئۇرۇمچى، بېيجىڭغا كېتىشىپ شەھەر بىرئاز تىنچىپ قالغاچقا بۇگۈن كېلىۋىدىم، ئاكام تاماق ئېتىپ بەرسىلە، دەپ نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى بازارغا چىقىپ كەتتى.

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى گۈلسۇم يىغلامسىراپ، — تۇۋا دەيمەن، ھازىرقى زامانىنىڭ باللىرى گەپ ئاڭلىماس بولۇپ كەتتى. مېنىڭ چوڭ قىزىم بىلەن ئوغلۇممۇ بېيجىڭغا كەتتى، مېنىمۇ، دادىسىنىمۇ قاڭشىتىپ كېتىشتى. ئۇلارغا قارىغاندا ھەلىمە ئەقىللىك چىقتى، زورلىسامىمۇ بېرىشقا ئۇنىمىدى. گۈلنىسا قىزنى ئوقۇتمىغىنىم ئوبدان بولغانىكەن، جېدىلى، خاپىلىقى يوق. بويىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ خىيال كىرمىگەندەك شۇكلا. يامانىنىڭ ئۆتى يامان دېگەندەك، ئوغلۇمنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، كەتكىلى ھەپتە بولماي سېغىنىپ چىدىيالماي كېتىۋاتىمەن، يولىغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلىپ كېتىدىغان بولدى.

— كېلىپ قالار، گۈلسۈم، ئوغۇل بالا دېگەن ئۇتقا كىرسىمۇ، سۇغا كىرسىمۇ يارىشىدۇ، كېلىپ قالار. ھۆرلىقا قىزنىڭ كەتكىنى تازا ياخشى بولماپتۇ، پىششىق تۇخۇم ئەمەسمۇ، خۇدا ئۆزى ساقلار. تولا غەم قىلمىسىلا، مەن قىزىمنى ئەۋەتمىدىم، ئوغلۇمنى شەھەر كۆرۈپ كەلسۇن، دېدىم.

نۇرسىمان گۈلسۈمگە تەسەللى بەرگەچ داستىخان سېلىپ، جاۋەندىن مەزەنى ئالدى. «ئاكام بۇ چىرايلىق گىردە نانلارنى نەدىن ئالغاندۇ؟ قەنت، كەمپۈت، ھەسەلمۇ بار ئىكەن، ھازىر بازاردىن بۇ نەرسىلەرنى تاپماق تەس...»

— كايىمىسىلا بولاتتى، نۇرسىمان، — گۈلسۈم تۈزۈت قىلىپ قەنت سالغىلى قويمىدى. ھالۋا ئەتكىلى ماڭغاندا، ئېتىكىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى، — بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرايلى، بازارغا چىقىپ تۇرىدىغانلا؟

— خېلىدىن بېرى بازارغا چىقمىدىم، ماگىزىندىن كۆڭلەككە باب رەختلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ، قاراڭغۇ بازاردا قىممەت. قىممەت ئېلىپ تىكىپ - ساتقان تەقدىردىمۇ پايدىسى چىقمايدۇ، شۇڭا تىككۈچىلىك كارخانىسىغىمۇ بارماي قويدۇم، ئۆزۈممۇ تىكىپ ساتمىدىم. ھازىرقى بازارنى قانداقمۇ بازار دېگىلى بولسۇن؟

— بۇ ئىنقىلاب بازارنىڭمۇ، كىشىلەرنىڭمۇ، ھۆكۈمەتنىڭمۇ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. توۋا - توۋا. ھەممە نەرسە ئېشىپ - تېشىپ تۇرسا، ئاندىن بازارنى بازار دېگىلى بولمامدۇ. قارىساڭ ھېچنېمە يوق، ئۇ بۇلۇڭدا كۇسۇر - كۇسۇر، بۇ بۇلۇڭدا كۇسۇر - كۇسۇر، قاچ - قاچ، ئۇر - ئۇر، شۇمۇ بازار بولدىمۇ؟ بازار دېگەننى قويۇپ بەرسە، خالىغاننى ئالسا - ساتسا بولمامدۇ؟ ھەممىلا ئادەم كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى بولمىغاندىكىن، ھۈنەر، سودا قىلىپ جان ئەتسە، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ مەنمۇ ئالتوپىلاڭ ئەۋجىگە چىققاندىن

بېرى خىزمەتكە بارمىدىم، — گۈلسۈم چاچلىرىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئېيتمىدى.

— ئۇبدان قىپلا، — دېدى نۇرسىمان پىيالىدىكى چاينى لىقلاپ.

— ھازىر توي ئىشلىرىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى، — يەنە گەپ باشلىدى گۈلسۈم، — كۆڭۈلدىكىدەك تويلۇق سالغىلى، تويلۇق ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئاۋۋال سالاھىدىن ئاخۇننىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويساق بولاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن گۈلنىسا قىزنىڭ تويىنى قىلىۋالسام، ئىككى قىزىمنىڭ تويىغىمۇ يول ئېچىلاتتى.

ئۇنىڭ بۈگۈن كېلىشتىكى مەقسىتىمۇ، گۈلنىسا توغرۇلۇق سالاھىدىن بىلەن سۆزلىشىش ئىدى.

— غوجىكامنىڭ تويىنىمۇ قىش چۈشكۈچە قىلىۋېتەرمىز، — دېدى نۇرسىمان گۈلسۈمنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، — دېگەنلىرىدەك، بۇ ئىنقىلاب بولمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە ھۆرلىقا، گۈلنىسالارنىڭ تويىمۇ بولۇپ كېتەتتى. ئەلچى كەلگىلى تۇرغاندۇ؟

— ۋاي كەلمەمدىغان، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بېشىمنى ئۇچاق ئېتىۋەتتى، گۈلنىسامۇ ئانىسىغا ئوخشاش چىرايلىق قىز بولدى، چىرايلىقتا ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن. مۇشۇ توغرۇلۇق سالاھىدىن ئاخۇن بىلەن مەسلىھەتلىشەي، دەپ كېلىۋىدىم...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا سالاھىدىن كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام، سالاھىدىن ئاخۇن، ئامان تۇرغانلا؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇداغا شۈكۈر. تۇراپ ئاخۇن، ئۆيئىچى تىنچ - ئامانلىقمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا.

— ئولتۇرسىلا، گۈلسۈمخان، مەزەگە باقسىلا.

سالاھىدىن نۇرسىمان سۇنغان چاينى ئىلىپ نىمىشقا كەلدىكىن، دەپ گۈلسۇمخانغا كۆز تىكتى. سالاھىدىننىڭ تاماققا كىرەكلىك نەرسە ـ كىرەكلەرنى ئەكەلگەنلىكىنى بىلگەن نۇرسىمان ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

ــ سالاھىدىن ئاخۇن، سىلى تاغ ئارقىسىدىن كىلىپ ھەممىمىزنى خۇرسەن قىلىۋەتتىلە، كۆڭۈلنىڭ يىرىملىقىدا دائىم غەمگە چۆمۈپ يۈرىدىغان گۈلنىسا قىزمۇ خۇشخۇي بولۇپ قالدى. يالغۇز گۈلنىسا قىزنىڭ غىمىنى يەپلا قالماي، ھەممىمىزنىڭ غىمىنى يەپ كىلىۋاتىلا، كۆپ تەرىپلىرىنى قىلىمىز. يالغۇزلۇقلىرىدا ئوبدان خەۋەر ئالالمىدۇق، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ــ گۈلسۇم چايدىن بىر ئوتلىۋىلىپ لام ـ جىم دىمەي ئولتۇرغان سالاھىدىنغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ بۈگۈن كىلىشىم ئۆزرىخاھلىق ئىيتىش ۋە يەنە قىزىمىز گۈلنىسا توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئىدى.

ــ ئوبدان بوپتۇ، گۈلسۇمخان، قىزىم گۈلنىساغا ياخشى قاراپ چىرايلىق چوڭ قىلىشىپتىلا، بۇنىڭغا لايىق رەھمەت دىيەلمىدىم.

ــ ھۆرمىتىمىزنى ئوبدان قىلىۋاتىدىلا، سالاھىدىن ئاخۇن. تونۇشلىرى كۆپ، قوللىرى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنداق ۋەھىملىك كۈنلەردىمۇ ئالىدىغانلىرىنى ئىلىپ، ساتىدىغانلىرىنى سىتىپ ئوبدان كىتىۋاتىدىلا. خالتىلاپ ئۇن، يارتىلاپ گۆش، تۇڭلاپ ياغ ئەكىلىپ بىزنى ناھايىتى خىجىل قىلىپ قويدىلا، سىلىدىن ھەممىمىز رازى.

ــ ئۇنداق دىمىسىلە، گۈلسۇمخان، ھەربىرلىرىگە قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ.

سالاھىدىننىڭ ئۆزىگە بۇنچە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىدىن مەمنۇن بولغان گۈلسۇم كىلىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىدىن گەپ ئاچتى:

— سالاھىدىن ئاخۇن، قىز بالا دېگەن باھاردا ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ، كىشىلەرنىڭ قارىغۇسى، ئۇزۇپ پۇرىغۇسى كېلىدۇ. گۈلنىسا قىزىم قىزىل ئەتىرگۈلدەك چىرايلىق بوي تارتىپ ئۆستى. يېشى تېخى كىچىك بولسىمۇ، بوسۇغىمىزغا كەلگەن ئەلچى ئاز ئەمەس. گەپ ـ سۆزگە قارىغاندا، ئەنجان كوچىسىلىق بىر ئەمەلدارنىڭ ئوغلى گۈلنىسانىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغاندەك تۇرىدۇ. بىز بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى بولمىسىمۇ، گۈلنىساغا ئۇنى بېرىپ، بۇنى بېرىپ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ساددا بالىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئوخشايدۇ. ھەپتە بۇرۇن گۈلنىساغا نەسىھەت قىلسام، سىلكىشلەپ خاپا بولۇپ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن...

— توختىسىلا، گۈلسۇمخان، — سالاھىدىن سۆزىنى بۆلدى، — سىلىنىڭ دېگەنلىرى ئوسمان باراتوف دېگەن كىشىنىڭ سادىر دېگەن ئوغلى بولمىسۇن يەنە؟

— شۇ، شۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم دەيدۇغۇ، سىلىمۇ بىلىدىغان ئوخشايلا.

— ھەئە، بىر ئاز تونۇشلۇقۇم بار، — دېدى سالاھىدىن ئىلى، ئۇرۇمچىلەردە تۇرغان چاغلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، — ئوسمان باراتوف بىلەن ئەللىك بىرىنچى يىلى ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك دېگەن يېرىدە كاۋاپچىلىق قىلغان ۋاقتىمدا تونۇشۇپ قالغانىدىم. دائىم دوستلىرى بىلەن كېلىپ كاۋاپ يەپ كېتەتتى، بەزىدە كىچىك ئوغلى بىلەنمۇ كېلەتتى، ئۇ چاغدا ھەربىي ئىدى، كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن چاغدىمۇ كېلىپ تۇرغانىدى. غۇلجىغا كەتكىنىمدىن كېيىن كۆرمىگەنىدىم. ئىلىدىن قەشقەرگە كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ھېيتگاھتا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئەنجان كوچىسىدىكى ئۆيىگە باشلاپ باردى، ئوغلىمۇ چوڭچوڭ يىگىت

بولۇپ قاپتۇ، ئايالىمۇ ئوچۇق چوكان ئىكەن. بىر قانچە قېتىم باردىم، گۈلنىسانىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئوبدان ئادەملەر، گۈلسۈمخان. سىلى بالام گۈلنىسا توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلاپ قالىلىمۇ يا؟ — سورىدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

— ھە، ياق، يامان گەپقۇ ئاڭلىمىدىم، سالاھىدىن ئاخۇن، ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس، — دېدى گۈلسۈم چىرايى تۇتۇلغان ھالدا، — ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم قىز بالىغا بىكاردىن - بىكار كىتاب بېرەمدۇ؟ ھەر يەكشەنبە كۈنى شۇلارنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ، بۇنى توسامدۇق؟ تېخى يوللاردا ئۇچرىشىدىكەن، بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟ مەيلىگە قويۇۋېتىمىز دېسىلىمۇ، سۆز - چۆچەك بولۇشتىن ساقلانغان ياخشى دېسىلىمۇ سىلىنىڭ ئىختىيارلىرى. سىلى بالىنىڭ دادىسى.

— مۇنداق دېسىلە، — سالاھىدىننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — قىز بالىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتكىلى بولمايدۇ، يۈرۈش - تۇرۇشىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، يامان ئىشتىن توسۇش لازىم. قىز بالا ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق ئەر نامەھرەم. سىلى ئۆز ئانىسىنىڭ ئورنىدا تەربىيە بەرسىلە گۈلنىسا ئاڭلايدۇ. مەن گەپ قىلاي دېسەم ئۇ قىز بالا، دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان دادىسىنى ئەمدى كۆردى، ئانىسىنى تېخى كۆرگىنى يوق. مەن قوپال، توڭ ئادەم، گۈلسۈمخان. مۇشۇنداق قوپاللىقىمدىن بالىنىڭ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانمەن. قىزىمغا گەپ قىلسام، ئۇمۇ مەندىن ھېيىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆزلىرى ئاستا - ئاستا نەسىھەت قىلىپ، سادىرنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن قىزىمنىڭ رايىنى قايتۇرسىلا بولىدۇ.

— ئېغىزلىرىغا ياغ، سالاھىدىن ئاخۇن، كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ قىلدىلا. گۈلنىسا قىز بەك نازۇك. ماقۇل، مەن نەسىھەت

قىلاي، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بېرەر.

گۈلسۈم نېرىن چۆپ پىشقۇچە سالاھىدىن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار تاماق يەۋاتقاندا ئايتۇرا بىلەن گۈلنىسا كىرىپ كەلدى. سالاھىدىن قىزىنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولسىمۇ، ئايتۇرانى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى، گۈلسۈمنىڭمۇ چىرايى ئۆڭدى. نۇرسىمان ئايتۇرانى ياقتۇرمىغاچقا، يۈز يېقىپ كۆرۈشمىدى. بۇ سوغۇق مۇئامىلىدىن كۆڭلى غەش بولغان گۈلنىسا ئايتۇرانى باشلاپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى. كۆزى كۆرۈپ، كۆڭلى تۇيۇپ «كەلمىسەممۇ بوپتىكەن» دەپ ئويلىغان ئايتۇرا ئولتۇرالماي ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى.

## 4

ئۇچمىنىڭ يىلتىزىنى ئەتىگەندە كولىغىلى تۇرغان سالاھىدىن پېشىندا ئاران قومۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. قۇياش ھويلىنىڭ ئۇستىدە تىكلىشىپ تۇراتتى، ئۆيدىن باشقا دالدا بولغۇدەك پاناھ جاي يوق ئىدى.

سالاھىدىن ئاشخانىغا كىرىپ، كۇپتىكى سوغۇق سۇدىن بىر نوگاي ئىچىپ سۇپىدا ئولتۇردى. ھارغىنلىق، ئۇمىدسىزلىك ئۇنى مالال قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ نۇرسىماننىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

— ئەسسالام، ئاكا.

— كەلسىلە، ئۇكام، — سالاھىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، سىلىۋەتكەن كۆڭلىكىنى ئىتتىك كىيىۋالدى، — مېھمانخانىغا چىقايلى.

سالاھىدىن ئوچاقتا پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازاننىڭ تۈۋىنى كۆتۈردى. كۆتۈرۈلگەن ھور بىلەن تەڭ، شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى نۇرسىماننىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى.

— غوجىكا، شورپا سالغان ئوخشىمامدۇ، سىلىنىزە

قورساقلىرىنى پەقەت ئۇتتۇرۇۋەتمەيلا.

— قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ، ئۇكام. ئىنساننى بەردەم قىلىدىغان نەرسىمۇ تاماق، ئاچ كۆز، تەمەخور قىلىۋېتىدىغانمۇ تاماق. گۆش پىشقاندەك قىلىدۇ، تۇزىنى تېتىپ ئۇسۇپ چىقسىلا، مەن داستىخان سېلىپ تۇراي.

سالاھىدىن ئايۋانغا داستىخان سېلىپ، كۇنجۇتلۇك، تاۋلاپ پىشۇرۇلغان گىردىدىن بىرنەچچىنى پەتنۇسقا سېلىپ قويدى. نۇرسىمان يېغى پالىلداپ تۇرغان شورپىنى چىنىگە ئۇسۇپ ئەكىردى.

— گۆشنى نېمانچە كۆپ سالغانلا، قۇۋۋەتلىك شورپا بوپتۇ.

— ئۇكام، مەن تاغ ئارقىسىدا يۈرۈپ گۆشنى كۆپ يەپ ئۆگىنىپ قالغان. قېنى كەلسىلە، قارىمۇچ سېلىپ بېرەي.

— غوجىكا، بارسىلىمۇ قۇرۇق بارمايلا، كەلسەمۇ قۇرۇق ياندۇرمايلا، بەك خىجىل بولۇپ كېتىمەن، — دېدى نۇرسىمان.

— ئۇكام، قىزىمدىن، سىلىدىن باشقا مېنىڭ يەنە كىمىم بار؟ ئۇزاق يىللار ھەربىرلىرىنىڭ يېنىدا بولالمىدىم، تېخى ئەرزىگۈدەك بىر ئىش قىلغىنىممۇ يوق. نىساخان ھاممامنىمۇ يوقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، قېرىپ كېتىپتۇ. ھەر قېتىم بارسام، «قېرىپ بىر يەرگە بېرىپ قالدىم. تويلىرىنىڭ ئۇستىدە ئانا ئورنىدا تۇرۇپ بەرسەم بولاتتى» دەپ ھالى قالمايدۇ. سىلىمۇ بېرىپ تۇرغانلا، ئۇكام؟ — سالاھىدىن گەپنىڭ ئاخىرىنى تويغا يۆتكىدى، يېقىندىن بېرى ئەس - يادى ئۆيلىنىشتە قالغانىدى.

— بېرىپ تۇردۇم، غوجىكا. ھازىرمۇ نىساخان ئاچامنىڭ يېنىدىن كەلدىم، لايىقنى شۇ ھاممىلىرى تاپتى. بۇنداق ئىشقا چېۋەر ئەمەسمۇ، ئەمدى تويلۇقنى ئېلىپ بارساقلا ئىش پۈتىدۇ. لايىق سەل ھال تارتىپ قېلىۋاتقاندەك تۇرىدۇ، ھەرقانچە ھال تارتسا نۇرنىسادەك ھال تارتار. ئاۋۋال ئەمىرلىرىگە ئېلىۋالسىلا،

خۇدايىم نىكاھ ئىسسىقلىقىنى بېرەر.

— زادى بولىدىغان ئايالدەكمۇ؟ — سورىدى ئۇ نۇرسىماننىڭ سۆزىدە سەل مۇجمەللىك بارلىقىنى سېزىپ.

— بولىدىغان ئايال، غوجىكا، ئۆزى ئوتتۇز بەش بىلەن قىرىق ياشنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر جۇۋان. كۆز دېسە كۆندەك كۆزى، چىراي دېسە ئايدەك چىرايى بار. تۆشەك ئىشلىرىغا چاققان، قولى ئىشلىق كۆرۈنىدۇ. بىرقانچە قېتىم بېرىش جەريانىدا ئوبدان سەپسالدۇق، نىساخان ئاچامغا يارايتۇ. «چاسىدىكى بايلارنىڭ ئەۋلادى، سالاھىدىن ئاخۇنغا مۇناسىپ خان سۇپەت ئايال» دەپ ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدۇ.

«نىكاھ غايىب، ئۆيلىنەي، كۆتكىنىمدەك چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىغان سالاھىدىن:

— تويلۇققا نېمە ئېلىپ بېرىشىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

سالاھىدىن ئاز بولۇپ قالمىسۇن دەپ، نۇرسىماننىڭ دېگەنلىرىگە يەنە بەزى نېمىلەرنى قوشتى.

— غوجىكا، ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان نەرسىلىرى جىق ئوخشىمامدۇ؟ قوشۇشنىڭلا گېپىنى قىلىلا، ئېلىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايلا، پۇلنى شۇنچە ئاسان تاپاملا نېمە؟ — دەپ كۈلدى نۇرسىمان.

شۇ تاپتا ھېچقاچان كۆڭلىگە كەلمىگەن بىر ئوي ئۇنىڭ يېقىملىق چېھرىدە ئاجايىپ بىر خۇش تەبەسسۇم پەيدا قىلدى. «نېمىشقىمۇ قىز چېغىمدا مېنى سالاھىدىن ئاكامغا ئېلىپ بەرمىگەن بولغىيدى؟...» ئۇ ئوي ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوتتەك قىزىتىۋەتتى، قوي كۆزلىرى سالاھىدىنغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى، ئۇ ئىختىيارسىز پىلانىسىنى سېلىۋەتتى. ئەسلىدە شورپا ئىچىشتىن ئىلگىرى سېلىۋېتىش كېرەك ئىدى، باياتىن يازنىڭ بۇ تىنچىق ئىسسىقىدا قانداقمۇ چىداپ ئولتۇرغان بولغىيدى؟

نۇرسىمان ياغلىقى بىلەن سالاھىدىنىنىڭ پېشانە چېكىلىرىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرنى ئېرتىپ قويۇشقا تەمشىلىپ قولىنى ئۇزارتتى. پىچاق بىلەن سۆڭەكتىن گۆشنى ئاجرىتىپ يەۋاتقان سالاھىدىن:

— مەن ئۆزۈم ئېرتاي، ئۇكام، — دەپ نەۋرە سىڭلىسىنىڭ قولىنى ئىتتەردى. نەزىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۆكسىگە، ئاندىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە چۈشتى. «ئايال خەق دېگەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ، پۇل، كىيىم، كېلىشكەن قامەت ئالدىدا شېرىن خىيالغا ئالدىنىدۇ، بۇ بىر نەۋرە سىڭلىمنىڭ كۆڭلىگە شەيتان كىرىۋالغاندەك قىلىدۇ.»

سالاھىدىنىنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر شامى ئۆچتى، چىرايى سۇرۇن تۇس ئالدى. قولىدىكى سۆڭەكنى داستىخانغا تاشلاپ، لۆڭگە بىلەن تەرىنى ئېرتتى. ئۇنىڭ چېھرىدىكى بۇ ئۆزگىرىش نۇرسىمانىنىڭ خىيالىنى كۆككە ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇ دەرھال قولىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ پېشانە تەرىنى ئېرتتى.

— غوجىكا، جاۋاب بەرمەيلىغۇ، تويلۇقنى ئەتە تەييارلاپ بېرەمدىلا؟ — دېدى ۋە نېمىشقىدۇر خىجىل بولغان تەرزدە قوشۇپ قويدى، — بۇگۇن ئەجەب ئىسسىق بولۇپ كەتتى.

سالاھىدىن نۇرسىمانىنىڭ پىلاتىسىنى كىيىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىدىن بىر مەنىنى چۈشەندى، چىرايىمۇ ئېچىلدى.

— تويلۇقنى ئەتە تەييار قىلىپ بېرەي. ھە، قىزىم گۈلنىسا بىلەن توي ئىشىم توغرۇلۇق سۆزلەشكۈدەك بوللىمۇ؟

— سۆزلەشتىم، غوجىكا.

— نېمە دېدى؟

— ئۆتكەن ھەپتە گىلەمچىلىك كارخانىسىغا بېرىپ ئىش قىلىۋاتقان يېرىدىن ئۆيۈمگە ئېلىپ باردىم. سىلىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكلىرىنى، خىزمەتلىرىدە بولۇشقا بىر ئايالنىڭ لازىملىقىنى سىپايىلىك بىلەن چۈشەندۈردۈم. تولىمۇ ئەقىللىك

قىز ئىكەن. «مەن رازى، دادامنىڭ قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلىمەن، تۈزۈكرەك خەۋەر ئالالمىدىم، ئاچا» دەپ يىغلاپ كەتتى.

— خەير، رازىلىق بىلدۈرگەنلا بولسا، مەن ئۇ بالىنى ئازار يېگۈزمەيمەن. ئۆتكەندە سىلى بار، گۈلسۈمخانمۇ بار، قىزىم ھېلىقى گاچا خوتۇننى باشلاپ كىرگەندە، ھەممىمىز دۆنى كۆرگەندەك تۇگۇلۇۋالدۇق. ئۇ گاچىمۇ ھوشيار ئىكەن، شۇ زامانلا چىقىپ كەتتى. مەن بىلىپ تۇردۇم، قىزىم بوغۇزلىنىۋەتكەندىنمۇ ئارتۇق ئازابلاندى، شۇنداق ئۇخشىغان نېرىن چۆپتىن بىر قوشۇقمۇ يېمىدى. مەن قەشقەرگە كېلىپ قىزىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن شۇ گاچا خوتۇننىڭ دائىم خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىقىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم. قىزىم يالغان ئېيتمايدۇ، بولمىسا ئۇ گاچىنى نۇرنىسانىڭ كۆزىچە ئۆيدىن قوغلىۋەتكەنىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا مېنىڭ قىزىمنىڭ ئاچىسىدەك يېقىن بولۇپ قاپتۇ، بۇنىڭغا نېمە دېگىلى بولسۇن؟ قىزىم شۇ كۈنى قاتتىق ئازار يېگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، گەپ قىلماس بولۇپ قالدى، سىلىنىڭ ئۆيگە بارغانلىقىنىمۇ ئېيتمىدى. تويلۇقنى ئېلىپ بارغاندا قىزىممۇ بىللە بارسۇن، ئۇكام.

— ماقۇل، غوجىكا، مەن كېتەي، دۇئا قىلىپ بەرسىلە.

دۇئادىن كېيىن سالاھىدىن نان ئارىسىغا ئېلىپ قويغان گۆشنى نۇرسىمانىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى:

— نىساخان ئاچامغا ئالغاچ كەتسىلە.

— ماقۇل، ئاكا، يەنە باشقا تاپشۇرۇقلىرى بارمۇ؟

سالاھىدىن ئويلاپ ياندىكى مېھمانخانىدىن بىر كىيىملىك شىپۇن دۇخاۋا ئاچىقتى.

— ئۇكام، بۇ كۆڭلەكنى تىكىپ كىيەرلا، سىلى مېنىڭ ھەمشىرەم، لازىملىق نەرسىلەرنى ماڭا دېسىلە ئېلىپ بېرىمەن.

ماقۇل، خۇداغا ئامانەت.

نۇرسىمان خۇشلۇقى ئىچىگە پاتمىغان هالدا چىقىپ كەتتى.

## 5

توي بولدى، بۇ سالاھىدىنىنىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق تويى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھاياجانلىنىپ قالدى. كەلگەندىن بېرى ئەھلى جامائەت، يار ـ دوست، تونۇشلىرى بىلەن ھېيتگاھتا، مەسچىتلەردە يۈز كۆرۈشكەن، توي ـ تۆكۈن، چايلاردا بىللە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنى چاقىرىپ نەزىر بېرىش ئارزۇسى بۇگۈن ئەمەلگە ئاشقاندى. ئۇ يۇمىلاقشەھەر كۆلبويى مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى، بۇلاقبېشى، ئەنجان كوچىسى، جانان كوچىسى، باغچە كوچىسى، ئەۋرىشىمكار كوچىسىدىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىنى، بەزى ئىدارە، مەكتەپلەردىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى، بازار باشقۇرۇشتىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسىنى تويغا چاقىردى.

شەنبە كۈنى ئەتىگەندە كېلىن بولغۇچى ئايال رەناخاننىڭ چاسا مەھەللىدىكى ئۆيىگە توپ ـ توپ بولۇپ كەلگەن مېھمانلار ئەتىگەندىلا ئۇزاپ بولدى. تۇراپ، ئوسمان باراتوف، ياسىن قارىيلار بۇ يەردىن ئۇزاپ سالاھىدىنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دەپ قول ئۇزارتتى ئۇنىڭغا ئوسمان باراتوف، — تويلىرى ئوبدان ئۆتتى. قىزىل قوغدىغۇچى باتۇرلار ئۇرۇمچى، بېيجىڭلاردىن تېخى يېتىپ كەلمىگەچكە مېھمانلارنى دەخلى ـ تەرۇزسىز ئوبدان ئۇزىتىۋالدۇق.

— ياش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويىدەك ئۆتكۈزۈۋالدۇق دېسىلە، — سۆز قاتتى تۇراپ.

— رەھمەت، ھەربىرلىرى بولۇشمىسىلا تويمۇ بۇنداق

ئۆتمىگەن بولاتتى، ــ دېدى سالاھىدىن ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، شۇ چاغدا تۇرسۇن ئاخۇن بىر لېگەن پولۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، مېھمانلارغا سالام بېرىپ پولۇنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ــ ياخشى ۋاقىتتا كەپتىمەن، بۇرادىرىم، ئوبدان مېھمانلار يىغىلغانىكەن، ــ دېدى ئۇ داستىخاننى ئېچىپ، ــ پولۇ دېگەن يىگىتنىڭ بوغۇزى. قاراپ تۇرماي كەلسىلە، سالاھىدىن ئاخۇن. بەللىرىگە قۇيۇچ باغلىۋالسىلا، بولمىسا بۈگۈن ئاخشام ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ قالىلا.

كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ــ بۈگۈن مېنىڭ سالاھىدىن ئاخۇننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئاللالا تۇۋلاپ بارغۇم بار، ــ دېدى ئوسمان باراتوف قاپىقارا بۇرۇتلىرىنى سىلاپ.

ــ شۇنداق قىلايلى، قەشقەرنىڭ چوكان ـ جۇۋانلىرىنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتسۇن، ــ دەپ قوشۇپ قويدى تۇرسۇن ئاخۇن پولۇ ئۈستىگە بېسىلغان گۆشنى توغراپ.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ــ كۈلۈۋالايلى بۇرادەرلەر، مەيلى، ئاللالا تۇۋلىمايلى، ئەمما كۆڭۈلنى غەش قىلمايلى. سالاھىدىن ئاخۇننىڭ ئايال دىدارىنى كۆرمىگىنىمىگە ئۇزاق زامان بولدى. ھازىر ئەنسىرەۋاتقىنىمىز ئۇنىڭ توي كېچىسىدىكى ھالى. ئايال بىلەن بىر تەكىيەگە قانداق باش قويۇش توغرۇلۇق تۇرسۇن ئاخۇن بىرئاز دەرس ئۆتسە بولامدىكىن؟

مېھمانلار يەنە پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

پېشىن بولغاندا مېھمانلار ئۇزاپ سالاھىدىن ئاخۇن يالغۇز قالدى، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئاشخانىدا بىرمۇنچە ئاياللار مەسلىھەت قىلىۋاتاتتى.

ــ گۈلنىسا ئۆگەي ئانىسىنى يۆتكەشكە بارمىسىمۇ بولار؟ ــ دېدى گۈلسۈم ئۆرە تۇرغان نۇرسىمانغا.

— ئۆنداق دېمىسىلە، گۈلسۈمخان، — دەپ قارشى چىقتى ئۇ، — بارغىنى تۈزۈك، ئايال تەرەپمۇ غوجىكامنىڭ مانا شۇنداق ئايدەك قىزى بارلىقىنى بىلىپ قويسۇن.

— گۈلنىسا قىز بارسۇن، — دېدى خەيرىنىسا نۇرسىماننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — كىشىلەر ھەرنېمە بولسا ئۆگەي ئانىسىنى يات ھېسابلىماي قىزىمۇ كەپتۇ، دەپ ھۆرمىتىنى قىلىشىدۇ. ئۆگەي ئانا بولغۇچىمۇ قىزى رازى ئىكەن دەپ خۇشال بولىدۇ، گۈلنىسا قىزغا مېھىر باغلايدۇ.

— ھەربىرلىرى مۇنداق دەۋاتقان يەردە، مەن نېمە دەيمەن؟ بارسا بارسۇن، — دېدى گۈلسۈم سەل ئۆڭۈپ. چاچلىرىنى بانتىكلاپ بېشىغا گۈللۈك ياغلىق سېلىۋالغان خەيرىنىسا يەرگە قاراپ تۇرغان گۈلنىسانى ئالدىغا تارتتى.

— گۈلنىسا قىزنى ئېلىپ بارغانغا يەتمەيدۇ، ئۆگەي ئانىسىغا بۇگۈن ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆگەيلەشكە ئۇچرىمايدۇ، — سۆز قاتتى مۇھتەبەر دوستى نۇرنىسانى ئويلاپ، ئۇنىڭ نۇرنىسا بىلەن سالاھىدىنىنىڭ تويى بولغان چاغلارنى ئەسلەپ كۆزى ياشلاندى. بوسۇغىدا تۇرغان ئايتۇرامۇ شۇنى ئويلاۋاتسا كېرەك، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

— نۇرسىمان ئۇكام ! — سالاھىدىنىنىڭ تووۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— غوجىكا، مانا ھازىر.

نۇرسىمان يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. سالاھىدىن ئايۋان ئىشىكىدە تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا يۇڭ رەختتىن تىكتۈرگەن شىم - چاپان، ئۇستىگە پاخچۇ يەكتەك كىيىۋالغانىدى. نۇرسىماننىڭ كۆزىگە غوجى ئاكىسى ياش يىگىتتەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئۇكام، ئۆي بىكار بولدى، ئاشخانىدىكى مېھمانلارنى

ئۆيگە باشلىسىلا. ھە، كىملەر كەلدى، ئايتۇرا، خەيرىنىساخانلار كەلدىمۇ؟ — سورىدى سالاھىدىن. ئۇلارنى قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۆزى باغاق يېزىپ چاقىرغانىدى. گۈلسۈم شۇنىڭ ئۈچۈن مالال ئىدى.

— كەلدى، غوجىكا، مەن مېھمانخانىغا باشلاپ چىقاي.

سالاھىدىن بالىخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. نۇرسىمان مېھمانلارنى ئايۋانغا باشلىدى. شەپەق قىزارغان چاغدا ئۇلار كېلىننى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى.

— يۇرسىلە، خان بالام، — خەيرىنىسا گۈلنىسانىڭ قولىدىن تارتىپ مېڭىۋىدى، بۇ ھال گۈلسۈمگە خۇددى گۈلنىسانى يۆتكەپ ئۆز ئۆيىگە ئەكېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

چوڭ بىر پەتنۇستا تويلۇق توقاچ كۆتۈرگەن ئايتۇرا بىرىنچى بولۇپ ئىشىكتىن چىقتى.



بەشىنچى باب

# ئوقۇتقۇچى يىگىت

## 1

ئادەم ئۆزىگە خەيرخاھلىق قىلغان كىشىنى كىچىك چېغىدا ئاسان تونۇۋالىدۇ، ئۇنتۇمايدۇ. گۈلنىسا گىلەمچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەشكە باشلىغاندىن بۇيان، ئايتۇرانىڭ ئۆيىگە ھەمىشە بېرىپ تۇردى. سامسا، يەل ـ يېمىش ئېلىپ كىرىدىك ئانىسى زەيتۇنىخان ئاچىنىمۇ نەچچە قېتىم يوقلىدى. يېقىندىن بېرى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كۆپرەك بارىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كەم بارىدىغان بولۇپ قالدى. گۈلسۈمنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق سۆزلىرى ئۇنى بېرىشتىن يالتايتىپ قويغانمىدۇ؟ ئانىسىدىن خەت كېلىپ، دادىسىمۇ كېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن مەنپەئەتلىنىپ ھال تارتىپ قالدىمۇيا؟

ئۇ ھەمىشە سادىرنى ئويلايتتى، تازا سېغىنىپ تاقىتى تاق بولغاندا، سادىرنى ئىزدەپ خەيرىنىسالارنىڭكىگە بارمىسا كۆڭلى تىنمايتتى. سادىر بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىدا گەپ قىلالماي يەرگە قارايتتى. «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلدى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۆزىدەك ئوقۇغان بىر قىز بىلەن توي قىلىپ كېتەرمۇ؟» دەپ غەم يەيتتى، مېنى ئىزدەپ تۇرسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتى. بىللە كىنوغا كىرگەن چاغلىرىدا سادىر قولىنى تۇتۇۋالسا، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىن

ئەكەلسە يېقىملىق ھېس قىلىدىغان، ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان بولدى. ئۇ سادىرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى كىشىلەرگە ئېيتىشقا بولمايدىغان بۇ سىرلىق تۇيغۇ ئۇنى خەيرىنىسالارنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا دەۋەت قىلاتتى. خەيرىنىسالارنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، قانداقتۇر خىياللار چىرمىشىۋېلىپ، ئەركىن قەدەم تاشلاتقۇزماي كەينىگە تارتقاندەك بولاتتى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندىمۇ، ھويلىغا كىرىپ كېتىۋەرمەي يوچۇقتىن ماراپ باقاتتى. يېنىپ كەتمەكچىمۇ بولاتتى، بۇنداق چاغدا خەيرىنىسا ئالدىغا چىقىپ «كەلسىلە، بالام، نېمىگە تارتىنىپ تۇرىلا؟ كەلمىگەنلىرىگە خېلى بولدى» دەپ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئۆيىگە باشلايتتى. گۈلنىسا يەرگە قارىغىنىچە چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىرسىنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى. ئۆزىگە قاراپ تارتىنىپ تۇرغان سادىرنى كۆرگەندە بەتتەر قىزىرىپ كېتەتتى. ئاغزى گەپكە كەلمەي، خۇددى يامغا ئېلىپ قويغان قىزىلگۈلدەك كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى. نېمىنىدىندۇر ئىزا تارتقاندەك، قورۇنغاندەك بولۇپ: «مەن كېتەيمىكىن» دەيتتى سادىرغا يەر تېگىدىن قاراپ، شۇ چاغدا ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى.

«تاماق يەپ كەتسىلە، بالام، ئىچىلىرى پۇشقان بولسا سادىر كىتاب ئوقۇپ بەرسۇن. بالام، ئۇنداق موللا مۇشۇك بولۇپ كەتمەي، گۈلنىسا قىزغا كىتاب ئوقۇپ بەرگىن، مەن تاماق ئېتەي» دەيتتى خەيرىنىسا.

گۈلنىسا كېلىمەن دەپلا كېلەلمەيتتى، ئىزا تارتاتتى، گەپ ـ سۆز بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. سادىر گۈلنىسانىڭ كېلىشى ئازايغانسېرى خىيالچان، كەم سۆز بولۇپ قالاتتى. گۈلنىسانى كۆرگەندە مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇسى كېلەتتى، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى، بۇنى پەقەت تەلمۈرۈپ قاراش بىلەنلا ئىپادە قىلاتتى. گۈلنىسادەك گۈزەل قىزغا لايىقنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كېچىلىرى تولغىنىپ بىئارام بولاتتى.

※ ※ ※

قىش بوۋاي ئاق داستىخىنىنى قەشقەر زېمىنىغا يايدى. كېچىچە لەپىلدەپ ياغقان قار سەھەردىلا توختىدى. تاڭنىڭ ئالتۇن شەپىقى قار ئۈستىگە جۇلا تاشلىدى. ئۇپۇق نۇرلىنىپ كۈن چىقتى.

گۈلنىسا ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى، سوغۇق ئۇنىڭ قوللىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. گۈلنىسا تېز - تېز سۈپۈرۈپ، قارنى دۆۋىلەپ يىغىپ قويۇپ كىرىپ كېتەي دەپ بوسۇغىغا پۇت قويۇشىغا پوچتىكەش كېلىپ قالدى.

— ئۇكام، خەت.

گۈلنىسا خەتنى ئېلىپ ئانىسىدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى.

— رەھمەت، ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋالسىلا.

— خوش، ئالدىرايمەن.

گۈلنىسا ئىشىكنى ئېتىپ، ئاشخانىدا چاي قاينىتىۋاتقان گۈلسۈمنىڭ يېنىغا كىردى.

— ئانامدىن خەت كەپتۇ، گۈلسۈم ئانا.

گۈلسۈم ئورنىدىن تۇرۇپ خەتنى ئالدى، ئادرېسقا قاراپ:

— مەن خەتنى ئاستا ئوقۇيمەن، سىلى ئوقۇسىلا، بالام، — دەپ گۈلنىساغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دېدى:

— بالام، مۇشۇنىڭ بىلەن ئانىلىرىدىن يەتتە قېتىم خەت كەلدى، ئەۋەتكەن بىر خالتا قايتۇرۇلغىنىنى بىلەن، ئۈچ خالتا قولىمىزغا تەگدى، يەنە نېمىشقا يىغلايلا؟ خۇشال بولسىلا، بالام، يىغلاشقا توغرا كەلسە مەن يىغلىسام بولىدۇ. ھۆرلىقانىڭ ئۇيالماي قورسىقىنى تومپايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردىلىغۇ، ئۆيدىن چىقالماي ياتامدۇ ئۇ مەرەز. خەلقىئالەم ئالدىدا ئاتىسى بىلەن ماڭا نى ئۇيات - نى نومۇس. يىغلاش بولسا مەن يىغلاي،

چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

گۇلسۇم ئۇن سېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

چاچلىرى تاراقسىز، رەڭگى سارغىيىپ قالغان ھۆرلىقا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققىنىچە ئاشخانىغا ئېتىلىپ كىردى:

— ئانا، ساراڭ بولدۇڭمۇ، نېمىشقا ۋايساپ يىغلاۋاتىسەن؟ قوشنىلىرىڭ ئاڭلاپ كىرسە نېمە دەيسەن؟

گۇلسۇم ئېتەكلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قىزىغا ھومىيىپ قارىدى. قورسىقى يوغىناپ قالغان ھۆرلىقا كۆڭلەكچانلا دۈگدىيىپ تۇراتتى.

— قارا، ئىزا تارتماي كۆڭلەكچان چىققىنىڭنى، ئىشتان كىيمىگەن ئوخشىمامسەن، بەتبەخت! سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ ئۆلۈپ بەرمىگىن يەنە.

— قاراپ باق، ئىشتان كىيىپتىمەنمۇ؟ — ھۆرلىقا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى مەيدىسىگىچە كۆتۈردى. ئالىقانچىلىك قىزىل كالتە ئىشتاندىن ساغرىسى، ئېقىملىرى پۇتۇنلەي كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ شۇمنىڭ ھاياسىزلىقىنى، ئېتىكىڭنى ياپ! بولمىسا لاخشىگىرنى! ... — گۇلسۇم قولىغا لاخشىگىرنى ئالدى. بىردە ئارزۇلۇق قىزغا، بىردە مېھرىبان ئانىغا قاراپ ئىچى سىيرىلگەن گۇلنىسا ئىتتىك بېرىپ گۇلسۇمنى تۇتۇۋالدى.

— ئانا، خاپا بولمىسىلا، ئولتۇرۇۋالسىلا.

— ئۇ قېرى دەللىنى قويۇۋەت، گۇلنىسا! مېنى ئۆلتۈرۈپ قاتىل بولسۇن، شۇمۇ ئانا بولۇپ قاپتۇ، نەس باسقان سېسىق خوتۇن.

— ۋاي ماۋۇ ھارازۇلنىڭ ئۆكتەملىكىنى! ماشىنا — پويىزدا كىشىلەرنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ كەلدى، ئەر كىشىلەر بىلەن بىللە ياتتى، ھېچكىم ئارىغا ئالمايدىغان بولدى، دېگەن

شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىشەنمەيتتىكەنمەن، يۈزسىز. قورسىقىڭنى تومپايتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىڭدە، ئاندىن سېنىڭ پاسكىنىلىشىپ كەتكىنىڭنى بىلدىم. بىلمەسمەن، بىچارە داداڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىلى تاس قالدى، سېنىڭ ئورنۇڭدا گۈلنىسانى ئوقۇتسامچۇ، ئىست، ئىست. ئەمدى سەن رەسۋانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىغان تىلمۇ قالمايدىغان بولدى. ماڭ، ئۆيگە كىرىپ كەت نىجىس، بىرسى كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

ھۆرلىقا تۇڭلاپ تىترەشكە باشلىدى، ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— ئۆلمەيدىغان قېرى، بۇ دېگەن ئىنقىلاب، ئىنقىلاب بولغاندا ئادەم ئۆلىدۇ، تۆرىلىدۇ. سەندەك سازايى قىلىنغۇچە ئويناپ - كۈلگەن مىڭ ھەسسە ياخشى، جادى.

گۈلنىسا ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ تېتىقسىز سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا يۈزى چىدىماي:

— دادامنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي، — دەپ سورىدى.

— ھەلىمە مەكتەپتىن كەلگەندە ئاندىن بارسىلا بولارمىكىن. رىشات ھېلى كەلسە، تاماق تېخى پىشمىدىمۇ، دەپ غوۋغا كۆتۈرىدۇ، — دېدى گۈلسۇم.

— نېمىشقا تۇسىسەن؟ يوغان دادىسىنىڭكىگە بارسا بارمامدۇ. سەن تىللاپ بەرسەڭ ئۇ خېنىمنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتمەمدۇ، كېتىۋەرسۇن ! — دېدى ھۆرلىقا چالۋاقاپ.

— مەن ئانامدىن سوراۋاتمەنغۇ، ھۆرلىقا، نېمە ئاچچىقلىنىسەن؟ — گۈلنىسانىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— ۋاي تاۋى نازۇك، ئانامغا مېنى چېقىپ خۇماردىن چىقتىڭمۇ؟ ھېلى رىشات كەلسە كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن !

ھۆرلىقا ئېتىلماقچى بولۇۋىدى، گۈلسۇم توسۇۋالدى.

— گۈلنىسا، دادىلىرىنىڭكىگە بېرىپ كەلسىلە، بەك كېچىكىپ قالمىسىلا، — دېدى جېدەلنىڭ ئۇلغىيىپ

كېتىشىدىن قورقۇپ.

گۈلنىسا ئانىسى ئەۋەتكەن سارجىدا تىكتۈرگەن پەلتوسىنى كىيىپ، يۇڭ رومىلىنى بېشىغا سالدى. بۇلاقبېشىغا چۈشمەي، چاسىغا چىقىدىغان تار كوچا بىلەن ئىلدام يۈرۈپ، ھېيتگاھقا كەلگەندىلا توختىدى. گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بۆلۈنگەن قىزىل قوغدىغۇچىلار مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. گۈلنىسانىڭ خەيرىنىسالارنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كەلگەندى. بىردەم ئويلاپ ئۆستەڭبويى كوچىسىغا قاراپ ماڭدى.

— خېنىم، نەگە ماڭدىلا؟

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ توختىغان گۈلنىسا ئىككى تەرىپىگە قاراپ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاق سېرىق، پۇسمىلاق بىر ئادەمنىڭ كۆز تىكىپ كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى كۆردى.

— مېنى تونۇمىدىلىمۇ؟ دادىلىرىنىڭ بۇرادىرى بولىمەن.

گۈلنىسا بۇ ئادەمنى تونۇدى، ئاشۇ كۈنى مۇنار تۈۋىدە دادىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ساۋۇتوم دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇرۇپ بىر زىخ كاۋاپنى گۈلنىساغا تەڭلىدى.

— كاۋاپ يېسىلە، خېنىم، كاۋاپ يېسىلە، قىشنىڭ گۈلى ئوت، بۇ كاۋاپ ئوتتا پىشقان.

بۇ قىلىقسىزلىقتىن ئۆلگۈدەك ئىزا تارتقان گۈلنىسا قىزىرىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئارقىسىغا قارىماي قەدىمىنى تېز ئېلىپ ماڭدى. كەينىدىن بىرسى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ھويلىغا كىرىپ ئىشىكنى ياپقۇچە ئارقىسىغا قارىمىدى.

قىزىنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولغان سالاھىدىن ئۇنى ئۆيگە ئەكىردى.

— ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىلە، شورپا سېلىپ قويغانىدىم، بالام.

يولدا ساۋۇتئۇم قورقۇتۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى توڭـۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، گۈلنىسا گـەپ قىلمـايلا ئولتـۇردى. پەگاھقـا قويۇلغان چويۇن مەش قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۈستىگە قويۇلغان كورا پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى.

— قىزىم، سىلىگە بىر پىيالىكا ئىـلىپ قويـدۇم، كىيىـپ باقامىلا؟

— ماقۇل، كىيىپ باقاي، دادا.

سالاھىدىن ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشىك قىقىلدى.

«كىمدۇ بۇ، ھىلىقى لۈكچەك كەلگەن بولمىسۇن يەنە، خان ئاچام يوقـتەك قىـلـىدۇ، يامـانـلاپ كەتكـەنـىمىدۇ، يـا ئـۇرۇق - تـۇغقانلـىرىنـىڭكـىگە كەچلـىگىلى كـەتكەنـمـىدۇ، دادام خېـلـى خۇشقۇ...»

ئۇنىڭ خـىيالـىنى «خوش، خوش» بـىلەن كـىرىپ كەلـگەن ساۋۇتئۇم ئۈزۈۋەتتى. گۈلنىسا ياندىكى مېھمانخانىغا كىرىۋالدى. ئون توققۇز يىل ئىلگىرى نۇرنىسا ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغـان گۈلنىسانى بۆشۈكتە ئۇخلىتىپ قويۇپ، تاڭ قاراڭغۇسىدا مۇشۇ ئۆيدىـن چىقىـپ كەتكـەنىدى، تۆكـكـەن ياشلـىـرى بۆشۈكـكـە، بوسۇغىغـا سۇدەك سىپـىلگەنـىدى. ھازىر گـۈلنـىسـانىڭ قويـۇن يـانچۇقـىدا شۇ ئانىـسىدىن كـەلگەن خـەت يـۇرىكىـگـە تېگـىـپ تۇراتتى.

— سالاھىدىن ئاكا، ئاشۇ كۈنى ئـۆيلىرىـگە بارىمـەن دەپ، ۋاقىت چىقماي بارالمىغانىدىم. ئاڭلىغانلا، «قىزىل قوغدىغۇچـى باتـۇرلار» مـىـنـى ئـۆزىـگـە باشـلـىـق قـىلـىـۋالـدى. يـاربـاغ كوممـۇناسىنـىڭ ھوقۇقـىنى تارتـىۋالدۇق، ئـامـەت كەلگـەنـدەك تۇرىدۇ، — ساۋۇتـئۇم سۆزلىگـىنىچـە كىلىـپ باداشقـان قـۇرۇپ ئولتـۇردى ۋە قـويـنـىـدىـن بـىـر بـوتـۇلكـا ھـاراق چـىـقـىـرىـپ سالاھىدىننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئىچەمدۇق، — دېدى سالاھىدىن باشقا گەپ قىلماي.

— ئىچىمىز، سالاھىدىن ئاكا، سىلى كەلگەندىن بېرى بىر

يەردە پۇخادىن چىققۇچە ئىچىشىپ ئولتۇرالمىدۇق، سىلىگە بەكلا ئىخلاسىم بار. كورىدا گۆش پىشىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ قوشناچىم ئۆيدە يوق ئىكەن ـ دە. كەڭتاشا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋالىدىكەنمىز، قېنى، ئۆز قوللىرى بىلەن...

— گۆشتىن بىرئاز يەپ ئاندىن ئىچەيلىمىكىن؟

— ئىچىپ تۇرىلى، سالاھىدىن ئاكا!

سالاھىدىن پىيالىگە توشتۇرۇپ قۇيۇپ ئۇنىڭغا تۇتتى.

— ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن كەلسۇن.

— ساۋۇتتۇم، بىز غۇلجىدا ئىچىشكەن. مېنىڭ ئادىتىم ھاراقنى قۇرۇق ئىچمەيمەن، مېھمىنىمغىمۇ ھاراقنى قۇرۇق قۇيۇپ بەرمەيمەن، سىلى ئىچىپ تۇرۇڭلا، گۆش ئەكىرەي.

«كوممۇنانىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدىم دېسەممۇ تەپ تارتماي دەۋاتقان گېپىنى قارا، ئۆزى بەگ، مەن بىر دورغىدەك.» ساۋۇتتۇم شۇلارنى ئويلاپ پىيالىنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

سالاھىدىن بىر پارچە گۆشنى كورىدىن ئېلىپ تەخسە بىلەن ساۋۇتتۇمنىڭ ئالدىغا، يەنە بىر پارچە گۆشنى تەخسىگە سېلىپ داستىخانغا قويدى. قالغان گۆش بىلەن شورپىنى مېھمانخانىدا غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان قىزىغا ئەكىرىپ بەردى.

— دادا، سىلى ھاراق ئىچمىسىلە، ئوبدان دادا، سىلى ئىچمىسىلە.

گۇلنىسانىڭ يېلىنىپ قىلغان بۇ سۆزى سالاھىدىننىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى.

— بالام، ئەمدى ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلمايلا ئايۋانغا چىقتى، ساۋۇتتۇم گۆش يەۋاتاتتى، سالاھىدىن گۆشتىن بىرئاز يېدى، «بۇ نەپسى ئاۋارىسىگە بىر گەپ قىلىپ قوياي» دەپ ئويلاپ، ئىككى پىيالىگە ھاراق قۇيدى ـ دە، پەتنۇس بىلەن ئۇنىڭغا سۇنۇپ، ئۆزى بىر پىيالىنى قولىغا ئالدى.

— ساۋۇتتۇم، — دېدى سالماق ئاۋاز بىلەن، — بىز ئۇزاق يىللىق بۇرادەر، بىر يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك، ئارىمىزدا

بەزىدە قاتتىق - يىرىك سۆزلەر ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمدە سىلىگە نىسبەتەن ياخشى تىلەكتىن باشقا نەرسە يوق. غۇلجىدا مۇساپىرچىلىقتىمۇ بىز ياخشى ئۆتكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — سالاھىدىن سۆزدىن توختاپ ساۋۇتۇمنىڭ «شۇنداق» دېگەن تەستىقىنى ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن سىلىنىڭمۇ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىڭلىنى كېيىنرەك بىلدىم، كۆپ ئۇچرىشالمىدۇق. ئەمما، مېنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىمنى سىلى، سىلىنىڭ قانداق سەنئەتكە دەسسەۋاتقانلىقىڭلىنى مەن بىلىشىپ تۇردۇق. ساۋۇتۇم، ھازىر سىلى چەللىدە ئات چېپىۋاتىسىلەر، نەگە بېرىپ چۈشۈشۈڭلارنى بىلەلمەي ئۇچۇۋاتىسىلەر. دوستانىلىك بىلەن راستىنى دېسەم، سىلى بىلەن بىزدە شەھەر سوراشقا مادار يوق، سىلىنىڭ بىلىمىڭلار سودا ئىدارىسىنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشقا ئاران يېتىدۇ، ھوقۇق تۇتقۇچىلىكىڭلار يوق. باراتوفتەك ئادەملەر شەھەر سورىسا، ھوقۇق تۇتسا، ئەل - يۇرتقا ياخشىلىق بولىدۇ. سىلى ھوقۇق تۇتساڭلا، كوچىدا قارتا ئويناپ لاغايلاپ يۈرگەن ئان قېپىلار شەھەر سورىسا جاھان نېمە بولماقچى؟ يۇرت خاراب بولىدۇ، ساۋۇتۇم، ئاخىرىدا ئىككى پۇتۇڭلا بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ. مەن ئەزەلدىن سىياسەتكە ئارىلاشماي سودا - سېتىق بىلەن بولۇپ كەلگەن ئادەممەن. ئاڭلىسام، سودا ئىدارىسىدە سىلىگە ھوقۇق تەگمىگەندىن كېيىن، بىر توپ ئىشسىز، ھۇرۇن، بىكار تەلەيلەرنى، جەللىگۇر، ئوغرى، لۈكچەكلەرنى توپلاپ يارباغ كوچا باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋاپسىلە، زومىگەرلىكتە بۇرۇنقى بەگلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىپسىلە. شەھەرنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالىمەن دەپ پومۇ ئېتىپسىلە. ساۋۇتۇم، ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۆزۈڭلىنى تۇتۇۋالساڭلا قانداق؟ چەللە ئۆرۈلسە ئاستىدا سىلى قالىسىلە، ئۇ چاغدا پۇشايمان سىلىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بۇگۈن ئۆيۈمگە كېلىپ

قالدىڭلا، بۇ مېنىڭ سىلىگە ئاكىلارچە مەسلىھەتىم، قېنى، ئىچىڭلا.

سالاھىدىن بىر كۆتۈرۈشىدە ئىچىۋەتتى، ساۋۇتتۇم سۇمۇرۇپ - سۇمۇرۇپ ئىچىپ تۈگەتتى، يۈزى پۈرلىشىپ سەتلىشىپ كەتتى.

— سالاھىدىن ئاكا! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەنا، قۇيە، يەنە بىرنى ئىچىۋېلىپ سۆزۈڭگە جاۋاب بېرەي.

سالاھىدىن قۇيۇپ بەردى، ساۋۇتتۇم ئىچىپ قېقىلىپ كەتتى، يۈزلىرى ئېسىلىپ پوكاندەك قىزاردى.

— سېنى مەن خېلى گاڭگۇك ئادەممىكىن دېسەم، بۇزۇق ئۇنسۇر ئوخشىمامسەن؟ بۇ سۆزلىرىڭنى باشقىلار ئاڭلاپ قالسا هازىر تۈرمىگە ئېلىپ بارىدۇ جۇمۇ. ئۆيۈڭگە كېلىپ قاپتىمەن، خەير، مەن هازىر ئاددىي ئادەم ئەمەس، ساۋۇت سىلىڭمەن. «خوش، ئوبدان» دېيىشنىڭ ئورنىغا زەھەر چېچىۋاتىسىنا، سالاھىدىن، قۇيە يەنە بىرنى!

سالاھىدىن بىر بوتۇلكىدىكى هاراقنىڭ ھەممىسىنى پىيالىگە قۇيۇپ بەردى، ساۋۇتتۇم ئىچىپ پىيالىنى يەرگە ئاتتى.

— ماڭا ئىككىنچى قېتىم ئۇنداق سۆزلەرنى قىلغۇچى بولما، بەگنىڭ ئوغلى. مېنىڭ قۇلىقىمغا سەتەڭ ئاياللار توغرۇلۇق گەپ قىلساڭ ياقىدۇ. يەنە قۇيە، بىرنى ئىچىپ قوياي.

سالاھىدىن يەنە بىر بوتۇلكا هاراق ئاچىقىپ پىيالىلەرگە قۇيدى.

— ساۋۇتتۇم، سەن يولدا ماڭماي قىردا ماڭىدىغان بولۇپ قاپسەن. مەن ئېيتىپ قوياي، سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل، شۇنچىلىك دەپ قويدۇم، — دېدى سالاھىدىن.

ساۋۇتۇمنىڭ بېشى ئىككى يېنىغا قىڭغىيىشقا باشلىدى.

— سىڭلىڭ پەرىدەك قىزىڭ بار ـ دە، سالاھىدىن ئاكا، ھا ـ ھا...

— قىزىم بولسا نېمە بوپتۇ؟ — سالاھىدىن ئۆزىچە ھىجىيىۋاتقان ساۋۇتۇمنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ ئۆزىگە قاراتتى، — سەن مېھمان، مېھمانلىق ئىززىتىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ، ھۆرمىتىڭ بىلەن قايتقىن، بولامدۇ؟

— بولمامدىغان ئاكا، دۇنيادا بولمايدىغان قانداق ئىش بار؟ ھوي، ھارىقىڭ تۈگىدىمۇ؟ تولدۇرۇپ قۇيە، — دېدى ساۋۇتۇم ئالدىجوقا سۆزلەپ.

سالاھىدىن ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ چاي قۇيدى.

— گەپنى ئاز قىلىپ چاي ئىچ.

— چاينى كىم قۇيدى؟

— مەن.

— قىزىڭ قۇيمىسا ئىچمەيمەن.

— مانا ئىچمىسەڭ !

سالاھىدىن قولىنىڭ پەنجىسى بىلەن ساۋۇتۇمنىڭ ئاغزىغا ۋاق قىلىپ بىرنى سالدى، ئۇ ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

— ھەي، قېنى سىلەر، تۇتۇڭلار بۇنى ! — بۇيرۇق قىلدى ساۋۇتۇم قوللىرى بىلەن كۆرپىنى غىجىملاپ. ئۇ يېنىمدا «قىزىل قوغدىغۇچى ئەزىمەتلەر» بار دەپ ئويلاپ قالغانىدى. گۆشلۈك يۇزىگە كەينى ـ كەينىدىن تەگكەن شاپىلاق ئۇنى بىرئاز ئېسىگە كەلتۈردى.

— چاقچاق قىلىپ قويسام ئۇرۇۋاتىسەنا، نوچىلىقىنى مەندىن كۆر ! — ئۇ قۇرۇق تەخسىگە بىرنى مۇشتلاپ چىقىۋەتتى. ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ ئاستىغا سېلىقلىق كۆرپىگە قوللىرىنى تىرەپ تۈت پۇتلۇق بولدى، گەجگىسىگە

تەگكەن مۈشت بىلەن تەڭ يەر قاساپ قالدى. سالاھىدىن چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ ئۇنى تۇرغۇزدى.

— ئاۋۇ ئاپتۇۋۇدىكى سۇ بىلەن يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇۋېتىپ تېز كەت!

ساۋۇتۇم ئەسلىدە ھوشىنى بىلمىگۈدەك مەست بولۇپ كەتمىگەنىدى، ئۆزىنى مەست كۆرسىتىپ سالاھىدىننى سىناپ باققانىدى. سالاھىدىن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەمەلىدىن تەپ تارتىپ بوشراق تۇرسا، قېيىنئاتا قىلىۋالماقچىدى. ئۇ ئارتۇق تاياق يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بۇ ئۆيدىن ئىتتىكرەك چىقىۋېلىپ، كارامىتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئاپتۇۋۇنى ئېلىپ ھويلىغا چىقىپ، ئاغزى - بۇرنىدىكى قاننى يۇدى.

— ئۇرغان قولۇڭغا رازى بول، — دېدى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ. كەينىدىن چىققان سالاھىدىن ئۇنى توختاتتى.

— ساۋۇتۇم، يېنىكلىك قىلىپ ئۆيۈمگە ئادەملىرىڭنى باشلاپ كېلىپ يۈرمە جۇمۇ. سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى «سىلىڭ»لار بىلەنمۇ تونۇشىمەن، ئەھۋالىڭنى ئۇلارغا ئېيتسام بارار يېرىڭ ئەسكى سامانلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كىشىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە شۇم ئېغىزلىق قىلما!

ساۋۇتۇم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۇمشاپ قالدى.

— قېنى كۆرەرمىز، — دېدى دەلدۈگۈنۈپ.

## 2

بۇ ئۆيدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۈچ قىز يېتىپ - قوپۇپ كېلىۋاتاتتى. گۈلنىسا ھۆرلىقا بىلەن ھەلىمەنىڭ بىر بولۇۋېلىپ يەكلىشى، تەنىسى، تىل - ئاھانىتىدىن تويۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئۆيگە كىرسىلا ئىككىسىنىڭ كۈسۈلدىشىپ

ھېجىيىشىپ مازاق قىلىشلىرىدىن ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى. يېشى چوڭايغانسېرى ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئانچە ئېغىر ئالمايدىغان بولۇپ قالدى، دادىسى كەلگەندىن كېيىن بولسا پىسەنتىگە ئالمايدىغانلا بولدى. ھەلىمە ئاچىسىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ گۈلنىسا بىلەن يېقىنلاشتى. ھۆرلىقا كوچىغىمۇ چىقالماي، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىگە تۈزۈك قارىيالماي ياتقىنى ياتقاندى. رىشات ئاچىسىنىڭ يېنىغا كىرىپمۇ قويمايتتى. ئۇ:

«تالا - تۈزگە چىقمىسۇن، چىقىدىغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتەمەن» دەپ پوپوزا قىلىپ قوياتتى.

گۈلنىسا ئانىسىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ جاۋاب يازماقچى بولدى، لېكىن چۈشكىچە ھېچ نەرسە يازالمىدى. گۈلسۈم نېمە يېزىۋاتىدىكىن، دەپ نەچچە قېتىم يېنىغا كەلدى، ئاق قەغەزگە تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان گۈلنىساغا گەپ قىلىشتىن ئوڭايسىزلاندى ئەتىمالىم، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن بولدى، تاماققا قارىشىپ بەرگىنىمۇ دېمىدى. گۈلنىسا قەلەمنى يانچۇقىغا سېلىپ ئاشخانىغا چىقىشىغا، قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن تۇراپ كىردى. ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن چاپىنىنىڭ كەينىگە «كونا داشقال» دېگەن خەت يېزىلغان ئاق لاتا تىكىپ قويۇلغانىدى. ئۇ گەپمۇ قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى، يېقىندىن بېرى ئۇ زۇۋان سۈرمەس بولۇۋالغانىدى.

گۈلسۈم قازاننى ئوچاقتىن ئېلىشىغا ھەلىمەمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. ئۆيگە ۋاقتىدا كېلىپ ۋاقتىدا چىقاتتى، كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئاچىسىدەك غىلجىڭ، قىلىقسىز ئەمەس، ئاچچىقى چۈس، سوغۇق چىراي ئىدى.

— يەنە يوبدان ئېتىپسەن - دە، — دەپ زارلاندى ئۇ.

گۈلنىسا ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قازاننى يۇيۇپ

ئورنىغا قويدى ـ دە، ئارقىدىنلا:
— گۈلسۇم ئانا، خەيرىنىسا ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيمىكىن؟ — دېدى ئۇ تارتىنىپقىنا.
— نېمىشقا بارىدىغانلا، بالام؟ ئىختىيارلىرى، — دېدى گۈلسۇم ئۇھ تارتىپ.
— ئۇزاق بولدى بارمىغان، بېرىپلا كېلەي، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئىشىكتىن چىقىپ جانقورغاننىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، خام بازىرىغا چىقتى. سوغۇق ھۇۋلاپ تۇرغان ھېيتگاھتىمۇ ھېچ نەرسىگە كۆز سالماي ئەنجان كوچىسىغا قايرىلىپ خەيرىنىسالارنىڭكىگە باردى. سادىر ھويلىدىكى قارنى ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەۋاتاتتى. ئۇ ئىزا تارتىپ تۇرغان گۈلنىسادىن تىنچلىق سورىدى.
— تىنچ ـ ئامان تۇرلىمۇ؟
— ھەئە.
— گۈلسۇمخان ئاچاملار تىنچلىقمۇ؟
— ھەئە.
— بىر ئايدىن بېرى كەلمىدىلىغۇ؟
— يولدا يالغۇز مېڭىشتىن قورقىدىكەنمەن.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— «قىزىل قوغدىغۇچىلار» چېچىمنى كېسىۋېتەمدىكىن دەپ...
گۈلنىسانىڭ سەممىي جاۋابىنى ئاڭلاپ، سادىر ئويلىنىپ قالدى. ئۇ دەرس توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەكتەپكە بارمىغانىدى. سادىر گۈرجەكنى قويۇپ:
— يۈرسىلە، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى.
سۈپىلىق ئايۋان مەشتىكى ئوتنىڭ تەپتىدىن يازدىكىدەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. دېرىزە تەكچىسى ۋە تام تۈۋىگە تىزىپ قويۇلغان كېۋەزگۈل، ئەجدىھاگۈل، قىزىل، ئاق ئەتىرگۈل،

مودەنگۈللەر كۆكىرىپ تۇراتتى.

— گۈلنىسا ئاچام كەلدى، گۈلنىسا ئاچام كەلدى!

— گۈلنىسا ئاچا، گۈلنىسا ئاچا!

سۇپىدا ئولتۇرغان قادىر، ئاسىيەلەر ۋارقىرىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. يوتقان تىكىۋاتقان خەيرىنىسا:

— گۈلنىسا بالام، كەلسىلە، ئوبدان تۇرلىمۇ؟ دادىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرغانلا. گۈلسۇمخانلار تىنچلىقمۇ؟ — دەپ هال سورىدى.

— تىنچلىق، ئۆزلىرىمۇ ساق تۇرغانلا، خەيرىنىسا ئاچا؟ — دېدى گۈلنىسا.

— ئولتۇرسىلا، بالام، ئوبدان چاغدا كەپلا، قازانغا ئۆپكە - هېسىپ سېلىپ قويغانىدىم، بۇنىمۇ دادىلىرى سالاهىدىن ئاخۇن ئەكەپتىكەن. دادىلىرى سادىرنىڭ دادىسى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ بىلىشىدىكەن، بىزنىڭ ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ.

گۈلنىسا ئاسىيەنى كۆتۈرگىنىچە كېلىپ كۆرپىدە ئولتۇردى، ئون ياشقا كىرىپ قالغان قادىر ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

گۈلنىسا بۇ ئۆيگە كەلسە كۆڭلى يايراپ قالاتتى. ئۇ يەر تېگىدىن ئۆزىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان سادىرغا باقسا، كېيىن كۆزىنى ئەپقېچىپ يوتقان تىكمىشكە ئولتۇرغان خەيرىنىساغا سەپسېلىپ ئاسىيەنى سۆيەتتى، ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ قالغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارايتتى.

خەيرىنىسا يوتقاننىڭ چالا قالغان يېرىنى تىكىۋېتىپ مەزە ئەكەلدى:

— سىلى كەلسىلە بەك خۇش بولىمەن، بالام. چاي ئىچكەچ ئولتۇرسىلا، هېلى سادىرنىڭ دادىسى كەلسە ئۆپكە - هېسىپنى قازاندىن ئالىمىز، — دېدى چاي قويۇپ.

— ئانامدىن خەت كەلگەندى، مېنىڭ نامىمدىن سىلىنى خەت يېزىپ بېرەمدىكىن دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ ئاسىيەنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ.

— مەندىنمۇ ئاۋۇ ئوقۇتقۇچى يىگىت ئۇستا، — دېدى خەيرىنىسا سادىرنى كۆرسىتىپ، — ئوغلۇم يېزىپ بەرسۇن، سىلى دەپ بەرسىلە، بالام.

تونۇشقاندىن بېرى ئۆزىنى بالام دەپ ئاتاشقا باشلىغان خەيرىنىساغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەن گۈلنىسا خەتنى ئۇزارتتى. خەيرىنىسا خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ سادىرغا بەردى.

— بالام، سىلى يېزىپ بەرسىلە.

— ئاپا، بۇ ئۆيدە قانداقمۇ يازغىلى بولىدۇ؟ مەنزەرگە چىقىپ يېزىپ بېرەي، — سادىر ئورنىدىن تۇردى.

گۈلنىسا سادىرنىڭ كەينىدىن پەلەمپەي بىلەن مەنزەر ئۆيگە چىقتى. ئاپپاق ئاقارتىلغان بۇ ئۆي ئۇرۇمچى پاسونىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ئىككى يانغا ئۇرۇمچىدىن ئەكەلگەن ئىككى كىشىلىك ۋە يالغۇز كىشىلىك سافا، ئوتتۇرىغا ئۇزۇنچاق شىرە قويۇلغانىدى. بېشىل پەردىسى ئىككى يانغا قايرىلىپ قويۇلغان دېرىزە تەكچىسىدە بىر يام قىزىل ئەتىرگۈل، بىر يام مودەنگۈل تۇراتتى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئىتاژىركا قويۇلغانىدى. پەلتوسى سۇمبات قامىتىگە ناھايىتى ياراشقان گۈلنىسا تامغا ئېسىپ قويۇلغان چوڭ ئەينەككە بىر قاراپ قويۇپ سافادا ئولتۇردى. بۇلارنىڭ كەينىدىن چاي كۆتۈرۈپ چىققان خەيرىنىسا ئىككىيلەنگە چاي قۇيۇپ بېرىپ چۈشۈپ كەتتى.

— نېمە دەپ يازىمەن؟ — سورىدى سادىر گۈلنىساغا تىكىلىپ قاراپ.

— نېمە دەپ يازىدىغانلىقىمنى بىلسەم سىلىنىڭ يانلىرىغا

كەلمەيتتىم، — دېدى گۈلنىسا، — ئوقۇتقۇچى يىگىت بولغاندىكىن، ئىچىلىرىدىن چىقىرىپ يېزىپ بېرەرلا.

سادىرنىڭ قارا بۇرۇتى ئۈزىگە بەك ياراشقانىدى، ئۇ بۇرۇتىدەكلا قارا كۆرپىدىن تىكىلگەن قۇلاقچىسىنى بېشىدىن ئېلىپ يېنىغا قويدى، گۈلنىسانىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي مىيىقىدا كۈلدى.

— سادىر ئاكا، ئوقۇغۇچىلار سىلىنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟

سادىر ئويلاپ تۇرۇپ قېلىپ دېدى:

— ھەئە، ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، مەن ئىمسيانچىلارنىڭ قالايمىقان ھەرىكەتلىرىگە، مۇنازىرىلىرىگە قاتناشمىدىم. ئۇرۇمچى، بېيجىڭغىمۇ بارمىدىم، كىتابىنى دوست تۇتۇپ ئۆگىنىۋاتىمەن. ھازىر خەنزۇ تىلىدا ماقالە يازالايدىغان بولدۇم، رۇسچە ئۆگىنىۋاتىمەن، ئانچە - مۇنچە شېئىر، ھېكايىمۇ يېزىپ قويىمەن.

— مەنمۇ ئوقۇغان بولسام تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئۇنىۋېرسىتېتقا بارغان بولاتتىم. مەن بىلەن تەڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ھۆرلىقا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي مالىيە - سودا تېخنىكومىدا ئوقۇدى...

گۈلنىسا نېمىشقىدۇر ئىزا تارتىپ سۆزىنى توختىتىۋالدى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغانىدى، تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— نېمىشقا يىغلايلا، گۈلنىسا؟ — سادىر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سورىدى. گۈلنىسا سادىرغا قارىدى، يىگىت ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن ئوقۇغان بولسام ... — گۈلنىسانى يەنە يىغا تۇتۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇ بېشىنى سادىرنىڭ يەلكىسىگە قويدى. سادىر بېشىنى سىگارىيان قىلىۋىدى، قىزنىڭ ئوتلۇق تىنىقى ئۇرۇلۇپ يۈرىكى كۆيگەندەك بولدى.

— سىلىنى مەن ئوقۇتاي.

ئاستا ئېيتىلغان بۇ سۆز قىزغا ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ مەڭزىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ چۆچۈپ كەتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قوللىرىنى يىگىتنىڭ ئالىقىنىدىن ئاستا تارتىۋالدى.

— خەتنى بېرىپ بەرمەملا.

سادىر قولىغا قەلەم ئالدى. گۈلنىسا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى، قولىقىغا قەلەمنىڭ شىتىرلىشىدىن باشقا ئاۋاز كىرمەيتتى.

خەتنى يېزىپ بولغان سادىر ئىچىدە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، بىرقانچە يېرىنى ئۆچۈرۈپ تۈزەتتى، ئاندىن خەتنى گۈلنىساغا بەردى. گۈلنىسا خەتنى ئوقۇپ چىقىپ رازى بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

— رەھمەت، سادىر ئاكا، ئەمدى مەن بۇ خەتنى كۆچۈرۈپ چىقاي، ئانام ئۆز قولۇم بىلەن يازغانلىقىمنى بىلسۇن.

مەشكە ئوت يېقىلمىغاچقا، ئۆي سوغۇق ئىدى. ئەمما، قىزغىمۇ، يىگىتكىمۇ بۇ سوغۇق بىلىنمىدى. گۈلنىسا خەتنى كۆچۈرۈپ بولۇپ ئىچىدە ئوقۇدى:

«سۆيۈملۈك، مېھرىبان ئانا! غەمگۈزار قىزلىرىدىن تۈگىمەس سالام.

يەتتىنچى قېتىم يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆز ياشلىرىمىزنى توختىتالمىدۇق. بۇ يىغا سېغىنىش يىغىسى، يېرىم دىدارلىرىغا ئېرىشكەن قىزلىرىنىڭ سىلىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چاپچىقۇسى. سالامەتلىكلىرىنىڭ نىشانى بولغان خەتلىرى بىزگە ئانىلىق مېھرلىرىنى يەتكۈزدى، گويا بۇ خەتنى يازغان قوللىرى بىلەن بېشىمىزنى سىلىغاندەك بولدىلا.

ئانا، جېنىم ئانا! بىزنىڭ ھەربىر كۈنىمىز دىدار

كۆرۈشۈش ئارزۇسى بىلەن باشلىنىدۇ، يەنە دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇسى بىلەن تاماملىنىدۇ. سىلىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۆيگە چۆمۈپ ئۇخلاپ قالىمىز، سىلىنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ئويغىنىپ چولپانغا قارايمىز. ئانا، سىلىنى شۇنچە كۆرگۈمىز كەلدى، سىلىنى شۇنداق سېغىندۇق، سۆيۈملۈك دىدارلىرىنى كۆرىدىغان كۈن كېلەرمۇ ـ ھە!

ئانا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرى قەشقەرگە قايتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلامالا؟ ئاتا ـ ئانىسى تىرىك تۇرۇپ يېتىم بولۇپ قالغان قىزلىرىنى كۆرگۈلىرى كېلەمدۇ؟ گۈلسۇم ئانام ھەممىمىز نامىدىن ئايرىم خەت يازدى، بىز ئۆز نامىمىزدىن يازدۇق، داۋاملىق خەت يېزىپ تۇرسىلا، ئانا، خەير ـ خوش، خۇدايىمغا ئامانەت.

ئۆزلىرىگە سالامەتلىك، خاتىرجەملىك تىلەيمىز. جاۋاب خەت كۈتۈپ:

دىدارلىرىغا تەشنا پەرزەنتلىرى: ھۆرنىسا، گۈلنىسادىن.

1968 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى»

گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش تامچىلىدى.

ــ سىلى مېنىڭلا نامىمدىن يېزىپتىكەنلا، مەن ئاچام ئىككىمىزنىڭ نامىدىن قىلىپ كۆچۈردۈم. مۇساپىرچىلىقتا ئانام قايغۇرۇپ، ئەنسىرەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن. سىلىنى تازىمۇ ئاۋارە قىلدىم، سادىر ئاكا.

ــ تازا ياخشى يازالمىدىم، يەنە بىر قېتىمدا كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىلىپ يېزىپ بېرىمەن.

ــ ئەمدى چۈشەيلى، باراتوف ئاكامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، خەيرىنىسا ئاچام باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن.

ــ نېمىشقا باشقىچە ئويلايدۇ؟ ــ دېدى سادىر ئۇنىڭ

سۆزىگە كۆڭلىدىكى مەنىنى بەرمەكچى بولۇپ.
گۈلنىسا قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.
— يەنە بىردەم ئولتۇرايلى، گۈلنىسا، — سادىر ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.
— بالام سادىر، پەسكە چۈشۈڭلار، تاماق سوۋۇپ قالدى...
ئۆيدىن قىچقىرىپ چىققان گۈلنىسا پەلەمپەيدىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى.

## 3

كۈن ئۆرلەپ، ئۈجمە شاخلىرىدىكى چىچەكتەك ئاقىرىپ تۇرغان غۇژمەك ـ غۇژمەك قارلار بىردەمدىلا ئېرىپ كەتتى. ئۆگزە نورىدىن ئېرىگەن قار سۈيى شۇرقىراپ ھويلىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئاپتاپنىڭ تەپتى خېلى قىزىق ئىدى.
ئۆي، ھويلا ـ ئاراننى سۈپۈرۈپ بولغان گۈلنىسا جابدۇنۇپ چىقتى.
— ئانا، تۈنۈگۈن دوستۇم رۇقىيە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كەت دەپ كارخانىغا كەلگەنىكەن، مەن ئەتە باراي دېگەنىدىم، بېرىپ كېلەيمۇ؟ — دەپ سورىدى پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ياماق ياماۋاتقان گۈلسۈمدىن.
ئايۋاندا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغان تۇراپ خوتۇنىنىڭ جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ:
— بارسىلا، بالام، بارسىلا، ئولتۇرۇپ كەلسىلە، — دېدى.
گۈلسۈم ئېرىگە ئالىيىپ قارىدى ـ يۇ، بىرنېمە دېمىدى.
گۈلنىسا ئىشىكتىن چىقىپ يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭدى، يول ناھايىتى پاتقاق ئىدى. ئۇ ئاۋايلاپ مېڭىپ چاسىنىڭ چوڭ يولىغا چىقتى. ئۇ دوستى رۇقىيەنىڭ ئۆيىگە ئەمەس، سادىر بىلەن ئۇچراشقىلى باغچە ئالدىغا باراتتى. تۈنۈگۈن كارخانىدىن چىقىپ ئەنجان كوچىسىنىڭ ئاغزىغا كېلىشكە، ساقلاپ تۇرغان

سادىر «ئەتە باغچە ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىمەن، سىلى بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان بىر ئىش بار» دەپ ئۇنىڭدىن ۋەدە ئالغانىدى. «بۇ ئوقۇتقۇچى يىگىتنىڭ نېمە مەسلىھەتى باردۇ؟ گۈلسۈم ئانامنىڭ ماڭا زەيتۇنىخان ئاچامنى قويۇپ، ئوغلىغا سايە قىلغانلىقىنى ئايتۇرا ئاچامدىن ئاڭلىغانمىدۇ، يا ئۆزىنىڭ باشقا گېپى بارمىدۇ؟» ئۇ مۇشۇ خىيال بىلەن باغچە ئالدىغا كەلدى.

گۈلنىسانىڭ سادىر بىلەن بۇنداق خۇپىيانە ئۇچرىششى بىرىنچى قېتىملىق ئىدى. باغچە ئىشكىدىن يىراقراقتىكى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇرغان سادىر ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

— كەلمەي قالامدىكىن دەپ بىئارام بولۇپ تۇراتتىم، ياخشى كەپلا، — دېدى يىگىت، — يۈرسىلە، باغچىغا كىرەيلى.

باغچە ئىچىدە كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. دەل ـ دەرەخ تېخى كۆكەرمىگەن، ئېرىقتىكى مۇزلار تېخى ئېرىمىگەنىدى. قاغىلار قاقىلداپ، قۇشقاچلار چۇۋۇرلىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ئەمما، گۈلنىسا ئوقۇتقۇچى يىگىتنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقاچقا، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە چىرايلىق، يېقىملىق تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇلار ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشتى.

گۈلنىسا «قېنى نېمە گەپلىرى بار، ئېيتسىلا» دېگەندەك يىگىتكە قارىدى. ساقىلىنى پاكىز قىرىدۇرۇپ قاپقارا بۇرۇتىنى ياسىتىپ كەلگەن سادىرمۇ «سىلىدىن كۈتكەن جاۋابنى ئالالارمەنمۇ؟» دېگەن مەنىدە قارىدى.

گۈلنىسانىڭ قارا چاچلىرىنى رومال يوشۇرۇپ تۇراتتى، ئىككى مەڭزى شېخىدا پىشقان توغاچتىنمۇ بەكرەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئاھۇ كۆزلىرىدە مۇڭ ۋە ئۇياتچانلىق، ياش تۆكۈلەيلا دەپ تۇراتتى.

— گۈلنىسا، — دەپ سۆز باشلىدى سادىر، — ئانامۇ، دادامۇ سىلىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى كۆپ قىلىدۇ، ھەر قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىلە، مەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ. بىرىنچى ئايدا كېلىپ كەتكەنچە كەلمىۋىدىلە، ئانام، سەن خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايسەن، دەپ نەچچە قېتىم مەن بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر سىلىنى خاپا قىلغۇدەك بىرەر سۆز قىلمىغانلىقىمنى دېسەممۇ ئىشەنمىدى. سىلى كەلمىسىلە مەنمۇ تۇرالماي قالىدىكەنمەن. ئايتۇرا ئاچامنى ئەۋەتەيلى دېسەك، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغانىكەن. نەچچە قېتىم يولدا ساقلاپ تۇرۇپمۇ سىلىنى ئۇچرىتالمىدىم. ئاخىر ئاتام - ئانام ئايتۇرا ئاچاملار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپتۇ، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن سىلى بىلەن سۆزلىشەي دېگەنىدىم.

— مەن مەسلىھەت بەرگۇدەك نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟ — قىز نېمىنىدۇر سەزگەندەك بولۇپ سورىدى.

— ناھايىتى مۇھىم، ئانام سىلىنىڭ ئۆيگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟

سادىر تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتتى.

— بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، — مەيۈسلىنىپ جاۋاب بەردى گۈلنىسا. سادىر قايتۇرۇپ سورىدى:

— ئەلچى ئەۋەتسە بولامدۇ؟

— ئىختىيارى.

سادىر گۈلنىسانىڭ پەلەي كىيمىۋالغان قولىنى تۇتتى:

— سىلىنىڭ ئۆيدە باشقا گەپ - سۆز بولمىغاندۇ؟

— بولدى، — گۈلنىسا ئېغىر تىنىدى، كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش ئېتىكىگە تاراملاپ تۆكۈلدى، ئۆيدە بولغان گەپنى سادىرغا دېمىسە بولمايتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆتكەن يىلدىن بېرى سىلىنىڭ، ئايتۇرا ئاچامنىڭ ئۆيلىرىگە بۇرۇنقىدەك كۆپ بارمايدىغان

بولدۇم. گۈلسۇم ئانام ئۆز ئوغلىنى كۆزدە تۇتۇپ كارخانىدىن، دادامنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەرگە بېرىشىمنى توسىدىغان بولۇپ قالدى. چوڭ بولغان چېغىمدا ئۆزۈممۇ ئىزا تارتىدىكەنمەن.

بۇ گۈلنىساتىڭ سادىرغا بىرىنچى قېتىم دەردىنى تۆكۈشى ئىدى. قىزغا سادىرنىڭ ئىچى ئاغرىدى، قىزنىڭ قوللىرىنى پەلەيدىن چىقىرىپ سىلىدى. گۈلنىسا يېشىنى ئېرتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆتكەن چارشەنبە كەلسەم، ئۆيدە زەيتۇنىخان ئانامنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ھۆرلىقا تولغاق يېگەن بولسا تۇغدۇرغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

— قايسى ھۆرلىقا ئۇ؟ — سورىدى سادىر.

— بۇنى سورىمىسىلا، سادىر ئاكا، — گۈلنىسا ئىزا تارتىپ يەرگە قارىدى، — ئۇ ئىككىمىزگە مۇناسىۋەتسىز. گۈلسۇم ئانام مېنى كۆرۈپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، چاي قۇيۇپ بېرىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. زەيتۇنىخان ئانام مېنىڭ كىندىك ئانام ئىكەن، شۇڭا كۆرسەملا ئانامنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئۇ مەندىن تىنچلىق سوراپ يېنىمغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، باش - كۆزۈمنى سىلىدى، پېشانەمگە سۆيدى. ئاندىن «بالام، دۇنيادا تويى بولمايدىغان قىز يوق، سىلى چىرايلىق بوي تارتىپ، ۋايىغا يېتىپ قالدىلا، تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. گۈلسۇمخان سىلىنى تەستە چوڭ قىلغان، بالام، باشقا يەرگە ياتلىق قىلىنىشلىرىغا يۈرىكى چىدىمايدىكەن. ئوغلى رىشات ياۋاش، ئوبدان بالا، گۈلسۇمخان سىلىنىڭ رازىلىقلىرىنى ئېلىپ، مۇشۇ ئەتىياز يەر كۆكەرگەندە ئىككىلىرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ. رازىلىق بەرسىلە، بالام، ئۇلارغا خۇش خەۋەر ئېيتاي» دېمەسمۇ. شۇ چاغ بىرسى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولۇپ بېشىم زىڭىلداپ كەتتى. زەيتۇنىخان ئانامنىڭ

مۇرەمدىكى قولىنى سىلىكىپ چۈشۈرۈۋەتكىنىمنى بىلىمەن، بىچارە ئايال ساماندەك سارغىيىپ گەپ قىلالماي قالدى. «ئۇ تولۇڭ قاغىسىغا ئۆزىگە لايىق ئالا قاغىدىن بىرنى ئېلىپ بەرسۇن» دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتىم. ياتىدىغان ئۆيگە چىقىپ كەچكىچە يىغلىدىم، بىر كىممۇ بەزلەپ قويمىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە گۈلسۇم ئانام، تۇراپ دادامدىن باشلاپ ھەممىسى ماڭا ماي تارتىپ يۈردى. مەنمۇ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ھېچكىمگە گەپ قىلمىدىم، دادامغىمۇ ئىزا تارتىپ بىرنېمە دېيەلمىدىم. بۇ قېتىم ئالغان خوتۇنى كۆيۈمچان چىقتى، بارسام ئەھۋال سوراپ ھالى قالمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭغىمۇ دېگۈم كەلمىدى. مانا سىلىگە دەۋاتىمەن، سادىر ئاكا. گۈلسۇم ئانامنىڭ ئوغلىنى سىلى بىلمەيدىلا، ئېتى رىشات، ناھايىتى قوپال، مۆڭ، گومۇش، ئاتا ـ ئانىسىغا تىل سېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. مەن ئۇنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىمەن.

— مەن ئۇ رىشات تۇراپ دېگەننى بىلىمەن، — دېدى سادىر قىزنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ئۇ «قىزىل قوغدىغۇچىلار»نىڭ ئىچىدە «باتۇر» ئاتالغانلارنىڭ بىرسى. ئەسلىدە مالىيە ـ سودا مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئاشلىق ئىدارىسىدە كاسسىر بولۇپ ئىشلىگىلى ئىككى يىلمۇ بولمىغانىكەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەنلا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋاپتۇ. ئۇنى بەك قارام دەيدۇ، ھازىر كاتتىباشلارنىڭ بىرسى بولۇۋېلىپ، شەھەرنى بېشىغا كىيىۋالدى، ھەممە يەردە شۇنىڭ گېپى. ئۇ رىشات دېگەن ئەبلەخ گۈلسۇم ئاچىنىڭ ئوغلى ئىكەن ـ دە.

— ھەئە، گۈلسۇم ئانام، تۇراپ دادام كۆپ نەسىھەت قىلدى، ئۇ ياغاچ قۇلاق گەپ ئاڭلىمايلا قالماي، ئۇلارنى ئېغىر ئاچماس قىلىپ قويدى.

سادىر ئەھۋالنى چۈشەندى.

— مەن سىلىنى ياخشى كۆرىمەن، گۈلنىسا، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئاتا - ئانامىلارنىڭ سىلىگە ئەلچى ئەۋەتىشىنى كۈتۈپ كەلگەنىدىم. جاھان مالىمان بولۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى گۈلسۈم ئاچامنىڭ بۇنداق ئويدا ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇممۇ، بىلمىدىم. تىوي توغرىسىدا تېخى ماڭا ئېغىز ئاچمىدى. راستىنى ئېيتسام، جەمئىيەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە قالايمىقانلىشىپ كېتىشى مېنى ئالدىرىتىپ قويىدى، زادى خاتىرجەم بولالمىدىم. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالارمىكىن، دەپ سىلىدىن ئەنسىرەپلا يۈردۈم، ئاخىر كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلىش ئىستىكىدە بۇ يەرگە كېلىشلىرىنى ئۆتۈنۈشۈم شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. ئەھۋالنى ئۇقتۇم، ئەمدى تەخىر قىلسام بولمىغۇدەك، ئانامغا ئەھۋالنى دەپ، پات ئارىدا گۈلسۈمخان ئاچاملارنىڭكىگە ئەلچى كىرگۈزسەك، بۇنىڭغا سىلى قانداق قارايلا، گۈلنىسا؟

سادىرنىڭ «ئەلچى ئەۋەتسەك» دېگەن سۆزى «مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولسىلا» دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنى چۈشەنگەن قىز ۋىللىدە قىزاردى، ياشلىق كۆزلىرى بىلەن سادىرغا شۇنداقلا سەپسېلىپ يەرگە قارىۋالدى.

سادىر گۈلنىسانىڭ قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىنى بىلەلمەي بىتاقەت بولدى. قىز يەرگە قارىغىنىچە ئېغىز ئاچماي ئولتۇرۇۋالدى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيلا، گۈلنىسا؟ ئەلچى كىرگۈزسەك بولمامدۇ يا؟

قىز يەنە جاۋاب بەرمىدى.

— سالاھىدىن ئاكام قوشۇلمامدۇ يا؟

— بىلمەيمەن، — دېدى گۈلنىسا ئاستاغىنا. ئۇ ئىزا تارتىپ كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەيۋاتاتتى.

— رىشات سىلىنىڭ خىللىرى ئەمەس، گۈلنىسا، ئۇ بىر

تەلۋە، تەلۋە دېگەننىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ. مەن سىلىنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر قوشۇلمىسىلا، سىلىنى ھەرگىزمۇ تەڭلىكتە قويمايمەن، لېكىن سىلىگە بولغان مۇھەببىتىمدىن ئۆلسەممۇ ۋاز كەچمەيمەن!

قىز بېشىنى كۆتۈردى. تال - تال كىرپىكلەر مايسىدەك ئوراپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە قارىدى:

— مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، ئۇ ئۆيدە تۇرۇۋېتىشىنىمۇ قورقىمەن، سادىر ئاكا، مەن...

— ئۇ تەلۋە، مەتۇنىڭ چاڭگىلىدىن سىلىنى قۇتۇلدۇرىمەن، گۈلنىسا، — دېدى سادىر قەتئىي قىلىپ.

قىز جاۋاب ئورنىغا بېشىنى ئەگدى.

# ئالتىنچى باب

## مۇلايىم كېلىن

### 1

رىشات شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يەتتىنچى ماگىزىنىدا كاسسىرلىق قىلاتتى. ئۇ كىشىلەرگە ئارىلاشمايتتى. ئۆز ئىشىغا پۇختا، مۆرىمەسلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ئاشلىق ئىدارىسىدىكى ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. ئۇ ئالاقە باغلاش باھانىسىدە بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، توختىماي سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۆزلەپ يۈرۈپ ئىسيانچىلارغا «سىلىڭ» بولۇپ «ھوقۇقدار» قىلىنغان ئاتا ـ ئانىسىدىن چەك ـ چېگرا ئايرىغانىدى. ئەمما، ئۆيدە ئېتىلگەن تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. گۈلسۇم رىشات كەلسۇن ـ كەلمىسۇن تاماق ئېلىپ قوياتتى، كىيىملىرىنى ۋاقتىدا يۇيۇپ بېرەتتى. ئوغلىنىڭ گۈلنىساغا ئۆيلىنىش ئارزۇسى بارمۇ، يوق بۇنى ئۇقمايتتى.

گۈلسۇم ئېرىگە مەسلىھەت سېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ دادىسى، گۈلنىسا گۆھەردەك ئېسىل قىز، رىشاتمۇ ئالتۇندەك ۋەزنى بار بالا، بىر ـ بىرىگە تازا باب كېلىدۇ. كىچىك چېغىدىلا بۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويىمىز،

دېگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟ ئوغلىمىز بىزگە بىكاردىن ـ بىكار ئاچچىق قىلىۋاتقىنى يوق، ئۆيلەنگۈسى كېلىپ ئۆكتەملىك قىلىۋاتامدىكىن دەيمەن. ئەمدى بۇ ئىككى بالىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويمىساق بولمىغۇدەك، بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟

— دېگىنىڭلا راست. گۈلنىسانى قولدىن بېرىپ قويساق، ئۇنداق ئوبدان قىزنىڭ ئۆيىمىزگە كىرمىكى بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. ئەمما، بايىقىدىڭلارمىكىن، ئوغلۇمنىڭ مۇددىئاسى باشقىچىرەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ھازىر خوتۇن ئەمەس، ئەمەل، ھوقۇق، گۈلنىسامۇ ئوقۇيالمىغىنى ئۈچۈن بىزدىن خاپا. ئۇ قىز ۋايىگە يەتكەن بولسىمۇ، زەن سالدىڭلىمىكىن ئوغلىمىز بىلەن پەقەت خۇشى يوق. ئويلاپ باقسام، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىشى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك ئەپلەشمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلىمىز گۈلنىسادىن كىچىك، بۇنى بىز ھېسابقا ئالمىغان بىلەن، ئۇلار ھېسابلايدۇ، — دېدى تۇراپ.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭلا، ئەپلىشىدۇ. دەسلەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىز راست، گۈلنىسانى ئوقۇتساق بوپتىكەن، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم. گۈلنىساغا تىل تەگكۈزۈشتىن قىزلىرىمنىمۇ توستۇم، قىز دېگەن بىر قۇش، سىلاپ ـ سىيپاپ ئۆگەتكىلى بولىدۇ، كۆندۈرىمىز.

— زەيتۇنىخاننى ئارىغا قويغاندىن كېيىن گۈلنىسا قانداقراق؟

— نېزىقىغاندەك تۇرىدۇ، قىز بالا ئەمەسمۇ، ماقۇل دېگۈزىمىز.

— خوتۇن، توي تۇغرۇلۇق رىشاتقىمۇ، گۈلنىساغىمۇ ئېغىز ئاچماي تۇرايلى. ئوغلىمىز ئۆزى ئېغىز ئاچسۇن، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا مۇھەببەت ئىزھار

قىلسۇن، بۇنىڭدىن ئوبدان چارە يوق.
— خورازنىڭ مېكىيانغا قانات سۆرىشى كېرەك ئىكەن -دە، ئەمدى ئۇنى كىم گەپكە كىرگۈزەر؟
— بىلەرمەن ئانىسى -دە!
— ھېلى ئىككىمىز گەپ قىلمىغىنىمىز تۈزۈك دېدىلىغۇ.
— سىلى توغرىدىن - توغرا سۆزلەشمەي گەپ ئۆتكۈزەلەيدىغان بىر كىشىنى تېپىپ قويامسىلە. مېنىڭچە، يەنە زەيتۇنىخاننى قويۇڭلا، ئاغزى يۇمشاق.
— ئوبدان دېدىلە، لېكىن ئوغلىمىز ئۇنىمىسا قانداق قىلىمىز؟
تۇراپ قولىنى گەدىنىگە ئۇزارتىۋىدى، گۈلسۇم تۇتۇۋالدى.
— گەدەنلىرىدە نېمە بار، دائىم سىلايدىكەنلا؟
— گەدىنىم خاسىيەتلىك بولسا كېرەك، خوتۇن. قولۇم بىكارغا ئۇزارتىلمايدۇ، گەدىنىمنى سىلاپ چارە - تەدبىر تاپىدۇ.
گۈلسۇم كۈلدى.
— ھە، ئېسىمگە چۈشتى، — دېدى تۇراپ، — ئەگەر زەيتۇنىخان گەپكە كىرگۈزەلمىسە، سودا ئىدارىسىدە ساۋۇتۇم دەيدىغان بىر ئالىقانات بار، ئۇنىڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىشىگە مەنمۇ ياردەم قىلغان. بىرنەچچە قېتىم گۈرۈچ ئەكىرگىنىم ئېسىڭلاردىمۇ؟ ھە، شۇ ساۋۇتۇم ئەكەلگەن گۈرۈچ ئىدى. ھازىر ئۇ بىر گۇرۇھ ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى. قىلغان ياخشىلىقنى ئۇنتۇمىغان ئوخشايدۇ، ئۇچرىغان يەردە ھال سورايدۇ، شۇنى قويۇپ باقساق دەيمەن. ئاشۇ ساۋۇتۇم بىرقانچە قېتىم مېنى يولدا توسۇۋېلىپ «باشقارما باشلىقى، سىلى ئابرۇيلۇق رەھبەر، قىزلىرى چىرايلىق چوڭ بوپتۇ، ئەمما بەزى ھەرىكەتلىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. باغچىدا، كىنوخانىلاردا چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر

باراتوف دېگەننىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈپ ئەجەبلەندىم. نامىلىرىغا سەت، شۇنداق ئەمەسمۇيا» دەپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەنىدى. سىلىگە ئېيتىمەن دەپ، يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. توختاڭلا، خوتۇن، ئاۋۋال گېپىمنى تولۇق ئاڭلاڭلا. بىلىشىمچە، ئوسمان باراتوف ئوبدان ئادەم، ئوغلىمۇ ئوقۇتقۇچى، ئىنقىلاب باشلانغاندىن بېرى «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇرنىڭ ئوغلى» دەپ قارىلىپ زەربىگە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. گۇلنىسا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ سادىرغا باغلىنىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. زەيتۇنىخانغا بىكار ياق دېمىگەن بولسا كېرەك، ئەمدى زەيتۇنىخاننى ئوغلىمىزغا قويۇپ بېقىڭلا، جاۋابىغا قاراپ ئىش قىلارمىز.

گۇلسۇم جاۋاب بەرمىدى.

— ھۆرلىقا قانداقراق؟ — سورىدى تۇراپ.

— قانداق بولاتتى، قورسىقى يەتتە ـ سەككىز ئايلىق بولغاندەك تۇرىدۇ. بۇ مەرەزنى ئامان ـ ئېسەن تۇغدۇرۇۋېلىپ، بالىسىنى مەسچىتكە تاشلاپ قويايدەۋاتىمەن، غېمىم شۇنىڭدا.

تۇراپ كۆزىنى يۇمۇۋېدى، ياشلىرى مەڭزىگە تامچىلىدى، ئۇ ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى.

بۇ مەسلىھەتتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گۇلسۇم زەيتۇنىخان ئاچىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇ ئارقىلىق بۇ گەپنى تەشتى.

رىشات ئاچچىقى بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن ئىنقىلابچى، ئىنقىلابنى بىر باشقا ئاچچىقماي تۇرۇپ توي قىلمايمەن. سىلەر مۇشۇ گەپ ئۈچۈن مېنى ئاۋارە قىلدىڭلارمۇ؟ دەللالنىڭ ھاجىتى يوق، ماڭا گۇلنىسادەك مېشچانكا كېرەك ئەمەس، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

ئارقىسىغا تىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالغان زەيتۇنىخان ئاچا يىغلىغان پېتى ئاشخانىدىكى گۇلسۇمنىڭ

يېنىغا كىردى. ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئانىنىڭ قولىدىكى پىيالە يەرگە چۈشۈپ سۇندى. نېمە ئىش بولغىنىنى سورىغان قىزلىرىغا ئاچچىقلاپ قويۇپ، زەيتۇنىخان ئاچىنى ئۆزىتىپ قويدى.

ئۇ كەچتە بالىلىرى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، تۇراپقا رىشاتنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئانىسى، مەن بۇنى بىلەتتىم، ئەمما سىلىگە ئېيتىپ دېمىگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپلا ئوغلىمىز ئىسيانچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ، ھەدېسىلا رەھبىرىي كادىرلارغا، پارتىيە ئەزالىرىغا تىل تەگكۈزدى. تىجارەتچى، زىيالىيلارنى ھاقارەتلەپ، ئۇر، چاق بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇ بالىدىن ھەزەر ئەيلەپ قالدىم، ئانىسى. ئۇنىڭ تويىنى قىلىش كويىدا پايپېتەك بولغىنىمىز بىكار. ھازىرچە قۇلاق يوپۇرۇپ جىم تۇرغىنىمىز ئوبدان، — تۇراپ سۆزدىن توختىشىغا گۈلسۇم يىغا سالدى.

— دادىسى، بىر ئوغۇل تۇرسا، غېمىدە بولمىساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ جاھان ئۆزگەرمىگەن بۇغۇلغا ئوغۇلمىزمۇ تۇزلىنىپ كېتەر، ئۆيلەپ قويىلى.

— ماقۇل، خوتۇن، — دېدى تۇراپ ئۇنى گېپىگە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن، — ئۆتكەن كېچە دېگىنىمدەك ساۋۇتۇم ئارقىلىق رىشاتنى يەنە بىر چېكىپ باقاي، رازىلىق بېرىپ قالسا تويىنى قىلىۋېتەرمىز.

تۇراپ مۇشۇ گەپ بىلەن بىرنەچچە كۈنگىچە ساۋۇتۇمنى ئۇچرىتالمىدى. ئىزدەپ يۈرۈپ، بىر كۈنى كەچقۇرۇن يارباغ كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. تىنچ - ئامانلىق سوراپ، ئاندىن رىشاتنىڭ تويى توغرىسىدىكى گەپكە كۆچتى:

— ئوغلۇم بالاغەت يېشىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ساۋۇتۇم.

تويىنى قىلىۋەتمىسەك، ئەھلىمەھەللە ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز. ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىشنى تازا مۇۋاپىق كۆرمىدىم، پەردىشەپ بار ئەمەسمۇ. شۇڭا، سىلى بىلەن بىر مەسلىھەتلىشەي دېسەم، نەچچە كۈندىن بېرى تاپالمىدىم، بۈگۈن ئوبدان ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— كىمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرەي دەۋاتىلا، باشقارما باشلىقى؟ — سورىدى ساۋۇتتۇم تۇراپنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئۆزىمىز بېقىپ چوڭ قىلغان سالاھىدىن ئاخۇننىڭ قىزىنى.

ساۋۇتتۇمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، رىشات سىلىگە دەپ ئەتىلا جاۋابىنى بېرەي.

تۇراپ يەنە بىر ھەپتىگىچە ساۋۇتتۇم بىلەن ئۇچرىشالمىدى. بۈگۈن ئىداردىن بۇرۇنلا يېنىپ كەلگەن تۇراپ بېشىنى سالغان ھالدا سۇپىدا ئولتۇراتتى، پات - پات گەدىنىنى سىلاپ قوياتتى. خوتۇنى قوناق ئۇنىدا ئەتكەن موندىلەكنىمۇ يېمىدى. گۈلسۇم شۇم خەۋەر ئاڭلاپ قالماي دەپ نېمە بولغانلىقىنى سوراشتىن قورقۇپ ئولتۇرىۋىدى، ئېرى زۇۋان سۈردى:

— بۈگۈن ئۆيگە كېلىشىنىڭ ئالدىدا ۋالىي مەھكىمە قورۇسىنى سۈپۈرۈۋاتاتتىم، ساۋۇتتۇم كىرىپ كەلدى. ئۇ مەن بىلەن سالاملاشمايلا: رىشات سىلىگە سۆزلىرىنى يەتكۈزدۇم. «دادام مەن توغرۇلۇق باش قاتۇرماي ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتسۇن» دېدى. توي قىلىشقا ئالدىرىماي، ماۋۇ سۈپۈرگىدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىسىلا، — دەپ گېپىمگىمۇ قۇلاق سالماي كەتتى. ئەمدى كۆتۈپ تۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئوخشايدۇ. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئىشخانامنى ئىسيانچىلار ئىگىلىۋېلىپ، مېنى ئاياغ باستۇرماي، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ، ئانىسى. بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار يېڭىشەھەرگە قېچىپ كەتتى.

ئاڭلىسام، رىشات بىر بۆلەك ئىسپانچىلارغا باشچىلىق قىلىپ دۆڭباغقا ھۇجۇم قىلىۋېتىپتۇ. ئۆزىنى بىلمىگەن تەرسا بۇنداق قىلمىسا بولاتتى. ئۇ گەپ ئاڭلىمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق ئەنسىز زاماندا توي قىلىشتىن رايىم يېنىپ قالدى، سىلىمۇ ئويلاپ بېقىڭلا.

گۈلسۈم يىغىدىن توختاپ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغىنىچە زۇۋان سۈرمىدى، ئۇنىڭغا تۇراپنىڭ گېپى تەسىر قىلغانىدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىدەك غەمگە چۆمگەن ئېرىگە قارىدى:

— بۈگۈن تاڭغا يېقىن بىر چۈش كۆرگەنىدىم، بۇ چۈش ئەينەن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ۋاي خۇدايىم قانداق قىلارمەن؟

— چۈش دېگەن تەبىرگە باغلىق، قېنى ئېيتىڭلا، — تۇراپ گۈلسۈمگە يېقىن ئولتۇردى.

— گۈلنىسانىڭ تويى بولۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ئاتىسى، — دېدى گۈلسۈم پەرىشان ھالدا، — بىر تاغار يىگىتلەر ئاللالىلا تۇۋلاپ ھويلىمىزغا كىرىپ كەلگۈدەك، يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق كىيىنگەن سادىر تۇرغۇدەك. مەن «نېمە ئىش بۇ، ئېزىپ قاپسىلەر، سىلەر يۈتكەپ كېتىدىغان قىز بۇ ئۆيدە ئەمەس» دېگۈدەكمەن. شۇ چاغدا سالاھىدىن ئاخۇن سىلى بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ «نىكاھى ئوقۇلۇپ بولدى، يول بەرسىلە، گۈلنىسانى ئەكەتسۇن» دەۋاتقۇدەك، سىلى «توسماڭلار خوتۇن» دەپ مېنى تۇتۇۋالدىڭلا. شۇ چاغدا خەيرىنىسا پەيدا بولۇپ، گۈلنىسانى يېتىلىگەن پېتى چىقىپ كېتىپتۇدەك. مەن «بەرمەيمەن، بەرمەيمەن» دەپ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ چۈش مېنىڭ پىغانىمنى ئۆرلىتىۋەتتى، قېنى، تەبىر بېرىپ بېقىڭلا.

ئويلىنىپ قالغان تۇراپ ئاستا دېدى:

— تەبىرنامىدە قىز بالىنىڭ تويى بولۇپ چۈش كۆرسە مۇرادىغا يېتىدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇ كىتاب جاۋەندە بار،

خوتۇن، دادامدىن قالغانىدى. گۈلنىسا قىز مۇرادىغا يەتسە ئەجەب ئەمەس، مۇلايىم قىز ئەمەسمۇ؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، شۇنداق مۇلايىم قىز قولدىن چىقىپ كەتسە ـ ھە !

— سەۋر قىلىڭلا، خوتۇن، ئالەم بۇنداق مالىماتاڭ چاغدا توي توغرۇلۇق باش قاتۇرمايلى، ئوغلىمىز ھوشىنى تاپسۇن.

شۇ ئارىدا گۈلسۈمنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 2

ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپى سۇپىغا چۈشكەنىدى. چىقىرىۋېتىلگەن ئۇچمە ئورنىغا قويغان ئۇجمە كۆچىتى ئەمدى بىخلاۋاتاتتى. سۇپا ۋە مېھمانخانا ئاستىدىكى ئامبارنىڭ كىچىك دېرىزىلىرى ئالدىغا قويۇلغان ئۇزۇن شالىنىڭ ئۇستىگە گۈل كۆچۈرۈلگەن خىلمۇخىل يامالار تىزىۋېتىلگەنىدى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن يەردە يىڭنىچىلىك ئەخلەت كۆرۈنمەيتتى. سۇپىدا ئولتۇرۇپ ياستۇق قېپىغا گۈل ئىشلەۋاتقان خۇش چىراي ئايال بوش ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

قاراپ ئولتۇرسام يارىم،
چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن.
مەن كۆيگەن بۇ ئوتلاردا ئالتۇنجانەي،
سەن كۆيۈپ چىدالامسەن؟
ئىرادەمدىن يانمايمەن،
مەن سەندىن ئايرىلمايمەن...

ئايال ئىككى چېلەكتە سۇ كۆتۈرۈپ كىرگەن سالاھىدىننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— تازا ھاردىلا ـ ھە ! — دېدى سالاھىدىننىڭ قولىدىن

چىلەكنىڭ بىرىنى ئېلىپ، — ئۈجمىگە، گۈللەرگە سۇ قۇيۇۋەتتىلە، كۆپتىمۇ خېلى سۇ بار. ئەمدى ئارام ئېلىپ بىر ئاز يېتىۋالسىلا، ئۈچىلىرىنى تۇتۇپ قوياي.

سالاھىدىن قاشلىرىنى تۈرۈپ، چىرايىدا تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان خوتۇنىغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

— رەناخان، ئاۋازلىرى بەك ساز ئىكەن، قوشنىلار ئاڭلايمەن دەپ، ھويلىغا كىرىۋالمىسۇن يەنە. ناخشىنى بوشراق ئېيتسىلا بولارمىكىن، مېنى دېسىلە، ناخشا ئېيتقاندىن كۆرە، يىڭنە ئىشى قىلغانلىرى تۈزۈك.

— خالىسىلا ئېيتاي، خالىمىسىلا دېگەنلىرىنى قىلاي، مېھمانلىرىمنى مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىۋالايمىكىن دەيمەن، سىلىچە قانداق قىلساق بولار؟

ھويلىغا نەزەر تاشلىغان سالاھىدىننىڭ چىرايى ئېچىلدى:

— گۈللەر سەل كۆكەرگەندە چاقىرسىلا ياخشى بولارمىكىن، ھويلا قۇپقۇرۇق تۇرسا مېھمانلار نېمىدەپ قالار؟

— قەشقەردە تېخى كۆكىرىپ كەتكەن ھويلا يوق. ئەتىيازدىن بېرى ھويلىمىزنى كىشىلەر ئېۋەن تاپالمىغۇدەك قىلىۋالدۇق. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» كونىغا قارشى تۇرىمىز دەپ بۇزۇپ - چېچىۋاتقاندا، مېھمانلارنى بۇرۇنراق چاقىرىۋالغىنىم ئوبدانمىكىن دەيمەن، — دېدى رەناخان سالاھىدىننى سۆيىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

— ئۇ خۇنپەرلەر ھەممە نەرسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، رەناخان. كۆپچىلىك نېمە بولسا بىزمۇ شۇ. يامغا تېرىلغان گۈللەر ئۈنۈپ، ئۈجمە كۆچىتى سەل - پەل كۆكەرسە، ھويلىمىزغا تېخىمۇ ئىسكەت كىرىدۇ. شۇ چاغدا چاقىرسىلا.

— ماقۇل، سىلىنىڭ دېگەنلىرىچە بولسۇن، بىر قوي ئېلىپ بەرسىلە، مېھمان چاقىرغۇچە بېقىپ بورداي. ئۇياقتىن

ئېلىپ بۇياقتىن سويغان قويدا ئىشەنچ يوق.

رەناخان ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— بىرنى ئەمەس، ئىككىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى سالاھىدىن كۆلۈمسىرەپ ۋە خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئايۋانغا ئەكىرىپ سوزۇلۇپ ياتتى، — ئۇچامنى تۇتۇپ قويۇڭلا.

رەناخان ئۇنىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇشقا باشلىدى.

سالاھىدىن ياتقىنىچە قولىنى ئۇزارتىپ خوتۇنىنىڭ بېشىدىكى سېرىق تەتىللا دوپپىنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. بىر ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈلگەن بىلەكتەك توم قوڭۇر چاچلىرىنى قولىغا ئالدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ يادىغا نۇرنىسا كەلگەنىدى. نۇرنىسانىڭ چاچلىرى قاپقارا ئىدى، ئالتە ياكى ئون ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. سالاھىدىن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ھازىرمۇ رەناخاننىڭ چاچلىرى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنۈپ سىلاشقا باشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى يېرىم بولۇپ قاتتىق ئۇھ تارتتى.

— ھوي ئادەم، نېمە بولدىلا، ئۇھ تارتىپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى رەناخان بىلىنەر - بىلىنمەس يوغىناپ قالغان قورسىقىنى قارا دۇخاۋا كەمزۇلىنىڭ ئۈستىدىن سىلاپ.

— ھوي ئادەم دېمەي، دادىسى دەپ چاقىرىڭلا، خوتۇن. ئادەم دېگەن ئۇھ تارتىدۇ، كەلگەن يېرىدە بىر ئۇھ تارتىپ قويدۇق.

— بالا تۇغۇلماي تۇرۇپ، دادىسى دېيىشكە ئادەمنىڭ ئاغزى بارمايدىكەن.

— نېمىشقا بارمايدۇ؟ شۇنداق دەپ ئاتىغۇلىرى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى سالاھىدىن ئۇنىڭ كەمزۇلىنى قايرىپ قورسىقىغا قولىنى تەگكۈزدى.

— كەلمەيدىغانلىقىنى رەم سېلىپ بىلدىمۇ، كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا دادىسى دەپ باقسىلا.

— دادىسى.
— ھە، مانا، قۇلىقىمغا ناھايىتى سىلىق ئاڭلاندى. بۇگۈن نېمە ئېيتىسىلە؟
— كۆك چۆچۈرىسى.
— يىلتىز ۋاقتىدىلا ئەتكىلى تۇرغان ئىدىڭلا، ھەر كۈنى ئېيتىۋېرىدىغان بولدۇڭلا.
— نەدە ھەر كۈنى، ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر قېتىم ئەتتىمغۇ، مەنچە بولسا ھەر كۈنى ئېيتەتتىم.
— باشقا تاماقنى يېگۈڭلا كەلمەمدۇ؟
— كەلمەيدىكەن.
— نېمىشقا؟
— بالام ئېپىچەكلەيدۇ.
دېگەندەك بالا تەۋرەشكە باشلىدى. سىلاپ تۇرغان سالاھىدىننىڭ قولىغا بالىنىڭ تەۋرىگىنى بىلىندى. ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.
سالاھىدىن رەناخاننى ئالغاندىن بېرى كۈلىدىغان، چاقچاق قىلىدىغان، ئىشچان، خۇشخۇي بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق كۈنداشلىقىمۇ تۇتاتتى. بۇنداق چاغدا رەناخان جاۋاب ياندۇرماي ئاچچىقىنى ئاسانلا قايتۇراتتى. كىچىككىدىن كۆڭلىنى خۇش تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن بۇ جۇۋان سالاھىدىندىكى روھىي چۈشكۈنلۈكنى، ئۈمىدسىزلىكنى ئاستا ـ ئاستا تۈگەتمەكتە ئىدى.
رەناخاننىڭ ئۆزىدەك خۇش چاقچاق تىككۈچى ئېرى قارا كېزىك بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە تەبىئىي ھالدا بۇ قېتىم تەگكەن ئېرىنى ۋاپادارلىق بىلەن رازى قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى سازەندە، ئانىسى داستىخانچى خوتۇن ئىدى. ئالتە بالىنىڭ ئىچىدە يالغۇز قىز بولغان رەناخان

ھەممىدىن ئارزۇلۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا ۋاقتىدىلا ئانىسى بىلەن توي ـ تۆكۈن، چايلارغا بېرىپ يۈرۈپ كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ھېچ كىشىنى خاپا قىلمايتتى. دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، چوڭ ـ كىچىك سورۇنلارنى قىزىتىۋېتەتتى. سالاھىدىن مانا مۇشۇنداق ئوڭلۇق ئايالنى ئالغانىدى. قىز ئالغان مەغرۇر خوتۇنى نۇرنىسامۇ پات ـ پات ئېسىگە چۈشەتتى.

※ ※ ※

ئىشىك قېقىلدى، رەناخان ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

ـــ سىلى يېتىۋەرسىلە، ئىشىكنى مەن ئاچاي.

رەناخان ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، دوپپىسىنى ئوڭلاپ كىيىپ ئىشىك ئاچقىلى چىقتى.

ـــ كىم؟

ـــ بىز، ـــ بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

زەنجىر شىرىققىدە ئېچىلدى. ئىشىكتىن ئاۋۋال مۇھتەبەر، ئاندىن زەيتۇنىخان ئاچا كىرىشتى.

ـــ ئەسسالام، ـــ ئۇلار سالاملىشىپ يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ، ئېسەنلىك سوراشتى.

ـــ زەيتۇنىخان ئاچا، ئەجەب كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىلىغۇ؟ سىلى بىلەن كۆرۈشەي دەپ بىرقانچە قېتىم ئۆيلىرىنى يوقلىسام قۇلۇپلاقلىق. بۈگۈن كۈن قايسى تەرەپتىن چىقتىكىن، كېلىپ ئەجەب خۇش قىلىۋەتتىلە، ـــ دېدى رەناخان ئەھۋال سوراپ.

ـــ يېڭىياچىلىقتا مېھمان كەلسە قورۇنىدىغانلارمۇ، ئېغىر ئالىدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەمما بۇ يەردە توي، ئۇ يەردە

تۇغۇت دېگەندەك، ئۆيدە بولالماي كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈممۇ خىجىل. بۈگۈن مۇھتەبەر خېنىم بىلەن ئەھۋال سورىغىلى كەلدۇق. سالاھىدىن بايۋەچچە ئۆيدە باردۇ؟ — زەيتۇنىخان ئاچا رەناخاننىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە سەپسېلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— قەدەملىرى قۇتلۇق، سۆزلىرى يوللۇق بولغاي، — دېدى رەناخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ چىقارغۇدەك قىزىم بولمىسا نېمىدەپ ھال سوراپ كېلىشكەنلا؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

— سىلى تەلەيلىك ئەمەسمۇ. بۇ قېتىم ئەرگە تېگىپ تەييار قىزغا ئانا بولغانلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ، رەناخان، — دېدى سۆز قىستۇرۇپ مۇھتەبەر.

— ۋاي، راست، راست، گۈلنىسا قىزىم بار ئەمەسمۇ، ئۇياقتىن ئەرگە تېگىپ، بۇ ياقتىن قىز چىقىرىدىغان بوپتىمەن - دە، خۇدايىم ئىشىمنى ئوڭدىن كەلتۈرگەي.

— بۇمۇ تەلەيلىرى، رەنا خېنىم، — دېدى زەيتۇنىخان ئاچا ھويلىنىڭ ئالاھىدە ئىسكەتكە كىرىپ قالغىنىغا زوقلىنىپ.

خوتۇنى باشلاپ كىرىۋاتقان مېھمانلارنى كۆرگەن سالاھىدىن ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالام، سالاھىدىن بايۋەچچەم.

— ئەسسالام، سالاھىدىن ئاخۇن ئاكا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىشسىلە، — سالاھىدىن جاي كۆرسەتتى ۋە زەيتۇنىخان ئاچىغا قاراپ، — زەيتۇنىخان ئاچا، بىزنى شۇنداق تاشلىۋېتەملا، چاقىرىپ كېلىپ رەھمىتىمىزنى ئېيتماقچىدۇق، ئەجەب ياخشى كەپتىلا، مۇھتەبەرخانمۇ مەندىن خاپا، بىزنىڭ ئۆيگە كېلەيمۇ دېمەيدۇ، — دېدى.

مۇھتەبەر سالاھىدىننىڭ ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتقان سۆزىدىكى مەنىنى چۈشەندى. تويغىمۇ گۈلنىسانى دەپلا

كەلگەندى. يېقىن دوستىنىڭ شۇنچە يىراققا كېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان سالاھىدىننى ئۆچ كۆرسىمۇ، ئۆگەي ئانا بولغۇچىنىڭ ئالدىدا گۈلنىسانىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، دوستىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرگەندى. خەيرىنىسا، گۈلسۈم، ئايتۇرا، زەيتۇنىخان ئاچىلار تويدا گۈلنىسانىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، توي ئاخىرلاشقۇچە كۆيۈپ - پىشىپ خىزمەت قىلىشتى. سالاھىدىنىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ئاشتى، قىزىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. سالاھىدىن قىزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەرىپىنى قىلغىنى ئۈچۈن، ئۆگەي ئانا بولغۇچى رەناخانمۇ، گۈلنىسا ھەر قېتىم كەلگەندە ئاستىغا كۆرپە سېلىپ «كەلسىلە خان قىزىم، سىلى نېمىدېگەن چىرايلىق، مۇلايىم، كۆرگۈملا كېلىپ تۇرىدىغان بولدى» دەپ كۈتۈۋېلىپ ئىززىتىنى قىلاتتى. گۈلنىسامۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ «خان ئاچا» دەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن سالاھىدىن خۇرسەنلىك، خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا، ھازىر زەيتۇنىخان ئاچىنى، مۇھتەبەرنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

رەناخان ھالۋا ئېتىپ چىقىپ، كەينىدىن قايماق چاي قىلدى، كۆك چۆچۈرىسىنىڭ ئورنىغا پېتىر مانتىغا تۇتۇش قىلدى.

ئۇ قوغۇننى پىچىپ كىرگەندە زەيتۇنىخان ئاچا سۆز ئاچتى:

— بايۋەچچە تالا - تۈزگە چىقىپ كەتمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى مۇھتەبەرخان بىلەن كۆز بېقىشىۋېلىپ.

رەناخان بۇلارنىڭ گېپى بارلىقىنى تۇيۇپ سالاھىدىننى چاقىرىپ كىردى. ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرغان زەيتۇنىخان ئاچا، مۇھتەبەرخانلار باشلىرىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى، سالاھىدىنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن ئىززەت

قىلىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
— سالاھىدىن ئاخۇن بايۋەچچەم، — دېدى زەيتۇنىخان ئاچا يۇمشاق ئاۋازدا، — ئەمدى كۆڭۈللىرى تىنچىپ قالغاندۇ؟ ھويلا - ئارامىمۇ كىشى زوقلانغۇدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، خۇشال بولدۇم. خۇدايىم ھەر نۆۋەت ئۆيلىرىگە كەلتۈرۈشتە، بىر قۇتلۇق ئىشتىن سىلىنى خەۋەردار قىلىشقا مېنى بۇيرۇغان ئوخشايدۇ. بۇ قېتىم مۇھتەبەرخان بىلەن ئەلچى بولۇپ كەلدۇق، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپتىكەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا.
سالاھىدىن دەررۇ چۈشىنەلمىدى.
— نېمىگە ئەلچى بولۇپ كېلىشتىلە؟ — سورىدى ھەيران بولۇپ.
— قىزلىرى گۈلنىسانى دەپ...
— كىمنىڭ ئالدىدىن كېلىشتىلە؟
— ئوسمان باراتوف، خەيرىنىساخانلارنىڭ ئالدىدىن.
— ھە، — دېدى گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن سالاھىدىن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېگىز بويلۇق، دائىم رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان ئوقۇتقۇچى يىگىت سادىر كەلدى، — تۇراپ ئاخۇن، گۈلسۇمخانلارنىڭ ئالدىغا بېرىشقان بولسىلىرى تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى. بالىنى شۇلار بېقىپ چوڭ قىلدى ئەمەسمۇ؟ تويى بولىدىغان چاغدا مەن ئىگە بولۇۋالسام سەت تۇرار.
— ئۇ يەرگىمۇ باردۇق، — سۆزگە قوشۇلدى مۇھتەبەرخان، — جاۋاب بىز كۈتكەندەك بولمىدى. گۈلسۇمخان: «بالىنىڭ بېشى باغلاقلىق، بۇنىڭدىن سالاھىدىننىڭمۇ خەۋىرى بار، بېشى باغلاقلىق بولمىغان تەقدىردە گۈلنىسا ئالىلىبۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ كەتكەن بولاتتى» دەپ كېسىپلا جاۋاب بەردى. گۈلنىسا قىزنىڭ بېشى كىمگە باغلىنىپ قالغاندۇ دەپ سورۇشتۇرسەم، ئۇ گۈلسۇمخاننىڭ ئوغلى رىشات ئىكەن.

زەيتۈنىخان ئاچامنى دەسلەپ گۈلنىساغا، كېيىن ئوغلى رىشاتقا قويۇپ، تويىنى قىلىۋەتمەكچى بولغاندا، قىزمۇ، ئوغۇلمۇ قوشۇلمىغانىكەن. گۈلنىسا قىز قىزىم رۇقىيەگە بۇ توغرۇلۇق يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەھۋال شۇنداق، سالاھىدىن ئاخۇن ئاكا. شۇڭا، قىزنىڭ ئاتىسى بولغان ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلدۇق.

— گۈلنىسا قىزنى ئۇ تەلۋىدىن خۇدايىم ساقلىسۇن، — دېدى زەيتۈنىخان ئاچا.

مۇھتەبەر گۈلنىسانىڭ سادىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىزىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئوسمان باراتوف ئائىلىسىنىڭ تەرىپىنى قىلدى.

— شۇنداق دېسىلە، — دېدى ئويغا چۆمگەن سالاھىدىن، — قىزىمنىڭ تويى توغرۇلۇق بولۇۋاتقان گەپلەردىن زادىلا خەۋىرىم يوق. راست، ئۆتكەن ئاي گۈلنىساغا نەسىھەت قىلىشىمنى ئۆتۈنۈپ بىر كېلىپ كەتكەنچە، گۈلسۇمخان قايتا كەلمىدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر قىزىم بىلەن ئوغلىنىڭ تويى ھەققىدە ماڭا ھېچنېمە دېمىگەنىدى. نېمىشقا مېنى خەۋىرى بار دېگەندۇ؟ مانا مۇشۇنداق ئالا كۆڭۈللۈك ئادەمنىڭ رايىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

— گۈلنىسا قىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك چىرايلىق، ئەدەپلىك چوڭ بولدى، سالاھىدىن ئاخۇن ئاكا، قانداقلا بولمىسۇن، سىلى ئۆز ئاتىسى، گۈلنىسانىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق گۈلسۇمخان سىلىدىن مەسلىھەت ئېلىشى لازىم ئىدى، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ بۈگۈن كېلىشىمىزدىكى مۇددىئايىمىز ئۆزلىرىگە ئايان بولدى. ئوسمان باراتوف سىلى بىلەن كونا تونۇشلاردىن ئىكەن. گۈلسۇمخاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. گۈلنىسا قىزنى ئۇلار باققان بولسىمۇ، توي ئىشى ئاتا بولغان ئۆزلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇشى كېرەك، — دېدى

مۇھتەبەر، — سادىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئوبدان يىگىت، گۈلنىساغا تازا باب كېلىدۇ. ئەگەر قىزلىرى بىلەن گۈلسۇمخاننىڭ ئوغلى توي قىلىشقا ئىختىيار قىلىشقان بولسا، ھەرگىز بوسۇغىلىرىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمايتتۇق، بۇنى ئۆزلىرىمۇ ئۇقۇشۇپ كۆرەرلا.

سالاھىدىن مۇھتەبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— مەن غېرىبخانامغا ھەربىرلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەنلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. مۇھتەبەرخان، ئوسمان باراتوفنىڭ ياخشى ئارزۇسىنى يەردە قويۇش ئويۇم يوق، بۇ توغرۇلۇق تۇراپ ئاخۇن، گۈلسۇمخانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي. بۈگۈن چارشەنبە، ئۆگۈنلۈككە بىر كېلىپ جاۋابىنى ئەكېتىشسىلە. خۇدا بۇيرۇسا ئوسمان باراتوفنىڭ كۈتكىنىدەك جاۋاب بېرىشنىڭ كويىدا بولىمەن.

قانداق جاۋاب بېرەركىن دەپ ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرغان زەيتۇنىخان ئاچا سالاھىدىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تىنچلاندى:

— ئوبدان دېدىلە، سالاھىدىن بايۋەچچەم، شۇنداق بولسۇن، بىز ياخشى نىيەتلىرىنى ئوسمان باراتوف بىلەن خەيرىنىساخانلارغا يەتكۈزەيلى، — زەيتۇنىخان ئاچا سۆزىنى تۈگىتىپ قايتىش مۇددىئاسىدا دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئانىسى! — قىچقىردى سالاھىدىن ئايۋاننىڭ ئىشكىدىن باش چىقىرىپ، — مېھمانلار قوزغىلىۋاتىدۇ.

ئۇ ئالدىراپ كىرگەن خوتۇنىنى كۆرۈپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

— مانتا ھازىرلا پىشىدۇ، ھەربىرلىرىنى كەچلەتمەي قويۇپ بەرمەيمەن، — دېدى رەناخان، — بۇ ئۆي كۈنگەي بولغاچ ئاسانلا ئىسسىپ كېتىدۇ. مۇھتەبەرخان، ئەمدى پەلتولىرىنى

سىلىپ ئولتۇرسىلا، زەيتۇنىخان ئاچا، سىلىمۇ ئىمچىلىرىنى سىلىتىۋەتسىلە، تارتىنمىسىلا. ئەمدى ئۇ كىشىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمەيمەن، بەھۇزۇر ئولتۇرۇشسىلا.

رەناخان كېلىپ مۇھتەبەرنىڭ پەلتوسىنى سالدۇرۇپ، زەيتۇنىخان ئاچىنىڭ ئىمچىسى بىلەن قاتلاپ ئېلىپ تەكچىگە قويدى.

— مۇھتەبەرخان بىلەن ئۆزلىرى بىر ئاي ئىچىدە بوشىنىدىغان ئوخشايلا، رەنا خېنىم، — دېدى زەيتۇنىخان ئاچا ھەر ئىككىلىسىنىڭ تومپىيىپ قالغان قورساقلىرىغا كۆز سېلىپ.

مۇھتەبەرخانىنىڭ سېرىققا مايىل چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ سارغۇچ چاچلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئۇچىنى تۈزەپ قويدى.

— گۈلنىسا قىز شۇنداق سادda، شۇنداق مۇلايىم چوڭ بوپتۇ. مېنىڭچە بولغاندا، تويدىن كېيىنلا ياندۇرۇپ كېلىۋالاتتىم، دادىسى ئۇنىمىدى، بېقىپ چوڭ قىلغان تۇغقانلىرىنى ئايىغان ئوخشايدۇ. باياتىن بولۇۋاتقان گەپلەر ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكىنىمدە قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇ كىشىمۇ ھەربىرلىرىنىڭ گېپىنى يەردە قويماس. گۈلسۇمخانىنىڭ رىشات دېگەن ئوغلى ھازىر باشلىق بولۇۋاپتىمىشقۇ. كىشىلەرنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، بۇلاپ ـ تالاپ بىزار قىلىۋېتىپتۇمىش. ئۇ كىشىمۇ كوچىدىن شۇ بالىنى يامانلاپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن گۈلنىسانى خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن، — دېدى رەناخان زەيتۇنىخان ئاچىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.

— سالاھىدىن ئاخۇن ئاكام ئوبدان جاۋاب بەردى، رەناخان، ئېيتقانلىرى كەلسۇن، بىز خورسەن بولدۇق. ئۆينىمۇ گۈللىتىۋېتىپلا، شۇڭا ئەرلىرى كوچا ـ كويغىمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ...

مۇھتەبەرنىڭ بۇ چاقچىقىدىن رەناخان قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئاشخانىغا چىقىپ، تەخسىلەردە مانتا ئەكىردى.

ھويلىدا تاھارەت ئېلىۋاتقان سالاھىدىن ئاياللارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

### 3

ئوچۇق كۆزنەكتىن ئۆيئىچىگە كىرىۋاتقان يېنىك سالقىن شامال گۈلسۇمخانىنىڭ قوزۇقتا قويۇلغان مىسقالە رومىلىنى يەلپۈتۈپ، ئۇيقۇسى قېچىپ ئويغا چۆمگەن تۇراپنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرماقتا.

— خوتۇن، — دېدى تۇراپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — گۈلنىسانىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالغىنىغا ھەپتىدىن ئاشتى، توي خېتى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىساڭلارمۇ بوپتىكەن. ئەھلىمەھەللە ئالدىدا سەت بولدى، ياندۇرۇپ كەلسەك بولاتتى.

گۈلسۇم دەردىنى ئىچىگە پاتۇرالماي مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى:

— خەۋەرلىرى بار، دادىسى، ئىككى يىلدىن بېرى نۇرغۇن يەرلەردىن گۈلنىسا توغرۇلۇق باش ئاغرىقى قىلغانلارغا «بېشى باغلاقلىق» دەپ جاۋاب بېرىپ كەلگەنىدىم. خەيرىنىساخانلار ئەلچى ئەۋەتكەندە، ئوغلۇمنىڭ تويىنى كېچىكتۈرۈۋەتسەم ئەمدى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، گۈلنىساغا جۈمە كۈنى توي خېتى ئېلىشقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتىمەن. ئورنىدىن تۇرغانچە: «گۈلسۇم ئانا، توي خېتى ئېلىشقا ئۇ لۈكچەك بىلەن بارمايمەن» دەپ يىغلاپ چىقىپ كەتكەنچە كەلمىدى. يا سالاھىدىن ئاخۇن بولغان ئادەم «سېنى ئون توققۇز يىلدىن بېرى بېقىۋاتسا، نېمىدەپ سۆزىگە كىرمەيسەن، قايتىپ بېرىپ گۈلسۇم ئاناڭغا ناماقۇل بولغىن» دەپ قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئەكېلىپ قويمىدى، بۇنىڭغا ھەيرانمەن. ئۆلمىگۈر ئوغرى، ياقا

يۈرتلاردىن كەلمىسىمۇ بوپتىكەن. ھەممە گۇناھ ئاشۇ گومۇش ئوغلىمىزدا، بويىغا يېتىپ قالغان قىزنىمۇ ئۆزىگە رام قىلالمىدى. كىشىلەرنى قورقۇتۇشنىغۇ ئوبدان بىلىدىكەن، كۆز ئالدىدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈلنىمۇ ئۈزەلمەي قاچۇرۇپ قويدى. گۈلنىسانى جاپا تارتىپ چوڭ قىلغان — مەن، دادىسى، بويىدا ئانىلىق ھەققىم بار، ئۆز ساندۇقۇمدىكى گۆھەرنى خەققە نېمىدەپ بېرىدىكەنمەن، جۇۋايىنىمەك ئوغلۇم ئالىمەنلا دەپ بەل باغلىسا، گۈلنىسا بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ تەگمەي ئامالى يوق ئىدى. قانداق قىلارمەن، قانداق قىلارمەن؟

— يىغلىماڭلا، خوتۇن، — دېدى تۇراپ خالتىلىشىپ قالغان بويىنىنى سىلاپ، — سالاھىدىن ئاخۇن ئۆيگە كەلمىگەن بىلەن مېنى يولدا توسۇپ كۆرۈشتى، قۇمدەرۋازا تەرەپتىكى بىر ئاشخانىغا باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. سالاھىدىن ئاخۇن ئوسمان باراتوفنىڭ ئەلچى ئەۋەتكىنىدىن باشلاپ، قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالغىنىغا قەدەر بولغان ئەھۋاللارنى دېدى. گۈلنىسانىڭ ئىشى توغرۇلۇق بۇرۇنلا ئۆز ئاتىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىشمىز زۆرۈر ئىدى، رەنجىگەندەك تۇرىدۇ. گۈلنىسا دېگەنمۇ، باشقىلاردىن ئاڭلىغانمۇ، گۈلنىسانىڭ ئوغلىمىزغا زادى رايى يوقلۇقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا: «بالىلارنى زورلىماي رايىچە ئىش قىلساق خۇدامۇ خۇش بولىدۇ، بىزمۇ خۇش بولىمىز، قىزىمنى ئۇنداق قىيناشمىسىلا، ئۇ مەن ئۈچۈن بىرلا بالا، ئۇ ئازار يېسە مەن چىداپ تۇرالمايمەن. قىزىمنى بېقىپ چوڭ قىلىشقانلىرى ئۈچۈن رەھمەت. ياندۇرۇپ تۆگىتەلمىسەممۇ، قىلىشقان ئەجىرلىرى، كەتكەن راسخوتنى بويىنۇمغا چۈشكەن قەرز ھېسابىدا پۇلغا سۇندۇرۇپ تۆلەشكە ھەرقاچان تەييارمەن» دېدى. سالاھىدىن ئاخۇن كەسكىن مىجەزلىك ئادەم، ياخشىلىقمۇ قىلالايدۇ، كېزى كەلسە يامانلىقمۇ قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلىمىزنىڭ مۆڭ،

قارام، ئۆزى بىلەرمەن، بەتنىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. «رىشاتتەك خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن بالىغا قىزىمنى بەرسەم، قانداق خاتىرجەم بولالايمەن. ئۇنىڭغا بەرگەندىن كۆرە، ئۆگزىدىن يەرگە ئىتتىرىۋەتكىنىم ياخشى» دەپ گەپنى قاپ بېشىدىن ئۈزۈۋەتتى، ئاتىسى. ئوغلىمىزنىڭ پەيلى ماڭا ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن گەپ قىلالمىدىم، نېمىمۇ دەيمەن؟ ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ سۆزلىرى دۇرۇستەك قىلىدۇ.

— نېمىدەپ ئالجىۋاتىدىلا، دادىسى؟ كونا مازنى ئاتقاندەك ئەيىبىمىزنى ئېچىپ، چاۋىمىزنى چىتقا يايغىلى تۇرسا، گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئوخشىمامالا؟

تۇراپنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— جاۋىلدىماي گېپىمنى ئاڭلالا. گۈلنىسانى بېقىپ چوڭ قىلغىنىمىز راست، ھۆرلىقانىمۇ بىز چوڭ قىلغان، ئوقۇتقاندۇق، ئاقىۋەتتە نېمە بولدى؟ بىرىگە تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچى كېلىپ مېڭىمىزنى ئوچاق ئېتىۋەتتى، يامانلىقىدىن ئەمەس، ياخشىلىقىدىن شۇنداق بولدى. بىرىگە ئەلچىمۇ كەلمىدى. مانا ھازىر ئاتىسى نامەلۇم بولغان ھارىمىنى تۇغۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئوغلىمىز بولسا بارغانسېرى ئۆكتەملىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. سالاھىدىن ئاخۇن بىز دېمىسەكمۇ، كەلگەندىن بېرى خالتىلاپ ئۇن، جىڭلاپ گۈرۈچ، تۇڭلاپ ياغ، ھەتتا گۆشتىن تارتىپ يەتكۈزۈپ بەردى. قويمۇ ئەكەلدى، ئالتە گەزلىك چوڭ گىلەمنى مېھمانخانىمىزغا سېلىپ قويدى. بۇنىڭ ھەممىسى قىزىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىمىزنى بىلىپ يەتكەنلىكىنىڭ، ئادەمگەرچىلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىزمۇ مىننەت قىلىۋەرمەي ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، قىزمۇ خالىغان، دادىسىمۇ رازى بولغان سادىرغا بېرەيلى. ھازىر بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. ئوغلىمىز ئالاقە باغلاش ئۈچۈن يەنە ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ. بوپتۇ، كۆزىمىزدىن يىراقراق تۇرسۇن،

ئۇ دۆيۈز.

— ئاغزىلىرىغا تاش - تۇپراق! ياق، مەن سادىرغا بەرمەيمەن، بەرمەيمەن!

گۈلسۈم ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى. تېخى گەدىنىگىمۇ چۈشمىگەن چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۆيگە ھەلىمە كىردى.

— ئانا، ئاچامنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ.

گۈلسۈم ئالدىراپ كۆڭلىكىنى كىيدى، قورقۇپ كەتكەن ھەلىمەنى سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيدىن چىقتى.

قاتتىق تولغاق ھۆرلىقانى ئازابلاۋاتاتتى. چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، چىشلەنگەن لەۋلىرىدىن چىققان قان جاۋغىيىدىن ئېقىپ تۇراتتى. ھۆرلىقا دۇم بولۇپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. بىردىن چىرقىراپ ئورنىدىن تۇرغان پېتى گۈلسۈمنى قۇچاقلاپ داد - پەرياد قىلدى.

— بالام، جېنىم قىزىم، يېتىۋالسىلا، خۇدايىم ئۆزى ئامانلىق بېرىدۇ. جېنىم قىزىم، ئاجىز بەندە ئىكەنمىز، بىردەم چىدىسىلا. ئەستا، قانداق قىلارمەن، خۇدا ئۆزۈڭ ئاسان قىل!

ھۇپپىدە سەمرىپ كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان ئارزۇلۇق قىز بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئورۇقلاپ ئەرۋاھتەك بولۇپ قالغانىدى. قىزىغا قاراپ گۈلسۈمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. تۇراپ ھويلىدا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى.

— ۋايجان، مەن ئۆلدۇم! — ھۆرلىقانىڭ ئاۋازى تۇراپنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆيگە كۆز سالدى. ھۆرلىقا ۋايجانلاپ ئۆينى ئايلىنىۋاتاتتى، گۈلسۈم بىلەن ھەلىمە يىغلىشىۋاتاتتى. ھۆرلىقا كۆڭلىكىنى يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىۋەتتى:

— دادا، ئانا، مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، ئىسسىت جېنىم، ئىسسىت جېنىم! ھۇ ئەسكى لۈكچەك، ھۇ قېلىن ئوغرى،

سەنلەر يېنىمغا كېلىشمىسەڭ مەن بۇنداق ئازابلانمايتتىم، ئاھ خۇدا، جېنىمنى ئالساڭچۇ ! ۋايجان !

تۇراپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتقان قىزىغا قاراشقا پېتىنالماي، چېكىسى قاتتىق ئاغرىپ هويلىغا چىقىپ كەتتى.

تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىغاندا بالا يەرگە چۈشتى. بوۋاقنىڭ ئىڭە ئاۋازى تۇراپنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. گۈلسۇمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى، هۆرلىقا ئارامچىلىققا چىقتى.

گۈلسۇم تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كەستى، بالا قىز ئىدى.

— ئۇكام، چىرايلىق ئۇكام، — دېدى هەلىمە ئانىسى زاكىلاۋاتقان بوۋاققا قاراپ.

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن بەتبەخت، بۇ ئۇكاڭ ئەمەس.

— ئانىسى ! — تۇراپ گۈلسۇمنى ئىشىكنىڭ كەينىدىن چاقىردى.

— مانا، — گۈلسۇم بوۋاقنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ئېرىنىڭ يېنىغا چىقتى. تۇراپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. گويا ئەجەل سىگنالى چېلىنغاندەك بوۋاق قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى.

— هەلىمە، بالىنى يېنىمغا ئەكېلە، — دېدى هۆرلىقا ئاجىز، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

هەلىمە بالىنى قولىغا ئېلىشىغا، گۈلسۇم كىردى:

— بوۋاقنى ماڭا بەر، قىزىم.

هۆرلىقا قولىدا قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنى ئانىسىغا بەردى. گۈلسۇم ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ئانا ! — هۆرلىقا پۈتۈن ئاۋازى بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى.

— نېمە دەيسەن؟

— بالامنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟

— بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، يېتىۋەر.

— يېنىمدا ياتقۇزۇپ قوي، كۆكسۇم چىڭقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئېمىتىمەن.

— نېمە دېدىڭ؟ بۇ هارىمىنى ئېمىتىمەن دەمسەن؟! ئارامىڭدا ياتقىن، سەن تېخى قىز، تۇغمىدىڭ. قىز دېگەن ئەرگە تەگمەي تۇرۇپ تۇغمايدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟

هۆرلىقا يىغلاپ قوللىرىنى ئۇزارتتى:

— يۈزىنى بىر كۆرۈۋالاي، قىزمۇ، ئوغۇلمۇ، بىلىۋالاي.

— كۆرمەيسەن!

گۈلسۇم ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

— ياق، ياق! مەن تۇغدۇم، ئۇ مېنىڭ بالام، بالام! — توۋلاپ تۇرۇپ كەتكەن هۆرلىقا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.

گۈلسۇم بالىنى هويلىغا ئاچىققاندا، تۇراپ ئارقىسىنى قىلىۋالدى. تاڭ قاراڭغۇسىدا كوچىغا چىققان گۈلسۇم يولنى ئاران ئىلغا قىلىپ ئاستا قەدەم تاشلىدى.

تار كوچىدىن چوڭ يولغا چىقتى. قۇلىقىغا ئاستا، بوغۇق ئاۋازدا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاق ئۇخلاپ قالغانىدى. گۈلسۇم ئەتراپقا قاراپ - قاراپ، دوقمۇشتىكى مەسچىتكە يېقىنلاپ كەلدى. بىرەر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، بوۋاقنى مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى سۇپىغا ئاستا قويدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ يەردە سۇغۇرۇلۇپ قالغاندەك بولدى. بىرنەچچە قېتىم كەينىچە مېڭىپ، ئالدىنى ئۆي تەرەپكە قىلدى - دە، كۆز يېشىنى ياغمۇردەك تۆكۈپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى ...

## 4

گۈلنىسا توينىڭ ئەتىسى قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ قوپتى، خۇمارلاشقان كۆزلىرىدە شادلىق چاقنايتتى. چۈنكى، كۆڭلىدە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئاشۇ بالىخانا ئۆي، تۈنۈگۈن ئاخشامدىن

باشلاپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيى بولغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بولۇپ قالغانىدى. بىر يەرلىرى ئاغرىيتتى، ھارغاندەك بولاتتى، سادىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنى چۈشتەك بىلىنەتتى.

سادىر ئۇنىڭدىنمۇ خۇشال ئىدى، ئۇ كېلىپ گۈلنىسانى كۆتۈرۈۋالدى. دېرىزىدىن قارىغان گۈلنىسانىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان قىزغا كۆزى چۈشتى.

— قويۇپ بەرسىلە، مەنزەرگە مېھمان چىقىۋاتىدۇ.

سادىر ئۇنى سافادا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئەمدى چىقىپ كەتسىلە، ئاداشلىرىم كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

— چىققۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— سەت تۇرىدۇ، بولسىلا.

گۈلنىسا ئېرىنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. ئۆيگە ھەلىمە كىرىپ كەلدى.

— ئۇكام!

— ئاچا!

ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— گۈلسۇم ئانام، تۇراپ دادام تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق، ئانام ئاخشام تويدىن كېلىپ ساڭا چىدىماي قالدىمۇ، كېچىچە قىزىتىپ «گۈلنىسا» دەپ جۆيلۈپ چىقتى. ئەتىگەندىن بېرى خېلى ئوبدان، — دېدى ھەلىمە گۈلنىسانى قۇچاقلاپ.

— ھۆرلىقا كەلمەپتۇغۇ؟

كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھەلىمە گۈلنىسانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— تۇغقىنىغا ئىككى ھەپتە بولدى، ياتىدۇ. بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، ئاچا، مەن ناشتىلىق ئەكەلگەنلەر بىلەن

بىللە كەلدىم.

رەسىدە بولۇپ قالغان ھەلىمە گۈلنىساغا ياداپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— گۈلنىسا ئاچا، بىزنىڭ ئۆيگە يەنە بارىدىغانسەن؟


— نېمىشقا بارماي، ئۇكام، بارىمەن، ئۇمۇ ئۆز ئۆيۈم.

— ئاكام ئۇرۇمچىگە كەتكەنچە كەلمىدى، دادامىمۇ ئىدارىگە بارمايۋاتىدۇ.

گۈلنىسا جاۋاب بەرگىچە بىر خىل كىيىنگەن، بوي - تۇرقىمۇ، چىرايىمۇ ئوخشاش ئىككى قىز كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭلار، ھەبىبە، ھەنىپە! — گۈلنىسا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ يۈز يېقىشتى. بۇ كەلگەنلەر ئايتۇرانىڭ قوشكېزەك قىزلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن مۇھتەبەرنىڭ قىزى رۇقىيە كەلدى، سېرىق چاچلىق بۇ قىز گۈلنىسانىڭ جان دوستى ئىدى. گىلەمچىلىك كارخانىسىدىكى قىزلارمۇ كېلىشتى. ئۆي مېھمان بىلەن لىق تولدى. ئاخىرىدا نۇرسىمانىنىڭ قىزى رەشىدەم دۇتار كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— داستىخان سالغۇچە بىردەم كۆڭۈل ئاچايلى، قىزلار، — دېدى رۇقىيە. گۈلنىسا قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۈلتۇزلار ئارىسىدىكى چولپاندەك نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.



## يەتتىنچى باب

# سۇرگۇنلۇكتە

## 1

بۇ يىلقى قۇربان ھېيت زىمىستان سوغۇققا توغرا كەلدى. ئاسمان گىرىمسەن، كۈن تۇتۇق ئىدى. ئاچچىق سوغۇق يۈزنى چاياندەك چاقاتتى. جامە ئىچىدىكى سۆۋادانلارنىڭ شاخلىرىدا توختاپ قالغان قار تۇرۇپ - تۇرۇپ يەرگە پوككىدە چۈشۈپ شېكەردەك چېچىلىپ كېتەتتى. شاخقا قونغان قاغىلار ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ قاق - قاق دەپ قانات قېقىپ قويۇشاتتى. قۇشقاچلار چۇۋۇرلىشىپ شاختىن - شاخقا گۇررىدە يۆتكەلسە، ئاپپاق قار توزۇندىلىرى ئاسماندىن ياغقاندەك يەرگە چۈشەتتى.

قاتتىق سوغۇققا قارىماي پەشتاق ئۈستىدە ناغرا - سۇناي چېلىۋاتقانلار ياندىكى چوغدانىدا يېلىنجاپ تۇرغان كۆمۈرنىڭ چوغىدا نۆۋەت بىلەن قوللىرىنى ئىسسىتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بالىلار، يىگىتلەر پەسكە كۆز تىكىپ، ھېيتگاھ مەيدانىدا ساما ئويناۋاتقانلارنى تاماشا قىلىشاتتى. ساما قىزىپ كەتكەنىدى. پەلتو، چەكمەن جۇۋىسىنى ئاغىنىلىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ساما ئويناۋاتقان ياشلار، قىرانلار، قېرىلار كۆپ ئىدى. تۇيۇقسىز ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى گۇللۇكتىن يىغا - زار ئاڭلاندى. ناغرا - سۇناي توختاپ، ساما سېلىۋاتقانلار تۇرۇپ قالدى. گۇللۇك ئەتراپىدا توختىتىپ

قويۇلغان قارا ماشىنىلارنىڭ چۆرىسىگە ئاسماندىن قار ياغقاندەكلا ئادەم يىغىلىپ كەتتى. ئەمدى رەسىدە بولغان قىزلار، ئاق چاچلىق مومايلار، چار ساقال بوۋايلار بىر ـ بىرىگە ئېسىلىشىپ يىغلىشاتتى. تۆت ـ بەش ئايلىق، بىر ـ ئىككى ياشلىق سەبىيلەرنى باغرىغا تاڭغان چوكانلار، كۆزلىرى ياش يۇقى ئەرلەرگە خوش ئېيتىشاتتى. گۆدەكلەر، باللار ئاتا ـ ئانىلىرىغا يېپىشىپ چىرقىرىشاتتى.

— مۇشۇنداق قارا سوغۇقتا يېزىغا كەتكۈزۈۋېتەمدىكەن؟!

— يەنە كېلىپ قۇربان ھېيت كۈنىدە دەڭلار.

— قوغلاندى قىلىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس!

— خۇدايىم ھەر بەندىسىنى ئۆي ـ ئوچىقىدىن ئايرىمىسۇن.

— ئەتراپقا قاراپ سۆزلەيلى، ئىسيانچى باتۇرلار ئاڭلاپ دۇمبالاپ يۈرمىسۇن يەنە.

سۆزلەۋاتقانلار بىردىن جىمىپ قېلىشتى. بىرنەچچە قىزىل قوغدىغۇچى نەيزە كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كېلىشكەنىدى. كۆزلەردىن دومىلاپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى ساقالدا، ياقىدا، رومالدا، ئېتەكتە مۇزلاپ قېلىۋاتاتتى.

گۈلنىسا كۆرپە، يۇڭ ئەديال بىلەن باش ـ كۆزى چۈمكەلگەن پۇرقەتنى باغرىغا تاڭغان ھالدا، بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان گۈلسۈمگە قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئوغلى تۇرغاننى كۆتۈرگەن ئايتۇرا ئېسەدەۋاتاتتى. ئۇمۇ يېزىدىن كىرىۋالغان قارا نوپۇسلار قاتارىدا بۈگۈن ئۆز يۇرتى بولغان ئوپالغا يولغا چىقماقچى ئىدى. گۈلنىسانىڭ ئىككى يېنىدا قادىر، ئاسىيەلەر يىغلىشىپ تۇراتتى. بۇ گۆدەكلەرنىڭ كىرپىكلىرىنى قىروۋ باغلاپ كەتكەنىدى.

شۇ چاغدا ئوردا ئالدى تەرەپتىن تۇراپ چىقىپ كەلدى. گۈسمەستەك بۇ ئادەم بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ساقال ـ بۇرۇتتىن ئەسەر بولمىغان يۈزلىرى

مومايلارنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئالتە تالالىق شەپكىسىنى چوكۇرۇپ كىيگەن ھالدا دومچىيىپ كېلىۋاتاتتى. بوگۇن ئەتىگەن ئۇنى مەسىلىسى بارلار قاتارىدا شەھەرلىك ھوكۇمەتكە يىغىۋېلىپ، ئىشخانا ـ مەيدانلارنى تازىلىتىپ ئەمدى قويۇپ بەرگەنىدى. كېتىپ قالغانمىدۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئالدىراپ كەلگەن تۇراپ گۇلنىسانى كورۇپ دېمىنى راسلىۋالدى.

— بار ئىكەنلا، بالام، كېتىپ قالدىمىكىن، دەپ بەكمۇ ئالدىرىغانىدىم، — ئۇ ئوز قىزىدەك بولۇپ قالغان گۇلنىسانىڭ باش ـ كوزىنى سىلىدى.

— ئوبدان تۇرلىمۇ، تۇراپ دادا؟ — دېدى گۇلنىسا يامغۇردەك توكۇلۇپ، — مەنمۇ يېزىغا كېتىدىغان بولدۇم، خوش، دادا.

— جېنىم بالام، ئەتىگەن ـ كەچلەردە يالغۇز قالمىسىلا. ئېتىز ـ ئېرىقتا يالغۇز چىقمىسىلا. بوۋاقتا شامال تېگىپ قالمىسۇن. خۇدا نېسىپ قىلسا سىلىدىن بىزمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز، — گۇلسۇم تۇراپ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ ھاسىراشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ يىغىسى كوچىيىپ كەتتى.

— گۇلسۇم ئانىلىرىنىڭ سوزىنى ئەسلىرىدە تۇتسىلا، ئوزلىرىنى، بالىنى ئايىسىلا، ھەرگىز مەيۇسلەنمىسىلە. سىلىنى قايتۇرۇپ كېلىمىز، خۇداغا ئامانەت، بالام، — زوڭ ئولتۇرۇپ قالغان تۇراپنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كوزلىرىدىن ياش قويۇلدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئۇكام، — دېدى رۇقىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان موھتەبەر، — قادىر، ئاسىيەلەردىن زادى ئەنسىرىمىسىلە، مەن ئوبدان قارايمەن.

— بالىلارنى تاشلاپ كېتىشكە زادى چىدىيالمايۋاتىمەن، موھتەبەر ئاچا، — گۇلنىسا پۇرقەتنى گۇلسۇمگە بېرىپ قادىر بىلەن ئاسىيەنى قۇچاقلىدى.

— ئاچا، كەتمىگىن، ئوبدان ئاچا، كەتمىگىن، —

گۈلنىساغا يېپىشىۋالغان ئاسىيەنىڭ ھەممە يېرىدىن ياش تۆكۈلەتتى، قادىر خېلى چوڭ بولۇپ قالغاچقا، كۆز يېشى قىلىسمۇ، ئۈكسىدەك ئېسىلىپ تۇرۇۋالمىدى.

— مۇھتەبەر ئاچام سىلەرگە ئوبدان قارايدۇ، يېزىغا ئەكېتەي دېسەم سىلەر تېخى كىچىك، قۇچاقتىكى بۇ ئۈكائىلار بىلەن قىيىنىلىپ قالىمىز، مەنمۇ ئۇزاققا قالماي يېنىپ كېلىمەن. خۇدايىمغا ئامانەت، ئۈكىلىرىم.

— بېشىمىزغا مۇشۇنداق جۇدالىق سالغانلارنى خۇدايىم جېنىدىن ئايرىۋېتەر، — دېدى بىر ئاقساقال بوۋاي قوللىرىنى ئاسمانغا سۇنۇپ.

— ئازراق يىغلىسىلا، خېنىم!

مۇھتەبەر قۇلىقىغا سەت ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ يېنىغا قاراپ، كاناي شەكلىدە ئورالغان تاماكىنى توغرىسىغا چىشلەپ گۈلنىساغا كۆز سېلىپ تۇرغان ساۋۇتۇمنى كۆردى.

— بۈگۈن يىغلايدىغان كۈن ئەمەس، گۈلنىسا خېنىم، — دېدى ئۇ مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا كۆرەڭلەپ، — خۇشال بولۇپ ئۇزايدىغان كۈن، ئۆزلىرى خالىغان ئەمەسمۇ؟ يىغلىماي ماشىنىغا تېزرەك چىقسىلا.

ساۋۇتۇم بالىلارنى قۇچاقلاپ تۇرغان گۈلنىسادىن كۆزىنى ئېلىپ، يىغا - زار قىلىۋاتقان كۆپچىلىككە ھومىيىپ قارىدى:

— بۈگۈن بۇ يەردە ھازا ئېچىۋاتمايمىز، بەلكى ئاۋات يېزىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى خالىغان بىر تۈركۈم ئاممىنى ئۇزىتىۋاتىمىز. بىز كونىلىق بولسىمۇ ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇشقا، ناغرا - سۇناي چېلىشقا يول قويدۇق ھەم بىر تۈركۈم ئاممىنى يېزىغا ئۇزىتىشنى ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشۇڭلار كېرەك!...

ساۋۇتۇم «ئىنقىلاب» نىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە ئۇزاق توختالغاندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا بۇيرۇق قىلىپ:

— يەنە نېمە يىغا؟! ماڭىدىغانلار قاراپ تۇرماي ماشىنىغا چىقىڭلار ! «قىزىل قوغدىغۇچى» ئەزىمەتلەر، ماڭىدىغانلارغا ياردەملىشىپ، يۈك - تاقلىرىنى ماشىنىغا ئېلىشىپ بېرىڭلار ! — دېدى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ ماشىنىلارغا تاشلاشقا باشلىدى.

— بالام، گۈلنىسا، كۆيۈملۈك قىزىم، نەگە كېتىۋاتىدىلا؟ — شۇ چاغدا رەناخان بىلەن يېتىپ كەلگەن سالاھىدىن قىزى ئولتۇرغان ماشىنىغا ئېسىلدى.

— دادا، ئوبدان دادا ! خان ئاچا ! ... — گۈلنىسا ماشىنىدىن ئېڭىشىپ سالاھىدىنىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

بىر ئاي ئىلگىرى ساۋۇتۇمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سالاھىدىن توردىن چۈشۈپ قالغان «ئۇنسۇر» ئاتىلىپ قورغان گۆشى مورتوم يېزىسىغا چىقىرىۋېتىلگەنىدى. رەناخانمۇ ئەمچەكتىكى بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي بىللە چىققانىدى. ئۇلار بۇ يېزىدا ئىككى ئېغىزلىق كونا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەرگە كىرىپ ئۆيىنى يوقلاپ چىقاتتى.

— بالام، بۇگۈن ناغرا چالدى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ساما كۆرۈپ چىقايلى، دەپ نازارەت قىلغۇچىلاردىنمۇ سورىماي كىرگەنىدۇق. خۇدا سىلى بىلەن كۆرۈشتۈردى. سىلىنىڭمۇ يېزىغا ماڭىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق. بالام، خۇدايىمغا ئامانەت، ئاز بولسىمۇ يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، قىزىم.

سالاھىدىن پۇل يۆگەلگەن ياغلىقنى گۈلنىسانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، بالام، — دېدى رەناخانمۇ گۈلنىسانىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ.

— خۇدايىمغا ئامانەت، دادا، خوش، خان ئاچا.

ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدىن «خۇدايىمغا ئامانەت» دېگەن

سۆز چىقاتتى. ماشىنىلار گۇرۇلدەشكە باشلىدى. گۈلنىسا ئايتۇراغا يۆلىنىۋالدى. ئەخمەتجان ئايتۇرانىڭ كەينىدە ئوغلى تۇرغاننى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ماشىنىلار قوزغالدى.

— خەير، ئەزىزانە قەشقەر، ئۆلمىسەك ئەزىز باغرىڭغا يەنە قايتىپ كېلىمىز!

ساۋۇتوم ھەسرەتلىك بۇ ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا ئالىيىپ قارىدى.

※ ※ ※

گۈلنىسا چۈشكەن ماشىنا شەھەر ئىچىدىن چىقتى. ئۇشقىرتىپ تۇرغان شامالنىڭ ئاچچىق سوغۇقىغا چىدىغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ھەممەيلەن باش - بويۇنلىرىنى يۆگىشىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئايتۇرا گۈلنىسانى قۇچاقلاپ، گۈلنىسا پۇرقەتنى باغرىغا تېڭىپ ئولتۇراتتى. ئەخمەتجان تۇرغاننى جۇۋىسىغا ئورىۋالغانىدى.

گۈلنىسا يېزىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېتىۋاتمايتتى.

ساۋۇتوم مۇھتەبەرنىڭ ياردىمى بىلەن گۈلنىسانى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۆيىگە نەچچە قېتىم كەلگەنىدى. مۇھتەبەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن، ئىچىنچى قېتىم كەلگەندە: «گۈلنىسا ساراڭ ئىكەن، سادىرنى ئۆلگۈچە كۈتىمەن دەيدۇ. سىلى ئالىمەن دېسىلە قىز ئاز ئەمەس، سىلىڭ. گۈلنىسا يېنىغا كەلگەن ئەرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ ئۇنى يالتايتقانىدى. «راست، ساراڭ ئىكەن، ئالاي دېسەم ماڭا خوتۇن ئازمۇ» دەپ چىقىپ كەتكەنچە سالاھىدىنىڭ بۇ ئۆيىگە يېقىن يولىمىغان ساۋۇتوم ئۇنى ئىچى قارىلىق قىلىپ «ئەكسىيەتچى ئېرىدىن، قېيىنئانا، قېيىنئاتىسىدىن چەك - چېگرانى ئايرىمىدى، ئىدىيەسى قالاق» دەپ يېزىغا تارقاقلاشتۇرىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ

قويغانىدى. ئايتۇرامۇ «ئەسلىي ماكانى يېزىدا» دەپ شەھەر نوپۇسىدىن قىسقارتىش ھېسابىغا تارقاقلاشتۇرۇۋېتىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. تۇغۇت ئانىسى زەيتۇنىخان ئاچا بىلەن ئېرى دەرۋىش ئاخۇن «ئىنقىلاب»نىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن چەتتە قالدى. ئايتۇرا بالا يۈزى كۆرمىگەن بۇ ھاممىسىنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. قوشماق قىزلىرى بىلەن قوشماق ئوغۇللىرىمۇ زەيتۇنىخان ئاچىنىڭ يېنىدا قالدى. گۈلنىسا ئايتۇرانىڭ مەسلىھەتى بىلەن «ئەسلىمىز ئوپاللىق، ئوپالدا ئۇرۇق - تۇغقىنىم بار» دەپ تىزىملىتىپ، مانا بۈگۈن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايتۇرا بىلەن بىرلىكتە ئوپالغا كېتىۋاتاتتى. «ئوسمان دادامدىن خەۋەر بولمايلا كەتتى. خان ئاچامۇ، سادىرمۇ يازغان خەتلىرىدە ئوسمان دادامنى سوراپتۇ. شۇ كۈنى چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىدى، دەپ جاۋاب يازسام ئۇلارنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويىمەن. قانداق قىلسام بولار؟ ئۆزۈممۇ كۆرمىگەن - بىلمىگەن يەرگە كېتىۋاتىمەن. خەت يازمىغىنىمغا بىر ئايدىن ئاشتى، بېرىپلا خەت يېزىۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئانامدىن كېلىۋاتقان خەتنىڭ توختاپ قالغىنىغا ئىككى يىل بولدى. ئەمدى خەت كەلمەي قالارمۇ؟ يەنە نېمە ئىشلار بولار؟ ئوسمان دادام: قىزىم، يىغلىغان بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ، بېشىغا كۈن كەلگەن ئادەم غەيرەتلىك، ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك، دەپ نەسىھەت قىلغانىدى. مەن يىغلاپلا كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.»

گۈلنىسانىڭ خىيالى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ماشىنا ئوپالنىڭ چۆلدەرەپ قالغان بازىرىدا توختىدى.

— ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، — بۇيرۇق قىلدى كاپىنكىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن قەشقەر شەھەر كوممۇناسىنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» سېپىگە ئۆتكەن كادىرى.

ماشىنا ئۈستىدىكى ئالتە ئائىلىگە تەۋە يىگىرمىدەك ئادەم يۈك - تاقلىرىنى بىر - بىرىگە سۇنۇشۇپ ماشىنىدىن چۈشتى.

— تۆغقانلىرىڭلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئوپال كوممۇناسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سىلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇق ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. قانداق ئورۇنلاشتۇرسا، شۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، قەيەردىن ئۆي بەرسە شۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار، قالايمىقان سۆز - ھەرىكەتتە بولماڭلار، ياۋاش بولۇڭلار!

كادىر شوپۇرنى ئېلىپ كوممۇنا ئىشخانىسىغا كەتتى.

بۇ يەر قەشقەردىن بەكرەك سوغۇق ئىدى، توختىماي ئاچچىق شىۋىرغان چىقىۋاتاتتى. يەرۇ ئاسمان ئاپپاق ئىدى. گۈلنىسامۇ، ئايتۇرامۇ بالىلىرىنى باغرىغا تاڭغان ھالدا يۈك - تاقلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى.

— مەن مۇشۇ ئەتراپتىن ھارۋا تاپاي، تاپالمىسام ئاتاملارنىڭ ئۆيىدىن ئەكېلىمەن، — دېدى ئەخمەتجان. ئۇ ئايتۇراغا بۇ سۆزنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويدى - دە، مېڭىپ كەتتى.

## 2

ئويچولپان كەنتى ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى ئورۇنلاشقان كۆجۈم كەنتى ئىدى. ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى — ھەزرىتى موللام تېغىغا يانداش تۆپىلىكتە چوقچىيىپ تۇراتتى. باھار ۋاقتىدا بۇ يەرگە چىقىپ قارىغان كىشىگە پۈتۈن ئويچولپان كەنتىنىڭ بۇك - باراقسان جىگدىلىكلىرى، بىر شېخى قۇرۇسا بىر شېخى كۆكلەپ تۇرىدىغان نەچچە يۈز يىللىق ئۈجمە دەرەخلىرى، كۆكىرىپ يەلپۈنگەن كاتەكچە - كاتەكچە ئېتىزلار، باغبارائلىق ئۆيلەر ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. بۇ جايلار گۈلنىساغا بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئايتۇرانىڭ دادىسى ئىگەمبەردى ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە، شۇلار نېمە ئىش قىلسا شۇ ئىشنى قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئايتۇرانىڭ ئانىسى جىنەستىخان ساددا، باغرى

يۇمشاق ئايال ئىدى، شەھەردە چوڭ بولغان گۈلنىسانى ئۆز قىزىدىنمۇ چارە كۆرۈپ ئىززىتىنى قىلدى. بۇلار قارا قىشتىمۇ بامداتتىن بۇرۇن تۇرۇپ ئېتىزغا چىقاتتى. تاغاردا ئوغۇت، توپا توشۇيتتى. ئايتۇرا گۈلنىسانىڭ ئوغلى پۇرقەتنى پۇختا يۆگەپ قىر ئۈستىدە قوياتتى، بالىسى تۇرغان ئۆتەڭگە قاراپ ئولتۇراتتى، گۈلنىسا ئوغلى يىغلىغاندا كېلىپ ئېمىتەتتى. ئۇ باھاردا ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش، ئېتىزلارنى تۈزلەش، زىرائەت تېرىش قاتارلىق ئىشلارغا قاتناشتى. يازدا ئورما ئورۇش، خامان تېپىش بىلەن بولدى. كۈزدە قوناق يىغىش، جىگدە قېقىش قاق سېلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ شەھەردە كەشتە تىكىش، تاماق ئېتىشنى ئۆگەنگەن بولسا، بۇ يەردە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى ئۆگەندى.

گۈلنىسانىڭ كۆڭلى تەشۋىش ۋە ئويچانلىق بىلەن ئۆتەتتى، سادىر بۇرژۇئاز زىيالىيسى، دەپ قولغا ئېلىندى، گەپ ـ سۆزى ئوچۇق بولغان قېينىئانىسىمۇ تۇتۇپ كېتىلدى. قېينىئاتىسىدىن خەۋەر يوق ئىدى. سادىر، خەيرىنىسالاردىن خەت كېلىپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ ھەر ئايدا خەت يېزىپ تۇراتتى. مۇھتەبەرلەر چىقىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەتكەنىدى. سالاھىدىنمۇ رەناخان بىلەن ئۈجمە پىشقاندا يېڭى تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇراخماننى ئاچىقىپ شاپتۇل پىششىقىغىچە تۇرغانىدى. نىمە ئۈچۈندۇر گۈلسۇم ئانىسىمۇ، تۇراپ دادىسىمۇ كېلەلمىدى. ئەخمەتجان شەھەردىن پات ـ پات چىقىپ تۇراتتى. گۈلنىسا ئايتۇرالار بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە بېرىپ كېلىشتى.

يەنە باھار كەلدى، ھەزرىتى موللام تېغىدىكى يانتاق كۆكەردى، ئويچولپان ئېتىكى يېشىل كىمخابتەك تۈس ئالدى. ئىككى ياشتىن ئاشقان پۇرقەت گۈلنىسا قەيەرگە بارسا، «ئانا ـ ئانا !» دەپ كەينىدىنلا يۈرەتتى. ئايتۇرا بۇ يىل باش ئەتىيازدىلا ئوغلىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنچە چىقمىدى.

※ ※ ※

1970 ـ يىلى باھار كىرىپ قالغان بولسىمۇ ھاۋا بەكمۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق ئىدى، گۈلنىسا بۇنداق باھارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. شامال تۇرۇپلا قارا بورانغا، يامغۇر ـ مۆلدۈرگە ئايلىنىپ كېتەتتى ـ دە، تېرىلغان زىرائەتلەرنى نابۇت قىلاتتى. دېھقانلار قوناق، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇزنى ئىككى قېتىمدىن تېرىدى، لېكىن بولۇق ئۈنۈپ چىقالمىدى. كۆزلۈك بۇغدايلارنىڭ مايسىلىرى جانسىز، سارغۇچ ئىدى. ئەتىيازدا تېرىلغان قوناق شالاڭ ئۈنگەنىدى. تەبىئەتتىن كەلگەن بۇ ئاپەتكە دېھقانلار ئۈنۈملۈك چارە قىلالمىدى. كۆرەش قىلىش، تەنقىدلەشتەك ھەر خىل مەجلىسنىڭ كۆپلۈكى، ئىش ئۈنۈمىنىڭ ئازلىقى دېھقانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. سىرتقىتال تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان دېھقانلار بۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئازابلىق قىيىنچىلىقتا قالغانىدى. بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى چىدىغۇسىز دەرىجىدە نامرات ئىدى، بىساتى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىگىز، پاختىلىرى تۇزۇپ تۇرغان يوتقان ـ كۆرپە ۋە نەملىشىپ كەتكەن پاخالدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار يىل بويى گۆشكە ئېغىز تېگەلمەيتتى، بازارغا بارسا ئاش سۈيىگە زاغرا چىلاپ يەپ قايتىپ كېلىشەتتى.

گۈلنىسا ئىگەمبەردى ئاخۇن ئائىلىسىگە كۆنۈپ قالغانىدى. كۈندۈزى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشى بىلەن بولغان ئىگەمبەردى كەچتە ئاياغ يامايتتى، ئۆتۈك، مەسە، سەندەل، بەتىنكە تىكەتتى. جىنەستىخان تۇن يېرىمىغىچە يېنىدا ئولتۇرۇپ ئەشكەن يىپنى موملاپ، پۈتكەن ئاياغلارغا پەرداز بېرەتتى. ئۇلار ھېرىپ ھالى قالمىغان چېغىدىلا ئۇخلاپ قېلىشاتتى. ھەر ھەپتىسى يا ئىگەمبەردى ئاخۇن، ياكى جىنەستىخان ئۆتۈك ـ بەتىنكىلەرنى خورجۇنغا سېلىپ قەشقەر

شەھىرىگە ئاپىرىپ، قاراڭغۇ بازاردا ئوغرىلىقچە ساتاتتى. تاپالىسا خورۇم، تاپالمىسا كۆن، تېرە ئېلىپ، خورجۇنلىرىنى پومپايتىپ ئەل ياتقۇ مەھەلدە ئۆيگە قايتىپ كېلىشەتتى، چاكىلدىشىپ تۇرغان باللارغا سامسا، گۆشگىردە بېرەتتى، بۇلارنىڭ كۆنى نامراتلارنىڭكىدىن بىرئاز ياخشى ئىدى. ئىگەمبەردى ئاخۇن بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلىيالمىسىمۇ كۆزلىرى ھەممىنى كۆرۈپ - بىلىپ تۇرغاچقا، روھى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ جۇدۇنلۇق باھاردا ئۇنىڭ ئىشى ئاۋۇدى، جىنەستىخان، گۈلنىسا ۋە باللارغا ئاياغ تىكىپ بەرگەندىن باشقا، بازاردا ساتىدىغانغا ئون نەچچە كىشىلىك ئۆتۈك، مەسە تىككەنىدى. بىر ئەتىگىنى ھېچكىم ئويغانمىغان، ئىتلارمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن مەھەلدە، ئىگەمبەردى ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن ئېشەك ھارۋىسىدا شەھەرگە يول ئالدى. قارا تۇتەك باسقان ئاسماندا ھارۋا چاقىدەك كۆن پەيدا بولغاندا ئايتۇرانىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. قادىر، ئاسىيەلەر يۈگۈرۈشۈپ ئالدىغا كەلگەندە گۈلنىسا ھەيران قالدى، ئارقىدىنلا ئىتتىك ئېبسىگە كېلىپ ئىككى قولى بىلەن ئۇكىلىرىنى باغرىغا باستى.

— ئۇكام قادىر، ئاسىيە، بۇ ئۆيگە قاچان كەلدىڭلار؟ — ھاياجانلىنىپ سورىدى ئۇ.

— مۇھتەبەر ئاچامنى بىزنىڭ ئۆيدىن سىلىڭ دېگەن يوغان قورساق ئادەم كۆچۈرۈۋەتتى. بىزنى ئايتۇرا ئاچامنىڭ قېشىغا ئەكېلىپ قويۇپ - ھە، ئۆزلىرى بۇرۇنقى ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىشتى - ھە، بىزنىڭ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئايتۇرا ئاچامنىڭ ئۆيىگە توشۇپ كەلدۇق - ھە...

— مەن ئاپتۇۋا - چۆگۈننى كۆتۈردۇم، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئاسىيە.

— ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى توشۇپ تۈگىتەلمىگەنسىلەر؟ — سورىدى گۈلنىسا ئەھۋالنى چۈشىنىپ.

ئايتۇرا ئاتا ـ ئانىسى، ئۇكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن گۈلنىسانى قۇچاقلاپ يۈز يېقىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئىشارەت بىلەن ئەھۋال سوراپ، بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. ئىككى يىلدىن بېرى ئىگەمبەردى ئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئىشارەت تىلىنى خېلى ئۆگىنىپ قالغان گۈلنىسا مۇنۇلارنى چۈشەندى: بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى قانداقتۇر يوغان قورساق، تاپانچا ئاسقان ئادەم بىرقانچە «قىزىل قوغدىغۇچى» نى باشلاپ ئۆيلەرنى ئوختەي ـ توختەي قىلىۋەتكەن. بىر ساندۇق كىيىم ـ كېچەك، تام سائىتى، ئۈستەل، سافالارنى كۆتۈرتۈپ قەيەرگىدۇر ئەۋەتىۋەتكەن. ئوسمان باراتوفنىڭ، سادىرنىڭ نەچچە يۈز پارچە كىتابلىرىنى ھويلىغا دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. مۇھەتەبەرنى «ئۆيدىن كۆچمىسەڭلار تۈرمىگە قامىلىسىلەر» دەپ قورقۇتقان. مۇھەتەبەر بۇ ئەھۋالنى ئايتۇراغا دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر كېچىدىلا نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇ ئۆيگە ئەكېلىپ، بۇلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالغان...

«ئۇكام قادىرنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن» دېدى گۈلنىسا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلىگەن پىغانىنى تەسلىكتە بېسىپ.

گۈلنىسا ئايتۇرالارنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇردى. قادىر، ئاسىيەلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى. ئارىلىقتا قادىر، مۇھەتەبەرنى چاقىرتىپ كەلدى، ئۆتكەن يىلى ياتلىق قىلىنغان رۇقىيەمۇ بىللە كەلگەنىدى، ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ جۈدەپ قالغانىدى.

— بالام گۈلنىسا، ساۋۇتۇم دېگەن مەككار ھازىر بەك يوغىناپ كەتتى، تىل تەگكۈزگىلى بولمايدۇ. ھەر قېتىم مېنى كۆرسە: «گۈلنىسا ئۆز بەختىنى قولدىن چىقىرىۋەتتى، يېزىدا كۆرمىگەننى كۆرۈۋاتىدۇ، يېنىمغا كېلىشنى خالىسا ھېلىمۇ بېشىنى سىلايمەن» دەپ زەردەمنى قايىنىتىدۇ. ئۇ كاززاپنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالمىسىلا... — دېدى مۇھەتەبەر گۈلنىسانى ئاگاھلاندۇرۇپ.

## 3

باھار جۇدۇن ـ چاپقۇن، ۋەھىمە بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇجمە پىشتى، ئۆرۈكمۇ بازارغا كىردى. دېھقانلارنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئورمىدىن كېيىن ھەربىر ئائىلە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بۇغدايغا ئېرىشتى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن سۇپىغا، قەغەز چاپلانغان دېرىزىگە كۈن چۈشتى. چۈشكە يېقىن ئىگەمبەردى ئاخۇننىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان باراڭلىق ھويلىسىنى كۆز ئاپتىپى قاپلىدى.

گۈلنىسا قاچا يۇيۇۋاتاتتى. پۇرقەت تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ تاشقىرىدىن يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە ياماشتى.

— ئانا، ئانا، نان بىيە.

گۈلنىسا قولىنى يۇيۇۋېتىپ لۆڭگە بىلەن ئېرتتى ـ دە، ئۆيدىن پۇچۇق زاغرىنى ئاچىقىپ بەردى. پۇرقەت «ئېتى»نى چاپتۇرغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى. چىرايلىق تىكىلگەن ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىققان ئىگەمبەردى ئاخۇن سۇپىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ گۈلنىساغا بىرنېمە بەرگۈسى باردەك كۆرۈنەتتى. گۈلنىسا يۇيۇپ بولغان تاۋاق، ياغاچ قوشۇقلارنى ئاشخانىغا ئەكىردى. «شەھەرگە ئەجەب بارالمىدىم، ئايتۇرا ئاچام، گۈلسۇم ئانامىلارمۇ چىقمىدى. دادامدىنمۇ خەۋەر يوق، بىر كىرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقسام بولاتتى...» گۈلنىسا ئاشۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا جىنەستىخان كىردى ـ دە، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويدى.

— ئارىلىق خېلى بار، ھېرىپ قالدىم، قېرىپتىمەن، بالام. سەۋزىنى تەسلىكتە تاپتىم، بازاردا ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇش بولغۇدەك ھېچنېمە يوق، مازاردەك جىمجىت.

ئىگەمبەردى ئاخۇن جۇمە نامىزىدىن كەلگەندە، قۇيماق پىشقان، پولۇمۇ دەم يېگەنىدى. ئۇ پۇرقەتنى تۆگە تاتاڭ قىلىۋالغانىدى. ئىككى ئوغلى بىر يېنىدا، ئىككى قىزى يەنە بىر يېنىدا هويلىغا كىرىپ كېلىشتى.

— جۇمە نامىزىغا بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بارغان ئوخشىمامدۇ، دادىسى؟ — دېدى جىنەستىخان ھەم ئۇنلۇك، ھەم ئىشارەت بىلەن. ئىگەمبەردى ئاخۇن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ قويدى.

پولۇ بىردەمدىلا يېيىلىپ بولدى. ئۇلار دۇئا قىلىشىپ ئىشىكتىن چىقىشىغا، بىر هارۋا كېلىپ توختىدى. هارۋىدىن سەكرەپ چۈشكەن قادىر، ئاسىيەلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىپ گۈلنىساغا يېپىشتى. ئايتۇرا قوشكېزەك قىز ـ ئوغۇللىرى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلىدى. يىغلاپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراشتى، ئاندىن ياش يۇقى كۆزلەردە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— بىز سىلىنى ئەكېتىش ئۈچۈن كەلدۇق، — دەپ چۈشەندۈردى ئايتۇرا گۈلنىساغا ئىشارەت بىلەن.

— ئوبدان خەۋەر ئىكەن، بالام، كەتسىلە، جاپاسى تۈگىمەيدىغان سەھرايى قىيامەتتىن كەتسىلە، — دېدى جىنەستىخان ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا.

ئاتا ـ ئانا يىراقتىن كەلگەن قىزى، نەۋرىلىرىنى ئۆيگە باشلىدى. كەچتە يەيمىز دەپ ئېلىپ قويغان پولۇنى، قۇيماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئايتۇرا دادىسىغا شىم ـ كەمزۇللۇق چىبەرقۇت، ئانىسىغا كۆڭلەكلىك تاۋار، ئىنى ـ سىڭىللىرىغا كۆڭلەك، ئىشتان تىكىپ كەلگەنىدى. بىر لېگەن سامبۇسا، ئىككى كىلو گۆشنىمۇ داستىخان ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— بالام، ئەخمەتجاننى نېمىشقا ئەكەلمىگەنلا؟ — دېدى جىنەستىخان ئىشارەت بىلەن.

— دادام قولغا ئېلىنىپ كەتتى، — دېدى يىغلاپ گەپ قىلالماي قالغان ئايتۇرانىڭ ئورنىغا ھەببە كىچىككىنە قاپقارا كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

— نېمىشقا، نېمىشقا قولغا ئېلىنىپ كەتتى؟

ياۋاش ھۈنەرۋەن - كاسىپلارغا خاس تەمكىنى بار كۆيۈ ئوغلى جىنەستىخاننىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ، باغرى ئېچىشتى.

ئايتۇرا ئۇھ تارتىپ ئىشارەت بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، ئەسلىدە مۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقە بولغانىدى:

ئۆتكەن ھەپتىنىڭ شەنبە كەچقۇرۇنلۇقى، بىر دوستىنىڭ تويىغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقان رۇقىيە ئارقىسىدىن بىر كىشى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ بارغانسېرى قەدىمىنى ئىتتىكلىتىدۇ. ئۇ خام بازىرى دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كوچىدىن قاراڭغۇ تار كوچىغا بۇرۇلىشى بىلەن تەڭ بىرەيلەن ئۇنىڭ بېشىغا تاغار كىيدۈرىدۇ، ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ۋارقىرىيالمايدۇ. ئۇنى نامەلۇم بىر كىشى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە جىپ ماشىنىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزىدۇ، يەنە بىر ئادەم ئۇنى قۇچىقىغا ئالىدۇ... رۇقىيە ئۇچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىھوش پېتى تاشلاپ قويۇلىدۇ. خۇپتەنگە چىققان سادىر ئاخۇن ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ ئۈستىگە يىقىلىدۇ ۋە بىر قاراپلا قىزىنى دەرھال تونۇيدۇ، كۆتۈرگىنىچە ئۆيىگە ئەكىرىدۇ. مۇھتەبەر چىرايى سارغىيىپ كەتكەن قىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلايدۇ:

— قانداق نامەرد زۇلۇم سالغاندۇ؟ كۆزۈڭنى ئاچقىن، قىزىم، بىزگە دېگىن، ساڭا نېمە بولدى؟ — مۇھتەبەر قىزىنىڭ باش - كۆزىنى، بەدەنلىرىنى سىلاپ بىردىن توختاپ قالدى. داد - پەرياد ئېيتىپ ئىشتان - كۆڭلىدىكى داغلارنى، قېتىپ قالغان قانلارنى كۆرۈپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپلا ئۇنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۇردى.

— ۋاي شورۇم، بۇ نېمە ئالامەت؟ قانداق باغرى تاش خۇدادىن قورقماي بۇ شەرمەندىچىلىكنى قىلغاندۇ؟ جازايىڭنى تارتارسەن، قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن! — مۇھتەبەر ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ قىزىغا چېقىلغانلارنى قارغاپ كەتتى، — ساقچىغا مەلۇم قىلىش كېرەك، دادىسى، بۇ سەتچىلىكنى شۇ پېتى قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. سىلى چىقىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلسىلا، يوقلىپ كەتكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئىنىقلاپ چىقىدۇ.

— ئانىسى، نېمىدەپ مۇشۇ ياشقا كىرگىنىمدە ساقچى ئىدارىسىگە بارىمەن؟ ئۇلۇشكۇنغۇ قىزىمىنىڭ يوقلىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ بارغانىدىم، ئەمدى بۇ رەسۋاچىلىقنى نېمىدەپ ئۇقتۇرىمەن؟ مېنىڭچە، دۆملەكلىك قازان دۆملەكلىك پېتى تۇرىۋەرسۇن، ئۇنى ئاشكارا قىلساق، سىلىگىمۇ، ماڭىمۇ سەت. قىزىمىز قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ — دېدى سادىر ئاخۇن خوتۇنىنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي.

رۇقىيە ھوشىغا كېلىپ ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

— دادا، ئانا...

باغرى پۈچىلانغان مۇھتەبەر ئورنىدىن تۇردى - يۇ، رومىلىنى ئارتىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ئانىسى، نەگە؟

— ساقچىغا.

— توختاڭلا، مەن باراي.

ئىزا - نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ چىقىپ كەتكەن سادىر ئاخۇن، بىر ئەر، بىر ئايال ساقچى بىلەن قايتىپ كەلگەندە، مۇھتەبەر ھويلىدا قىزىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدى، ئانىسى؟ — ئالدىراپ سورىدى سادىر ئاخۇن.

مۇھتەبەر ئېرىگە، ساقچىلارغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن

ھەسرەت ـ ئەلەم تۆكۈلۈپ تۇراتتى:

— دادىسى، سىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قىزىم تەرەتكە چىقىمەن دەپ ئورنىدىن تۇردى. بىللە ئاچىقاي دېسەم زادى ئۇنىمىدى. ماقۇل دەپ ھويلىدا قاراپ تۇرسام، شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپلا ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. بۇ نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى؟! قىزىم دوختۇر بولدى دەپ خۇشال بولمىغانمىدىم؟ ئەمدى بۇ مۇسىبەتنىڭ ئېغىرىنى قانداق كۆتۈرىمەن؟...

ئارماندا قېلىپ يۈرەك ـ باغرى قان بولغان ئانا ھوشىدىن كەتتى. ئەتىسى رۇقىيەنىڭ ئۆلۈمى ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۇزىتىلدى.

ئايتۇرا بۇ مۇسىبەتتىن قايتىپ كەلگەندە ئىبرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۈپىدا ئولتۇراتتى.

ئەخمەتجان ئەتىسى ئىشقا باردى. ئۇ ئىشلەۋاتقان قۇرۇلۇش ئورنى شەھەرنىڭ چېتىدىرەك ئىدى. ئۇ تامچى شاگىرت ئىشچىلارغا رۇقىيەنىڭ پاجىئەسىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— قەشقەرنى ئەنسىزلىك قاپلاپ كەتتى، ئارامخۇدا كۈن كەچۈرگىلى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋارقىراپ:

— تەتۈر تەشۋىق قىلىپ ئىغۋا تارقاتما! — ئۇ ئىشچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ماھىر ئۇستا ئەخمەتجاننى كۆرەلمەيتتى، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. بۇ «ئىنقىلاب» بەزى سۆزمەنلەرنى جىمىغۇر، جىمىغۇرلارنى سۆزمەن قىلىۋەتكەنىدى. گەپنى ئاز، ئىشنى كۆپ قىلىدىغان ئەخمەتجان يېقىندىن بېرى بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكلەر ئۇستىدىن قايناپ يۈرگەن بولۇپ قالغانىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەخمەتجان قولغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ھاقارەتلىگەن، قىزىل ئىسيانچىلارغا قارشى چىققان» دېگەن جىنايەت ئارتىلغانىدى...

ئايتۇرا گەپنىڭ ئاخىرىدا يېزىلاردا تارقاقلاشتۇرۇلغان

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، گۈلسۈم، تۇراپ ئاخۇنلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن گۈلنىسانى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بالىلارنى ئاچىققانلىقىنى ئېيتتى.

دوستىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى دائىم شەھەرگە قايتىپ كېلىشنى ئويلايدىغان گۈلنىسانى ئىككىلەندۇرۇپ، ئەندىشىسىنى كۈچەيتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى كېچىچە تۈگىمىدى.

## 4

ــ ئامىن! ــ دېدى قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بولغان قېرى شەيخ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ. جىنەستىخان دۇئادىن كېيىن بىر تەخسە قۇيماقنى شەيخنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار تۇنۇگۈن ئايتۇرالار كېلىپ قالغاچقا ھەزرىتى موللامنى زىيارەت قىلىشقا بۈگۈن چىقىشقانىدى.

ئىگەمبەردى ئاخۇننىڭ كەينىدىن پۇرقەتنى يېتىلەپ ماڭغان گۈلنىسا ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى جاي ئالغان تۆپىلىكنىڭ مەنزىرىلىك، ھاۋالىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى. تۆپىلىكتىن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن تۆۋەنگە چۈشكۈچە، سۇپسۇزۇك بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقلارنى ياقىلاپ مېڭىش كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. گۈلنىسا بالىلارنى يېتىلەپ «ھاي ـ ھاي تېرەك» يېنىغا كەلدى، ئايتۇرا ئۆيدىن ئېلىۋالغان پالاسنى تېرەك تۈۋىگە سالدى. بۇ ھەيۋەتلىك تېرەكنىڭ چەمبىرەك سېلىپ ياتقان يىلاندەك يۆگىشىپ كەتكەن يىلتىزلىرى چەشمە زىلال، دەپ ئاتىلىدىغان سۇپسۇزۇك بۇلاق ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تېرەكنىڭ ئېگىز ئۆسكەن ئۈچ غول شېخى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قوۋزىقىمۇ تامامەن سويۇلۇپ بولغاچقا، ئاقلاپ قويغان خادىدەك كۆرۈنەتتى. بۇلاقتىكى يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان يېڭى شاخلار كۆز شامىلىدا شىلدىرلايتتى. گۈلنىسا بىر تال ئاق

يىپنى تىرەكنىڭ ئاچىمىقىغا ئىلىپ قويدى. جىنەستىخان بىر تال قىزىل لاتىنى، ئايتۇرامۇ بىر پارچە ئاق لاتىنى تىرەكنىڭ شاخلىرىغا ئىلىپ قويۇشتى. شاخلارغا باغلىنىپ كەتكەن ئاق، قارا، قىزىل، كۆك، يېشىل، سېرىق يىپلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

گۈلنىسا بۇلاققا قاراپ ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆردى. قارا چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ تۇرغان بۇ قاراقاش چوكان ھەسرەتكە چۆككەندى. تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ دۆڭدىن يۈگۈرۈپ چۈشكەن پۇرقەت كەينىدىن كەلگىنىچە ئانىسىنى بۇلاققا ئىتتىرىۋەتتى.

— ۋاي! — گۈلنىسا «ھاي ـ ھاي تېرەك»نىڭ شېخىغا ئېسىلىۋالمىغان بولسا، چەشمە زىلالغا چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى، چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

— نېمانداق قىلىسەن، بالام؟ يىقىلىپ چۈشسەم قانداق قىلاتتىڭ؟

— سەكرەپ چۈشۈپ ئاچىقاتتىم، ئانا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلنىسا ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئوغلىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئولتۇرۇشۇپلا.

گۈلنىسا سالام ئىگىسىنى تونۇپ، ئېگىلىپ سالام بەردى.

— كەلسىلە، تۇردىكا.

پالاس ئۈستىدە بۇلاققا قاراپ ئولتۇرغان ئىگەمبەردى ئاخۇن، جىنەستىخان، ئايتۇرالارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشتى.

ھەممە كىشى «تۇردىكا» دەپ ئاتايدىغان ئوتتۇرا بوي، تەمبەل بۇ ئادەم مالىمانچىلىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئوپال كوممۇناسىنىڭ شۇجىسى ئىدى. كېيىن «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ قالپاق كىيىلىپ، توغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتى ئويچولپانغا چۈشۈرۈلگەندى.

گۈلنىسا تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن كۆرە، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق چوقۇر ئادەمگە قىزىقىپ قالدى. ئۇ ئادەم بېشىغا كۇلا، ئۇچىسىغا كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن كالتە پاختىلىق چېبەرقۇت كەمزۇل كىيىۋالغانىدى. پۇتى يالاڭ ئاياغ بولۇپ، يېنىغا بىر سىقىم ئاچقۇچ، ناسىۋال قاپىقى، غاڭزىنىڭ سېپى چىقىپ تۇرغان موخوركا خالتىسى، مىسۋاك، قەلەمتىراش، قىزىل غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋالغانىدى. پۇرقەت بۇ ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، بىرىپلا قىزىرىپ تۇرغان ئامۇتچىلىك ناس قاپىقىغا ئېسىلدى. ئۇ ئادەم بىر قولى بىلەن پۇرقەتنىڭ غولىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى - دە، بىر سىلكىپلا بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. گۈلنىسا قورقۇپ كېتىپ «ۋاي !» دەپ تووۋلاپ تاشلىدى.

— يەنە ئېسىلامسەن؟ گەپ قىلە؟ بولمىسا بۇلاققا تاشلىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ ئادەم پىلتىڭلاپ تۇرغان پۇرقەتكە قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ.

— قاپاقنى بەرسەڭ ئېسىلمايمەن، — دېدى پۇرقەت ئۇياق - بۇياققا بويۇنداپ.

— بەرمىسەمچۇ؟

— قاپىقىڭنى ئېلىپ قاچىمەن.

ئۇ ئادەم قاقاھلاپ كۈلدى.

— سەن باتۇر، مەردانە ئادەم بولغۇدەكسەن، قورقماستىن ئېلىپ قاچىمەن دەۋاتقىنىڭنى قارا، — ئۇ شۇنداق دەپ پۇرقەتنى يەرگە دەسسىتىپ قويدى، ئاندىن بۇلاققا كۆز سېلىپ ئولتۇرغان تۇردى ئاخۇن ئاكىغا قاراپ، — سېكرېتار، بۇ زامانىڭ بالىلىرى ئېلىشىلا كۆزلەپ ئۆسۈۋاتىدۇ - ھە، قىزىق، — دېدى.

— كىچىك باللار بوي تارتىپ، سىلى، بىزدەك بولىدۇ ئەمەسمۇ، نۇراخۇن. بۇ تەربىيەگە باغلىق. مانا سىلىمۇ

كەينىڭلىگە يېنىپ كىچىك بالا بولۇۋالدىڭلا ئەمەسمۇ، بولمىسا ھەممە كىشى تونۇيدىغان قاۋۇل دېھقان ئىدىڭلا، — كۆلدى تۇردى ئاخۇن ئاق كىرگەن قىسقا ساقىلىنى سىلاپ.

— مېنى زامان تەربىيەلىدى، سېكرېتار، ئامەت كەتكەن چاغدا بالا بولۇۋېلىشنىڭ ئۆزى دانالىق.

سېكرېتارنىڭ قاقاھلاپ كۆلگىنىگە قاراپ، قىزىق بىر گەپ بولغانلىقىنى بىلگەن ئىگەمبەردى ئاخۇنمۇ كۆلدى.

نۇرئاخۇننىڭ گەپدانلىق قىلىپ يۇرت كېزىپ يۇرگىنى يۇرگەندى. ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى، بىرلا تۇردى ئاخۇن شۇجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن بىر ئالمىنى ئېلىپ پۇرقەتكە بەردى، پۇرقەت خۇشال بولۇپ غەلىتە مىجەزلىك بۇ ئادەمگە ھاپاش بولۇۋالدى.

جىنەستىخان يۆگەكلىك بىر لىگەن قۇيماقنى ئېچىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئالسىلا، سېكرېتار، خېلى بولدى ئۆيىمىزگىمۇ كىرمىدىلە. ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈپ، غەم ـ غۇسسىدىن ئازاد قىلىپ قوياتتىلە، — دېدى ئۇ.

— يېتىشەلمىدىم، جىنەستىخان، پۇقرالىقىمۇ بىر دۆلەت ئىكەن، خالىغان ئىشنى پۇقرالىقتىلا قىلغىلى بولىدىكەن. تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن كۆزۈم باشقىدىن ئېچىلدى، ئىلگىرى كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى ئەمدى كۆرۈپ ـ بىلىپ يەتتىم. كىشىلەر سېكرېتار، سېكرېتار دېسە يەرگە قارايدىغان بولدۇم، خەلق كۆتكەندەك خىزمەت قىلالمىغانىكەنمەن، جىنەستىخان.

— سىلىنىڭ تۆۋەنگە چۈشكەنلىرى ئوبدان بولدى، ئەمدىلىكتە يۇقىرى چىقسىلا خەلقنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بولىدىلا، سېكرېتار. بۇ قېتىم قەشقەرگە بېرىپ خېلى تۇرۇپ قالدىلا، ئىنقىلاب بېسىقاي دەۋېتىپتۇمۇ؟

— ھازىر شەھەر - يېزىدا سىلىڭ بولۇۋېلىپ كۆرەڭلەپ يۈرگەنلەرنىڭ، مېنى كىم سورايتتى، دەپ ئەسكىلىك، ئۆكتەملىك قىلغانلارنىڭ باشلىرىغا پىت چۈشكەندەك قىلىدۇ. زورلۇق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولغان، ئوت قويغان، ئۇرۇپ - چېقىپ زىيان سالغانلارنى قاتتىق جازالاش توغرۇلۇق يوليورۇق بار ئىكەن. قەشقەردە قان قەرزى بار، خەلققە، دۆلەتكە ئېغىر زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن سىلىڭلاردىن توختىغا، يەنە رىشات ئىسىملىك بىر ياش تەلۋىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدى. ھەرھالدا كۆپچىلىك ئۆتكەن يىللاردىكىدىن بىرقەدەر ئارام تېپىپ قالدى. ۋەزىيەت ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ. يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇلغانلار ھەدەپ شەھەرگە قايتىپ كەلگىلى تۇردى. ھەر ئادەمگە ئۆز ماكانى ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

گۈلنىساغا بۇ گەپلەر چوڭقۇر تەسىر قىلدى. قېيىنئانا، قېيىنئاتا، ئېرى، دادىسى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلدى.

— تۇردى ئاكا، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدى دېگەن ياش سىلىڭنىڭ ئىسمى راستىلا رىشاتمىكەن؟

— شۇنداق، قىزىم، ئىسمى رىشات. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كۈنى ئىسمىنى ئېنىق ئاڭلىدىم، ئۆزىنىمۇ كۆردۈم. قارامتۇل، دوغىلاق يىگىت ئىكەن. ئۇ ئېتىلغاندىن كېيىن بىر كوسا ئادەم «بالام !» دەپ يىغلاپ ھارۋىغا سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.

«كوسا ئادەم، — پىچىرلىدى گۈلنىسا، — تۇراپ دادام بولسا كېرەك...» چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىغان گۈلسۈم كۆز ئوڭىدا پەيدا بولۇپ يۈرىكى قىسىلدى. يەنە سوراشقا جۈرئەت قىلالماي سۈزۈك بۇلاققا تىكىلدى. لىغىلداپ تۇرغان تېپتىنىچ سۇدىن بۇلاق ئاستىدىكى تاشلارمۇ كۆرۈنەتتى.

— بۇ رىشات دېگەننى بۇرۇن كۆرمىگەن بولسامۇ،

ئىسمىنى كىشىلەردىن كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ قارشىلىق قىلدىڭ دەپ بىر پېشقەدەم كادىرنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىكەن. يەنە ئۇن نەچچە قېتىم قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىپ يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بوپتۇ. خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن ئادەمنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولىدۇ، بالام.

— ھا - ھا - ھا! ...

نۇرئاخۇن شۇنداق قاقاھلاپ كۈلدىكى، بېشىدىكى كۈلا سىلكىنىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

قاتتىق كۈلكە ئاۋازىدىن تۆپىلىكنىڭ يان باغرىدا سەكرىشىپ يۈرگەن بىر جۈپ كەكلىكمۇ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى. تېرەككە قونۇپ ۋىچىرلاپ سايرىشىۋاتقان قۇشقاچلارمۇ پۇررىدە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە شاخلارغا قوندى. نۇرئاخۇن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە كۈلاسىنى كىيىپ تۆپىلىكتىن يۇگۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى ئۇنى كۈلكىدىن توختاتماق تەس، — دېدى تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى، — كۈلىۋەرسۇن، ھەممە ئادەم يىغلاۋاتقاندا ئۇ بولسىمۇ كۈلۈپ يۈخادىن چىقسۇن.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورنىدىن تۇردى.

— مەن ئۆيگە باراي، جىنەستىخان، ھەربىرلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يايراپ قالدى. گۈلنىسا، ئايتۇراخانلارنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ بېرىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، سېكرېتار. سىلىمۇ غېرىب كۆرمەي ئۆيىمىزگە كېلىپ تۇرسىلا، — دېدى جىنەستىخان ئېرى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ.

گۈلنىسا تۇردى ئاخۇننىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

— سېكرېتار شەھەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئىچىلىرىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويدى - ھە، بالام، — دېدى جىنەستىخان.

گۈلنىسا ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ «قەشقەرگە بېرىشنىڭ گېپىنى ھازىر قىلمىسام بوپتىكەن، جىنەستىخان ئاچامنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. جىنەستىخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك:

— سىلىگە بەك ئىچەركىشىپ كېتىپتىكەنمەن، زادى ئايرىلغۇم يوق، بۇ قېتىم كەتسىلە كەلمەيدىغاندەكلا سېزىلىۋاتىدۇ. قىزىم ئايتۇرامۇ ئۇزاقتا كەلدى، يەنە بىر ھەپتە تۇرۇشسىلا، ئاندىن يولغا سېلىپ قوياي.

تارقاقلاشتۇرۇلغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆيىدىن، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغانىدى. يەنە بەزىلەر بولسا ھەممە نەرسىسىنى تاشلاپ تاغ ئارقىسىغا — ئۇرۇمچى، ئىلى تەرەپلەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكەنىدى. ھالبۇكى گۈلنىسا بۇ بىر گاس - گاچا ئائىلىسىدە ئەنە شۇنداق ئاسرىلىپ قالغانىدى.



## سەككىزىنچى باب

# قىزىلگۈل نۇسخىلىق گىلەم

### 1

توي ئەتىسى كۈلۈپ قويۇپ قوپقان كېلىن ئاغزىدەك ئېچىلغان بىر جۈپ غۇنچە، ئۇلۇق ۋە سول يانغا ئېگىلگەن شاختا تېخى ئېچىلمىغان بىر جۈپ غۇنچە... ئۇنىڭغا بىر يېشىل ياپراق سايىۋەن بولغان... گۈل شېخىغا قونالمىغان بۇلبۇل... ئېچىلغان گۈل بەرگىگە قونغان كىمخاب تونلۇق كېپىنەك...

— ئاينۇر، قاراپ باقسىلا، بۇ نۇسخا ياخشى چىقىپتۇمۇ؟ — سورىدى گۈلنىسا يېنىدىكى دەستىگاھ ئالدىدا ئۆزى توقۇۋاتقان گىلەمگە سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرغان ئىلىلىق چىراي چوكاندىن.

ئاينۇر زۇمرەتتەك كۆكۈچ كۆزلىرىنى گۈلنىسا توقۇپ بولغان گىلەمگە تىكتى.

— خويمۇ چىرايلىق چىقىپتۇ، ھەممىدىن ئاۋۇ قىزىل گۈلى... ئۇزۇۋېلىپ بىر مەردانە يىگىتكە بەرگۈدەك تەبىئىي چىقىپتۇ، — دېدى ئاينۇر ھەۋەس بىلەن كۆز يۇگۇرتۇپ.

— ئاداش، ئەس - يادىم مۇشۇ گىلەمدە بولغاچقا، چۈشۈمدىمۇ گىلەم توقۇپ چۈشەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم، مانا توقۇپمۇ بولدۇم. تاشقى سودا ئىدارىسىدىكىلەر نېمە دەركىن؟ قانچىنچى دەرىجىگە ئېرىشەر، دېگەن سوئاللار كۆڭلۈمنى

بىئارام قىلىپ، قەيەردە ئېۋەن باركىن، دەپ قاراپ ئولتۇرىمەن.

— شۇنداق نەپىس توقۇلۇپتۇغۇ. يىپلىرى شۇنداق زىچ، ئارقاقلىرىمۇ شۇنداق ياخشى ئىلىنىپتۇ. ھەم زىچ، ھەم مويى قىسقا، چىرايلىق چىقىپتۇ، رەڭگىمۇ شۇنداق ئوچۇق.

ماھىر ئۇستىلاردىن بولۇپ قالغان گۈلنىسا تويدىن كېيىنمۇ گىلەمچىلىك كارخانىسىدا داۋاملىق ئىشلەشنى ئارزۇ قىلغانىدى. قېيىنئانىسى ياكى سادىر بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغاچقا، ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىشتىن تارتىنىپ ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزىۋەتتى. كېيىن ھېچ كۈتۈلمىگەن ئېغىر كۈنلەر بېشىغا كەلدى، بوۋاق چېغىدىلا ئانىسىدىن جۇدا بولغان گۈلنىساغا يېڭىياچە ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۆلۈمدىن ئېغىر تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بەرداشلىق بەردى. خورلۇق، ئەلەم ئۇنى چىدامىلىق قىلىپ قويغانىدى. ئوپالدا ئۈچ يىل تۇرۇش جەريانىدا كۆزى تېخىمۇ ئېچىلىپ، سەۋرلىك بولۇپ قالغانىدى. ئايتۇرالار بىلەن قەشقەرگە يېنىپ كېلىپ ئايتۇرانىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. دەل مۇشۇ چاغدا گۇناھسىز قولغا ئېلىنىپ كەتكەن ئەخمەتجان تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئايتۇرا، باللىرىنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي قالدى. گۈلنىسامۇ قېيىنئانا ۋە ئېرىنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىغا ئۈمىد باغلاپ، گىلەمچىلىك كارخانىسىغا كېلىپ ئىشقا چۈشتى.

ئۇ يېزىدىن ئاللىبۇرۇنلا يېنىپ كىرگەن سالاھىدىنىنىڭ ئۆيىگە ئىككى كۈندە بىر قېتىم باراتتى، رەناخان ئۇنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ ئوبدان كۈتۈۋالاتتى. ئارىلاپ ھاممىسى گۈلسۈملەرنىڭكىگە بېرىپ تۇراتتى. «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دەپ، ئېتىلىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا گۈلسۈمنىڭ چاچلىرى ئاقارغان، تۇراپ جۇدەپ كىچىككىنە بولۇپ قالغانىدى. مالىمانچىلىق تىنچلىنىپ تۇرمۇش ئىزىغا چۈشكەندەك كۆرۈنسىمۇ، كىشىلەر تېخى خاتىرجەم

بولالمىغانىدى. ھال ئېيتسا سۆزىنى ئاڭلايدىغان، ئەرز قىلسا سورايدىغان كىشى چىقمايتتى. گۇلنىسا قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىنى ئىگىلىۋالغان ساۋۇتتۇمغا گەپ قىلىشنى ھازىرچە مۇۋاپىق كۆرمەي، ئايتۇراننىڭ ئۆيىدە تۇرىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا رەناخان ئىككى قېتىم كەينى ـ كەينىدىن قوشكېزەك تۇغدى. سالاھىدىن بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بەش بالىغا ئاتا بولۇپ قالدى. پۇرقەتمۇ مەكتەپ يېشىغا توشۇپ، گۇلنىسادىن ئاتىسىنى تولا سوراپ، ئۇنىڭ غېمىنى ئاشۇرۇۋەتتى...

※ ※ ※

ساۋۇتتۇمنىڭ ئەندىشىسى كۈچلۈك ئىدى، دائىم يۈرىكى «پوك ـ پوك» يۈرەتتى. ئۇ 1970 ـ يىللاردا ئىسيانچىلارنىڭ تەلپىكى يەرگە چۈشۈپ، ئاتىدىغان چالمىسىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى غىت قىسىۋالغانىدى. ھەممە قىلمىشىنى بىلىدىغان توختى، ئۇنى ئاتا تۇتقان رىشات «سىلىك»لار ئېتىلغاندىن كېيىن، جان ساقلاش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ۋىلايەت، شەھەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە كەلتۈرۈلمىگەن تەسىرى بار باشلىقلىرىنىڭ ئىشخانا، ئۆيلىرىگە پات ـ پات بېرىپ ئەھۋال سوراپ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشتۇردى. يارباغ ئىنقىلابىي ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن ۋاز كېچىپ، سودا ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈگۈرىدىن ـ تۆۋەنگىچە پايپېتەك بولۇپ خىزمەت ئىشلىدى. بۇرۇنقىدەك گىدىيىۋالماي، مەيلى كادىر، مەيلى ئامما بولسۇن سالاملىشاتتى، كېتىۋاتقان بولسا توختاپ سۆزىنى ئاڭلايتتى،

ئەھۋاللىشاتتى. باغاق كەلگەنلا يەرگە باراتتى. تۆۋەنگە چۈشۈپ ماگىزىن، كارخانىلارنى ئارىلايتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ «كىيىرى يوق، كەمتەر، ئاددىمىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ» دېگەن باھاغىمۇ ئېرىشتۇالدى.

ئۇ بۈگۈن «خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش» مۇددىئاسى بىلەن گىلەمچىلىك كارخانىسىغا كەلدى. كارخانا باشلىقى سېيىت مۇھەممەت ئۇنىڭغا يېڭى توقۇلغان گىلەملەرنى كۆرسەتتى:

— جۇرىن، ھازىر گىلەمچىلىك كارخانىلىرى ئىچىدە بىلەرنىڭ كارخانىدا توقۇلغان گىلەملەرنىڭ سۈپىتى ياخشى ئىكەن. دائىملىق خېرىدارىڭلار بولغان تاشقى سودا بۆلۈمىدىكىلەر تەرىپىڭلارنى قىلىپ بەردى. سىلەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزىڭلارنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ئۈچۈن، كارخانائڭلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي دەپ كەلدىم. سىلى مۇشۇ 74 ـ يىلنىڭ بىرىنچى پەسلىدە تاشقى سودىغا ئۆتكۈزگەن گىلەملەر بىلەن ئاھالىلەرگە ساتقان گىلەملەرنىڭ تىزىملىكىنى، كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى، كارخانىدىكى ئۇستا، شاگىرت، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ قانداق ئۆلچەم بىلەن بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئومۇمەن ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى قانداق ئالغا سۈرۈۋاتقىنىڭلارنى يېزىپ چىقىپ، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلا، ئىلغار تەجرىبەڭلارنى تونۇشتۇرۇشتا ئەمەلىي ماتېرىيال قىلىمىز.

— ئوبدان، سا جۇرىن، ئوبدان، ئەتىلا يېزىشقا كىرىشىمىز. قېنى ئىشخانىغا چىقايلى، بۇ يەردە قۇيقا پۇراپ تۇرغاندىن كۆرە، ئىشخانىغا چىقايلى، — دېدى سېيىت مۇھەممەت ھىجىيىپ.

— بۇ يەردىغۇ كۆرىدىغاننى كۆرۈپ بولدۇق. ئىشخانامدا

بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ، گىلەم توقۇۋاتقان ئىشچىلار بىلەن ئەھۋاللاشقۇم بار.

ئۇ كارخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. سېپىت مۇھەممەت يان ئۆيدىن بىر قوغۇننى ئاچىقىپ تىلدى.

— كەچ كۈزدە پەيزاۋاتتىن بىر ماشىنا قوغۇن ئالدۇرۇپ كەلگەنىدىم، سىلىدەك مۆھتەرەم مېھمانلارغا ئاتاپ...

ئۇ ساۋۇتىۇمنىڭ تاپانچا ئېتىپ يۇرگەن چاغلىرىدىكى سۈرلۈك قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قۇلىقىغا:

— سىلىنىزە قالتىس دەۋر سۈرۈۋاتقان جۇمۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

بۇنى ئاڭلاپ ساۋۇتۇمنىڭ چىرايى ئۆزگەردى.

— سىلىنىڭ بولۇش ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، جۇرىن بولۇشمۇ يەنىلا شۇ ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى. پارتىيە قانداق چاقىرىق قىلسا شۇنداق قىلماي ئىلاج يوق. تاپانچىنى ئاللىقاچان تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەردىم. ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭلا. مەن ماختىنىشنى خوپ كۆرمەيمەن. بۇرادەر.

— مانا، قەشقەردە كەمتەرلىك بىلەن ئالغا باسقان كىشى ئۆزلىرى، بىرنەرسە لازىم بولسىمۇ ئاسانلىقچە ئېغىزلىرىدىن چىقارمايلا.

— كۆپچىلىك كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئاغزىمغا ئالمايمەن.

— ئۆزلىرىگە ئوبدان توقۇلغان گىلەملەر لازىم بولسىمۇ بۇ ۋاقىتقىچە ئېغىزلىرىدىن چىقارماي كەلدىلە. بىرنەچچە پارچە ئېلىپ ئۆيلىرىگە سېلىپ قويسىلا ئارتۇق كەتمەيدۇ، سا جۇرىن.

— ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى سىلىدەك چۈشىنىدىغانلا ئاز،

راستىنى ئېيتسام، ئاددىيراق گىلەمدىن بىرسى لازىم ئىدى، — دېدى ساۋۇتوم پىچاق بىلەن قوغۇننى ئېلىپ يەپ. ئۇ كارخانا باشلىقىنىڭ ساقال بېسىپ كەتكەن چېھرىدە مۇغەمبەرلىك كۆلكىسى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ دېدى، — مەن ساددا ئادەم، سېيىت جۇرىن، ھەممە ئىشنى ئۇتتۇرىغا قىلىپ كۆنگەنمەن. شۇڭا، مۇشۇ كەمگىچە ئۆيگىمۇ تۇزۇك سەرەمجان ئالالمىدىم. قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانلار، مېھنەتكەشلەرنىڭ قان ـ تەرىدىن كەلگەن بايلىقنى تالان ـ تاراج قىلىۋاتقانلار خېلى بار، مەن بۇنداقلاردىن نەپرەتلىنىمەن. ئاشكارا، ئوچۇق ـ يورۇق بولغان ياخشى. سىلى گىلەمنى ئېسىمگە سالمىسىلا، مەن ھازىر ئېغىز ئاچمىغان بولاتتىم. تاشقى سودا بۆلۈمى سۇپىتى ناچار دەپ ئالمىغان گىلەملەردىن بىرەر ـ ئىككىنى نەق پۇل بېرىپ سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟

— ئۆزلىرى ئالىمەن دېسىلە، تاشقى سودىغا يارايدىغان ياخشى گىلەمدىن ئىككى ـ ئۈچنى بېرەلمىسەم، بۇ يەردە ئىشلىگىنىمدىن ئىشلىمىگىنىم تۇزۇك.

— پۇلۇم كۆپ ئەمەس، ئىلاج بار ئەرزانراقىدىن...

— بولىدۇ، سا جۇرىن، نەرخى ئەرزان گىلەمدىن بىرنى ئۆيلىرىگە ئەۋەتىپ بېرەي، يارىسا مەن بولغاندىن كېيىن ھاجەتنى راۋا قىلىۋالىمىز.

ساۋۇتوم مىننەتدارلىق بىلەن كۈلدى.

— سا جۇرىن، ئۇستىلىرىمىزنىڭ گىلەمنى قانداق توقۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاملا؟

— مەن شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن.

ئۇلار چوڭ باراقسان ئۇجمە دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان ھويلىغا چىقىپ، ئاتمىشقا يېقىن ئۇستا، شاگىرت دەستىگاھ يېنىدا گىلەم توقۇۋاتقان چوڭ ئۆيگە كىردى.

ساۋۇتوم پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سالغىنىچە گىلەم

توقۇۋاتقان قىز ـ چوكانلارغا نەزەر تاشلاپ كېتىۋېتىپ، توقۇپ بولغان گىلەمگە ئويچان قاراپ ئولتۇرغان گۈلنىسانى كۆرۈپ قالدى. گۈلنىسانى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قېلىش ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمىگەنىدى، ئۆزىنىڭ كۆرستىشى بىلەن يېزىغا چىقىرىۋېتىلگەن گۈلنىسانى تېخى قايتىپ كەلمىدى دەپ بىلەتتى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن چىرايى تاتارغان ساۋۇتوم زورىغا خىرىلداپ كۈلدى.

— ھە، گۈلنىسا قىز، — دېدى ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ، — سىلىنى بۇ كارخانىدا ئىكەنلا ـ ھە! ئۇپالدىن يېنىپ كېلىۋاتقانلىرىنى ئۇقماپتۇق.

گۈلنىسا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي توقۇپ بولغان گىلەمنىڭ چۇچىلىرىنى تەكشىلەشكە كىرىشتى.

ساۋۇتومنىڭ قېپشى سەل كۆتۈرۈلۈپ، قاپىقىنىڭ ئاستىدىكى بولجۇڭ گۆشلەر لىپىلداپ كەتتى.

— گۈلنىسا قىز، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە سىلىنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا بىرقانچە قېتىم تەكلىپ بەرگەنىدىم، كۆتكەنگە يارىشا كېلىۋالغانلىرى ئوبدان بوپتۇ، مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

گۈلنىسا توقۇپ بولغان گىلەمدىن كۆزىنى ئالماي، زۇۋانمۇ سۈرمەي ئولتۇرىۋەردى.

— بۇ قىز، — دېدى ساۋۇتوم سېپىت مۇھەممەتكە، — ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى تۇ چۇجاڭنىڭ قىزى، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ قويسىلا.

— ئېتىبار بەرمەمدىغان، ئېتىبار بېرىمىز، سا جۇرىن. ئۆزىمۇ كارخانىمىزدىكى ئۇستىلارنىڭ ئالدى. قارىسىلا ماۋۇ توقۇغان گىلىمىنىڭ ئېسىللىقىنى، نۇسخىسىنى ئۆزى لايىھەلىگەن.

ساۋۇتۇم گىلەمگە كۆز سالدى. ئېچىلىپ تۇرغان قىزىلگۈل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بۇ گىلەم ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى.

— ئۆزى توقۇدىمۇ؟ نېمىدېگەن نەپىس، گۈلنى ئەجەب قاملاشتۇرۇپتۇ، رەسساممۇ بۇنداق سىزالمايدۇ، — دېدى ساۋۇتۇم قولى بىلەن سىلاپ.

— تىكىنى كىرىپ كەتمىسۇن، سىلىڭ، — دېدى گۈلنىسا كۆك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان ئاينۇرغا كۆز قىسىپ قويۇپ، — باشقىلار توقۇغان گىلەمگىمۇ نەزەر سېلىپ قويسىلا.

گۈلنىسا ساۋۇتۇمنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىغا چىدالماي، ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز سېپىپ گەپتە چېقىۋالدى.

— سىلىڭنىڭ كۆزى گۈلنى كۆرىدۇ، گۈلچىنى كۆرمەيدۇ، — دېدى ئاينۇر.

دەستىگاھ ئالدىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— سا جۇرىن دەپ ئاتاڭلا، سىلىڭلىقتىن كۆتۈرۈلۈپ ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىگە جۇرىن بولدى ئەمەسمۇ. ساجۇرىن ھەممىگە ئوخشاش قارايدۇ، ناھايىتى كەمتەر، بۈگۈن ئالايىتەن ھەربىرىڭلاردىن ھال سورىغىلى كەپتۇ.

سېپىت مۇھەممەتنىڭ بۇ سۆزى ساۋۇتۇمغا ياقتى.

— سىلەردىن ھال سوراپ كەلدىم، ياخشى ئىشلەۋېتىپسىلەر، — دېدى ساۋۇتۇم تاتارغان چىرايىغا قان يۈگۈرتۈپ، — بولۇپمۇ گىلەم پەۋقۇلئاددە ياخشى توقۇلۇپتۇ. ھەممىڭلار بۇنى ئۈلگە قىلىپ، گىلەمنى ئېۋەنسىز، رەڭدار توقۇشقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار.

گۈلنىسا ئېغىز ئاچمىدى، ئەگەر ئېغىز ئاچىدىغان بولسا، ئۆزىنى تۇتالماي: «سەن بىر قارا نىيەت، جۇرىن مەن دەپ بۇنچە كۆرەڭلىمە. سېنىڭ ئەسكىلىكلىرىڭ رىشاتىنىڭكىدىن

قىلىشمايدۇ. ھازىر ئۇستۇڭغا قوي تېرىسىنى يېپىنىۋاپسەن» دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا يەرگە قاراتقان بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ گەپ قىلماسلىقنى توغرا كۆردى. ساۋۇتۇم بولسا ئوچۇق چىراي ئاچماي ئولتۇرغان گۇلنىسانىڭ سۆز ياندۇرۇپ ئابرۇيىنى تۆكۈۋېتىشىدىن ئېھتىيات قىلدىمۇ، سائىتىگە قارىۋېتىپ:

— سېيىت جۇرىن، كارخانىلارنىڭ ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەمدى قايتاي، ئىشىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — دېدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ كىرگەن سېيىت مۇھەممەت:

— گۇلنىسا، بۇ گىلەمنى ئىشخانىغا قويۇپ تۇرايلى، سىلىمۇ شاگىرتلىرى بىلەن ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ ئۆگۈنلۈككە ئىشقا كەلسىلە. بۇ گىلەمنى تاشقى سودا بۆلۈمىگە ئۆزۈم ئۆتكۈزۈپ بېرەي، — دېدى.

— بىللە بارمامدىمەن؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى گۇلنىسا جۇرىنىڭ ئۆزىگە بۇنچە شەپقەت قىلىشىدىن گۇمانلىنىپ.

— بىللە بارمىسىلىمۇ بولىدۇ.

مەيۇسلەنگەن گۇلنىسا دەستىگاھتىن گىلەمنى ئېلىپ قاتلىشىپ بەردى. ئۇنى سېيىت مۇھەممەت ئۆزىلا كۆتۈرۈپ ماڭدى. گۇلنىسا ئىچىدىن بىر نەرسىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك غەمكىن هالدا ئۆيگە قايتتى.

## 2

باھار ئاخشىمىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ساۋۇتۇمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنىڭ پېدالىنى كۈچەپ بېسىپ، چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتى، ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە چىپتا بىلەن چىڭ ئورالغان چوڭ بىر بوپا تېڭىلغانىدى. بۇ باشقا نەرسە

بولماستىن سىيىتت مۇھەممەت بەرگەن «نەرخى ئەرزان» گىلەم ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بىرى باش قاتۇرۇپ، بىر قارارغا كەلگەن ساۋۇتتۇم بۈگۈن كۈن قىيام بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتقاننى يۆگەپ ــ يۆگەپ جايىغىلا يىغدى. پېشايۋاندا زوڭ ئولتۇرۇپ يۈز ــ كۆزىنى يۇدى، چاڭ ــ توزان، ئەخلەت بېسىپ كەتكەن هويلىغا سەپسېلىپ بېشىنى چايقاپ قويدى. «ئوسمان باراتوف يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدا، خەيرىنىسا، سادىرلار تۈرمىدە، گۈلنىسا بولغان بىلەن يۈرىكى مىجىلىپ كەتكەن. بۇ هويلا ــ جاينى هېچكىم مەندىن تارتىۋالالمايدۇ، چۈنكى مەن پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر، قىلمىشلىرىم پاش بولۇپ قالمىسىلا، كۆتۈرۈلگىنىم كۆتۈرۈلگەن» دەپ ئويلاپ چاي ئىچىشكە تۇتۇندى، لېكىن يۈرىكى پوكۇلداپ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى...

ئۇ كىشىلەر شالاڭلاپ قالغان چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتى. «مەرەز باسقان هويلىدىن سەل بۇرۇنراق قوزغالسام بوپتىكەن، كەچ كىرىپ كېتىپتۇ. ئەجەب ئېغىر گىلەم ئىكەنا بۇ، ئەستا...» يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ساۋۇتتۇم پۇت ــ قولىدىن ماغدۇرىنىڭ كېتىۋاتقىنىنى شۇ تاپتا هېس قىلدى.

كۆكىرىپ باراقسان بولغان ئاكاتسىيە دەرەخلىرى ئىرغاڭشىپ شىلدىرلايتتى. سېمونت تۇۋرۇكلەرگە ئورنىتىلغان چىراغلار يولنى غۇۋا يورۇتقانىدى.

«تەن شۇجى قۇۋ ئادەم ئىكەن، يەنە ھەممەيلەننى ئاغزىغا قارىتىۋالدى. ئىشخانىسىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، ھەممە ئىدارە ــ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر ئىزىغا چۈشۈردى. بولۇپمۇ بۇ يىل: خىزمىتىمىزدىكى پۇتلىكاشاڭنى تۈگىتىپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى! دەپ جار سېلىپ، پۇت ــ قولىمىزدا جان قويمىدى. تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ماڭا ئوخشاشلارنى تارتىپ چىقىرىپ، بىر باشتىن تۇتقىلى

تۇردى. بۇرۇن قەشقەردە پارا يېمەيدىغان، ئالدانمايدىغان، ئىرادىسىدىن يانمايدىغان بىرلا ئوسمان باراتوق بار ئىدى. قولىمىزدىن قۇتۇلۇشقا ئەمىلى كىچىكلىك قىلدى، ھوقۇقى يەتمىدى. بىز ئۇنى خارلاپ ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتتۇق. تەن شۇجىنى جايلىۋېتىشىمىزگە كۆچىمىز ئاجىزلىق قىلدى. ئەمدى پەخەس بولمىسام مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۈگۈن تومۇرىنى بىر تۇتۇپ كۆرەي، كانىيىدىن ئۆتكۈزەلىسەملا، ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنى شۇ. ئەگەر تومۇرى ئويلىغىنىمدەك سوقمىسا، مېنى خۇدانىڭ ئۇرغىنى. ئۇ چاغدا ئاللە شەرىڭنى، دەپ ياقا يۇرتلارغا كەتمىسەم بولمايدۇ. بىر سۆزلىشىپ باقاي، ئۇمۇ ئىنسان بالىسى. ۋۇ شۇجى، خا ۋالىي، ئا سىجاڭلار ئاپىرىپ بەرگىنىمنى ئالدىغۇ، بۇمۇ ئالىدۇ، — ئويلىدى ساۋۇتوم كېتىۋېتىپ.

ۋىلايەتلىك پارتكوم دەرۋازىسىغا يانداپ سېلىنغان ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى جايلاشقان تەرەپ جىمجىتلىق ئىدى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ ئىشىك بېشىدا چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويدى، ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ۋېلىسىپىتنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى.

— كىم؟ — بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

يۈرىكى دۇپۇلدەپ سېلىۋاتقان ساۋۇتوم:

— مەن، — دېدى ئاستا.

ئىشىك ئېچىلدى، چاچلىرى كەينىگە تۇگۈپ قويۇلغان ئوتتۇرا ياشلىق، بادام قاپاق بىر ئايال يات بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا سەل داجىدى. ئەلياتقۇ مەھەلدە كەلگەن بۇ كىمدۇ، دېگەندەك قىلىپ، ئەنسىز نەزىرىنى ساۋۇتومغا تىكتى.

— سالامەتمۇ سىز، چىڭ مۇئەللىم؟ — دېدى ئۇ ئېگىلىپ، — تونۇمىدىڭىز - ھە، ئۇنى - بۇنى ئەكېلىپ تۇراتتىمغۇ. مەن

ساۋۇتۇم بولىمەن، تەن شۇجى بىلەن سىزدىن ھال سوراپ كېلىۋىدىم.

«بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالغان چىڭ خانىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دەرھال تونۇدى:

— ساۋۇتۇممۇ سىز؟ كېلىڭ، كېلىڭ. نېمىشقا تونۇماي، ھەممەيلەن بىزنى تاشلىۋەتكەن چاغلاردىمۇ، سىز كېلىپ يوقلاپ تۇردىڭىز ئەمەسمۇ؟ كېلىڭ، كېلىڭ.

«ئېسىدە بار ئىكەنمەن، بۇنداق بولۇشىنى بىلگەندەك، بىرقانچە قېتىم كېلىپ يوقلاپ قويغىنىم ئوبدان بولغانىكەن، ئەمدى ئەسقاتىدىغان بولدى.» ساۋۇتۇم ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە تېڭىقلىق گىلەمنى ئېلىپ چىڭ خانىمنىڭ باشلىشى بىلەن ھويلىغا كىردى.

— لاۋتەن، مېھمان كەلدى !

ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيدە دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرغان تەن شۇجى چىقىپ، قولىدىكى يوغان بوپىنى گۈللۈك ئالدىدىكى ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇۋاتقان ساۋۇتۇمنى كۆردى.

— سالامەتمۇ سىز تەن شۇجى؟ سىزنى بۇ كېچىدە بىئارام قىلىدىغان بولدۇم. ئاتىمىز ـ دە، سىز، سېغىنىپ كەلدىم، — ساۋۇتۇم كۈلۈمسىرەپ ئېگىلىپ قول ئۇزارتتى.

ئۇنىڭغا قاراپ تەن شۇجىنىڭ چىرايى ئۆڭدى. «بۇ مەككار نېمىشقا كەلگەندۇ؟ تېخىچە جان ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ ـ دە، ھارامزادە» دەپ ئويلاپ ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

يوپيورۇق دەھلىزدىن ئۆتۈپ مېھمانخانىغا كىرگەن ساۋۇتۇم تەن شۇجىنىڭ قول بەرمەيلا ئۆيگە باشلىغىنىدىن خاۋاتىرلەنگەن بولسىمۇ ھېچبىسىپ دېدى:

— تەن شۇجى، ھويلىلىرىغا ئۈزۈملەر تال قويۇپ، گۈل ئۆستۈرۈپ چىرايلىق قىلىۋېتىپلا. بۇمۇ سىلىنىڭ يەرلىك خەلق بىلەن قەلبداش ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى تەن شۈجى ساۋۇتۇمنىڭ كىرىپلا خۇشامەت قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ، — بىر ئادەمنىڭ تال قويۇپ، گۇل ئۆستۈرۈشى خەلق بىلەن قەلبداش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بىز ئەزەلدىن قەلبداش، ساۋۇتۇم! تېخى بىرنەچچە يىل ئالدىدا باغۋاراڭلارنى بۇزغان، ھويلىدىكى تال - گۇللەرنى دەسسەپ چەيلىۋەتكەن بەزى كىشىلەر ھازىر تال قويۇپ، گۇل ئۆستۈرمەكتە. بۇنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىسىز؟

— شۇنداق، تەن شۈجى، شۇنداق، بەك توغرا ئېيتتىلا، — دېدى ساۋۇتۇم چىۋىن يەۋالغاندەك تاققا - تۇققا سۆزلەپ. سەپسېلىپ ئولتۇرغان تەن شۈجى چىرايلىق تارالغان چاچلىرىنى قولى بىلەن سىيپاپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— سىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن توختى سىلىڭ، رىشات سىلىڭ دەپ ئاتالغانلار بىلەن بىرلىكتە خېلى دەۋر سۈردىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ قالپاق كىيدۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغان كۈنلىرىنى ئەسلەپ.

— ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن يۈرمىگەن، تەن شۈجى، — ساۋۇتۇمنىڭ چىرايى سارغايدى، — ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئۇلار تەرجىمان ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە، مەجبۇرلاپ كەينىگە سېلىپ يۈردى. ئۆز ۋاقتىدا يامان پەيلىدىن يېنىش توغرۇلۇق ئۇ بەتبەختلەرگە كۆپ تەربىيە بەرگەنىدىم، ئاڭلىماي بېشىنى يېيىشتى.

— كۆپ تەربىيە بەردىم دېدىڭىزمۇ؟ — تەن شۈجى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

گاڭگىراپ قالغان ساۋۇتۇم تەن شۈجىغا قوشۇلۇپ خىرقىراپ كۈلدى.

ساۋۇتۇم ئۆزىنىڭ ئىلگىرى كەلگەن چاغلىرىدىكىدەك ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن چۆچۈدى، «ئىشلىرىمنى يادىدا ساقلاپتۇ. يوقلاپ كەلگىنىمدىن ئېغىز ئاچمىدى، ئەمدى بۇنىڭ

ئاغزىغا ئۇرۇپ، يان تايىقى بولۇۋېلىش تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ، قارماقنى تەۋەككۈل دەرياسىغا يەنە بىر قېتىم سالاي.»

— تەن شۇجى، مەن ئۇ چاغدا ئامالسىزلىقتىن ئۇ ئوغرىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەزى رەھبەرلەرگە دەشنەم، ئازار بەرگەنلىكىمدىن تانمايمەن. مەن ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇ تەلۋىلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، قانچىلىك بىلسەم شۇنچىلىك پاش قىلدىم. پارتىيە، خەلققە ناماقۇل بولۇپ، بەجانىدىل خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن، تەن شۇجى، تەربىيە بېرىشلىرىنى، بېشىمنى سىلاشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

تەن شۇجى كۈلدى. تاماكىنىڭ قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلاپ، خوتۇنىغا چىقىپ كەت دېگەن مەنىدە قارىدى. چىڭ خانىم ياتاق ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— ساۋۇتوم ! — دېدى ئۇ جىددىي هالدا، — خۇشامەتچىلىك پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ هۈنىرى، ئۇلار بۇ هۈنەردىن ئايرىلىپ قالسا ياشىيالمايدۇ، شۇنداقمۇ، ساۋۇتوم؟ ئەگەر يەنە ئۆتكەن يىللاردىكىدەك مالىمانچىلىق پەيدا بولۇپ قالسا، قانداق قىلىماقچىسىز؟ — تەن شۇجى غەزەپ ئۇچقۇنلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ساۋۇتومغا تىكتى.

— مەن، مەن ... — دۇدۇقلاپ قالدى ئۇ، ئاخىر ئاغزىغا كەلگەننى دېدى، — سىلەر تەرەپتە تۇرىمەن. شۇجى.

— مەن تەرەپتىمۇ؟

— هايات - ماماتىم سىز بىلەن بىللە.

— تېخى ماماتىڭىزمۇ مەن بىلەن بىللە بولىدىكەن - دە، مېنى سىز قوغدامسىز؟ ئۆز جېنىڭىز بىلەن بولۇڭ، ساۋۇتوم. جان بېقىش ئۇچۇنلا قۇيرۇق شىپاڭشىتىۋاتىسىزغۇ دەيمەن. ئېيتىڭا، ماڭا ئەرزىگۈدەك بىرنەرسە ئەكەلدىڭىزمۇ؟

بىشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ساۋۇتۇم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. تەن شۇجى سوئالىنى تەكرارلىدى. ئۇنىڭغا جان كىرگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ جاۋاب بەردى:

— ئەكەلدىم، شۇجى. قىزىلگۈل نۇسخىلىق نەپىس توقۇلغان بىر پارچە گىلەم ئەكەلدىم. لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ پەگاھقا سېلىپ قويارلا، شۇجى. يەنە بىرئاز پۇلمۇ بار.

— قانچە پۇل ئەكەلدىڭىز؟

— مىڭ يۈەن.

— گىلەم بىرلا پارچىمۇ؟

— شۇ ... شۇنداق، شۇجى. سوۋغامنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىدىن ئالدىلىرىغا قويالمايمەن. ئاتىدارچىلىق قىلغان بولسىلا، خىزمەتلىرىگە ھەرقاچان تەييارمەن.

ساۋۇتۇم ھاياجانلىنىپ كۆك شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ يەنە كىيدى، تەن شۇجىنى «قارماقتا ئىلىندى» دەپ ئويلاپ ئۈمىدلەندى.

— تەن شۇجى، يارىغۇدەك گىلەمدىن قانچىسى كېرەك بولسا، شۇنچىنى توقۇتۇپ بېرىش قولۇمدىن كېلىدۇ. بۇرۇن توقۇلغان كونا نۇسخىدىكى ئېسىل گىلەملەردىن لازىم بولسا تېپىپ بېرىمەن. قانداق ئىشلىرى بولسا بۇيرۇۋەرسىلە، شۇجى.

— ئوغرىلىق قىل، دېسەمچۇ؟

— كۇشەندىلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشنى شەرەپ بىلىمەن، شۇجى، ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ تۇرسىلا بولدى.

— چۈشەندىم، — تەن شۇجى پاپىرۇسنىڭ قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلاپ، جىددىي تۇس ئالدى، — ئەمدى مۇددىئايىڭىزنى ئوچۇق ئېيتىڭ، ياردەم قىلاي.

ساۋۇتۇمنىڭ ئاغزى بىر غېرىچ ئېچىلىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، «بېلىق ئاخىر قارماقتا ئىلىندى» دەپ ھەممە

يېرىدىن كۆلكە ياغدى.

— مۇددىئايىم باشقا ئەمەس، تەن شۈجى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى ساقچى ئورۇنلىرى ئىنقىلابتا ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنى مەندىن سوراۋشتە قىلىپ، ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆزۈم بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى 70 ـ يىلىلا پاش قىلغانىدىم، تاكى ھازىرغىچە پاش قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، ئىنقىلابتا بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەنمەن. ئېيتىپ قويغان بولسىلا، شۈجى، ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىپ يۈرمىسۇن. بۇ بىرىنچى ئۆتۈنۈشۈم.

— ئىككىنچىسىچۇ؟

— سىلىدىن ئەپۇ سوراش، مېنى ئەپۇ قىلسىلا، شۈجى.

— ئۈچىنچىسى!

— يانلىرىدا خىزمەت قىلىش. مېنى پارتكومغا يۆتكىۋالغان بولسىلا، ئېغىزلىرىنىڭ يېلى...

— مۇددىئايىڭىز چۈشىنىشلىك بولدى، بەس! — دېدى تەن شۈجى شىرەنى مۇشتلاپ. چۆچۈپ كەتكەن ساۋۇتوم مىدىرلاشقىمۇ پېتىنالماي بۇتتەك قېتىپ قالدى، — بىر سوئالىم بار، راستلىق بىلەن جاۋاب بەرسىڭىز ئەپۇ قىلىنىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر يالغان ئېيتسىڭىز، تانسىڭىز، سىزنى پارتىيە ئەپۇ قىلمايدۇ.

ساۋۇتومنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى. قارماققا تەن شۈجى ئىلىنماي، ئۇ ئىلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

— پارتكومدىكى كادىرلار، ۋالىي مەھكىمىسىدىكى خىزمەتچىلەر، خەلق ئاممىسى يولداش ئوسمان باراتوفنى سوراۋاتىدۇ، ئۇ قەيەردە؟ — سورىدى تەن شۈجى.

ساۋۇتوم ئىچىگە تارتىپ تىندى، چىرايى ئېچىنىشلىق تۈس

ئېلىپ، يىغلامسىراپ دېدى:
— مەن بىلمەيمەن، ئۇنىڭ قەيەردىلىكى ماڭا قاراڭغۇ.
— يالغانچىلىق قىلماڭ! ھازىر ماڭا راستىنى دېسىڭىز ئەپۇ قىلىنىسىز، بولمىسا سىزدىن قاتتىق سوراۋشتە قىلىنىدۇ.
— راستىنى ئېيتاي، شۇجى، نېمە لازىم بولسا ئەكېلەي، ماڭا بۇ قېتىم ئاتىدارچىلىق قىلسىلا.
— ئوسمان باراتوف خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر رەھبىرىي كادىر، بۇنى سىز ئوبدان بىلىسىز. ئەگەر ئۇ كىشى توسىمىغان بولسا سىلەر ھېيتگاھ جامەسىنى چېقىپ، قانلىق پاجىئە تۇغدۇرغان بولاتتىڭلار، بۇ ئىش ئېسىڭىزدىمۇ؟
— ئېسىمدە، رىشات چېقىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئوسمان باراتوف چېقىشقا بولمايدۇ، دەپ چاقتۇرمىغانىدى.
مەنمۇ ئۇنى قوللىغان، — دېدى ساۋۇتۇم بوش ئاۋاز بىلەن.
— گەپ يورغىلاتماڭ! سىز بىلىسىز، يولداش ئوسمان باراتوفقا توختى، رىشات سىلىڭلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىدا شەك يوق...
— شۇنداق، شۇجى، دېگەنلىرى راست.
يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلەپ قالغان ساۋۇتۇم «ئوسمان باراتوف ئۆلتۇرۇلگەندە مېنىڭمۇ بارلىقىمنى بىلىپ قالدىمىكىن دېسەم، گەپ مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ. ساۋۇتۇم، سەن تەلەيلىك جومۇ» دېدى ئىچىدە ۋە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. چىرايى ئەسلىگە كېلىپ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى.
— ساۋۇتۇم! — تەن شۇجىنىڭ بوڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى، — توختى بىلەن رىشاتنىڭ شۇ چاغلاردا سىزدىن يېقىن ئادىمى، مەسلىھەتچىسى يوق ئىدى. سىز 70 ـ يىلى كۆپ كىشىلەر ئۆستىدىن پاش قىلىش ماتېرىيالى

يازدىڭىز، بىراق ئوسمان باراتوفنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىك مەسىلىسىنى يوشۇرۇپ قالدىڭىز، ئەمدى تاپشۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ توغرۇلۇق خەلقنىڭ ئەرزى بار.

بىشىغا بىر قاپاق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتكەن ساۋۇتوم ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— تەن شۇجى، مېنىڭ قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئۇلارغا مەجبۇرىي يېقىن بولغىنىم راست. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئوسمان باراتوفنى نېمە قىلىشقانلىقىنى ھەقىقەتەن بىلمەيمەن.

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز.

— يالغان ئېيتمىدىم، تەن شۇجى، — لاپپىدە قىزارغان ساۋۇتوم ئولتۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— بىز ئوسمان باراتوفنىڭ ئىز - دېرىكىنى داۋاملىق قىلىمىز. ئىشخانىغا چاقىرتىپ سۆزلەشمەكچىدىم، ئۆزىڭىز ئۆيۈمگە كېلىپ قالدىڭىز. ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئوبدان ئويلىنىڭ. ئەكەلگەن گىلەم توقۇلغان كارخانىغا قايتۇرۇلىدۇ، پۇل تۆلىگەن بولسىڭىز، شۇ يەردىن تاپشۇرۇۋېلىڭ، ئەكەلگەن پۇل يانچۇقىڭىزدا قالسۇن.

بىشى پىررىدە قايغان ساۋۇتوم ئورنىدىن ئاستا تۇردى. تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرەپ دەسسەپ ھويلىغا چىقتى. تەن شۇجى گىلەمنى ئوراپ كەلگەن چىپتىنى ساۋۇتومغا ئۇزارتتى.

ساۋۇتوم تاشقىرىغا چىقىپ تامغا يۆلەكلىك ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ مېڭىپ كەينىگە قارىۋىدى، تەن شۇجىنىڭ ئىشىكنى ئېتىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. تەن شۇجى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، مۇئاۋىن ۋالىي ياڭنىڭ ئىشىكىنى ئاستا قاقتى. قويۇن يانچۇقىدىكى ئون بورداق قوي كېلىدىغان مىڭ يۈەن پۇل ئۇنى يەنە بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەتلەندۈردى.

## 3

كالا قوشۇلغان يارىيار هارۋا يولدا جالداقلاپ كېتىۋاتاتتى. هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە گۈلنىسا ئايتۇراغا ياندىشىپ ئولتۇراتتى، ئايتۇرانىڭ قۇچىقىدا ئالتىنچى بالىسى كىرىم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىلا ئون تۆت ياشقا كىرىپ بوي تارتىپ زىلۋالىشىپ قالغان ئاسىيە بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان قادىرغا يۆلىنىۋالغانىدى. ئەخمەتجان هارۋىنىڭ كەينىدە كىيىم ـ كېچەك، يېمەكلىك سېلىنغان خۇرجۇننى تۇتۇپ ئولتۇرغىنىچە ئويغا چۆمگەنىدى. هارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۈلسۈم مۈگدىنىپ قالغان ئاسىيەنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئويچان چېھرىدىن ھەسرەت يېغىپ تۇرغان گۈلنىساغا قاراپ دېدى:

— بالام، ئوسمان باراتوف دادىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشى تۇراپ ئاخۇن ئېيتقاندەك سەۋەبسىز ئەمەس، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار. تەن شۇجى بىزنىڭ تۇراپ ئاخۇنغا بۇنى چوقۇم ئېنىقلايمىز، دەپتۇ. بۈگۈن خۇدا بۇيرۇسا خەيرىنىساخان بىلەن كۆرۈشىمىز، سىلى يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئېيتماي تۇرسىلا، بالام. بولۇپمۇ ئوسمان باراتوف دادىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى خەيرىنىساخان ئانىلىرىغا دېمىسىلە، سادىرغىمۇ دېمىسىلە. ئۇلار نەچچە يىللاردىن بېرى ئاجىزلاپ، يۈرەكلىرى قان بولۇپ كەتتى، بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا بىلدۈرەرمىز ياكى خۇدايىم ئۇ ئەزىمەت دادىلىرىنى سالامەت كۆرۈشىمىزگە نېسىپ قىلار.

گۈلسۈم كۆز يېشىنى سۈرتۈپ جىم بولدى. گۈلنىسا يا ماقۇل، يا ياق دېمەي ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئېغىر تىندى.

ئۆلار تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى خەيرىنىسا ۋە سادىر بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتاتتى. قەشقەردىن شايارغىچە ماشىنىدا كېلىپ، تارىم بويىدىن قومۇش توشۇۋاتقان دېھقان هارۋىسىغا چىقىشقانىدى. گۈلنىسانىڭ بۇ مەيدانغا تۆتىنچى قېتىم كېلىشى، قادىر، ئاسىيەنى بولسا بىرىنچى قېتىم ئەكېلىشى ئىدى. ئۇ ئالدىنقى يىللىرى دادىسى سالاھىدىن بىلەن ئۈچ قېتىم كېلىپ قېيىنئانىسى ۋە ئېرىنى يوقلىغانىدى. سالاھىدىن بولسا قىزىغا دەپ ـ دېمەي يىلدا نەچچە قېتىم كېلىپ، شاياردا تىجارەت قىلغاچ، قۇدىسى ھەم كۈيئۇ ئوغلى سادىرنى يوقلاپ تۇرغانىدى.

— گۈلسۇم ئانا، سىلى دېگەندەك خان ئاچامغا قېيىنئاتام توغرۇلۇق ئېيتماي تۇرايلى. ئۆز دەردىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغاندا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن.

گۈلسۇمخان ئانىسىنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقان گۈلنىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چاڭ ـ توزانغا چۆمۈلگەن توغراقلارغا كۆز تىكتى.

— ئاكا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ سەككىزىنچى ئەترىتىگە يەنە قانچىلىك ماڭساق يېتىپ بارىمىز؟ — تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى قادىر ئالدىدا كۆرۈنگەن يۇلغۇنلۇققا كۆز تىكىپ. يۇلغۇنلۇقنىڭ يان تەرىپىدە قۇم بارخىنى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— يىگىت، ئاشۇ يۇلغۇنلۇقنى بېسىپ ئۆتسەك ئېكىنزارلىققا چىقىمىز. سەككىزىنچى ئەترەتنىڭ يېرى مۇشۇ ئېكىنزارلىقتىن باشلىنىدۇ. كۈن ئولتۇرغۇچە يېتىپ بارىمىز.

گۈلنىساغا بۇ ئەتراپ خېلى تونۇش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، توغراقلىقتىن ئۆتسە يۇلغۇنلۇق، يۇلغۇنلۇقتىن ئۆتسە ئېكىنزارلىق، ھەر تەرەپتە قۇملۇق بولغاچقا، قەيەرگە

كەلگىنىنى تازا ئىلغا قىلالمىدى. ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالغان ھالدا يېقىندىن بۇيان بولغان ئىشلارنى ئەسلىدى:

«قىزىلگۇل» نۇسخىلىق گىلەمنى توقۇپ بولغان كۈندىن باشلاپ، ساۋۇتۇم پەيدا قىلغان كۆڭۈل غەشلىكى تۇيۇقسىزلا يۈتۈن بىر ھەپتە كارخانىغا بارمىدى. كېيىن سالاھىدىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تۇراپقا:

— مېنى باشقا كارخانىغا يۆتكەپ قويسىلا، دادا، — دەپ يېلىندى.

— ماقۇل، بالام، شەھەرلىك تەمىنلەش ئىدارىسىنىڭ گىلەمچىلىك كارخانىسى بىلەن ئۇقۇشۇپ باقاي.

تۇراپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

ئۇ بىر كۈنى پېشايۋاندا كەشتە توقۇپ ئولتۇراتتى، ئىشىك قېقىلدى. كارخانا باشلىقى سېيىت مۇھەممەت گۈلنىسانىڭ شاگىرتى بۇۋى ئايشەم بىلەن بوسۇغا ئالدىدا تۇراتتى. گۈلنىسا سالام بېرىپ ئۆيگە باشلىدى.

— گۈلنىسا، ئون كۈندىن بېرى ئىشقا بارمىدىلا، ئىش ھەققىلىرىنى بەرگەچ ئەھۋال سوراپ چىقاي، دەپ كېلىشىم.

— گىلەمنى تاشقى سودا بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈۋېتىشكەنلا؟ — سورىدى گۈلنىسا ئەجىر قىلىپ توقۇغان قىزىلگۇل نۇسخىلىق گىلەمنى ئېسىگە ئېلىپ.

سېيىت مۇھەممەت گۈلنىساغا دەرھال جاۋاب بەرمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، چىرايى ئۆڭدى. تېخى تۈنۈگۈن ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر كادىرى شۇ گىلەمنى كارخانىغا ئەكېلىپ، نېمە ئۈچۈن ساۋۇتۇمغا بېرىلگەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراپ، ئىقرارىغا قول قويدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۈگۈن كېلىشى گۈلنىسانىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۇنى كارخانىغا بېرىپ ئىشلەشكە دالالەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق ماھىر ئۇستىنىڭ كارخانىدا بولۇشى ئۆزى ئۈچۈنمۇ،

بۇنىڭدىن كېيىن تاشقى سودا ئىدارىسىگە يارايدىغان بازارلىق گىلەملەرنى توقۇش ئۇچۇنمۇ زۆرۈر ئىدى.

— ھە، ھە، تاشقى سودا ئىدارىسىگە ئۆتكۈزمەي قەيەرگە ئۆتكۈزەتتۇق، گۈلنىسا، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — سىلىنى ئاغرىپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، ساق ئىكەنلا. خۇدا بۇيرۇسا ئەتىدىن باشلاپ كارخانىغا بېرىپ ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەرلا.

بۇ كارخانىغا ئاياغ بېسىشنى خالىمىغان گۈلنىسا:

— رەھمەت، جورىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىمەيدىغان بولدۇم، خەۋەر تېپىپ قالسىلا، — دېدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — شۇنداق ياخشى ئۇستىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي ئەندىكىپ سورىدى كارخانا باشلىقى.

— سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، تۇراپ دادام بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ داۋالانسىلا، دېدى.

— تۇ چۇجاڭ شۇنداق دېدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئارام ئالسىلا، لېكىن بىزنى تاشلىۋەتمىسىلە...

گۈلنىسا شۇنىڭدىن كېيىن گىلەمچىلىك كارخانىسىغا بارمىدى.

گۈلنىسا «قىزىلگۈل» نۇسخىلىق گىلەمنى ئويلىسىلا، ساۋۇتۇمنىڭ يېقىمسىز چىرايى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى. كارخانىغا بارماسلىقىدىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭغا قايتا يولۇقۇپ قالماسلىق ئۇچۇن ئىدى...

ھارۋىنىڭ چاقى كاتاڭغا چۈشۈپ كەتتى. خىيال يىپى ئۈزۈلگەن گۈلنىسا پۇرقەتنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ ئىسسىقتىن تەرلەشكە باشلىدى، ئايتۇرانىڭمۇ مەڭزىدىن تەر ئېقىۋاتاتتى. گۈلسۇم ئۇخلاپ قالغانىدى. قادىر، ئاسىيەلەر ئەتراپتىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى.

— گۇلسۇم ئانا، كەلدۇق، — دېدى گۇلنىسا ئۇستى تىكەن بىلەن قاشالانغان ئېگىز سېپىلنى كۆرسىتىپ.

تارىم ۋادىسىدىكى تۇرمە قورۇسىنى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. ياغاچتىن ياسالغان چوڭ ئەگمە دەرۋازىنىڭ ئۈچ غۇلاچ ئالدىدا، ئېگىزلىكى توققۇز ـ ئون مېتىر كېلىدىغان قاراۋۇلخانا چوقچىيىپ تۇراتتى. تۆپىسىدە كۆزەت قىلىۋاتقان مىلتىقلىق ئەسكەر ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى يېنىدا توختىغان هارۋىغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى قاراتتى.

— قورۇ ئىچىدە ئادەم يوقتەك قىلىدۇغۇ، — دېدى هارۋىدىن چۈشكەن گۇلسۇم ئوچۇق دەرۋازىدىن سىنچىلاپ قاراپ.

— خان ئاچام ئىشتىن يېنىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى گۇلنىسا هەسرەتلىنىپ، — ئانا، بىز تونۇشتۇرۇشلارنى بۇ يەردىكى كادىرغا كۆرسىتىپ تۇرايلى، قادىر ئىشخانىغا كىرىپ باقسۇن.

تۇرمە دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن يەتمىش ـ سەكسەن ماڭدام نېرىغا سېلىنغان بىنادا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قادىر يۈگۈرۈپ بارغىنىچە بىناغا كىرىپ بىردەمدىلا يېنىپ چىقتى.

— ئەترەت باشلىقى بار ئىكەن، كىرسۇن دەيدۇ.

گۇلنىسا پۈرقەتنى يېتىلەپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ئاسىيە بىلەن قاتارلىشىپ ئايتۇرانىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئەخمەتجان، گۇلسۇم هارۋا يېنىدا قالدى.

ئىشخانىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ئەترەت باشلىقى دېرىزە تۈۋىدە بىر گۆدەكنى يېتىلىۋالغان بوتا كۆز چوكانغا قارىدى. ئۇ ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بۇ چوكاننى تونۇپ، ئىشخانا ئالدىغا چىقتى.

— خەيرىنىسا بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭلارمۇ؟ — سورىدى

ئۇ، ئاندىن تارتىنىپ تۇرغان گۈلنىسالارنى ئىشخانىغا باشلىدى. گۈلنىسا تامغىلىق بىرنەچچە پارچە تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئەترەت باشلىقىغا بەردى.

دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان ئاسىيە ۋارقىرىۋەتتى:

— كەلدى، ئانام كەلدى!

— مەن باشلاپ كىرىمەن، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ.

تۇرمە قورۇسىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى چىراغلار يېقىلىپ، ئەتراپ غۇۋا يورۇدى. تويپا - چاڭ توزۇتۇپ يېتىپ كەلگەن مەھبۇس ئاياللار قاراۋۇلخانا ئالدىدا توختاپ، ئادىتى بويىچە ساناشقا باشلىدى. ساناق ئاخىرلاشقاندا، ئەترەت باشلىقى:

— خەيرىنىسا داۋۇت! — دەپ چاقىردى.

— بار، — دەپ سەل ئالدىغا چىققىنى چەكمەن تونىنى يېپىنچاقلاپ، ئاق تۇماقنى باستۇرۇپ كىيىۋالغان بىر مەھبۇس. ئۇنىڭ قولىدا ئالىتاغىل سىرلانغان ئۇزۇن كالتەك بار ئىدى.

— نېمىشقا كەچ قالدىڭلار؟

— ۋەزىپىنى تۈگىتىپ كېلەرمىز دەپ.

— ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ كەلگەنىكەن، كۆرۈشۈۋالغىن.

خەيرىنىسا تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇلار نەدە؟

— ئىشخانىدا.

— ياتاققا كىرىپلا چىقاي، ئەترەت باشلىقى.

— ماقۇل، تېز بولغىن.

— ئاكا! — ئانا ھىدىنى ئالغان سەبىي قىز سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، ھارۋا يېنىدا تۇرمە ئىشىكىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالغان قادىرغا يۈگىنىۋالدى، — ئاكا، قارا، ئانام!..

قادىر سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، تۇرمە ئىشىكىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلگەن ئانىسىنى كۆردى.

— ئەترەت باشلىقى، مەن كەلدىم.

ئەترەت باشلىقى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ياپراق گۈللۈك گىرىپتىشىن كۆڭلەك، ئۇستىگە پىلاتى كىيىپ، ياغلىق چىگكەن خەيرىنىسا باللىرىغا ئىنتىلىپ تۇراتتى.

— ئانا ! ئانا !

قادىر، ئاسىيەلەر تەڭلا تولۇپ خەيرىنىساغا تاشلاندى.

— جېنىم باللىرىم، چوپچوڭ بولۇپ كېتىپسىلەر، — دېدى ئانا ئوغۇل - قىزىنى باغرىغا بېسىپ.

— ئىشخانىغا كىرىپ ئەھۋاللىشىڭلار، ئۇ يەردىمۇ كۈتۈپ تۇرغان تۇغقانلىرىڭ بار.

خەيرىنىسا ئالدىغا بىر چامداپ، هارۋا يېنىدا تارتىنىپ تۇرۇشقان ئىنىسى ئەخمەتجان بىلەن، قۇدىسى گۈلسۈمنى كۆردى.

— ئىنىم، ياۋاش ئىنىم، سەنمۇ كەلدىڭمۇ؟ ئايتۇرا، باللار سالامەتمۇ؟ — دېدى قۇچاقلاپ.

تۇرمىدىن تېخىمۇ جىمىغۇر بولۇپ چىققان ئەخمەتجاننىڭ كۆزلىرىدە ياش تاراملىدى.

— ئاچا !... — ئۇنىڭ قىلغان سۆزى شۇ بولدى. ئۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى بەلبېغى بىلەن سۈرتتى.

— قۇدام خەيرىنىساخان !...

گۈلسۈممۇ باشقا سۆز قىلالماي، خەيرىنىسانىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى.

بۇلار شۇ تەرىقىدە ئەترەت باشلىقىنىڭ كەينىدىن بىر - بىرىنى يېتىلىشىپ ئىشخانىغا كىردى.

— خان ئاچا !

— گۈلنىسا قىزىم!

قېيىنئانا بىلەن كېلىن قۇچاقلاشتى. خەيرىنىسا پۇرقەتنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ، ئايتۇرا بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئەترەت باشلىقى ئىشخانىدىن ئاستاغىنا چىقىپ كەتتى.

ئانا يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ياشلانغان كۆزلەر بىر - بىرىگە تەلمۈرەتتى. خەيرىنىساخان بىرىنچى بولۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنىلارنى، تونۇشلارنى بىر - بىرلەپ سورىدى.

— يوقلاپ كېلىشكەنلىرى ئۈچۈن بەك مىننەتدارمەن، گۈلسۈمخان، ئۆزلىرىگە رەھمەت، گۈلنىسا قىزىم، سىلىدىن تولىمۇ رازىمەن. ئەخمەتجان، ئايتۇرا، سىلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئوغلۇم قادىر، قىزىم ئاسىيەنى چىرايلىق چوڭ قىلىشىپلا. غېمىم مۇشۇ بالىلاردا ئىدى، گۈلنىسا تازا قىينالغاندۇ، دەپ قايغۇراتتىم، ئەمدى كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. ھەممىلىرىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — دېدى خەيرىنىساخان ئوغۇل - قىزىنى دەممۇدەم باغرىغا بېسىپ.

پۇرقەت قادىرنىڭ بوينىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ مومىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خان ئانا، خان ئانا، ئوبدان تۇيدۇڭمۇ؟ دادام بىلەن كۆيۈشتۇڭمۇ؟ دادام قېنى؟

خەيرىنىساخان گۆدەكنى قۇچىقىغا ئالدى.

— ۋاي جېنىم بالام، ئوبدان بالام، سالامەت تۇردۇم. داداڭ بىلەن كۆرۈشتۇم، بالام. سېنى سېغىنىپ كېتىپتۇ، ئەتە بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلگىن جۇمۇ.

خەيرىنىساخان سادىرنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى، چوڭ يىغىن بولغاندا كۆرۈشۈپ تۇرغانلىقىنى ئېسەدەپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى، ئارقىدىنلا يەنە گۈلنىسادىن:

— سالاھىدىن ئاخۇن، رەناخانلار تىنچلىقمۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى.

— تىنچلىق، خان ئاچا، رەناخان ئاچام تۇغۇتلۇق بولغىنى ئۈچۈن دادام كېلەلمىدى. خالتا قىلىپ بەردى، بىزدىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇردى، ھال ـ كۈنى ئوبدان، — دېدى گۈلنىسا.

— سالاھىدىن ئاخۇن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن. ھەر يىلى بىرقانچە قېتىم كېلىپ يوقلاپ، مەدەت بېرىپ تۇردى، ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. ھە، قېيىنئاتىلىرى قانداقراق تۇردى، بالام؟

— دادام سالامەت، خان ئاچا ... — گۈلنىسا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلىۋەتتى.

— مەن ئاڭلىدىم، بالام. ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى قەشقەردىن قولغا ئېلىنىپ كەلگەنلەر بىلگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بەردى. بۇ چاغقىچە مەنمۇ ھەربىرلىرىنى ئاياپ، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ كەلگەنىدىم. ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم، دېمىسەم يۈرىكىم ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئازابلىنىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— خان ئاچا، جېنىم خان ئاچا، يىغلىمىسىلا.

— ئانا، يىغلىما، — قادىر، ئاسىيەلەر گۈلنىساغا گىرە سېلىپ يىغلاۋاتقان ئانىسىغا مۆلدۈرلەپ قاراشتى.

— بالىلىرىم، داداڭلارغا زادى نېمە بولدى؟ ئۆزى بارمۇ زادى؟ ئاغزىڭلاردىن بىر ئاڭلاي.

گۈلنىسا قېيىنئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى روممىلى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئوسمان باراتوف ئۆيگە كەلمىگەن كۈندىن باشلاپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئىختىيارسىز ھالدا سۆزلەپ بەردى.

— دادامدىن ھازىرغىچە خەۋەر بولمىدى، خان ئاچا، قەيەردىلىكى نامەلۇم. ئاڭلىشىمىزچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم سۈرۈشتۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ. سىلەر ئۆيگە بارغۇچە داداممۇ

ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالار.

ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى سېغىنغان ئانا پەرزەنتلىرى ئالدىدا يىغلاۋېرىشنى توغرا كۆرمەي، ياشلىرىنى ئېرتىپ ئېغىر تىنىدى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان، چاچلىرى جىڭگىلىماچ بىر قىزنى يېتىلەپ ئەترەت باشلىقى كىردى.

— ئانا! — قىز ئېتىلىپ كېلىپ خەيرىنىساخانغا يېپىشتى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە قىزىقسىنىپ قارىغىلى تۇردى.

— جەزىرەگۈل، جېنىم ئۇكام، — دېدى گۈلنىسا قىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئاندىن قولىدىن تارتىپ قۇچىقىغا ئېلىۋالدى. ئايتۇرا، گۈلسۈممۇ ئاسىيەگە ئوخشايدىغان بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز بۇ قىزنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويۇشتى. ئاسىيە، قادىرمۇ يېتىرقاپ تۇرغان بۇ سىڭلىسىغا مېھرى بىلەن تىكىلىشتى. ئۇ خەيرىنىساخاننىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا كېلىپ تۆت ئايدىن كېيىن تۇغقان بالىسى ئىدى، شۇڭا جەزىرەگۈل دەپ ئات قويغانىدى.

— كىچىچە مۇڭداشساقمۇ گېپىمىز تۈگىمىگۈدەك، ئەترەت باشلىقىنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلدى. مەن كىرىپ يوتقان ـ كۆرپە ئاچىقاي، بۇ كېچە قونۇپ، ئەتە ئوغلۇم سادىرنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشسىلە، ئانچە يىراق ئەمەس. ئەترەت باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ ھەربىرلىرى بىلەن بىر كېچە مۇڭداشقۇم بار. بۇ قېتىم جەزىرەگۈلنى ئەكېتىشسىلە، چوڭ بولۇپ قالدى. تۇرمىدە مېنىڭ ياتقىنىممۇ يېتەر، بۇ نارەسىدە جەمئىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، مەكتەپتە ئوقۇسۇن، — دېدى خەيرىنىساخان. ئۇ بۇ قىزنى قارا قىشتا زەيكەش چېپىۋاتقاندا تولغاق تۇتۇپ، نەم قۇم تۆپىسىگە تۇغقانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ قىزنى ئېتىزمۇئېتىز، ئۆستەڭمۇئۆستەڭ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باقتى. مەھبۇس ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ قىزغا ئامراق ئىدى. خەيرىنىساخان شۇلارنى ئويلاپ ھازىرلا كېتىپ

قالىدىغانلىقىدەك جەزىرەگۈلنى باغرىغا باستى.

— خان ئاچا، يوتقان ـ كۆرپە ئاچىقىمىسىلا، بىزنى ھارۋىسىدا ئەكەلگەن دېھقان ئاكام ئۆز ئۆيىدە قوندۇرماقچى. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە سادىر بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمىز، — دېدى گۈلنىسا قېيىنئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ.

— ئوغلۇمغا سالام دېسىلە، قىزىم.

— ماقۇل، خان ئاچا، سالاملىرىنى يەتكۈزىمەن.

— بۇگۈن كۆرۈشۈش مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. سىلەر ئارام ئېلىڭلار، ئەتە سادىر بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭلار. خەيرىنىسا داۋۇتنى سىلەرگە بىر كېچە قوشۇپ قوياي، — دېدى ئەترەت باشلىقى سائىتىگە قاراپ. ئۇ گۈلنىسالار بىلەن تاشقىرىغا بىللە چىقىپ، خەيرىنىساخاننى تۈرمىگە كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

ئاق كۆڭۈل دېھقان ھارۋىكەش ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى. كېچە ئايدىڭ ئىدى، گۈلنىسا تۈرمە دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭغان قېيىنئانىسىغا ئامانلىق تىلىدى:

— ئانا! خۇدايىمغا ئامانەت.

— سىلەرنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

جەزىرەگۈل بىلەن پۈرقەتنى قادىر كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالدى. تۈرمىنىڭ قارا دەرۋازىسىدىن كەينىگە قاراپ ـ قاراپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئانىسىغا تارتىشىپ تۇرۇپ قالغان ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملىدى...

## 4

1978 ـ يىلىنىڭ باھارىدا ساقچى ئىدارىسى خەيرىنىسا، سادىرلارنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئارقىدىنلا ئوسمان باراتوفنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىقى

يەتكۈزۈلدى.

ئالدىنقى خەۋەر ئۇلار بىلەن تونۇشلۇقى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى خۇشال قىلغان بولسا، پۈتۈن قەشقەر خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئوسمان باراتوفنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلۈشى ھەممىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. ھىيلىگەر، مەككار ساۋۇتوم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئوسمان باراتوفنى توختى، رىشات «سىلىڭ» ۋە ساۋۇتوملارنىڭ قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تارقىلىپ كەتتى.

ئوسمان باراتوفنىڭ ئۆيى قايتۇرۇلۇپ بېرىلدى. گۈلنىسا، قادىر، ئاسىيەلەر پۈرقەتنى ئېلىپ ئەخمەتجاننىڭ ھەمراھلىقىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ماڭغاندا، بۇ قورۇدا ئولتۇرۇپ تۇرغان ئايتۇرا ئۇلارغا ئاقىيول تىلەپ ئۇزىتىپ قالغانىدى.

بىر ھەپتە ئۆتتى. ئايتۇرا خېمىرنى يۇغۇرۇپ يايماقچى بولۇۋاتقاندا، ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

— ئانا! مېھمان كەلدى! — توۋلاپ كىرگەن بالىلارنىڭ ئىشارەتلىرىنى كۆرگەن ئايتۇرا ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىرىغىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— ئىسىت دادىسى! ئىسىت دادىسى! سىلى ئۆيدە يوق ئۆيگە نېمىدەپ كىرىمەن، دادىسى؟ سىلى يوق ئۆيدە قانداق تۇرىمەن، دادىسى؟ سىلى نەدە دادىسى، سىلى نەدە؟ — قوشاق قوشۇپ يىغلاپ كېلىۋاتقان خەيرىنىسانىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى كوچىنى بىر ئالغانىدى. قوشنىلار ئىشىك ئالدىغا چىقىشىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشاتتى.

— ئاھ، دادام! نېمىشقا ئالدىمىزغا چىقمايلا، دادا؟ ئون يىلدىن بېرى دىدارلىرىنى كۆرمىگەنىدۇق، دادا! ئەمدى نەگە كەتكەنلا، دادا! ئاھ، دادام! ئاھ، دادام! ... — دەپ يىغلاپ

كېلىۋاتقان سادىرنىڭ بوغۇق ئاۋازى كوچىدا قاراپ تۇرغانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇنى ئەخمەتجان يۆلىۋالغانىدى. خېلىدىن بېرى ئېلىنمىغان ساقىلى مەيدىسىدە قارىيىپ تۇراتتى.

— دادام، دادام! سىلى بولسىلا بولماتتى، دادام، خان ئاچام كەلدى ئەمەسمۇ، دادام! ئوغۇللىرى كەلدى ئەمەسمۇ، دادام! دادام، دادام! — گۈلنىسامۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، قېيىنئانىسىنى يۆلەپ كېلىۋاتاتتى.

خەيرىنىساخان قارا چەكمەن تونىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىپ، ئاق رومال سېلىۋالغانىدى. سادىرمۇ تون، تۇماق كىيىپ سەللە ئورىۋالغانىدى. قادىر، ئاسىيەلەرمۇ، «ئاھ، دادام!» دەپ يىغلاپ ئانا، ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىرىشتى. «ئىسىت دادىسى، ئىسىت دادىسى!» دېگەن بۇ تىترەك سادا ھويلا ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى.



# توققۇزىنچى باب

## ئانا نەزىرى

### 1

يەنە باھار كەلدى. ئۆجمە مونچاقلىرى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. نەقىش ئويۇلغان تۈۋرۈكلىرىگە چىرايلىق ئەگمە چىقىرىلغان پېشايۋان تېمىغا ئاپتاپ يامىشىپ، ھاۋا رەڭ سىرلانغان دېرىزە كېشەكلىرىنى چاقنىتىۋەتكەنىدى. بۇ گۈلنىسانىڭ چوڭ دادا، چوڭ ئانىسىدىن قالغان قەدىمىي جاي ئىدى. ئۇلار بۇ قورۇنى 80 - يىلىنىڭ بېشىدا قايتۇرۇۋېلىشقان ۋە تۇغقانلارنىڭ رازىلىقى بىلەن سادىر، گۈلنىسالار كۆچۈپ بېرىشىۋالغانىدى. ئەخمەتجان كونىرىغان بۇ قورۇنى شاگىرتلىرى بىلەن قايتىدىن ياساپ مۇشۇ ھالغا كىرگۈزگەنىدى. پەقەت قېرى ئۆجمە دەرىخىلا بۇ قورۇنىڭ قەدىم جاي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، ئەتىگەن - ئاخشاملاردا شىلدىرلاپ تۇراتتى.

— كاككۇك! كاككۇك!

سادىر بىلەن گۈلنىسا ۋېلىسىپىتلىرىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرگەندە، سايراۋاتقان كاككۇك بويۇنداپ ئۇچۇشقا تەمشەلدى. سادىر ئۇ قونغان شاخنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ ئۆجمە دەرىخكە ياماشتى.

— سادىر، تېخى ئۆجمە پىشمىغان تۇرسا، شاخقا

ياماشقىنىڭىز نېمىسى؟ ــ دېدى گۈلنىسا ھەيران بولۇپ.
ــ كاككۇك قونغان شاخنى ئەپچۇشەي، ئۇنىڭدا خاسىيەت بار.

سادىر ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۆۋەنكى غول ئاچىمىقىغا پۇت قويۇشىغا كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ كاككۇك قونغان شاخنى ئەپچۇشتى.

ــ نېمە خاسىيەت بار ئىكەن؟ ــ سورىدى گۈلنىسا.

ــ كىچىك چېغىمدا دادامنىڭ «كاككۇك قونغان شاختا خاسىيەت بار، كىمكى كاككۇك قونغان شاخنى ئەپچۈشۈپ ساقلاپ قويسا، تۇرمۇشتا ئامەتلىك بولىدۇ» دېگەنلىكى ئېسىمدە.

گۈلنىسا خېمىر يۇغۇرۇپ، پىلتا قىلىۋاتقاندا پۇرقەت يۈگۈرۈپ كىردى:

ــ ئانا، گۈلسۇم چوڭ ئانام كەلدى! ــ ئۇنىڭ قولىدا چوڭ ئانىسى تۇتقۇزۇپ قويغان شىنە ياڭاق تۇراتتى.

گۈلنىسا بىلەن سادىر تەڭلا ھويلىغا چىقتى.

ــ ئەسسالام بالىلىرىم، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلەر؟ ــ گۈلسۈم گۈلنىسا بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشۈپ، سادىر بىلەن ئېگىلىپ ئامانلىق سوراشتى.

ــ ئانا! ــ دېدى گۈلنىسا ھامىمىسىنى ئۆيگە باشلاپ، ــ ھۆرلىقا، ھەلىمەلەر سالامەتمۇ؟ بىللە ئەكەلمەپلا، ئانا، ئۇلارنى سېغىندىم. مۇشۇ ئۆينى ئۆي قىلىمەن دەپ ئۆزۈممۇ بارالمىدىم.

ــ سالامەت، بالام، سالامەت، ھۆرلىقا بىلەن ھەلىمە خۇدا ئامانلىق بېرىپ كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇتلۇق بولۇپ قېلىشتى، ئۇلارغا قارايمەن دەپ ھېچ يەرگە بارالمىدىم. سالاھىدىن ئاخۇن بىر قوينى ئەكېلىپ ئۆزى سويۇپ بېرىپ كەتتى. خۇدايىم ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، بۇ دادىلىرى بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدى.

— نېمىشقا بالا ئەۋەتمىدىلە، ئانا؟ ھۆرلىقا، ھەلىمەلەرنىڭ تۇغقانلىقىنى بىلگەن بولسام، ھەرقانچە زۆرۈر ئىشىم بولسىمۇ قويۇپ، سىلىگە قارىشاتتىم ئەمەسمۇ، — گۈلنىسا ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— سىلىنىڭمۇ ئىشلىرى ئاز ئەمەس، بالام. كۈندۈزى گىلەم توقۇيلا، كەچتە ئوقۇيلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆينىڭ ئىشىمۇ سىلىگە يېتىپ ئاشىدۇ. خەيرىنىساخان ئاپىلىرىغا قاراشمىسىلا تېخى بولمايدۇ. خۇدايىم سىلىگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، بالام، — دېدى گۈلسۇم ھويلىغا دېرىزىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ مەستلىكى كەلگەن ھالدا، — بۇ چوڭ ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى گۈل قىلىۋېتىپسىلەر. سەينادىمۇ گۈل، سۇپىدىمۇ گۈل، تەكچىدىمۇ گۈل، نېمىدېگەن جىق گۈل بۇ.

— سادىر گۈلخۇمار بولغاچ، مۇشۇنداق ئاينىتىۋەتتى، ئانا.

— ئوبدان بوپتۇ، بالىلىرىم. خۇدايىم بەختىڭلارنى مۇشۇ گۈلدەك ئېچىلدۇرۇۋەتسۇن. بۇگۈن سىلەرگە خۇش خەۋەر ئەكەلدىم. خاپىلىقمۇ كەينى - كەينىدىن كەلگەنىدى، خوشلۇقمۇ كەينى - كەينىدىن كېلىدىغان بولدى. ئانىلىرى ئەۋەتكەنىكەن، دەرھال ئەكەلدىم، — گۈلسۇم دۇخاۋا كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ گۈلنىساغا ئۇزارتتى، — ئۆيدە ئولتۇرسام تۇيۇقسىز ئىشىك قېقىلدى، چىقسام، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ كادىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئاندىن سومكىسىدىن مۇشۇ ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ بەردى. «بۇ ئىككى پارچە خەتنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ ئەۋەتكەنىكەن. تۇراپ چۇجاڭنىڭ ئايالى ئىكەنلىكلىرىنى بىلىپ ئۆزۈم ئەكەلدىم، دېدى. تۇراپ دادىلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەي، ئالدىلىرىغا يۈگۈردۈم، بالام.

گۈلنىسانىڭ لەۋلىرى تىترەپ، گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ لېپاپتىن خەتنى ئېلىش بىلەنلا، «جېنىم ئانا !...» دەپ

يىغلىغۇەتتى.

— يىغلىمىسىلا، بالام، يىغلىمىسىلا. مۇشۇنچىلىك كۆڭگە ئېرىشكەندە، شۇكۇر قىلىپ كۈلۈپ ئوقۇسىلا، — دېدى گۈلسۈم ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ. گۈلنىسا خەتلەرنى سادىرغا بەردى.

— سىلى ئوقۇسىلا، مەن يىغلاپ ئوقۇيالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

— بابا كاككۇك بىكار سايرىماپتىكەن، — دېدى سادىر خەتنى قولىغا ئېلىپ، پۈرقەت دادىسىنىڭ يەلكىسىدىن بويۇنداپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بىلەن تەڭ ئىچىدە ئوقۇدى:

«قەدىرلىك يۈرەك پارەم گۈلسۈمخان ئاچامغا، ھۆرمەتلىك تۇراپ ئاكىمىزغا، مېنىڭ جانجىگەرلىرىم ھۆرنىسا، گۈلنىساغا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، يۇرتداشلىرىمغا:

ھەممىلىرى سالامەت، تىنچ - ئامان تۇرۇشتىلىمۇ؟

مېھرىبان ئاچا! ھەربىرلىرىدىن كېلىۋاتقان خەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا ئون نەچچە يىل بولدى، بۇ جەرياندا ھەربىرلىرىگە يازغان خەتلىرىمنىڭ بەزىسى قايتىپ كەلدى. خەنزۇ قوشنامنى ۋاستە قىلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تۇردى ھەسەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن خەت - خالتىلىرىمۇ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئوي - خىياللار كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋەتتى، خەت يېزىشنى مەنمۇ توختاتقاندىم. (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى) نىڭ ئاخىرلاشقانلىقى دۇنياغا جاكارلىنىپ، ئۈزۈلگەن ئۈمىدىم يەنە ئۇلاندى. مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان خەۋەرلەرنى بەرمەكتە. بىكار بولسام،

رادىيودىن زوق بىغىشلايدىغان، روھنى ئۇرغۇتىدىغان گۈزەل ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، ۋەتەن ھاۋاسىدىن نەپەس ئالغاندەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن. ئاھ، سىلەرنى بىر كۆرسەم ئىدىم!

ئاچا، بۇ خەتنى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئارقىلىق ھەربىرلىرىگە يازدىم. تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاۋاب يېزىپ، مۇساپىر سىڭىللىرىنى خاتىرجەم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. قىزلىرىم ئايىرىم ـ ئايرىم خەت يازسۇن. ھەربىرلىرىنىڭ دىدارىغا تەشنا مۇساپىر سىڭىللىرى: نۇرنىسادىن.

1981 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

گېرمانىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى بونىن مەشئەل كوچىسى 3623 ـ نومۇرلۇق قورۇ.»

سادىر ئىككىنچى پارچە خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«دىدارى مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك بولغان ئاچام گۈلسۇمخانغا، ھۆرمەتلىك ئاكىمىز تۇراپقا، سۆيۈملۈك قىزلىرىم ھۆرنىساغا، گۈلنىساغا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، دوست، ئەھلى جامائەت، يۇرتداشلىرىمغا:

ھەممىلىرىدىن تىنچ ـ ئامانلىق سورايمەن ۋە ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىمنى بىلدۈرىمەن. بىرىنچى پارچە خەتنى يېزىپ بولۇپ، كۆڭلۈم ئۇنىماي يەنە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن.

مېھرىبان ئاچا! ئەزىز ۋەتىنىمدىن، ھەربىرلىرىدىن ئايرىلغىلى ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ. بۇ جەرياندا

بېشىمدىن تۈرلۈك ـ تۈمەن قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزدۈم. غېرىبلىق، مىسكىنلىك دەردىنىمۇ تارتتىم، باياشاتلىق راھىتىنىمۇ سۈرۈۋاتىمەن. ئۆيۈمدە ھەممە نەرسە مول، نېمىنى ئالغۇم كەلسە شۇنى ئالالايمەن، قويسام قويالايمەن. ئەمما، ھەربىرلىرىنى كۆرەلمەيمەن، ئاڭلاي دېسەم قىزلىرىمنىڭ يىغا ـ كۈلكىسى يوق، ئاچا، ياز كۈنلىرى قىزىرىپ ئاقىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى شۇنچە ئىچكۈم كەلدى، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئەنجۈر، شاپتۇللارنى شۇنچە يېگۈم كەلدى. قولۇم ھەممە نەرسىگە يەتكەن بىلەن قەشقەر ئانارىغا يەتمەيدۇ، پۇرىسام دىماققا يالپۇز ھىدى ئۇرۇلمايدۇ، ئېگىز بىنالار ئۈستىدىن قارىساممۇ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مۇنارىنى كۆرەلمەيمەن. ھەربىرلىرىنى، ئەزىز يۇرتۇمنى سېغىنىپلا ئىنتىزارلىق تارتىۋاتىمەن. بىلىم ئۆگىنىشكە تۇتۇنۇپ، خىزمەتكە ئۇرۇنۇپ، ھالا ئەقلىمدىن ئادىشىپ قالمىغان بولسامۇ، تاقىتىم چېكىگە يەتتى. كىشىلەر بىلەن دائىم تۈركچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە سۆزلىشىپ ئۆتۈۋاتسامۇ، ئانا تىلىم بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم قۇلاق سالىمەن. ئۆز باغرىمدىن چىققان ئاۋاز باشقا سادالاردىن يەنىلا ياڭراق، تەسىرلىك، يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ھەربىرلىرىدىن دەسلەپتە جاۋاب خەت كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ، قىزىم ھۆرنىسا، گۈلنىسانىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، باشقىچىلا مادارلىنىپ، ياشىرىپ قالغانىدىم. خەت ئۈزۈلۈپ قالغاندىن بېرى، ئىنتىزارلىق تارتىپ، روھسىزلىنىپ، دەرمانسىزلىنىپ كەتتىم. جېنىم ئاچا، سۆيۈملۈك باللىرىم، بۇ خەتنى

تاپشۇرۇۋېلىپلا جاۋاب يېزىشقۇەتسىلە. قىزلىرىم باللىق بولدىمۇ؟ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ، مۇساپىر ئانىسىنى خاتىرجەم قىلسۇن. دوستلىرىمغا، قوشنىلارغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا.

خەير، خۇدايىمغا ئامانەت.

ھەربىرلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار مۇساپىر سىڭىللىرى نۇرنىسادىن.

1981 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

گېرمانىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى بونىن مەشئەل كوچىسى 3623 ـ قورۇ.»

سادىر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆز يېشىغا غەرق بولغان گۈلنىساغا بەردى. «ئانام ھېلىمۇ ھايات ئىكەن، ئانام ھېلىمۇ ھايات ئىكەن...» گۈلنىسا پىچىرلاپ خەتلەرنى كۆكسىگە تاڭدى.

ئۇ «سۆيۈملۈك قىزىم...» دەپ خەت يازغان ئاشۇ ئانىسىنىڭ قانداقلىقىنى تېخى بىلمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئانىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغاندىن تارتىپ، ھەر چاغ ـ ھەر زامان ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ مېھرىگە تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى. گۈلسۈمنى، رەناخاننى «ئانا» دەپ چاقىرغاندا، شۇ ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. بېشىغا ئېغىر دەرد ـ ئەلەم كەلگەن چاغلاردىمۇ، شۇ ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بەلكى شۇ ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئىستىكى ئۇنىڭغا غەيرەت، ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق، ئىرادىلىك چوكان بولۇشىمۇ، ئۇنىڭ ئانىسىدىن سەبىي چېغىدىلا جۇدا بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى.

يامغۇر پەسلەپ ھاۋا ئېچىلغاندەك، گۈلنىسانىڭ كۆز ياشلىرىمۇ توختاپ، چېھرى ئېچىلدى. گۈلسۈمنىڭ چىرايىدىمۇ

خۇشلۇق ئەكس ئەتتى.

— بالام، دەرقەمتە جاۋاب يېزىپ، ئەتىلا پوچتىدىن سېلىۋېتەيلى، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل، ئانا.

## 2

بېشىدىن مۇدھىش كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن قەشقەرلىكلەر ئەمدىلىكتە ئۆز ھاياتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش كويىغا چۈشكەنىدى. ئاشۇ ئاپەتلىك كۈنلەردە يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلگەن دەرەخلەرنىڭ ئورنىغا تىكىلگەن كۆچەتلەر كۆكلەپ، بۇزۇۋېتىلگەن گۈلزارلىقلار ياسىلىپ، چېقىۋېتىلگەن پەشتاق، گۈمبەزلىك مەسچىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شەھەر كۆركەم تۈس ئېلىشقا باشلىغانىدى. سالاھىدىن ئۇزاقتىن بېرى تاشلىنىپ قېلىپ ئەخلەت، يۇندى تۆكىدىغان جايغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۇچۇق يەرنى سېتىۋېلىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سالغان تۆت قەۋەتلىك بىنامۇ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرسى بولغان ئۆستەڭبويىدا قەد كۆتۈرگەنىدى. بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئاشخانا، ئىككىنچى قەۋىتى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قەۋەتلىرى مېھمانخانا ئىدى.

سالاھىدىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىسىدا ئۆتكەنلەرنى ئەسلەپ ئولتۇراتتى: «خۇداغا شۈكۈر، ئەجەب ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۇق ـ ھە! ئوسمان باراتوفقا ئوخشاش تاغدەك ۋەزنى بار ئادەملەرمۇ ھايات قالمىدى، ساۋۇتۇمدەك ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان ئادەملەر جېنىغا زامىن بولدى. رەھمەتلىكنىڭ، ساۋۇتۇممۇ تۈرمىدە ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ. ئۇمۇ بېشىنى يەيدۇ. رەھمەتلىك ئوسمان باراتوفنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن يېرىدە ئورەك قېزىپ كۆمۈۋەتكەنىكەن ـ دە، ھېلىمۇ چىرىپ كەتمەپتۇ. دەپنە

قىلىنغان كۈنى پۈتۈن قەشقەر خەلقى تەۋرەپ كەتتى، نېمىدېگەن يۈز تاپقان ئادەم ـ ھە... ئۆزۈمنىڭ تىرىك يۈرگىنىمگە ئىشەنمەيمۇ قالىمەن. گۈلنىسا بالامنىڭ بەختى بار ئىكەن، كۈيئوغلۇم ۋاپادار يىگىت چىقتى، ئىشچان، تىرىشچان. ئىككى كىتابى بېسىلىپ چىقىپتۇ، ئادۋوكاتلىق قىلىپ، ئەيىبلەنگەن نەچچە كىشىنى ئاقلاپ قانۇنىي جازادىن ساقلاپ قاپتۇدەك. ئايرىم ئۆي تۇتقاندىن بېرى كۆپ بارالمىدىم، قىزىم نېمىدەپ قالدىكىن. ئانىسىدىن خەت كەلگەندىن بېرى روھلىنىپ قالدى. نۇرنىسادىن خەت كەلگىنىگە ھەيرانمەن. ئۇ ۋاپاسىز خوتۇن قانداق بولۇپ گېرمانلار ئېلىگە بېرىپ قالدىكىن؟ توۋا، قىزىم چىرايىنى بىر قېتىم كۆرمىگەن بۇ خوتۇنغا نېمانچە تارتىشىدىغاندۇ؟ ئانا ـ دە، ئانا. بىزنىڭ رەناخان، قىزىم دەپ گۈلنىسانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى. ‹توقۇغان گىلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتتە بىرىنچى بوپتۇ، گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يەرمەنكىگە قويارمىش، يېتىمنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن، دادىسى...› دەپ ماختاپ ھالى قالمايدۇ. مەن بۇ قىزىمنىڭ بانكىدىن قەرز ئېلىپ ئۆز ئالدىغا گىلەمچىلىك كارخانىسى قۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. قېيىنئانىسى، ئېرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. توقۇغان گىلەملىرى پۈتۈن شىنجاڭدا داڭق چىقاردى. دېگىنىدىن قايتمايدۇ، ئۆز ئانىسىنىڭ خۇيى يۇققان ـ دە. بانكىدىن قەرز ئالسا ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش ئېغىر چۈشىدۇ. مەن بېرىپ تۇرسام ياكى مەبلەغ سالسام بولغۇدەك...»

## 3

گۈلنىسانىڭ ئۆيى سالاھىدىنىنىڭكىدىن يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشىغا يېقىنراق خالتا كوچىدا ئىدى. سالاھىدىن يېشىل

سىرلاقلىق ئىشىك ئالدىدا توختىدى، موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ سىرىق تۈچ ھالقىنى قاقتى.

سادىر قېيىنئاتىسى بىلەن ئەھۋال سورىشىپ، موتوسىكلىتنى ھويلىغا ئەكىردى.

گۈل ھىدىغا چۆمۈلگەن سالاھىدىن ئۆزىنى گويا باغقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. سۈپۈرۈلۈپ پاكىز قىلىنىۋېتىلگەن ھويلا ئېلېكتىر يورۇقىدا چىنىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! — يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلگەن پۇرقەت قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

— ياخشى تۇردۇم، بوۋا.

— ئوقۇشۇڭ قانداق؟

— ياخشى، بوۋا. بۇ قېتىم شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدۇم. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىمەن.

— ئوھۇي بالام، سېنى مەنمۇ مۇكاپاتلاپ قوياي، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەن، — سالاھىدىن قولىدىكى سومكىدىن بىر كىچىك ئۇنئالغۇ ۋە بىرقانچە قاپلىق لېنتا ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى، — ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە ئەسقېتىپ قالار.

— رەھمەت، بوۋا!

ئاشخانىدىن چىققان گۈلنىسا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالام دادا! ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ خان ئاچام، ئۇكىلىرىم تىنچلىقمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قىزىم، ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، خان ئاچىلىرى، باللار تىنچ - ئامان. مەن كەلمىسەم سىلى بېرىشمايدىكەنلا، كەچ بولسىمۇ كۆرگۈم كېلىپ كەلدىم.

— ئۇنداق ئەمەس، دادا، يېقىنىدىن بېرى سادىرمۇ، مەنمۇ ئۆز خىزمىتىمىز بىلەن بولۇپ كەتتۇق. بىز تېخى ئەتە چۈشتىن كېيىن بېرىپ ئۆزلىرىدىن ھال سوراپ

كەلمەكچىدۇق.

— مەنمۇ سودا ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، ئىش تولا...

— ئۆيگە كىرسىلە، دادا، — دېدى سادىر ئايۋاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ.

— پېشايۋاندا ئولتۇرايلى، بالام. سالقىن، ھاۋالىق ئىكەن.

گۈلنىسا ئۆيدىن يېكەنداز ئاچىقىپ پېشايۋانغا سالدى.

— دادا، نېمە يېگۈلىرى بار؟

— نېمە ئەتتىلە، بالام؟

— چۆچۈرە ئەتكەنىدىم، دادا. ئەمدى سىلى يېگۈدەك تاماق قىلاي.

— باشقا تاماق قىلمىسىلا، بالام. كەچتە چاي ئىچسەم بولاتتى، چۆچۈرە ئېتىپىلا، شۇ كۇپايە. ئۇجمە پىشقاندەك قىلىدۇ، پۇرقەت ئىرغىتىپ بەرسە بىر ئاز يېسەك دەيمەن. يا كېچىدە ئۇجمە ئىرغىتساق بولمامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۆزۈم چىقىپ ئىرغىتىپ بېرەي، — سادىر ئۇجمە دەرىخىگە قاراپ ماڭدى.

— مەن ئىرغىتىپ بېرەي، دادا، سەن شاخقا چىقالمايسەن، — دېدى پۇرقەت پېشايۋان سۇپىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋە ئۇجمىگە يامىشىپ ئېگىز بىر شاخقا چىقتى، — قېنى، داستىخان تۇتۇڭلار.

پۇرقەت دەسسەپ تۇرغان شاخنى بىر تېپىۋىدى، ئۇجمە داستىخانغا يامغۇردەك تۆكۈلدى.

— بولدى، بالام، يېنىپ چۈشسىلە، — دېدى سالاھىدىن مالال بولغان ھالدا. ئۇ نۇرنىسانى ئويلاپ قالغانىدى. مانا مۇشۇ ئۆيدە ئىككىسىنىڭ نىكاھى ئوقۇلغانىدى، بۇنىڭغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ. ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئادەمدىن كۈتمىگەندە خەت كېلىپ، سالاھىدىننىڭ كونا يارىسىنى قوزغىۋەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ، بۇ ئۆيدە ئۇجمە يېمەكچى

بولۇۋاتاتتى، تەقدىر قىسمەت دېگەن شۇ ـ دە.

— دادا، داستىخانغا كەلسىلە، — دېدى سادىر. سالاھىدىن خىيالدىن ئويغىنىپ، سىپتا ياسالغان پەلەمپەي بىلەن سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى. سادىر قېيىنئاتىسىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى.

گۈلنىسا مەرۋايىتتەك بىر لېگەن ئۈجمىنى داستىخانغا قويدى. ئۈجمە تاتلىق پىشقاچقا، بىردەمدىلا يېيىلىپ بولدى.

چۆچۈرىنى ئىچىپ بولغان سالاھىدىن دۇئا قىلىپ رەھمەت ئېيتتى، سومكىدىن ئاتمىش مىڭ يۈەننىڭ چېكىنى ئېلىپ سادىرغا ئۇزارتتى:

— بالام، گۈلنىسانىڭ كارخانىسى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، قارىسام، ئورنى تار، ئىشلەۋاتقانلارمۇ ئازدەك قىلىدۇ. ئىككىلىرى مەسلىھەتلىشىپ كارخانىنى كېڭەيتىمىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشسىلا. پۇل كەملىگۈدەك بولسا مەن بېرىمەن، — سالاھىدىن مىننەتدارلىق بىلەن قارىغان قىزىغا نەزىرىنى يۆتكىدى، — بالام، بۇنىڭدىن كېيىن ئانىلىرىغا پۇل تەلەپ قىلىپ خەت يازمىسىلا. پۇلنى ئوبدان تاپتىم، مېنىڭ بايلىقىم سىلىنىڭ، ئاتىلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىسىلا.

گۈلنىسا ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق غەيرىي غەرەز يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇ گىلەمچىلىك كارخانىسىنى دادىسى بەرگەن ھەم ئانىسى ئەۋەتكەن پۇلنى دەسمايە قىلىپ قەرزسىز قۇرغانىدى.

— دادا، بېشىمنى كۆپ سىلىدىلا، بۇنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن، شۇنىڭغا يارىشا خىزمەتلىرىنى قىلالمىدىم. رەھمەت، دادا، رەھمەت، — دېدى ۋۇجۇدى سۆيۈنگەن ھالدا، — مەن ئانامنىڭ بارلىقىنى بىلگىنىمدىن تارتىپ بۇگۈنگىچە ئانامغا پۇل سوراپ خەت يېزىپ باقمىدىم. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە،

دادا. بىرنەچچە يىل بولدى، ئانام ئۆزى ئۆزۈلدۈرمەي خەت، خالتا ئەۋەتىپ تۇردى. ماڭىلا ئەمەس، ئايتۇرا ئاچاملارغىمۇ، گۈلسۈمخان، تۇراپ داداملارغىمۇ، قېيىنئانام ۋە باشقا تۇغقانلارغىمۇ، مۇھتەبەر ئاچامغىمۇ كۆپ قېتىم ئەۋەتتى. مەن نەچچە قېتىم «پۇل ئەۋەتمىسىلە» دەپ خەت يازغانىدىم، ئۆتكەن ئايدا يەنە ئەۋەتىپتۇ.

— ھە، ئۈنچىلىك ئىنسابقا كەلگەن بولسا، مەن نېمە دەيتتىم، بالام، بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. مەن دېگەن سىلىنىڭ ئۆز دادىلىرى، نېمە لازىم بولسا تارتىنماي ماڭا دېسىلە.

— رەھمەت، دادا، ئوبدان مەسلىھەت بەردىلە، — دېدى سادىر قېيىنئاتىسىغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ. گۈلنىسانىڭ مۆڭلۈك كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى.



## ئونىنچى باب

# ئانا يۇرت مېھرى

### 1

نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ «بۇ يىل بارالمايدىغان بولدۇم» دېگەن مەكتۇپى كېلىپ ئىككى ئاي ئۆتەر - ئۆتمەستىن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۆيگە كىرىپ كېلىشى گۈلنىسا ۋە تۇغقانلارنى قانچىلىك ھاياجانلاندۇرغان بولسا، ئوقۇرمەنلەرنىمۇ شۇنچىلىك قىزىقتۇرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق قىلالىدى؟ بۇ ھەقتە نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بولۇپ، ھاردۇقى چىقىپ، سۆيۈنۈپ ئولتۇرغان چېغىدا ئۆزى جاۋاب بېرەر، ئاڭغىچە ئۇلار خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇشقان شۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەمە بولايلى.

ھىلال ئاي ئاسمىنىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان گۈلنىسا كەبى گۈزەل ۋە مۇڭلۇق ئىدى. مېۋىسىنى ئادەملەرگە يېدۈرۈپ بولغان ئۈجمە دەرىخىمۇ ئۇلارنىڭ خىيالى بۆلۈنمىسۇن دېگەندەك، ئىرغاڭشىپ شىلدىرلاشتىن توختاپ قالغانىدى. شېخىغا قونۇۋالغان بىر جۈپ تۇمۇچۇقمۇ سايرىماي، تۇمشۇقلىرى بىلەن بىر - بىرىنى سىلىشاتتى. ئىشىك بېشىدىكى قارلىغاچلارمۇ ۋىچىرلىماي جىم بولۇپ قېلىشقانىدى. پەقەت بىرنەچچە پەرۋانىلا يېنىپ تۇرغان چىراغ ئەتراپىدا توختىماي ئايلىناتتى.

ئۆيئىچىنى شۇنداق بىر جىمجىتلىق باسقانىدىكى، كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ تىنىقىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

ھەممىدىن ئاۋۋال سالاھىدىن ئاخۇن خىيال دەرياسىدىن ھاياتلىق قىرغىقىغا ئۈزۈپ چىقتى، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كۆزلىرىنى چېيى يېرىملاپ قالغان پىيالىگە تىككىنىچە ئولتۇردى، كۆزى نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا چۈشكەندە بولسا، ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ ئېغىر تىندى. بۇ تىنىق نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ يۈرىكىنى پىچاقتەك تىلىپ زىڭىلدىتىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان سالاھىدىنغا چۈشتى ـ دە، تىكىلىپ قالدى. شۇ چاغدا رەناخاننىڭ سەپسېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، ياشلىرى مەڭزىدە توختاپ قالغان گۈلنىساغا قارىۋالدى.

خەيرىنىساخان تېخىچە خىيال سۈرۈۋاتاتتى، ئوسمان باراتوف كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ھەسرەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.

سىڭلىسىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كەلگىنىگە خۇشال بولغان گۈلسۈمخان ئۆزىنىڭ، نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ تويى بولغان چاغلاردىن تارتىپ، گۈلنىسا ياتلىق قىلىنغانغا قەدەر بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۇ نېمىدىندۇر خىجىل بولۇپ، نېمىگىدۇر ئېچىنىپ، ھەسرەتلىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى.

ئايتۇرا بولسا نۇرنىسانىڭ ئۆيىگە دەسلەپتە كەلگەن قىز چاغلىرىنى، ئۇ غايىب بولۇپ كەتكۈچە ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، ساۋاتىنى چىقىرىپ قويغانلىقىنى، كۈتمىگەن چاغدا پۇل، خالتا ئەۋەتىپ، دەردىگە دەرمان بولغانلىقىنى ئەسلەپ، ئىچىدە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ كۈلۈمسىرەيتتى.

مۇھتەبەرمۇ شۇ تاپتا مالىمان ۋاقىتتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «بۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كىممۇ خىيال

قىلغان ـ ھە! خاتىرجەملىك بولسىيدى، دەپ تىلەيتتۇق، ئەمما نۇرنىسانىڭ قايتىپ كېلىشىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنىدۇق، تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك. ئىسسىت قىزىم، ئىسسىت قىزىم، سەن تېخى گۈلنىسا بىلەن تەڭتۇش ئەمەسمىدىڭ؟ سەن قېلىپ مەن ئۆلۈپ كەتسەم بولماتتى...» دەپ ئىچ ـ باغرىدىكىنى قەدىناس دوستىغا تۆكۈپ يېنىكلەپ قالغۇسى كېلەتتى. ئۇ گۈلنىسانىڭ گىلەمچىلىك كارخانىسىدا سۇپەت تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېينىچىلىق تارتىپ قالغان ئانىسىنىڭ بۇ دوستىنى گۈلنىسا گىلەمچىلىك كارخانىسىغا ئەكېلىپ مۇشۇ ئىشقا قويغانىدى. دۇكىنىدىن ئايرىلىپ بىكارچى بولۇپ قالغان سادىن ئاخۇننى سالاھىدىن مېھمانخانىنىڭ ھېساباتچىسى قىلىۋالغانىدى.

«نۇرنىساخان يەنىلا چىرايلىق تۇرۇپتۇ، ئەقىل ـ پاراسەتتە بىزلەردىن كۆپ ئىلگىرى كېتىپتۇ. سالاھىدىن ئاخۇن كۆرۈنۈشتە قايىل ئەمەستەك قىلغان بىلەن، كۆڭلىدە بەك قايىل. يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك قولىدىن چىقىپ كەتكەن چىرايلىق، ئەقىللىك خوتۇنىغا نېمىدەپ تارتىشمىسۇن؟ گۈلسۇم قېرىپ كەتتى، نۇرنىسا تېخى بەردەم تۇرۇپتۇ. سالاھىدىن ئاخۇن ئەرلىك غۇرۇرىغا ئېلىپ پىسەنت قىلمىغاندەك، ھەتتا نەپرەتلەنگەندەك دومسىيىپ ئولتۇرغىنى بىلەن دەردىنى ئىچىدە بىلىدۇ. رەناخاندەك خۇشخۇي، لەۋەن ئايالغا ئۇچرىمىغان بولسا، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە كۆرسىتىدىغان تەلۋە كارامىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى...» دەپ ئويلايتتى ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىگەن تۇراپ گەدىنىنى سىلاپ.

«گۈلنىسا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بېرى قانداقلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، ئانام، ئانام دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلگىنىگە يارىشا، بۇ قېيىنئانام پاراسەتلىك، مېھرى بۆلەكچىلا ئىسسىق ئايال ئىكەن، ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدۇ...» دەيتتى سادىر كۆڭلىدە. بىرىنچى قېتىم خەت كەلگەندە ئۆزى

جاۋاب خەت يېزىپ بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن تارتىپ گۈلنىساغا رىشتىسىنىڭ مەھكەم باغلانغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆيلەنگەندىن كېيىن بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۇ پات ـ پات قېيىنئاتىسى سالاھىدىن ئاخۇن بىلەن قېيىنئانىسى نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا كۆز سېلىپ گۈلنىساغا مەنىلىك قاراپ قوياتتى.

— ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر! — دەپ ئورنىدىن قوپتى سالاھىدىن ئاخۇن، — تۈن يېرىم بولۇپ قالدى، تۇراپ ئاخۇن، گۈلسۇمخان، بىز قايتايلى، خۇدانىڭ يەنە ئەتىسى بار، تىرىكچىلىك قىلمىساق بولمايدۇ. ئانىسى، تۇرۇڭلا!

رەناخان ئېرىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ، ئۆزىگە قويۇلغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ياغلىققا يۆگەپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى.

— دادا، قونۇپ قالسىلا بولمامدۇ؟ ئۆيىمىز تارلىق قىلمايتتى، قونۇپ قالسىلا، ئوبدان دادا، — دېدى گۈلنىسا يېلىنىپ.

— ئۆيدە بەش ئوغۇل ئۆكىلىرى قالدى، ئۇلار بىزنى كۈتۈپ ئۇخلىماي ئولتۇرىدۇ، مېھمانلىرى ئۇزىغاندىن كېيىن كېلىپ قونۇپ كېتەرمىز، بالام.

سالاھىدىنىنىڭ «مېھمانلىرى» دېگەن سۆزىنىڭ قېيىنئانىسىغا قارىتىلغانلىقىنى چۈشەنگەن سادىرنىڭ قوشۇمىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تۈرۈلدى. گۈلنىسا لېۋىنى چىشلىدى.

ھەممەيلەن ھويلىغا چىقىشتى.

— دادا، ئەتە سەھەردە تۇپراق بېشىغا چىقىمىز، رەناخان ئانامنى ئەكەلسىلە، — دېدى گۈلنىسا ئۇزاپ ماڭغان سالاھىدىن ئاخۇنغا.

— بىز بۈگۈن جۈمەدىن يېنىپ چىقىپ كىرگەنىدۇق. ھەربىرلىرى چىقىشىۋەرسىلە، قۇربان ھېيت كۈنى ئەتىگەندە

بىللە چىقارمىز.

— ئەمىسە، خوش، دادا، خوش، خان ئاچا، — دېدى ئاچچىقلانغان گۈلنىسا.

— خوش، قىزىم.

ئۇلار خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئانا، بۇ كېچە خان ئانام بىلەن بىللە مۇڭدىشىپ يېتىپ قالسىلا بولمامدۇ؟

— ئۆزلىرى قونۇپ قالسىلا، ئانا.

خەيرىنىساخان ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلاپ توختىدى:

— قونۇپ قالسام بولاتتى. قادىر بۇگۈنكى ئايروپىلاندا كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن قېنىپقىنا سۆزلەشكۈدەك بولمىدىم. ئەتە سەھەردە كېلىپ تۇپراق بېشىغا بىللە چىقاي، خوش، ھاجى خېنىم.

— خۇداغا ئامانەت.

تۇراپمۇ قىزلىرىنى ئېلىپ كەتتى. گۈلسۈملا قالدى.

— ئاچا!

— سىڭلىم!

گۈلسۈمخان نۇرنىسا ھاجى خېنىم بىلەن قايتىدىن قۇچاقلاشتى، گۈلنىسانى ئارىغا ئېلىپ مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشتى.

## 2

ھەممىدىن كېيىن ئۇخلىغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم ھەممىدىن بۇرۇن ئويغاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇنغاندا، خوراز ئۇچىنچى قېتىم چىللىدى.

گۈلنىسامۇ ئويغاندى. ئۇ يېنىغا قاراپ ئانىسىنىڭ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. گۈلسۈمخان تېخى ئۇخلاۋاتاتتى. گۈلنىسا

ھويلىغا چىقىپ تاھارەت ئېلىۋاتقان ئانىسىغا دېدى:

— ئانا، ئەجەب سەھەر تۇرۇپلىغۇ، تېخى ئەزانمۇ چىقمىغان تۇرسا.

— بالام، سەھەر تۇرغاننىڭ خاسىيىتى كۆپ. ئادەمنىڭ كۆڭلى يورۇپ، مېڭىسى سەگەكلىشىدۇ، تاڭ شامىلى كۆڭۈلدىكى بولمىغۇر خىياللارنى ئەكېتىدۇ، ياخشى نىيەتنى ساقلاپ قالىدۇ. سىلىمۇ سەھەر تۇرۇپ ئۆگەنسىلە، قىزىم. قەشقەر شەھىرىدە خاسىيەت تېخىمۇ تولا.

— ماقۇل، سەھەر تۇراي، ئانا، — گۈلنىسا لۆڭگىنى سۇندى.

تاڭ قاراڭغۇسى ئاقىرىپ ھويلا ئىچى گۇڭگا يورۇدى. ئارقا - ئارقىدىن ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. مەنزەر ئۆينىڭ چىرىغىمۇ يورۇدى، سادىرمۇ ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، پۇرقەتمۇ ئويغىنىپ مەنزەردىن چۈشتى.

— مەن قايماق، سۈت، قېتىق ئەكېلەي، — دېدى ئۇ دادىسىغا قاراپ.

— ئىككىمىز بىللە بېرىپ ئەكېلەيلى، — دېدى سادىر ۋە ئوغلىنى كەينىگە سېلىپ بازارغا چىقىپ كەتتى.

گۈلسۈمخان گۈلنىسا بىلەن سامسا تۈگۈپ ئوچاققا ياققىلى تۇردى.

— ئاچا، قىزىم، سىلەرنى جاپاغا قويدۇم، ئۇنچە قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى، — نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئاشخانىغا كىردى ۋە قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سامسا تۈگۈشكە باشلىدى.

چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن ئۇپۇق يۈزى ئاقىرىپ، ئاسمان يۈزىدىكى ئالتۇن رەڭ شەپەق ھاۋاغا سىڭىپ كەتتى. قايماق، سۈت، يەل - يېمىش ئەكەلگەن سادىر بىلەن پۇرقەت ھويلىغا كىرگەندە داستىخان سېلىنىپ بولغانىدى. نۇرنىسا ھاجى

خېنىم يېنىغا كەلگەن پۇرقەتنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى:
— نەۋرەممۇ يىگىت بولۇپ قاپتۇ. رەھمەت ئىگەم، دىدار كۆرۈشتۈرگىنىڭگە رەھمەت.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىستانبۇل ئايرودۇرۇمىدا ئۆزىنى ئېتىپ قالغان ئوغۇللىرى كېلىپ، يۈرىكى تارتىشىپ قالغاندەك بولدى ــ دە، سوقۇشى تېزلەشتى. ئۈچ ئوغۇلىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تاراملىدى. ئەمما، كۆلۈمسىرەپ پۇرقەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.
— بالام، ئىچكىرىكى ئۆيدىن كىچىك چامادانىنى ئاچقىنا، بىرنەرسە بار، ساڭا ئېلىپ بېرەي.

پۇرقەت ئۇچقاندەك كىرىپ ئاچتى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم چامادانىدىن ھېسابلاش ماشىنىسى، بىر دۇربۇن، بىرقانچە لېنتا بىلەن كىچىك ئۈنئالغۇنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.
— بۇ نەرسىلەرنىمۇ ساڭا ئالغاچ كېلىۋىدىم، زېرىككەن چاغلىرىڭدا ئىچ پۇشۇقۇڭنى چىقىرارسەن، بالام.
— رەھمەت، ھاجى ئانا.

پۇرقەت تۇنۇگۇن كەچ ھاجىم ئانىسى قويۇپ قويغان كاستۇم ـ شىمنى، كانۋا كۆڭلەكنى كىيىپ سالاپەتلىك يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئانىسىغا بويى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈندى.
— ھاجى ئانا، بۇنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ — سورىدى ئۇ تارتىنىپراق.
— بۇ ھېسابلاش ماشىنىسى، بالام. ياۋروپا تەرەپلەردە ھېسابات ئىشلىرى مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم نەۋرىسىگە مىسال تەرىقىسىدە تۆت ئەمەلنى شۇنىڭدا ئىشلەپ كۆرسەتتى.
— بەك ئاسان ئىكەنغۇ، ھاجى ئانا.
— شۇنداق، بالام، ھازىرقى زاماندا ئىشلارنىڭ تولىلىقىدىن كىشىلەر ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ماشىنىنىڭ ئىجاد

قىلىنىشى ھېسابات ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئادەملەرنى باش قېتىنچىلىقىدىن خېلى قۇتۇلدۇردى. بۇ يەردە ئىشلەتمەمدۇ؟

— ھازىر قەشقەردە تېخى بۇ ماشىنىنى كىشىلەر بىلمەيدۇ. ئۈرۈمچىدە بار ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم، ئەمدى كۆپىيىپ قالار، ئانا، — دېدى سادىر ئوغلىنىڭ ئورنىدا، — تېلېۋىزورمۇ بىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق، 80 ـ يىلىدىن بېرى ئۆيلىرىمىزدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىسسىق قاتلىما، سامسىنى قايماق چاي بىلەن خېلى جىق يېدى.

— ئۆز يۇرتۇمنىڭ تۇز، ئېشىغا ئېغىز تەگدىم، خۇدا تىلىكىمگە يەتكۈزدى، باللىرىم، — ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوتتۇز بەش يىل جۇدالىق دەردىنى تارتىپتىمەن. بۇنداق بەختىرامان دىدار كۆرۈشۈشكە كۆزۈم يەتمىگەنىدى.

— سىلىنى خۇدايىم كەلتۈرۈپ بەردى، سىڭلىم، — دېدى گۈلسۇم ھەمشىرىسىگە تەلمۈرۈپ.

— ھاجىم ئانا، مەن ئەمدى مەكتەپكە باراي، — دېدى پۈرقەت ھېسابلاش ماشىنىسىنى كۆتۈرگىنىچە مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— بارغىن، بالام، كېچىكىپ قالمىغىن.

پۈرقەت مېڭىپ تۇرۇشىغا كوچىدىن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى، ئۇ ھايال ئۆتمەي يېنىپ كىردى.

— قادىر شياڭگاڭ ماشىنا ئەكەلدى.

— نېمە دەۋاتىسەن، تۇزۇك گەپ قىل، قادىر ئاكا دېيىشكە تىلىڭ كەلمەمدۇ، سەن كىچىك ئەمەس جۇمۇ! — گۈلنىسا ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئاچچىقلىنىپ قالدى.

— بالام، ئۇنچىۋالا خاپا بولمىسىلا، باللار بولسىمۇ ئەركىنرەك چوڭ بولسۇن. ئاچچىقلاش، قورقۇتۇش، ئۇرۇش ـ

تىللاش بالىنى تەربىيەلەشنىڭ چارىسى ئەمەس. ياخشى گەپ بىلەن قايىل قىلىپ تەربىيەلەش لازىم. قورقۇتۇۋەتكەندە چوڭ بولغاندا مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەس خۇشامەتچى بولۇپ قالىدۇ. بالىنى روھلاندۇرۇپ تۇرۇش زۆرۈر.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلنىسا «ئانام ئەجەب ئوبدان ئىكەن، دادامغا نەرى يارىمىغان بولغىيدى» دەپ قالدى. سادىرنىڭ بۇ قېيىنئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى چوڭقۇرلاشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — بىر قولىنى كۆكسىگە قويغان قادىر ھويلىغا ئۈنلۈك سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاق شىلەپە، ئاق كاستۇم - شىم، ئاق كۆڭلەك كىيىپ، قارا گالستۇك تاقىۋالغانىدى. سادىر ئۇكىسىنىڭ پۇتىدىكى شىبلىتىنىڭمۇ ئاق رەڭدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كۆرۈشتى. تۇراپ ياقتۇرمىغاندەك قاراپ قويدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم «ئەجەب ئوغلۇم باتۇر ئوغۇزغا ئوخشايدىكەن، كىيىملىرى ئەجەب يارىشىپتۇ. ۋاي بۇ مەن بىلەن ئايروپىلاندا بىللە كېلىپ، ماڭا ياردەملەشكەن ھېلىقى ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ ئۆزى ئىكەن ئەمەسمۇ» دېدى ئىچىدە ۋە ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى.

— بالام، ئۆزلىرى ئىكەنلا ئەمەسمۇ، ئۈرۈمچىدىن بىللە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تۇرۇقلۇق تونۇيالماي قاپتىمەن. كەلسىلە، كەلسىلە، بالام، ئولتۇرسىلا.

— ھاردۇقلىرى چىقىپ قالدىمۇ، ھاجى ئانا. ئاخشام كەلگەنلىكلىرىنى ئانامدىن ئاڭلاپ، چەت ئەللىك ھاجى خېنىم شۇ بولمىسۇن يەنە دەپ ماشىنا ئەكەلگەنىدىم. يەنە خىزمەتلىرىدە بولغىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن، — دېدى قادىر ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا.

— رەھمەت، بالام، رەھمەت، خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

— مۇبارەك بولسۇن، ئۇكام، ھەببە ئوغۇل تۇغدى. ئانام مانا مۇشۇنداق خۇشاللىق ئۇستىگە كېلىپ ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

— ئانام، ئايتۇرا ئاچام، ھەببە، ھەنىپەلەر ئۆيگە كىرسەك ئولتۇرۇپ قالىمىز، دەپ ماشىنىدا قالدى. مەنمۇ چاي ئىچىپ كەلگەنىدىم. ھاجى ئانا، ئەمدى ماڭساق بولارمىكىن، كۈن ئىسسىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ئوبدان دېدىلە، بالام، ماڭىلى. مۇھتەبەرخان، سادىن ئاخۇنلارنى ئېلىۋېلىشقا بولارمۇ، ماشىنا ئىككى بولغاندىكىن سىغىپ كېتەتتۇق.

— مەن ئالدىدىراق مېڭىپ ئۇلارنى ئېلىپ ھېيتگاھتا توختاپ تۇراي. سىلى كىچىك ماشىنىدا تېزرەك بېرىشارلا، — دېدى قادىر ۋە بىرىنچى بولۇپ ئىشىكتىن چىقتى.

ئالدىنقى يىلى ياپونىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان يۈك ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان سالاھىدىن ئاخۇن قادىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، ئۆتكەن يىلى ئون ئىككى كىشىلىك بولىدىغان ھەم «تۇلپار» ماركىلىق كىچىك ماشىنىدىن بىردىن سېتىۋالغانىدى. ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدىلا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ، شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى ئېلىۋالغان قادىر بىلەن ئابدۇراخمان بۈگۈن ئۆزلىرى ھەيدەپ كېلىشكەنىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم گۈلنىسانىڭ قولىغا شىۋىرلاپ قويۇپ، گۈلسۇمخان ئاچىسى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقتى. گۈلنىسا ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئانىسى ئەكەلگەن ئەڭ يېڭى تىپتىكى سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنى ئاچىقىپ، ئېرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى. ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان سادىرغا:

— خاتىرە ئۈچۈن سۈرەت تارتىلا، رەڭلىك لېنتىدىن ئىككىنى سومكىغا سېلىۋالدىم، — دېدى.

## 3

— ھېيتگاھ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. يامۇل ئالدى، ئاق ئوردا تەرەپلەرنى تونۇيالمىدىم، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپتۇ. قارقى دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى زاراتگاھلىقنىڭ ئورنىغا قۇرۇلۇش چۈشۈپتۇ، شەھەر كېڭىيىۋېتىپتۇ، قەشقەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەمما، چوڭ كوچىلىرى تار، بىنالىرى رەتسىز كۆرۈنىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ يېقىملىقلىقىنى ساقلاپتۇ، — دېدى ھاجى خېنىم گېپىگە سەما بولۇپ ئولتۇرغان گۈلسۈم، تۇراپلارغا قاراپ، — دۆڭباغ، كوزىچى، قازانچى، يارېبىشى تەرەپلەر، بولاقبېشى، جانقورغان، چاسا مەھەللىلىرىگە ئوخشاش ئانچە ئۆزگەرمەپتۇ، شۇ پېتىچە ئىكەن، ھاجەتخانىلارنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. يەر ئاستى پاسكىنا سۇ يوللىرى بولمىغاچقا، ئاھالىلەر قىينىلىپ قاپتۇ. نېمىشقا ئامال قىلىنمىدىكىن؟

— بۇ يوقسۇزلۇقنىڭ ئالامىتى، ھاجى خېنىم، — دېدى تۇراپ ئاخۇن گەدىنىنى سىلىغان ھالدا، — پارتىيە، ھۆكۈمەت كۆپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھالا مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۇق. خېلى ئەركىن - ئازادە بولۇپ قالدۇق. كېيىنچە تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاستا كېتىۋاتقان ماشىنا ئەينىكىدىن قارىغان ھالدا دېدى:

— بۇ ئەتراپ ئىلگىرى ئويمان - سايلىق ئىدى، كۆل قىلىنغىنى ئوبدان بوپتۇ. بۇ يەردەك سۇ ئۈستى باغچىسى بولۇشقا لايىق گۈزەل جايلار يۇرتىمىزدا كۆپ. كەلگۈسىدە كاتتا سەيلىگاھلار مەيدانىغا كېلىدۇ.

ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان خەيرىنىساخان گەپكە قوشۇلدى:

— ھاجى خېنىم، بۇ يەر ھەقىقەتەن قانچە ئەجىر قىلسا بولىدىغان مەنزىرىلىك جاي. لېكىن، سەيلىگاھ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ. ھازىر ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى مىڭ يىلدىن بېرى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان قالاق سايمانلار. شۇنداق بولسىمۇ ئارام ئالماي جان پىدالىق بىلەن تەر تۆكۈپ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى كەلگۈسىدە بولۇپ قالار، — دېدى.

— ئۆزگىرىش بولۇۋېتىپتۇ، تۇغقانلىرىم، يۇرتداشلىرىم بايلىقىا، گۈزەللىككە ئىنتىلىۋېتىپتۇ، يوقسۇزلۇقتىن ئامالسىز قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى، «ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس، تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزۈۋەتكەي ئىككى بىلمەس» دېگەن گەپ بار. نادانلىققا خاتىمە بەرمەي تۇرۇپ مىللەتنى، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

— نادانلىق ئاپەتنى چىللايدىكەن، كىشىنى خورلۇقتا قالدۇرىدىكەن، — دېدى قۇدىسىنىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ كەينىگە قاراپ ئولتۇرغان خەيرىنىساخان.

— نادانلىققا قىلىچ چاپقىلى، ئوق ئاتقىلى بولمايدۇ، خەيرىنىسا خېنىم، مەرىپەت، ئىلىم - ھېكمەت بىلەن شۇغۇللانغاندىلا نادانلىققا خاتىمە بەرگىلى، ئەل - يۇرتنى تەرەققىي تاپتۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇشىمىز ھەممىدىن زۆرۈر.

ئىككى قۇدا تاختاكۆۋرۈك دەپ ئاتىلىدىغان زاراتگاھلىققا كەلگۈچە مۇڭدىشىپ ئەھۋاللاشتى. ماشىنا توختىدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا بولكىۋايمۇ يېتىپ كەلدى. تۇيۇقسىز نۇرنىسا ھاجى خېنىمنى يىغا تۇتتى. باللار

كۆرمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، مىسقالە روملىنى يۈزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ماڭدى. قىپقىزىل لاي سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنى بويلاپ يۈرۈپ، ئۇڭ ياندىكى بوستانلىق يېزا يولىغا قەدەم قويدى.

زاراتگاھلىق جىمجىت ئىدى. ئۆرۈلۈپ كەتكەن، سۆپىلىرى ئۆلتۈرۈشقان قەبرىلەر، شام گۆرلەر، گۈمبەزلەر بىلەن بىر قاتاردا يېڭى قوپۇرۇلغان مەقبەرىلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى.

— ئاھ، ئانا، مۇساپىر قىزلىرى كەلدى، دادا! — دەپ ئۆزىنى تۇتالماي ئىككى قولى بىلەن ئىككى قەبرىگە ئېسىلغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم سەلدەك كەلگەن كۆز يېشىغا ھەممەيلەننى غەرق قىلىۋەتتى. نېرىراقتىكى كىچىكرەك بىر قەبرە يېنىدا گۈلنىسا يىغلاشقا باشلىدى:

— ياش كەتكەن ئاچام، ئانام كەلگەندە سىلى بولسىلىرى بولمامتى، ئاچام، كۈندەك ئاچام، ئايدەك ئاچام، مېنى يالغۇز قويۇپ كەتكەن ئاچام، ۋاي ئاچام...

يۈرەك - باغرى سۇ بولغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئېتىلىپ كەلگىنىچە بۇ كىچىك قەبرىنى قۇچاقلىۋالدى:

— ھۆرنىسا قىزىم، جېنىم بالام، مەن كەلسەم سىلى كېتىپ قاپلا، بالام، نېمىشقا ئانىلىرىنى داغ ھەسرەتتە قويدىلا، بالام؟ ! بۇ تۇپراق ئاستىغا سىلىدىن بۇرۇن مەن كۆمۈلسەم بولمامتى، بالام؟ ! ئېچىلمىغان غۇنچە بالام، ئوخشايتتىلە گۈلگە بالام، نېمىشقا توزۇپ كەتتىلە، بالام؟ نېمىشقا قۇرۇپ كەتتىلە، بالام؟ ئاھ، بالام، ۋاي بالام، جېنىم بالام...

باشقىلارمۇ قەبرە يېنىدا زوڭزىيىپ ياش تۆكمەكتە ئىدى. گۈلسۇمخان، تۇراپ ئىككىسى رىشاتنىڭ قەبرىسىگە يېپىشقانىدى:

— ئىزدىسەك تېپىلماس ئوغلۇم، ئۇن گۈلنىڭ بىرسى

ئېچىلمىغان ئوغلۇم، قارا بوران سوققان ئوغلۇم، ۋاي ئوغلۇم ...

خەيرىنىساخان يېشىل كاھىش بىلەن قاتۇرۇلغان مەقبەرىنى سىلاپ:

— ئاھ، ھەمراھىم، ئىسىت ھەمراھىم، سىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتەر دەپ كىم ئويلىغان، ھەمراھىم؟! خەلق غېمىنى يەپ، يۇرت خىزمىتىنى قىلىپ ياتقان يەرلىرى مۇشۇ بولدىمۇ ھەمراھىم! ئاھ، ھەمراھىم، ۋاي ھەمراھىم، — دەپ نالە قىلىۋاتاتتى.

ئايتۇراغا يۆلىنىۋالغان مۇھتەبەرخان بىر قەبرىگە ئېسىلىپ:

— ياش يوپۇرماق كەتكەن قىزىم، داغدا قويغان قىزىم، قەبرە ئاستىدا بارمۇ سەن، قىزىم، دىدارىڭنى بىر كۆرسەتسەڭ بولمامدۇ، قىزىم! ئاھ، ئىسىت قىزىم، — دەپ يۈز - كۆزىگە توپا چاچاتتى.

قۇرئان تىلاۋەتتىن كېيىن، نۇرنىسا ھاجى خېنىم قەبرىگە قارىغۇچىلارغا پۇل، كىيىم - كېچەك بەردى. قادىر ئاچىققان نانلارنى جۇپلەپ تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلغان سائىللارغا تارقاتتى. ئاندىن تۆت تەرىپىگە سالام بېرىپ «يەنە بىر قېتىم چىققىنىمدا بىر قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىپ بېرەي» دەپ ئويلىدى...

— بالام، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم بىر كۈنى كەچ سادىرغا، — تىجارەتچى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن پۇلۇم كۆپ ئەمەس، ئەمما زېھنىي قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىپ يىغىپ قويغىنىم بار. خۇدا نىيىتىمگە يەتكۈزسە، قەشقەرگە زامانىۋى مەدەنىيەت سارىيىدىن بىرنى سېلىپ، ئەۋلادلارغا سوۋغا قىلىمەن. مەدەنىيەت سارىيىمۇ مەكتەپكە ئوخشاشلا زۆرۈر، ئۇ بولمىسا روھنى ئۇرغۇتقىلى بولمايدۇ.

— ياخشى تىلەكلىرىگە رەھمەت، ھاجى ئانا، — دېدى

سادىر قېيىنئانىسىنىڭ بۇ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم كېلىدىغانلار بىرئاز سېلىككەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھازىدار ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە، ئاندىن ئىككى ھەپتىگىچە تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە ئوقۇدى.

— بالىلىرىم، ئۆز يۇرتۇمنىڭ توپىسى يېنىك بولسا كېرەك، قانچە ماڭسانمۇ ھارمايۋاتىمەن. چەت ئەلدىكى چېغىمدا يۈز قەدەم يەرگە بارسام ھېرىپ قالاتتىم. ماڭاي، مېڭىۋالاي، — دەپ يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشىدىن بۇلاقبېشى مەھەللىسىگە، قارقىدەرۋازىرىدىن نوربېشىغىچە، چاسىدىن قۇمدەرۋازىغىچە مېڭىپ باراتتى. مېڭىشتىن، ئەتراپقا قاراشتىن زادى زېرىكمەيتتى. چوڭ - كىچىك، باي - كەمبەغەل دېمەستىن چاقىرغانلىكى ئۆيگە باردى. ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى پىششىقى تۈگىگۈچە مېھماندارچىلىق تۈگىمىدى.



## ئون بىرىنچى باب

# خۇشلىشىش

### 1

رەناخان سالاھىدىنغا نەچچە قېتىم دەپ، دېگىنىگە كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، رومىلىنى ئارتىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. تال - تال بولۇپ ساقاللىرى تىكەنلەشكەن سالاھىدىن ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— نەگە بارىسىلە، خوتۇن؟

— نەگە باراتتىم، دادىسى، ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىممۇ گېپىم ئۆتمەيدىغان بۇ قەسىرلىرىدە نېمە قىلىمەن تۇرۇپ؟ بۇ يەردە تۇرۇشقا لايىق كەلمەيدىغان ئوخشايمەن، يول بەرسىلە.

— نېمە بولدۇڭلا، سىلىنى خېلى ئەدەپلىك، خان سۈپەت ئايال دەپ سۆيۈنۈپ كېلىۋاتاتتىم. بۈگۈن نېمە بولدى، ئەستاغپۇرۇللا! — سالاھىدىن ساقىلىنى سىيپاپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى.

— دادىسى، مەنمۇ سىلىنى مەرد - مەردانە ئادەم، دەپ ھۆرمەتلىرىنى قىلىپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بىلسەم سىلى ئۆتۈپ كەتكەن باغرى تاش، نامەرد ئادەم ئىكەنلا. بۇرۇن سىلىگە خوتۇن بولغان بىر ئايال ئالدىدا مېنىلا چۈشۈرۈپ قالماي، ئۆزلىرىنىمۇ پەسلەشتۈرۈۋەتتىلىغۇ. ئۇ ئايالنى قىچقىرىۋالمىسام بۇ ئۆيدە تۇرغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى

ئەمەسمۇ؟ مەندەك ئەرزىمەس نالايىق خوتۇننى ساقلاپ پىشۇرۇپ يەملا؟ مېنى توسمىسىلا.

— زادى مەقسىتىڭ شۇ ۋاپاسىز خوتۇننى ئۆيۈڭگە قىچقىرتىۋېلىش بولسا، ماڭا دەپ ئولتۇرماي، قىلىدىغىنىڭنى قىلىۋەرمەمسەن! ئەستاغپۇرۇللا! — سالاھىدىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى جايىغا چۈشكەن رەناخان ئارقىسىغا ياندى.

رەناخان شەنبە كۈنىگە توغرىلاپ نۇرنىسا ھاجى خېنىم، خەيرىنىساخانلاردىن تارتىپ، ئايتۇرا، مۇھتەبەر خانلارغىچە چوڭ - كىچىك ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - تونۇش ھەقەمسايىلەرنى مېھمانغا تەكلىپ قىلدى.

— ئانا، ھاجى خېنىملارنى ماشىنا بىلەن ئەكېلەمدىمەن؟ — سورىدى قارشىپ بېرىۋاتقان ئابدۇراخمان.

— شۇنداق، بالام، دەسلەپتە ھاجى خېنىملارنى ئەكەلگىن، كېيىن خەيرىنىساخان، ئايتۇراخانلارنىمۇ ماشىنا بىلەن ئەكېلىپ قويغىن.

— مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى ماشىنىدا ئەكېلىمەن.

— خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن، بالام.

ئابدۇراخمان بىر سائەت ئىچىدە مېھمانلارنى ئەكېلىپ بولدى. چوڭ سارايدا لىق ئولتۇرغان مېھمانلارغا يەل - يېمىش، مۇراببا، سامبۇسا، قۇيماق، قەنت - گېزەك قويۇلغاندىن كېيىن چاي تارتىلدى. شورپا، پىتىر مانتا، كاۋاپ، لەڭمەن، پولۇغا قازان ئېسىلدى. رەناخان دۇتار، داپنى ئەكىرىپ، نۇرسىمان بىلەن خەيرىنىساخانغا تۇتقۇزدى.

— زېرىكىپ قېلىشمىسىلا، ياخشى قارىيالمىدىم. نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ئاران كەلگەن چېغىدا بىر پەدە چېلىپ يىغاندىن چىقايلى، — دېدى تەۋازۇ بىلەن شورپا، كاۋاپ تارتىلىپ بولغاندا.

خەيرىنىساخان دۇتارنى، نۇرسىمان داپنى چالدى. رەناخان

ئۆيگە ئۇسسۇل ئويناپ كىرىپ كەلگەندە، مېھمانلار:

— ۋاھ، رەنا خېنىم، ياشاپ كەتسىلە، — دېيىشىپ كەينى ـ كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۇشۇپ كېتىشتى. نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا ھەممىدىن بۇ كۈندىشىنىڭ ئۇسسۇلى، تەۋازۇ ـ سۇلكەتلىرى ياقتى. «سالاھىدىن ئاخۇنغا يارىغۇچىلىكى بار ئىكەن. دۇتارنى ئاجايىپ پەيزى چالىدىكەن، ناخشىنىمۇ قىز بالىدەك لەرزان ئېيتىدىكەن، ئۇسسۇلنىمۇ قالتىس ئوينايدىكەن» دېدى ئۇنىڭ يۈرەكلىرى چىمىلداپ. شۇ ئەسنادا قۇدىسى خەيرىنىساخان ئۇنى تۈركچە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ھاجى خېنىمنىڭ گىتار، ئىسكىرىپكا چالىدىغانلىقىنى ئۆيدە ئىككى كۈن تۇرغاندا بىلگەندى.

— قەشقەر ئۈز يۇرتلىرى، ھەممە نېمىسى سىلىگە تونۇشلۇق. ئەمدى سىلى ياشىغان يەرلەرنىڭمۇ ناخشا ـ سازلىرىنى ئاڭلاپ باقىلى، — دېدى ئۇ ۋە رەناخانغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. مېھمانلارغا قېنىق دەملەنگەن چايدىن قۇيۇپ ئولتۇرغان ئايتۇرا نۇرنىسا ھاجى خېنىمغا چاي تۇتتى. تىلى بولسا يۈرەك ـ باغرىدىكىنى قالدۇرماي تۆكۈپ: «جېنىم دوستۇم، دۇنيادا سىلىگە يېتىدىغان يەنە بىر ئايال يوق، سىلى پاك، ۋاپادار، يۇرتلىرىغا شۇنچە يىراق يەردىن كەلدىلە، بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرسەك ئەرزىيدۇ» دېگەن بولاتتى.

رەناخان ئەتىگەندىن بېرى دادىسىنىڭ ئورنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئابدۇراخمانىنىڭ گىتارىنى كۈندىشىغا ئىككى قوللاپ سۇندى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئېلىپ، مېھمانلارغا باشتىن ـ ئاخىر نەزەر سېلىپ دېدى:

— قېرىنداشلىرىم، دوستلىرىم «گاھىدا خۇدا بىلەن رەسۇل، گاھىدا دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دېگەندەك، ئۇيغۇر خەلقى ھەرقانداق شارائىتتىمۇ غەزەلى بىلەن ئۇسسۇلدىن ئايرىلماي كەلگەن خەلق. ئەگەر مەنمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇلى بىلەن غەزىلىنى بىلمىگەن بولسام، ياقا يۇرتلاردا مۇساپىرچىلىقتا،

ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرەلمەي، ئۆزۈمنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى ئاچالماي، بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتىم. مانا مۇشۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئەڭ ئازابلىق كۈنلەردىمۇ ماڭا تەسەللى بولدى. يۇرتۇمنى، ھەرقايسىلىرىنى ئۇنتۇلدۇرماي سېغىندۇردى. يۇرەك - باغرىم سىقىلغان چاغلاردا، پىغانىم تۇتقاندا ناخشا ئېيتىپ، گىتار چېلىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم. رادىيودىن ئۇيغۇر ئەلنەغمە، غەزەللىرىنى ئاڭلاپ قايغۇمنى يېنىكلەتتىم. تۇغقانلار، ناخشا - ساز ئادەمنىڭ جېنىغا جان قوشقۇچى مەنىۋى ئوزۇق ئىكەن. ھەربىرلىرى تەلەپ قىلىشقاندىكىن چېلىپ بېرەي، ئويناپ بېرەي. ھەربىرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچالىسام، ئەزىز يۇرتۇمغا قايتا قەدەم باسقانلىقىمدىن رازى بولىمەن. باللىرىمنى، ھەربىرلىرىنى دەپ ھايات تۇرغانلىقىمدىن پۇشايمان قىلمايمەن.

ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. مۆھتەبەر ھەم سۆيۈنۈپ، ھەم ھەسرەتلىنىپ دوستىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

قاراپ ئولتۇرغان رەناخان «مەن ئۆزۈمنى گەپدان چاغلايتتىم، ھاجى خېنىم ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدىكەنمەن، ئەجەب زوۋانداز خوتۇن ئىكەن بۇ. مەلىكىلەردەك ئولتۇرغىنىنى قارىمامدىغان. ئۇنىڭدىكى سۆلكەت، نازاكەت ھېچقايسىمىزدا يوق. ئۇ كەلگەندىن بېرى ئېرىمنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ياشلىق ۋاقتىدىكى ئىشق - ھەۋەسلىرى قوزغىلىپ قالدىمىكىن، بىلمىدىم. نېمە بولسىمۇ قىچقىرىۋالغىنىم ئوبدان بولدى، ھەممەيلەننىڭ قورۇ - جايلىرىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ھويلا - ئۆيلىرىمنى، بىساتىمنى، بايلىقىمنى كۆردى. گۈلنىسا بالامۇ خۇش بولدى...» دەپ ئويلاپ نەزىرىنى ئۈستۈن تۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم كاستۇمىنى سېلىپ گۈلنىساغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن يېشىل ھىلھىلە رومىلىنى بېشىدىن

سىيرىپ بوينىغا چۈشۈردى. شۇ تاپ ئۇ ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەك بولدى، شۇ تۇرقىدا ھېچكىم ئۇنى ئەللىكتىن ھالقىغان ئايال ئەمەس، تولغان جۇۋان ئىكەن دەپ قالاتتى. ئۇ گىتارنى قولىغا ئېلىپ، شۇنداق سۇلكەت بىلەن چالدىكى، ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. ئولتۇرغانلار بۇ چاغقىچە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ مۇزىكا تۈركىيەنىڭ مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان «ئاي ئۇزەر كۆپكۆك دېڭىزدا» دېگەن مۇزىكىسى ئىدى.

ئابدۇراخمان ئىنىلىرى بىلەن دېرىزىدىن ماراپ كۆردى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم «بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلمەڭ» دېگەن ئىنگلىزچە ناخشىنى ئېيتقاندا بولسا، چوڭ ـ كىچىك ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قېلىشتى. شىلدىرلاپ تۇرغان دەرەخ تۈۋىدىكى قىز ـ يىگىت نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گىتارنى قىزىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، رەناخاننى ئۇسسۇلغا تارتتى. مۇھتەبەرگە ئىشارەت قىلىنىدى، دۇتارنى تىلغا كىرگۈزدى. نۇرسىمان داپنى ھەر تەرەپكە سۇنۇپ چېلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىككى كۈنداشنى پەرۋانىدەك ئايلاندۇرۇۋەتتى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم زىلۋاراق، رەناخان توغرىلىقراق كەلگەنىدى. ئۇلار خورازدەك بازغىنىشىپ، قاش ئېتىپ، كۆز تاشلاپ چاڭ چىقىرىۋېتىشتى.

. خەيرىنىساخان بىر پەتنۇستا دۈۋە ئاق نان، بىر پەتنۇستا ئىككى كىيىملىك يىپەك گۈللۈك دۇخاۋىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، نۇرنىسا ھاجى خېنىم بىلەن رەناخاننىڭ باشلىرىدىن ئۆرۈپ، ساز چېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويدى. بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ چېكىسىگە پۇل قىستۇرۇش، بېشىدىن ئۆرۈپ سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاش ئادىتى بىر مەزگىل توختاپ قېلىپ، يېقىندىن بېرى يەنە پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى.

ئايتۇرا ئارچا ياغىچىدا كۈرەككە ئىسرىق سېلىپ كىرىپ،

ئۆينى بىر ئايلانىدۇرۇپ، گۈلدار ئەگمە كۆنگۈرىلىك تەكچىگە قويدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ جايلىرىدا ئولتۇرۇشتى. گۈلنىسا بۇ ئىككى ئانىسىغا چاي قۇيۇپ سۇندى. شۇ چاغدا بولكىۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر ئازدىن كېيىن كوچىدا ئويناۋاتقان جەزىرەگۈل يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە ئانىسىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

— بالام، ماشىنىنى كېيىنرەك ئەكەلسەڭ بوپتىكەن، — دېدى خەيرىنىساخان ئىشىك ئالدىدا تۇرغان قادىرغا، — تېخى پۇلۇ تارتىلمىدى. مېھمانلار كۆڭۈل ئېچىشىۋاتىدۇ.

— ئانا، مەن ھەربىرلىرىنى ئەكەتكىلى كەلمىدىم، — دېدى قادىر ئالدىراپ. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى.

كۆڭلى خاۋاتىرلەنگەن خەيرىنىساخان:

— ئەمىسە نېمىگە كەلدىڭ، بالام؟ ئابدۇلغەنىدىن خەۋەر كەلدىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىرىما، دەپ بېرەي، ئانا، — قادىرنىڭ ئاۋازى بوش چىقتى، — سالاھىدىن دادامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ يېتىپ قالدى.

— ۋاي، نېمە دەۋاتىسەن بالام، ھازىر نەدە؟

— ئەتىگەندىن بېرى ئىشخانىسىدىن چىقماي ئولتۇرغانىدى. چۈشتە ئۆيدىن چىقارغان تاماقنىمۇ يېمىدى، ماڭىمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. نېمە ئىشتىنىدۇر خاپا بولغاندەك قىلىدۇ، چىرايى بەكلا تۇتۇق. ناماز دىگەردىن يېنىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي دەپ كىرسەم يىقىلغىنىچە يېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ: «بالام، بولالماي قېلىۋاتىمەن، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغىن» دېدى ئارانلا. سادىن ئاخۇن ئاكام، يەنە ئىككى خىزمەتچى بىلەن سالاھىدىن دادامنى كۆتۈرۈپ ناھايىتى تەستە پەسكە ئەپچۈشتۇق. ماشىنىغا سېلىپ ئۇچقاندەك ھەيدەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. دوختۇرلار كۆرۈپ: «يۈرەك سوقۇشى ناھايىتى تېزلىشىپ كېتىپتۇ» دەپ ئاسما ئوكۇل

ئېسىپ قويدى. مەن ئۇدۇل بۇ يەرگە كەلدىم.

ــــ بالام، تاماقنى ھازىرلا تارتىپ مېھمانلارنى تېزرەك ئۇزىتىۋېتەيلى، ئاندىن رەناخاننى ئېلىپلا دوختۇرخانىغا بار، ئاڭغىچە سالاھىدىن ئاخۇن ياخشىلىنىپ قالار. ئەگەر بىرەر ئۆزگىرىش بولسا، ماڭا خەۋەر قىلارسەن، سەنمۇ بىر ئاز تاماق يەۋالغىن.

خەيرىنىساخان قادىرنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمان باشلايدىغان ئازادە ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چۈشتى ـ دە، ساراي ئۆيدە ئۇسسۇل كۆرۈپ ئولتۇرغان رەناخاننى دېرىزىدىن شەرەتلەپ چاقىردى.

## 2

نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ تاڭ يورۇماستىنلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى. خىيال سارىيىغا تۈنۈگۈنكى مېھماندارچىلىق كىرىۋالغانىدى. «شۇنداق خۇشخۇي ئولتۇرغان رەناخان بىردىنلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى، كۆڭۈل ئېچىشمۇ توختاپ قالدى، تۇيۇقسىزلا كۇنداشلىقى تۇتۇپ قالمىغاندۇ؟ داستىخاننى قانداق تېز سالغان بولسا شۇنداق تېز يىغدى، ئۇزاتقاندىمۇ ئوچۇق چىراي ئاچمىدى، نېمە قىلغىنىدۇ بۇ، ئۇ خوتۇننىڭ؟ يا سالاھىدىن ئاخۇنغا ئېيتماي چاقىرغان بولسا، كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلغانمىدۇ؟ چاقىرىپ ئاۋارە بولمىسىمۇ بوپتىكەن...» ئۇ خىيال سۈرگىنىچە ھويلىغا چىقتى. غۇر ـ غۇر كۈز شامىلى كۆكسىگە ئۇرۇلۇپ چاچلىرىنى يەلپۈندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ئېقىمىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بونىندىكى چېغىدا نەجمىدىن قۇربانى پات ـ پات چاچلىرىنى سىيپاپ، «خۇدا ھېچقانداق گۈزەلگە بۇنداق قارا چاچ ئاتا قىلمىغان» دەپ سۆيۈندۈرۈپ قوياتتى. مانا قەشقەرگە كەلگىلى ئۈچ ئايدىن

ئاشتى، ئۇنىڭ ھېچ كەتكۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئېرى، ئوغۇللىرىنى ئويلىسا تېزرەك يولغا چىقماقچى بولاتتى. قىزىغا، تۇغقانلارغا ئەھۋالنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەك؟ تەقدىر نېمىدېگەن رەھىمسىز ـ ھە! ئۇزاق يىللار ھىجران ئازابىنى تارتقۇزۇپ، ئاندىن يۇرتىغا كەلتۈرۈپ مانا ئەمدى كەتكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ، كەتمىسىمۇ بولمايدۇ.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم تاھارەت ئېلىپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى. گۈلنىسا پۈتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتاتتى. بۇ قىزنى بۆشۈككە بۆلەكلىك پېتى تاشلاپ چىقىپ كەتكىنى نۇرنىسانىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يىغا تۇتتى. تونۇگۈن مېھمانلاردىن ئوغرىلىقچە شۇ ئۆيگە كىرىپ قاراپ باققانىدى. سېلىنغان بىساتلار يېڭىلانغان بولسىمۇ، كۆركەم تام جاۋىنى بىلەن تىكلىمە تاش ئەينەك شۇ پېتىچە ئىدى. ئەينەك يۈزىگە داغ چۈشۈپ، تۇتۇق بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ مانا مۇشۇ ئۆيدە قىزلىق ئەڭگۈشتەرىنى سالاھىدىنغا تاپشۇرغان، ئىككى قىزىنى تۇغقانىدى...

نۇرنىسا ھاجى خېنىم يېنىغا سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان يوتقاننى قىزىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى. «تاشلاپ كەتكەن چېغىمدا بوۋاق ئىدى، ئەمدى چوكانلىق دەۋرىنىمۇ ئاياغلاشتۇرۇپ جۇۋانلىق دەۋرنى باشلاپتۇ، چېكىسىدە ئاقمۇ پەيدا بوپتۇ. بالىسىمۇ ئاران بىرلا ئىكەن...» دېدى ئۇ ئىچىدە ھەسرەتلىنىپ، ئۇ بۇلۇڭغا قويۇپ قويغان كىچىك چامادانىدىن بىر ئالبومنى ئالدى.

بۇ ئالبوم ئوغۇللىرىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن توشقانىدى. چەت ئەلدىكى ۋاقىتلىرىدا قىزلىرىنى قانداق سېغىنغان بولسا، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇرۇپ، چەت ئەلدىكى ئوغۇللىرىنى شۇنداق سېغىنىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر كۈنى سەھەردە تۇرۇپ، ئالبومدىكى ئوغۇللىرىنىڭ سۈرەتلىرىگە خۇپىيانە قارىۋالاتتى. گۈلنىسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بۇنى قانداق بىلدۈرسە بولاركىن؟

گۈلنىسا چۆشەكەپ ئۇ تەرىپىگە ئۆرۈلدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم قولچىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، ئالبومنى چامادانغا ئىتتىك سېلىۋەتتى ـ دە، نامازغا تۇردى. ئۇ بۈگۈن مەسلىھەت بويىچە مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا بارماقچىدى. قادىر ۋەدىسىدە تۇرۇپ بولكىۋاينى ئەكېلەرمىكىن؟

سۇبھى يورۇپ ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇردى.

گۈلنىسا تۈنۈگۈن بىر ئوبدان كېتىۋاتقان مېھماندارچىلىقنىڭ ئاخىرىسىدىكى سوغۇقچىلىقنىڭ سەۋەبىنى ھازىرغىچە بىلەلمەي ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خان ئاچىسىدىن قاتتىق خاپا بولغانىدى. چاي ئىچىپ بولغۇچە ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق گەپ ئاچمىدى. شۇ چاغدا ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلىنىپ، بىردەم ئۆتمەي قادىر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىمۇ تۇتۇق ئىدى. ئۇ ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ دېدى:

— ئەتىگەنرەك يولغا چىقايلى، ھەربىرلىرىنى ئوپالغا ئاپىرىپ قويۇپ يېنىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، بىر زۆرۈر ئىش بار ئىدى، كەچ قالماي سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بارىمەن. ھاجى ئانا، يەنە تاپشۇرۇقلىرى بارمۇ؟

— رەھمەت، بالام، خۇدا ئۆمۈرلىرىنى، بەختلىرىنى بەرسۇن، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار ناماز شامغا يېقىن ئوپالدىن قايتىپ كېلىشتى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئاچىسى گۈلسۈمخان، خەيرىنىساخانلار بىلەن خوشلىشىپ، قىزى، كۈيئو ئوغلى بىلەن يان كوچىغا بۇرالدى.

مەكتەپتىن قايتقىلى خېلى بولغان پۇرقەت ئاتا ـ ئانىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ، يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھاجى ئانا، تېلېگراما كەپتۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ بىر لېپاپىنى بەردى. قوللىرى تىترىگەن ھالدا لېپاپىنى ئاچقان نۇرنىسا ھاجى خېنىم بىردەم تۇرۇپ كېتىپ تېلېگراممىنى

سادىرغا بەردى:

— بالام، سىلى ئوقۇپ بەرسىلە.

سادىر تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىپ قاراپ، خەنزۇچە خەتلەرنى ئىچىدە ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ بىرقانچە قېتىم ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىشقا پېتىنالماي گۈلنىساغا قارىدى.

— نېمە دەپتۇ، بالام؟

دەرھال ئېيتىپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن سادىر سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىپ بەردى:

«ئىستانبۇل. ئاتام سۆيىقەستكە ئۇچرىدى، ھازىر دوختۇرخانىدا، ئانا، تېز قايتىپ كېلىڭ. باتۇر ئوغۇز»

نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ چىرايى كۆز ياپرىقىدەك سارغىيىپ كەتتى. تېلېگراممىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇن چىقماي ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىشىكنى سادىر ئېچىپ بەردى، ئۇ قىزى بىلەن مۆڭدىشىپ ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

گۈلنىسا ئانىسىنىڭ كەينىدىن كىرمەكچى بولۇۋىدى، سادىر ئۇنى توختىتىۋالدى:

— خان ئانامنى ئۆز ھالىغا قويايلى.

خۇپتەن ۋاقتى بولغانىدى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم تاھارەت ئېلىشقا ھويلىغا چىقىشى كېرەك ئىدى. گۈلنىسا قوغۇن پىچىۋاتقان ئېرىگە دەپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك ئالدىدا توختىغان ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. كەينىگە يېنىپ ھويلىغا چىقىشقا قادىر كىرىپ كەلدى.

— گۈلنىسا ئاچا، يۈرگىن، — دېدى ئۇ باشقا گەپ قىلماي.

سادىر پىچىۋاتقان قوغۇننى قويۇپ ئاشخانىدىن چىقتى.

— ئۇكام، بىر ئىش بىلەن كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئاكا، ساڭا تونۇگۇن دېگەن ئىش بىلەن. ھاجى ئانىمىزنىڭ يېنىدا سەن ئولتۇرۇپ تۇرغىن، مەن گۈلنىسا ئاچامنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراي.

— ئۇكام، مەن نېمىشقا دوختۇرخانىغا بارغۇدەكمەن؟ — گۈلنىسا چۆچۈگەن ھالدا سورىدى.

— سالاھىدىن ئاخۇن دادام تۇنۇگۇندىن بېرى دوختۇرخانىدا. يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بار ئىكەن، قوزغىلىپ قېلىپ يېتىپ قالغاندا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغانىدىم.

— تۇنۇگۇن ماڭا نېمىشقا ئېيتمىغان؟

— ئېيتسام بولمايتتى، گەپ سوراۋەرمەي، يۈرگىن.

— گۈلنىسا، بارغىن، — دېدى سادىر ئەنسىرىگەن تەرزدە.

شۇ چاغدا مېھمانخانىدىن ئايۋانغا چىققان نۇرنىسا ھاجى خېنىم قىزنىڭ ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆيۈ ئوغلىدىن سورىمىدى.

— ھاجى ئانا، ئۇسساپ قالغانلا، قوغۇن پىچىپ قويدۇم، — دېدى سادىر.

— خۇپتەننى ئوقۇۋالاي، بالام، پۈرقەت قېنى؟

— كوچىدا ئويناۋاتامدىكىن.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، قوغۇندىن ئىككى چىشلەم يەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنچە يەنە چىقمىدى. سادىر ئاشخانا، ئايۋانلارنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرگەن بولسىمۇ، ھويلىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىدى.

ئۇجمە دەرىخى شىلدىرلايتتى، كۆزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى چىقىۋاتاتتى. سادىر بىتاقەت بولۇپ ئاسمانغا قارىدى. يۇلتۇزدىن ئەسەر يوق ئىدى. «ھاۋا تۇتۇق تۇرىدۇ، يامغۇر ياغسا كېرەك. قېيىنئاتامنىڭ ھالى قانداقتۇ؟ تۇنۇگۇن بارغانچە قايتا بارالمىدىم، گۈلنىسا كەلسە ئەھۋالىنى ئۇقاتتىم...» سادىر ئويلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا ھېچ

نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. مۇزدەك يامغۇر تامچىسى گەدىنىگە چۈشۈپ ئەندىكتۈرۈۋەتتى. يامغۇر تاراسلاپ يېغىشقا باشلىغاندا ئۇستىبېشى سۇ بولۇپ كەتكەن گۈلنىسا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كەلدى.

— ۋاي بۇ يەردە تۇرۇۋېلىغۇ؟

— ئالدىڭغا باراي، دەپ چىقىۋىدىم. ھە، دادام قانداقراق ياتىدۇ؟

— بىر خىل يېتىپتۇ، — دېدى گۈلنىسا ۋېلىسىپىتنى ئېرىگە بېرىپ. ئۇلار ھويلىغا كىرىپ تۇرۇشىغا چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن پۇرقەت ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— بالام، قەيەرگە باردىڭ؟

پۇرقەت گەپ قىلماي ۋېلىسىپىتنى ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئوتۇنخانىغا ئەكىرىپ، پېشايۋان سۇپىسىغا يۆلەپ قويغان ئانىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىمۇ ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى، ئاندىن ئايۋان ئۆيدە ئولتۇرۇشقان ئاتا - ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— كەچلىك تويى ئولتۇرۇشىغا بارغانىدىم.

— تويى ئولتۇرۇشىغا؟ — گۈلنىسا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئېرىگە قاراپ قويدى.

— ھەئە، تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ تېخنىكومغا ئۆتەلمەي تىجارەتچى بولۇپ كەتكەن بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، شۇنىڭ تويى بوپتىكەن.

— ھە، بىلدىم، بالام. سەن كېلەر يىلى مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئۈنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بېرىسەن. ئولتۇرۇش، تويلارغا قاتنىشىپ يۈرسەڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالارسەنمىكىن.

— خاتىرجەم بولغىن، دادا، ئىمتىھاندىن جەزمەن ئۆتىمەن.

پۈرقەت ئۇخلىغىلى مەنزەرگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ھاجى ئانىسى كەلگەندىن بېرى ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ يېتىۋاتاتتى.

گۈلنىسا ئېرىنىڭ تىزىغا نوقۇپ دېدى:

— ئوغلۇم سىلىنى تارتقاندەك قىلىدۇ، روھى قېرى، ئېغىر.

— مېنى تارتقان بولسا چوقۇم ياخشى ئادەم بولىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، دادام ياخشى بولۇپ قاپتۇمۇ؟

— ئەھۋالىدىمۇ ئۆزگىرىش يوق، — چىرايىدىكى كۈلكە يوقىلىپ غەمكىنلىشىپ قالغان گۈلنىسانىڭ ئاۋازى بوش چىقتى، — ئاسما ئوكۇل سېلىنىۋېتىپتۇ. يۈرەك سوقۇشى ئېگىز - پەس ئىكەن. دىياگنوزى تېخى ئېنىقلانماپتۇ. بۈنى رەناخان ئانام يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەردى. دادام ماڭا تەلمۈرۈپ قارىدى، يىغلاپ كەتتىم. قولۇمنى تۇتۇپ تولىمۇ پەس ئاۋازدا: «سىلىنى كۆردۈم، بالام، ئەمدى كىرىپ كەتسىلە» دېۋىدى، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. كىرىپ كەتكۈم كەلمەي قولىنى تۇتۇپ تۇرۇۋېدىم، «كىرىپ كەتسىلە» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن بۇ سۆزدىن «ئۆيدە يىراقتىن كەلگەن ئانىلىرى قالدى، يېنىدا بولسىلا» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇم. دادامنىڭ ئەھۋالى ئېغىردەك قىلىدۇ، خۇدايىم ئۆزى شىپالىق بېرەر، — گۈلنىسا سۆزىنى يىغلامسىراپ تۈگەتتى.

— دادامنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان، گۆسمەستەك ساغلام ئادەم ئىدى. تۈنۈگۈن كېچە مەن بارغاندىمۇ يوقلاپ بارغان تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ياتىقىغا پاتماي قالغانىكەن. تۇراپ ئاخۇن ئاكام، گۈلسۈمخان ئاچاملار يىغلاپ چىقىپ، يىغلاپ كىرىپ كېتىشتى. ساقىيىپ كېتىدۇ، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما، ھاجى ئانامنىڭ دەردىمۇ يېنىك ئەمەستەك قىلىدۇ، ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

گۈلنىسا چاي دەملەپ ئەكىرەي دەپ ئاشخانىغا چىقتى. يامغۇر پەسلەپ قالغانىدى. چاينى دەملەپ چىقىپ، پېشايۋاندا

ئولتۇرغان ئېرىگە بىر پىيالە قۇيۇپ بېرىپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا كىردى. قانداقتۇر بىر ژۇرنالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان نۇرنىسا هاجى خېنىم ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ـ دە، ئۇنى يېپىپ ئېتىكىگە قويۇۋالدى.

— ئانا، كۆرۈۋاتقانلىرى كىتابمۇ، ژۇرنالمۇ؟ — سورىدى گۇلنىسا بىر پىيالە چاينى ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— رەسىملىك ژۇرنال، بالام.

گۇلنىسا قىزىقىپ قول ئۇزارتتى.

«نېمىشقىمۇ چامادانىدىن ئالغاندىمەن، قىزىم كۆرسە نېمە دەر؟» شۇ ئۆيدا ئارىسالدى بولۇپ قالغان نۇرنىسا هاجى خېنىم ئىلاجىسىز «ژۇرنال» نى بەردى. ئۆزى شۇنچە قىسىلىپ، قورۇنۇپ كەتتىكى، بۇنى تەقدىر سۆزىدىن باشقا هېچقانداق ئىبارە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

— ژۇرنال ئەمەس، ئالبوم ئىكەنغۇ، — دېدى سۈرەتلەرگە كۆز سالغان گۇلنىسا.

ئالبومنىڭ بىرىنچى بېتىگە نۇرنىسا هاجى خېنىمنىڭ يېرىم چۈشكەن رەڭلىك سۈرىتى چاپلانغانىدى. ئىككىنچى بېتىدە پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق، كاستۇم ـ شىم كىيىپ گالىستۇك تاقىغان قارا بۇرۇتلۇق بىر ئادەمنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر نۇرنىسا هاجى خېنىمنىڭ خىلمۇخىل كىيىم بىلەن تۇرلۇك قىياپەتتە ۋە كۆرۈنۈشتە يالغۇز هەم هېلىقى بۇرۇتلۇق كىشى بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرى بىلەن تولغانىدى. بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئۈچ ئوغۇل بالىنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بەت ئارىلاپ كۆزگە چېلىقاتتى. ئېمىتىۋاتقان، كۆتۈرۈپ تۇرغان، بىللە كېتىۋاتقان چاغدا تارتىلغان سۈرەتلەر گۇلنىساغا ئۆز ئىنىلىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەردى. قولى تىترەشكە باشلىغان گۇلنىسا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكتى.

ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن نۇرنىسا هاجى خېنىم

پىيالىنى قويۇپ قىزنى باغرىغا باستى.

— بالام، مەن كېلىپلا سىلىگە ھەممە كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانىدىم. ئەمما سىلىنىڭ، تۇغقانلارنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويماي دەپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئېيتىپ بەرمىدىم. كەلگەن تېلېگراممىا ھايات سىرىمنى ھەربىرلىرىگە ئېچىپ بەردى. ئەمدى مەن سۆزلەپ بېرەي.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بولغاندا، گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ ياغلىقىنى يۇغاندەك ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. قىزنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئانا ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— يىغلىمىسىلا، بالام، يىغلىمىسىلا. سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى جۇدالىق بېشىمغا كەلتۈرگەن دەردۇبالا. مەن بۇنىڭغا چىداپ كەتتىم، چىدىمىغان بولسام ھايات قالماپتىم. سىلىمۇ قىزىم، باشلىرىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپلا. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مانا ئاخىر بىزمۇ كۆرۈشتۇق، بالام. ھايات دېگەن شۇنداق ئۆتىدىكەن. ئەسلىدە مېنىڭ كەتكۈم يوق ئىدى، ئەمما يىراقتا، باشقا بىر مەملىكەتتە ئۈچ ئوغلۇم دادىسى بىلەن مېنى كۈتمەكتە. ئۇلار ئەۋەتكەن تېلېگراممىا مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. جېنىم قىزىم، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ئانا، سۆيۈملۈك ئانا، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئۆزلىرى كەلگەندىلا، يەنە قايتىپ كېتىدىغانلىقلىرىنى بىز بىلگەن. بىزنى ئاياپ ئۇ تۇغرۇلۇق گەپ قىلمىدىلا، بىزمۇ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدۇق...

گۈلنىسا يىغا تۇتۇپ كېتىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى. ئانا قوللىرى بىلەن قىزنىڭ يېشىنى سۈرتتى:

— جۇدالىق سەۋداسى ئادەمنى شۇنداق گاڭگىرىتىپ قويىدىكەن، بالام.

گۈلنىسانىڭ ئوي ـ پىكرى چېچىلىپ قالايمىقانلاشقىلى تۇردى، ئۇ:

— ئانا، دادا ... — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— بالام، دادىلىرى نېمە بولدى؟ سىلى دەۋاتقان تۇراپ ئاخۇنمۇ، سالاھىدىن ئاخۇنمۇ؟

— سالاھىدىن دادام دوختۇرخانىدا...

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

گۈلنىسا دادىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

— تۇرۇش ۋاقتىمنى يەنە ئۈچ ئاي ئۇزارتىپ، ھەربىرلىرىنىڭ يېنىدا كۆپرەك دىدارى مۇلاقات بولۇش قارارىغا كەلگەنىدىم. ئەمدى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھەربىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىمەن. مېنى يەنە تۇرۇشقا زورلاشمىسىلا، قىزىم. تەقدىر قىسمەت شۇنداق ئىكەن، خۇدا خالىسا يەنە كېلىمەن. ئەتە سىلى بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا بېرىپ دادىلىرىنى يوقلاپ، رازىلىق ئېلىۋالاي، ئۇ نېمىلا بولسۇن، سىلىنىڭ دادىلىرى، رازىلىق ئېلىشىم زۆرۈر.

ئانا ـ بالا مۈڭدىشىپ كېچىچە ئۇخلاشمىدى. ناماز بامداتنى بىللە ئوقۇپ، قادىرنىڭ ماشىنىسىدا سادىر بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا كېلىشتى. ئۇلار نۇرنىسا ھاجى خېنىمنى باشلاپ كېسەل ياتىقىغا كىرگەندە، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن رەناخان سۇسقىنا سالاملاشتى. سالاھىدىن ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئاسما ئوكۇل سېلىنغانىدى. ئۇ بېشىنى سەل يانتۇ قىلىپ نۇرنىسا ھاجى خېنىمنى كۆردى. كۆزلىرى ئېچىلىپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، چېكە تومۇرلىرى شۇ زامانلا كۆپۈپ چىقتى. ئاغزىنى ئېچىپ يۇمدى، بېشىنى بىر سىلكىپ ئارقىسىنى قىلغىنىچە ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا قارىمىدى، زۇۋانمۇ سۈرمىدى.

— مەن رازى، سالاھىدىن ئاخۇن، سىلىمۇ رازى بولسىلا، مەن يەنە يىراققا كېتىۋاتىمەن.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم تەلمۈرۈپ ـ تەلمۈرۈپ جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن:

— خۇدايىمغا ئامانەت، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، — دەپ ئاستا كەينىگە ياندى، ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىدىن دومىلاپ يەرگە چۈشتى.

3

سادىر ئايروپىلان بېلىتىنى ئەكىرگەندە نۇرنىسا ھاجى خېنىم خەيرىنىساخان، مۇھتەبەر، گۈلسۈمخان، ئايتۇرا، گۈلنىسالار بىلەن ئايۋاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بازاردىن ئەكىرگەن بىر تەخسە ئەنجۈرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ھاجى ئانا، بېلەتنى ئەكىردىم، سائەت ئون بىر يېرىمدا ئۇچىدىكەن، بىز توققۇزدا ئۆيدىن قوزغالساق بولار.

— رەھمەت، بالام، ھەربىرلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم.

— ئۆزلىرىنى ياخشى كۈتەلمىدۇق، ھاجى ئانا. كېلىشلىرى قانداق تۇيۇقسىز بولغان بولسا، كېتىشلىرىمۇ شۇنداق ئۇشتۇمتۇت بولۇۋاتىدۇ. خىزمەتلىرىنى رازى بولغۇدەك قىلالمىدۇق، — دېدى سادىر قوللىرىنى كۆكسىدە قويۇپ.

— بالام، بارالمايدىغان بولدۇم، دەپ خەت يېزىۋېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا كېلىپ ھەربىرلىرىنى ئاۋارە قىلىۋەتتىم. خاتىرجەملىك ئىنسان ئۈچۈن ھاۋادەكلا زۆرۈر ئىكەن، نېمىلا بولسۇن ھەربىرلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ ھەسرەتلىك ئۇنىدىن جۇدالىقنىڭ قايغۇسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مۇڭلانغان چىرايىدىن غەم ـ ئەندىشە تاراملاۋاتاتتى. گۈلنىسا خامۇش بولۇپ قالغانىدى. نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاراپلا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلىك ئىدى.

سادىر ئاسقۇدىكى فوتو ئاپپاراتىنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى.

ئۇ قېيىنئانىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، سارغايغان ياپراقلىرى شىلدىرلاپ تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۈجمە تۈۋىدە تۇرۇشقان تۇغقانلارنى سۈرەتكە تارتتى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم گۈلسۈمخان، خەيرىنىساخان، ئايتۇرا، گۈلنىسالار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۈرەتكە چۈشتى. سادىر، گۈلنىسانى ئىككى يېنىغا ئېلىپ پۈرقەتكە تارتقۇزدى. ئۇنىڭ كىندىك قېنى ئاشۇ يىلى قويۇلغان مۇشۇ ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈلگەنىدى. ئۇ ئاتا مىراس ئۆيدە تۇنجى نىكاھ ئوقۇلغاندا، مۇشۇ ئۈجمە دەرىخى تەكلىپسىز شاھىت بولغانىدى. ھۆرنىسا، گۈلنىسالارنىڭ كىندىك قېنىمۇ ئۇنىڭ تۈۋىگە تۆكۈلگەنىدى. ھەممە نەرسىلەر ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ ھويلىدا، مۇشۇ ئۈجمە دەرىخىلا تۈسىنى ئۆزگەرتمەي بوي تارتىپ، باراقسان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۈجمە دەرىخىگە چوڭقۇر مېھرى بار ئىدى. بونىن، ئىستانبۇلدىكى چاغلىرىدا نەچچە قېتىم مۇشۇ ئۈجمە دەرىخىگە چىقىپ چۈشەپ قالغانىدى. شۇ كۆڭلىگە چۈشتىمۇ، پۈرقەتنى ئۈجمە دەرىخىگە چىقىرىپ ئۆزى تۆۋەندە تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشتى.

— بالام سادىر، گۈلنىسا، — دېدى ئۇ پېشايۋان سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئەمىسە گېپىمىز گەپ بولسۇن. تۈركىيەگە بېرىپلا، ئالدى بىلەن پۈرقەت، جەزىرەگۈلگە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش تەكلىپ قەغىزى ئەۋەتىمەن، باشقىلارنى مەن ياشىغان يەرلەرنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىمەن. تۇغقانلار بېرىپ - كېلىپ تۇرساق جۇدالىق دەردىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

— خۇدايىم ئېيتقانلىرىنى كەلتۈرۈپ بەرسۇن، سىڭلىم، — گۈلسۈمخان يىغلاپ رەھمەت ئېيتتى.

— بالام، تۇراپ ئاخۇن بوۋاڭنى، ھۆرلىقا، ھەلىمە ئاچىلىرىڭنى، سادىر ئاكاڭنى، ئەخمەتجان داداڭنى، ئوغۇل -

قىزلىرىنى، ئاسىيە ـ جەزىرە گۈلنى چاقىرىپ كەلگىن، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى، هايال بولۇپ قالمىغىن، بالام.

— ماقۇل، هاجى ئانا!

پۇرقەت ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

تۇغقانلار يىغىلىپ چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— تۇغقانلار، بالىلىرىم، — دەپ سۆز باشلىدى نۇرنىسا هاجى خېنىم، — هەربىرلىرىدىن زادى ئايرىلغۇم يوق، ئامالسىز قالدىم، پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، — ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، — هەممە تۇغقانلار يىغىلدۇق، قارىسام، كىچىك ۋاقتىمدا كۆزگە كۆرۈنگەن تۇغقانلارنىڭ كۆپچىلىكى تۈگەپ كېتىپتۇ، ئاز قېلىشىپلا. يەنە بىر قېتىم دىدار كۆرۈشكۈچە كىم بار ـ كىم يوق، بۇنى ئاللا بىلىدۇ. ئۈمىدىم شۇكى، قويۇق كەلدى ـ باردى قىلىپ، ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈشسىلە. ئىناق، خۇشال ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. تۇغقانلىرىم، سالامەت بولساق قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇپ، راهەت ـ پاراغەتكە يېتەلەيمىز. بالىلارنى ئوبدان ئوقۇتۇپ، ياخشى تەربىيە قىلىشسىلا. ئەزىز يۇرتۇم قەشقەرنىڭ بازارلىرىنى بىللە ئايلىنىپ سۈرەتكە چۈشكۈم كېلىۋاتىدۇ، مالال كەلمىسە بىللە چىقساق.

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، هاجى خېنىم، بىللە چىقمامدىغان، سىلى كېلىپ نەچچە يىل تاشلىنىپ كەتكەن تۇغقانلارمۇ ئىزدىشىپ بىر داستىخان ئۈستىدە يۈز كۆرۈشتۇق. بىر ـ بىرىمىزگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىمىز كۈچەيدى. بۇ هەممىمىز ئۈچۈن غەنىيمەت، هاجى خېنىم، سىلىگە رەھمەت.

هەممەيلەن خەيرىنىساخانىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، رەھمەت ئېيتىشتى. دۇئادىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ ئاۋۋال يۇمىلاقشەھەر كۆلىبېشىدا سۈرەتكە چۈشۈشتى. سادىر، پۇرقەت، ئاسىيە، جەزىرەگۈللەر نۆۋەت بىلەن سۈرەتكە تارتتى.

هېيتگاهقا كەلگەندە، مۇنار تۈۋىدە، جامەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، گۈللۈك ئىچىدە سۇرەتكە چۈشۈپ، بۇ يەردە بىر ئاز تۇرۇشتى. ئۇردا ئالدى بازىرى، دوپپا بازىرى، چاسا، ئاياغ بازارلىرىنى ئايلىنىپ باغچىغا كېلىشتى. كۆز شامىلى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ياپراقلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. بۇگۈن يەكشەنبە بولغاچقا باغچىدىمۇ ئادەم كۆپ ئىدى. دەرەخ سايىلىرى، ئېرىق بويىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان، يانپاشلىغان دېھقانلار چوكا مۇز، نان، سامسىلارنى يېيىشىۋاتاتتى. ئىككى رەڭلىك لىنتا تۈگىگۈچە سۇرەتكە چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە كەچ بولۇپ قالغانىدى.

سالاھىدىن ئاخۇننى يوقلاپ كەتكەن سادىر، پۇرقەت، ئاسىيە، جەزىرەگۈللەر خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە قايتىپ كېلىشتى.

— دادامنى يوقلاپ چىققان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، — دېدى سادىر ئولتۇرغانلارغا قاراپ.

— خۇدا ئۆزى شىپالىق بەرسۇن، — دېدى نۇرنىسا ھاجى خېنىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— دادام ناھايىتى غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. جان تىكىپ ئىشلەپ، مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا باشقىلار ئېرىشەلمىگەن بايلىققا ئېرىشكەنىدى، ھاجى ئانا، سىلى كېلىشتىن ئىلگىرى دادام «ۋەتەنپەرۋەرلىك شىركىتى» نى قۇردى. ئۇكام قادىر بۇ شىركەتنى ھازىر ئۆزى باشقۇرۇۋاتىدۇ.

— دادام بەك ئىنسابلىق ئىدى، باشقىلارغا كۆپ ياردەم قىلاتتى، — دېدى گۈلنىسا.

— بىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى گۈلسۇمخان، — بالايىئاپەتلىك يىللاردا جېنىمىزنى ساقلاپ قالغانىدى. خۇدايىم سالاھىدىن ئاخۇننىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئاتا قىلىپ، جېنىنى ساقلاپ قالار.

— بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىچۇ ... — مۇھتەبەرخانىمۇ سالاھىدىن ئاخۇننىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ نۇرنىسا ھاجى خېنىمنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئاش يېيىلىپ بولغۇچە سالاھىدىن ئاخۇننىڭ گېپى تۈگىمىدى.

دۇئادىن كېيىن تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ، مۇھتەبەرخانلا قالدى.

— دوستۇم، سىلى تۇغقانلارغا ئېيتسىلا، ماڭا يوللۇق تۇتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلى زادى ئۇنىمىسا، قەشقەرنىڭ يەل - يېمىشلىرىدىن ئازراق يوللۇق تۇتسا بولىدۇ. مەن گۆھەر يوللۇق تۇتقاندەك بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولىمەن.

— ماقۇل، مەن ئېيتاي.

— سادىن ئاخۇن ئىككىڭلارغا تەكلىپ قەغىزى، يول راسخوتىغىنمۇ يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىمەن، دوستۇم، خۇدا بۇيرۇسا بىز يەنە كۆرۈشىمىز.

— دوستۇم ھاجى خېنىم، سىلى كەتسىلە مەن قانداق چىدايمەن؟ يۈرىكىم لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەن، راست كۆرۈشەرمىزمۇ؟

— كۆرۈشىمىز، ئاللا ئۆزى كۆرۈشتۈرىدۇ، مەن يېنىپ كېلىمەن.

قىزى بىلەن دوستىنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان نۇرنىسا ھاجى خېنىم كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. باش توخۇ چىللىغاندا تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ ھەمدۇسانا ئېيتىپ ئىبادەتكە ئولتۇردى. گۈلنىساغا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، سالاھىدىن ئاخۇنغا دۇئا قىلدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇزاتقۇچىلار كەلگىلى تۇردى. كىيىملىك رەختتىن تارتىپ، يەل - يېمىشكىچە نۇرغۇن

نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. نۇرنىسا ھاجى خېنىم گۈلنىسا، سادىر ئالدىغا قويغان نەرسىلەردىن بىر گىلەم جايىنامازنى «قىزىم ئۆزى توقۇپتۇ، مەن ئۇچۇن قىممەتلىك يادىكار» دەپ ئالغاندىن باشقا، سالىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرنى ئالمىدى. سادىر تۇتقان ئۈچ دانە يېڭىسار پىچىقىنى ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئالدى. ئايتۇرانىڭ چىمەن دوپپىسىنىلا قوبۇل قىلدى. خەيرىنىساخان ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆزى گۈل چېكىپ ئىشلىگەن چوڭ ئون ئىككى قول ياغلىقى بار داستىخاننى چامادانغا سېلىپ قويدى. مۆھتەبەر ئەكەلگەن ئەنجۈر، قارىئۆرۈك قاقلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئېلىپ چامادانغا قاچىلىدى. گۈلسۈمنىڭ ئاچىلىق ھۆرمىتىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئەكەلگەن بىر بوغچا نەرسىلەر ئىچىدىن ئاقيوللۇقنىڭ بەلگىسى دەپ بىر كۆكلەكلىك ئاق يىپەك رەختنى ئېلىپ رەھمەت ئوقۇدى.

سادىر، پۇرقەتلەر نەرسە - كېرەكلەرنى چامادانغا قاچىلىدى. شۇ چاغدا يوغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن رەناخان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتەك چىرايىنى قايغۇ بۇلۇتلىرى قاپلىغانىدى.

— ئالدىراپ خوشلاشقىلى كەلدىم، ھاجى خېنىم. لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۈچ بادام دوپپا، ئىككى چوڭ يىپەك داستىخان، بىرقانچە كۆكلەكلىك ئاق رەختنى ئالدىغا قويۇپ قويدى، — كۆپ قىلغۇم بار ئىدى، دادىسى ئاغرىپ قېلىپ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىدى...

رەناخان ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايىغان نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئۇ ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى:

— رەھمەت، رەنا خېنىم، سالاھىدىن ئاخۇنغا خۇدايىم شىپالىق بېرەر، ئىنشائاللا.

— ئاقيوللۇق بولسىلا، نۇرنىسا ھاجى خېنىم.
— خۇدايىمغا ئامانەت، خەير - خوش، رەنا خېنىم.
بۇ ئىككى كۇنداش چىڭ قۇچاقلاشتى، ئاپپاراتنى توغرىلاپ تۇرغان سادىر ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈچ قېيىنئانىسى كۆز ئالدىدا يىغلىشىۋاتاتتى. بىرسى تۇغقان، بىرسى باققان، بىرسى دادىسى بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقان ئانىلار ئىدى.
پۇرقەت بىر كىچىك بوز خالتىنى بەردى.
— بۇ خالتىغا ھېيتگاھ گۈللۈكىدىن ئالغان توپىنى توشتۇرۇپ كەلدىم، ئۆزلىرىگە يوللۇق تۇتىمەن، ھاجى ئانا، — دېدى ئۇ.
— رەھمەت، بالام، رەھمەت. بۇ يۇرتۇمنىڭ توپىسى، كۆزۈمگە سۈرتىمەن، پۇرايمەن...
نۇرنىسا ھاجى خېنىم نەۋرىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، ئۇ كۆلۈمسىرىگەندەك قىلغان بىلەن يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى.
قادىر بولكىۋاينى ئەكەلگەندە، سائەت توققۇزدىن ئاشقانىدى.
تۇراپ ئاخۇن، سادىر ئاخۇن، ئەخمەتجان بالىلىرى بىلەن كەلدى. گۈلسۈمخان ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا سىڭلىسىنى دۇئاغا تەكلىپ قىلدى.
— خۇدا ھەربىرلىرىنى مېنىڭدەك جۇدالىق دەردىگە سالمىسۇن، بىزنى يەنە سالامەت دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسۇن، ئامىن !
— ئامىن ! ئامىن !
تاغدىن چۈشكەن سەلدەك يىغا باسقان ھويلا زىلزىلىگە كەلدى.
ھەممەيلەن ئاخىرقى قېتىم سۈرەتكە چۈشتى. سادىر فوتو ئاپپاراتنى قېيىنئانىسىنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويۇۋىدى،

نۇرنسا هاجى خېنىم ئۇنى ئېلىپ پۇرقەتكە بەردى.

— ئاتا - ئانىلىرىنى، تۇغقانلارنى سۇرەتكە تارتىپ ماڭا ئەۋەتىپ تۇرسىلا، بالام، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

نۇرنسا هاجى خېنىم كەينىگە قاراپ - قاراپ ئىشىكتىن چىقتى. ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇجمە ئىرغاڭشىپ ئۈزۈلتىپ قالدى.

نۇرنسا هاجى خېنىم هېيتگاهقا كەلگەندە، جامە دەرۋازىسىغا قاراپ تەزىم قىلدى. بۇ قېتىم ياش يۇرىكىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ئايتۇرا يۆلۈۋالمىغان بولسا يىقىلىپ چۈشەتتى. نۇرنسا هاجى خېنىم يارباغقا كەلگەندىن كېيىنلا بولكىۋايىغا چىقتى. يارباغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان تۈمەن دەرياسىغا تەزىم قىلدى. مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان بېلىق كۆللىرىمۇ كەينىدە قالدى. مانا خەلق دوختۇرخانىسى، هاجى خېنىم بولكىۋاي دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ دوختۇرخانىغا كۆز سالغان هالدا يۇم - يۇم يىغلىدى...

ئۇلار ئايرودۇرۇمغا يېتىپ كەلگەندە سائەت ئوندىن ئاشقانىدى. گۈلنىسا ئانىسىنى يۆلەپ ماشىنىدىن چۈشۈردى. سادىر، پۇرقەتلەر يۈك - تاقلارنى ئېلىپ رەسمىيەت ئۆتەش ئۆيىگە كىردى. قادىر ئايرودۇرۇم خىزمەتچىلىرى بىلەن تونۇش بولغاچقا، رەسمىيەتلەر تېزلا پۈتتى.

بۈگۈن هاۋا تۇتۇق ئىدى. قۇياش گاه كۆرۈنۈپ، گاه كۆرۈنمەي قالاتتى. نۇرنسا هاجى خېنىم كەلگەن چاغدا تومۇز ئاپتىپى كۆيدۈرگەن بولسا، هازىر كەچ كۈز سالقىنى ئۈرۈلۈپ تۇراتتى.

پۇرقەت كۈتۈش زالىغا كىرگەندە، نۇرنسا هاجى خېنىم گۈلنىسانى باغرىغا تېڭىپ خوشلىشىۋاتاتتى:

— خۇدايىمغا ئامانەت، بالام، پات - پات خەت يېزىپ

تۇرسىلا. خەير، بالام سادىر، خەير، بالام پۇرقەت...

گۇلسۇمخان ئۇنىڭغا ئېسىلىپ:

— جېنىم سىڭلىم، سىلىنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ؟ — دەپ ئۇن سېلىپ يىغلىدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئاچىسىنى ئۇزاققىچە قۇچاقلاپ، ئارقىدىن خەيرىنىساخان، مۇھەتەبەرخان، ئايتۇرالار بىلەن خوشلاشتى. تۇراپ ئاخۇن، سادىن ئاخۇن، ئەخمەتجانلارغا ئېگىلىپ خوش ئېيتتى. ئاسىيە، جەزىرەگۇللەرنىڭ ماڭلىيىغا سۆيدى.

— خەير، خۇدايىمغا ئامانەت، تۇغقانلار!

ئۇ ئايروپىلان شوتىسىغا ھەممىدىن كېيىن قەدەم قويدى، ئىشىكتىن كىرىپ كېتىش ئالدىدا كەينىگە يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇپ قارىدى:

— خەير - خوش، قېرىنداشلىرىم، خەير - خوش، ئەزىزانە قەشقەر، مەن خۇدا بۇيرۇسا قايتىپ كېلىمەن. خەير - خوش! ...



## خاتىمە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن !

نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاياغلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، رومانىمۇ ئاخىرلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەر تۈپەيلى، بالىلىرىنى تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بۇ ئانا نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، يۇرتىنى، يۈرەك پارىلىرىنى دەپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. دۇنيادىكى ئىشلار كۆپىنچە ئىنسان ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدىكەن. نۇرنىسا ھاجى خېنىم چەت ئەلدە قالغان بالىلىرىنى دەپ يەنە قايتىپ كەتتى. يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان سالاھىدىن ئاخۇن ئۇ يولغا چىققان كۈنىنىڭ ئاخشىمى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم قايتىپ بارغاندا قەستكە ئۇچرىغان نەجمىدىن قۇربانى دوختۇرخانىدىن چىققانىدى. ئۇلار بونىندىن قايتىپ كېلىپ ئىستانبۇلدا تۇرۇپ، داۋاملىق ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتى.

نۇرنىسا ھاجى خېنىم ئاچىسى گۈلسۈمخان بىلەن تۇراپ ئاخۇنغا، خەيرىنىساخانغا، ئەخمەتجان، ئايتۇرالارغا، رەناخان بىلەن ئوغلى ئابدۇراخمانغا، سادىق ئاخۇن بىلەن مۇھتەبەرخانغا ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغقان يوقلاش تەكلىپ قەغىزى ئەۋەتىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەج قىلدۇرۇپ يولغا

سالدى.

يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر قوشكېزەك بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان گۈلنىسا تېخى ئانىسىنى يوقلاپ بارالمىغانىدى. سادىر ئىشتىن سىرتقى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەۋلاد تەربىيەلەشكە بېرىلىپ كەتتى. گۈلنىسا قېيىنئانىسى خەيرىنىساخان بىلەن بىللە كېڭەيتىپ قۇرغان گىلەمچىلىك كارخانىسىنى تېخىمۇ راۋاج تاپتۇردى. گۈلسۇم ھاجىم، تۇراپ ھاجىملار كېيىنلەردىن ساقىيالماي ئارقا - ئارقىدىن ۋاپات بولۇشتى. سادىن ئاخۇن ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغاندىن كېيىن، تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالغان مۇھتەبەرخان ھاجىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. بۇ ئارىلىقتا نۇرنىسا ھاجى خېنىمنىڭ چوڭ ئوغلى باتۇر ئوغۇزنىڭ خوتۇنى تۇغۇپ ئوغۇل نەۋرە كۆردى. ھاجى خېنىم بونىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن جەزىرەگۈلنى ئىككىنچى ئوغلى ئارسلانغا ئېلىپ بەردى. ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغان پۈرقەت قەشقەرگە يېنىپ كېلىپ، قادىرلارنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى» دە دىرېكتور بولدى...

ھايات شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى. سادىر، گۈلنىسالار ئايتۇراننىڭ ئۈچىنچى قىزى گۈلسىيەنى پۈرقەتكە ئېلىپ بەرگەن كۈز ئېيىدا، نۇرنىسا ھاجى خېنىمدىن كەلگەن خەت ئۇلارنى ھەم خۇشال قىلىۋەتتى، ھەم ئەنسىرىتىۋەتتى. بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

قەدىردان جان كۆيەر قىزىم گۈلنىسا، سىلىگە، ھۆرمەتلىك ئەزىز بالام سادىرغا، ئەزىمەت نەۋرەم پۈرقەتكە، سۆيۈملۈك قىزىم گۈلسىيەگە، دۇنياغا يېڭىدىن

كۆز ئاچقان قوشماقلىرىم ئوسمان ئىلى، مىرادىملەرگە:

ھەربىرلىرى ئارقىلىق بارلىق قوۋم ـ قېرىنداشلارغا، قوشنىلارغا، يار ـ دوستلارغا، يۇرتداشلارغا سەممىمىي سالام.

يېقىن ھەربىرلىرىگە ھەممە جەھەتتىن ياخشىلىق، ئاسايىشلىق تىلەپ، دىدار كۆرۈشۈشنى ئىلتىجا قىلىپ ھايات تۇرۇۋاتىمەن. ئوغۇللىرىمنىڭ دادىسى بۇ يىل يازدا ۋاپات بولدى. تىرىكىمدىن ئايرىلىپ ئارامىم بۇزۇلدى، غەم ـ ئەندىشەم كۆپەيدى. ھەربىرلىرىنى سېغىنىش بىلەن كۆنلىرىم ئۆتۈۋاتىدۇ، كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم، بۇ يېرىمچىلىق تاكى مەن گۆرگە كىرمىگۈچە تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، قىزىم جەزىرەگۈل بىر ئوماق قىز تۇغۇپ بېرىپ، ھەسرەت باسقان ئۆيىمىزنى خۇشاللىققا تولدۇردى. ئەمما، سالامەتلىكىم ناچارلاپ، تېنىم زەئىپلىشىپ كەتتى. كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا يۇرتۇمنى يەنە بىر تاۋاپ قىلىش ئىستىكىدە، سەپەر تەييارلىقى قىلىۋاتىمەن. ئاللا ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئامان ـ ئېسەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار قىلسۇن، ئامىن.

ھەربىرلىرىگە سالامەتلىك، خاتىرجەملىك تىلەپ، دىدار كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولغان ئانىلىرى نۇرنىسا ھاجى خېنىم.

1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

تۈركىيە ئىستانبۇل مەھمۇد كاشغەرىي كوچىسى 16 ـ بىنا 163 ـ ئۆي.»

※ ※ ※

نۇرنىسا ھاجى خېنىم قەشقەرگە كېلىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن باش ئەتىياز مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتتى، تەلىپىگە ئاساسەن جەسىتى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

# جۇدالىق

(رومان)

ئاپتورى: ھاجى مىرزاھىد كېرىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: زەمىرە پىدائى، رەناگۈل ئابلىمىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: مۇھەممەت ئايۇپ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 24
قىستۇرما ۋارىقى: 4
نەشرى: 2014 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2014 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 15010 - 6
باھاسى: 64.00 يۈەن